


ئابدۇرەھىم ھەببۇللا

# ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى

# UYGURS ETNOGRAPHY

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 7-228-02322-6

ISBN 7-228-02322-6

9 787228 023226 >

www.uyghurkitap.com

ABDURAYIM.HABIBULLA

# UYGURS ETNOGRAPHY

XINJIANG PEOPLE`S PUBLISHING HOUSE

ئابدۇرەھىم ھەببۇللا

# ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔族风俗志:维吾尔文/阿不都热依木·艾比布拉著。— 2版 — 乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.3
ISBN7—228—02322—6
Ⅰ.维… Ⅱ.阿… Ⅲ.维吾尔族—少数民族风俗习惯—中国—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K892.315
中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第05954号

责任编辑: 艾海提·阿西木
古丽巴哈尔·艾海提
封面设计: 艾克拜尔·萨里

维吾尔族风俗志 (维吾尔文)
阿不都热依木·艾比布拉 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 18.625印张 10插页
1993年4月第1版 2000年4月第2次印刷
印数:2,500 —— 5,500

ISBN7—228—02322—6/K·227 定价:26.00元



شاتىۋا، سەگەز ۋە گۈل تامغىلىرى


www.uyghurkitap.com



شىۋانچى (ئۆتۈك)



10 - ئەسىرگە ئائىت ئۆتۈك
(يېڭىساردىن تېپىلغان)



10 - ئەسىرگە ئائىت چاپان
(يېڭىساردىن تېپىلغان)





ساپال ئاپتىۋا ۋە چىلاپچا

www.uyghurkitap.com



تۈگمەن




ئەتلەس توقۇش «ئىستانوكى»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئائىلە مەشرىپى



يېڭىسار پىچىقى



نەقىشلىك ئايۋان



ئۇيغۇر دوپپىلىرى

www.uyghurkitap.com



نان بازىرى



گەزمال بازىرى



چاقپېلەك ئۇچۇش



بۆشۈك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



تورۇس، بۇلۇڭ نەقىشلىرىدىن كۆرۈنۈش



ئۇيغۇر قىزلىرى



ئورۇن - كۆرپە



ئويۇق، مەرەپ - لىمتاق، شىرە - تەكچىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى






پېشايۋان، تورۇس، تۈۋرۈك نەقىشلىرى







قۇببە ۋە نەقشلەر

www.uyghurkitap.com





پېشايۋان، تورۇس نەقىشلىرى



مەشھۇر ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



مەشهۇر ئالىم يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ مەقبەرىسى

# تەھرىردىن

بىر مىللەتنى توغرا، ئەتراپلىق چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى، مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش تارىخىنى، مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادىتىنى، دىنىي ئېتىقادىنى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تەرەققىيات، ئۆزگىرىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى بىلىش كېرەك. ئۇزۇن يىللىق ئىزدىنىش، ماتېرىيال توپلاش، ئىنچىكە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئاپتور بۇ كىتابىدا مەخسۇس ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى، ئورنى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات-سەنئىتى، ئۆرپ-ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، تۇرمۇشى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەتراپلىق ۋە تەپسىلىي توختىلىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم مەملىكىتىمىز چوڭ ئائىلىسىدىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزىگە خاس تارىخىي، ئېتنىكىلىق ئومۇملۇققا ئىگە قەدىمىي مىللەت. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى بار. ئاپتور بۇ كىتابىدا دەل مۇشۇ مەسىلىلەرنى سىستېمىلىق ھالدا بايان قىلىدۇ، مول، قىممەتلىك ۋە قىزىقارلىق ماتېرىياللار ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتى ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىدۇ.

تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنىۋاتقان، بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بۇ ئەسەر كىتابخانلارنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى

ھەققىدىكى تارىخىي بىلىمىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىپلا قالماي، بەلكى تەتقىقاتچىلارنىڭ، مىللەتشۇناسلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ قالغۇسى.

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................ 1

بىرىنچى باب: قىسقىچە بايان ................ 1

ئىككىنچى باب: ئېتنوگرافىيە توغرىسىدا ... 11

ئۈچىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، ئېتنىك نامى ۋە ئۇنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ................ 17

1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى...17

2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك نامى...43

3. «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ......... 55

4. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر......61

تۆتىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي مەدە- نىيىتى ........................ 71

1. ماددىي مەدەنىيەت توغرىسىدا......71

2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىك ئادىتى...71

بەشىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئادىتى ........................ 111

1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى .............. 112

2. ئۇيغۇرلارنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىكى .............. 116

www.uyghurkitap.com


3. ئۇيغۇرلارنىڭ غىزالىنىش ئادىتى ۋە تاماق تۈرلىرى ...... 116
4. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىملىكلىرى ... 144

ئالتىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق ئادىتى ... 149
1. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇ جاي شەكلى ۋە تەرەققىياتى ............ 150
2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي بىساتلىرى ... 163
3. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي سايمانلىرى ... 167
4. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسسىنىش ئادىتى ... 170

يەتتىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش-ياسىنىش ئادىتى .................. 172
1. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم تۈرى ۋە شەكلى .................... 173
2. ئۇيغۇرلارنىڭ ياسىنىش ئادىتى ..................... 196

سەككىزىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ يول-قاتناش ئىشلىرى ......................... 205
1. يول-قاتناش توغرىسىدا ... 205
2. ئۇيغۇرلارنىڭ قاتناش قوراللىرى ۋە تەرەققىياتى ............ 207

توققۇزىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى ......................... 218
1. مەنىۋى مەدەنىيەت توغرىسىدا ... 218
2. ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ تەشكىلى شەكلى ........ 220

ئونىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە-نىكاھ تۈزۈم رەسمىيەتلىرى ...... 227
1. ئائىلە قۇرۇلمىسى ........ 227

2. توغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ····229
3. توغقان ناملىرى ············ 230
4. مۇلۇك ۋارىسلىقى ········· 233
5. نىكاھ تۈزۈم رەسمىيەتلىرى ····234
6. نىكاھلىنىش دائىرىسى ··· 235
7. نىكاھلىنىش يېشى ········· 237
8. تويلىشىش ئادەتلىرى ······ 237
9. پەرزەنتلىك بولۇش ······ 245
10. نىكاھدىن ئاجرىشىش-يېنىشىش···250
11. ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات ······253

**ئون بىرىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ مۇراسىم ۋە ھېيت-ئايەم ئادەتلىرى** ······ 259

1. ئۆمۈر مۇراسىمى ········· 260
2. ئىشلەپچىقىرىش مۇراسىملىرى···304
3. ھۈنەر-كەسىپ مۇراسىملىرى······311
4. ئۆي سېلىش مۇراسىمى······314
5. دەپنە مۇراسىمى··········· 316
6. دىنىي مۇراسىملار ········· 335
7. ھېيت-ئايەم ئادەتلىرى ··· 348

**ئون ئىككىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى** ······················ 367

1. دىن توغرىسىدا ··········· 367
2. دىنىي ئېتىقاد توغرىسىدا ····370
3. ئەقىدە-ئېتىقاد ئادەتلىرى ····382
4. ئەقىدە تۈسىنى ئالغان خۇراپاتلىق ئادەتلەر ······················ 393
5. ئەقىدە-ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك سۆز-ھەرىكەتلەر ············ 408

ئون ئۈچىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات-


ئون ئۈچىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى ............ 411
1. تىل ............ 412
2. يېزىق ............ 415
3. تىل سەنئىتى ............ 417
4. سەنئەت ئادىتى ............ 432
ئون تۆتىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئادىتى ۋە خەلق ئويۇنلىرى ............ 443
1. مەشرەپ-بەزمە ............ 443
2. مەشرەپ ئويۇنلىرى ............ 446
3. سەيلە-باراۋەت ............ 455
4. خەلق ئويۇنلىرى ............ 460
5. باللار ئويۇنى ............ 478
6. باللار تىلى ............ 497
ئون بەشىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ئادەتلىرى ............ 499
1. چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىك-لەرنى ئاسراش ............ 499
2. جامائەتچىلىك ئادىتى ............ 501
3. قوشنىدارچىلىق ئادىتى ............ 507
4. يۇرتداشلىق ئادىتى ............ 509
5. دوستخۇمار ۋە مېھماندوستلۇق ............ 512
6. مېھمان ئۇزىتىش قائىدە-تەرتىپلىرى ............ 517
7. ئۆزگىچە ئالاقە ئادەتلىرى ............ 526
8. يامان ئېلىنىدىغان قىلمىش-ئادەتلەر ............ 528
ئون ئالتىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم-پەن

**ساۋادى** ........................ 541
1. ساددا پەلسەپىۋى قاراش.......... 541
2. ئاسترونومىيىلىك قاراشلار....... 543
3. يىلنامە-تەقۋىم ............ 547
4. تىبابەتچىلىك ساۋادى ...... 552
5. سان ئۇقۇمى .............. 560
6. خاسىيەتلىك سان ......... 566
7. ھېسابلاش ئادىتى .......... 570
**ئون يەتتىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش**
**ئادىتى** ........................... 574
خاتىمە ........................... 579

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇقەددىمە

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگو دۇنيا بويىچە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئەڭ بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن قەدىمكى تارىخىي رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئەزەلدىن كۆپ مىللەتلىك بىر دۆلەت. مەملىكىتىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈگۈنكى بارلىق قېرىنداش مىللەتلەر مۇشۇ قەدىمكى تارىخىي رايوندا تۆرىلىپ، ئاۋىنىپ كۆپەيگەن. ئورتاق قان - تەر تۆكۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ شانلىق تارىخى، پارلاق مەدەنىيىتىنىڭ يارىتىلىشى، تەرەققىي قىلىشى جەريانىدا ھەممىسى ئۆزىگە خاس ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. مانا بۇ ۋەتىنىمىزنىڭ سۆيۈملۈكلۈكىنى، تارىخىنىڭ، مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلىگەن.

ئۇيغۇرلار ئۆزىگە خاس تارىخ، ئېتنىكىلىق ئومۇملۇقا ئىگە قەدىمكى بىر مىللەت. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىغا نەزەر سالساق، قەدىمكى زاماندىن تا بۈگۈنگە قەدەر ناھايىتى ئۇزۇن ئەگرى - توقاي مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتكەنلىكى ۋە بۇ جەرياندىكى روناق تېپىپ گۈللەپ - ياشنىغان دەۋرلىرى، شانلىق مەدەنىيەت نامايەندىلىرى شۇنىڭدەك جاھالەت ئاسارىتىگە مۇپتىلا بولغان تۇرغۇنلۇق، چۈشكۈنلۈك دەۋرلىرى ۋە ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرى ئايان بولىدۇ. بولۇپمۇ X V ئەسىردىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەرگەن فېئوداللىق ئۇرۇش - ماجىرالار ۋە چەتنىڭ ھەر خىل تاجاۋۇزى ئارقىسىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇزۇن مۇددەتكىچە

ئاسايىشلىق بولمىدى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەكسىيەتچىل هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ دەھشەتلىك هۆكۈمرانلىق قىلىشى، ئېكسپىلاتاتسىيە، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشى ئارقىسىدا خەلق هالىدىن كەتتى. جەمئىيەت تەرەققىياتى ئېغىر توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. بۇنىڭ بىلەن گۈللەپ - ياشناش دەۋرىنى تۇرغۇنلۇق، قاششاقلىق، چۈشكۈنلۈك، نادانلىق دەۋرى ئالدى. بۇ هالەت، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتى. ئۇيغۇر خەلقى پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېچىنىشلىق دەۋرگە خاتىمە بېرىپ، قايتىدىن گۈللەپ - ياشنايدىغان داغدام يول – سوتسىيالىزم يولىغا قەدەم قويدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ قىياپىتىدە، خەلقنىڭ روهي هالىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش هاسىل بولۇپ، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا زور يۈكسىلىشلەر بارلىققا كېلىش بىلەن ئۇيغۇرلار سوتسىيالىستىك مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇيەسسەر بولدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن بۇ تۈپ ئۆزگىرىشلەر مىللەتلەرنىڭ تەرقىيات جەريانى توغرىسىدا بىزنى ماركسىزملىق ئىلمىي چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ. چۈنكى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى، ئۆزگىرىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ هازىرقى زامان مىللىتى بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئەهۋالىنى، كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا مەدەنىيەت تەرەققىيات جەريانىنى تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مەدەنىيەت ئۇقۇمى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، مەلۇم بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ مەيدانغا كېلىپ تەرەققىي قىلىش جەريانىنى شۇ مىللەتنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش جەريانى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ جەريان شۇ مىللەتنىڭ ئېتنوگرافىيىسىگە

باشتىن - ئاخىر سىڭگەن بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگرافىيىسىگە كەلسەك، مەتبۇئات يۈزىدە قىسمەن ئايرىم ساھەلەر بويىچە بېرىلگەن پارچە-پۇرات مەلۇماتلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھازىرغا قەدەر تولۇق، سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان بىرەر ماتېرىيال يوق. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى بۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسىنى يېزىپ چىقىشنى ئۆزىنىڭ بىر مۇھىم تەتقىقات ۋەزىپىسى سۈپىتىدە 1986-يىلى پىلانغا كىرگۈزۈپ ئىش باشلىغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ جەنۇبىي، شەرقىي، شىمالىي شىنجاڭنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا پىلانلىق تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىلدى. نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللار توپلاندى. بۇ تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش جەريانى بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگرافىيىسى بويىچە ھېسسىي بىلىشنى ئەقلىي بىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش جەريانى بولدى. بىز بۇ بىلىش ئاساسىدا ماتېرىياللارنى رەتلەپ، مەدەنىيەت كاتېگورىيىسى بويىچە سىستېمىلاشتۇرۇپ، بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىقتۇق.

بۇ ئەسەر مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقات تېمىسى سۈپىتىدە يېزىلدى. ئەسەردە ئالدى بىلەن ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى بويىچە ئورتاقلىققا ئىگە ئالاھىدىلىكلەرنى گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشتۇق ۋە شۇ ئاساستا تارىخىي ئەنئەنىلىرىمىزدە ساقلانغان بىر قەدەر تىپىك مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكلەر ئايرىم بايان قىلىندى. كۆپتۈرۈش، مۇبالىغە قىلىشتىن ساقلىنىش، تارىخىي پاكىت ۋە رېئاللىققا ھۆرمەت قىلىشتا چىڭ تۇردۇق، شۇنىڭدەك بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە قىسقىچە چۈشەنچىمۇ بەردۇق.

ئومۇمەن سەۋىيىمىز چەكلىك بولغاچقا ئەسەر ھەر خىل

www.uyghurkitap.com

نۇقسانلاردىن خالىي ئەمەس. ئەگەر كىتابخانلىرىمىز بۇ ئەسەرنى مىللىي مەدەنىيىتىمىز تەركىبىدىكى گۈزەل ئەنئەنىلىرىمىزگە ۋارىسلىق قىلىش، راۋاجلاندۇرۇشتا مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتى بار، دەپ قارىسا، ئۇلارنىڭ «يوقنىڭ دەردى يامان، بولسىلا ئوخشىماق ئاسان» دەيدىغان پوزىتسىيە بىلەن نۇقسانلار توغرىسىدا تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

# بىرىنچى باب

# قىسقىچە بايان

ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بىر ئەزاسى بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە شانلىق مەدەنىيىتىنىڭ يارىتىلىشى جەريانىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ هازىرقى نوپۇسى 1991-يىلىدىكى سانلىق مەلۇمات بويىچە 7 مىليون 214 مىڭدىن ئاشىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، يېرى كەڭ، بايلىقى مول، تۇپرىقى مۇنبەت، ئىسمى - جىسمىغا لايىق گۈزەل بىر ماكان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1 مىليون 650 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تەخمىنەن پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ $\frac{1}{6}$ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

شىنجاڭ ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىۋى شارائىتى بويىچىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. شەرقتىن غەربكە قەدەر كەڭلىكى 1 مىڭ 900 نەچچە كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا قەدەر كەڭلىكى 1 مىڭ 500 كىلومېتىر كېلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار، ئەڭ چوڭ، ئەڭ پەس ئويمانلىق، ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى دەريا، ئەڭ چوڭ قۇملۇق. . . ھەممىسى

دېگۈدەك شىنجاڭغا جايلاشقان.

قىممەت باھالىق مول بايلىقلارنى قوينىغا ئېلىپ ياتقان ئاشۇ تاغلاردىن شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا كوئېنلۇن، قاراقورۇم تاغ تىزمىسى، غەربىگە دۇنيانىڭ ئۆمۈرتقىسى ھېسابلانغان پامىر ئېگىزلىكى جايلاشقان. كوئېنلۇن قاراقورۇم تاغ تىزمىسى مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ تاغ تىزمىلىرىدىن بولۇپ، شىنجاڭ دائىرىسىدىكى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1 مىڭ 800 كىلومېتىر، كەڭلىكى 1 مىڭ 500 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ كۆككە تاقاشقان ئېگەرسىمان چوققىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن بەش-ئالتە مىڭ مېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە چوگۇر چوققىسى ئەڭ ئېگىز بولۇپ، ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 8 مىڭ 600 مېتىر كېلىدۇ. ئېگىزلىكتە جومولاڭما چوققىسىدىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ تاغ تىزمىسى غەربىي جەنۇبتىن شەرققە سوزۇلۇپ چىمەن تاغلىرى ئارقىلىق مەشھۇر خېشى كارىدورىدىكى چىلەنشەن تاغلىرىغا تۇتىشىدۇ.

پامىر ئېگىزلىكى — تيانشان، قاراقورۇم، ھىندىقۇش قاتارلىق چوڭ تاغلارنىڭ گىرەلەشكەن نۇقتىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن «تاغلار بوۋىسى» دەپ نام ئالغان، دۇنيادا مەشھۇر سەككىز چوڭ مۇزلۇقنىڭ ئالتىسى مۇشۇ ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، «مۇز تاغ ئاتا» دەپ نام ئالغان. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 7 مىڭ 546 مېتىر بولۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ مۇزلۇق ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىغا ئالتاي تاغ تىزمىسى جايلاشقان. جۇڭگو بىلەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىمۇ مۇشۇ تاغ ئارقىلىق چېگرىلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەملىكىتىمىز دائىرىسىدىكى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 400 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ چوققىلىرى دېڭىز يۈزىدىن 3-4 مىڭ مېتىر ئېگىز بولۇپ، دوستلۇق

چوققىسىنىڭلا ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 4 مىڭ 774 مېتىر كېلىدۇ.

شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى پامىر ئېگىزلىكى بىلەن شىمالدىكى ئالتاي تاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا شىنجاڭنىڭ سىمۋولى، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەخرى — ھەيۋەتلىك تىيانشان تاغ تىزمىسى جايلاشقان. ئۇ غەربتىن شەرققە قاراپ شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈش بىلەن شىنجاڭنى جەنۇب ۋە شىمال ئىككى قىسىمغا ئايرىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ غەربىي قىسمى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىگە، شەرقىي قىسمى گەنسۇ ئىچىگە سوزۇلغان بولۇپ، دۆلىتىمىز ئىچىدىكى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1 مىڭ 700 نەچچە كىلومېتىر، كەڭلىكى 250 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 3 مىڭ مېتىردىن 5 مىڭ مېتىرچە كېلىدۇ.

خانتەڭرى، بوغدا چوققىلىرى ئۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى مەشھۇر چوققىلاردىن بولۇپ، خانتەڭرىنىڭ ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 6 مىڭ 995 مېتىر. بوغدانىڭ ئېگىزلىكى 5 مىڭ 445 مېتىر كېلىدۇ. دۆلىتىمىز چېگرىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۆمۈر چوققىسى تىيانشاننىڭ ئەڭ ئېگىز پەللىسى بولۇپ، ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 7 مىڭ 438 مېتىر كېلىدۇ.

بۇ ئانا تاغ ئۆز قوينى، ئېتەكلىرىدە ھېسابسىز بايلىقلارنى ساقلاپ كەلگەندىن تاشقىرى يەنە چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ئويمانلىق ۋە بوستانلىقلارنى بەخش ئېتىپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھەر خىل ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇپ كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇ يەنە بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرۇپ كەلمەكتە، مەشھۇر ئىلى ئويمانلىقى، تۇرپان ئويمانلىقى ۋە قۇمۇل ئويمانلىقى، قارا شەھەر ئويمانلىقى، چوڭ-كىچىك يۇلتۇز يايلىقى، كورلا، بۈگۈر، كۇچا بوستانلىقلىرى قاتارلىقلار ۋە بۇ جايلاردىن چىقىدىغان دۇنياغا

مەشھۇر مەھسۇلاتلار بۇنىڭ شاھىدى.

تيانشاننىڭ غەربىي جەنۇبىي، شەرقىي جەنۇبىي ئېتىكى بىلەن پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكى ئوتتۇرىسىغا دۇنياغا مەشھۇر تارىم ئويمانلىقى جايلاشقان. ئۇ مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 811 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا مەشھۇر تەكلىماكان قۇملۇقى جايلاشقان. كۆلىمى 337 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بۇ قۇملۇق گۈزەل ئويمانلىقنىڭ ھۆسنىگە غەيرى تۈس بېرىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قوينىغا تارىختىن بۇيان تىللاردا داستان بولۇپ كېلىۋاتقان مۆجىزىلەر، نېفىتكە ئوخشاش ھەر خىل بايلىقلار يوشۇرۇنغان.

تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكى بىلەن ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 380 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، چوڭلۇقتا مەملىكىتىمىز بويىچە تارىم ئويمانلىقىدىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. تەبىئەت ئىلاھى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە جۇر قىلىپ، بۇ ئويمانلىققىمۇ قۇربان توڭغۇت قۇملۇقىنى ئاتا قىلغان. بۇ قۇملۇق جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 48 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

تيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە ئۆزىنىڭ غەيرى ئالاھىدىلىكى بىلەن دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان يەنە بىر ئويمانلىق تۇرپان ئويمانلىقى جايلاشقان. بۇ ئويمانلىق يەر تۈزۈلۈشىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولسا، ھاۋاسىنىڭ پىژ-پىژ ئىسسىقلىقى ۋە ئىنتايىن قۇرغاقلىقى، ئېقىن سۈيىنىڭ كەملىكىگە قارىماي

ئۆزىنىڭ چوڭ بوستانلىق بولۇشى بىلەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

ئويمانلىقنىڭ مەركىزىي قىسمى دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر پەس بولۇپ، پەسلىكتە دۇنيا بويىچە ئىئوردانىيىدىكى ئۆلۈك دېڭىزدىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ياز كۈنلىرى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 40° ئەتراپىدا، يىل بويى يامغۇر-يېشىن 11.6 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ يەرگە يەنە نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە مەدەنىيەت ئىزلىرى مەركەزلەشكەن. ئىدىقۇت، يارغول، بېزەكلىك خارابىلىرى ئەجدادلىرىمىز ياراتقان شانلىق مەدەنىيىتىنىڭ شاھىدى.

كارىز — تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ يەنە بىر سىمۋولى. ئۇ ئەمگەكچان، باتۇر ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى شۇنداقلا بۇ ئويمانلىقنى باغۇ بوستانلىققا ئايلاندۇرۇش يولىدا سىڭدۈرگەن قان-تەرىنىڭ سىمۋولى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ چوڭ تاغ تىزمىسىنىڭ چوققىلىرى يىل بويى قېلىن قار-مۇزدىن خالىي بولمايدۇ. ياز كۈنلىرى بولسا، ئۇلاردىكى قار-مۇزلار ئېرىپ گىرەلىشىپ كەتكەن سانسىز يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئېقىنلارنى ھاسىل قىلىدۇ. تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىدا چېچىلىپ ياتقان يېشىل مارجاندەك باغۇ بوستانلىق، ئېكىنزارلىق، يايلاقلار ۋە زۇمرەتتەك يالتىراپ چايقىلىپ تۇرغان چوڭ-كىچىك كۆللەر ئاشۇ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئېقىنلاردىن بەھرىمەن بولۇش بىلەن ئۆز تەشنالىقلىرىنى قاندۇرۇپ، بىزنى ھەر خىل مول مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەپ كەلمەكتە.

تارىم ئويمانلىقى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقىدا 570 چوڭ-كىچىك دەريا ئېقىنى بار. تارىم دەرياسى، قەشقەر دەرياسى، يەكەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، يۇرۇڭقاش دەرياسى، چەرچەن دەرياسى، قايدۇ دەرياسى، كۆنچى

www.uyghurkitap.com

دەرياسى، ئىلى دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇڭغول دەرياسى، ماناس دەرياسى قاتارلىقلار چوڭ دەريالاردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەريالار ئىچىدە تارىم دەرياسى، ئىلى دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى دۇنياغا مەشھۇر.

ئانا دەريا — تارىمنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2 مىڭ 300 كىلومېتىر بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى دەريالاردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەريا تارىم ئويمانلىقىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى چوڭ-كىچىك دەريالارنىڭ تارىم قىنىغا قۇيۇلۇپ بىر تەن-بىر جان بولۇشىدىن ھاسىل بولغاچقا «ئەزىم دەريا» دەپ ئاتالغان.

ئېرتىش دەرياسى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىن باشلىنىپ شىمالغا قاراپ ئېقىش بىلەن سىبىر دالاسىنى كېسىپ ئۆتۈپ يىراقتىكى شىمالىي مۇز ئوكيانغا قۇيۇلسا، ئىلى دەرياسى تيانشاننىڭ غەربىي ئېتىكىدىن باشلىنىپ داۋاملىق غەربكە قاراپ ئېقىپ بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ.

شىنجاڭدا بەش كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق چوڭلۇقتىكى كۆلدىن 52 سى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە لوپنۇر كۆلى (ھازىر قۇرۇپ كەتتى) ئەڭ چوڭ. ئۇنىڭ چوڭلۇقى 3 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا ئېبىنور كۆلى، ئايدىڭكۆل، باغراش قاتارلىق كۆللەر بىر قەدەر چوڭ. ئېبىنور بىلەن ئايدىڭكۆلنىڭ چوڭلۇقى مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، باغراشنىڭ چوڭلۇقى 980 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇلاردىن باشقا ئۇلۇڭغول كۆلى، ماناس كۆلى، سايرام كۆلى، بوغدا كۆلى، قاناس كۆلى قاتارلىق كۆللەر بار. باغراش، قاناس، بوغدا كۆللىرى شىنجاڭدىكى مەشھۇر ساياھەت نۇقتىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ھاۋا كىلىماتىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرى ھاۋا دائىم دېگۈدەك ئوچۇق

بولۇپ، قۇياش نۇرىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، يامغۇر-يېشىن بىر قەدەر ئازراق بولۇپ قۇرغاق بولۇشى، ياز پەسلى ئىسسىق قىش پەسلى قاتتىق سوغۇق، كۈندۈزى ئىسسىق، كېچىسى سالقىن بولۇشتەك جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى شىنجاڭنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇققا جايلاشقانلىقى، ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغانلىقى، دېڭىز- ئوكياندىن يىراق بولۇشى قاتارلىق ئامىللار شەكىللەندۈرگەن.

شىنجاڭنىڭ ئىسمى- جىسمىغا مۇۋاپىق گۈزەل ماكان بولۇشى تەبىئىي بايلىقى بىلەن مەھسۇلاتىنىڭ مول بولۇشىدا گەۋدىلىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ تاغ-ئېدىر، ھەتتا، چۆل-جەزىرە، قۇملۇقلىرىنىڭ قوينى ئاجايىپ مول بايلىقلار بىلەن تولغان. ھازىرغىچە ئېچىلىپ پايدىلىنىۋاتقان ۋە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان كان مەھسۇلات بايلىقلىرى تۆمۈر، كۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قوغۇشۇن، قەلەي، قاشتېشى، گۈنگۈرت، نېفىت، بور، نىكېل، ئۇران، مانگان، خروم، بېرىللىي، لىتىي، نىئوبىي قاتارلىق 118 خىلغا يېتىدۇ. خوتەننىڭ قاشتېشى قەدىمدىن تارتىپلا دۇنياغا مەشھۇر.

چېچىلىپ ياتقان يېشىل مارجاندەك چوڭ-كىچىك بوستانلىقلاردا بۇغداي، قوناق، ئارپا، شال، پاختا، قىچا، زاغۇن، زىغىر، كۈنجۈت، ھەرخىل كۆكتات، قىزىلچا قاتارلىق زىرائەتلەر، ئالما، ئۆرۈك، ئۈزۈم، شاپتۇل، نەشپۈت، قوغۇن، تاۋۇز، ياڭاق، ئەنجۈر، ئانار، بادام، گىلاس قاتارلىق مېۋىلەر يېتىشتۈرۈلىدۇ. قوغۇن، تۇرپان ئۈزۈمى، كورلا نەشپۈتى، كۇچا ئۆرۈكى، ئاتۇش ئەنجۈرى، قاغىلىق ئانىرى، خوتەن قەغەز ياڭىقى دۆلىتىمىز ئىچىدىلا ئەمەس دۇنيادىمۇ داڭلىق.

شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە مۇھىم چارۋىچىلىق بازىلىرىنىڭ بىرى. يايلاق كۆلىمى 7 يۈز 20 مىليون مودىن

ئاشىدۇ. چارۋا ماللارنىڭ تۈرى كۆپ، نەسلى ياخشى. قوي، ئۆچكە، ئات-كالا قاتارلىق چوڭ-كىچىك چارۋىلارنىڭ سانى 34 مىليون 700 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي، ئالتاي ۋە خوتەن قويى، كۇچا قارا كولى، قارا شەھەر، ئىلى، باركۆل ئېتى، ئىلى كالىسى قەدىمدىن بۇيان مەملىكەت بويىچە داڭلىق.

شىنجاڭنىڭ تاغ-ئورمان، جاڭگاللىقلىرى ۋە دەريا كۆللىرىدە يەنە ياۋا تۆگە، ياۋا ئات، قۇلان، جەرەن، كېيىك، بۇغا-مارال، ئارقار، ئېيىق، تۈلكە، بۆرە، مولۇن، داۋىغان، قاما، سۆسەر، قوداي، غاز، ئۆردەك، كەكلىك، چىل، ئولا قاتارلىق ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى ياۋايى هايۋان، ئۇچار قاناتلارمۇ ناهايىتى كۆپ. بېلىقنىڭمۇ تۈرى كۆپ، مەهسۇلاتىمۇ يۇقىرى.

شىنجاڭ ئورمان بايلىقى جەهەتتىمۇ مەملىكىتىمىز بويىچە مۇهىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئورمان كۆلىمى 40 مىليون مودىن ئاشىدۇ. تىيانشان تېغى ۋە ئالتاي تېغى قاتارلىق تاغلاردا تەبىئىي ئورمانلىقلار بولۇپ، ئارچا، قوچۇر، قارا ياغاچ، قېيىن، تاغ تېرىكى قاتارلىق يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخلەر ئۆسىدۇ. تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى تەبىئىي ئورمانلىقلاردا دۇنيا بويىچە ئەتىۋارلىق دەرەخ سورتلىرىدىن هېسابلانغان توغراقتىن تاشقىرى يەنە جىگدە، يۇلغۇن، سۆكسۆك قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. توغراق هەققىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدە «توغراق 3 مىڭ يىل ياشايدۇ، توغراق سۇيى ئىچكەن ئادەم قېرىمايدۇ» دېگەن رىۋايەتلەر تارقالغان. تەكلىماكان قۇملۇقلىرىدىكى ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتكۇسىز چوڭلۇقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان توغراقلار كىشىگە بۇ رىۋايەتنىڭ ئەقىلگە سىغىدىغانلىقىنى هېس قىلدۇرىدۇ.

شىنجاڭ زېمىنىدا يەنە ئالاهىدە ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە هەر خىل دالا ئۆسۈملۈكلىرىمۇ ئۆسىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سېرىق

بۇيا، سوغۇگۇل، قانتىپەر، چىلڭ، چاكاندا، ئالقات قاتارلىق دورا ياسىلىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى 100 خىلغا يېتىدۇ. لوپ تورقاچىگىسى (ھازىر لوپنۇر كەندىرى دەپ ئاتالماقتا)، قومۇش، چىغ، كۆك سېغىز قاتارلىق ئىقتىسادىي دالا ئۆسۈملۈكلىرىمۇ ناھايىتى مول. ئەجدادلىرىمىز بۇرۇندىنلا تورقىدىن رەخت، گولمە (بېلىق تورى) توقۇپ ئۆز ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇپ كەلگەن. ھازىر ئۇنىڭغا پاختا، يۇڭ ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئالىي سۈپەتلىك توقۇلمىلار ئىشلەنمەكتە. چىغ، قومۇش بىناكارلىق، قەغەزچىلىك سانائىتىدە كەڭ ئىشلەنمەكتە.

شىنجاڭدا بوغدا، قاناس، كەڭساي، بايىنبۇلاق، توققۇز بۇلاق قاتارلىق گۈزەل سەيلىگاھلار، ئىدىقۇت، يارغول، تاشقۇرغان خارابىلىرى، بېزەكلىك، قىزىل، قۇمتۇرا، شىكشىن مىڭ ئۆي خارابىلىرى قاتارلىقلار دۇنياغا مەشھۇر. ھەر يىلى چەت ئەل ساياھەتچىلىرى تۈركۈملەپ كېلىپ سەيلە-ساياھەتتە بولىدۇ.

شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە كۆپ مىللەتلىك رايونلارنىڭ بىرى. شىنجاڭدا ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە، تاجىك، تاتار، ئۆزبېك، داغۇر، رۇس قاتارلىق 12 مىللەت ياشايدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 1955-يىلى قۇرۇلغان. مەركىزى ئۈرۈمچى. ئاپتونوم رايونى مەمۇرىي جەھەتتىن ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قارامايدىن ئىبارەت ئۈچ بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر، سەككىز ۋىلايەت، بەش ئاپتونوم ئوبلاست، 86 ناھىيە، ئالتە ئاپتونوم ناھىيىتىگە بۆلۈنىدۇ. ۋىلايەت، ئوبلاستلار قارمىقىدا بىردىن شەھەر تەسىس قىلىنغان. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاست قارمىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەتتە تۆت شەھەر تەسىس قىلىنغان.

ئۈرۈمچى ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي،

مەدەنىيەت مەركىزى. شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە چوڭ سانائەت شەھىرى، مەملىكىتىمىز بويىچىمۇ مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى.

شىخەنزە 230 مىڭ نوپۇسقا، قاراماي 170 مىڭ نوپۇسقا ئىگە بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن چۆل-جەزىرىدە قەد كۆتۈرگەن يېڭى تىپتىكى سانائەت شەھەرلىرى.

شىنجاڭ ئۆتمۈشتە باي، گۈزەللىك تەرىپىگە مۇناسىپسىز ھالدا ھەر جەھەتتە قالاق بولۇپ، زامانىۋى سانائەتتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. 30 دەك ئوقۇتقۇچىسى، 300 دەك ئوقۇغۇچىسى بار بىرلا ئالىي بىلىم يۇرتى بار ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا شىنجاڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. ھازىر پولات، تۆمۈر، كۆمۈر، ماشىنىسازلىق، نېفىت، ئېلېكتر، خىمىيە، سېمونت، بىناكارلىق، رەڭلىك مېتال، توقۇمىچىلىق، شېكەر ئىشلەش، كۆن-خۇرۇم، ئوزۇق-تۈلۈك، فارفور قاتارلىق سانائەت تارماقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زامانىۋى سانائەت سىستېمىسى، تاشيول، تۆمۈريول، ھاۋا قاتنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زامانىۋى قاتناش تورى مەيدانغا كەلدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 49 مىليون مودىن ئېشىپ كەتتى. مۇنتىزىم ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىنلا 13 بولۇپ، پەنلەر تۈرى بويىچە مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سانى 5 مىڭدىن، ئوقۇغۇچىلار سانى 20 نەچچە مىڭدىن ئاشىدۇ. يەقەت مۇشۇ بىر قانچە جەھەتتىكى ئاساسلىق مەلۇماتلاردىن شىنجاڭنىڭ قىياپىتىدە نەقەدەر زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقى، ئىستىقبالىنىڭ نەقەدەر پارلاقلىقى، ئۇنىڭ ۋەتىنىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدا نەقەدەر مۇھىم رول ئويناۋاتقانلىقى نامايان بولىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇنىڭ بىلەن چەكسىز پەخىرلىنىدۇ.

# ئىككىنچى باب

## ئېتنوگرافىيە توغرىسىدا

ئېتنوگرافىيە Ethnographie مىللەت مەنىسىدىكى گرېكچە ئېتنوس Etnos سۆزىگە «ئىلىم»، «تەرىپ»، «قىسسە» قاتارلىق مەنىلەردىكى گرافىيە graphie سۆزىنىڭ قوشۇلىشىدىن ياسالغان ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى بىر ئىلمىي ئاتالغۇ. بۇ ئاتالغۇ ئەسلى ئاشۇ ئېتنوس سۆزىگە «ئىلىم»، «بىلىم» مەنىسىدىكى لوگىيە logie سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن ئېتنولوگىيە Ethnologie دېگەن سۆزنىڭ ئاساسىدا ياسالغان. ئېتنولوگىيە ھازىر تىلىمىزدا «مىللەتشۇناسلىق» دەپ قوللىنىلماقتا.

ئېتنولوگىيە دېگەن بۇ ئاتالغۇ 1829-يىلى فرانسۇز ئالىمى ئېدۋارد Edward تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. 1839-يىلى پارىژ مىللەتشۇناسلىق جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ ئاتالغۇ «ئادەمنى تەتقىق قىلىدىغان پەن» دېگەن ئاتالغۇ سۈپىتىدە دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن ئورتاق ئېتىراپ قىلىندى. ئەمما، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە قاتارلىق ئەللەردە «ئېتنولوگىيە» ئورنىدا باشقا ئاتالغۇمۇ قوللىنىلدى. مەسىلەن، ئامېرىكىلىقلار بىلەن ئەنگلىيىكلەر ئىنساننى مەدەنىيەت ئاساسىدا تەتقىق قىلىش دېگەن ئۇقۇمغا ئىگە مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيە Cultural Anthropology دېگەن ئاتالغۇنى قوللاندى، گېرمانىيىلىكلەرمۇ ئۆز ئالدىغا «مىللەت تەبىرى»

دېگەندەك ئۇقۇمغا ئىگە ۋۆلكېر كۇندې Volkerknube دېگەن ئاتالغۇنى قوللاندى. گەرچە ئېتنولوگىيە بىلەن بۇ ئىككى ئاتالغۇ ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئاتالغۇلاردا بىردەك ئىپتىدائىي مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىش نىشان قىلىنغان.

ئېتنولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ تەبىرى توغرىسىدىمۇ بىر مەزگىل ئوخشىمىغان قاراش مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، بولۇپمۇ ياۋروپادا «ئېتنولوگىيە» ئېرق توغرىسىدىكى بىلىم، دەپ قارىلىپ كەلدى. بۇ توغرىدا فرانسۇز ئالىمى بروكا Broca ئېتنولوگىيە ئېرقنى، ئېتنوگرافىيە مىللەتنى تەتقىق قىلىدۇ، دېگەن تەبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئېتنوگرافىيە شۇنىڭدىن باشلاپ مىللەت تەتقىقاتى ساھەسىدىكى بىر ئاتالغۇ بولۇپ قالدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئانتروپولوگىيە بولسۇن ياكى ئېتنولوگىيە بولسۇن، بۇ ئىككى ئاتالغۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان تەتقىقات خاراكتېرىدىن ئالغاندا، ماھىيەتلىك پەرق يوق، ئىككىسى قېرىنداش پەن. ئەمما، ئالىملاردا بۇ ئىككى ئاتالغۇنىڭ مەزمۇن دائىرىسى توغرىسىدىكى قاراشمۇ بىردەك بولماي كەلدى. ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن ئامېرىكىلىقلار ئېتنولوگىيە ئانتروپولوگىيىنىڭ تەركىبىي قىسمى دېسە، نېمىسلار بىلەن فرانسۇزلار بولسا، ئېتنولوگىيە ئانتروپولوگىيىنىڭ تەركىبىگە كىرمەيدۇ، دەيدۇ. يەنە بىر بۆلەك ئالىملار ئېتنولوگىيە «مەدەنىيەتشۇناسلىق» دېمەكتۇر. مەدەنىيەتشۇناسلىق بولسا، مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشى، تارقىلىشى، تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن دەيدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئېتنولوگىيە، ئېتنوگرافىيە قاتارلىق ئاتالغۇلارنىڭ تەبىرى ئۈستىدە خېلىغىچە ئالىملارنىڭ قارىشى بىردەك بولماي كەلگەن.

ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ پەن ساھەسى بويىچە

بارغانسېرى مەخسۇسلىشىش، ئىنچىكە تارماقلارغا بۆلۈنۈش هالىتى شەكىللىنىش بىلەن ئەسلى بىر پەننىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇپ كەلگەن ساهەلەر هازىر مۇستەقىل بىر پەن سۈپىتىدە ئايرىلىپ چىقىپ تەرەققىي قىلماقتا. مەسىلەن، بىز تىلغا ئېلىۋاتقان مىللەتشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە ۋە «ئادەتشۇناسلىق» قاتارلىقلار ئەسلى تارىخشۇناسلىقنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىدى. هازىر مۇستەقىل پەن سۈپىتىدە تەرەققىي قىلماقتا. ئىلىم-پەن ساهەسىدە مەيدانغا كېلىپ راۋاجلىنىۋاتقان مەخسۇسلىشىش، ئىنچىكىلىشىش ۋەزىيىتى ئىلمىي ئاتالغۇلارنىڭ تەبىرىدىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۇقۇم بېرىش تەلىپىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنداق تەلەپ تەقەززالىقى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنى قوللىنىش ئەمەلىيىتىدىن كەلگەن چۈشەنچىلەر ئاساسىدا بىر مەزگىل پەرقلىق تەبىر بېرىلىپ كەلگەن يۇقىرىقىدەك ئاتالغۇلارنىڭ تەبىرىدىمۇ تەدرىجىي بىرلىككە كېلىش ئەھۋالى كېلىپ چىقماقتا. شۇنىڭدەك هازىر ئېتنوگرافىينى مىللەتشۇناسلىق ياكى فولكلور ياكى ئادەتشۇناسلىق دائىرىسىگە ياتىدۇ، دېگەندەك قاراشلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. دۆلىتىمىزنىڭ ئالىملىرى ئۇزۇن مۇددەتلىك نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىيەتلىرى هەم چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ قاراشلىرىنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا «ئېتنولوگىيە» ۋە «ئېتنوگرافىيە» دېگەن ئاتالغۇدىن ئاڭلىشىلىدىغان ئۇقۇمغا تامامەن تەڭ ئۇقۇمغا ئىگە ئاتالغۇ ئىشلەپ چىقىپ ئېتنولوگىيىنى «مىن زۇ شۆ- 民族学 » ئېتنوگرافىيىنى «مىن زۇ جژ - 民族志 » دەپ ئاتىدى. بۇ ئىككى ئاتالغۇ خەلقئارا ئىلىم-پەن ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىدىمۇ ئېتنولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە دەپ تەرجىمە قىلىنماقتا. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ «مىللەتشۇناسلىق» دېگەن ئاتالغۇ ئىشلىنىپ هازىر ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلماقتا.

«ئېتنوگرافىيە» ئاتالغۇسىغا كەلسەك، بۇ ئاتالغۇنىمۇ ئۇيغۇرچىدا «مىللەت تەرىپى» ياكى «مىللەت توغرىسىدا قىسسە» دەپ قوللىنىشقا بولىدۇ. چۈنكى مىللەت تەرىپى دېگەندە ئۇنىڭدىن ئاڭلىنىدىغان ئۇقۇم «ئېتنوگرافىيە» دېگەن ئۇقۇمغا تامامەن ئوخشاش. روشەنكى، «مىللەت تەرىپى» بىر مىللەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىغا خاس مەيدانغا كەلگەن بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى تەرىپلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما، ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرچىدا ئېتنوگرافىيە ئادەتتە ئۆرپ-ئادەت ساھەسىگە قارىتىلىپ قوللىنىلىپ كەلمەكتە. مەلۇمكى، ئۆرپ-ئادەت ئۆزى بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى. شۇڭا «ئۆرپ-ئادەت» ئاتالغۇسىنى قوللانغاندا، ئېتنوگرافىيە دېگەن ئاتالغۇدىن ئاڭلىنىدىغان ئۇقۇمنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. بىز يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارغا ئاساسەن كىتابىمىزغا «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» دەپ نام بەردۇق.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مىللەتلەر ئۆزىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن مەدەنىيەتتىكى ئۆزىگە خاس ئورتاق پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەتتە ئىپادىلەنگەن ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسىنى ئۆرپ-ئادەت دېيىشكە بولىدۇ.

ماركس، ئېنگېلس، مۇنداق دەيدۇ: «... بىز ئالدى بىلەن ئىنسانلار ھاياتىنىڭ بىرىنچى شەرتىنى يەنى بارلىق تارىخنىڭ بىرىنچى ئالدىنقى شەرتىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشىمىز لازىم. بۇ ئالدىنقى شەرت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، كىشىلەر تارىخنى يارىتىش ئۈچۈن ھايات كەچۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن بولسا ئالدى بىلەن كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈك، تۇرار جاي ۋە باشقا نەرسىلەرگە

ئېھتىياج چۈشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى تارىخىي پائالىيەت مۇشۇ ئېھتىياجلارنى قاندۇرىدىغان ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىشتىن يەنى ماددىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزىنى يارىتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەينى زاماندا بۇ يەنە كىشىلەرنىڭ ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈنلا ھەر كۈن، ھەر سائەت ئېلىپ بېرىش زۆرۈر بولغان (ھازىرمۇ بىر نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقىغا ئوخشاش) بىر خىل تارىخىي پائالىيىتى يەنى بارلىق تارىخنىڭ ئاساسىي شەرتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»①. دېمەك، ئىنسان مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن تەبىئەت بىلەن كۆرەش قىلىشقا مەجبۇر بولغان ۋە تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا بەلگىلىك ۋاستە بولۇشنى ھېس قىلىپ يەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ياغاچ-توقماق، ھەر خىل تاش قورال، ئوقيا قاتارلىق ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياساپ ئۆز ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن تەبىئەتتىن ماددىي ئەشيالارنى ئۈندۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان، ئىنسانىيەتنىڭ بۇ بىرىنچى تارىخىي پائالىيەت جەريانى ئۆز نۆۋىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ ئۇسۇلى، ئىپتىدائىي ھەرىكەت ئۇسۇلىنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش جەريانى بولغان. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئەنە شۇ جەرياننىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. يىغىنچاقلىغاندا، مەدەنىيەت ئىنسانىيەتنىڭ بىرىنچى تارىخىي پائالىيىتى — ماددىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئىجتىمائىي بايلىقى. ئىنسانلار ھەر كۈن ھەر سائەتتە زۆرۈر بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى ئاشۇ بايلىق ئارقىلىق قاندۇرىدۇ. مەدەنىيەت ھادىسىسىدىن بولغان ئۆرپ-ئادەت ئىنسانىيەتنىڭ بىرىنچى تارىخىي پائالىيىتىنىڭ باشلىنىشى،

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 1-توم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 54-55-بەتلەر

تەرەققىي قىلىشغا ئەگىشىپ شەكىللەنگەن، تەرەققىي قىلىپ بېيىغان. دېمەك، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئىجتىمائىي ھادىسە. بۈگۈنكى مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، دەۋرلەرنى ھالقىپ بۈگۈنكە كەلگەن ۋە جەمئىيەتنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ بۈگۈنكىدەك مەزمۇنغا باي، رەڭدار ھالەتكە كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى مەدەنىيەت ئادىتى قانداق قىياپەتتىن بۈگۈنكى ھالەتكە كەلدى؟ كىتابىمىزدا ئاساسەن شۇ ھەقتە توختىلىمىز.

# ئۈچىنچى باب

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، ئېتنىك نامى ۋە ئۇنىڭ ئېتمولوگىيىسى

## 1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى

دۆلىتىمىز ئەزەلدىن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شىنجاڭمۇ ئەزەلدىنلا كۆپ مىللەتلىك رايون.

ئۇيغۇرلار ۋەتىنىمىزدىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۆزىگە خاس تارىخ ۋە ئېتنىك ئومۇملۇققا ئىگە قەدىمكى مىللەت.

مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىدىكى بىر-بىرىگە تۇتاش كۆككە تاقاشقان ھەيۋەتلىك تاغلار، گۈزەل غول-جىلغىلار، گىرەلىشىپ كەتكەن سانسىز دەريا-ئېقىن، زۇمرەتتەك يالتىراپ ياتقان كۆل ۋادىلىرى، ئۆزگىچە جۇغراپىيىۋى تۇسكە ئىگە موڭغۇل دالاسى، ئاجايىپ سىر-مۆجىزىلەرنى قوينىغا ئېلىپ ياتقان مۇنبەت تارىم، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىپايان يايلاق تارىختا ئۆتكەن كۆچمەن چارۋىچى قوۋملەرنىڭ پائالىيەت سورۇنى ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىمۇ مۇشۇ رايوندا تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن. ئومۇمەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخى

بىلەن ئېتنىك ئومۇملۇقى ۋەتىنىمىز جۇڭگودىن ئىبارەت مۇشۇ قەدىمكى تارىخىي رايوندا ۋۇجۇدقا كەلگەن. بۇ ئامىل ئۇيغۇر تارىخىنى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر تارىخى بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە قىلغان. ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ ئۆزىگە خاس بۇ ئالاھىدىلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇقتىن قەبىلىگە، قەبىلىدىن قەبىلە ئىتتىپاقىغا ئۇيۇشۇپ ئاخىر مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشكە قەدەر ناھايىتى ئۇزۇن مۇساپە، مۇرەككەپ ۋە بىر-بىرىگە چېتىش نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، ۋەتىنىمىزنىڭ بەرپا قىلىنىشىدا زور تۆھپە قوشقانلىقى، مەزمۇنغا باي رەڭدار مەدەنىيەت ياراتقانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشىگە كەلسەك، مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنقى خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن دىڭلىڭ (丁令)، خۇجې (乎揭 . ۋۇجې 乌揭 مۇ دېيىلىدۇ) لەر ئىلىم ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. «تارىخنامە» قاتارلىق كىتابلاردىكى خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، دىڭلىڭلار ئۆز دەۋرىدىلا شەرقتە بايقال كۆلى، غەربتە بالقاش كۆلى ۋادىلىرىغىچە بولغان يايلاقلاردا، خۇجېلەر ئالتاي تېغى بىلەن بالقاش كۆلى ئارىلىقىدىكى جايلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشايتتى. دىڭلىڭلار تارقالغان جايىغا قاراپ «شەرقىي دىڭلىڭ»، «غەربىي دىڭلىڭ» دەپ ئاتالغان. ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنى يۇقىرىقىدەك خۇلاسىگە كېلىشتە مۇنداق تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغان دېيىشكە بولىدۇ.

تارىخىي مەلۇمات جەھەتتىن مۇنداق بىر قانچە مۇھىم مەنبەلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ: «تارىخنامە. ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە: «دىڭلىڭلار ئەڭ بۇرۇن دىلى (狄历) دەپ ئاتىلاتتى» : «ۋېينامە. گاۋچېلار ھەققىدە قىسسە» دە: «گاۋچې

(ئىگىز ھارۋىلىق) لار قەدىمكى دىلارنىڭ نەسەبىدىن بولۇپ، دەسلەپ دىلى دەپ ئاتىلاتتى. شىمالدىكىلەر چىلى دىيىلەتتى، شىيالار گاۋچې دەپ ئاتىغان» «ئۇلار دىلار، يۈەنخې (ئۇيغۇر) ، قوغۇرسۇ، قىبئار (قارمۇق) ، قۇجيە، غور-غۇر، ئىتكىن دېگەن ئۇرۇقلاردىن ئىبارەت» ؛ «سۇينامە. تېلىلار ھەققىدە قىسسە» دە: «تېلىلار ھونلارنىڭ ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئۇرۇق-ئايماقلىرى ناھايىتى جىق... توغلا دەرياسى ۋە ئورخۇن دەرياسى ۋادىلىرىغا بارغۇت، توڭرا، ۋېيىخې (ئۇيغۇر) بايئېرقۇ، ئىزگىل، خۇن، قۇشۇر دېگەن قەبىلىلىرى؛ ئاق تاغ (تەڭرىتاغ) نىڭ شىمالىدا چۆبە، بولو، چىگىل، ئوغۇر، قىرغىز قاتارلىق قەبىلىلىرى جايلاشقان» ؛ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە: «يۈەنخېلار (ئۇيغۇرلار) ئەسلى ھونلارنىڭ ئەۋلادى، كېيىن شىمالىي چېيى سۇلالىسى دەۋرىدە تېلې دەپ ئاتالغان... (ئۇلار) ۋىجىكرەك، جەسۇر، كۆپىنچە ھارۋىدا يۈرىدۇ...» ؛ «يېڭى تاڭنامە. خۇيگۇلار (ئۇيغۇرلار) ھەققىدە قىسسە» دە: «خۇيخېلار ئەسلى ھونلار پۇشتىدىن... شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە گاۋچې (ئىگىز ھارۋىلىقلار) دەپ ئاتالغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ خاتىرىلەردىن مەلۇم بولىدىكى، «گاۋچې» «تېلى» ئالىملار تەرىپىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دەپ ئورتاق ئېتىراپ قىلىنىپ كەلگەن «دىڭلىڭ» نىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋردىكى ئوخشىمىغان ۋارىيانتى. شۇنىڭدەك «دىڭلىڭ» مىلادىدىن ئون نەچچە ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن «دى» دېگەن قەبىلە نامىنىڭ ۋارىيانتى. دېمەك بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى «دى» لارغا تاقىلىدۇ، دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەتقىقاتى بىلەن جۇملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان تارىخچىلىرىمىز

ئالدىنقىلارنىڭ بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، جاپالىق ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە «دىڭلىڭ» قەدىمكى قەبىلە نامى «دى» نىڭ كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردىكى ۋارىيانتى؛ گاۋچې (ئېگىز ھارۋىلىقلار) تارىختا ئۆتكەن ئايرىم بىر قەبىلە بولماستىن، دىڭلىڭلارنىڭ ئېگىز چاقلىق ھارۋىدا يۇرۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە قاراپ جەنۇبتىكى قوشنىلىرى تەرىپىدىن لەقەم ئورنىدا قويۇلغان بىر خىل ئاتاق بولۇپ، «ۋېينامە» نىڭ ئەسلى نۇسخىسىدا «گاۋچې دىڭلىڭ» (ئېگىز ھارۋىلىق دىڭلىڭلار) دەپ پۈتۈلگەن. بۇ ھال «ۋېينامە» نىڭ كېيىنكى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىدا بىھۇدە تىنىش بەلگىسى قويۇلۇپ قېلىش تۈپەيلى كېلىپ چىققان①. بەزى تەتقىقات ئەسەرلىرىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىللەردىمۇ «گاۋچې دىڭلىڭ» دەپ بىرىكمە ئىسىم قىلىپ ئېلىنغان②. بۇندىن باشقا يەنە بەزى تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا قەدىمكى يەكەنلىكلەرنىڭ شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى دىلار قەبىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، شاڭ سۇلالىسىگە قارايدىغانلىقى؛ قەدىمكى يەكەن دۆلىتىنىڭ شۇلاردىن تارىم ئويمانلىقىغا كۆچۈپ بارغانلار تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقى ۋە قەدىمكى يەكەن دۆلىتىنىڭ ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە «جۇجۇيجيا 斫句迦» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى دەلىللەنگەن③.

ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار جەھەتتىن: بايقال كۆلى

① دۇەن ليەنچىڭ: «دىڭلىڭ، گاۋچې ۋە تېلې» خەنزۇچە، 2، 12، 13، 15، 16-بەتلەر.

② ليۇيىتاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» خەنزۇچە، 88-بەت.

③ ۋېي يىن: «قەدىم زاماندىكى شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادلىرى» («شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات خەۋىرى») خەنزۇچە، 1988-يىل 1-سان، 81-بەت.

ۋادىلىرى، جەنۇبىي سىبىرىيە، موڭغۇل دالاسى قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى خارابىلار ئىزىدىن تاش قورال، ساپال قاچىلار، ھارۋا قاتارلىق نەرسىلەر تېپىلغان. بۇ نەرسىلەرنىڭ بەزىلىرى تاش قورال دەۋرىگە، بەزىلىرى ئەمىنىيە دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى سىڭگەن. ئالىملار ئۇ بۇيۇملارنى دىڭلىڭلارغا مەنسۇپ دەيدۇ[1].

ھازىرقى ئارا تۈرك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىدىكى «ئوغۇر چوقا» دەپ ئاتىلىدىغان ئېگىزلىكتىن يەرلىك خەلق دائىم تاش تەڭنە، تاش ئورغاق، پىچاق، ھەر خىل ساپال ئىدىش-كوزا، ئادەم ۋە ھايۋان سۆڭەكلىرىنى ئۇچرىتىپ كەلگەن. ھەتتا بۇ ئىدىش-كوزىلارنى «تۆت كونىنى يوقىتىش» («مەدەنىيەت ئىنقىلابى») مەزگىلىگىچە ئىشلىتىپ كەلگەن. بۇ ئېگىزلىك ئورنىدىن ھېلىھەم ھەر خىل ساپال پارچىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ ئېگىزلىك 1984-يىلىدىن كېيىن مەخسۇس قوغدىلىدىغان ئورۇن قىلىنغان. شۇنىڭدەك قۇمۇل شەھىرىنىڭ «باغداش» دېگەن كەنتىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە ئېقىن بويىدىكى يارلىقتىن تېپىلغان بىر تاش تەڭنە ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە[2]. ئارا تۈركنىڭ باي يېزىسى قاتارلىق جايلاردىكى تاغ ئىچىدىن قىيا تاشلارغا چېكىلگەن ھارۋا، ئىت، بۇغا- مارال ئوۋلاۋاتقان ئادەم قاتارلىقلارنىڭ سۈرەتلىرىمۇ ئۇچرايدۇ[3]. بۇنىڭدىن باشقا كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ساھىلىدىكى ئۆدەكلىك دېگەن جاي، چەرچەننىڭ زاغۇنلۇق دېگەن جايى ۋە قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە يېزىسىدىن بىر مۇنچە

---

① دۇەن لىيەنچىڭ: «دىڭلىڭ. گاۋچې ۋە تېلې» خەنزۇچە، 71-بەت.
②③1985-يىلى شۇ جايلاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش جەريانىدا بايقالدى.

قەدىمكى قەبرىلەر قېزىلىپ بىر قانچە قۇرۇپ قالغان قەدىمكى جەسەت ۋە جەسەت بىلەن كۆمۈلگەن ئاخىرەتلىك بۇيۇملار تېپىلغان. بۇ بۇيۇملار يۇڭ پالاس، يۇڭ توقۇلما، كۆن ئۆتۈك، ياغاچ تاۋاق، چۆچەك، تاش مۇنچاق، سۆڭەك بىگىز، ياغاچ ھەيكەل، گۆلمە (بېلىق تورى)، چەككۈچ چىكىلگەن توقاچ، ياغاچ زىققا تارتىلغان كاۋاپ، تاش پالتا، تاش تەڭنە، ئوقيا، ئارقار قوغلاۋاتقان بۆرە سۈرىتى ئويۇلغان ساقال تارغىقى، ساپال قاچا، مۇڭگۈز ئاپاغ، سوغا (سۇ توشۇيدىغان چىلەك ئورنىدىكى قاچا) ئوقيا، ئېگەر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى قەبرىلەر، بولۇپمۇ، ئۆدەكلىكتىكى قەبرىلەر تېشىغا قارىتىپ يەتتە قۇر قوزۇق قېقىپ ياسالغان. بۇ قوزۇقلار ئىنچىكە-توملۇقى، ئۇزۇن-قىسقىلىقى بويىچە بىر خىل تەرتىپتە ياندىشتۇرۇلۇپ، تۆت ئەتراپىغا نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش شەكلى ھاسىل قىلىنغان. بەزى جەسەتلەر بېشىدا كاناي گۈلسىمان كىگىز قالپاق، (بەزىلىرىگە يەتتە تال، بەزىلىرىگە توققۇز تالدىن قۇش پېيى قادالغان)، ئۈستىدە يۇڭدىن توقۇلغان تون ياقىلىق ئۇزۇن چاپان (ئاياللار تون ياقىلىق، كەڭ ئېتەكلىك ئۇزۇن كۆڭلەك)، پۇتىدا ئۇزۇن قونچىلىق كۆن ئۆتۈك بىلەن ئۈستىگە پالاس يېپىلىپ يالىڭاچ كۆمۈلگەن. جەسەتلەرنىڭ چېچى قوڭۇر، ئاياللارنىڭ چېچى ئىككى تال ئۆرۈلگەن. بوۋاقلار يۇڭ توقۇلمىلارغا زاكىلىنىپ قۇر (كاشا) بىلەن چىگىلگەن. بوۋاقلارنىڭ جەسەتلىرىگە چارا (چوڭ تەڭنە) كۆمتۈرۈلگەن. جەسەتلەرنىڭ بېشى شەرققە، پۇتى غەربكە قارىتىلىپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ كۆمۈلگەن. ئارخېئولوگلار بۇ جەسەتلەر ۋە ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئۈستىدە ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈپ، بەزى جەسەتلەرنى يەنى 38-نومۇرلۇق قەبرىنىڭ يىل دەۋرىنى بۇنىڭدىن 4 مىڭ 750 يىل بۇرۇن دەپ بېكىتىش بىلەن ئۆدەكلىكتىكى قەبرىلەرنى ئۈچ تىپقا ئايرىپ، بىرىنچى تىپ

ئىچىدىكى 5-ۋە يەككە 36-، 37-قەبرىنى يەرلىك قوۋملەر قەبرىسى تۇرىگە ئايرىغان[①]. شۇنىڭدەك بىرىنچى تىپتىكى قەبرىلەرنى لوپنۇر رايونىدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملەرنىڭ مەدەنىيەت ئىزى دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.[②]. ئارا تۇرك، قۇمۇل ۋە لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىي ۋادىسى ئۆز دەۋرىدە بىر توغرا لىنىيە ئۈستىدىكى بىر-بىرىگە تۇتاش، ئوت-سۇيى مول كاتتا يايلاق ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مىللەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كۆزەتسەك، شۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن گەۋدىلەنگەن يەرلىك قوۋملەرنىڭ ئىپتىدائىي ئىدېئولوگىيىسى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ بىر ەر قالدۇق ئىز-نىشانى قالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، رايونىمىزدىكى بۈگۈنكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق قېرىنداش مىللەت خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىدە دېگۇدەك شۇنداق ئىز-نىشانلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، بۇ ئالاھىدىلىكلەر بولۇپمۇ لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك. ئۇلاردا ئەسىرىمىزنىڭ 30-، 40-يىللىرىغا قەدەر مۇنداق ئادەتلەر ساقلىنىپ كەلگەن:

چەترەك جايلاردا ئادەم ئۆلسە جەسەتنى يېكەنگە يۆگەپ ئەرلەرنىڭ ئۈستىگە كېمە، ئاياللارنىڭ ئۈستىگە چارا (يوغان تەڭنە) كۆمتۈرۈپ قويىتتى، شۇنىڭدەك يوغان قېرى توغراقلارنىڭ كاۋاكلىرىغىمۇ دەپنە قىلاتتى. قۇدىلىشىشتا توققۇز دانە بېلىق بېشىنى پىشۇرۇپ داستىخان قىلىپ كېلەتتى. تورقا-چېگە ياكى يۇڭ-تورقا ئارىلاش توقۇلغان پالاس

① خەن كاڭشىڭ: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىنىڭ ئىرقى تەۋەلىكى بويىچە ئانتراپولوگىيىلىك دەسلەپكى تەتقىقات». شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى، 1985-يىل، 6-سان، 61-بەت.

② ۋاڭ بىڭخۇا: «كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ تېپىلىشى ۋە دەسلەپكى تەتقىقات». يۇقىرىقى ژۇرنال خەنزۇچە، 1983-يىل، 3-سان، 126-بەت.

ئاساسلىق ئۆي بىساتى ۋە كىيىملىك خېرىتى ئىدى. تون ياقىلىق چاپان، جوۋا كىيىپ قۇر بىلەن بېلىنى باغلاپ يۈرەتتى. سوغا، تەڭنە، چۆچەك، ياغاچ تاۋاق، پۇرۇچ (قايماق ياكى ماي قاچىلايدىغان ياغاچ قاچا) قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىشلىتەتتى. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر خەلقىدە كۆنگە، ئايغا قاراپ (سوغا) چوڭ-كىچىك تاھارەت قىلىش، تۆكۈرۈشنى يامان ئېلىش، «توققۇز» نى مۇقەددەس سان ھېسابلاش ئادىتى بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. قىزلاردا سۇقسۇر (بىر خىل قۇش) پېيىنى تۇماق، دوپپىلىرىغا تاقاپ كىيىش ئادىتى تا يېقىنقى دەۋرلەرگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن. مۇنداق ئادەت-ئەنئەنىلەرنىڭ ئوخشاشلىقى ھەرگىز سەۋەبسىز، تاسادىپىي ئەمەس، بەلكى شۇ يەرلىك قوۋملەر بىلەن بولغان تارىخىي مەنبەداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ بۈگۈنكى ئىپادىسى.

يېقىنقى يىللاردا تىلغا ئېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن باشقا تۇرپاننىڭ ئاستانا، يارغۇل، يەتتە قۇدۇق، مورى، نىيە، قەشقەر، ئاقسۇنىڭ قارا يۇلغۇن، كۇچا، بۈگۈر، خوتۇنسۇمۇل، خوشۇت (چۇقو)، ئۈرۈمچى نەنسەننىڭ جىلغىلىرى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تيانشاننىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى رايونلاردىن نۇرغۇن قەدىمكى دەۋرگە ئائىت، يەنى 6-7 مىڭ يىل بۇرۇنقى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت بۇيۇملىرى تېپىلغان. بۇ بۇيۇملار سىلىقلانغان چوڭ-كىچىك تاش قوراللار، ساپال ۋە ياغاچ-قاچىلار، چۆشەك، چۇلۇك قاتارلىق ئات-ئۇلاغ جابدۇقلىرى، كالا، قوي قاتارلىق ھايۋان سۆڭەكلىرى... نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا خوتەندىن خەن دەۋرىگە ئائىت بىر قۇرۇق جەسەت تېپىلغان. بۇ جەسەت قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەستى[1]، دەپ قارالماقتا.

---

[1] «جوڭگو مىللەتلىرىنىڭ دىنى ۋە ئەپسانىلىرى لۇغىتى»، خەنزۇچە، 583-بەت ۋە ليۇيىتاڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» خەنزۇچە، 261-بەت.

بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن مەلۇم بولىدىكى، شىنجاڭ رايونىدىمۇ يېڭى تاش قورال دەۋرىدىلا قەدىمكى ئىنسانلار ياشىغان، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىمۇ مىلادىدىن ئۇچ ئەسىر بۇرۇنقى دەۋرىدىلا پامىر ئېتەكلىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

بۇ تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار ئاساسىدا، ئۇيغۇرلارنى مۇنداق ئۇچ چوڭ تارىخىي دەۋرنى بېشىدىن كەچۇرۇش ئارقىلىق مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن دېيىشكە بولىدۇ:

**بىرىنچى تارىخىي دەۋر:** بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادىنىڭ شەكىللىنىش، ئۇيۇشۇش دەۋرى بولۇپ، مىلادىدىن X - X X ئەسىر بۇرۇنقى دەۋردىن مىلادىدىن بۇرۇنقى Ⅲ ئەسىرگە قەدەر بولغان دەۋرنى ئۇز ئىچىگە ئالىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، ئۇلارنىڭ شىمال ۋە غەربىي شىمال قىسمىدا شۇنيۇ (荤粥) گۇيفاڭ (鬼方) شەنيۇ (猃狁) رۇڭ (戎) دى (翟＝狄) خۇ (胡＝害) قاتارلىق بىر مۇنچە ئۇرۇق-قەبىلىلەر ياشايتتى.[①]. بۇ قەبىلىلەر ئۇز دەۋرىدە شۇ رايونلاردا مەيدانغا كەلگەن قانداش مۇناسىۋەتتىكى ئۇرۇقلارنىڭ بىرىكىشىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. «جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كۇنسايىن زىچلاشقان ئاھالە ئىچكى-تاشقى جەھەتتىن تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇشقا مەجبۇر بولۇپ تۇغقان قەبىلىلەرنىڭ ئىتتىپاقى ھەممىلا يەردە زۆرۇرىيەتكە ئايلىنىپ قالغان.»[②]شۇنداق زۆرۇرىيەت تەقەززاسى بىلەن ئەمنىيە، يېغىلىق دەۋرىگە كەلگەن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنىڭ

---

① «قەدىمكى دەۋردە جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» خەنزۇچە، 2-بەت.
② «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» ، خەنزۇچە، 4-توم، 146-بەت.

www.uyghurkitap.com

شمال ۋە غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قوۋملار ئىچىدە دى، توڭگۇس، هون قاتارلىق بىر قانچە قەبىلە ئىتتىپاقلىرى شەكىللەنگەن. مۇشۇ دەۋرگە كەلگەن دىلار «دىلى» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. ئۆز دەۋرىدە بۇ قەبىلە ۋە قەبىلە ئىتتىپاقلىرى خۇاشا ۋە باشقا قوشنا قوۋملار بىلەن يېقىن بېرىش-كېلىشتە ئۆتكەن. ئۇزۇنغا داۋاملاشقان بۇنداق ئۇچرىشىش، بېرىش-كېلىش جەريانى ئۇلاردا تەدرىجىي بىرلىشىش، قوشۇلۇش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۇرگەن. دىلار، رۇڭلار، گۇيفاڭلارنىڭ بىر قىسمى شۇ دەۋرىدىلا شىيالارغا قوشۇلۇپ سىڭىپ كەتكەن بولسا، بىر قىسمى ئۆزئارا ۋە باشقا قوۋملار بىلەن قوشۇلۇپ سىڭىشىپ تەرەققىي قىلىپ ئاۋۇشقا باشلىغان. نوپۇس، چارۋا مالىنىڭ كۆپىيىشى ۋە باشقا هەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى بەزىدە ئانچە - مۇنچە جېدەل-ماجىرالارمۇ سادىر بولۇپ تۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا كۆچمەن چارۋىچى قوۋملارنىڭ ئوت-سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈشتەك ئۆزگىچە خاس ئالاهىدىلىكىنىڭ رول ئوينىشى قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلى «ئىتتىپاق ئېهتىياجى ئورۇندالغاندىن كېيىن ئىتتىپاقمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ»[①]غان ۋە بۆلۈنۈش يەنە قوشۇلۇش، يىراق جايلارغا كۆچۈپ كېتىش ئەهۋاللىرىمۇ دائىم سادىر بولۇپ تۇراتتى. بۇ هال، ئوخشاش بىر ئۇرۇق-قەبىلە نامىنىڭ قوشنا قەبىلىلەر تەرىپىدىن بىر نەچچە خىل ئاتىلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان. يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر ئارقىسىدا كۆچۈش ۋەقەلىرى ئەمىنىيە-يىغىلىق دەۋرىدىلا باشلانغان. ئۆز دەۋرىدە بىر بۆلەك دىلار، گۇيفاڭلار جەنۇبقا، بىر قىسمى غەربىي شىمالغا كۆچكەن. جەنۇبقا كۆچكەنلىرى كېيىنچە شىيالارغا قوشۇلۇپ كەتكەن، غەربىي شىمالغا كۆچكەنلىرى كۆچۈپ بارغان

① «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە، 4-توم، 89-بەت.

يەرلىرىدىن ماكان تۇتۇپ يەرلىك قوۋم سۈپىتىدە ئۆز تىرىكچىلىكىنى داۋاملاشتۇرغان ۋە باشقا قوشنىلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە ئۆتكەن. مۇناسىۋەتلىك تارىخنامىلاردا «غەربىي دىلار» ياكى «غەربىي دىڭلىڭلار» دېيىلگەنلەر دەل شۇلارغا قارىتىلغان. مىلادى باشلانغان دەۋرلەردىلا ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا 60 مىڭ ئەسكىرى كۆچكە ئىگە «دىڭلىڭ دۆلىتى»[①] مۇ شۇ دىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان. شۇنىڭدەك دىڭلىڭلار مىلادى V ئەسىردە جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ كەڭ زېمىندا بىر مۇددەت ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن[②].

جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، دى، توڭگۇس ۋە ھون قاتارلىق قەبىلە ئىتتىپاقلىرى ئىچىدە ھونلار بىلەن توڭگۇس قەبىلە ئىتتىپاقى بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلىپ، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى قەبىلە ئىتتىپاقلىرى بويىچە ئىككى چوڭ قەبىلە ئىتتىپاقىغا ئايلانغان[③]. ئالىملار توڭگۇس تارىمىقىدىكى قەبىلىلەر بىلەن دى، ھون تارىمىقىدىكى قەبىلىلەرنى ئوخشىمايدىغان ئىككى سىستېمىدىكى قانداش مۇناسىۋەتكە ئىگە قەبىلىلەردىن دەپ ھېسابلاشماقتا[④]. تېز تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان توڭگۇس، ھون قەبىلىلەر ئىتتىپاقى باشقا ئۇرۇق، قەبىلىلەرنى ئۇزلۇكسىز ھالدا ئىختىيارى ۋە زورلۇق بىلەن ئۆزلىرىگە قوشۇۋېلىپ، بارغانسېرى قۇدرەت تېپىشقا باشلىغان، بۇنىڭ ئىچىدە ھونلار تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىپ، قۇدرەت تاپقانسېرى كېڭەيمىچىلىك قىلىپ باشقا قەبىلىلەرنى داۋاملىق بويسۇندۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن شىمالدا توڭگۇسقەبىلىلەر ئىتتىپاقى بىلەن دىلارنىمۇ

---

① — «ۋېي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى».
② گۇباۋ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئۈستىدە يېڭى ئىزدىنىش» تە كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن («جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 80-يىل، 6-سان 203-بەت.
③ ④ «قەدىمكى دەۋردە جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» خەنزۇچە، 4-بەت.

بويسۇندۇردى. غەربتە ئالدى بىلەن ئاسيۇلارنى تېخىمۇ غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلىش بىلەن كېيىن توخرىلار ۋە بالقاش كۆلى ۋادىسىدىكى غەربىي دىلار يەنى غەربىي دىڭلىڭلارنىمۇ بويسۇندۇرۇپ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن مۇھىم سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىي قىسمىغىمۇ كېڭەيمىچىلىك قىلىپ دائىم پاراكەندىچىلىك سېلىشقا كىرىشتى. ئۆز دەۋرىدە تىيانشاننىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى هونلارنىڭ كۆپ قىسمى شۇ يەردىكى قوۋملارغا سىڭىپ كەتتى.

دىلار هونلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغۇچە ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكىلەر قىزىل دى، ئاق دى، ئۇزۇن دى، غۇر (خۇ) دېگەندەك ناملاردا ئاتىلاتتى. دىلار ئۆز دەۋرىدە جۇ سۇلالىسىگە قاراشلىق بولۇپ، ئۇرۇقتىن قەبىلە ۋە قەبىلە ئىتتىپاقىغا ئۇيۇشۇش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتاتتى. مانا مۇشۇ دىلار ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادى ئىدى، ئۇلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىرگىچە بولغان تارىخىي پائالىيەتلىرى تارىخ سەھىپىسىگە «دى» ياكى «دىلى» نامىدا پۈتۈلگەن.

**ئىككىنچى تارىخىي دەۋر:** بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدە يادرولۇق رول ئوينىغان قەبىلىلەرنىڭ ئۇيۇشۇش، زورىيىش، ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىش ۋە تارىخ سەھنىسىگە چىقىش يولىدا جىددىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان دەۋر بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردىن مىلادى VIII ئەسىرگىچە بولغان تارىخىي دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

هونلار بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەر ئۈستىدىن دەهشەتلىك هۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ ئۇلاردىن قول ئورنىدا پايدىلاندى. دىلار هون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى بىر نەچچە قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ كەسكىن كۈرەش قىلدى. دىلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردىن مىلادى III ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا

قەدەر بولغان ئاساسلىق پائالىيىتى ھون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرۇش بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ پائالىيىتى شۇ دەۋرلەرگە ئائىت تارىخنامىلاردا «دىڭلىڭ» دېگەن نامدا پۈتۈلگەن.

دىڭلىڭلارنىڭ ھون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرىشى مىلادى 133-يىلىغا كەلگەندە ئاخىرقى ھېسابتا غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇ غەلىبە دىڭلىڭلارنىڭ خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، ھونلارغا ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن. بۇ كۈرەش جەريانى دىڭلىڭلار تەسىر كۈچىنىڭ زورىيىشىنىڭ دەسلەپكى قەدىمى بولدى. ئەمما، دىڭلىڭلار ھونلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ گۇمران بولۇشى بىلەن ئۆز ئالدىغا بىر كۈچلۈك قەبىلە ئىتتىپاقى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىدى، ھونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا سيانپى ۋە جۇرجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا يەنە سيانپى، جۇرجان دەپ ئاتىلىدىغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرمۇ ياشايتتى. بۇ قەبىلىلەرمۇ دىڭلىڭلارغا ئوخشاش ھونلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغانىدى. ئۇلارمۇ ھونلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ئۇزلۇكسىز كۈرەش قىلىپ، شىمالىي ھون ھۆكۈمرانلىقىنىڭ گۇمران قىلىنىشىدا ئاكتىپ رول ئوينىغان. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆز تەسىر كۈچىنى جىددىي كېڭەيتىشكە كىرىشكەن سيانپىلار بىلەن جۇرجانلار تېزدىنلا مۇھىم سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. سيانپىلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قاراپ سۈرۈلۈپ مىلادى 386-يىللىرىغا كەلگەندە زور ھاكىمىيەت قۇردى. بۇ ئېلىمىز تارىخىدا شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەپ ئاتالدى. جۇرجانلار ئۆز قەبىلىلىرىنى بىرلىككە

كەلتۈرۈپ زور ھەربىي بىرلەشمە ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنى شەكىللەندۈردى. بۇنىڭ بىلەن جۇرجانلارمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي شەرقتە چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىن غەربتە ھازىرقى قارا شەھەرگىچە، جەنۇبتا موڭغۇلىيە قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىغىچە، شىمالدا بايقال كۆلىگە قەدەر بولغان كەڭ زېمىندا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى، بۇنىڭ بىلەن ھونلارنىڭ قۇللۇقىدىن يېڭى قۇتۇلغان دىڭلىڭلارنىڭ بىر قىسمى ۋېي سۇلالىسى، يەنە بىر قىسمى جۇرجانلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى.

ھونلار غەربكە كۆچۈپ جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر مەيدانغا كەلگەن بۇ تارىخىي دەۋرنى مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدە، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا زور ئىلگىرىلەش، ئېتنىكىلىق ئومۇملۇقىدا ئىككىنچى قېتىم چوڭ بىرلىشىش-قوشۇلۇش دەۋرى بولدى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ دەۋرگە كەلگەندە شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە، قوۋملەردە جەنۇبقا سۈرۈلۈش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. مۇشۇ دەۋردە بايقال ساھىلىدىن دىڭلىڭلاردىن بىرنەچچە يۈزمىڭ تۈتۈن قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كەلدى[①]. شىمالدىن جەنۇبقا سۈرۈلگەن قەبىلىلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن قويۇق باردى-كەلدى مۇناسىۋەتتە بولدى. خەنزۇلارنىڭ ئىلغار ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا بۇ قەبىلە-قوۋملارنىڭ جەمئىيەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىدا زور ئىلگىرىلەش بولدى، سىيانپىلار، دېھقانچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق قىلىش بىلەن ئۆتتى. دىڭلىڭلارمۇ قوشۇمچە دېھقانچىلىق قىلىدىغان بولدى.

ئومۇمەن بۇ قېتىمقى كۆچۈش ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان قويۇق باردى-كەلدى قىلىش، ئۆزئارا مەدەنىيەت

---

① «قەدىمكى دەۋردە جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 113-بەت.

ئالماشتۇرۇش، تەسىر كۆرسىتىش جەريانى شۇ قەبىلە، قوۋملار ئارا چوڭ بىرلىشىش-قوشۇلۇش جەريانى بولدى. غەربكە كۆچمەي قالغان هونلار خەنزۇلارغا، سيانپىلارغا، جۇرجانلارغا، دىڭلىڭلارغا سىڭىپ كەتتى؛ سيانپىلارنىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇلارغا، بىر قىسمى جۇرجان، دىڭلىڭلارغا، بىر قىسىم جۇرجان، خەنزۇلار دىڭلىڭلارغا قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ ئېتنىك ئومۇملۇقىنىڭ تەركىبىگە ئايلىنىپ كەتتى.

ئۇزۇن بىر مۇددەت جاپالىق ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كەلگەن دىڭلىڭلارنىڭمۇ چارۋىچىلىق ئىشلىرىدا زور ئىلگىرىلەش بولۇپ قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدا ئاۋات-ئەلۋەك ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئۇلار بۇ يەردىكى ئېقىن-سۇلارغا «تېلې دەرياسى» دەپ نام بەردى[1] .

چوغاي تاغلىرى ئاستىدا ئاقار،
تېلېلار دەرياسى، ئويناپ-دولقۇنلاپ،
ئاسمان گۈمبىزى بارگاهسىمان،
تۇرىدۇ جەمئىي دالانى قاپلاپ.

شۇنچە غۇبارسىز ساماۋى ئاسمان،
دالالار بىپايان كۆرۈنمەيدۇ قاش.
كۆرۈنۈپ قالىدۇ، سانسىز چارۋا-مال،
شامال ئەسكەندە ئوتلار ئەگسە باش.

بۇ تېلېلار قوشىقى شۇ دەۋردە توقۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تېلېلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق قۇملۇقنىڭ جەنۇبىنىڭ قىياپىتىدە مەيدانغا كەلگەن ئاۋات-ئەلۋەك مەنزىرە ناھايىتى

① «قەدىمكى دەۋردە جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 114-بەت.

www.uyghurkitap.com

ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. مۇشۇ دەۋرگە كەلگەندە دىڭلىڭلارنىڭ ئېگىز چاقلىق هارۋىدا يۇرىدىغانلىق ئالاھىدىلىكىگە قاراپ جەنۇبىدىكى قوشنىلىرى ئۇلارنى «گاۋچې دىڭلىڭ» (ئېگىز هارۋىلىق دىڭلىڭلار) شىمالىدىكى قوشنىلىرى «چىلې» دەپ ئاتىغان. بۇنىڭ بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ شۇ تارىخىي دەۋردىكى سىيانپى، جۇرجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەش پائالىيەتلىرى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «ۋېينامە»، «ۋېي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «جەنۇبىي سۇلالىلەر تارىخى»، «سۇينامە» قاتارلىق تارىخنامىلەردە بىر مەزگىل گاۋچې (ئېگىز هارۋىلىقلار) نامىدا خاتىرىلىنىپ، كېيىن «تېلې» نامىدا خاتىرىلىنىشكە باشلىغان. شۇنىڭدەك مۇشۇ دەۋرگە كەلگەندە دىڭلىڭلار يەنى تېلېلارنىڭ جايلاشقان جايلىرى ۋە ئىچكى تەركىبى توغرىسىدا بىر قەدەر تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن. مەسىلەن: «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، تېلېلار ھەققىدە قىسسە» دە تېلېلار شىمالدا بايقال ۋادىلىرىدىن تارتىپ غەربتە بالقاش كۆلى ۋادىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىپايان يايلاق ۋە تاغ-ئىدىرلاردا ياشايدىغانلىقى، قوۋمى ئەڭ كۆپ، ۋېيخې (ئۇيغۇر) باشلىق 40 نەچچە قەبىلىدىن تەركىب تاپقانلىقى، قەبىلەناملىرى ھەر خىل بولسىمۇ ھەممىسىنىڭ تېلې دەپ ئاتىلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. «سۇينامە» دىمۇ مەزمۇنى شۇنىڭغا ئوخشاش خاتىرە قالدۇرۇلغان.

دىڭلىڭلار سىيانپى ۋە جۇرجان ئاقسۆڭەك هۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن قاتتىق ئېزىلدى. جۇرجانلار بىر تەرەپتىن بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەرگە قاتتىق زۇلۇم سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋېي سۇلالىسىنىڭ چېگرىلىرىنى چاپقۇن، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ تۇردى. ۋېي سۇلالىسىنىڭ جۇرجانلارغا بەرگەن زەربىسى ئالدى بىلەن دىڭلىڭلارغا تېگىپ تۇردى. دىڭلىڭلار

جۇرجانلارنىڭ زۇلمىغا قارشى بىرنەچچە قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈردى. مىلادى 499-يىللىرىغا كەلگەندە تۇرپاندا گاۋچې نامىدا قۇرۇلغان ئىدىقۇت دۆلىتى (بۇ دۆلەت بىر ئەسىردىن ئارتۇق داۋاملاشتى) مىلادى 487-يىلى قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدا جۇرجانلار ئۈستىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، كوللېكتىپ ئايرىلىپ چىققان دىڭلىڭلار تەرىپىدىن قۇرۇلغانىدى. بۇ مەزگىلدە دىڭلىڭ دېگەن نام ئورنىدا گاۋچې دېگەن نام قوللىنىشقا باشلىغانلىقتىن «گاۋچې ئىدىقۇت دۆلىتى» دەپ ئاتالغان ۋە شەرقىي دىڭلىڭ قەبىلىلىرىدىن بولغان بۆركلى قەبىلىسىمۇ مۇناسىۋەتلىك تارىخنامىلەردە شەرقىي گاۋچې قەبىلىسى (12 قەبىلە) سۈپىتىدە خاتىرىلەنگەن.

مىلادى 430-يىللارغا كەلگەندە ۋېي سۇلالىسى جۇرجانلارغا قارشى كەڭ كۆلەمدە ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ باردى. نەتىجىدە جۇرجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى كۈنسېرى زەئىپلىشىشكە يۈزلەندى. مۇشۇ مەزگىللەردە ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي ئېتەكلىرىدە ياشايدىغان تېلېلارنىڭ ئاسىنا قەبىلىسى تەدرىجىي باش كۆتۈرۈپ جۇرجانلارغا بويسۇنماس بولۇۋالدى ۋە مىلادى 446-يىلى ئاسىنا تۈمەن تېلېلاردىن 50 مىڭ ئادەمنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ جۇرجانلارغا قارشى شەرققە يۈرۈش قىلدى ۋە بۇ ئۇيۇشقان توپنى «تۈرك» دەپ ئاتىدى. تۈمەن بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە جۇرجانلارنى مەغلۇپ قىلىپ ئۆزىنى بىلىك قاغان دەپ جاكارلىدى، بۇنىڭ بىلەن قۇدرەتلىك تۈرك خانلىقى قۇرۇلدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، «تۈرك» دېگەن نام شۇنىڭدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن «تۈرك» دەپ ئاتىلىدىغان ئايرىم قەبىلىمۇ مەۋجۇت بولمىغان. بەزى تەتقىقات ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «تۈرك — بۇ نام دىڭلىڭ، ئۇيجې، جىنەنكۈن (قىرغىز) دېگەن ناملاردىن تەخمىنەن 800 يىل كېيىن، مەيدانغا چىققان ۋە دەسلەپ (تۈرك) نامىدا چوڭ خانلىق

قۇرۇلۇش بىلەن تېخىمۇ مەشھۇر بولۇپ، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق مىللەتلەرنىڭمۇ ئومۇم نامىغا ئايلىنىپ قالغان»[1] دېگەن قاراشمۇ شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇ قېتىمقى يۈرۈشتە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىكى سىر-تاردۇش، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بىر قىسمى بىللە ئېلىپ كېلىنگەنىدى. شۇ قېتىم كەلگەن تېلې قەبىلىلىرى جۇرجانلار ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا تارىلىپ ماكانلىشىپ قالدى.

مىلادى 552-يىلىغا كەلگەندە جۇرجانلار ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ تۈرك خانلىقى قۇرۇلدى. تېلېلارنىڭ جۇرجان ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى مۇرەككەپ ۋە جاپالىق بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ كۈرىشى ئۆزلىرىنىڭ قەبىلىداشلىرى ھەم باشقا قەبىلىلەرنىڭمۇ ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا، ئاخىرقى ھېسابتا غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مەۋقەسىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇلار يەنىلا تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالدى.

بىر قۇلداردىن قۇتۇلۇپ يەنە بىر قۇلدارغا تۇتۇلغان تېلې قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر، قىبىئار، توغرا، بايىئىرقۇ، سىر-تاردۇش قاتارلىق قەبىلىلەر بىرلىشىپ تۈرك قۇلدارلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى مىلادى 605-يىلىغا كەلگەندە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، تۈرك خاندانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ تۇرپان، قۇمۇل، كېنگىت (ھازىرقى قارا شەھەر) ۋە گەنسۇ دائىرىسىدىكى دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىكى رايونلارنى ئىگىلىدى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي، مىلادى 615-يىلى غەربىي تۈرك خاندانلىقى تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇلدى.

---

① خۇچۇيۇەن: «دىڭلىڭ، تۈرك، ئۇيغۇرلار» — لىيۇ يىتاڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»تا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، شۇ ئەسەر 89-بەت.

مىلادى 627-يىلىغا كەلگەندە قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر، بارغۇت، توڭرا، بايىئىرقۇ قاتارلىق قەبىلىلەر ئۇيغۇرلار ئاقساقىلى بوساتنىڭ باشچىلىقىدا تۈرك خاندانلىقىغا قارشى قوزغالدى. شەرقىي تۈرك قاغانى ئۇلارنى باستۇرۇشقا 100 مىڭ ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتتى. ئەمما، بوسات 5 مىڭ ئادەم بىلەن ئۇلارغا قارشى چىقىپ گەنسۇ دائىرىسىدىكى مازۇڭشەن تېغى ئەتراپىدا ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ نۇرغۇن ئادىمىنى ئەسىر ئالدى. بۇنىڭ بىلەن بوساتنىڭ نامى چىقىپ خۇيخې (ئۇيغۇر) دېگەن نام تەدرىجىي «تېلې» دېگەن نامنىڭ ئورنىنى ئالدى.

مىلادى 682-يىلىغا كەلگەندە شەرقىي تۈرك خاندانلىقى موڭغۇل دالاسىدىكى ئوتۇكەن تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىگە جايلاشقان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمى غەربكە سۈرۈلۈپ گەنسۇنىڭ ھازىرقى ۋۇۋېي رايونىغا، بىر قىسمى شىمالغا سۈرۈلۈپ توغلا دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كەتتى. قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلەرنى تۈركلەر قايتىدىن بويسۇندۇردى. ئەمما ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى. مىلادى 716-يىلىغا كەلگەندە يەنە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى چوڭىيىپ، مىلادى 744-يىلىغا كەلگەندە ئۇيغۇر، قارلۇق بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئارقىسىدا 200 يىل ھۆكۈم سۈرگەن تۈرك خاندانلىقى گۇمران بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئېتنىك ئومۇملۇقى بويىچە يېڭى بىر تارىخىي دەۋر باشلاندى.

ئۇيغۇرلار بۇ دەۋرگە كەلگەندە مۇھىم بىر سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقىشتا مۇنداق مۇھىم ئامىللارنى ھازىرلىغانىدى:

بىرىنچىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نۇرغۇن، مۇرەككەپ تارىخىي ۋەقەلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، شۇ قەدەر ئۇزۇن تارىخىي مۇساپىنى بېسىش جەريانىدا داۋاملىق بىرلىشىش-قوشۇلۇش، بۆلۈنۈش يەنە قوشۇلۇش ئارقىلىق تەدرىجىي زورىيىپ يادرو كۈچ سۈپىتىدە ئۇيۇشۇش شەرتىنى ھازىرلىدى. جۇرجان ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلار ياغلاقار، ئۇتىگىر، قۇرابىر، باشقىرىت، ئاۋاسار، قازار، قۇسار، ياماقار، ئاياۋىردىن ئىبارەت ئىچكى توققۇز قەبىلە، ئۇيغۇر، بارغۇت، غۇن، بايىرقۇ، توڭرا، ئىزگىل، چۆبە، باسمىل، قارلۇقتىن ئىبارەت تاشقى توققۇز قەبىلە ئاساسىدا يېڭىدىن ئۇيۇشۇش جەريانىنى تاماملاپ، «گاۋچې» «تېلې» نامىدا ئاتىلىپ كەلگەن قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى قەبىلىداشلىرى ئىچىدە سەركەردىلىككە مۇناسىپ شەرت ھازىرلاپ بەلگىلىك نوپۇز-ئابرويى تىكلىدى.

ئىككىنچى، مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قوۋملار قاتارىدا ھون قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇشتا خەن سۇلالىسىگە تايانغانىدى. بۇ قېتىم تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇشتا تاڭ سۇلالىسىگە تاياندى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا تۈرك خاندانلىقىنى گۇمران قىلىپ ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقىنى قۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالىشىدىكى يەنە بىر ھەل قىلغۇچ ئامىل، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مۇشۇ تارىخىي دەۋردە تاڭ سۇلالىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ئۆزلىرىنى تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە قىلىپ كەلدى. بۇ مۇناسىۋەت ئۇيغۇرلار مىلادى 646-يىلى سىر-تاردۇشلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان دەۋردىلا ئورنىتىلغان بولۇپ، پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىپ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ساھەلەر بويىچە كەڭ

راۋاجلىنىپ ئورخۇن خاندانلىقى يوقالغانغا قەدەر داۋاملاشتى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۈەنخې 4-يىلى ئۇيغۇر قاغانى ئاي تەڭرىدىن قۇت بولمىش قامۇغ بىلگە قاغان تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە مەكتۇپ بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھەر خىل ئاتىلىپ كەلگەن نامىنى «شۇڭقاردەك چىۋەر، جەسۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىلەن ئاتاش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن شۇندلق مەنىنى بىلدۈرىدىغان «خۇيگۇ» (ئۇيغۇر) دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلىپ ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئىستېمال قىلىنىپ كەلگەن دىڭلىڭ، گاۋچې، تېلې، يۈەنخې، ۋېيخې، خۇيخې قاتارلىقلار ناملار ئورنىدا «خۇيگۇ» (ئۇيغۇر) دېگەن نام قوللىنىلىدىغان بولدى.

خۇلاسە: بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار يۇقىرىدا قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈلگەن ئۇزۇن بىر تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ۋە نۇرغۇن مۇرەككەپ تارىخىي ۋەقەلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق ئۇرۇقتىن قەبىلە، قەبىلىدىن قەبىلە ئىتتىپاقى، قەبىلە ئىتتىپاقىدىن خەلق بولۇپ تۇراقلىشىپ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

**ئۈچىنچى تارىخىي دەۋر:** بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك ئومۇملۇقى بويىچە زور ئۇيۇشۇش، تەرەققىي قىلىش دەۋرى بولۇپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇپ تاكى مىلادى X V ئەسىرگىچىلىك بولغان تارىخىي دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئېتنىك ئومۇملۇقى جەھەتتە، ئۇزۇن بىر مۇددەت قوللىنىپ كېلىنگەن دىڭلىڭ، تېلې دېگەن نامنىڭ «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىدىغان بولغانلىقى، دىڭلىڭ، تېلې نامىدا ئاتىلىپ كەلگەن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىكى ھەر خىل ناملىق قەبىلىلەرنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئاستىغا ئۇيۇشقانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك ئومۇملۇقىغا يەنە نۇرغۇن غەيرىي قانداش

مۇناسىۋەتتىكى تەركىبلەرنىڭ كۆپلەپ قوشۇلۇشى بىلەن نوپۇسنىڭ كۆپىيىپ ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدا ئاساسلىق خەلق بولۇپ شەكىللەنگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلەنسە، سىياسىي جەھەتتە بىرلىككە كەلگەن كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىنىڭ تېخىمۇ بىرلىككە كېلىشى، مۇستەھكەملىنىشىدە زور ئەمەلىي تۆھپىلەرنى قوشقانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتە، كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن تەدرىجىي دېھقانچىلىققا كۆچۈپ فېئودالىزم جەمئىيىتىگە قەدەم قويغانلىقى، فېئودالىزملىق ئامىل ۋە مۇناسىۋەتلەرنىڭ كۈچىيىپ، مۇستەھكەملىنىشى، سودا، قول سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ گۈللەنگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلەنسە، مەدەنىيەت جەھەتتە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇيغۇر نامى ئاستىغا ئۇيۇشقان تارىخىي مەنبەداش قەبىلە-قوۋملارنىڭ ئورتاق تىلىغا ئايلىنىشى، رەسمىي يېزىق تىل شەكىللىنىپ ئۆز دەۋرىنىڭ ئەدەبىي تىلى (تارىخىي مەنبەداش قەبىلىلەر بويىچە) سۈپىتىدە خىزمەت قىلغانلىقى ۋە بۇ تىلدا «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق نۇرغۇن پەلسەپىۋى، دىنىي، ئەدەبىي، تارىخ قاتارلىق ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر يارىتىلىپ شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشىدا، ۋەتىنىمىزنىڭ پارلاق مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ بېيىشىغا زور ئەمەلىي تۆھپە قوشقانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىدا بۇ كېيىنكى تارىخىي دەۋردە زور تەرەققىياتلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە، ئورخۇن خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئىچكى ئامىلدىن باشقا يەنە مۇنداق مۇھىم تاشقى ئامىللارمۇ زور رول ئوينىغان.

بىرىنچى، ئورخۇن خاندانلىقى ئۆز دەۋرىدە ئاسىيا ۋە دۇنيا بويىچە سەلتەنەتلىك، بىرلىككە كەلگەن تاڭ سۇلالىسىدىن

ئىبارەت بۇ مەركىزىي سۇلالىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى ئاستىدا قۇرۇلدى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان 100 نەچچە يىللىق جەرياندا بەزى قىسمەن ۋاقىتلىق غەيرىي نورمال قىستۇرما ۋەقەلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا تاڭ سۇلالىسى بىلەن باشتىن-ئاخىر ئىناق، دوستانە مۇناسىۋەتتە ئۆتتى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. بۇ مۇناسىۋەت ئۇيغۇرلارنى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە تېز تەرەققىي قىلىشى، تەسىرىنىڭ ئېشىشى، نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى قاتارلىقلاردا ئۇزۇن مۇددەت ئاساسىلىق شارائىتقا ئىگە قىلدى.

ئىككىنچى، تۈرك خاندانلىقى تەۋەلىكىدىكى جاي، ئاھالىلەر ئاساسىي جەھەتتىن خاندانلىق ئىلكىگە ئۆتتى، بۇنىڭ بىلەن قۇملۇقنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا تىرىكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقان تارىخىي مەنبەداش ۋە غەيرىي قانداش مۇناسىۋەتتىكى قەبىلە-قوۋملارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك ئومۇملۇققا قوشۇلۇش جەريانى ئىلگىرى سۈرۈلۈپلا قالماي، غەربىي تۈرك خاندانلىقى تەۋەلىكىدە بولۇپ كەلگەن تارىخىي مەنبەداش ۋە غەيرىي قانداش مۇناسىۋەتتىكى قەبىلە-قوۋملىرىنىڭمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك ئومۇملۇقىغا قوشۇلۇش جەريانىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى. غەربىي دىڭلىڭلار بىلەن غەربىي يۇرتتىكى غەيرىي قانداش مۇناسىۋەتتىكى قەبىلە-قوۋملەردە مۇنداق قوشۇلۇش جەريانى ئەمەلىيەتتە خانلىق قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا باشلانغانىدى.

غەربىي دىڭلىڭلارنىڭ پائالىيىتى تارىخىي خاتىرىلەرگە پۈتۈلۈشتىن بۇرۇنلا ھازىرقى شىنجاڭ رايونى دائىرىسىدە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىران ئېگىزلىكى ۋە ھىندىستان چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئارىيان، ساك، سوغدى قاتارلىق قوۋملاردىن باشقا قەدىمكى يەكەنلىكلەر، ئىفتالىتلار (ئابداللار)، ئاسىيۇلار، توخرىلار، ھونلار قاتارلىق قوۋملارمۇ

www.uyghurkitap.com

ياشايتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى كېيىنكى دەۋرلەردە ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى باشقا رايونلارغا كۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر قىسمى داۋاملىق تۇرۇپ قالغان. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يەرلىك قوۋم سۈپىتىدە ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشىغان ۋە بىر مەزگىل لوپنۇر كۆلى ۋادىلىرىدىن تاكى پامىر بويلىرىغا قەدەر بولغان رايونلاردىمۇ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن دىڭلىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقى توغرىسىدا تارىختا خاتىرە قالدۇرۇلمىغان.

يۇقىرىدا كۆنچى دەرياسى ۋادىلىرىدىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردا ياتقان جەسەتلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئالىملار تەرىپىدىن «يەرلىك قوۋملار» دىن دەپ بېكىتىلگەنلىكى بايان قىلىنغانىدى. قەدىمكى كروران، پىشامشان، ئالدىنقى ۋە ئارقا قوش دۆلىتى ۋە كورلى دۆلىتى چۇقۇ دۆلىتىنىڭ ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى شۇلارنىڭ ئەۋلادى دېيىشكە بولىدۇ. دىڭلىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى شۇ بەگلىكلەرنىڭ قوۋملىرىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. دېمەك شۇ رايونلارغا كەلگەن دىڭلىڭلار شۇ بەگلىكلەرنىڭ ئاھالىسىگە ياكى شۇ بەگلىكلەرنىڭ ئاھالىسى دىڭلىڭلارغا سىڭىپ كەتكەن. لوپنۇر ۋە بۈگۈرنىڭ لوپنۇرغا چېگرىداش يېزىسى چېدىرنىڭ يەرلىك خەلقى ئىچىدە تا يېقىنقى دەۋرلەرگە قەدەر ئۇرۇق-قەبىلە شەجەرىسى ساقلىنىپ كەلگەن. چېدىرلىقلار ئۆزلىرىنى لايۋاش، چار قالپاق، قارادۆ، ئاقچىغىل، كۆڭتەي، دۆ قاتارلىق ئۇرۇق-جەمەتلەرگە بۆلۈپ بۇ جايغا ياقا يۇرتلاردىن كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقانلاردىن پەرقلەندۈرۈپ «بىز ئەزەلدىن يەرلىك ئەل» دەپ ئاتايدۇ ۋە شۇ ئۇرۇق-جەمەتتىكىلەر ناھايىتى ئۆرم ئۆتىدۇ. لوپنۇرلۇقلار بولسا، ئۆزلىرىنى «بىز لوپلۇق» دەپ ئاتاش بىلەن قارا قوشۇن، جوداق، قالۇچى، ياتلار-يانلارنىڭ ئەۋلادى دەيدۇ ۋە ئۆز

ئەجدادلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ناملاردا ئاتالغانلىقىنى ئۆزىگە خاس رىۋايەتلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ. بۇلار ئىچىدە قارا قوشۇنلۇقلار مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. كورلا شەھىرىنىڭ چاچى يېزىسىدىكىلەر بىلەن چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مىرەن يېزىسىنىڭ ئاھالىسىمۇ ئۆزلىرىنى قارا قوشۇنلۇق دەپ ئەجدادلىرىنىڭ لوپنۇر كۆلى ۋادىسىدىكى قارا قوش، ئابدال دېگەن جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. چېدىرلىقلار «بۈگۈر» دېگەن نامنىڭ بۈگۈر، چېدىرنىڭ شىمالىدىكى تاغدا قەدىمكى دەۋردە ياشىغان بۈرگۈ دېگەن تائىپىنىڭ نامىدىن قالغانلىقىنى، چېدىر دېگەن نامنىڭ شۇ تائىپىلەرنىڭ دائىم تاغدىن چۈشۈپ چېدىر تىكىپ ئوۋ ئوۋلاپ كېلىپ-كېتىپ يۈرۈپ بەزىلىرىنىڭ ماكانلىشىپ قالغانلىقىدىن چادىر (چېدىر) دەپ ئاتالغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ. رىۋايەت قىلىنغان بۇ «بۈرگۈ» لەرنى قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن بولغان بۆگەلەردىن، ئۆزلىرىنى يەرلىك ئەل دەپ ئاتىغان چېدىرلىقلارنى شۇلارنىڭ ئەۋلادى بولسا كېرەك، دېيىشكە بولسا، قارا قوشۇنلۇقلارنى يېقىندا تىلغا ئېلىنغان «يەرلىك قوۋم» لارنىڭ ئەۋلادى دېيىشكە بولىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «بۈگۈر تاغ ئۈستىدىكى قەلئە»① دەپ ئىزاھلانغانلىقتىن ئۇ رىۋايەتتە مەلۇم چىنلىق بارلىقى مەلۇم بولىدۇ.

كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى ۋادىسىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن چىققان ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ئاساسىدا مەلۇم بولغان يەرلىك قوۋملارنىڭ ئىپتىدائىي ئەقىدە-ئادەتلىرىنىڭ ئىزنالىرىنىڭ، بولۇپمۇ لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر تولۇق ساقلىنىپ كەلگەنلىكى

① شۇ ئەسەردە، 1 توم. 468-بەت.

شۇنى چۈشەندۈرىدۇ. دېمەك تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى قەبىلە-قوۋملاردا ئۆزئارا قوشۇلۇش ۋە تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ھەر خىل قەبىلە-قوۋملاردا، شۇنىڭدەك بۇ رايونلارغا كېلىپ ماكانلاشقان ھەرقايسى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا قوشۇلۇش، سىڭىشىش جەريانى مىلادىدىن بۇرۇنلا باشلانغانىدى. بۇ جەرياننىڭ تەرەققىياتى شۇ قەبىلە-قوۋملارنى تەدرىجىي تۈركىيلىشىش يەنى دىڭلىڭلىشىشكە يۈزلەندۈردى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغۇچە شۇ قەبىلە-قوۋملارنىڭ بەزىلىرى ياكى بىر قىسمى دىڭلىڭلىشىپ بولغان ياكى دىڭلىڭلىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن غەربكە كۆچكەن 15 قەبىلە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ئاشۇ قېرىنداشلىرىغا قوشۇلۇش بىلەن بۇ رايونلاردىكى باشقا قەبىلە-قوۋملارنىڭ ئۇيغۇرلىشىش جەريانىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن. بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭ رايونىدا ئاساسلىق مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانى ئەنە شۇنداق تەدرىجىي تاماملانغان.

**خۇلاسە:** ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىغا نەزەر سالساق بىرىنچىدىن، ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ قەدىمدىنلا كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكى، شىنجاڭنىڭمۇ قەدىمدىنلا كۆپ مىللەتلىك رايون ئىكەنلىكىنى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى ناھايىتى ئۇزۇن مۇساپە ۋە ئىنتايىن ئەگرى-توقاي، مۇرەككەپ تارىخىي جەريانلاردىن ئۆتكەنلىكىنى؛ ئۈچىنچىدىن، قەدىمكى «غۇز = ئوغۇز»لارنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە دى، دىلى، دىڭلىڭ، گاۋچې، تېلې قاتارلىق ناملاردا ئاتالغان قەبىلە ۋە قەبىلە ئىتتىپاقلىرى تەركىبىدە بەزىدە ئۇرۇق سۈپىتىدە، بەزىدە قەبىلە سۈپىتىدە باشتىن ئاخىر مەۋجۇت بولۇپ، تەدرىجىي ئاساسلىق

بىر تەركىب سۈپىتىدە رول ئويناپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. مۇنداق دېگەنلىك بۇگۈنكى مىللەتلەر مەلۇم بىر ئۇرۇقتىن تارالغان دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇنداق دېيىش ئىلمىي ئەمەس. چۈنكى، ئۇرۇق بىلەن مىللەت ئوخشىمىغان ئىككى ئۇقۇم. ئۇرۇق بىئولوگىيىلىك ئۇقۇمغا، مىللەت تارىخىي ئۇقۇمغا ياتىدۇ، ئۇرۇق-قەبىلە بىئولوگىيىلىك يەنى قانداش مۇناسىۋەتكە ئىگە ئادەملەر ئومۇملۇقى؛ مىللەت شۇنداق ئادەملەر ئومۇملۇقىنىڭ مۇئەييەن جۇغراپىيىۋى دائىرىدە ئۆزئارا قوشۇلۇپ، سىڭىشىشىدىن تارىخىي يوسۇندا شەكىللەنگەن تۇراقلىق ئادەملەر ئومۇملۇقىدىن ئىبارەت. بۇگۈنكى ئۇيغۇرلارمۇ شەرقتە بايقال كۆلى ۋادىلىرى، شىمالدا موڭغۇلىيە دالاسىدىن ئىبارەت كەڭ دالادا، غەربتە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ياشىغان بىر قىسىم قەدىمكى قەبىلە-قوۋملارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەدرىجىي قوشۇلۇش، سىڭىشىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئادەملەر ئومۇملۇقىدۇر.

XV ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ھەممىگە مەلۇم ھەر خىل تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلى تۇرغۇنلۇق، قاششاقلىق ھۆكۈم سۈرۈپ ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇنداق ھالەتكە ئۇزۇل-كېسىل خاتىمە بېرىلدى. دېموكراتىك ئىسلاھات، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئارقىلىق ئۇيغۇرلار سوتسىيالىستىك مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، يېپيېڭى تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى.

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك نامى

بۇگۈنكى دۇنيادا مەۋجۇت ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن بىر نام بىلەن ياشايدۇ. بۇ مەنىدىن

ئېيتقاندا، مىللەت نامىنى ئادەملەرنىڭ بىر خىل ئىجتىمائىي بەلگىسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. «ئۇيغۇر» مۇ ئەنە شۇنداق بەلگىلەر جۈملىسىدىن. ۋەھالەنكى مىللەت نامىنىڭ قاچان ۋە قانداق شەكىللەنگەنلىكى توغرىسىدا بىرەر كونكرېت ۋاقىت ئۇقۇمىنى كۆرسىتىش تەس. ئەمما تارىخشۇناس، مىللەتشۇناس، تىلشۇناسلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن مىللەت ناملىرىنى ئۇرۇق، قەبىلە ناملىرى، ئۇرۇق، قەبىلە ناملىرىنى بولسا، ئىپتىدائىي ئىنسانلار توپلىرىنىڭ (بىر نەچچىسى بىر توپ بولۇپ ياشايتتى) ئۇرۇقداشلىق جەمئىيەتكە ئۆتۈش جەريانىدىكى ياشىغان جۇغراپىيىۋى مۇھىتى، ئىپتىدائىي ئېتىقادى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تىپىك ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ، شۇ ئالاھىدىلىكلىرىنى سىمۋول قىلىپ ئۆزلىرى ياكى باشقىلار قويغان ناملار، شۇنىڭدەك كېيىنچە قەبىلە سەركەردىلىرى، زور تارىخىي ۋەقە قاتارلىقلارنىڭ ناملىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن دېيىشكە بولىدۇ. دېمەك ئۇرۇق-قەبىلىلەرنىڭ نامى «مەقسەتلىك ھالدا تاللىۋېلىنغان ئەمەس، كۆپىنچە تاسادىپىي بولغان» ياكى بەزى قەبىلىلەرنىڭ «ئۆزىگە بەرگەن نامى باشقىچە بولغىنى ھالدا، قوشنا قەبىلىلەر تەرىپىدىن مەزكۇر قەبىلىگە بېرىلگەن نامى بېرىپ-بېرىپ ئۇنىڭ دائىمىي نامى بولۇپ قالغان»① يىغىنچاقلىغاندا، ئۇرۇق-قەبىلە ناملىرى «باش قاتۇرۇپ، چوڭقۇر ئويلىنىپ قويۇلغان بولماي، تاسادىپىي ھادىسىلەر ئاساسىدا قويۇلغان»②.

«ۋېينامە. گاۋچېلار ھەققىدە قىسسە» دە «ئۇيغۇر» نىڭ تەلەپپۇزىغا يېقىن تۇنجى ئاھاڭ تەرجىمىسى «يۈەنخې» نىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرىدىن ھېسابلىغاندا «ئۇيغۇر» دېگەن نامىنىڭ

---

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە، 4-توم 87-بەت.
② مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت» خەنزۇچە، 1-قىسىم، 110-بەت.



www.uyghurkitap.com

ھېچقانداق فونېتىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلماي تۇراقلىق ھالدا ئىستېمال قىلىنىپ كەلگەنلىكىگىلا 2 مىڭ يىلغا يېقىن بولغان دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا، جۈملىدىن ئېتنىك نامىغا ئائىت مەلۇماتلار ئەڭ بۇرۇن خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن. ئەمما مىلادىدىن بۇرۇنقى تارىخىي دەۋرلەرگە ئائىت ھۆججەتلەردە «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نام ھازىرقى شەكلىدىن پەرقلىق خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، «دى» «گۇي»، «خۇ»، «دىلى»، «دىڭلىڭ»، «خۇجې»، يىۋۇلۇ (伊吾卢 — ئوغۇرغول)[1] قاتارلىقلار. بۇناملار توغرىسىدا ياپونىيىلىك ئالىم يۇتىيەنخىنىڭ «ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرى» دېگەن ئەسىرىدە كلاپوردنىڭ بايانىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈنكى قۇمۇل خەن دەۋرىدە (يىۋۇلۇ) دەپ ئاتىلاتتى. (يىۋۇلۇ) ئۇيغۇر دېگەن سۆزنىڭ ۋارىيانتىدۇر. خەن دەۋرىدە ئالدىنقى قوش، ئارقا قوش دۆلىتىدە بۇ قوۋم بار ئىدى».[2] گوللاندىيىلىك ئالىم دېگروت: «تارىخنامە» دە تىلغا ئېلىنغان «خۇجې» نى «خۇجې ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە تىلغا ئېلىنغان خۇگۇ (捐骨) دۇر. خۇگۇ كېيىنچە (گاۋچې) (ئېگىز ھارۋىلىقلار)، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر (畏吾儿) دەپ ئاتالغان»[3] دەيدۇ. ئەنگلىيىلىك ئالىم ھېنرى «Ⅲ ئەسىردە ئۆتكەن يۇنان جۇغراپىيونى پتولمېينىڭ (جۇغراپىيە) دېگەن ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئويغۇرد = ئويغارد (Oikhdai = Oechurdas) ئۇيغۇرلاردۇر»[4] دەيدۇ.

بۇ تارىخىي خاتىرىلەر ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مىللەت

---

① بۇ ئەسلى «ئوغور» دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەن يەر نامىغا قارىتىلغان. بۇ نام ئۇيغۇرچە تەرجىمىدە «ئىۋۇرغول» دەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. بىز ئارا تۈرك نوم يېزىقىدىكى «ئوغۇرچوغقا» دېگەن خارابە نامى ۋە ئالىملارنىڭ «بىۋۇلۇ» ئۇيغۇر دېگەن سۆزنىڭ ۋارىيانتى دېگەن قاراشلىرى ئاساسىدا «ئوغۇرغول» دەپ ئېنىقلىدۇق.

② ليۇيىتاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» خەنزۇچە، 19-، 20-بەت.

③ مەزكۇر ئەسەر 20-بەت.

④ مەزكۇر ئەسەر 3-بەت.

نامىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك شەكىللىنىش جەريانىنى چوڭ ئىككى تارىخىي دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، مىلادىدىن بۇرۇنقى دەۋر: بۇ دەۋر شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى ئۆتكەن تارىخىي دەۋردىن مىلادى Ⅲ ئەسىرگىچىلىك بولغان دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ دەۋردىكى «ئۇيغۇر» دېگەن نامىنىڭ ئالاھىدىلىكى، تۇرىنىڭ كۆپلۈكى، خاتىرىلەشكە ئىشلىتىلگەن خەتلەرنىڭ ھازىرقى تەلەپپۇزىدىن زور پەرقلىنىدىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئەمما بۇ خەتلەرنىڭ قەدىمكى تەلەپپۇزى نۇقتىسىدىن ۋە خەنزۇ تىلىنىڭ ئاھاڭداشلىق ئالاھىدىلىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئانچە پەرقلەنمەيدۇ.

ئۇيغۇر تارىخىي تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئالىملار خەنزۇ تىلىنىڭ ئاھاڭداشلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇ ناملارنى «ئۇيغۇر» دېگەن نامىنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتى دەپ قەيت قىلىپ كەلمەكتە. ۋەھالەنكى بۇ ناملارنىڭ ھازىرقى «ئۇيغۇر» دېگەن نام بىلەن قانداق باغلىنىشلىقى بارلىقى توغرىسىدا بىرەر تارىخىي خاتىرە يوق. ئەمما بۇ ناملاردا ئاتالغان ئۇرۇق-قەبىلىلەرنىڭ تارىخىي مەنبەداشلىقى توغرىسىدا خاتىرە كۆپ. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، ئېتنىك مەنبەسى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكەن ۋە شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئالىملار ئەتراپلىق، جاپالىق سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تارىخ، تىل پاكىتلىرى ئاساسىدا بىزگە ئىشەنچلىك، كىشىنى قايىل قىلارلىق مەلۇماتلارنى يەتكۈزۈپ بەردى. مەسىلەن، تارىخشۇناس ۋاڭ گوۋېينىڭ شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىگە ئائىت تاغاق سۆڭەك، بامبۇك تارىشا پۈتۈكلىرى قاتارلىق تارىخىي ھۆججەتلەرنى تەتقىق

قىلىش ئاساسىدا يازغان ئەسەرلىرىدىن بىرى «گۇيفاڭ، شەنيۈلەر ئۇستىدە تەتقىقات» دا «گۇيفاڭ-ۋىفاڭ (畏方) دېگەن سۆزدىن كەلگەن، گۇيفاڭ ئەمىنىيە دەۋرىدە، رۇڭ (戎)، يېغىلىق دەۋرىدە، غۇر (湖)، ھون (匈奴) دەپ ئاتالغان»، «ھۇنلار گۇيفاڭ، شەنيۈلەردىن كېلىپ چىققان، گۇيفاڭ ۋىفاڭمۇ دېيىلىدۇ، ۋى-گۇي دېمەكتۇر، گۇيفاڭ، كۇنيى، شەنيۈ ھەممىسى بىر گەپ، بىر قوۋمنىڭ نامى» دەپ شەرھلىنىش بىلەن «رۇڭ، يى» دېگەن ناملار شۇ قوۋملارنىڭ ئۆز تىلىدىكى نام ئەمەس دەپ قەيت قىلىنغان.

تارىخشۇناس دۇەن ئەنچىڭنىڭ يېقىندا نەشىردىن چىققان «دىڭلىڭ، گاۋچې ۋە تېلې» دېگەن چوڭ ھەجىملىك ئەسىرىدە نۇرغۇن تارىخىي پاكىت ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ئاساسىدا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق دىڭلىڭلارنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى قەدىمكى مىللەت ئىكەنلىكى ۋە «دىڭلىڭ» دېگەن بۇ نامنىڭ «دى» دېگەن نامنىڭ ۋارىيانتى ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ چىققان. ئاتاقلىق ئالىم گومۇرۇمۇ ئۆزىنىڭ «جۇڭگونىڭ تارىخىي ئوچېرىكى» دېگەن ئەسىرىدە «دىلار ئەسلى گۇيفاڭلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى» دەپ قەيت قىلغان.

شىنجاڭ تارىخى ۋە ئۇيغۇر تارىخى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان تارىخشۇناس چيەن بوچۈەن ئالدىنقى قەدىمكى دەۋرگە ئائىت شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى بامبۇكقا ئويۇلغان «يىلنامە» ۋە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ھۆججەتلەرنى يېشىش-تەتقىق قىلىش ئاساسىدا مۇنۇلارنى قەيت قىلىدۇ: «شياڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي شىمالىدا دىلارنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقى بولغان. جۇۋېن ۋاڭنىڭ دادىسى غەربتىكى قەبىلىلەردىن گۇي، رۇڭلارنىڭ ئۇستىگە يۈرۈش قىلىپ، دى بەگلىرىدىن 20 نەچچىنى ئەسىر ئالغان. گۇي (鬼) خېتى ئالدىنقى قەدىمكى دەۋردە ĝür

ياكى ügü دەپ تەلەپپۇز قىلىناتتى. جۇ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە (گۇيفاڭلار) يى چۇ (义渠) دېيىلگەن. يى چۇ ئەسلى ogûr دەپ تەلەپپۇز قىلىناتتى. يى چۇلەر كېيىن غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. ئالدىنقى ۋە ئارقا قوش دۆلىتىنى شۇلار قۇرغان»①.

«خەننامە، هونلار ھەققىدە قىسسە» دە بىرمۇنچە هونچە سۆزلەر خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان. شۇ سۆزلەر ئىچىدە (胡) دېگەن سۆز بولۇپ، هونلارنىڭ ئۆزلىرىنى «غۇر» دەيدىغانلىقى ئىزاھلانغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا «تارىخنامە»، «خەن سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىقلاردا دىڭلىڭ، خۇجى دېگەن قەبىلە نامى ۋە يىۋولۇ (伊吾卢) دېگەن يەر نامى خاتىرىلەنگەن. ۋەھالەنكى بۇ يىۋولۇ «كونا تاڭنامە. تۈركلەر» (2-قىسمىدا) دە، غەربىي تۈرك خانلىقى تەۋەسىدىكى دۆلەت، خۇشىبى، چۇمۇل، قارلۇقلار قاتارىدا «يىۋۇ» (伊吾) دەپ قەبىلە نامىدا خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ ناملارنىڭ قايسى تىلغا مەنسۇپلۇقى ھەققىدە خەنزۇچە تارىخنامىلەردە ئېنىق خاتىرە يوق، ئەمما ئالىملارنىڭ شۇ ناملارنىڭ تارىخىي خاتىرىلەر ئاساسىدا ئەسلى بىر نامنىڭ بىر نەچچە خىل ۋارىيانتى ئىكەنلىكى، قەدىمكى تەلەپپۇزى بويىچە دەلىللەشلىرى، جۈملىدىن يونانچە ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى قاتارلىقلارنى، ئۇرۇق-قەبىلە ناملىرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تىل ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا مۇنداق يەكۈن كېلىپ چىقىدۇ:

(1) «گۇي»، «دى»، «ۋى»، «خۇ» قاتارلىقلارنىڭ

① «قەدىم زاماندىكى شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادلىرى» «شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقاتى خەۋىرى» 1988-يىل، 1-سان، 83-بەت.

قەدىمكى تەلەپپۇزدىكى ئورتاقلىق ۋە «دى» نىڭ «دىلى» «دىڭلىڭ»، «تېلىي» قاتارلىق بىر نەچچە خىل ۋاريانت شەكىلدىمۇ قوللىنىپ VIII ئەسىرگە كەلگەندە «خۇيگۇ» (ئۇيغۇر) غا تۇراقلاشقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي پاكىت ئۇ نامالارنىڭ مەنبەداشلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

(2) «دى»، «گۇي»، «ۋى»، «خۇ» دېگەن سۆزلەر ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى قەدىمكى تۈرك تىل لۇغىتىدىن بولۇپ، «دى»، «دەريا-ئېقىن» ئۇقۇمىدىكى «تىل=دىل» سۆزىنىڭ، گۇي، ۋىي، خۇ بولسا «چېۋەر» ئۇقۇمىدىكى «غۇر=گۇر» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچىدىكى تۇنجى ئاھاڭ تەرجىمىسى.

قەدىمكى تۈركىي تىلدا دەريا-ئېقىن «تىل» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ سۆز پەقەت چۇۋاش تىلىدىلا ساقلىنىپ قالغان. چۈنكى چۇۋاش تىلىدا باشقا تۈركىي تىللار دىئالېكتىدا ئاللىقاچان يوقالغان قەدىمكى تەرەققىيات باسقۇچلىرىنىڭ قالدۇق ئىزلىرى ساقلانغان[1]. موڭغۇل دالاسىدىكى تولا ياكى توغلا دەرياسى قەدىمكى دەۋردە «تىل Til» دەپ ئاتىلاتتى[2]. روشەنكى بۇ ئېقىننىڭ «تىل Til» دەپ ئاتىلىشى ئۆز دەۋرىدە شۇ ئېقىن بويىدا ياشىغان قەدىمكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئۇرۇق-قەبىلىلەردىن كەلگەن.

(3) «تىل=دىل»، «غۇر-گۇر» دېگەن بۇ ناملار ئوخشاش بىر تارىخىي باسقۇچتا، ئوخشاش بىر جۇغراپىيىۋى مۇھىتتا ياشىغان ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر شەكىللەنگەن ئۇرۇقلارنىڭ ناملىرىدىن. تېلېلار، غۇرلارمۇ ئۇرۇق تەشكىلىگە ئۇيۇشۇشتىن بۇرۇن ئۇزۇن مۇددەت

---

① بار تولد «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى»، قوشۇمچە قىسمى 3-لېكسىيە، خەنزۇچە، 45-، 103-106-بەتلەر.
② ليۇيىتاڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقاتى»، 79-، 80-بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

مېۋە تېرىپ يەپ، دەريا-ئېقىن ساھىللىرى، تاغ-جىلغا ئورمانلاردا بېلىق ۋە جەرەن-كېيىك قاتارلىق ھايۋانلارنى ئوۋلاش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن ئىپتىدائىي ئادەم توپلىرىدىن ئىدى. ئۇلار ئۇرۇق تەشكىلىگە ئۇيۇشقاندا، بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ دەريا بويىدا ياشاشتەك ئالاھىدىلىكىنى، بەزىلىرى ئوۋچىلىقتىكى چېۋەرلىكىنى، بەزىلىرى كۈنگە چوقۇنۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى سىمۋول قىلىپ ئۆزلىرىگە تېلىپلار — دەريالىقلار؛ غۇرلار — چېۋەرلەر؛ كۈنلەر — كۈنگە چوقۇنغۇچىلار دەپ نام بەرگەن. كېيىن قەبىلە تەشكىلىگە ئۇيۇشقاندا بەزى قەبىلىلەر بىرقەدەر ئورتاقلىقتا ئىگە يۇقىرىقى ئۇرۇق ناملىرىدىن بىرىنى قەبىلە نامى قىلىپ قوبۇل قىلغان. مۇنداق ئالاھىدىلىكلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن مىللەت ناملىرىدىن دۇنيادا بۈگۈنكى مەۋجۇت مىللەتلەر ئىچىدە كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەردىن موڭغۇل، ئېۋېنكى، لاگۇ، دولۇڭ، بەيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ناملىرى ئافرىقا قىتئەسىدىكى بوشمانلار، بېرمىدىكى سايلۇڭلار، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى تىلاسكانلار قاتارلىقلارنىڭ ناملىرى ئەنە شۇنداق ناملار جۈملىسىدىندۇر. موڭغۇل «چوڭ غوللۇق (ئېقىن) لار»①؛ ئېۋېنكى «ئورمانلىقلار»، لاگۇ «يولۋاس گۆشىدە كاۋاپ يېگۈچىلەر» دېگەن بولىدۇ، دۇلۇڭلار دۇلۇڭ ناملىق دەريا بويىدا ياشىغانلىقلىرى ئۈچۈن «دۇلۇڭلار»، بەيزۇ «ئاق» نى ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى بىلىپ قەدىرلەيدىغانلىقلىرى ئۈچۈن «ئاقلار» دەپ نام ئالغان. بوشمانلار «چاتقاللىقلار»، تىلاسكانلار «نانلار»، سىلوڭلار «دېڭىزلىكلەر-دېڭىز ئۈستىدە ياشىغۇچىلار» دېگەن بولىدۇ.

① موڭغۇل — بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، «مانە» (بىز) «غال» (ئوت، ئوچاق، تۈتۈن) دېگەن سۆزنىڭ بىرىكمىسى، مەنىسى: «بىزنىڭ تۈتۈندىن» بولىدۇ — ت.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھازىرقى ئارا تۈرك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىدىكى «ئوغۇر چوقا» دېيىلىدىغان قەدىمكى خارابە ئىزى ۋە ئۇ يەردىن چىققان ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ئاساسىدا، ئۇ يەرنى قەدىمكى «كەنت» ۋە ئۇ «كەنت» نامىنىڭ شۇ يەردە ياشىغان «ئوغۇرلار» نامىغا قويۇلغان، «خەننامە»دە تىلغان ئېلىنغان «يىۋۇلۇ» دېگەن نامىمۇ شۇ «ئوغۇر» دېگەن نام بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك دېيىشكە بولىدۇ.

Ⅶ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ مەشھۇر سەركەردىلىرىدىن بولغان تومېدىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلىغا تۈركىي قوۋملاردىكى ئەنئەنە ئاساسىدا «ئوغۇر» دەپ ئىسىم قويۇلغان. بۇمۇ «ئوغۇر» دېگەن نامىنىڭ بۇرۇندىنلا مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ.

دېمەك، بۈگۈنكى «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نام تارىختىكى ئاشۇ «ĝur»، «oĝur» دېگەن ئۇرۇق-قەبىلە نامى ئاساسىدا شەكىللىنىپ، تۇراقلاشقان ۋارىيانتى. ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانى مۇنداق:

ĝur→oĝur→on̂gur→oŷgur→uîgur

بىز بۇ تەرەققىيات جەريانىغا نەزەر سالساق مۇنداق ئىككى خىل ئامىل بارلىقى مەلۇم بولىدۇ: (1) ئەڭ قەدىمكى شەكلى ھېچقانداق فونېتىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلماي، ئىككى مۇستەقىل سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە ئىستېمال قىلىنىپ كەلگەن، (2) «ئون ئوغۇر» دېگەن بۇ ۋارىيانتتىن كېيىن، فونېتىك ئۆزگىرىش ھاسىل بولۇپ، «ئۇيغۇر»غا كەلگەندە تۇراقلاشقان، بۇ جەرياندا يۈز بەرگەن فونېتىك ئۆزگىرىش «n»نىڭ «y»غا، «o» نىڭ «u»غا ئالماشقانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىش تۈركىي تىللار، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ

فونېتىك قانۇنىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن. قەدىمكى تۈركىي تىللاردا «n» ۋە «y» دىئالېكتى بولغان. بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى «n» نىڭ «y» غا ئالمىشىشىدىن ئىبارەت. بۇ ھادىسە تىلىمىزدا ھېلىمۇ مەۋجۇت، مەسىلەن، «قانداق»، «قايداق»، «o» نىڭ «u» غا ئالمىشىشى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالماشقانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئۆزگىرىش.

شۇنىمۇ تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇكى، «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نامنىڭ ھەقىقەتەن «ئون غۇر» دېگەن ۋارىيانتى بولغان. بۇ ۋارىيانت غۇرلارنىڭمۇ ئەزەلدىن دەريا ئېقىن بويلىرىدا ياشاشتەك ئالاھىدىلىكىنىمۇ قوشۇپ، ئۇلارنىڭ چېۋەرلىكىنى بىلدۈرۈش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن، خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردىكى «ئون ئۇيغۇر» «توققۇز تېلې» دېگەن نام شۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇرچە مەنبەلەردە «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ شەكىللىنىشى بىرنەچچە خىل چۈشەندۈرۈلىدۇ.

(1) «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ پارسچە «خۇزخۇر» دېگەن سۆزدىن كەلگەنلىكى بايان قىلىنىپ، ئۇ سۆزنىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا ئۆزى دۇچ كەلگەن جەڭچىلەرنىڭ ئوقيا ئېتىشتىكى چېۋەرلىكىگە ھەيران قېلىپ ئېيتقانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ①.

(2) بەزى تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز ئوتتۇرا دەۋر تۈرك تىلىدىكى «ئۇدغۇر» دېگەن سۆزدىن كەلگەن، بۇ سۆز دەسلەپ «خۇدغۇر» بولۇشى مۇمكىن، دېمەك «ئۇيغۇر» دېگەن نام قەدىمدىن خۇدغۇر ← ئۇدغۇر ← ئۇيغۇر دېگەن تاۋۇش ئۆزگىرىش باسقۇچلىرىدىن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن دېيىلسە، بەزىلىرىدە ئوتتۇرا ئەسىر خەنزۇچە مەنبەلەردە

---

① شۇ ئەسەر، 1-توم. 151-، 152-بەتلەرگە قاراڭ.

«ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ كۆپىنچە «خۇيگۇ» ، «خۇيخې» دەپ يېزىلىشىنىمۇ «خۇدغۇر» غا باغلاشقا بولىدۇ، دېيىلىدۇ.

(3) ئورخۇن مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدە «ئۇيغۇر» دەپ پۈتۈلگەن.

چەت ئەل مەنبەلىرىدە: «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز تارىخىي رىۋايەتتىكى شەخس — ئوغۇزخان تەرىپىدىن ئۆزىگە ياردەملەشكەن، ئەگەشكەنلەرگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بېرىلگەن «ئۇيغۇر» دېگەن ئاتاقتىن كەلگەن دېيىلىدۇ①.

ئەنگلىيىلىك تىلشۇناس كلاۋسون «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز ئۇي (ئۇيماق) پېئىلىغە «غۇر» ، «گۇر» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان... غۇر، گۇر قاتارلىق قوشۇمچىلار موڭغۇلچىدىن چاغاتاي تىلى ئارقىلىق كىرگەن② دەيدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان بۇ بايان، رىۋايەت، قاراشلارنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى «خۇزخۇر» پارسچە سۆز، ۋەھالەنكى زۇلقەرنەيىن يونانلىق، مەھمۇد قەشقەرى بىزگە ئۇ رىۋايەتنى يەتكۈزۈشتىن بۇرۇنلا «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ ئېپتىدائىي شەكلى — ئوغۇر شەكلىنىپ بولغان ۋە خەنزۇچە تارىخنامىلەرگە پۈتۈلگەن. ئەمما مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ بايانىنىڭ كاتتا قىممىتى شۇكى، مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردە ئۆتكەن ھەقىقىي ۋەقە ۋە مەشھۇر تارىخىي شەخسنى رىۋايەت قىلىش ئارقىلىق «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا بارلىقىنى يورۇتۇپ بەرگەن. ئىككىنچى خىلدىكى قاراشقا كەلسەك، خەنزۇچە مەنبەلەردە «خۇيخې»

---

① مۇشۇ باب، 4-پاراگرافقا قاراڭ.

② شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئىنىستىتۇتىدا ساقلانغان تەرجىمە ماتېرىيال، (4) «ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدە تەتقىقات» گە قاراڭ.

www.uyghurkitap.com

دېگەن ۋارىيانت مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇن «يۇەنخې»، «ۋېيخې» دېگەن ۋارىيانت بار ئىدى. «خۇيخې» نىڭ «خۇدغۇر» دىن كېلىشى خەنزۇ تىلىنىڭ ئاھاڭداشلىق ئالاھىدىلىكىگىمۇ سىغمايدۇ. ئۈچىنچى خىلدىكى رىۋايەتكە كەلسەك، پارس تارىخچىسى راشىددىن ئۇ رىۋايەتنى خاتىرىلەشتىن VI ، VII ئەسىر بۇرۇن «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز ئورخۇن مەڭگۇ تاش پۈتۈكلىرىدە پۈتۈلگەن. ئۇ رىۋايەتنىڭ روھىدىن ئوغۇزخاننىڭ مۇسۇلمانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ۋەھالەنكى ئۇ دەۋرلەردە تۈركىي قوۋملار ئىسلام دىنىنى تېخى بىلمەيتتى.

كلاۋسوننىڭ قارىشىچە بولغاندا «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز چاغاتاي دەۋرىدە شەكىللەنگەن، دېگەن ئۇقۇم كېلىپ چىقىدۇ. ۋەھالەنكى بۇ نام يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك IV ئەسىردىلا قەبىلە نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان.

ئىككىنچى تارىخىي دەۋر. بۇ دەۋر مىلادىدىن ئىلگىرى-كېيىنكى دەۋرلەردىن مىلادى VIII ئەسىرگە قەدەر بولغان تارىخىي دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋردە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى غۇر، ئوغۇر، ئون ئوغۇر دېگەنناملار فونېتىك ئۆزگىرىش باسقۇچلىرىدىن ئۆتۈپ تەدرىجىي تۇراقلىشىشقا يۈزلىنىش بىلەن VIII ئەسىردىكى تاش پۈتۈكلەرگە «ئۇيغۇر» دەپ خاتىرىلەنگەن، «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نامنىڭ «غۇر، ئوغۇر، ئون ئوغۇر» دېگەن ۋارىيانتلىرى ئاساسىدا قاچان ھازىرقى شەكىلدە تۇراقلاشقانلىقى توغرىسىدا بىرەر خاتىرە يوق، ئەمما خەنزۇچە مەنبەلەردىكى «يۈۋۇلۇ»، «يۈۋۇ» دېگەن سۆزلەرنىڭ تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالغان دەۋرى بىلەن مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا بەرگەن رىۋايەت ۋەقەلىكىنىڭ دەۋرىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، ئۇنى مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردىن ئىلگىرى-كېيىنكى دەۋردە تۇراقلاشقان دېيىشكە بولىدۇ.

خەنزۇچە مەنبەلەردە IV ئەسىردىن باشلاپ «ئۇيغۇر» دېگەن

نامنىڭ ھازىرقى تەلەپپۇزىغا يېقىن «يۈەنخې»، «ۋېيخې»، «خۇەيخې» قاتارلىق ۋارىيانتلىرى مەيدانغا كېلىپ، VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن كېيىن «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ مەنا تەرجىمىسىدىن كەلگەن «خۇيگۇ» دېگەن ۋارىيانتى؛ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن تاكى ئەسىرىمىزنىڭ 30-يىللىرىغا قەدەر يەر-جاي نامىلىرى قوشۇلغان «گەنجۇ خۇيگو»، «شىجو خۇيگو» «چۇزى (كوچا) خۇيگو»... ۋە «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ تەلەپپۇزىغا تېخىمۇ يېقىن «خۇيخېئېر»، «ۋۇگۇ»، «ۋېيۋۇئېر (畏吾儿)» قاتارلىق ۋارىيانتلىرى؛ ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى پەرقلەندۇرۇلگەن «خۇيبۇ، (回部)، چەنتۇخۇي (缠头回) چەنتوخۇي دېگەن ۋارىيانتلىرىمۇ مەيدانغا كېلىپ، 1934-يىلىدىن كېيىن ھازىرقى شەكلى «维吾尔»گە تۇراقلىشىش بىلەن ھازىرغا قەدەر قوللىنىلماقتا.

## 3. «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ ئېتمولوگىيىسى

«ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ ئېتمولوگىيىسى كىشىلەر تەرىپىدىن قىزىقىش بىلەن تەتقىق قىلىنىپ كېلىۋاتقان تېما. «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى توغرىسىدا دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەل كىتابلىرىدا بىرنەچچە خىل تەبىر بېرىلگەن. بىز بۇ تەبىرلەرنى «ئەنئەنىۋى تەبىر» ۋە «يېڭى تەبىر» دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

بىرىنچى ئەنئەنىۋى تەبىر: ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولغان تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ئەڭ بۇرۇن دۆلىتىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارىخىي يادىكارلىقلىرىدا مەلۇمات بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن قالسا XIII ۋە XVII ئەسىرگە ئائىت چەت ئەل تارىخ كىتابلىرىدا مەلۇمات بېرىلگەن.

www.uyghurkitap.com

خەنزۇچە مەنبەلەردە، «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە يۈەنخېنىڭ 4-يىلى (مىلادى 809-يىلى) ئۇيغۇر قاغانى ئاي تەڭرىدىن بولمىش قامۇغ بىلگەقاغان تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا مەكتۇپ بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆز نامىلىرىنى «شۇڭقاردەك چېۋەر پەرۋاز قىلىدىغان» دېگەن ئۇقۇمدىكى نامدا ئاتاش توغرىسىدا بەرگەن تەكلىپى بويىچە، شۇنداق ئۇقۇمنى بېرىدىغان «خۇيگۇ» غا ئۆزگەرتىلگەنلىكى بايان قىلىنغان. شۇنىڭدەك يەنە شۇ قىسسىدە «ئۇلار (ئۇيغۇرلار) ۋىجىكرەك، چېۋەر، جەسۇر» دەپ تەسۋىرلەنگەن. يۇقىرىقى مەزمۇن «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» دە (25-جىلد) جېنيۈەننىڭ 5-يىلى (مىلادى 789-يىلى) بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن. «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم ئىشلار خاتىرىسى»، «بەش دەۋر تارىخى» قاتارلىق كىتابلاردىمۇ شۇ مەزمۇندىكى خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

بۇ تارىخي پاكىت «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى «غۇر، ئوغۇر» دېگەن سۆزنىڭ «چېۋەر، باتۇر» دېگەن سۆز ئىكەنلىكى تاڭ دەۋرىدىلا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە مەلۇملۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۇيغۇرچە مەنبەلەردە «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزگە ئەڭ بۇرۇن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تەبىر بېرىلگەن. بۇ تەبىرنىڭ مەزمۇنى «تاڭنامە» دە بېرىلگەن تەبىرگە ئوخشاش. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا زۇلقەرنەيننىڭ ئۆزى دۇچ كەلگەن رەقىبلىرىنىڭ ئوقيا ئېتىشتىكى چېۋەرلىكىگە ھەيران قىلىپ: «ئۇلار ھېچكىمگە مۇھتاج بولماي ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ ئۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ» دەپ بەرگەن باھاسىنى رىۋايەت قىلىش ئارقىلىق «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزدىن «چېۋەر، باتۇر» دېگەن مەنە چىقىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

چەت ئەل مەنبەلىرىدە: پارس تارىخشۇناسى راشىددىن (1247-1318) نىڭ «جامىئۇل تاۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدە، خىۋە خانى ئوبۇلغازى باھادىرخاننىڭ (1605-1664) «شەجەرەئى تۈرك» دېگەن ئەسىرىدە، تاتار تارىخچىسى قۇربان ۋەلى خالىدىنىڭ «تارىخىي خەمسە» (4-قىسىم) دېگەن ئەسىرىدە تۆۋەندىكىدەك تەبىر بېرىلگەن:

راشىددىن ئوغۇزخان بىلەن ئۇنىڭ دادىسى، تاغىلىرى ئوتتۇرىسىدا دىنىي ئېتىقاد تۈپەيلى يۈز بەرگەن ئاداۋەت-ئۇرۇش ئاقىۋىتىنى رىۋايەت قىلىپ: «ئوغۇزخان ئۆزىگە بويسۇنغانلارنى ئۇيغۇر دەپ ئاتاپتۇ، بۇ تۈركىي سۆز بولۇپ ‹بىرلەشكۈچى، ياردەملەشكۈچى› دېگەن بولىدۇ»① دەيدۇ. ئوبۇلغازى باھادىرخان تەرىپىدىن بېرىلگەن تەبىرمۇ مەزمۇن جەھەتتىن غوجا راشىددىننىڭ تەبىرىگە ئوخشاش. قۇربان ۋەلى خالىدى بولسا «ئوغۇزخان دەۋرىگە كەلگەندە تاغ-سەھرالىقلار ‹موغۇل› دېگەن نامدا، شەھەر ئاھالىلىرى ‹ئۇيغۇر› دېگەن نامدا ئاتىلىدىغان بولدى. ‹ئۇيغۇر› دېگەن بىر جىنسقىلا باغلىق بولماستىن نەدىلا بولسا بىر جايغا توپلىشىپ ئولتۇرىدىغانلار ‹ئۇيغۇر› دېيىلىدىغان بولدى» دەيدۇ②.

ئۇ تەبىرلەرنىڭ چۈشەندۈرۈلۈش شەكلى ئوخشىمىسىمۇ مەزمۇنى ئوخشاش. چۈنكى بۇ تەبىرلەردە «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز «ئۇي (ئۇيماق)» پېئىلىغە «غۇر» قوشۇمچىسى قوشۇلۇش بىلەن ياسالغان، ئۇنىڭدىن «ئەگەشكۈچى» ، «ئۇيۇشقۇچى» ، «ئىتتىپاقلاشقۇچى» دېگەن مەنە ئاڭلىنىدۇ، دېگەن قاراش ئىلگىرى سۈرۈلگەن. رادلوۋ، كلاۋسۇن قاتارلىقلارمۇ شۇنداق قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇ تەبىرلەرنىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرى

① «جامىئۇل تاۋارىخ» خەنزۇچە، 1 توم، 136-بەت.
② «تارىخىي خەمسە» (4-قىسىم)، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ساقلانغان كىتاب (شاپىگراپ نۇسخىسى، 166-بەت).

بويىچە تەھلىل قىلساق، ئۇ ئاپتورلارنىڭ ئۆز تەبىرىدە «جامىئۇل تاۋارىخ» تا راشىددىن تەرىپىدىن بېرىلگەن رىۋايەتنى ئاساس قىلىشقانلىقلىرى مەلۇم بولىدۇ. دېمەك ئۇ تەبىرلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى بىر.

ئىككىنچى يېڭى تەبىر: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتمولوگىيىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرى ئەنئەنىۋى ئىككىنچى خىل تەبىردىن ئۆزگىچە قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار ئەنئەنىۋى بىرىنچى خىل تەبىرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئۇنى تىل ئەمەلىيىتى ئاساسىدا تولۇقلايدۇ.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە «ئۇيغۇر» دېگەن نام يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ھەرىكەت تېزلىكى، ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان بىر تومۇرلۇق مۇستەقىل سۆز «غۇر» بىلەن «ئو» (ئوۋ) دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. ئەگەر «ئۇي» (ئۇيماق) پېئىلىغە «غۇر» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بولسا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئاساس تاپقىلى بولاتتى. چۈنكى ئۇنىڭدا بېرىلگەن يىلتىزى پېئىلدىن كەلگەن سۆزلا بولسا، ئاپتور ئىزچىل ئۇنىڭ پېئىل يىلتىزىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ۋەھالەنكى «ئۇيغۇر» سۆزلىمىگە كەلگەندە ئۇنىڭ يىلتىزىنى كۆرسەتمىگەن.

ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز تۈركۈمى بويىچە ئالغاندا «غۇر» ئىملىق ۋە قوشۇمچىلار تۈركۈمىگە ياتىدىغان ئىككى بىسلىق سۆز. مەلۇمكى ئىملىقلار تىلدىكى ئەڭ بۇرۇن شەكىللەنگەن سۆز تۈركۈمى سۈپىتىدە مۇستەقىل سۆزلەرگە ياتىدۇ. ھازىر تىلىمىزدا «غۇر»، «گۇر»، «كۇر-گۇز» قاتارلىقلار ھەم ئىملىق ھەم قوشۇمچىلار سۈپىتىدە قوللىنىدۇ. ئىملىق ئورنىدا قوللىنىلغاندا ھەرىكەت تېزلىكىنى، ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك «غۇر» ھەرىكەت ئورۇندىغۇچىنىڭ ھالىتىگە

قارىتىلغاندا ئۇنىڭ «چىۋەرلىك، جەسۇرلۇق» ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ماشىنا «غۇرلا» قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «كۇر» دېگەن سۆزلەمنىڭ «جەسۇر» دەپ ئىزاھلانغانلىقى① بىزنىڭ قارىشىمىزنىڭ تىل ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇنلۇقىنىڭ پاكىتى.

تۈركىي تىللار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان تىلشۇناس ئا. باسقاقوۋ يېقىندا مەزمۇنى بىزنىڭ قارىشىمىزغا ئوخشاش بىر قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭدا: ئۇيغۇر= يۇغۇر، ئوغۇر= ئۆگۈر، ئوغۇز= ئۆگۈز سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى قەدىمكى بىر قەبىلە نامىنىڭ ھەرخىل ۋارىيانتلىرى بولۇپ، بۇلار ھەممىسى «ئەقىللىك، كۈچلۈك، قۇدرەتلىك» دېگەن مەنىدىكى بىر سۆزنىڭ ھەرخىل فونېتىك شەكىللىرىدىن ئىبارەت، بۇ سۆز قەدىمكى «ر» دىئالېكتىدا سۆزلەيدىغان قەبىلىلەر تىلىدا «ئوغۇر، يۇغۇر، ئۇيغۇر» شەكلىنى ئالغان؛ «ز» دىئالېكتىدا سۆزلەيدىغان قەبىلىلەر تىلىدا «ئوغۇز، غۇز، ئۇز» شەكلىنى ئالغان. . . قەدىمكى تۈركىي تىلدا بىر تومۇرلۇق «ئو—» (ئويلىماق) «ئۆگ» (ئەقىل، تەپەككۇر) دېگەن شەكلىمۇ بار. مانا مۇشۇنداق «ئوي»، «ئۆگ»، «ئۇق» قاتارلىق مەنىداش تومۇرغا «غۇر-گۇر قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ئۇققۇچى، پەملىگۈچى، چېۋەر، قۇدرەتلىك دېگەن مەنىدىكى سۆز كېلىپ چىققان،② دېگەن پىكىر ئالغا سۈرۈلگەن.

دېمەك باسقاقوۋنىڭ بۇ تەبىرىدىنمۇ قەدىمكى تۈركىي تىللار دىئالېكتىلىرىدا غۇر، غۇز، گۇر، گۇز، ئۇ، ئۆگ قاتارلىق بىر تومۇرلۇق مەنىداش مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ بارلىقى، بۇ سۆزلەردىن «ئۇققۇچى، چېۋەر، جەسۇر» «كۈچلۈك،

---

① شۇ ئەسەر، 1 توم، 425-بەت.

② «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ناملىرى» (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 1988-يىل، 1-سان) دا «سوۋېت تۈركىلوگىيىسى ژۇرنىلىنىڭ 1985-يىل، 1-سانىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن.

ئەقىللىك» دېگەن ئۇقۇم ئاڭلىشىلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

ئەگەر بۇ قاراش بىلەن بىزنىڭ قارىشىمىز پەرقلىنىدۇ دېيىلسە، ئۇ پەقەت «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ ئېيتىدائىي شەكلىنى ھاسىل قىلغان بىر تومۇرلۇق ئىككى مۇستەقىل سۆزدىكى «ئو» نىڭ مەنىسىنى شەرھىلەش نۇقتىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقىدا پەرقلىنىدۇ، شۇنىڭدەك بىز قەدىمكى تۈركىي تىللاردا «n»، «y» دىئالېكتى بولغىنىدەك «غ»، «ي» دىئالېكتلىرى بولمىغان بولۇشى كېرەك دەپ قارايمىز.

**خۇلاسە:** «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نام مەيلى ئۇي، ئۆگ، ئۇق، ئوغ دېگەن پېئىل تومۇرىغا غۇر، گۇر، (قۇر) قوشۇمچىسى قوشۇلۇش بىلەن ياسالغان بولسۇن ياكى ئو (ئوۋ) دېگەن سۆزلەرگە «چېۋەر، جەسۇر» دېگەن مەنىدىكى «غۇر، كۇر» دېگەن سۆز قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان بولسۇن «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نام «چېۋەر، جەسۇر، باتۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مىللەت نامى تارىخىي ھادىسە، ئۇ ئىلگىرى-كېيىن شەكىللەنگەن. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بەزى ناملار يوقالغان بولسا، بەزىلىرى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ ئىستېمال دائىرىسىمۇ كېڭىيىپ ھازىرقى مىللەت نامىغا ئايلىنىپ قالغان، بۇنداق ناملارنىڭ بەزىلىرى ھەم ئېتنىك نام ھەم سىياسىي گەۋدە نامىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈس ئالغان.

# 4. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا خەلق ئىچىدە بىر نەچچە خىل رىۋايەت تارقىلىپ كەلگەن. ئۇ رىۋايەتلەر ئىچىدە «ئوغۇزنامە» («ئوغۇزخان توغرىسىدا قىسسە») مەشھۇر بولۇپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرۈش جەريانىدا، ئۇنىڭغا ھەرقايسى تارىخىي دەۋرنىڭ روھى سىڭىش بىلەن مەزمۇنى داۋاملىق بېيىپ كەلگەن. ئەمما ئۇنىڭ قاچان مەيدانغا كەلگەنلىكى نامەلۇم. تۇرپاندىن XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى تېپىلغان. بۇ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر يازما شەكىل بولۇپ، ھازىر پارىژ مىللىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. «ئوغۇزنامە»نىڭ XIII ئەسىردىلا كۆچۈرۈلۈشى ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىن بۇرۇنلا يازما شەكلىنىڭ بارلىقى، جۈملىدىن ئۇزاق ئۆتمۈشتىلا مەيدانغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. «ئوغۇزنامە»دىن باشقا «جامىئۇل تاۋارىخ»، «تارىخىي جاھانكۇشاي»، «شەجەرەئى تۈرك» قاتارلىق تارىخ كىتابلار ۋە «ئىدىقۇت خانىنىڭ تۆھپىلىرى»، «ئىدىقۇتتىكى چى جەمەتىنىڭ شەجەرىسى»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى»، قاتارلىقلاردىمۇ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بىرىنچىدىن، ئوغۇزنامە مەنبە قىلىنغان، ئىككىنچىدىن، ئاپتورلار دەۋر ئېھتىياجى ۋە ئۆز خاھىشى بويىچە ئوخشىمىغان ئۇسۇل-شەكىل ئارقىلىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ ئۆزگىچە تۈس كىرگۈزگەن.

ئابدۇقەيۇم غوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپلەر

www.uyghurkitap.com

تۇزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما» دا «ئوغۇزنامە» نىڭ ئەسلى تېكىستى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى تولۇق بېرىلگەنلىكتىن (بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئوغۇزنامە» دەپ مەخسۇس كىتابچە قىلىپمۇ نەشىر قىلىنغان)، كىتابىمىزغا «ئوغۇزنامە» كىرگۈزۈلمىدى. كىتابخانلىرىمىزنىڭ شۇ ئەسەرنى كۆرۈشىنى تەۋسىيە قىلىمىز. ئەمدى تۆۋەندە باشقا رىۋايەتلەرنى تونۇشتۇرىمىز.

پارس تارىخچىسى راشىددىن «جامىئۇل تاۋارىخ» دېگەن كىتابىغا كىرگۈزگەن رىۋايەت:

«ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرىستان ۋىلايىتىدە ئىككى چوڭ تاغ بار ئىكەن. بىرى ‹بۇقراتۇ — بوزلۇق›، يەنە بىرى ‹ئۇسقۇلۇق تەگرىم› دېيىلىدىكەن. قاراقۇرۇم شۇ ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىكەن. ئۆگدايخان سالدۇرغان شەھەرمۇ شۇ تاغنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىكەن. ئۇ ئىككى تاغنىڭ يېنىدا قۇت تاغ دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر تاغ بار ئىكەن. بۇ تاغلىق رايوننىڭ بىر يېرىدە ئون ئېقىن، يەنە بىر يېرىدە توققۇز ئېقىن بار ئىكەن. قەدىمكى دەۋردە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئاشۇ دەريا-ئېقىنلارنىڭ قىرغاقلىرىدىكى تاغلىق جايلار ۋە تۈزلەڭلىكلەرگە جايلاشقانىكەن. ئون ئېقىن ۋادىلىرىغا جايلاشقانلىرى ‹ئون ئۇيغۇر›؛ توققۇز ئېقىن ۋادىلىرىغا جايلاشقانلىرى ‹توققۇز ئۇيغۇر› دېيىلىدىكەن، ھېلىقى ئون ئېقىن ئون ئورغۇن دېيىلىدىكەن، بۇ ئېقىنلارنىڭ ئىسمى رەت تەرتىپى بويىچە: ئائىشلىق، ئوتىنكار[1]، بۇ قىز، ئوزقوندۇز، تۇلار، تاردار، ئۇچ تابىن، قاملاپقۇ، ئۆتىكەن دېيىلىدىكەن.

---

① «ئوتىنكار» رۇسچە تىرانسكرىپسىيىسى بولۇپ، ئىنگلىزچە ongher دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان «شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»، 7-توپلام، 6-، 3-، 7-گە قاراڭ (شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تۈزگەن، شاپىگراپ نۇسخا).

باشتىكى ئۈچ ئېقىن بويىغا توققۇز قەبىلە، (ئۈنىڭدىن كېيىنكى) تۆت ئېقىن بويىغا بەش قەبىلە جايلاشقانىكەن؛ قاملاپقۇ ئېقىننى بويىغا جايلاشقان قەبىلىلەر ‹لونق› دېيىلىدىكەن؛ ئۆتكەن ئېقىننى بويىدىكىلەر ‹قاماق - ئەتقۇز› دېيىلىدىكەن. ئاشۇ دەريا بويلىرىغا جايلاشقان ئۇ قەبىلىلەردىن تاشقىرى، شۇ رايون ئىچىدە يەنە 122 قەبىلە جايلاشقان، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ئېنىق ئەمەس. يىللار ئۆتۈپتۇ، ئەسىرلەر ئۆتۈپتۇ، ئەمما بۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدە بىرەر پادىشاھ بارلىققا كەلمەپتۇ. ھەرقانداق چاغدا، ھەرقايسى قەبىلىلەردە كىم كۈچلۈك بولسا، شۇ كىشى زورلۇق بىلەن شۇ قەبىلىگە ئەمىر بولىدىكەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەممە قەبىلە ئورتاق مەنپەئەتنى كۆزدە تۇتۇپ، يىغىن ئۆتكۈزۈپ يىغىندا: «بىز ھەممىگە بۇيرۇق چۈشۈرەلەيدىغان تولۇق ھوقۇقلۇق پادىشاھ تىكلىمىگۈچە روناق تاپالمايمىز› دەپ قارار چىقىرىپتۇ. ھەممەيلەننىڭ بىردەك ماقۇللىشى بىلەن ھەرقايسى قەبىلىلەر ئىچىدە ئەڭ زېرەك بولغان ئابىشلىق قەبىلىسىدىن مانقۇتاي ئىسىملىك بىر كىشىنى سايلاپ چىقىپ ئۇنىڭغا ئېل — ئېلتە بىر دەپ نام بېرىپتۇ. (ئۇلار) يەنە ئوزقوندۇر قەبىلىسىدىن يەنە بىر ‹ياخشى› پەزىلەتلىك كىشىنى (سايلاپ چىقىپ) كۆل-ئېركىن دەپ ئاتاپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى كىشىنى (پۈتۈن) مىللەتنىڭ جۇمھۇرى ۋە بارلىق قەبىلىلەرنىڭ پادىشاھى قىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلىرى يۈز يىلچە ھۆكۈم سۈرۈپتۇ①».

«ئوغۇزخان قادىر ئاللاغا ئېتىقاد قىلىش بويىچە دادىسى قاراخان، تاغىلىرى، ئاكا-ئۇكىلىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپتۇ، شۇ ۋاقىتتا ئوغۇزخاننىڭ قوۋم-قېرىنداش-

---

① «جامىئۇل تاۋارىخ» خەنزۇچە نەشرى (1-توم، 1-كىتاب 239-، 141-بەت).

لىرىدىن بەزىلىرى ئوغۇزخان بىلەن بىرلىشىپ، شۇ تەرەپتە تۇرۇپ-ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىپتۇ. بەزىلىرى بولسا، دادىسى، تاغىلىرى ۋە ئاكا-ئۇكىلىرى تەرەپتە تۇرۇپتۇ. ئوغۇزخان ئۆزىگە قارىغان ۋە ھەمكارلاشقانلارنى ئۇيغۇر دەپ ئاتاپتۇ، بۇ تۈركىي سۆز. پارسچە ‹ئۇ بىرگە قوشۇلدى، ھەمكارلاشتى› دېگەن بولىدۇ» .①

پارس تارىخچىسى جۇۋەينى (1226-1283) «تارىخىي جاھانكۇشاي» دېگەن كىتابىغا كىرگۈزگەن رىۋايەت:

«ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى دەسلەپتە ئورخۇن دەرياسى ۋادىلىرىدا كۆپەيگەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. بۇ دەريا ئۇلار قارا قۇرۇم دەپ ئاتايدىغان تاغدىن سۇ ئالىدۇ. قاغان يېقىندا سالدۇرغان شەھەرنىڭ نامى شۇنىڭدىن كەلگەن. 30 ئېقىن شۇ قاراقۇرۇم تېغىدىن سۇ ئالىدۇ. ھەربىر ئېقىننىڭ قىرغىقىدا بىردىن ئۇرۇق ئولتۇراقلاشقان، ئۇيغۇرلار ئورخۇن دەرياسىنىڭ ۋادىلىرىدا شەكىللەنگەن ئىككى شاخ. ئۇلارنىڭ ئاھالىسى كۆپەيگەن چاغلاردا باشقىلارنى دوراپ ئۆزلىرى ئىچىدىن بىرىنى ئاتالىقفا سايلاپ ئۇنىڭغا ئىتائەتمەنلىك بىلدۈرەتتى. ئۇلار 500 يىل شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن بوغراخان چىقىپتۇ. ھازىر بەزىلەر بوغراخان ئافراسىياپدۇر، دەيدۇ...

ئۆز زامانىسىدا قاراقۇرۇمدا توغلا ۋە سېلىنگا دەيدىغان ئىككى دەريا بولۇپ، ئۇلار ‹قاملانچو› دېگەن يەردە بىر-بىرىگە قوشۇلىدىكەن. بۇ ئىككى دەريا ئارىلىقىدا ياندىشىپ ئۆسكەن ئىككى تۈپ دەرەخ بار ئىكەن، ئۇلار ئۇنىڭ بىرىنى ‹خۇسۇخ› دەيدىكەن. ئۇ قارىغايغا ئوخشاش بولۇپ، يوپۇرماقلىرى قىشتا قىپىن دەرىخىگە ئوخشاپ قالىدىكەن، مېۋىسىمۇ قارىغاي ئۇرۇقىغا ئوخشايدىكەن. يەنە بىرىنى ‹توز› دەپ ئاتايدىكەن. بۇ

---

① يۇقىرىقى ئەسەر، 136-بەتكە قاراڭ.

ئىككى دەرەخنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دۆڭ بار ئىكەن، قۇياش نۇرىدا بۇ دۆڭ بارغانسېرى چوڭىيىپ ئېگىزلەپتۇ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپتۇ، ئۇلار بۇ دۆڭگە ئەيمىنىپ تەزىم قىلىپ يېقىنلىشىپتۇ، بۇ چاغدا ئۇلارغا ناخشىغا ئوخشاش يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، بۇ چاغدا ئۇلارغا ناخشىغا ئوخشاش يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ھەر كۈنى كەچتە شۇ دۆڭنى چۆرىدەپ 30 قەدەم ئارىلىقتا بىر پارچە نۇر چۈشۈپ تۇرىدىكەن. دۆڭنىڭ ئىچىدىن خۇددى ھامىلىدار ئايال بوشانغاندىكىدەك دۇنياغا يېڭى كەلگەن بوۋاقنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ-دە، دۆڭلۈكتىن بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ. قاراشسا دۆڭلۈكنىڭ ئىچىدە چېدىردەك بەش ھۇجرا، ھۇجرىلار ئىچىدە بىردىن ئوغۇل بالا ئولتۇرغۇدەك. بالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا بىردىن ئېمىزگە بار ئىكەن، ھەربىر ھۇجرىنىڭ ئۈستىدە بىردىن كۈمۈش تور يېپىقلىق تۇرغۇدەك. قەبىلە ئاقساقاللىرى بۇ غەلىتە ئىشنى كۆرۈپ ھەيرانۇ-ھەس قېلىشىپ، باش ئۇرۇپ تەزىم قېلىشىپتۇ. بىردىنلا غۇر-غۇر شامال چىققاندەك بوپتۇ-دە، ھېلىقى بالىلار ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار مېڭىپ تاش ئۆيدىن چىقىپتۇ. كىشىلەر بۇ بالىلارغا قاراشقا بىردىن ئىنىكئانا تەيىنلەپ، ئۇلارنىڭ نامىغا تۇرلۇك مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈپتۇ. بالىلار ئەمچەكتىن ئايرىلىش بىلەنلا تىلى چىقىپ گەپ قىلالايدىغان بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كىشىلەردىن ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ كىملىكىنى سوراپتۇ. كىشىلەر ئۇلارغا ھېلىقى ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. ئۇلار دەرەخقە خۇددى ئاتا-ئانىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك تىزلىنىپ تەزىم قىلىپتۇ. بۇ ئىككى تۈپ دەرەخ ئۆسكەن يەرگىمۇ تەزىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇ ئىككى تۈپ دەرەختىن ئۇشتۇمتۇتلا: «ئەي بالىلار! سىلەر بۇ يەرگە دائىم كېلىپ بىزنى يوقلاپ تۇرۇڭلار، بىز سىلەرگە

ئۇزاق ئۆمۈر، مەڭگۈ شانۇ-شەۋكەت تىلەيمىز» دېگەن سادا كەپتۇ. شۇ يەردە ياشايدىغان قەبىلىلەرنىڭ كىشىلىرى كەينى-كەينىدىن كېلىپ، بۇ بەش بالىنى خۇددى شاھزادىلەردەك ئىززەتلەپتۇ، ئۇلار قايتىش ۋاقتىدا بۇ بالىلارنىڭ چوڭىغا «سونقۇر تېكىن»، ئىككىنچىسىگە «قۇت تېكىن»، ئۈچىنچىسىگە «توقلا تېكىن»، تۆتىنچىسىگە «ئور تېكىن»، بەشىنچىسىگە «بۇقۇ تېكىن» دەپ ئات قويۇپتۇ. بۇ مۆجىزىلەرنى كۆرگەن كۆپچىلىك بۇ بەش ئوغۇلدىن بىرىنى ئۆزلىرىگە ئاتالىقا ۋە پادىشاھلىققا تاللاشقا قوشۇلۇپتۇ. ئۇلار بۇ بەش شاھزادە قادىر ئىگەم تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان دەپ قارايدىكەن. بۇقۇخاننىڭ يەزلەت ۋە پاراسەتتە باشقا بالىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ھەممە قەبىلىلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى بىلىدىغانلىقىنى بايقىشىپتۇ. شۇڭا ئۇنى خاقانلىققا كۆرسىتىپ كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ تەختكە چىقىرىپتۇ. «بىر قېتىم بۇقۇخان چۈشىدە بىر پەرىزاتقا يولۇقۇپتۇ. پەرىزات بۇقۇخاننى ئاق تاغ (يەنى قۇت تاغ) قا باشلاپ كەپتۇ. ئۇلار شۇ يەردە يەتتە يىل ئالتە ئاي 20 كۈن بىللە تۇرۇپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى خوشلىشىدىغان كېچىسى پەرىزات بۇقۇخانغا «پۈتۈن ئالەم سىزنىڭ بولغاي» دەپتۇ. بۇقۇخان لەشكەرلىرىنى توپلاپ ئاغا-ئىنى، قوۋم-قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە يۈرۈش قىلىپ موڭغۇللار، قىرغىزلار، تاڭغۇتلار، قىتانلارنى بويسۇندۇرۇپ نۇرغۇن غەنىيمەتلەرگە ئېرىشىپتۇ ۋە ئۇ يەرگە ئوردۇبالىق شەھىرىنى سالدۇرۇپتۇ. بۇقۇخان يەنە بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە بىر ئاق لىباسلىق بوۋاي «بۇنى يېنىڭدىن ئايرىماي ساقلىساڭ پۈتۈن جاھان سېنىڭ بولغاي» دەپ بىر پارچە تاش بېرىپتۇ. چۈشىدە بولغان بۇ بېشارەتتىن كېيىن، بۇقۇخان ھەر تەرەپكە لەشكەر تارتىپتۇ. غەربتە تۈركىستان ۋە بارلىق ئوت-سۈيى مول تۇزلەڭلىكلەرنى ئېلىپتۇ، ئۇ يەرگە بالا ساغۇن

شەھەرنى سالدۇرۇپتۇ، شۇنداق قىلىپ 12 يىل ئىچىدە پۈتۈن ئالەمنى بويسۇندۇرۇپ بوپتۇ»①.

مىلادى 1331-يىلى تىكلەنگەن «ئىدىقۇت خانىنىڭ تۆھپىلىرى» دە مۇنداق خاتىرىلەر ئويۇلغان:

«قوچۇ خانىغا قاراشلىق ئۇيغۇرلار يېرىدە قاراقۇرۇم دەيدىغان بىر تاغ بولۇپ، تاغنىڭ يېنىدا توغلا ۋە سېلېنگا دېيىلىدىغان ئىككى دەريا بار ئىكەن. بىر كۈنى ئىككى دەريا ئوتتۇرىسىدىكى دەرەخنىڭ ئۈستىگە ئۈشتۈمتۈتلا نۇر چۈشۈپ، ئۇ دەرەخ ئىككى قات بولۇپ قاپتۇ. ئارىدىن توققۇزئاي 10 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دەرەخ يېرىلىپتۇ-دە، بەش بالا تۇغۇلۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ كەنجىسىنىڭ ئىسمى ‹ئېسەن بۇقۇقاغان› ئىكەن. ئېسەن بۇقۇقاغان چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆز ئېلىگە پادىشاھ بولۇپتۇ، قىرىق نەچچە ئەۋلاد 520 يىل ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. شۇ زاماندا ‹ئالىپ بىلگە ئىدىقۇت قاغان› دېگەن يەنە بىر خان ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۈل تېكىن ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ قارا قۇرۇمدىكى پىلپىل تاغ دېگەن يەردە تۇرىدىكەن. تەڭرىخان دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر تاغ بار ئىكەن. بۇ تاغنىڭ جەنۇب تەرىپىدە قوت تاغ دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر تاغ بار ئىكەن» . . .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا XVII ئەسىردە ئۆتكەن خىۋەخانى ئوبۇلغازى باھادىرخان (1605—1664) ئۆزىنىڭ «شەجەرەئى تۈرك» دېگەن ئەسىرىدە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا بىر رىۋايەت بەرگەن. ئەمما، بۇ رىۋايەت «جامىئۇل تاۋارىخ» نىڭ 1-بۆلۈمىدە بېرىلگەن رىۋايەتكە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن. شۇڭا ئۇ بېرىلمىدى. (شۇ ئەسەرنىڭ «II باب موغۇلخانىنىڭ بايانى» غا قارالسۇن).

① بۇ رىۋايەت «شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ 7-توپلىمىدىكى ئېنگىلىزچىدىن خەنزۇچىغا قىلىنغان تەرجىمىسى ئاساسىدا بېرىلدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ئۇلارنىڭ «قارا قوشۇن»، «قالۇچى»، «جوداق» قاتارلىق ئۈچ ئۇرۇقتىن تارالغانلىقى توغرىسىدا ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ يېقىن بىر نەچچە خىل رىۋايەت كەڭ تارقالغان. ئەمما بۇ رىۋايەتلەرنى تا هازىرغا قەدەر يازما يادىكارلىقلاردىن ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. بۇ رىۋايەتلەر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ ۋادىلىرىدا ياشىغان قەدىمكى يەرلىك قوۋملارنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا بىزنى يېڭى چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ.

قارا قوشۇنلۇقلار توغرىسىدا: «بۇرۇنقى زاماندا بۇ يەردە 18 دەريا ۋە ھېسابسىز چوڭ-كىچىك كۆل بار ئىكەن، بۇ دەريالار يىغىلىپ لوپ (لوپنۇر) كۆلىگە قۇيۇلىدىكەن. لوپ كۆلى ئەتراپىدا ئابدال، قارا قوشۇن، قارا كۆل، داغى دېگەن يۇرتلار بولغانىكەن. تاغ تەرەپتە (قۇرۇق تاغ-ئا) تاغ ئېلى بار ئىكەن. قارامچى، تۆمەنپۇ دەرياسى بۇ يۇرتلارنىڭ پاسىلى ئىكەن. ئابدال پادىشاھى شىكاردا يۈرگەندە كېنىزەكلىرى بىلەن سەيلە-تاماشا قىلىپ يۈرگەن قالماق① پادىشاھىنىڭ (تاغ ئېلى پادىشاھى — ئا) قىزى خالىت مەلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ. مەلىكە پەرىزاتتىنمۇ چىرايلىق ئىكەن، ئابدال پادىشاھى ئۇنىڭغا ئاشىق-بىقارار بولۇپ، ئۇنى تۇتقۇن قىلىپ ئېلىپ كېتىپتۇ. كېيىن ئۇنىڭغا ئۆيلىنىپ بالا-چاقىلىق بوپتۇ. قالماق پادىشاھسى ئۆز تەۋەسىدىن قىزىنى ئىزدەپ تاپالماپتۇ. كېيىن ئۇنى ئابدال پادىشاھىنىڭ تۇتقۇن قىلىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، مەلىكىنى تاتىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ، ئىككى پادىشاھ بىر نەچچە يىل ئۇرۇشۇپتۇ. قالماق پادىشاھىنىڭ شاھزادىسىمۇ كۆل-دەريالاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ئابداللىقلارغا چېقىلىپ (پاراكەندىچىلىك سېلىپ) ئارام بەرمەپتۇ. ئابداللىق ئاكا-ئۇكا ئۈچ باتۇر

① بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «قالماق» بۇددىس ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ

ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇ شاھزادىنىڭ كۆل بويىدا ھەمراھلىرى بىلەن بىللە كاۋاپ سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ-دە، يېكەنلىك ئىچى بىلەن كېلىپ شاھزادىنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. شاھزادىنىڭ ئادەملىرى بۇ ھالنى كۆرۈپ قېچىپتۇ. ئۈچ باتۇر يېكەنلىكتىن چىقىپ قارىسا شاھزادىنىڭ ئۈستىدە بۆرە ئۈچكى بار ئىكەن. باتۇرلارنىڭ بىرى ئۇنى سالدۇرۇپ كىيىپ باققانىكەن، شۇ زامات يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ، يەنە بىرى كىيىپ بېقىپتۇ، ئۇمۇ ئۆلۈپتۇ. ساق قالغان باتۇر دەرغەزەپتە ھېلىقى ئۈچۈكنى ئوتقا تاشلاپتۇ. شامال ئۆرتىلىۋاتقان ئۈچۈكتىن چىققان قۇيقىنى شەھەر تەرەپكە ئۇچۇرتۇپ بارغانىكەن، شۇ كۈندىن باشلاپ شەھەردە ۋابا تارقىلىپ كىشىلەر ئۆلگىلى باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن ھۈركىگەن ئەل كېمە-ساللارغا چۈشۈپ يۇقىرىغا (تارىمنىڭ يۇقىرى ئېقىمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ-ئا) قاراپ كۆچۈپتۇ. ئۆلگۈرگەنلىرى بىرەر يېرىمدىن قوزا-پاقلان، ئوغلاق-چىۋىش ئېلىپ مېڭىپتۇ. كۆچكەنلەرگە دەسلەپ ئالما گۆچەك، كېيىك ئاتا — ، بوسۇق بوۋا، كۆمچەك قۇتقا (ئايال) ، كۈن تۇغدى موما، چانجىق ئىنە (ئانا) ، ئاپىل ئوماي، تانىق، كۈچۈكباي، كۈرۈكباي، توقتاسۇن دېگەنلەر باشلامچى بولغانىكەن. ئۇلارنىڭ ھارغان-چارچىغانلىرى دەريا-كۆل بويلىرى، دۆڭ-ئاراللاردا بىردىن-ئىككىدىن ماكانلىشىپ بېلىق تۇتۇپ يەپ، ئوۋ ئوۋلاپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئېلىپ كەلگەن قوزا-پاقلان، ئوغلاق-چىۋىش-لىرىنى ئاسراپ بېقىپ تەدرىجىي ئاينىپتۇ. (ھازىرقى) يېڭىسۇ، ئۆيمانكۆل، كۆكئالا (كۆكلا) ، تىكەنلىك، ئۇلۇغكۆل، تېيىز كۆل، چوڭ كۆل قاتارلىق جايلارنى شۇلار ماكان تۇتۇپ شۇنداق دەپ ئات قويغانىكەن. «چارا» دېگەن يەر شۇ يەردىن بوسۇق بوۋىنىڭ ئايالى زوقرا قۇتقىدىن قالغان چارا تېپىلغانلىقتىن «چارا» دەپ ئاتالغانىكەن. بىز چارلىقلار ۋە پۈتۈن قارا

قوشۇنلۇقلار ئالما گۆچەك قاتارلىق بوۋىلاردىن تارقالغان، ئۇلار قارا قوشۇندىن كۆچۈپ كەلگەچكە بىز قارا قوشۇنلۇق دەپ ئاتالغان.» دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

قالۇچىلار توغرىسىدا: «قالۇچى دېگەن بۇرۇن قارا قوشۇن تەرەپتە ئۆتكەن بىر تايىپىنىڭ ئىسمى. ئابدال تەرەپتە ۋابا تارقالغاندا ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يۇقىرىغا كۆچۈپ، بىر قىسمى پادىشاھنىڭ يېنىدا قالغانىكەن. كېيىن ئۇ يەر چۆللەشكەندە قالغانلارمۇ مۇشۇ تەرەپلەرگە كۆچۈپ كەلگەنىكەن. ھازىرقى قالۇچىلار دېگەنلەر شۇلارنىڭ ئەۋلادى» دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

جوداقلار توغرىسىدا: «جوداق دېگەن مۇشۇ تاغدا (قۇرۇق تاغ — ئا) ياشايدىغان بىر تايىپىنىڭ ئىسمى. ئۇلار جوغا (بۇددا مەبۇدى — ئا) تېۋىنىدىكەن. كېيىن ئۇلار تۇرىدىغان جايلار چۆللىشىپ، خەلقى ھەر تەرەپكە قاراپ كەتكەنىكەن. شۇ چاغدا چارا ئەتراپىغا ئۈچ جوداق بالىسى كېلىپ قالغانىكەن، چارىلىقلار ئۇ بالىلارنى ئاسراپ قالغانىكەن، ئۇلار چوڭ بولۇپ، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇپتۇ. ھازىر جوداق دېيىلگەنلەر شۇلارنىڭ ئەۋلادى» دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

# تۆتىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى

### 1. ماددىي مەدەنىيەت توغرىسىدا

مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا ماددىي مەدەنىيەت — ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تۇرمۇش شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش يولىدا ئېلىپ بارغان تارىخىي كۆرەش ئەمەلىيەتلىرىدە ياراتقان پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ماددىي بايلىقى. ئۇنىڭ رولى، ئىنكاسى، تەسىرىدىن قارىغاندا ماددىي مەدەنىيەتنى ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەت بايلىقىدىن بەھرىمەن بولۇشتىكى پائالىيەت شەكلى، ئۇسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل، شەكىل ئىنسانلارنىڭ ماددىي ھاياتىدىكى ئەڭ تىپىك ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ بۈگۈنكى مىللەتلەرنىڭ ئىگىلىك مەدەنىيىتى، ئولتۇراق ئادىتى، يېمەك-ئىچمەك ئادىتى، كىيىنىش-ياسىنىش ئادىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

### 2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىك ئادىتى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىمۇ باشقا بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرىغا ئوخشاش ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش تىرىكچىلىك قىلىش ئۇسۇلىنى يېتىشتۈرگەن. ئىنسانلار ئەجدادى ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن پائالىيەت

www.uyghurkitap.com

دائىرىسىنى ئۇزلۇكسىز كېڭەيتىش بىلەن ئالغا ئىنتىلىپ ئىزدىنىپ كەلگەن. بۇ جەرياندا باشقا قوۋملار (مىللەتلەر) بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ يەنى تىرىكچىلىك ئۇسۇلىنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ تىرىكچىلىك ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، بېيىتىپ كەلگەن. شۇنىڭدەك ئۆزلىرىدىكى پايدىلىق ئامىللار ئارقىلىق باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ئىگىلىك ئۇسۇلى ۋە ئادەتلىرى ئاساسەن ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن يېتىشتۈرۈلگەن تىرىكچىلىك ئۇسۇلى ۋە ئادەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگىرىپ بېيىۋاتقان شەكلىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئۇسلۇبى سىڭگەن. كۆنچى دەرياسى ۋە ئورخۇن دەرياسى ۋادىسى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت بۇيۇملىرى بىر تەرەپتىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمدىن تارتىپ مۇشۇ زېمىندا تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۈگۈنكى تىرىكچىلىك ئۇسۇلىمىزنىڭ ئاساسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكى ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان:

## ئوۋچىلىق

ئوۋچىلىق ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىي قىلىش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تۇنجى تارىخىي پائالىيىتىگە ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن ئىگىلىك شەكلى. ئۇ قىلىن تاغ-ئورمانلاردا ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاشتىن تاشقىرى دەريا-كۆللەردىن بېلىق، ئۇچار-قاناتلارنى ئوۋلاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئىنسانلار ئەجدادلىرى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئوۋچىلىق ئارقىلىق قاندۇرۇپ كەلگەن. بۇ جەرياندا ئۇلار ئوۋچىلىق ئەمگىكىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە

مۇناسىپ تاياق-توقماق، ئىلمەك، گۆلمە (بېلىق تورى) مانجا، سانجاق، ئوقيا ۋە ھەر خىل تاش سايمان قاتارلىق ئەمگەك قوراللىرىنى ياساپ چىققان. شۇنىڭدەك شۇنىڭغا مۇناسىپ ئالاھىدىلىك ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىمۇ شەكىللەنگەن. بۇ نۇقتىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى قىسمەن ئەنئەنە ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى كۆزەتسەك، ئۇنىڭ قەدىمكى زاماندىلا يەنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق ھاياتى دەۋرىدە شەكىللىنىپ ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقى ناھايىتى روشەن ئايان بولىدۇ.

1970-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى رايونىمىزنىڭ ئارخېئولوگلىرى كۆنچى دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنى ۋادىسىدىن بۇنىڭدىن 4750 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت بىر قەبرىنى تاپقان. قەبرىدىن جەسەت بىلەن بىللە قويۇلغان بىر دانە قومۇش ئوقيانىڭ سۇنىقى ۋە گۆلمە پارچىسى چىققان. 1985-يىلى چەرچەننىڭ زاغۇنلۇقتىن تېپىلغان بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت بىر قەبرىدىن جەسەت بىلەن قويۇلغان ئاخىرەتلىك بۇيۇملار قاتارىدا ياغاچ زىخقا ئۆتكۈزۈلۈپ پىشۇرۇلغان گۆش، كاۋاپ چىققان. بۇ مەدەنىيەت بۇيۇملىرى بىرىنچىدىن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ جاھالەت دەۋرىدە ھەل قىلغۇچ رولغا ئىگە قورال①— ئوقيا ياساپ ئۇنىڭدىن پايدىلانغانلىقىنى جۈملىدىن مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنى ئىسپاتلىسا، ئىككىنچىدىن، ئوۋ ھايۋانلىرىنىڭ گۆشىنى خام يېيىشتىن مەخسۇس ئۇسۇلدا پىشۇرۇپ يېيىش ئادىتىنىڭ شەكىللىنىپ، يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى بويىچە ئاللىبۇرۇنلا يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئوۋچىلىق تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ بېقىپ بىرقەدەر تۇراقلىق تۇرمۇش مەنبەسىنى ھەل قىلىش

---

① «خەلق گېزىتى» 1981-يىل 17-فېۋرال سانى، 1-بەت.

www.uyghurkitap.com

شارائىتىغا ئىگە بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئاشۇ جەرياندا ئەجدادلىرىمىزدا نۇرغۇن گۈزەل ئەنئەنىلەر يېتىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە پەخىرلىنىك بىلەن تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى، باتۇرلۇق، باتۇرلۇقنى قەدىرلەش، ئەلا بىلىش ۋە چىداملىق، سەۋرچانلىق ئادىتىدىن ئىبارەت. مۇنداق گۈزەل ئادەت — ئەنئەنىلەرنىڭ يېتىلىشىنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى تۇرمۇش شارائىتى بەلگىلىگەن. مەلۇمكى ئوۋچىلىق مۇشەققەتلىك ۋە جاپالىق ئەمگەك. ئۆز دەۋرىدە تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. چۈنكى ئوۋ ئوبيېكتىلىرىنىڭ تۈرى ۋە ئۇلارنىڭ مىجەز-خۇلقى، ياشاش، ھەرىكەتلىنىش قانۇنىيىتى ھەرخىل بولغاچقا ئۇنى ئىگىلەش ھەر قايسىسىغا مۇناسىپ چارە-تەدبىر تېپىش ئۈچۈن جاپالىق جىسمانىي، مەنىۋى ئەمگەك سەرپ قىلىشقا توغرا كەلگەن، ئۇلار شۇنداق جاپالىق ئەمگەك سەرپ قىلىش ئارقىلىق ئوۋ ئوبيېكتلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوۋ ئوۋلاشنىڭ ئۇسۇل، تەدبىرلىرىنى تاپقان ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ قوراللارنى ياساپ چىققان ۋە ئات، قوي قاتارلىق بىر تۈركۈم ياۋا ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ بېقىش، پايدىلىنىشنى بىلىپ يەتكەن. ئات ئۆز دەۋرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق پائالىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كېڭىيىشى، ئۇنۇمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. بۇنىڭ بىلەن ئەجدادلىرىمىزدا ئاتلىق ئوقيا ئېتىش ئادەت-ماھارىتى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش ئەنئەنىسى شەكىللەنگەن. ئەجدادلىرىمىز ئوغۇل بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن بىرەر باتۇرلۇق كۆرسەتمىگۈچە ئۇنىڭغا رەسمىي ئات قويمايدىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن باللارنى كىچىكىدىنلا ئات-ئۇلاغقا مىندۈرۈپ چېنىقتۇرىدىغان، قىرغاۋۇل قاتارلىق ئۇچار-قاناتلارنى ئوۋلىتىدىغان ئادەتلەر شەكىللەنگەن. مۇنداق مۇھىت كىشىلەردە باتۇرلۇققا ئىنتىلىدىغان، باتۇرلۇقنى قەدىرلەيدىغان روھىي ھالەتنى يېتىشتۈرگەن.

بۇندىن باشقا ئەجدادلىرىمىزدىكى سۇرلۇك، باتۇر هايۋانلار ۋە كۆركەم، هەيۋەتلىك تەبىئەت شەيئىلىرىنىڭ نامىدا، لەقەم قويۇش ئادەت-ئەنئەنىسىمۇ ئۆز دەۋرىدىكى تۇرمۇش شارائىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، هازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە، مەسىلەن، ئارسلان، ئارسلان خان، قاراجان، قاراخان، يۇلتۇز، سادىر پالۋان، ئەمەت مەرگەن، قاينام ئۆركىشى، تۇرسۇن بۇقا قاتارلىقلار.

بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا ئوۋچىلىق ئاللىبۇرۇنلا ئۆز رولىدىن قالغان بولسىمۇ، هازىرقى زامان باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭكىگە ئوخشاش تۇرمۇشتىكى بىر خىل زوق-هەۋەس ۋە قوشۇمچە كەسىپ سۈپىتىدە يەنىلا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بەزى رايونلاردا ئالايلۇق، لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق دەۋرىدىكى قىسمەن ئادەت-ئەنئەنىلىرى تېخى يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ساقلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن: لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئەسىرىمىزنىڭ 30 — 40-يىللىرىغا قەدەر تويلىشىشتا ئالدى بىلەن توققۇز دانە بېلىق بېشىنى پىشۇرۇپ داستىخان ئاپىراتتى. تويلۇق ئۈچۈن بەلگىلىك ساندا خام بېلىق، گۆلمە، كىمە قاتارلىق بېلىق ئوۋلايدىغان قورال-سايمان، جەرەن-كېيىك گۆشى، تۈلكە، مولۇن تېرىسى سالاتتى.

روشەنكى بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق دەۋرىدە شەكىللەنگەن ئادەت-ئەنئەنىلىرىنىڭ داۋامى. بۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئىكاھلىنىش ئەهۋالىنىڭ قانداقلىقىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا بىزنى قىممەتلىك ماتېرىيالغا ئىگە قىلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىقتا تاياق-توقماق، ئىلمەك، ياغاچ نەيزە قاتارلىق قوراللاردىن باشقا يەنە قانداق قورال ئىشلەتكەنلىكى بىزگە نامەلۇم. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىقتا

www.uyghurkitap.com

ئىشلەتكەن، بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن قوراللاردىن تاپان تۇزاق، قىلتاق، قاپقان (قىسماق، تۇزاق دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، مىلتىق، نەيزە، قارچىغا، بۈركۈت، ئىت (تايغان) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. تاپان تۇزاق، قىلتاق، قارچىغا بىلەن ئاساسەن قىرغاۋۇل، كەكلىك، توشقان قاتارلىقلارنى، قاپقان، بۈركۈت، مىلتىق بىلەن ئاساسەن بۇغا-مارال، جەرەن-كېيىك، تۈلكە، بۆرە قاتارلىقلارنى ئوۋلاپ كەلگەن. قاپقان پولاتتىن چىشلىق، چىشسىز قىلىپ ئىككى خىل ياسىلىدۇ. ئۇ ئاساسەن ھايۋانلارنىڭ ئورمان، چاتقاللار ئارىسىدىكى ئۆتەر يولىغا قويۇلىدۇ. تاپان تۇزاق، قىلتاق پىششىق چىگە يىپ ۋە ئات قۇيرۇق قىلىدا ياسىلىدۇ. بۇ قوراللار يېزا-قىشلاقلاردا ھازىرمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

## چارۋىچىلىق

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىزنى بۇنىڭدىن 4700 يىل بۇرۇنلا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان دېيىشكە بولىدۇ. لوپنۇر رايونىدىكى چەرچەننىڭ زاغۇنلۇقتىكى قەدىمكى قەبرىدىن، باشقا جايلاردىكى قەبرىلەردىن ۋە بايقال ۋادىلىرى، جەنۇبىي سىبىرىيە، ئالتاي رايونى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرە ۋە جامە خارابىلىرىدىن چىققان ئات، كالا، قوي ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ سۆڭەك، مۈڭگۈزلىرى، يۇڭدىن توقۇلغان پالاز، كونا ئۆتۈك قاتارلىقلار بىر تەرەپتىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز دەۋرىدىلا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ ئۆزىگە خاس شارائىت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن

ناھايىتى كەڭ رايوننى ماكان تۇتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى يايلاق، سۇ قوغلىشىپ ياشاشتىن ئىبارەت. خەنزۇچە مەنبەلەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى «يايلاق-سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ. . . چارۋىنىڭ گۆشى، سۈتى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. تېرىسىدىن كىيىم-كېچەك قىلىدۇ» دەپ ئەينەن خاتىرىلەنگەن.

ئەجدادلىرىمىز چارۋىچىلىقنى ئالدى بىلەن ئات، قوي، كالا قاتارلىق جاندارلارنى كۆندۈرۈپ بېقىشتىن باشلىغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىنچە ئۆچكە، تۆگە، قوتاز، ئېشەك قاتارلىقلارنى كۆندۈرۈپ بېقىپ، چارۋا مال تۈرىنى تەدرىجىي كۆپەيتىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ھەرخىل ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشنىڭ مۇھىم مەنبەسىگە ئايلاندۇرغان. شۇ جەرياندا چارۋىچىلىق تۇرمۇش شارائىتىغا مۇناسىپ بىر قاتار ئۆرپ-ئادەتلەر شەكىللەنگەن. پىيادە ئوۋ قىلىشقا خاتىمە بېرىپ ئاتلىق ئوۋ قىلىشقا، ئاتلىق يول يۈرۈشكە، ئاتلىق جەڭ قىلىشقا، مال پادىلىرىنى ئاتلىق بېقىشقا ئادەتلەنگەن. ھەرخىل ئوۋ ھايۋانلىرىغا قارىغاندا، قوي-كالىنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىگە قاراپ ئۇنىڭ گۆشىنى، سۈتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقلۇق مەنبەسى، يۇڭ-تېرىسىنى كىيىم-كېچەك، يېپىنچا-سېلىنچا مەنبەسى قىلغان. ئۇلار دائىم مال پادىلىرى بىلەن بىللە بولغاچ بۆرىدەك بۆرە، يولۋاس، چوشقا قاتارلىق ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يېيىش ئورنىغا زۆرۈرىيەت تۇغۇلسىلا خالىغانچە قوي-كالا ئۆلتۈرۈپ يەيتتى. كۆشەيدىغان ھايۋان گۆشىنىڭ كۆشىمەيدىغان ھايۋان گۆشىگە قارىغاندا لەززەتلىك، سۆللۈك، قۇۋۋەتلىك، ئوڭاي ھەزىم بولۇشتەك خۇسۇسىيىتى ئاساسىدا، ئاساسلىقى قوي-كالا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىش ئومۇمىيۈزلۈك ئادەتكە ئايلانغان. كالا-قوي گۆشىنى كۆپ يېيىش ئۇنىڭ ئاسان

بىقىلىشى، تېز ئاينىشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرلاردا بۈگۈنكى چوشقا ۋە يولبارس قاتارلىق گۆشخور يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمەيدىغان ئادەت، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئىزدىنىش سىناقلىرى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن. بەزىلەر ئۇنى ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەيدۇ، بۇ ئەمەلىيەتكە ئانچە ئۇيغۇن ئەمەس. ئىسلامىيەتتىن كېيىن چوشقا گۆشى تەقىبلەنگەن نەرسە قاتارىدا تېخىمۇ يېيىلمەس بولدى. شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلاردا تىغ تەگمەي ئۆزى ئۆلۈپ قالغان، قوي-كالا، ئۇچار-قانات قاتارلىقلارنى يېمەيدىغان ئادەتمۇ ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئادەتلىرىنىڭ داۋامى، ئۇلار ئۆز دەۋرىدە ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل تۈپەيلىدىن ئۆلگەن هايۋان، ئۇچار-قانات، بېلىققا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ گۆشىنى يەپ زەھەرلىنىپ ئۆلۈش هادىسىلىرى كۆپ سادىر بولغان. ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ يەتكەندىن كېيىن ئۇنداق نەرسىلەرنى يېمەيدىغان بولغان. ئەجدادلىرىمىزدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇ ئادەتلەر شەكىللەنگەن دەۋردە ئىسلام دىنى تېخى مەيدانغا كەلمىگەنىدى.

ئۇيغۇرلار مەلۇم زۆرۈرىيەت تۇغۇلمىغۇچە ئاسانلىقچە ئات ئۆلتۈرۈپ يېمەيدۇ. چۈنكى ئەجدادلىرىمىز ئاتنى قەدىرلەيتتى. شۇڭا ئات ئۆستۈرۈشكە، ئاتلىق جەڭ قىلىشقا ماھىر ئىدى. ئىلى دەرياسى، قايدۇ دەرياسى ۋادىلىرىدا ئوغورغول (ئارا تۈرۈك، باركۆل، قۇمۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ۋە مۇڭغۇلىيە يايلاقلىرىدا ئەجدادلىرىمىز يېتىشتۈرگەن ئاتلارنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردە «ئىلاھى ئات»، «ئۇيغۇر ئېتى» دەپ ئاتىلىشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئات ئۆستۈرۈشتىكى ماھارىتىنىڭ نەقەدەر ئۈستۈنلۈكىنى

ئىسپاتلايدۇ. خەنزۇچە مەنبەلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا VII، VIII ئەسىرلەردىلا ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا چوڭ كۆلەمدە سودا ئالماشتۇرۇش تازا ئەۋج ئالغان. چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ «ئۆز قوشنىلىرى بىلەن ئالماشتۇرىدىغان ئاساسىي بۇيۇمى هايۋان ئىدى. هايۋان ھەممە تاۋارلارغا باھا قويۇشتا ۋاستە خىزمىتىنى ئورۇندايدىغان ۋە ھەممە يەردە مەمنۇنىيەت بىلەن ئالماشتۇرىدىغان تاۋارغا ئايلاندى. قىسقىسى هايۋان پۇل رولىنى ئويناشقا باشلىغان ۋە شۇ باسقۇچتىلا پۇل رولىنى ئوينىغان»[1]. مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى مەشھۇر «ئات-چاي سودىسى»، «ئات-يىپەك سودىسى» دەل شۇنداق ۋاستە ئارقىلىق يولغا قويۇلغان. بۇ بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلاردا ئۆز دەۋرىدە چارۋىچىلىقنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىپتىدائىي تاۋار كۆز قارىشىنىڭ يېتىلگەنلىكىنى، ئىجتىمائىي ئىگىلىك بويىچە تاۋار چارۋا ئىشلەپچىقىرىش ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئاتتىن مۇھىم ئۇرۇش ۋاستىلىرى سۈپىتىدە پايدىلىنىش بىلەن تەڭ مۇھىم قاتناش ۋاستىلىرى سۈپىتىدىمۇ پايدىلانغان. بىراق ئەجدادىمىز تېلېلار ئۆز دەۋرىدە يوغان، ئېگىز چاقلىق هارۋا ياساپ، ئۇنىڭغا ئات قوشۇپ شۇنىڭدا يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن. شۇڭا ئۇلار «دىڭلىڭ گاۋچې» (ئېگىز هارۋىلىق تېلېلار) دەپ ئاتالغان. هارۋىنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان بىر تۆھپىسى دېيىشكە بولىدۇ. مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇلۇشى ئارقىسىدا باشقا قوۋملارمۇ جەڭ هارۋىسىغا ئوخشاش ھەرخىل هارۋىلارنى ياساپ پايدىلانغان.

ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى

---

[1] «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4-توم، 156-بەت.

تۇنجى قېتىملىق چوڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىمۇ كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ باشقا ياۋايىلاردىن بۆلۈنۈپ چىقىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن»① ئىنسانلار جەمئىيىتىدە شۇنداق چوڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ پۈتۈنلەي يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۆز دەۋرىدە ئەجدادلىرىمىز چارۋىچىلىقىنى شۇ قەدەر زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرەلىگەنلىكى، پىيادە يۈرمەي هارۋا ياساپ هارۋىلىق يۈرۈشتەك مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇشى ئۇلارنىڭ قەدىمكى دەۋردىلا مەدەنىيەتكە قەدەم قويغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. چارۋىچىلىقنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ئىقتىسادىي هاياتىدا يەنىلا مۇهىم ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقى ئەجدادلىرىمىز يارىتىپ بەرگەن ئاشۇ ئاساستا ئىپادىلىنەمەكتە. ئۇيغۇرلاردىكى چىدامىلىق، ئەمگەكچان، مېهماندوست، خۇشخۇي، ئاق كۆڭۈل، مەرد-مەردانە، جەسۇر، جۇشقۇن، هالىمەن-يارىمەن، ۋەتەنپەرۋەر قاتارلىق روهىي هالەتمۇ بىپايان يايلاقتىكى كەڭ-كۇشادە، ئەركىن-ئازادە كۆچمەن تۇرمۇش شارائىتىدا يېتىلگەن، بۈگۈن بىزدىكى گۈزەل خۇلقۇ-مىجەزلەرنىڭ ئاساسىي تۈرلىرى شۇ دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولۇشى... 

چارۋىچىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي ئىگىلىك شەكلى بولغاچقا، چارۋا-ماللارنى بېقىش، پەرۋىش قىلىش، ئاينىتىش ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ پەرقلەندۈرۈش قاتارلىقلار بويىچە مول-تەجرىبە ۋە مەخسۇس ئاتالغۇلارنى، قورال-سايمانلارنى ياراتقان. چېگرىسىز كەڭ يايلاقلاردا ئايرىم-ئايرىم مال بېقىش شارائىتىغا مۇناسىپ هالدا چارۋا-ماللارغا بەلگە سېلىش: هەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى يوقالغان جاندارلارنى شۇ بەلگىلەر ياكى جاندارلارنىڭ تۇياق

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4-توم 156-بەت.

ئىزىغا قاراپ ئىزدەپ تېپىش، باشقا مال-پادىلىرىنىڭ ئىگىلىرى شۇ بەلگىلەرگە قاراپ قارشى تەرەپكە خەۋەر قىلىشتەك بىر قاتار ئادەت ۋە ياخشى خىسلەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىغا قەدەر ئۇيغۇر چارۋىچىلىرىدا داۋاملىشىپ كەلگەن ئۆز مال-پادىلىرىغا تامغا بېسىش، بەلگە (ئەن) سېلىش ئادىتى لوپنۇر، بۈگۈر، شايا، تارىم ۋادىلىرىغا جايلاشقان ئۇيغۇرلار ئىچىدە هازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. چارۋا-ماللارغا بەلگە سېلىش، تامغا بېسىش كۆچمەن چارۋىچى قوۋملارغا ئورتاق ئادەت بولسىمۇ، هەرقايسى ئۇرۇق-قەبىلىلەرنىڭ بەلگىلىرى پەرقلىق بولغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئوغۇز تۈركمەنلىرىنىڭ تامغا-بەلگىلىرى كۆرسىتىلگەن. شۇنداق تامغا-بەلگىلەر قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىمۇ بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭ شەكلى بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىغا قەدەر شەخسىي چارۋىچىلار، جايلار ئىشلىتىپ كەلگەن تامغا شەكلىدىن ئۇنى قەدىمكى تامغا-بەلگىلەر ئاساسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ تامغا-بەلگىلەر شەكىللىرىنىڭ بەزىلىرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد-ئەقىدىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇيغۇرلاردا بىرقەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان تامغا بەلگە شەكىللىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

SΨγϝ • ▷6▽<Sə⋚≡X(↔)卐Ψ∃ ⊓⊓ Ш Λ V +◯◯

تامغا — بەلگىلەر قىزدۇرۇپ تۇرۇپ چوڭ چارۋىلارنىڭ ساغرىسىغا بېسىلىدۇ. قوي، ئۆچكە قاتارلىق كىچىك چارۋىلارغا بولسا يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تامغا-بەلگىلەرنىڭ ئاددىي شەكىللىرى قۇلاقلىرىغا ئويۇپ سېلىنىدۇ. بەزىلىرىنىڭ قۇلاقلىرىنىڭ ئارقىسىغا، بەزىلىرىنىڭ قاڭشىرىغا بېسىلىدۇ. مۇنداق تامغا بېسىش، بەلگە سېلىشتىن تاشقىرى چوڭ

www.uyghurkitap.com

چارۋىلارنىڭ رەڭگى ۋە بەدىنىدىكى مەلۇم بىر ئالاھىدىلىكىدىنمۇ بەلگە سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلگەن.

چارۋا-مال ۋە بىر تۈركۈم ئۇچار-قانات، ئۆي ھايۋانلىرى، ياۋايى ھايۋانلارغا مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلار جەدۋەل ئارقىلىق كۆرسىتىلدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئەجدادلىرىمىزدا يەيدىغان گۆش تەييارلاش بويىچىمۇ ئۆزىگە خاس ئادەتلەر يېتىلگەن. ئۇلار ئوۋچىلىقتىن چارۋىچىلىققا كۆچۈش جەريانىدا بۇرۇنقىدەك ئوۋ ھايۋانلىرىنى تاياق توقماق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، تېرىلىرى بىلەن قوشۇپ كاۋاپ قىلىپ يېيىش ئورنىغا تەدرىجىي تىغ بىلەن ئۆلتۈرىدىغان، گۆشنى تېرىسىدىن ئايرىپ يەيدىغان بولدى. ئۇيغۇرلاردىكى بۈگۈنكى گۆش ھازىرلاش ئادەت-ئۇسۇلى شۇ ئادەت ئاساسىدا شەكىللەنگەن. بۇ ئادەت-ئۇسۇل مۇنداق: يېيىلمەكچى بولغان مال-چارۋا ئۆلتۈرۈلۈشتە ئالدى بىلەن ياتقۇزۇلۇپ تۆت پۇتى مەھكەم چىگىلىدۇ، ئاندىن بوينىنىڭ قۇلىقىنىڭ ئاستى قىسمىدىن ئۆتكۈر پىچاق بىلەن بوغۇزلىنىدۇ. قان ئاساسەن ئېقىپ بولغاندىن كېيىن يۇلۇنغا پىچاق ئۇرۇلىدۇ ۋە شىراقلىرى يېشىلىپ، ئارقا ئوڭ پۇتى تويىقىنىڭ ئاستىدىن تېرىسى كىچىك كېسىلىپ، ئۇ يەرگە چوكا چوڭلۇقىدا ئۇزۇنراق ياغاچ تىقىپ چاترىقىغا قەدەر بولغان تېرە بىلەن ئەت ئارىلىقىدا بىر بوشلۇق ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇ كېسىلگەن يەردىن ئېغىز ئارقىلىق پۈۋلەپ ھېلىقى بوشلۇقتىن ئۆلتۈرۈلگەن مالنىڭ پۈتۈن بەدەن تېرىسى بىلەن ئېتى ئارىلىقىغا يەل ماڭدۇرۇلىدۇ ۋە مالنىڭ پۈتۈن تېنى ھۆپپىدە كۆپكەندىن كېيىن، ھېلىقى پۈۋلەنگەن تۆشۈكتىن چاترىقىغا، چاترىقىدىن بوينىغا توغرىلاپ قېرىن تېرىسى ۋە پۇتلىرىنىڭ تېرىسى تىلىنىدۇ، ئاندىن شۇ تىلىنغان يەردىن پىچاقتا بەش-ئالتە سانتىمېتىر كەڭلىكتە تېرە سېرىق ئەتتىن ئاجرىتىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تېرىنىڭ سېرىق

# چارۋا-مال ۋە بىر قىسىم ھايۋانلارنىڭ نامى، ئاۋازى ھەم ئېيتىلىشى

| تۈرى | ئېتى | پەرقى: ئەركەك | پەرقى: چىشى | بالىسى | ئاۋازى | چاقىرىش | ھەيدەش | ئەسكەرتىش |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| چوڭ<br>چار<br>لار<br>-ۋۇ- | ئات | ئايغىر | بايتال (بىيە) | قولۇن<br>تايچاق<br>غۇنان<br>تاي | كىشنەش | تۇر-دۇر | كۇش، -<br>كوش چوھ! | |
| | يىلقا<br>كالا | بۇقا | ئىنەك (سىيىر) | موزاي<br>غوناجىن<br>تايىنچى<br>تورپاق | مۆرەش<br>ھۆكۈرەش | مۆ-مۆ | گۇش-<br>كوش هاي-<br>هۇي!<br>چوھ! | ئاتنىڭ ئومۇم<br>ئاتىلىشى<br>پىچىلغان كالىنىڭ |
| | كۆ<br>ئۆي، ئۆ-<br>تۆگە ناز<br>(تۆگە) | بۇغرا | ھىنگان | بوتا<br>بوتىلاق<br>تايلاق | ھىڭراش<br>بوزلاش<br>بوف! | | | ئومۇم ئاتىلىشى<br>پىچىلغان تۆگە |
| | قېچىر<br>ئېشەك | ئەركەك<br>ھاڭگا | چىشى<br>مادا | خوتەك<br>تەخەي | ھاڭراش | تىر-تىر! | چوھ!<br>چوھ!<br>خىت! چوھ! | |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۆشاق چارۋا | قوي | قوشقار | ساغلىق | قوزا<br>پاقلان<br>تۇقلۇ<br>مەچەك | مەرش | مەمە! | كوش!<br>كوش! | |
| | ئىرىك<br>( ئەركەك<br>قوي ) | | | | | | | پىچىلغان |
| | ئۆچكە | تېكە<br>( سەركە | چىۋش | ئوغلاق | ″ | ″ | ″ | بىر ياشلىق سەركە<br>«سەركەچ» دېيىلىدۇ |
| ئۆي<br>هايۋا-<br>ناتلىرى | ئىت | ئەركەك | قانجۇق | كۈچۈك | قاۋاش<br>ھاۋشىش | مەھ! مەھ! | چاغ!<br>كەت! | |
| | مۇشۇك | ″ | چىشى | ئاسلان | مىياۋلاش | پىش!<br>پىش! | پەش! | |
| | توشقان | ″ | ″ | بۆجەن | | | | |
| | توخۇ | خوراز | مېكىيان | چۆجە | چىللاش<br>قاقاقلاش | تۆ! تۆ! | تاخ! | |

داۋامى



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | غاز | ئەركەك | چىشى | بالىسى (چۈجىسى) | غاقىلداش | يا-يا گە-كە | هوش-كوش | |
| | ئۆردەك | 〃 | 〃 | 〃 | 〃 | | | |
| | كەكلىك | 〃 | 〃 | 〃 | سايراش | 〃 | 〃 | |
| | قىرغاۋۇل (قىرغول) | خوراز | مىكىيان | چۈجىسى | 〃 | | | |
| | بۇلبۇل | | | | 〃 | | | |
| | تورغاي | | | باچكىسى | 〃 | | | |
| | تۇرۇمچۇق | | | 〃 | 〃 | | | |
| | كەپتەر | ئەركەك | چىشى | 〃 | 〃 | | | |
| | قۇچقاچ | 〃 | 〃 | بالىسى | 〃 (ۋىچىرلاش) | | | كاككۇكنىڭ ئەركىكى يوق غورۇلاي بىلەن جۈپلىشىدۇ |
| | پاختەك | 〃 | 〃 | باچكىسى | غوققۇلداش | | | |
| | كاككۇك | | | | سايراش | | | |

داۋامى

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كېيىك | بۇغا | مارال | ئاھۇ | | | | | |
| | | | | (بالىسى) | | | | | |
| | | | | بالىسى | | | | | |
| | جەرەن | تېكە | چىشى | | | | | | |
| | رۇق | | | | | | | | |
| | ئاقۇي- | | | | | | | | |
| | ئارقار | قوشقار | چىشى | | هۆركىرەش | | | | |
| | | 〃 | 〃 | كۈچۈك | | | | | |
| | بۆكەن | | | | | | | | |
| | يولۋاس | ئەركەك | چىشى | (بالىسى) | //// | | | | |
| | (بارس) | | | | | | | | |
| | | 〃 | 〃 | 〃 | | | | | |
| | شىر | | | | هوۋلاش | | | | |
| | | 〃 | 〃 | 〃 | 〃 | | | | |
| | بۆرە | | | | | | | | |
| | | 〃 | 〃 | 〃 | | | | | |
| | تۈلكە | | | | خورتۇلداش | | | | |
| | | 〃 | 〃 | 〃 | | | | | |
| | مولۇن | قاۋان | مېكىنجىن | 〃 | | | | | |
| | توڭگۇز | | | | | | | | |
| | (چوشقا) | | | | | | | | |

ئەتتىن ئاجرىتىلغان يېرىدىن مۈشت بىلەن تىقمىلاپ تېرە دۈمبىسىگە قەدەر سېرىق ئەتتىن ئاجرىتىلىدۇ، ئاندىن قىزىل ئۆڭگەچ يېرىپ چىقىرىلىپ ئىن چىقىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بوغۇپ تاشلىنىپ، بېشى، ئالدى ئىككى شىرىقى كېسىپ تاشلىنىش بىلەن يەرگە تەگكۈسىز قىلىپ ئارقا پۇتىدىن ئېسىپ قويۇلىدۇ (ئالدىن بىر ئېگىزلىككە سېلىنغان ئارغامچىغا ئارقا پۇتىنىڭ لېپەك ئاستىدىكى پېيى ئارغامچىغا كىرىشتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئېسىلىدۇ) ئېسىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن تېرە قۈيرۇقتىن ئاجرىتىلىپ، تۆۋەنگە قارىتىپ سويۇپ ئېلىنىدۇ. ئاندىن قورساق يېرىلىپ، بىرىنچى قەدەمدە ئاچچىق ئۈچەي (ئاساسەن قوي-ئۆچكىنىڭ) سىرىپ ئېلىنىدۇ، ئىككىنچى قەدەمدە قالغان ئىچكى ئەزالىرى چىقىرىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۆپكىگە پىچاق تەگكۈزۈۋەتمەسلىك شەرت. چۈنكى پىچاق تەگكەن ئۆپكىنى قۇيغىلى بولمايدۇ. قېرىن چىقىرىلىش بىلەن دەرھال ئىن تۆكۈپ چىقىرىلىپ قېرىنغا تۇتاش تۇرىدىغان ئۈچەينىڭ بۆرى يېمەس قىسمى كېسىپ تاشلىنىدۇ. ئۈچار-قاناتلارنى بولسا، ئالدى بىلەن بوينىدىن بوغۇزلاپ قېنى ئېقىپ توختىغاندا بېشى، پۇتى (تىزىدىن) كېسىپ تاشلىنىپ ئاندىن ئىچى-قارنى تازىلىنىپ يۇيۇلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۈچار-قاناتلار ئىچىدە توخۇنىڭ يۈرەك، بۆرەك ۋە تاشلىقىنى يەپ ئادەتلەنگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقىلىرىنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى يەپ ئادەتلەنمىگەن، شۇنىڭدەك قوي، ئات، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ قېنىنىمۇ ئىچىپ (يەپ) ئادەتلەنمىگەن. بۇ ئېھتىمال يېمەكچى بولغان جاندارنى بوغۇزلىغاندا، ئۇنىڭ قېنىنى چىقىرىۋېتىش ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئىسلامىيەتتىن كېيىن جاندار ئۆلتۈرۈشتە، ئۇنىڭ بېشىنى قىبلە تەرەپكە (غەربكە) قارىتىپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بوغۇزلاش ئادىتى ۋە مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى

ئۆلۈش هالىتىگە چۈشۈپ قالغان قوي، ئات-كالا قاتارلىقلارنى بوغۇزلىغاندا قان چىقمىسا «هارام بولۇپ قالدى» دەپ گۆشىنى يېمەيدىغان ئادەت شەكىللەنگەن. بېلىقنىڭ بېشىغا كىچىك توقماق بىلەن ئىككى ئۇرۇپ قويۇلىدۇ، بۇ بېلىقنى بوغۇزلىغانغا باراۋەر دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىچىدە بېلىق توغرىسىدىكى رىۋايەتتە بېلىقنى خۇدا ئاسماندىن بوغۇزلاپ چۈشۈرۈپ بەرگەن، شۇڭا ئۇنىڭ بوينى كېسىك (ساقىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) دەپ هېكايە قىلىنىدۇ.

## دېهقانچىلىق

دېهقانچىلىق ئۇيغۇرلاردا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىقتىسادىي تارماق. كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كېلىپ چىققان ئولتۇراق تۇرمۇش تەقەززالىقى ئۇلارنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىدا زور بۇرۇلۇش هاسىل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ياشىغان بەزى رايونلاردا دېهقانچىلىق قوشۇمچە، بەزى رايونلاردا ئاساسلىق ئىگىلىك سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

ئاشلىق زىرائەتلىرى بويىچە مىلادىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە بۇغداي، تېرىق، چۈژگۈن، ئارپا قاتارلىقلارنى ئۆستۈرۈشكە ئادەتلەنگەن. كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ۋادىسىدىكى بۇنىڭدىن 4700 نەچچە يىل بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت بىر قەبرىدىن چىققان بۇغداي؛ چەرچەننىڭ زاغۇنلۇقتىكى بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت بىر قەبرىدىن چىققان توقاچ ئەنە شۇنىڭ كۈچلۈك پاكىتى. دېهقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز تېپىدىكى ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش، پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن. ئۇيغۇرلار بۇغداي ياۋىسىنى «غۇدۇر بۇغداي» دەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ ئاتالغۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پاكىتقا ئاساسەن

بۇغداينى ئالدى بىلەن بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئارخېئولوگ ۋاڭ بىڭخۇا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قەدىمكى قەبرىدىن چىققان بۇغدايغا ئاساسەن ئۇنى «مەملىكەت بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئۆستۈرۈلگەن بۇغداي ئەۋرىشكىسى. . . شىنجاڭدا بۇغداي مەملىكەت بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئۆستۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىر ئۇلۇغ تۆھپىسى»① دەيدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن بىزنىڭ ئۇ قارىشىمىزنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلۇقىنى ۋاستىلىك ھالدا ئىسپاتلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن «بۇغداي شىنجاڭغا ئىراندىن كىرگەن» دېگەن قاراشنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. كېۋەز تېرىقچىلىقىمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. نىيە ناھىيىسىدىن شەرقىي خەن دەۋرىگە ئائىت قەبرىلەردىن پاختا يىپ توقۇلمىلار چىققان. «ۋېينامە. تېبىلار ھەققىدە قىسسە» دە، «غەربكە يېقىن جايلاشقانلار كۆپىنچە باغۋەنچىلىك، ئىكىنچىلىك قىلاتتى» دېگەن خاتىرە قالدۇرۇلغان. بۇ ئىككى تارىخىي پاكىتمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز دەۋرىدە بۇرۇنلا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن، كىشىلىك تۇرمۇشىدا ئېھتىياجلىق بولغان ئاشلىق زىرائەت، ئىقتىسادىي زىرائەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك، مەسىلەن، بۇغداي، ئارپا، قوناق (ئاق قوناق، كۆممىقوناق) شال، تېرىق، ھەر خىل پۇرچاق، كېۋەز، زىغىر، كۇنجۇت، قىچا، زاراڭزا، تاماكا، كەندىر، ئاپتاپپەرەس قاتارلىقلارنى تېرىپ ئۆستۈرۈشكە ئادەتلەنگەندىن تاشقىرى،

① ۋاڭ بىڭخۇا: «كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ تېپىلىشى ۋە دەسلەپكى تەتقىقات» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، خەنزۇچە 83-يىل 3-سان).

ئۆلارنى قانداق تېرىش، قانداق پەرۋىش قىلىش، يىغىش، ساقلاش، ئىستېمال قىلىش بويىچە، شۇنىڭدەك زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش قانۇنىيىتىنى ۋە ئۆسۈش قانۇنىيىتىگە مۇناسىپ يەر، پەسىل-مۆچەللەرنى بەلگىلەش بويىچە، سۇغىرىش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى بويىچە مول تەجرىبىلەرنى ياراتقان.

ئۇيغۇرلاردا سۇ ئىنشائاتچىلىقىمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. تارىم ئويمانلىقىدا دېھقانچىلىقنىڭ ئاساسەن سۇغىرىش ئارقىلىق بولىدىغانلىقىنىڭ ئۆزىلا سۇ ئىنشائاتچىلىقىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ساھەدە ئەجدادلىرىمىز دەريالارغا توغان سېلىش، ئېرىق-ئۆستەڭ قېزىش، تاغ ۋە يەر ئاستى سۇلىرىدىن پايدىلىنىش بويىچە مول تەجرىبىلەرنى ياراتقان. كېرىيە ناھىيىسىدىكى «قارلۇق» نامىدا ئاتالغان غول ئۆستەڭ — قارلۇق ئۆستەڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىلا سۇ ئىنشائاتچىلىقىنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۇ ئىنشائاتچىلىقىدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بىر ئىجادىيىتى — كارىزدۇر. كارىز يەر ئاستى سۈيىنى قۇدۇق قانۇنىيىتى بويىچە تاغ ئېتىكىدىكى ئېگىزلىكتىن لەخمە قېزىش ئارقىلىق يەر يۈزىگە باشلاپ چىقىرىدىغان بىر مۇرەككەپ قۇرۇلۇش. كارىز قۇرۇلۇشىدا ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن بىر نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى دەۋرگە نىسبەتەن خېلى مۇرەككەپ تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان: تاغ ئېتىكىدىن قېزىلغان بىرىنچى قۇدۇقنىڭ (بىر كارىزدا تەخمىنەن 20—30 دەك قۇدۇق بولىدۇ) ئاستىدىكى تۇرلۇك سۇنىڭ يەر يۈزىگە چىقىش ئورنىدىكى تۆزلۈككە باراۋەر قىلىنغان، بۇ باراۋەرلىك لەخمىنىڭ ئېگىزلىككە قاراپ سوزۇلغان يانتۇلۇقى ئارقىلىق توغرىلانغان.

ئەمما كارىز چېپىشنى باشقىلاردىن ئۆگەنگەن، دېگەن

قاراشلارمۇ مەۋجۇت. روشەنكى، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قانۇنىيىتى ئوخشاش. شۇنىڭدەك ئىنسانلار ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش، ئالماشتۇرۇشتىن ئەزەلدىن خالىي بولغان ئەمەس. شۇڭا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ بەزى شەكىللىرىنىڭ ئوخشاپ كېتىشى تەبىئىي. بۇنىڭلىق بىلەن مەلۇم بىر جايدىكى مەلۇم بىر شەكىلنىڭ باشقا بىر جايدىكى شۇ تىپتىكى شەكىلگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىغا قاراپلا ئۇنى باشقىلاردىن ئۆگەنگەن دېيىلسە، كىشىلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە گۇمانلىق قارالغان بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا باغۋەنچىلىكمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ئاز-تولا شارائىتى بارلا ئادەم باغ-باراڭ قىلىشقا ئادەتلەنگەن. شارائىتى يوق دېگەنلەرمۇ ئىشىك ئالدى يا كەينىگە بىرەر-يېرىم تۈپتىن ئۈجمە، سۆگەت قاتارلىق دەرەخ ئۆستۈرىدۇ، كاۋا-قاپاق، ھەشقىپىچەك قاتارلىقلارنى تېرىپ باراڭ قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار باغۋەنچىلىكتە ئاساسلىقى ئۈزۈم، ئۈجمە، ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل، نەشپۈت، ئامۇت، ئەينۇلا، ئانار، ئەنجۈر، بېيە، گىلاس، جىنەستە، ياڭاق، بادام، چىلان، شاتۇت، قارا ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلەرنى يېتىشتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قوغۇن، تاۋۇزمۇ ئۆستۈرىدۇ. باغۋەنچىلىك ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئۇيغۇرلار ئۇزۇن يىللىق باغۋەنچىلىك ئەمەلىيىتىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ يۈرۈپ مېۋىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرگەن ۋە بەزى مېۋىلەرنىڭ نەچچە خىل سورتلىرىنى يېتىشتۈرگەن. قاغىلىقنىڭ ئانىرى، خوتەننىڭ ياڭىقى، ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرى، كۇچا، بۈگۈرنىڭ ئۆرۈكى، كورلىنىڭ نەشپۈتى، پەيزىۋات، پىچاننىڭ قوغۇنى، تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى ناھايىتى ئاتاقلىق. پىچاننىڭ قوغۇنى، تۇرپاننىڭ كىشمىش ئۈزۈمى، كورلىنىڭ نەشپۈتى دۇنيا بازىرىدىمۇ يۇقىرى شۆھرەتكە ئىگە. ئىلى، ئاقسۇنىڭ ئالمىسىمۇ داڭلىق.

ئۆرۈكنىڭ كىشمىش ئۆرۈك، ياغلىق ئۆرۈك، تۇكلۇك ئۆرۈك، ئاق ئۆرۈك، خوۋەينە، چوقۇر ئۆرۈك، تويۇن ئۆرۈك قاتارلىق سورتلىرى، سايۋا، مۇناقى، غۇنچە ئۈزۈم، كىشمىش ئۈزۈم، قارا ئۈزۈم قاتارلىق ئۈزۈم سورتلىرى. كۆكچى (ئاق — قارا دەپ ئايرىلىدۇ)، پوستىپياز، ناشپەر، بېشەكچە، سەۋزىنازۇك، مەككە، چىلگە، جاغدا قاتارلىق قوغۇن سورتلىرى بار. يېتىلىش ۋە چىداملىق خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، يازغى (يازلىق) كۈزگى قوغۇن دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. كۈزگى قوغۇننى ئۈزۈنغىچە ساقلاپ يېيىشكە بولىدۇ. چىلگە قوغۇنىنىڭ ئەڭ بۇرۇن پىشىدىغان تۈرى. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئاشلىق زىرائەت تۈرلىرىنىڭ بالدۇر ۋە كېچىكىپ پىشىدىغان سورتلىرىنىڭ نامىغا «چىلگە»، «كەنجى» سۆزىنى قوشۇپ ئاتايدۇ. مەسىلەن، چىلگە شال، كەنجىشال، چىلگە قوناق ۋەھاكازا. ئۇيغۇرلاردا باغۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن مېۋىنىڭ تاۋارلىق قىممىتىمۇ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن مېۋە سودىسى، مېۋە پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى قاتارلىق ساھەلەرمۇ شەكىللەنگەن. مەسىلەن، باققالچىلىق، مۇراباچىلىق، (ۋارىنچىلىق) ھەر خىل مۇراببا قايناتىشنى ئۇيغۇرلاردا ئومۇميۈزلۈك ئىجتىمائىي ئادەت دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. شارائىتى بار ئائىلىلەردە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان مېۋىلەردىن بىر نەچچە تۈرلۈك مۇراببا ھازىرلىنىۋالىدۇ. ئۇيغۇرلار تەييارلايدىغان مۇراببالار ئىچىدە ئەنجۈر مۇراببىسى، بېيە مۇراببىسى، ئانار مۇراببىسى، ئانار شەربىتى ئەڭ مەشھۇر. بۇ مۇراببالار يۈرەك، نېرۋا، ئاشقازان، مېڭە ئاجىزلىقلىرى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش بويىچىمۇ مەخسۇس پايدىلىنىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار باغۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كېلىپ چىققان مېۋە-چېۋىلەرنىڭ بۇزۇلۇپ ئىسراپ بولۇپ كېتىشتەك

زىددىيەتلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنىمۇ تاپقان. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدە ئېشىنغان گۆش، بېلىقلىرىنى قۇرۇتۇپ قاق قىلىپ زاپاس ساقلاش ئادىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مېۋىلەرنىمۇ قاق قىلىشقا ئادەتلەنگەن. قاق قىلىنغان ۋە قىسمەن ھۆل مېۋىلەرنى يىل ئاشۇرۇپ ساقلاش بويىچە مول تەجرىبىلەرنى ياراتقان، بۇ توغرىدا دېھقانلارنىڭ ئۈزۈمنى كېلەر يىلى 3-ئايلارغىچە يايپېشىل ساقلايدىغانلىقىنى؛ قوغۇننى كېلەر يىلى قوغۇن تېرىشقا قەدەر ساقلايدىغانلىقىنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

مېۋە قاقلىرى ئىچىدە تۇرپاننىڭ كىشمىشىدىن باشقا كۇچا، قەشقەر، بۈگۈرنىڭ ئۆرۈك قېقى، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارنىڭ شاپتۇل قېقى، ئاتۇشنىڭ ئەنجۈر قېقى ئەزەلدىن ناھايىتى داڭلىق. بۇنىڭدىن تاشقىرى قوغۇن قېقىمۇ ناھايىتى داڭلىق. كۇچانىڭ خورما قېقى تەييارلىنىش، تەمى، رەڭگى جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا يۇكسەك داڭق قازانغان. ئۇيغۇرلار ئۆرۈك قېقى، قوغۇن قېقىنى باشقا قۇرۇق مېۋىلەر قاتارىدا دائىم ئىستېمال قىلىشتىن تاشقىرى پولۇغا بېسىپمۇ يەيدۇ. مۇنداق پولۇ ئۆزگىچە تەملىك بولىدۇ. ئۆرۈك قېقى شويلىغا سېلىنسا، شويلا تېخىمۇ تەملىك ۋە يېيىشلىك بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى «يېتىپ يەي دېسەڭ باغ قىل، بېقىپ يەي دېسەڭ مال قىل» دېگەن ماقال باغۋەنچىلىكنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئەۋزەللىكلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

تېرىقچىلىق ئۇسۇلى جەھەتتىن: ئۇيغۇرلار 50-يىللارغىچە ئۆلكە تېرىلغۇسىنى ئاساس، بىنام تېرىلغۇسىنى قوشۇمچە قىلىپ ئادەتلەنگەن. ئۆلكە يېرىدە ئاقتامچىلىق ئۇسۇلى قوللىنىلاتتى.

بىنام تېرىلغۇسى شىمالىي شىنجاڭدا يامغۇر-يېشىن كۆپ

بولغاچقا تاغ باغرى-ئېتەكلىرىگە قىلىناتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدا دەريا ۋادىلىرى، توقايلىقلاردىكى تەبىئىي ئۇسا بولۇپ قالغان يەرلەردىن باشقا، ئاساسلىقى دەريالارغا توغام سېلىپ، ئۆستەڭ ئېلىپ مەخسۇس ئۇسا قىلىنغان يەرلەرگە قىلىناتتى. بەزى كۆل بويلىرىدىكى پارچە تۇزلەڭلىكلەرگىمۇ قىلىناتتى. بۇنداق يەرگە تېرىلغان ئاشلىق بىر تېرىپ قويۇش بىلەنلا پىشقاندا يىغىۋېلىناتتى. بىنامغا بۇغداي، ئارپا، قىچا تېرىلاتتى، بۇنداق بىنام ئادەتتە بىر قېتىم تېرىلىش بىلەن كۆپ دېگەندە ئىككى قېتىم تېرىلىش بىلەن تاشلىنىپ قالاتتى.

ئۇيغۇرلاردا ئۆلكە يېرىنى ئوغۇتلاش ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوغۇت مەنبەسى ئاساسەن ئۆي هايۋانلىرىنىڭ قىغى، ئۆسۈملۈك يىلتىزلىرىنىڭ چىرىشى بىلەن هاسىل بولغان دۆڭلۈك توپىلىرى ۋە ئولپاڭ (كونا بۇزۇلغان ئۆي-ئىمارەت، كاڭ-سۇپا توپىلىرى) دىن ئىبارەت. كۆكتات قىغ، گەندە بىلەن ئوغۇتلىناتتى. مەيلى ئۆلكە يېرى ياكى بىنام بولسۇن ئۇرۇق چېچىپ تېرىلاتتى. قوناق، كېۋەز قاتارلىقلار ئۇنۇپ چىقىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن تاقلىناتتى ۋە بىر ئىككى قېتىم ئوتىلاتتى. دېھقانچىلىق قورال-سايمانلىرىمۇ كەتمەن-گۈرجەك، ئورغاق، بوقۇسا-ساپان، ئارا، تولۇق (خامان تاش)، غەلۋىر، ئۆتكەمە، سۆرەم قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئاددىي قوراللار ئىدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا 50-يىللاردىن بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىقچىلىق ئۇسۇلى بىر قەدەر ئاددىي، مو بېشىغا ئېلىنىدىغان هوسۇلمۇ بىر قەدەر تۆۋەن ئىدى. شۇڭا قوشۇمچە تېرىقچىلىق قىلىناتتى. ئازادلىقتىن كېيىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئىلغار تېرىقچىلىق ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلىرى قوبۇل قىلىنىپ تېرىلغۇ تۇجۇپىلەپ قىلىنىدىغان، ئۇرۇق قۇرلاپ تېرىلىدىغان بولدى. بۇغداي، كېۋەز، شال، قوناقلارنىڭ ئەلا

سورتلۇق ئۇرۇقلىرى كىرگۈزۈلۈپ ئومۇملاشتۇرۇلۇشقا باشلىدى. يېڭى تېرىقچىلىق ماشىنا سايمانلىرى قوللىنىلىدىغان بولدى. بىنام تېرىلغۇسىنى بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇش ئالدى. بۇ ئامىللار ئازادلىقتىن كېيىن يەر ئىسلاھاتى ئارقىلىق ئازادلىققا ئېرىشكەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ھەر يىلى تۇراقلىق ھالدا كېڭىيىپ، ئاشلىق مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتى يىلسېرى ئۆسۈپ مېڭىش بىلەن شىنجاڭنىڭ بۇگۈنكىدەك يېرىم ماشىنىلاشقان يېرىك دېھقانچىلىقىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇرلاردا كۆكتاتچىلىقمۇ خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئۇيغۇرلار بۇرۇن ئاساسلىقى پىدىگەن، چامغۇر، پالەك، يۇمغاقسۇت، پىياز، سەۋزە، تۇرۇپ ۋە تەرخەمەك، كۇدە، سامساق، شوخلا (پەمىدۇر)، كاۋا قاتارلىقلارنى ئۆستۇرۇپ ئىستېمال قىلىپ كەلگەن. كېيىنكى دەۋرلەردە بەسەي، لازا، جاڭدۇ، چىڭسەي، كاپوستا، ياڭيۇ قاتارلىق كۆكتاتلارنىمۇ ئۆستۇرۇپ ئىستېمال قىلىدىغان بولغان. ئاق شورپىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك يېمەكلىرى كۆكتاتسىز بولمايدۇ. زىرە، ئارپا، پىدىيان، پىننە گەرچە كۆكتات تۇرىگە كىرمىسىمۇ ئۇيغۇرلار ئۇنى دورا-دەرمەك ئورنىدا ئۆستۇرىدۇ.

## قول سانائەت

ئۇيغۇرلاردا قول سانائەتمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت بۇيۇملىرىدىن قارىغاندا ئەجدادلىرىمىزدا ساپالچىلىقتىن باشقا، ئالدى بىلەن توقۇش قول ھۈنىرى مەيدانغا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. كۆنچى دەرياسىنىڭ

تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمكى قەبرىدىن چىققان سېۋەت ۋە يۇڭ پالاز، تون؛ چەرچەننىڭ زاغۇنلۇقتىكى قەبرىدىن چىققان ئەرەنچە، ئايالچە كىيىم ۋە بوۋاق يۆگىكى، يۆگەك چىگىلگەن كاشىما قاتارلىقلار شۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭدىن قالسا، تېرىچىلىك تەرەققىي قىلغان بولۇشى مۇمكىن، ئەنە شۇ قەبرىدىن چىققان كالا تېرىسىدىن ئەيلەپ ئىشلەنگەن ئۇزۇن قونچىلىق ئۆتۈك شۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

50-يىللارغىچە بولغان دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قول سانائىتى ئەھۋالىدىن ئالغاندا، قول ھۈنەر توقۇمىچىلىقى، كۆن خۇرۇمچىلىقى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. بۇ ئىككى خىل مەھسۇلات ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى باشقا قېرىنداش مىللەت خەلقىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ كىيىم-كېچەك مەنبەسىنىڭ ئاساسى بولۇپ كەلگەن.

قول ھۈنەر توقۇمىچىلىقى پاختا يىپ توقۇمىچىلىقىدىن باشقا، يۇڭ (ۋە يۇڭ پاختا يىپ ئارىلاش) توقۇمىچىلىقى، يىپەك توقۇمىچىلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. قول ھۈنەر توقۇمىچىلىقى ئاساسىدا توقۇلغان ماتا-چەكمەن، ئەتلەس-شايى، بەقەسسەم، رەڭدار پالاز ۋە گىلەم، ھەر خىل ئاياغ كىيىملەر ئۆز دەۋرىدە شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن تاشقىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوشنا رايونلارغىمۇ كۆپلەپ چىقىرىلاتتى.

بۇنىڭدىن باشقا زىننەت بۇيۇملىرىنى، كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا كېرەكلىك تۆمۈر، مىس، ياغاچ بۇيۇم قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تۈرلىرىمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. كۆچانىڭ قىلىچ، پىچىقىنىڭ تاڭ دەۋرىدىن تارتىپلا مەشھۇرلۇقى شۇنىڭ پاكىتى.

دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش بويىچىمۇ تۈگمەن، جۇۋاز، چىغىرىق، يىپ ئىگىرىش، يىپەكچىلىك

(مەشۈت يىپ ئېلىش) قول سانائەت تۈرلىرى ئىجتىمائىي كەسىپ سۈپىتىدە تەرەققىي قىلغان.

**تۈگمەن:** تۈگمەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرىدە ئۈن تارتىشقا ئىشلەتكەن يارغۇنچاقنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلغان شەكلى بولۇپ، بەزى يېزا-قىشلاقلاردا تا بۈگۈنگە قەدەر ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرۇپ كەلمەكتە، تۈگمەن بىلەن يارغۇنچاقنىڭ پەرقى: تۈگمەن ھەر جەھەتتىن ئىلغار بولۇپ سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ. يارغۇنچاق ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ. يارغۇنچاق تەخمىنەن ئۈچ-تۆت سانتىمېتىر قېلىنلىق، 20 سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى ئىككى پارچە تاشنى جۈپلەشتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، ئۈستى پايىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك ئېچىلىدۇ، ئاستى پايغا ئۈستى تۆشۈكىگە توغرىلاپ تۆشۈك ئويۇلۇپ، ئۇنىڭغا چىڭ ياغاچتا ئوق بېكىتىلىدۇ. ئوق ئۈستى پايىنىڭ تۆشۈكىدىن ئازراق چىقىپ تۇرغۇدەك ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، ئۈستى پاي شۇ ئوققا مىندۈرۈلىدۇ. ئۈستى پايىنىڭ گىرۋىكىگە يېقىن بىر جايدىن يەنە تۆشۈك ئويۇلۇپ، ئۇنىڭغا ياغاچتىن تۇتقۇچ بېكىتىلىدۇ. تۇتقۇچ بىلەن ئۈستى پاي چۆگىلىتىلىدۇ، تۆشۈكتىن ئۇدۇللۇق دان چۈشۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دان يانجىلىپ يۇمشاپ بىر چەتتىن ئاستا ئۈن بولۇپ چۈشىدۇ. يارغۇنچاق ئۈنى ئادەتتە يىرىكرەك كېلىدۇ، ئۈستى پاي قانچە قېلىن بولسا، ئۈنىمۇ شۇنچە يۇمشاق چىقىدۇ. ئۈن چىقىرىش مىقدارىمۇ چەكلىكلا بولىدۇ.

تۈگمەن يارغۇنچاقتىن خېلى مۇرەككەپ بولۇپ ياغاچ، تاش ۋە تۆمۈر قاتارلىق ئۈچ خىل ماتېرىيالدىن ياسالغان. ئۈن چىقىرىش مىقدارى يارغۇنچاقتىن يۈز نەچچە ھەسسە ئارتۇق. شۇڭا ئۇنى ياغاچتىن ياسالغان «ئۈن زاۋۇتى» دېيىشكە بولىدۇ. تۈگمەنمۇ يارغۇنچاق قائىدىسى ئاساسىدا ياسالغان. تۈگمەن —

تۈگمەن تاش، چاقپەلەك، ئوق، پاقىلەك، تەڭشىگۈچ، سۆكەن، چىكىلەك، نو قاتارلىقلاردىن قۇراشتۇرۇلۇپ مەخسۇس ئۆي ئىچىگە قۇرۇلىدۇ.

**تۈگمەن تېشى:** تۈگمەن تېشى يارغۇنچاق تېشىدىن ئىككى-ئۈچ ھەسسە چوڭ ۋە ھەر ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك ئېچىلغان بولۇپ، ئاستى پېيى — ئاستىغا قاتار ياتقۇزۇلغان تاختاينىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇقىم قىلىپ بېكىتىپ تاشلىنىدۇ، ئۈستى پېيى ھەرىكەتچان كېلىدۇ.

**چاقپەلەك:** چاقپەلەكنىڭ شەكلى، چوڭلۇقى مەپە چاقىغا ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇلتاڭسىز بولۇپ، گۈڭگىلىرى يەنى قاناتلىرى قويۇق، چاقپالەك بېشىغا قىيپاش شەكىلدە بېكىتىلگەن بولىدۇ.

**ئوق:** ئوق تومۇلۇقى كەتمەن سېپىچىلىك بولغان، بىر يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تۆمۈردىن ئىبارەت بولۇپ، تۈگمەن تېشى بىلەن چاقپەلەك شۇ ئوق ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلىدۇ. ئوقنىڭ بىر بېشى چاقپەلەك بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ ئاستىغا توغرىسىغا ياتقۇزۇلغان ياغاچقا ئورنىتىلغان چۆيۈن كۆزگە قوندۇرۇلىدۇ. يەنە بىر بېشى ئۈستى پاينىڭ ئاستى يۈزىگە ئورنىتىلغان پاقىلەككە بېكىتىلىدۇ.

**پاقىلەك:** بۇ ياپىلاق تۆمۈر بولۇپ، ئۈستى پاينىڭ ئوتتۇرىسىغا شۇ شەكىلدە ئويۇلغان ئورۇنغا چىپ قىلىپ بېكىتىلىدۇ.

**تەڭشىگۈچ (قۇلاق دەپمۇ ئاتىلىدۇ):** بۇ ئوقنىڭ پاقىلەكتىن چىقىپ تۇرغان ئۇچىغا بېكىتىلگەن چىڭىتقۇچقا قارىتىلغان. ئۇ ئۇنى يۇمشاق تارتىشقا توغرا كەلگەندە ئوڭغا، يىرىك تارتىشقا توغرا كەلسە سولغا بۇراسا، ئۈستى تاش ئاستى تاش بىلەن چىڭ جىپسىلىشىدۇ ياكى بوشايدۇ. شۇڭا «تەڭشىگۈچ» دەپ ئاتالغان.

**سۇكەن:** بۇ ئاغزى كەڭ ئاستى تەرىپى تار ئۈچ بۇرجەك شەكىلدىكى ساندۇق بولۇپ، ئاستى تۈگمەن بوغۇزىغا توغرىلاپ تورۇسقا ئېسىپ قويۇلىدۇ. بۇنىڭغا تاتىلىدىغان دان قاچىلىنىدۇ.

**چىكىلدەك:** بۇ بىر ئۇچى سۇكەن تۆشۈكىگە كىرگۈزۈلگەن تاياقچىغا بېكىتىلگەن يېسسى ياغاچ پالاق بولۇپ، ئۈستى پايىنىڭ ئۈستىگە قويۇقلۇق تۇرىدۇ. ئۇ تاش چۆگىلەش بىلەن «چىك-چىك» ئاۋاز چىقىرىپ تەۋرىنىپ، سۇكەندىن بىر تەكشىلىكتە تۈگمەن بوغۇزىغا دان چۈشۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ «چىكىلدەك» دەپ ئاتالغان.

**نو:** بۇ چاقپەلەك قانىتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرىلاپ يانتۇ شەكىلدە پەسكە قارىتىپ ئورنىتىلغان سۇ چۈشۈرگۈچ. ئۇ تەبىئىي كوڭتەي ياغاچ ياكى تاختايدا ياسىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 3—5 مېتىردەك كېلىدۇ. ئۈستى تاش نودىن چۈشكەن سۇنىڭ چاقپەلەككە قاتتىق ئۇرۇلۇشى بىلەن دەرھال ھەرىكەتلىنىپ چۆگىلەيدۇ.

**جۇۋاز:** بۇ قىن، ئوق، شوتا قاتارلىق ئۈچ بۆلەكتىن قۇراشتۇرۇلغان، ھايۋان كۈچى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ ياغ تارتىدىغان «ياغاچ ماشىنا».

**قىن:** بۇ ئوتتۇرىسى ئوخشىمىغان شەكىل، چوڭلۇق، چوقۇرلۇقتا ئويۇلۇپ تەڭ يېرىمىنىڭ يان تەرىپىگە ئېغىز چىقىرىلغان 2.5 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچ. ئوتتۇرىسى 3 سانتىمېتىر چوڭقۇر، 5 سانتىمېتىر كەڭ تەخسە شەكىلدە يۇمىلاق ئويۇلغان. ئىككىنچى، ئۇنىڭ قاق ئوتتۇرىسى يەنە ئويۇلغان بولۇپ، چىلگىگە ئوخشاش ۋە چىلگە پاتقۇدەك يۇمىلاق كېلىدۇ. دان يانجىيدىغان ئوق بېشى شۇ يەرگە بېكىتىلىدۇ. ئۇ ئىشىك موجۇقىغا ئوخشاش رول ئويناپ بەرگەچكە جۇۋازنىڭ بۇئورنى «موجۇق» دەپ ئاتالغان. موجۇقنىڭ ئاستىدىن ھېلىقى

www.uyghurkitap.com

ئېغىزغا توغرىلاپ چىغ تومۇلۇقىدا قىيپاش تۆشۈك تېشىلگەن بولۇپ، ياغ شۇ يەردىن ئېقىپ چىقىدۇ.

**شوتا:** جۇۋازنىڭ بۇ بۆلىكىنىڭ ئوينايدىغان رولى هارۋا شوتىسىغا ئوخشاش بولغاچ شوتا دەپ ئاتالغان. قىن شۇ شوتا ئارىلىقىدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىر تەرىپى 50 — 60 سانتىمېتىر ئۇزۇن ۋە قىن چوڭلۇقىغا باراۋەر كەڭ بولۇپ، ئۈستىگە بېسىم هاسىل قىلىدىغان تاش قويۇلىدۇ. شۇتىنىڭ ئىككى تەرىپى تەخمىنەن بىر يېرىم مېتىر ئېگىز توغرىسىغا قويۇلغان قونداقىقا چېتىلغان. ئوقنىڭ بىر بېشى شۇ قونداقىقا قىيپاش بېكىتىلگەن بولىدۇ. ئوقنىڭ مۇجۇقتا تۇرىدىغان بېشى مۇجۇق ئىچىدە ئايلانغۇدەك چوڭلۇقتا يۇمىلاق كېلىدۇ. جۇۋاز ئايلانغاندا دان ئوق بىلەن مۇجۇق ئارىسىدا قاتتىق سىقىم ئاستىدا يانجىلىپ يېغى چىقىدۇ. شوتىغا ئېشەك ياكى كالا قوشۇلىدۇ. چەت يېزا - قىشلاقلارنى هېسابقا ئالمىغاندا هازىر جۇۋازنىڭ هېچقانداق رولى قالمىدى.

ئەجدادلىرىمىز قول هۈنەر توقۇمىچىلىقىدا توقۇلمىلارغا يىپ هازىرلاش بويىچە ئىككى خىل «چاق» ئىشلىتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ بىر خىلى «چاق» يەنە بىر خىلى «يىك چاق» دەپ ئاتىلىدۇ. چاقمۇ پۈتۈنلەي ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، باش، يىك، قانات، قونداق ۋە قانات ئوقى، تۇتقۇچ قاتارلىق بۆلەكلەردىن قۇراشتۇرۇلغان، قول بىلەن هەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان يىپ ئىگىرىش «ماشىنىسى». يىك مەخسۇس ئىرغاي ياكى شۇنىڭدەك چىڭ، تۈز ياغاچتىن قىرغىدا قىرىپ ياسىلىدۇ.

يىك چاق ناهايىتى ئاددىي بولۇپ، غالتەك ۋە تىك يىكتىن ياسالغان، غالتەك پىيالە ئاغزى چوڭلۇقىدا، يىكى 20 سانتىمېتىر ئۇزۇن بولۇپ ئىككىلىسىلا ئادەتتىكى ياغاچتىن ياسىلىدۇ. دەسلەپتە يىك ئادەم ياقالچىقىنىڭ بولجۇڭىغا تاقىلىپ ئالىقان بىلەن هىمىرلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن غالتەك پىرقىراپ

سول قولدا تۇتۇپ تۇرۇلغان ئۇچتىن يىپ سوزۇلۇپ چىقىدۇ. كېيىن غالتەك پىرقىرىتىلىدۇ. غالتەك چاقتا ئاساسەن پالاز، تاغار قاتارلىق يىرىك توقۇلمىلار ئۈچۈن يىپ (يۇڭ يىپمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئىگىرىلىپ كەلگەن. غالتەك چاق لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ناھايىتى ئومۇملاشقان. 90 ياشلاردىن ھالقىغان پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، لوپنۇردا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە شۇنداق چاقنىڭ تاش غالتەكلىكلىرىمۇ ئۇچرايدىكەندۇق. بۇنىڭغا ئاساسەن يىپ چاقنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن دېيىشكە بولىدۇ. ھازىر «يىپ چاق» ئىستېمالدىن قالدى. بۇلاردىن باشقا يەنە بىر خىل ناھايىتى ئاددىي يىپ ئىگىرىش ئۇسۇلى بولۇپ، ھازىرمۇ چارۋىچىلار شۇ ئۇسۇلدىن يەنىلا پايدىلىنىپ ئارغامچا قاتارلىقلارنىڭ يىپلىرىنى ئېشىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدا يىپ مۇنداق ئىگىرىلىدۇ: مەيلى پاختا، يۇڭ ياكى كەندىر، چىگە بولسۇن ئالدى بىلەن ئۇزۇن-ئۇزۇن قىلىپ ئۇچ ۋە 5 — 6 سانتىمېتىر ئۇزۇن، بەش بارماق چوڭلۇقىدا سىلىق، تۈز بىر ياغاچ تەييارلىنىدۇ. ئاندىن ئۇچىنىڭ بېشى تاياق ئۇچىغا يۆگىلىپ، ئوڭ قولدا تاياق پىرقىرىتىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇچتىن يىپ تارتىلىپ چىقىدۇ، يىپ 7 — 8 سانتىمېتىر بولغاندا بىر-ئىككى قېتىم تولغىتىپ ئاندىن ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۈرمەكلىنىدۇ. يوغان بىر تۈرمەك بولغاندا ئاندىن ئىككىنچى، ئۇچىنچى... ياغاچ ئالماشتۇرۇلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۆزى ئىنتايىن ئاددىي، ئەمما يېزا-قىشلاق ۋە شەھەر تۇرمۇشىدا ئىستېمالدىن قالماي كېلىۋاتقان يەنە بىر خىل قول سانائەت قورالى بولۇپ، ئادەتتە ئۇمۇ «چاق ياكى قوم چاق» دەپ ئاتىلىدۇ. ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل پىچاق، قايچا، شۇشاڭ كاسىلار

ئىشلىتىدىغان پالتا، كەكە، بىگەن، ئۇستۇرا قاتارلىق تىغلار شۇنىڭدا چاقلىنىدۇ. بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بۇ نۇقتىلار ئۇيغۇرلاردا قول سانائەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەسىگە دېگۈدەك مۇلازىمەت قىلىدىغان تارماقلىرىغىچە شەكىللەنگەنلىكى، ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ماھىر ئۇيغۇر تۆمۈرچى، مىسكەرنىڭ قولىدىن چىققان ھەر خىل تىغ، مىلتىق (قارا مىلتىق) ۋە ئايتوۋا، چىلاپچى قاتارلىق بۇيۇملاردا گەۋدىلەنگەن ھۈنەر سەنئەتنىڭ نەپىسلىكى ھازىرقى زامان ھۈنەر سەنئىتىدىن قېلىشمايدۇ. ئۇيغۇر دوپپىسىمۇ ئۆزىنىڭ تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، رەڭدارلىقى، نەفىسلىكى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرۇپ كەلگەن بولسا، ھازىر ئىچكى-تاشقى سورۇنلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ سىمۋولى، چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ ئەتىۋارلاپ سېتىۋالىدىغان خاتىرە بۇيۇملىرىدىن بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇرلاردا قول سانائەتنىڭ شۇ قەدەر يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى ئۇنىڭ ئۇزۇن ئىجتىمائىي ئاساسىغا ئىگە بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. VII ئەسىرلەرگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا، ئۆز دەۋرىدىلا ساپالچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق، تاشچىلىق، تۆمۈرچىلىك، تامچىلىق (مېمارچىلىق) قاتارلىق قول سانائەت تۈرلىرى مەيدانغا كەلگەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ئوردۇ بالىق (قارا بالغاسۇن) خارابىسىدىن تېپىلغان دېۋىرقاي، مىس پارچىلىرى، برونزا ئەينەك، نەپىس ھەيكەل، نەقىشلەنگەن خىش، يارغۇنچاق قاتارلىق مەدەنىيەت بۇيۇملىرى، ئوردا بىنالىرى، 14 مېتىر ئېگىز تۇر[1] قاتارلىقلار ئۆز دەۋرىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەسىگە دېگۈدەك مۇلازىمەت

① لىۋجېڭ شاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-قىسىم، 78-79-، 85-بەتلەر.

قىلىدىغان قول سانائەت تۈرى ۋە دۇكانلىرىنىڭ بارلىققا كېلىپ خېلى يۇقىرى تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇ دەۋرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ئالغاندا، قول سانائەت بويىچە شۇنداق تۇرمۇشقا كېرەكلىك بىر قاتار نەپىس بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش دەرىجىسىگە يېتىش ئۈچۈن ئاز دېگەندە بىرەر ئەسىر جەريان كېتىدىغانلىقى تەبىئىي. چۈنكى قول سانائەت، جۈملىدىن دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تۇراقلىق تۇرمۇش شارائىتىدا ئورۇندىلىدىغان مۇرەككەپ ئەمگەك پائالىيىتى. مەلۇمكى، تۇراقلىق تۇرمۇش تۇراقلىق تۇرالغۇ جاي ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا قول سانائەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەشيالىرى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئاساسىي جەھەتتىن بەلگىلىك كۆلەمدىكى سىستېمىلاشقان قول سانائەت تۈرىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، تۆمۈرچىلىك، قۇيمىچىلىق، مىسكەرچىلىك، تۈنىكىچىلىك، ياغاچچىلىق، قىرغىچىلىق، ئېگەر-توقۇمچىلىق، بابكارچىلىق، بوياقچىلىق، گىلەمچىلىك، كىگىزچىلىك، تىككۈچىلىك (كىيىم تىكىش ماشىنىسى ئومۇملاشقىچە مەخسۇس قولدا كىيىم تىكىدىغان كەسپىي ئائىلىلەرمۇ شەكىللەنگەندى)، تۇماقچىلىق، دوپپىچىلىق، جۇۋىچىلىق، كەشتىچىلىك، كۆنچىلىك، موزدۇزچىلىق، تۇگمەنچىلىك، رەۋەندىچىلىك، ئاشپەز-ناۋايچىلىق، قەندالەتچىلىك، ساپالچىلىق، خۇمدانچىلىق، تامچىلىق، نەققاشلىق، ھەيكەلتىراشلىق، تاشچىلىق، قەغەزچىلىك، پىلچىلىك قاتارلىقلار.

قول سانائەتنىڭ ھۈنەر سەنئىتىمۇ ئۆز دەۋرىگە مۇناسىپ تەرەققىي قىلغانىدى. مەسىلەن، ئۆز دەۋرىنىڭ «ئېغىر سانائىتى» ھېسابلانغان تۆمۈرچىلىك ھەر خىل نەپىس تىغ ۋە

خەنجەر، قىلىچ، مىلتىق قاتارلىق ئۇرۇش قوراللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىگە يەتكەن. يېڭىسار، كۇچانىڭ پىچاقلىرى ئۆزىنىڭ نەپىسلىكى، ئىستېمالچانلىقى، ئويۇن سالىسى ئالاھىدىلىككە ئىگە ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار قاتارىدىكى ئورنىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

## سودا-تىجارەت

سودا-تىجارەتمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيىتى بويىچە بىرقەدەر بۇرۇن تەرەققىي قىلغان ساھە. تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇرلاردىكى تاۋار قارىشىنىڭ يېتىلىشى ۋە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى فېئودال ناتۇرال ئىگىلىكى ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئاساسىدا باشلانغان، ئەجدادلىرىمىز تارقالغان جايى ناھايىتى كەڭ، جۇغراپىيە شارائىتى ھەر خىل بولغاچقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىمۇ تەكشى بولمىغان. موڭغۇلىيە يايلاقلىرىدا ياشىغانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە چارۋىچىلىق خېلى ئۇزۇنغىچە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. تىيانشان ئەتراپلىرىدا ياشىغانلاردا سوغدى قاتارلىق قوۋملارنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىققا ئۆتۈش جەريانى ۋە قول سانائەت، سودا ئالاقە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ بالدۇر ۋە تېز بولدى. شىمالدا ياشىغانلاردا ئۇزۇنغىچە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. بۇ تەرەققىيات قوشنا رايونلار بىلەن بولغان ھەر جەھەتتىكى ئالاقىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى. نەتىجىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ

ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە يېڭى بىر تارماق — سودا ئىگىلىكى ۋە مەخسۇس سودا-تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تۈپ ئىجتىمائىي گۇرۇھ شەكىللەندى. بۇ تەرەققىيات [illegible] ھۆكۈمران گۇرۇھدىكىلەر بىلەن يېقىندىن شەكىللەنگەن سودا-تىجارەتچىلەر تەبىقىسىنىڭ بايلىققا بولغان قارىشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇلار شۇ دەۋرگىچە چارۋا-مالنى بايلىق ھېسابلاپ كەلگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىت، تاۋار-دۇردۇن قاتارلىقلارنى مۇھىم بايلىق ھېسابلايدىغان بولدى. بۇ يۈزلىنىش تەدرىجىي ئاۋام خەلقىمۇ ئەسىر كۆرسىتىپ كىشىلەردە تاۋار قارىشىنىڭ يېتىلىشىگە زېمىن ھازىرلاپ بەردى. مەيدانغا كەلگەن بۇ بىر قاتار يېڭى ئامىللار پۈتۈن خانلىق تەۋەسىدە سودا ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنىڭ كۆلىمىنى، سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. مەملىكىتىمىز تارىخىدا ئاتاق دەۋرىدىكى بىر ئەسىردەك داۋاملاشقان مەشھۇر «ئات-يىپەك سودىسى»، «ئات-چاي سودىسى» ۋە ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى كەڭ كۆلەملىك سودا پائالىيىتىدىن ئۆز دەۋرىدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىدە زور يۈكسىلىش بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا ھەر يىلى بىر قېتىم چوڭ كۆلەملىك ئات سودىسى بولۇپ تۇرغان. 773-يىلى بىر قېتىمدىلا 100 مىڭ ئات سودىسى بولغان. بىر ئات بەدىلىگە 40 تۈپ شايە تۆلىنەتتى. شۇ دەۋردە تاڭ سۇلالىسى بىر مىليون 800 مىڭ تۈپ شايىگە قەرزدار بولۇپ قالغان.[1] ئۇيغۇرلار شايى، تاۋار-دۇردۇننى

[1] «يېڭى تاڭنامە يۈن شۈننىڭ تەرجىمىھالى»غا قاراڭ.

ئۆز ئېھتىياجىغا ئىشلەتكەندىن تاشقىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا ئاپىرىپ ساتاتتى، ئۇ جايلاردىن تاڭسۇلالىسىگە ئېھتىياجلىق يۇڭ-تېرە، دورا-دەرمەك ماتېرىياللىرى ۋە قاشتېشى قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلىپ ساتاتتى[1]. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى سودا پائالىيىتى خەنزۇچە مەنبەلەردە ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ مۇنداق خاتىرىلەنگەن «ئۇيغۇر سودىگەرلىرى دائىم ئوتتۇرا ئاسىياغا قاتناپ تۇراتتى. جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى شۇلار ئارقىلىق بولاتتى. چاڭ جىياڭ، جۇجاڭ ۋادىلىرىدا ئۇلارنىڭ ئايىغى يەتمىگەن جاي قالمىغان»[2] «ھارۋىلىرى ئالتۇن ۋە يىپەك ماللارغا تولۇپ كېتەتتى. يوللاردا ئۇلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى»[3] شۇ دەۋردە پەقەت چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن) دە دائىم تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ سانى بىر نەچچە مىڭ كىشىگە يەتكەن. مىلادى 634-يىلى ياغلاقار ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ئەمەلدارى ئۆز ئالدىغا بىر قېتىمدىلا 70 مىڭ توپ يىپەك مال سودىسى قىلغان.

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ساراي ئاچقان، كارۋانچىلىق قىلغان[4] بەزىلىرى مەخسۇس يەر-زېمىن سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان[5] مۇشۇ تارىخىي خاتىرىلەرلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى، راۋاجلىنىشىدا باشتىن-ئاخىر مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇيغۇرچە مەنبە، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ۋە

①③ ليۇ جېڭشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-قىسىم 77-بەت.

② «قەدىمكى دەۋردە جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» خەنزۇچە نەشرى، 152، 153-بەتلەر.

④ ليۇجېڭشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 110-بەت.

⑤ «قەدىمكى دەۋردە جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» 152-بەت.

مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئوتتۇرا ئەسىردە يەنى قارا خانىلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق، قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى سودىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك پۇل ۋاستىسى ئارقىلىق بولۇشتىن تاشقىرى مەخسۇس ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىت قاتارلىق ئېرىق مال سودىسىمۇ راۋاجلانغان. ئۆز دەۋرىدە سودا-سېتىق، ئىلىم-بېرىمدە ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ تامغىسى بېسىلغان «قامدۇ»[1] ناملىق لاتا پۇل، ئىچكىرىسىدە قۇيۇلغان «باقىر»[2] دېگەن مىس پۇل ئىشلىتىلىدىغان بولغان. «تاۋار»[3] دېگەن ئاتالغۇ مۇشۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن. بۇلاردىن مەلۇم بولىدىكى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تاۋار ئىگىلىكى شۇ دەۋرلەردىلا تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە پۇل مۇئامىلە، سودا-تىجارەت تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى بويىچە تۇراقلىق بازار سودىسى ۋە سانائەت مەركەزلىرى شەكىللەنگەن. شام، باغدات، كونستانتىنوپول (هازىرقى ئىستانبۇل) بەدەخشان، كەشمىر، لاداق، بومباي، پەرغانە، سەمەرقەنت، دۇڭخۇاڭ، گەنجۇ، لەنجۇ قاتارلىق جايلار ئارىلىقىدا ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئۈزۈلمەي قاتنايدىغان بولغان.

سودا-تىجارەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مەخسۇس پۇل مۇئامىلە كەسپى، ۋەكالەت سودا كەسپى، مەخسۇس سودا سارايلىرى، يېزا سودا بازىرى، ھەرقايسى كەسپلەر بويىچە دۆكا سودىگەرلەر تەبىقىسى شەكىللىنىپ تەرەققىي قىلدى. يەكەن، قەشقەر، كۇچا قاتارلىق سودا مەركەزلىرىدە مەيدانغا كەلگەن گەزمال سارىيى، گىلەم سارىيى، تىللا سارىيى قاتارلىق كەسپىي

①②③ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 546-، 468-، 533-بەتلەر.

سارايلار ۋە ئاياغ بازىرى، ئاشلىق بازىرى، ياختا بازىرى، مال بازىرى، ياغ بازىرى، دوپپا بازىرى. . . قاتارلىق ھەرخىل كەسپىي بازارلار (قەشقەردە شۇنداق بازارلارنىڭ تۈرى 30-40 تىن ئاشاتتى) ۋە كەڭ يېزىلاردىكى ھەپتىنىڭ ھەر كۈنى يېزىلار بويىچە قاتارى بولىدىغان بازار سودىسىمۇ تەرەققىي قىلدى. بۈنىڭ بىلەن شۇنداق بازار بولىدىغان يېزىلارنىڭ نامى شۇ يەردە بازار بولىدىغان كۈننىڭ نامىدا ئاتىلىدىغان بولغان، مەسىلەن، يەكشەنبە بازار، دۈشەنبە بازار. . . دېھقانلار بازار كۈنى چوڭى ئاشلىق، مال-جاندار، كىچىكى تارشا گۈگۈت، بىر-ئىككى كاللەك يىلىم قاتارلىق نەرسىلەرگىچە ئېلىپ كېلىپ سېتىشنى بىر خىل كۆڭۈللۈك ئىش دەپ ئادەتلەنگەن. شۇنداق بازار كۈنى «توخۇ سۈتىدىن باشقا نەرسە» نى تاپقىلى بولىدۇ. بۇ كۈن كىشىلەرنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي پائالىيەت كۈنى، ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلەرنىڭ ۋە ياش يىگىت-قىزلارنىڭ ئۇچرىشىدىغان كۈنىگە ئايلىنىپ قالغان. شۇنداق چوڭراق بازار بولىدىغان جايلارغا شەھەردىن سودىگەرلەرمۇ چىقىپ سودا قىلىشقا ئادەتلەنگەن. مۇنداق قاتارى يېزا بازىرى جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا ناھايىتى ئومۇملاشقان بولۇپ، 50-يىللارغىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنىدى. بىر مەزگىل مەۋجۇتلۇقتىن قېلىپ ھازىر يەنە ئەسلىگە كەلمەكتە. جەنۇبىي شىنجاڭدىن تېپىلغان XIII ئەسىرگە ئائىت «ھۆججەت-ۋەسىقە» لەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۆز دەۋرىدە يەر-زېمىن، يەر-سۇ سودىسى ئومۇملاشقان بولۇپ، سودا-سېتىق قەغەز پۇل، ئالتۇن (تىللا) بىلەن يۈرگۈزۈلىدىغان بولغان[①]. XVII ئەسىردە شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكىرىگە ئۆتكەن پورتوگالىيىلىك مىسسىئونېر

① فېڭ جىياشىڭ: «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇرچە ئىككى خىل ھۆججەت-ۋەسىقە» (تارىخ تەتقىقاتى، خەنزۇچە 1954-يىل، 1-سان).

(دىن تارقاتقۇچى) ئوبىن يەكەننى سودا-تىجارەتچىلەرنىڭ ۋە ھەر خىل تاۋارنىڭ كۆپلۈكى، ئەلۋەكچىلىكىگە قاراپ مەشھۇر سودا-سارايلىرىغا ئوخشاتقان①. چۈن يۈەن «غەربىي دىياردا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن ئەسىرىدە، يەكەن بازىرىنىڭ ئون نەچچە چاقىرىم كېلىدىغانلىقىنى، بازار كۈنلىرى شەھەرنىڭ مالغا تولۇپ كېتىدىغانلىقىنى؛ ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىت سودىسىمۇ قىزىپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان②. پەقەت مۇشۇ پاكىتلار ئۇيغۇرلار ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ سەۋىيىسى بويىچە يۈكسەك تەرەققىي قىلغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كاپىتالىزم ئامىللىرىنىڭ بىخ ئۇرۇشىغا شەرت ھازىرلىنىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. 30-يىللاردىكى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە قەشقەردىكى تاشباي، شىمالىي شىنجاڭ بويىچە ئىلىدىكى مۇسابايوپلار، شەرقىي شىنجاڭ بويىچە تۇرپاندىكى مۇسۇلبايلارنى شەكىللىنىۋاتقان ئۇيغۇر مىللىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ۋەكىلى دېيىشكە بولىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيىتى يېپيېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ھەممە جەھەتتە شەرت-شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئازادلىققا ئېرىشىپ، قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا ئورۇن بەردى. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ زور كۈچ بىلەن يۆلەپ، ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا دېھقانچىلىق، قول سانائەت

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 217-بەت.
② «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (خەنزۇچە) 1-توم، 305-بەت

www.uyghurkitap.com

ئىشلەپچىقىرىشى تۇراقلىق، ئۈزلۈكسىز تۇردە تەرەققىي قىلىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچىدە زور ئۆزگىرىش مەيدانغا كەلدى. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تار مۇناسىۋەت ۋە خۇراپاتلىق بۇزۇپ تاشلىنىپ ئىلىم-پەن، تېخنىكا ئىگىلەش قىزغىنلىقى ئۇرغۇدى. بۇرۇنقىدەك ئۆزىنى كەمسىتىدىغان روھىي زەئىپلىك دەۋر روھى بىلەن ئالماشتى. زامانىۋى ئىگىلىك تارماقلىرى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش بىلەن زامانىۋى سانائەت ئىشچىلار قوشۇنى، تېخنىك خادىملار، كارخانا باشقۇرۇش خادىملىرى قوشۇنى يېتىلىپ ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئۆز ھەسسىسىنى قوشماقتا.

# بەشىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئادىتى

مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. بۇ مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ياشىغان شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ پەرقلىق بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شۇ پەرقلەرنىڭ بىرى مىللەتلەرنىڭ يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر يېمەك-ئىچمەكلىكلەرنى هازىرلاش ۋە ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى ۋە يېمەكلىك قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا تىپىك گەۋدىلىنىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش يولىدا ئېلىپ بارغان تارىخىي كۈرەشلىرى جەريانىدا، ئۇۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرى بويىچە ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى، جۈملىدىن، شۇنىڭغا مۇناسىپ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىمۇ مول ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

www.uyghurkitap.com

## 1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى نان بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. چەرچەننىڭ زاغۇنلۇق، قۇمۇلنىڭ لاپچۇق، قارا دۆۋەدىن بۇنىڭدىن 3 مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت قەبرىلەردىن تېپىلغان توقاچ نانلار ئۆز دەۋرىدىلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ناننى ئۆز دەۋرىدە ئاساسلىق يېمەكلىك سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەنلىكى، بىرىنچىدىن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز دەۋرىدە ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق ئاساسىدا قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلىسا، ئىككىنچىدىن، ئاشلىقنى پىششىقلاپ ئىشلەپ تۇراقلىق يېمەكلىك ھازىرلاش ئۇسۇلىنى يارانقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى نان تەركىبىدە تۇز بولۇپ، تونۇردا بىۋاسىتە ئوتقا قاقلاپ سىڭدۈرۈپ پىشۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۇزۇن ساقلاش، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك، سۇ بولسۇن، بولمىسۇن خالىغاندا يېيىشكە قولايلىق. گەرچە گۆش، سۈت-قايماق ئۆز دەۋرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق يېمەك-ئىچمىكى بولسىمۇ، ئۇنى ئۇزۇن ساقلاشقا جۈملىدىن، خالىغاندا يېيىشكە بولمايتتى. ئەجدادلىرىمىز بۇ زىددىيەتنى نان بىلەن ھەل قىلغان.

تارىخىي يادىكارلىقلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، نان مىڭ يىلدىن بۇرۇنلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق يېمىكى سۈپىتىدە كەڭ ئومۇملاشقان. نان «دىۋان» دا «ئەتمەك» (1-توم 138-بەت) نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭ «توقۇچ» — توقاچ (1-توم 464-بەت)، «سىنجۇ» — خۇيلىما ياكى گىردە (1-توم 544-بەت)، «پۇسكەچ» — كاكچا (1-توم 590-بەت) قاتارلىق

تونۇردا پىشۇرۇلىدىغان تۇرى: «چۇقمىق» (1-توم، 578-بەت) «كۆۋشەك» (1-توم، 626-بەت) دېگەن هوردا يەنى جىمبىل، قاسقاندا پىشۇرۇلىدىغان تۇرى؛ «كۆمەچ» (1-توم، 567-بەت) دېگەن قوغقا كۆمۈپ پىشۇرىدىغان تۇرى؛ «يۇغا» — قاتلىما دېگەن ياغدا پىشۇرىدىغان تۇرى تونۇشتۇرۇلغان. هازىرقى نان تۈرىدىن بولغان «ھەمەك» سۆزى «دىۋان» دەۋرىدىكى «ئەتمەك» (نان) سۆزىنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ئە» نىڭ «ھە» لىشىشىدىن كەلگەن.

هازىر جەۋەندىنىڭ بۇغداي، قوناق ئۇنىدىن قىلىنىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نان تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. «دىۋان» دەۋرىدىن كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدا نان تۈرىگە گۆش نان، گىردە، گۆش گىردە، شىرمان نان، خۇيلىما، پوشكال، قۇيماق، ساڭزا، قىيىقچا قاتارلىقلارمۇ قوشۇلدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، «دىۋان» دا ناننىڭ بىر تۈرى سۈپىتىدە «توقۇچ (توقاچ) دېگەن سۆز» لەم بېرىلىپ ئۇ «توق سۆزىدىن ياسالغان، چۈنكى ئۇ ئادەمنى تويدۇرىدۇ» دەپ ئالاھىدە تەرەپلىنىش بىلەن نان-توقاچنى كۆركەملەشتۈرۈش ئۈچۈن تۇكۇچ (چەككۈچ) ئىشلىتىلگەنلىكى قەيت قىلىنغان[1]. «توقاچ» بىلەن «تۇكۇچ» سۆزى بۈگۈنگە قەدەر ئەينەن تەلەپپۇز قىلىنىپ كەلمەكتە. توقاچ — ناننىڭ ئەلا سۈپەتلىك تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ خېمىرى بەلگىلىك نىسبەت بويىچە سۇ، سۈت، ماي، تۇخۇم بىلەن يۇغۇرۇلۇپ تونۇردا پىشۇرۇلىدۇ. تېخىمۇ مەززىلىك بولسۇن ئۈچۈن ئىچىگە يەنە سىيادانمۇ سېلىنىدۇ.

نان ئاساسەن بۇغداي ۋە قوناق ئۇنىدىن ھازىرلانغاچقا،

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم، 464-بەت.

ئادەتتە «بوغداي نان»، «قوناق نان» دەپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ. قوناق نان «زاغرا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بوغداي نان قوناق نانغا قارىغاندا يۇمشاق، مەززىلىك، يېيىشلىك كېلىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا كىشىلەرنىڭ سۆز-ئاغزىنىڭ يۇمشاق-قاتتىقلىقىنى بوغدايغا تەقلىد قىلىنىپ «بوغداي نېنىڭ بولمىسا، بوغداي سۆزۈڭ بولسۇن» دېيىلىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ناننى تىرىكلىكنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدۇ. بۇ «نېنى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن ماقالىدە ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. يەنە ئەجدادلىرىمىز ئىككى تەرەپنىڭ ھەق-ناھەق، راست-يالغان تالىشىشىدا ناننى ئان (قەسەم) ئىچىش ۋاسىتىسى قىلىپ كەلگەن. مۇنداق ئان ئىچىش نان دەسسەش ئارقىلىق ئورۇنلىناتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يىراقتىكى ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرىگە تىرىكلىك نىشانى سۈپىتىدە مەخسۇس توقاچ خالتا قىلىش، سەپەرگە چىققاندا نان يوللۇق تۇتۇش ئادىتى ۋە زىياپەت مېھماندارچىلىقتا مېھمانلارغا ئالدى بىلەن توقاچ، چاي قويۇش ئادىتىمۇ ناننى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

ئەجدادلىرىمىزدا «دىۋان» دەۋرىدىن بۇرۇنلا سېغىز ياساش ۋە ئىچ پۇشۇقى ئورنىدا سېغىز چايناش ئادىتىمۇ شەكىللەنگەن. ۋەھالەنكى سېغىز بۈگۈن مەخسۇس كارخانىدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جەلىبدار، بازىرى ئىتتىك بۇيۇملاردىن ھېسابلىنىماقتا. بۈگۈن بىز ئۇنى غەرب مەدەنىيىتى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىۋالدۇق.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئاشلىقتىن ھازىرلىنىدىغان ئاساسلىق يېمەكلىكلەردىن تاشقىرى ئەجدادلىرىمىز قايماقتىنمۇ كۆمەچ قىلىپ يەپ ئادەتلەنگەن. مۇنداق قايماق «كۆمەچ نان» ئاراتۇرك ئۇيغۇرلىرىدا مېھمان ھۆرمىتىگە ھازىرلىنىدىغان



www.uyghurkitap.com

تائاملار قاتارىدا ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ مۇنداق ھازىرلىنىدۇ: كۆمەچدان ياكى تاۋا سۇس ئوتتا قىزدۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا قايماق تەكشى نېپىز يېيىتىلىپ سارغىيىپ كېلىشكىلە ئېلىنىدۇ. شۇ تەقلىدتە پىشۇرۇلۇپ ئىككى-ئۈچنى بىر جۈپلەپ لېگەن ياكى تەخسىگە سېلىپ مېھمان ئالدىغا ئېلىپ چىقىلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكلىرى ئەڭ دەسلەپ قوقاس-قوغدا كۆمۈپ پىشۇرۇلاتتى. كېيىنچە تونۇر، كۆمەچدان، تاۋا، ۋە جىمبىل، قازاندىمۇ پىشۇرۇلىدىغان بولغان. مۇشۇنداق پىشۇرۇش ئۇسۇلى ھازىرمۇ ئەينەن داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ ئىچىدە تونۇر ئالاھىدە مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، مەلۇم تېخنىكىلىق قانۇنىيەت ئاساسىدا ياسىلىدۇ. بۇ تېخنىكىلىق قانۇنىيەت تونۇرنىڭ ئاستىنىڭ ھەممە تەرىپى مەركىزىي نۇقتىغا تەڭ بولغان چەمبىرەك شەكلىدە بولۇشىدا ۋە شۇ ئاساستا تەكشى نىسبەتتە گۈمبەز شەكلىگە ئوخشاش كېمىرىلىپ ياسىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر مۇشۇ قانۇنىيەتلەرگە خىلاپلىق قىلىنسا تونۇر تەكشى قىزىمايدىغان، نان تەكشى پىشمايدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ، تونۇر ئادەتتە شور ۋە تۈز-يۈڭ ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەنگەن سېغىز لايدا ياسىلىدۇ. شوردا ياساشتا ئالدى بىلەن نەم توپىدا قېلىپ ياسىلىدۇ. ئاندىن شور كومۇلاچ قىلىنىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە چاپلىنىدۇ. ئاندىن شاخ-شۇمبا، چاۋار-سامان بىلەن ئىس سېلىپ قۇرۇتۇلىدۇ. قۇرۇغاندا قېلىپ قىلىنغان توپا قىرىپ ئېلىپ تاشلىنىدۇ. سېغىز لايدا ياسالغان تونۇر لايىنى مەلۇم توملۇقتا ئۆزۈن-ئۆزۈن يۇمىلاقلاپ ئۈستى-ئۈستىگە قوندۇرۇپ ياسىلىدۇ، ئىچىگە قېلىپ قىلىنمايدۇ. بەزىلەر شۇ قائىدە ئاساسىدا خىشتىمۇ تونۇر ياسايدۇ.

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىكى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قوشۇمچە يېمەكلىكى سۈت-قايماق، قوي، كالا گۆش-يېغىدىن تاشقىرى، يەنە تۇخۇم، شېكەر، توخۇ، غاز-ئۆردەك، جەرەن-كېيىك، بۇغا - مارال، ئارقار، بۆكەن، كەكلىك، قىرغاۋۇل، بۆدىنە، چىل قاتارلىق ئۇچار-قانات، هايۋان گۆشلىرى، بېلىق ۋە سەۋزە، چامغۇر، پىياز، سامساق، كاۋا، تۇرۇپ چامغۇر (لوبۇ)، شوخلا، پىدىگەن (پېتىنگا)، مۇچ (لازا)، كۇدە (جۇسەي)، پۇرچاق-ماش قاتارلىق كۆكتاتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە سۈت-قايماق، بولۇپمۇ، گۆش-ياغ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنداق بولۇشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىكى تۇرمۇش ئادىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى ئەجدادلىرىمىز شۇ دەۋردە ئاساسلىقى سۈت-قايماق، گۆش-ياغ بىلەن ئوزۇقلىنىپ كەلگەن. ئەجدادلىرىمىز ئاشلىقنى پىششىقلاپ يېيىش ئۇسۇلىنى تاپقاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ناننىڭ هەر جەهەتتىكى ئەۋزەللىكىنى بىلگەندىن كېيىن، نان ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقلۇقىغا ئايلىنىش بىلەن سۈت-قايماق، گۆش تەدرىجىي قوشۇمچە ئوزۇقلۇق ئورنىغا چۈشۈپ قالغان. ئەمما، سۈت-قايماق، بولۇپمۇ گۆش هازىرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەكلىكىدە يەنىلا مۇهىم ئورۇننى ئىگىلەپ كەلمەكتە.

## 3. ئۇيغۇرلارنىڭ غىزالىنىش ئادىتى ۋە تاماق تۈرلىرى

ئەجدادلىرىمىز كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئىككى ۋاق نان-چاي



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

(ئەتىگەن يا كەچتە سۇتلۇك چاي)، چۈشتە بىرۋاق ئاش بىلەن غىزالىنىدۇ. بۇ بىر ۋاقلىق ئاش ئادەتتە، كۆپ تەركىبلىك خېرىتلەردىن هازىرلىنىدۇ. مەسىلەن، سۇيۇقئاشنىڭ ئۈن، گۆش، ماي، پىياز، چامغۇر ياكى ياڭيۇ، سامساق قاتارلىق خېرىتلەردىن، پولۇ گۈرۈچ، ماي، گۆش، پىياز، سەۋزە قاتارلىق خېرىتلەردىن هازىرلىنىدىغىنىغا ئوخشاش. بەزىدە ئەتىگەنلىك چايدا هەر خىل مۇراببالارمۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ. كەچلىك چايدا ياز كۈنلىرى ئۈزۈم ياكى قوغۇن، قىش كۈنلىرى ياڭاق ياكى ئۆرۈك مېغىزى، كىشمىش ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ هەر بىر ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئەهۋالىغا قاراپ بولىدۇ. شۇنىڭدەك كەچلىكى سۇيۇقئاشمۇ ئىچىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئۈن تامىقى ۋە گۆش، قىيمىلىق تاماقلارنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىدۇ. شۇنىڭدەك تاماقنىڭ ئالدى-كەينىدە قىزىق چاي ئىچىلىدۇ. بىر ئائىلىك ئادەم تاماق ۋاقتىدا جەم بولۇپ، داستىخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ ئەدەب بىلەن تاماقلىنىدۇ. تاماق قول، قوشۇق، چوكىدا يېيىلىدۇ.

ئۇيغۇرچە تارىخىي هۆججەتلەردە بايان قىلىنغان ۋە بىزنىڭ دەۋرىمىزدىمۇ ئىستېمال قىلىنىۋاتقان تاماق تۈرلىرىگە ئاساسەن ئۇيغۇر تاماقلىرىنى مۇنداق چوڭ بەش تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

**1. سۇيۇق — سەلەڭ تاماقلار:** سۇيۇق-سەلەڭ تاماقلار ئۇماچ، ئاتلا، ياما، شوۋىگۈرۈچ، ماشخوردا، ئاق ئاش، سۇيۇقئاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

① ئۇماچ (ئاتلا). ئۇماچ خاس بۇغداي ياكى قوناق ئۇنىدا ئېتىلىدۇ. مەيلى قانداق ئۇندا ئېتىلمىسۇن، ئۈن ئالدى بىلەن قازاندىكى سوغۇق سۇغا تەكشى چېلىنىپ، ئاندىن سۇس ئوتتا قاينىتىلىدۇ. بەزىلەر بۇغداي ئۇننى ئالدى بىلەن نەمدەپ ئالىقاندا سۈركەپ ئۇششاق دانچە هالەتكە كەلتۈرۈۋېلىپ ئاندىن قايناۋاتقان قازانغا چالىدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكىسى

بولمىسۇن، ئۇن چېلىنىپ بولغاندىن كېيىن چۆمۈچ ياكى چالغۇ (چوكا شەكلىدە مەخسۇس ياسالغان تاياق) بىلەن پىششىقۇچە پات-پات قوچۇپ تۇرۇلىدۇ.

② ياما: يارغۇنچاق ياكى تۈگمەندە ناھايىتى يىرىك چىقىرىلغان دان «ياما» دېيىلگەچكە، ئۇنىڭدىن ھازىرلانغان بۇ غىزامۇ «ياما» دەپ ئاتالغان. ياما بۇغداي يامىسى، قوناق يامىسى دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. بۇ دان يامىلىرى قازاندا يۇمشىغۇچە قاينىتىلىدۇ. ئۇماچ ياكى ياما بولسۇن يۇقىرىقىدەك ھازىرلىنىپ ئىستېمال قىلىنىشتىن تاشقىرى ئىچىگە چىگىردەك ياكى پىيازنى ياغدا قورۇپ سېلىپمۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ. بەزىدە كاۋا، چامغۇر ياكى گۆش توغراپ سېلىنىدۇ. لوپنۇر ۋە بۈگۈر، شايار، تارىم ۋادىلىرىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئۇماچنى قاغا جىگدە سېلىپمۇ ئېتىدۇ. چىنىگە ئازىراقتىن داغلانغان بېلىق يېغى تېمىتىپمۇ ئىچىدۇ.

③ شوۋىگۈرۈچ: شوۋىگۈرۈچ مۇنداق ئىككى خىل ھازىرلىنىدۇ: بىر خىلى گۈرۈچكە قارا ئۆرۈك ۋە گۆشنى قىيما قىلىپ قوشۇپ سۇدا قاينىتىش يولى بىلەن ھازىرلىنىدۇ. گۈرۈچ ئېزىلگۈچە قاينىتىلىدۇ، ئاندىن تۇز-تەمى تېتىلىپ يۇمغاقسۇت (ئاش كۆكى) سېلىپ ئىچىلىدۇ. مۇنداق شوۋىگۈرۈچ، ئادەتتە «زۇكام» ئېشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى خىلى، چامغۇر ياكى سەۋزە قاتارلىق كۆكتاتلارنى گۆش، ياغ، پىياز بىلەن قورۇپ، چالا پىشقاندا سۇ قۇيۇلۇپ، ئۇنىڭغا گۈرۈچ سېلىنىپ ھازىرلىنىدۇ. شۇڭا بۇ «قورۇما شوۋىگۈرۈچ» دەپ ئاتالغان. بەزىدە قورۇمىسىنى ئايرىم تەييارلىۋېلىپ، گۈرۈچ پىشقاندا، ئۇنى قازانغا تۆكۈپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىلىدۇ.

④ ماشخوردا: ماشخوردا ئاساسەن خاس ماشتا ئېتىلگەچكە شۇنداق نام ئالغان. ماشخوردىغا ماشتىن باشقا گۆش توغراپ

سىلىنىدۇ. ماشخوردا يەنە شوۋىگۈرۈچكە ئوخشاش ماشنى قورۇما سۈيىگە سىلىپمۇ ئىتىلىدۇ.

⑤ ئاق ئاش: بۇ گۈرۈچ سۈتتە قايىنىتىلىپ ئىتىلىدۇ. شۇڭا ئۇ «ئاق ئاش» دەپ ئاتالغان. بۇ بەزى رايونلاردا «پىشكەك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىتىش ئاسان بولغىنى ئۈچۈن مالچىلار كۆپىنچە ئاق ئاش ئىتىپ ئىچىدۇ.

⑥ سۈيۇقئاش: سۈيۇقئاش بۇغداي ئۇنىدا ئىتىلىدۇ. ئۇ چۆپنىڭ شەكلى ۋە ئىتىلىش ئۇسۇلىغا قاراپ، ئۈگرە، ياكى خام قىيما، قورۇما ئۈگرە، كەسمە، قۇشقاچ تىلى كەسمە، ئۈزۈپ تاشلاپ سۈيۇقئاش، پوسلاق ئاش دېگەندەك يەتتە-سەككىز خىلغا ئايرىلىدۇ.

سۈيۇقئاش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتمەك — نان، چۆپ، ئۇماچ قاتارلىقلارغا ئوخشاش قەدىمكى ئەنئەنىۋى تاماقلىرىدىن، تارىخىي يادىكارلىقلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا سۈيۇقئاشنىڭ ئۈگرە، قۇشقاچ تىلى كەسمە، كەسمە قاتارلىق تۈرلىرى ئومۇملاشقانلىقى مەلۇم. «دىۋان»دا «ئۈگرە» هازىرقى نامىغا ئوخشاش تەلەپپۇزدا « ügrə » دەپ خاتىرىلىنىپ، «ئۈگرە سۈيۇقئاشنىڭ بىر تۈرى، ئۇ چۆپتىن سۇلۇق، لەززەتلىكرەك بولىدۇ» دەپ ئىزاهلانغان[1]. سارماچۇق سۆزى «قۇشقاچ تىلى ئاش» دەپ ئىزاهلانغان[2]. ئۇ سۈيۇقئاشلار مۇنداق تەييارلىنىدۇ:

ئۈگرە: ئۈگرە گۆش ياكى سۆڭەك شورپىسىدا چۆپى ناهايىتى ئىنچىكە كېسىلىپ ئىتىلگەن سۈيۇقئاشقا قارىتىلغان. ئۇنىڭ «خام قىيما ئۈگرە»مۇ دېيىلىشى گۆش قىيما قىلىنىپ، پىياز قىيمىسى ۋە دورا-دەرمان بىلەن مىجىپ ئارىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن قازانغا سىلىپ شورپىدا 10-5 مىنۇت

① شۇ ئەسەر 1-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 171-بەت.
② شۇ ئەسەر 1-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 683-بەت.

www.uyghurkitap.com

قايىنتىپلا چۆپ سىلىپ ئىتىلىدىغانلىقىغا قارىتىلغان. ئەمما مۇنداق ئۈگرىنىڭ خېمىرىغا ئەھۋالغا قاراپ بىردىن-ئىككىچە تۇخۇم ئېتقى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئالاھىدە يۇغۇرۇلىدۇ. يايىغاندا قۇرۇق ئۇن ئورنىدا پۇرچاق ئۇنى ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چۆپى ئىنچىكە بولسىمۇ ئىزىلمەي تىرىك چىقىدۇ. مۇنداق ئۈگرىنىڭ قىيمىسى كىچىك ياڭاق شەكلىدە قومۇلاق قىلىپ ئېتىلىدىغان ۋە شورپا بولمىغان ھالەتتە قىيما سوغا سىلىنىپ ئېتىلىدىغان تۈرىمۇ بار.

قورۇما ئۈگرە: بۇ گۆش، چامغۇر ياكى ياڭيۇ، كاۋا قاتارلىق كۆكتاتلار بىلەن قورۇلۇپ ئېتىلگەن ئۈگرىگە قارىتىلغان. ئەمما مۇنداق ئۈگرىنىڭ خېمىرى ئادەتتىكىدەك يۇغۇرۇلۇپ ئېتىلىدۇ. چۆپى سەل كەڭرەك كېسىلىدۇ.

كەسمە: كەسمە ئۈزۈپ تاشلانغان سۇيۇقئاشقا نىسبەتلەشتۈ-رۈلۈپ ئېتىلگەن بولۇپ، ئادەتتە چۆپى كەڭ-كەڭ كېسىلىپ، سۇيىگە چامغۇر ياكى كاچا توغراپ ئېتىلىدۇ. بەزىدە گۆش، پىياز بىلەن قورۇپمۇ ئېتىلىدۇ.

قۇشقاچ تىلى كەسمە: بۇنىڭ خېمىرى ئادەتتىكىدەك يۇغۇرۇلۇپ چۆپى كېسىلىشتە قۇش تىلى ياكى سوقا تۆت بۇرجەك كەلگەچكە شۇنداق نام ئالغان. مۇنداق كەسمىمۇ خام قىيمىلىق، قورۇپ ئىككى خىل ئېتىلىدۇ.

ئۈزۈپ تاشلانغان سۇيۇقئاش: بۇنىڭمۇ خېمىرى ئادەتتىكىدەك يۇغۇرۇلىدۇ. ئەمما يېيىلماي 4-5 سانتىمېتىر ئۇزۇن، باش بارماق توملۇقىدا پىلتە قىلىپ بىر پەس تىندۇرۇلىدۇ، ئاندىن بىر پىلتە-بىر پىلتىدىن بېسىپ يېيىسى قىلىپ سوزۇپ، باش بارماق تىرنىقى چوڭلۇقتا قايناۋاتقان قازانغا ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ. ئۈزۈپ تاشلانغان سۇيۇقئاشنىڭ باشقا سۇيۇقئاش تۈرلىرىدىن بىر پەرقى ئادەتتە، گۆش، پىياز، چامغۇر ياكى ياڭيۇ، پەمىدۇر قاتارلىق كۆكتاتلار بىلەن قورۇپ

ئېتىلىدۇ.

ئۆگرە، قورۇما ئۆگرە، كەسمە ۋە قۇشقاچ تىلى كەسمىنىڭ خېمىرى تەكشى، نېپىز يېيىلغاندىن كېيىن نوغۇچقا يۆگەپ تۇرۇپ ئوتتۇرىدىن ئۇزۇنىسىغا كېسىلىدۇ. ئاندىن ئۇ يەنە ئوتتۇرىدىن قاتلىنىپ توغرىسىغا كېسىلىدۇ. قۇشقاچ تىلى كەسمىنىڭ بولسا، ئۇزۇنىسىغا كېسىلگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە ئوتتۇرىدىن ئۇزۇنىسىغاكېسىلىپ، قاتلاپ تۇرۇپ قۇشقاچ تىلى شەكلىدە كېسىلىدۇ.

پوستىلاق ئاش: بۇ سۇيۇقئاشنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن خېمىرىنىڭ لەڭمەن خېمىرىدەك ئۇزلۇك يۇغۇرۇلۇشى، لەڭمەن جىزىسىدەك كالتىرەك جىزا قىلىپ، قايناۋاتقان قازانغا سىمچىلاق تىرنىقىدەك چوڭلۇقتا ئۈزۈپ تاشلىنىشى، سۇيىگە چامغۇر ياكى ياڭيۇ، پەمىدۇر قاتارلىق كۆكتاتلار بىلەن گۆشلۈك، مايلىق قىلىپ قورۇلغان قورۇما ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىچىلىشى بىلەن پەرقلىنىدۇ. بۇ ئاشنىڭ چۆپىنىڭ 5-4 سانتىمېتر ئۇزۇنلۇقتا توغراپ ئېتىلىدىغان تۈرىمۇ بار. پوسلاق ئاشنىڭ بۇ تۈرىنى كۆپىنچە مالچىلار خاس سۈتتە پىشۇرۇپ ئىچىدۇ.

سۇيۇق-سەلەڭ يېمەكلىكلەرنىڭ قايسى خىلى بولمىسۇن، ئۇنىڭغا كېتىدىغان ئۇن-گۇرۇچ، گۆش-ياغ قاتارلىق خىرىتلەرنىڭ مىقدارى ئەمەلىي ئېھتىياجقا قاراپ تەخمىن مۆلچەر ھېسابىدا تەييارلىنىدۇ. سۇيۇق-سەلەڭ غىزا-تاماقلار كۆپىنچە سامساق، لازا، ئاچچىقسۇ، يۇمغاقسۇتسىز ئېتىلمەيدۇ ۋە چۆچەك، غىدىر، چىنە قاتارلىق قاچىلارغا ئۇسۇپ، قوشۇق ياكى چوكا بىلەن ئىچىلىدۇ. لازا سېلىنمىغان تەقدىردە قارىمۇچ ياكى ئاقمۇچ سېپىلىدۇ. بەزى ئائىلىلەردە سامساق، لازىنى مايدا چالا قورۇپ لازىجاڭ ھازىرلاپ قويۇلىدۇ. سۇيۇقئاشنىڭ سۇيىگە كۆكباش (دېنى قىرىپ سېلىنىدۇ)، گۆش، كاۋا، چامغۇر

سېلىپ ئېتىلىدىغان بىر تۈرىمۇ بار. ئەمما ئۇ ھەربىلى ياز، كۈز ئارىلىقىدا يىلدا بىر-ئىككى قېتىملا ئېتىپ ئىچىلىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە شەھەرلىكلەر مەخسۇس شۇنداق ئاش ئىچكىلى يېزىلارغا سەيلىگە چىقىدۇ.

سۈيۇقئاش مېھمان ھۆرمىتىگە ئالدىنقى قاتاردا تۇرمىسىمۇ ئۇنىڭ ھاردۇق چىقىرىدىغان، ئىسسىق باسىدىغان، ئىشتەي تەڭشەيدىغان خۇسۇسىيىتى بىلەن سورۇنلاردا تەرىپلىنىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

**2. گۆش.** ئۇيغۇرلار قوي (ئۆچكە)، ئات، كالا، قوتاز، تۆگە، جەرەن، كېيىك، بۇغا-مارال، ئارقار، بۆكەن، توشقان، توخۇ، غاز-ئۆردەك، ھاڭگىرت، كەكلىك، قىرغاۋۇل، بۆدىنە، چىل قاتارلىق ھايۋان ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ گۆشىنى، تۇخۇمىنى يەيدۇ، گۆش ئادەتتە مۇنداق ئۇسۇل بىلەن يېيىلىدۇ:

① شورپا: گۆش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئالىي تاماقلىرىدىن، ھۆرمەتلىك مېھمانلارغا ئالدى بىلەن تىرىك قوي سويۇپ سۆڭىكى بىلەن پارچىلاپ سۇدا پىشۇرۇلىدۇ. گۆش سۈيى قايناشقا باشلىغاندا كۆپۈكى پاكىز ئېلىپ تاشلىنىدۇ. بىر-ئىككى قاينىغاندىن كېيىن ئوتى پەسلىتىلىپ ئاستا قاينىتىلىش بىلەن پات-پات سوروپ تۇرۇلىدۇ. گۆش پىشقاندا لېگەنگە سۈزۈلۈپ، تەكشى تۇز چېچىپ مېھمان ئالدىغا ئېلىپ كىرىلىدۇ. گۆش يېيىلىپ بولۇشىغا بىر پىيالىدىن شورپا كەلتۈرۈلىدۇ. شورپا قارىمۇچ سېپىپ ئىچىلىدۇ. كىشىلەر ئادەتتىكى چاغلاردا گۆش خۇمارىنى بېسىش ئۈچۈن گۆش سېلىپ يەپ شورپىسىنى ئىچكەچكە گۆشنىڭ بۇ تەقلىدتە ئىستېمال قىلىنىشى «شورپا» دەپ ئاتالغان. شورپا ھازىرلىنىش ئۇسۇلىغا قاراپ ئاق شورپا، قورۇما شورپا، چەينەك شورپا دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ.

ئاق شورپا: گۆشنىڭ شورپىسىغا ھېچ نەرسە سالماي، گۆشى يېيىلىپ نان بىلەن سۇيى ئىچىلگەچكە «ئاق شورپا» دەپ ئاتالغان. شورپىنىڭ يەنە بىر خىلى بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا چامغۇر، سەۋزە (چامغۇر يوق ھالەتتە ياڭيۇ) سېلىپ ھازىرلىنىدۇ. شورپىغا بەزىدە بىر-ئىككى تال زەرچىۋە سېلىنىدۇ. چۈنكى، زەرچىۋە گۆش رەڭگىنى سارغۇچلاشتۇرۇپ خۇش-پۇراق تەم كىرگۈزىدۇ. شۇنىڭدەك، شورپا سېلىنغان گۆش شورپىدا چالا پىشۇرۇلغان پىياز قىيمىسى بىلەن قوشۇپمۇ يېيىلىدۇ، بۇ گۆشنىڭ كۆڭۈلگە تەگمەسلىكى، ئوڭاي ھەزىم بولۇشىغا پايدىلىق.

قورۇما شورپا: بۇ ئاق شورپىغا نىسبەتلەشتۇرۇپ بېرىلگەن نام. قورۇما شورپىنىڭ ئاق شورپىدىن ئاساسلىق پەرقى گۆش-ياغ، پىياز، دورا-دەرمان بىلەن قورۇلۇپ سۇ قۇيۇپ پىشۇرۇلىشىدا گەۋدىلىنىدۇ. قورۇما شورپىغا ئادەتتە، سەۋزە، چامغۇر ياكى ياڭيۇدىن باشقا نەرسە سېلىنمايدۇ. قورۇما شورپىنىڭ گۆشى مەيلى سۆڭەكلىك ياكى لوق بولسۇن بالىلارنىڭ مۇشتۇمى چوڭلۇقىدا پارچىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قورۇما شورپا گۆشى بارماق چوڭلۇقىدا توغرىلىپمۇ ھازىرلىنىدۇ.

چەينەك شورپا: گۆش چەينەكتە پىشۇرۇلغاچقا «چەينەك شورپا» دەپ نام ئالغان. مۇنداق ھازىرلىنىدۇ: گۆش چەينەكنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ پارچىلىنىپ، چەينەككە بىر پارچىدىن سېلىنىدۇ ۋە گۆش لەيلىگۈدەك سۇ قۇيۇپ ئاغزى ئېتىلىپ سۇس ئوتتا تەكشى قاينىتىلىپ پىشۇرۇلىدۇ. قايناش جەريانىدا تۇز-تەمى تەڭشەپ قويۇلىدۇ، چەينەك شورپىغا گۆشتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە سېلىنمايدۇ. شورپىغا قارىمۇچ ياكى ئاقمۇچ سېلىپ مەخسۇس يېقىلغان ئاق نان بىلەن يەپ ئىچىلىدۇ. چەينەك شورپا مەخسۇس ئاشخانىلاردا ھازىرلاپ

سېتىلىدۇ.

② كاۋاپ: «كاۋاپ» گۆشنى شورپا سېلىپ، توغرامچە قىلىپ ۋە قورۇپ يېيىشكە نىسبەتلەشتۈرۈپ بېرىلگەن نام. ئۇيغۇرلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان هايۋان، ئۇچار-قۇش ۋە بېلىقنى سۇدا، ياغدا قورۇپ يېيىشتىن تاشقىرى كاۋاپ قىلىپ يەپمۇ ئادەتلەنگەن، كاۋاپ هازىرلىنىش ئۇسۇلىغا قاراپ زىخ كاۋاپ ياكى توغرامچە كاۋاپ، قىيما كاۋاپ، تونۇر كاۋاپ، تاۋا كاۋاپ، قازان كاۋاپ، باراۋەت كاۋىپى، كۆممە كاۋاپ دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

زىخ كاۋاپ: زىخ كاۋاپ جۈملىدىن قىيما كاۋاپ، تونۇر كاۋاپ، تاۋا كاۋاپ قاتارلىقلار شەھەر-بازارلاردا كەسپىي كاۋاپچىلار تەرىپىدىن هازىرلىنىپ سېتىلىدىغان كاۋاپقا قارىتىلغان. زىخ كاۋىپىنىڭ ئەنئەنىۋى هازىرلىنىش ئۇسۇلى مۇنداق: لوق گۆش باش بارماق چوڭلۇقىدا يالپاقداپ توغرىلىپ داس ياكى تەڭلىگە سېلىپ مۇۋاپىق هالدا تۇخۇم، ئۇن، قىيمىلانغان پىياز بىلەن ئاز مىقداردا تۇزى تەڭشەلگەن سۇ قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ، كاۋاپدان ئوتى تەييار بولغۇچە دۇملەپ قويۇلىدۇ. ئوت تەييار بولۇش بىلەن ئۇدۇللۇق زىخقا ئۆتكۈزۈلۈپ پىشۇرۇلىدۇ، كاۋاپ پىشقۇچە زىرە، لازا سېپىلىپ تۇرىدۇ. ھەر بىر زىخقا ئۆتكۈزۈلىدىغان گۆشنىڭ ئاز-كۆپلۈكى، چوڭ-كىچىكلىكى نەرخ-ھاۋاغا باغلىق بولىدۇ.

قىيما كاۋاپ: گۆش يۇمشاق قىيما قىلىنىپ، تۇز، دورا-دەرمىنى تېتىلىپ، كىچىكرەك تۇخۇم شەكلىدە كومۇلاچ قىلىنىش بىلەن زىخقا ئۆتكۈزۈپ پىشۇرۇلىدۇ. ھەر بىر زىخقا ئىككى-ئۈچكىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

تونۇر كاۋاپ: تونۇر كاۋاپ ئاساسەن پۈتۈن قوينىڭ تونۇردا كاۋاپ قىلىنغانلىقىغا قارىتىلغان بولۇپ، مۇنداق هازىرلىنىدۇ. قوي سويۇلۇپ ئىچى قارنى ئېلىپ تازىلانغاندىن كېيىن

(باش-پاقالچاقلىرى كېسىپ تاشلىنىدۇ) ئىچى ئىسسىق سۇدا بىر قۇر يۇيۇلۇپ پاكىز ئېتىلىدۇ، ئاندىن قۇيرۇق تەرىپىدىن بويۇن تەرەپكە قارىتىپ مەخسۇس هازىرلانغان ياغاچ ئۆتكۈزۈپ، ياغاچنىڭ بويۇندىن چىقىپ تۇرغان قىسمىغا توغرىسىغا مەلۇم توملۇقتا كالتە تۆمۈر ياكى يوغان مىخ ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ تەييارلىق پۈتكۈچە بىر قاچىدا تۇخۇم سېرىقىغا مۇۋاپىق مىقداردا تۇز ۋە زەجىۋە تالقىنى، قارىمۇچ، زىرە، ئاق ئۇن قوشۇپ قوچۇپ تۇخۇم شىرىسى تەييار قىلىنىدۇ. ۋە ئۇ گۆشنىڭ يۈزىگە تەكشى سۈرۈلىدۇ. ئاندىن تونۇرنى ۋايىغا يەتكۈدەك قىزىتىپ چوغلىرىنى پاكىز ئېلىۋېتىش بىلەن گۆشنىڭ بويۇن تەرىپىنى ئاستىغا قارىتىپ تىكلەپ ئاغزى هىم قىلىپ ئېتىپ تاشلىنىدۇ. گۆش تەخمىنەن 40 مىنۇت ئەتراپىدا كاۋاپ بولۇپ پىشىدۇ. ئۇنىڭ پىشقانلىقى ئالتۇن رەڭدەك پارقىراق هالەتكە كەلگەنلىكىدىن مەلۇم بولىدۇ. تونۇر كاۋاپ مېهمان ئۈچۈن تەييارلانسا، ئۇ پاقلان گۆشىدە قىلىنىدۇ ۋە مېهمان ئالدىغا شۇ پېتى ياكى سىرتلاپ ئېلىپ چىقىلىپ كېسىپ يېيىشكە پىچاق قويۇپ قويۇلىدۇ. بازارغا تەييارلانغانلىرىنى غالتەكتە ئېلىپ چىقىپ خېرىدارنىڭ تەلىپىگە قاراپ پارچىلاپ بېرىلىدۇ.

تاۋا كاۋاپ: گۆش سۆڭكى بىلەن تەخمىنەن ئالىقان چوڭلۇقىدا (250 گرام ياكى 500 گرام) پارچىلىنىپ تاۋىدا پىشۇرۇلغاچقا «تاۋا كاۋاپ» دەپ نام ئالغان. تاۋا كاۋاپ ئالدى بىلەن گۆش چالا قورۇلۇۋېلىنىپ مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قۇيۇلۇپ، تۇز، دورا-دەرمانى تەڭشەلگەندىن كېيىن دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ. مېهمانغا ياكى خېرىدارغا مەخسۇس يېقىلغان نان ئۈستىگە ئېلىپ بىر كىشىلىك، بىر كىشىلىكتىن قويۇلىدۇ. تاۋا كاۋاپ نان بىلەن يېيىلىدۇ.

قازان كاۋاپ: قازان كاۋاپ لوق گۆش چىلان چوڭلۇقىدا ياپىلاق توغرىلىپ قازاندا ياغ بىلەن قورۇلىدۇ. سارغىيىپ

پىشقاندا تۇز، لازا، زىرە سېلىپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ مېھمان ئالدىغا لېگەن-تەخسىگە ئېلىپ چىقىلىدۇ. چوكا ياكى قوشۇق بىلەن يېيىلىدۇ.

باراۋەت كاۋاپ: بۇ باراۋەت ۋە ئولتۇرۇشلاردا مەخسۇس تەييارلىنىدىغان كاۋاپ تۈرى بولغاچ، شۇنداق نام ئالغان. ئەجدادلىرىمىز دېھقانچىلىق تۇرمۇشقا كۆچكەندىن كېيىن يىلنىڭ تۆت پەسلىدە پات-پات ئۇچرىشىپ بىرەر كۈن ياكى بىرەر تۈننى بىللە ئولتۇرۇپ نەغمە-ناۋا، پاراڭ-چاقچاق بىلەن ئۆتكۈزۈپ مەنىۋى تۇرمۇشىنى مەزمۇنلۇق ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن، شۇنداق ئولتۇرۇشلاردا، ئولتۇرۇشقا ھازىر بولغانلار ئۆزلىرى قول سېلىپ مەلۇم بىر خىل تاماق ئېتىپ يەيدۇ. ئەنە شۇنداق يېمەكلىكلەرنىڭ بىرى كاۋاپ، ئۇنىڭ ئادەتتىكى كاۋاپلاردىن ئالاھىدىلىكى شۇكى، باراۋەت ياكى ئولتۇرۇش ئەزالىرى ئۆزلىرى قول سېلىپ ھازىرلايدۇ: باغ باراۋىتىگە چىققانلار تەڭ چىقىش قىلىپ بىر مالنى ئۆلتۈرۈپ سوڭەكىدە شورپا قىلىدۇ. بەزىلەر لوق گۆشىنى توغرىسا بەزىلەر زىخ ياسايدۇ، بەزىلەر «يەر كاۋاپدان» ياساپ، ئوت قالاپ چوغ چۈشۈرىدۇ، بەزىلەر گۆشنى تۇخۇم، ئۇن، قارىمۇچ، زىرە، قىيمىلانغان پىياز ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلايدۇ. بىر-ئىككىسى مەخسۇس پىشۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. باراۋەت كاۋىپىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى زىخى ئۇزۇن بولۇپ بەش-ئالتە پارچىدىن گۆش ئۆتكۈزۈلىدۇ. گۆشمۇ چوڭ-چوڭ توغرىلىدۇ: بۇ كاۋاپ ئوتۇن چوغىدا پىشۇرۇلغاچقا، ئىس ھىدى يوق، تونۇر كاۋاپقا ئوخشاش ئالتۇن رەڭدە سارغىيىپ پىشىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تەمگە ئىگە بولۇپ، يېيىشلىك كېلىدۇ. ئولتۇرۇشلاردا يېيىلىدىغان مەخسۇس كاۋاپمۇ شۇ تەقلىدتە ھازىرلىنىدۇ. بىر پەرقى بەزىدە مەخسۇس كاۋاپداندا، بەزىدە خىش-كېسەكتە ۋاقىتلىق «كاۋاپدان» ياساپ پىشۇرۇلىدۇ. باراۋەت ۋە ئولتۇرۇش

كاۋپىنىڭ شۇ ئۇسۇلدا ھازىرلىنىشى «قول بالىسى قىلىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

كۆممە كاۋاپ: كۆممە كاۋاپ «قىرىن كاۋاپ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كۆممە كاۋاپ كۆپىنچە جاڭگالدىكى مالچىلار ئارىسىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ مالچىلارنىڭ ئالىي غىزاسى بولۇپ، پەقەت مالچىلار ئۆزئارا مېھمان بولۇشقاندا ۋە شەھەردىن ئەزىز مېھمانلار چىققاندا كۆممە كاۋاپ بىلەن كۈتۈۋېلىشىدۇ. ئۇ مۇنداق ھازىرلىنىدۇ: قوي تۇلۇمچىلاپ سويۇلۇپ گۆشى پارچىلىنىش بىلەن تۇزلىنىپ تۇلۇم ئىچىگە سېلىپ بويۇن ۋە پاقالچاق تېرىلىرىنىڭ كېسىلگەن جايى چىڭ بوقۇچلىنىدۇ. ئاندىن ئۇلۇغ ئوتتا ھاسىل قىلىنغان قوم قوغقا كۆمۈلىدۇ. قوي تۇلۇمچە سويۇلمىغاندا، ئادەتتىكىدەك سويۇپ گۆشى پارچىلىنىپ قېرىن ئىچىگە سېلىنىپ ئاغزىنى بوقۇچلاپ قوغقا كۆمۈلىدۇ. مەيلى تۇلۇمغا ياكى قېرىنغا سېلىپ كۆمۈلمىسۇن ئۇنىڭغا دورا-دەرمان سېلىنسا تېخىمۇ مەززىلىك بولۇپ كېتىدۇ.

دۇملىمە كاۋاپ: دۇملە كاۋاپ كۆپىنچە پاقلان گۆشىدە قىلىنىدۇ. پاقلان سويۇلۇپ گۆشى پارچىلىنىپ ئۆز يېغىدا قۇرۇلۇش بىلەن مەلۇم مىقداردا سۇ قۇيۇلىدۇ ۋە تۇز تەمى تەڭشىلىپ، دورا-دەرمان سېلىپ دۇملەپ تاشلىنىدۇ. شۇڭا كاۋاپنىڭ بۇ تۈرى «دۇملە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. گۆش دۇملىنىش جەريانىدا سۇ، دورا-دەرمان گۆشنىڭ قات-قېتىغا سىڭىپ شۇنداق مەززىلىك پىشىدۇكى، ئاغزىڭىزغا سالسىڭىز ئېلىكتەك ئېرىپ كېتىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار كاۋاپنىڭ بىر قەدەر ئومۇملاشقان، كۆپ ئۇچرايدىغان تۈرلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە پوستۇما كاۋاپ، ياقما كاۋاپ، شىرى كاۋىپى، سوقما كاۋاپ قاتارلىق تۈرلىرىمۇ بار. بۇلاردىن باشقا، غاز-ئۆردەك، توخۇ،

قىرغاۋۇل، چىل، بۆدىنە، كەكلىك، كەپتەر، قۇشقاچ قاتارلىق ئۇچار-قاناتلار، جەرەن، كىيىك، بۇغا، مارال، ئارقار، بۆكەن، قوتاز قاتارلىق هايۋان گۆشلىرىمۇ كاۋاپ قىلىپ يېيىلىدۇ. بۇ كاۋاپلار شۇ ئۇچار-قانات، هايۋان ناملىرىدا ئاتىلىدۇ. شۇنىڭدەك قوي-ئۆچكە، ئات-كالىنىڭ جىگەر، بۆرەكلىرى (قوينىڭ ياغلىق ئۇچىيىدىمۇ كاۋاپ قىلىنىدۇ)، تاللىرىدىنمۇ كاۋاپ قىلىنىپ «جىگەر كاۋاپ»، «بۆرەك كاۋاپ»، «ئۇچەي كاۋاپ»، «تال كاۋاپ» دەپ ئاتىلىدۇ. قوي جىگىرى توغرىلىپ چاۋا مايغا ئوراپ شورپىدا پىشۇرۇپ يېيىلىدۇ. بۇ «دۇمبە جىگەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

③ سۇر گۆش: قوي، ئات گۆشلىرى تۇزلىنىپ ئىسقا ئېسىپ قويۇلىدۇ. گۆش ئىسلىنىش جەريانىدا تەدرىجىي قارامتۇل سارغۇچ هالغا كېلىدۇ. گۆشنىڭ بۇ ئۇسۇلدا تەييارلانغىنى «سۇر گۆش» دەپ ئاتىلىدۇ. سۇر گۆش ئادەتتە پولۇغا بېسىپ، پىشۇرۇپ ئۇششاق توغراپ، پىياز ئارىلاشتۇرۇپ چۆپ قىلىپ يېيىلىدۇ.

④ قېزا: ئادەتتە ئات گۆشى پارچىلىنىپ تۇزلىنىپ ئات ئۇچىيىگە سىلىنىپ سۇرگۆشكە ئوخشاش ئىسلاش ئارقىلىق هازىرلىنىدۇ. قېزىمۇ ئادەتتە پولۇغا بېسىلىپ ۋە جىمبىلدا پىشۇرۇلۇپ توغرامچىلاپ يېيىلىدۇ. سۇر گۆش، قېزا قازاق، قىرغىز قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەردە كەڭ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار گۆشنى قاق قىلىپ سوغۇق سۇغا چىلاپ قويۇپ توغراپ قورۇمىغا سېلىپمۇ يەيدۇ، پولۇغىمۇ باسىدۇ، قوي-كالا، باش-پاقالچاقلىرىنىمۇ پاكىز ئۇتلەپ سۇدا پىشۇرۇپ يەيدۇ. قوينىڭ ئۆپكىسىنى قۇيۇپ ياكى قارا ئۆپكە قىلىپ يەيدۇ.

ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ۋە تارىخىي يادىكارلىقلاردىن مەلۇم بولۇشىچە ئۇيغۇرلاردا گۆشنى كاۋاپ قىلىپ، شورپا

سېلىپ، قېزا قىلىپ يېيىش قەدىمكى دەۋرلەردىلا ئادەت بولۇپ شەكىللەنگەن، چەرچەن ناھىيە زاغۇنلۇقتىكى بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ قەبرىدىن چىققان يۇلغۇن زىققا ئۆتكۈزۈلۈپ پىشۇرۇلغان كاۋاپ (ھازىر بۇ بۇيۇم ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي مۇزېيدا ساقلانماقتا) «دىۋان» دا «كۆرپلەدى» دېگەن پېئىلنىڭ «كاۋاپ قىلدى، ئۇ قوزىنى قاقلىدى يەنى يەردە بىر ئورەك كولاپ قوزىنى كاۋاپ قىلدى» ؛ «ئۇز» سۆزىنىڭ «ياغ، ئۇزلۇك مۇن (ياغلىق شورپا)»[1] دەپ ئىزاھلانغانلىقى شۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

**3. قورۇما تاماقلار:** ئەجدادلىرىمىز قورۇما تاماقلارنى يېيىشنى ئانچە ئادەت قىلىپ كەتمىگەن. بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىكى غىزالىنىش ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ داۋاملىق ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك قۇرۇلمىسىدىمۇ تەدرىجىي ئۆزگىرىش ھاسىل بولۇش بىلەن قورۇما تاماق يېيىش ئادىتى شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قورۇما تاماقلىرى ھازىرلىنىش جەھەتتىكى ئاساسلىق تەركىبىگە قاراپ ئۇن تەركىبلىك، گۆرۈچ تەركىبلىك قورۇما تاماق دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

① ئۇن تەركىبلىك قورۇما تاماقلار: بۇ لەڭمەن، پەرمان، قورداق، نان قورداق، قىيما قورداق، چۆپ، ياپما، سىقماق، زاڭ (يوبدان)، تالقان، شوجۇرا (ھازىر پىنتاڭ ياكى سۇەنتاڭرۇ دەپ ئاتالماقتا) ۋە ھەر خىل قورۇمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تاماقلار ئىچىدە لەڭمەن «سوزۇپ لەڭمەن»، «كېسىپ لەڭمەن» دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ ۋە مۇنداق ھازىرلىنىدۇ:

---

① شۇ ئەسەر، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 602-بەت، 1-توم

لەڭمەن: لەڭمەن ئۇيغۇرلار ئادەتتە ياقتۇرۇپ كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان، شۇنىڭدەك ھازىرلىنىشى بىرقەدەر تەس تاماق. ئۇنىڭ تەسلىكى خېمىرنى يۇغۇرۇشتا مەلۇم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن لەڭمەن خېمىرىنى يۇغۇرۇش ئالاھىدە ماھىرلىق تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپ بويىچە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزلۈك بولۇش-بولماسلىقى، سۇ، تۇز خالاش دەرىجىسىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ، ئىككىنچى قەدەمدە ئەمەلىي ئېھتىياجغا قاراپ ئۇن ئېلىپ، ئۇنىڭ سۇ، تۇز خالىشىغا مۇناسىپ مىقداردا سۇ قۇيۇلۇپ يۇغۇرۇلىدۇ، دەسلەپ چىڭراق يۇغۇرۇلۇپ ئاز-ئاز سۇ تامغۇزۇپ ئىشلەپ نورمال ھالغا كەلتۈرۈلىدۇ. خېمىر يۇغۇرۇلۇپ بولغاندا، بېگىز قول بىلەن باسساق بارماق ئىزى چىققۇدەك ھالەتكە كەلسە، ئۇنىڭ چىڭ-بوشلۇقى نورمال بولغان بولىدۇ. خېمىر تەييار بولغاندىن كېيىن ئۇنى يۇمىلاقلاپ، ئۈستىگە نېپىز قىلىپ تەكشى ماي (سۇ يېغى) سۈرتۈلۈپ، سىقىم چوڭلۇقىدا زوۋۇلا قىلىپ ئۈزۈلىدۇ، ئۈزۈلگەن زوۋۇلا ئۇدۇللۇق ئالىقاندا مۇجۇقلاش ئارقىلىق پىلتە قىلىنىپ مايلاپ تىزىلىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن، چىمچىلاق توملۇقىدا ئالىقاندا ئېشىپ جىزە قىلىش بىلەن لېگەن ياكى تەكشى-تۈز نەرسىگە تۈرمەكلىنىدۇ، ئادەتتە ئۈچ جىزا بىر قۇر تۈرمەك قىلىنىپ ئۈستى تەكشى مايلىنىپ، جىزا تۈگىگىچە ئۈستى-ئۈستىگە تۈرمەكلىنىدۇ. تۈرمەكلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۈستى ئوبدان مايلىنىپ جاۋۇر ياكى خېمىر ياپقۇچ نەم لاتا بىلەن يېپىپ قويۇلىدۇ. خېمىر شۇ ھالەتتە قورۇما قورۇلۇپ، قازان قاينىغىچە تىندۇرۇلىدۇ. قازان قاينىشىغا سۈپۈرىغا بىر جىزا بىر جىزىدىن سوزۇپ چىقىرىپ، بىر-ئىككى جىزىدىن كۆيەگدەپ غولاچلاپ سۈپۈرىغا ئۇرۇپ ئىككى-ئۈچ قېتىم سوزۇلىدۇ. ئىنچىكە-توم بولۇشى يېگۈچىنىڭ خاھىشىچە بولىدۇ، چۆپ پىشقاندىن كېيىن چويلا بىلەن سۈزۈلۈپ سوغۇق

سۇدا ئوبدان چايقىلىپ تەخسە ياكى چىنىگە ئېلىنىدۇ. ئىسسىق يېگۇچىگە ئۇستىگە قورۇما سالغۇچە چۆپ چويلىدا قازانغا سېلىپ ئىسسىتىپ بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇن تەركىبلىك لەڭمەنگە ئوخشاش قورۇما تاماقلىرىنىڭ قورۇمىسى كۆپ تەركىبلىك بولىدۇ. مەسىلەن، گۆش-ياغ، پىياز-سامساق، پەمىدۇر، مۇچ (لازا)، بەسەي، چىڭسەي، بىدىگەن قاتارلىق كۆكتاتلارنىڭ ھەر خىلىدىن مۇۋاپىق نىسبەتتە سېلىپ قورۇلۇپ لايىقىدا سۇ قۇيۇپ تۇز-تەمى تەڭشىلىپ پىشۇرۇلىدۇ. ئەگەر يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن كۆكتاتلار بولمىغان تەقدىردە سەۋزە، ياڭيۇ ئىشلىتىلىدۇ. ياز-كۇز كۈنلىرى لەڭمەننىڭ قورۇمىسى لازا، پەمىدۇر، جاڭدۇ بىلەن قورۇلىدۇ. لەڭمەننىڭ قورۇمىسى ئادەتتە گۆشلۈك، مايلىقراق بولىدۇ. گۆش بولمىغان شارائىتتا خاس ئاشۇ كۆكتاتلاردىلا ياكى ئۈچ-تۆت تۇخۇم بىلەن قورۇلىدۇ. لازا، پەمىدۇر، جاڭدۇ چىققان مەزگىللەر لەڭمەن كۆپ يېيىلىدىغان مەزگىل بولۇپ، كۈندە دېگۈدەك بىر ۋاخ لەڭمەن يېيىلىشىمۇ كىشى يادىمايدۇ.

كەسمە (كېسىپ) لەڭمەن: بۇنىڭ خېمىرى، چۆپى سۇيۇقئاش خېمىرى، چۆپىگە ئوخشاش ھازىرلانغاچقا، كەسمە لەڭمەن دەپ نام ئالغان. چۆپى ئۇگرىنىڭ چۆپىدىن چوڭراق، كەسمىنىڭ چۆپىدىن چوڭراق كېسىلىدۇ. قورۇمىسى پۈتۈنلەي لەڭمەن قورۇمىسىغا ئوخشاش قورۇلىدۇ.

پەرمان: پەرماننىڭ خېمىرى، چۆپى پۈتۈنلەي ئۇزۇپ تاشلاپ سۇيۇقئاش خېمىرى، چۆپىگە ئوخشاش تەييارلىنىدۇ. چۆپى لەڭمەن چۆپىگە ئوخشاش سوزۇپ ئېلىنىپ ئۇستىگە قورۇما سېلىپ ئارىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن يېيىلىدۇ. پەرماننىڭ قورۇمىسىمۇ لەڭمەن قورۇمىسىغا ئوخشاش قورۇلىدۇ، سوزۇپ لەڭمەن ياكى كەسمە لەڭمەن يا پەرمەن

بولسۇن ھەممىسى چىنە ياكى تەخسىگە بىر كىشىلىكتىن راسلىنىپ، ئۈستىگە چۆپنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە لايىق قورۇما سېلىنىدۇ. لەڭمەن، پەرمان ئادەتتە چوكا بىلەن يېيىلىدۇ، بەزىلەر پەرماننى قوشۇق بىلەنمۇ يەيدۇ. ئاياللار ئىچىدە، بولۇپمۇ، قازان بېشىدا بولغان ئاياللار لەڭمەننى قولى بىلەن يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، قول بىلەن يېگەندە ئاساسەن باش بارماق بىلەن بىگىز قولنى ئىشقا سالىدۇ، ھەرگىز بەش قول بىلەن يېمەيدۇ.

قورداق: گۆش، پىياز، پەمىدۇر، سەۋزە، ياكى بىلەن قورۇلۇپ، بۇ نەرسىلەر چىلاشقۇدەك سۇ قۇيۇپ پىشۇرۇلغاچقا «قورداق» دەپ نام ئالغان. قورداقنىڭ گۆشى ئەھۋالغا قاراپ ھەرخىل چوڭلۇقتا لوق، سۆڭەكلىك قىلىپ پارچىلىنىدۇ، سەۋزە، ياكى يۇمۇ ئەھۋالغا قاراپ ھەرخىل چوڭلۇقتا، ئەمما چاقماق قىلىپ توغرىلىدۇ، قورداق تەخسە ياكى چىنىگە ئۇسۇلۇپ نان بىلەن يېيىلىدۇ. بەزىدە گاڭپەن بىلەنمۇ يېيىلىدۇ، مېھمانغا لېگەن بىلەن قويۇلىدۇ.

نان قورداق: بۇنىڭ قورداقتىن پەرقى، سۈيى بىر قەدەر كۆپ، قېتىپ قالغان نانلارنى ئۇششاقلاپ سېلىپ تەييارلىنىدۇ، ئىچىگە سېلىنىدىغان خېرىتلىرى پەرقلەنمەيدۇ. نان قورداق شۇنداق تەييارلانغانلىقىغا قاراپ «شايىپەتنا» مۇ دېيىلىدۇ. ئەمما كۆپىنچە ھاللاردا ياكى ئورنىغا باشقا كۆكتاتلار سېلىنىدۇ. چۈنكى ياكى ئاسان ئېزىلىپ كېتىدۇ.

قىيما قورداق: بۇ قورداق قىيما قىلىنغان گۆشتە تەييارلانغاچقا شۇنداق نام ئالغان. ئۇ مۇنداق تەييارلىنىدۇ: ئالدى بىلەن گۆش يۇمشاق توغرىلىپ پىياز بىلەن چانىلىپ، تۇزى، دورا-دەرمانى تەڭشىلىپ مىجىلىش بىلەن تۇخۇم چوڭلۇقىدا قۇمۇلاق قىلىنىپ ئالىقاندا ياپىسالىنىدۇ، ئاندىن ياغدا چالا پىشۇرۇلىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە سەۋزە، ياكى تۆت چاسا

ياڭپاق توغرىلىپ پىياز بىلەن قورۇپ قىيام ھازىرلىنىدۇ. قىيام تەييار بولغان ھامان ياپسالانغان قىيما قىيامغا ئۇستى-ئۇستىگە تىزىپ سۇس ئوتتا قاينىتىلىدۇ. مەززىلىك پۇراق چىقىش بىلەن ئوت ئۆچۈرۈلۈپ چىنە ياكى تەخسىگە ئېلىپ نان ياكى گاڭپەن بىلەن يېيىلىدۇ، مېھمان ئالدىغا لېگەندە قويۇلىدۇ.

چۆپ: چۆپ تەييارلىنىشىغا قاراپ چۆپ، نارىن چۆپ، قايماق چۆپ، نان چۆپ دېگەن تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ.

چۆپ: چۆپ گۆش ئۇششاق توغرىلىپ، پىياز، دورا-دەرمان بىلەن مايلىق قورۇلۇپ ئاز مىقداردا سۇ قويۇپ سۈيى پىشقاندىن كېيىن تۇزى تېتىلىدۇ. قورۇمىسى تەييار بولغۇچىلىك ئۇگرە خېمىر يۇغۇرۇپ، نېپىز، تەكشى يېيىپ، ئۇگرە كەسمىسىدىن سەل چوڭراق كېسىپ (بەزىدە ئۆرۈك يوپۇرمىقى چوڭلۇقىدا ئۈزۈپ) قايناۋاتقان قازانغا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ. پىشقاندا چويلىدا سۈيى ئوبدان ساقىتىلىپ لېگەنگە سۇزۇپ ئېلىنىدۇ. ئاندىن قورۇمىسى چۆپ ئۈستىگە تۆكۈلۈپ قارىمۇچ سېلىپ قوشۇق بىلەن تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئارىلاشتۇرۇلۇش جەريانىدا چۆپ قوشۇقتا يەنە بىر قېتىم «كېسىلىدۇ». ئارىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن قوشۇق بىلەن يېيىلىدۇ.

نارىن چۆپ: بۇ كۆپىنچە دوستلار ئارا قاتارى ئولتۇرۇشتا مەخسۇس ئېتىلىدىغان تاماق بولۇپ، مۇنداق ھازىرلىنىدۇ: چۆپى ئۇگرە چۆپىدەك تەييارلىنىدۇ. ئەمما گۆش قورۇلماي سۇدا پىشۇرۇلىدۇ. گۆش نورمال پىشقاندا سۇزۇپ ئېلىنىپ، سەل سوۋۇغاندا، ئولتۇرۇش ئەزالىرى گۆش سۇزۇلگەن قاچىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ قىزىق چاقچاق پاراڭ ئىچىدە گۆشنى قولدا تۈتۈپ ئۇششاق توغرايدۇ، بەزىسى پىياز قىيمىسى تەييارلايدۇ. بۇ ئىشلار تۈگىگۈچە چۆپمۇ پىشۇرۇلۇپ سۇزۇپ جاۋۇر ياكى تەڭلىگە ئېلىپ تەييار قىلىنىدۇ. ئاندىن پىياز قىيمىسىغا قىزىق

شورپا قويۇلۇپ گۆش ئۈستىگە تۆكۈپ ئارىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، قاچىدىكى چۆپ ئۈستىگە تۆكۈپ قارىمۇش سېپىپ گۆش بىلەن چۆپ قولدا تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن لېگەنلەرگە بۆلۈپ ئېلىنىپ قول بىلەن يېيىلىدۇ. نارىن چۆپنىڭ گۆش مىقدارى ئادەتتە بىر چۆپ، بىر گۆش دېگۈدەك نىسبەتتە بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ناھايىتى قۇۋۋەتلىك كېلىدۇ، ئەمما پىياز بولغاچقا ئاسان سىڭىدۇ. چۆپنىڭ قورۇمىسىمۇ گۆشلۈك بولىدۇ. نارىن چۆپنىڭ يەنە بىر خىلى بولۇپ، ئۇ گۆش ئورنىغا مەخسۇس قوينىڭ تىلى ياكى كۆزىنى توغراپ تەييارلىنىدۇ. بۇنداق چۆپ ھۆرمەتلىك مېھمانلار ئۈچۈن ھازىرلىنىدۇ.

قايماق چۆپ: قايماق چۆپنىڭ باشقا چۆپ تۈرىدىن پەرقى، گۆش ئورنىغا قايماق ئىشلىتىلىدۇ. قايماق چالا قورۇلغان پىياز قىيمىسىغا قوشۇپ قازاندا ئىككى-ئۈچ ئۆرۈپ-چۆرۈپلا ئېلىپ چۆپ ئۈستىگە تۆكۈپ ئارىلاشتۇرۇپ قوشۇق بىلەن يېيىلىدۇ. يېزىلاردا مەخسۇس قايماق چۆپ باراۋىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

نان چۆپ: نان چۆپ چۆپ ئورنىغا كاكچا نان ئىشلىتىلگەنلىكتىن شۇنداق نام ئالغان. نان چۆپكە قورۇما قورۇلماي گۆش سۇدا پىشۇرۇلۇپ يېيىلىدۇ، شورپىسىغا نان ئۇششاق پارچىلىنىپ سېلىنىپ ئىككى-ئۈچ قاينىغاندىن كېيىن تۇز تەمى، دورا-دەرمانى تەڭشىلىش بىلەن لېگەن ياكى تەخسە، چىنىگە ئۇسۇلۇپ قوشۇقتا يېيىلىدۇ.

ياپما: بولدۇرۇق ياپما، پىتىر ياپما دەپ ئىككى خىل ئاتىلىدۇ. پىتىر ياپما ئاساسەن ئاراتۇرۇك ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئارا تۇرۇك ئۇيغۇرلىرى ئەزىز مېھمانلىرىنى گۆش ۋە پىتىر ياپما بىلەن كۈتىدۇ. پىتىر ياپما مۇنداق ھازىرلىنىدۇ: سېمىز قوي ياكى پاقلان سويۇلۇپ سۆڭەكلىرى بىلەن ئۇششاق پارچىلىنىپ ئۆز يېغى بىلەن قورۇلىدۇ، قورۇلۇپ تەكشى سارغايغاندا پىياز ۋە دورا-دەرمان

سېلىنىپ ئاز قورۇلغاندىن كېيىن يېرىم چالاشقۇدەك سۇ قۇيۇلۇپ تۇز-تەمى تەڭشىلىدۇ. بۇ جەرياندا يەنە بىر تەرەپتىن خېمىر مۇنجامىدەك نېپىز يېيىلىپ، قازان قاتلىمىسىغا ئوخشاش قات-قېتىغا تەكشى ماي سۇرتۇلۇپ گۆشنىڭ يۈزى يېپىلغۇدەك چوڭلۇقتا راسلىنىپ تەييار قىلىنىدۇ. ئاندىن قازان قايناش بىلەن تەڭ ئۇ گۆش ئۈستىگە يېپىپ دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ. پىشقاندىن كېيىن گۆش لېگەنگە ئېلىنىپ ئۈستىگە ياپما ئېلىنىپ مېھمان ئالدىغا قويۇلىدۇ. ئاندىن ساھىبخان ئۇنى پارچىلاپ مېھمانلارنى ئېلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. پىتىر ياپمىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، گۆش دۈملىمىگە ئوخشاش ناھايىتى مەززىلىك قورۇلۇپ پىشقاچقا تولىمۇ يېيىشلىك كېلىدۇ، ئەمما گۆش سېمىز بولغانلىقتىن ئوڭاي كۆڭۈلگە تېگىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ياپما بىلە قوشۇپ يېيىلىدۇ.

سىقماق: ئاساسلىقى شەرقى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. سىقماق ئاساسەن ئاق قوناق ئۇنىدا ئېتىلىدۇ. ھازىرلىنىشى مۇنداق: قازان قايىنىغاندا قازان ئۈستىگە مەلۇم كەڭلىك، 10 نەچچە سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى تۆمۈر جىمبىل تۆشۈكلىرىدەك تۆشۈك تېشىلگەن تاختاي قويۇلۇپ، خېمىر ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ بېسىلىدۇ، خېمىر بېسىم ئارقىسىدا تۆشۈكلەردىن سىقىلىپ قايناۋاتقان قازانغا ئۈزۈلۈپ چۈشىدۇ. پىشقاندىن كېيىن چۆيلا بىلەن سۈزۈپ ئۈستىگە قورۇما سېلىپ يېيىلىدۇ. ئەمما قورۇما گۆشلۈك، مايلىق قورۇلىدۇ. بۇنى ماھىيەتتە قوناق ئۇن لەگمىنى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ مەخسۇس ياسالغان تاختاي تۆشۈكلىرىدىن سىقىپ چىقىرىلغاچقا «سىقماق» دەپ ئاتالغان.

زاڭ: ئاساسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. كۆممىقوناق ئۇنىدىن ياسىلىدۇ.

زاڭنىڭ ياسىلىشى مۇنداق: ئۇن ئالدى بىلەن بىر قاچىغا

چېلىپ تەييار قىلىنىدۇ. قازان قاينىغاندا، قازانغا تۆكۈپ پىشقۇچە نوغۇچتا قوچۇپ تۇرۇلىدۇ. پىشقاندا قاچىلارغا ئۇسۇلۇپ، ئۈستىگە قورۇما سېلىپ يېيىلىدۇ. قورۇما گۆش، پىياز ياكى بەسەي، سەۋزە، تۇرما قاتارلىق كۆكتاتلار بىلەن گۆشلۈك قىلىپ قورۇلىدۇ. زاڭ ئادەتتە لەڭپۇڭغا ئوخشاش قويۇق قىلىنىدۇ. شۇڭا بەزىدە پىچاقتا كەسمىگە ئوخشاش كېسىپمۇ يېيىلىدۇ، زاڭ پىشۇرۇشتا سەل دىققەتسىزلىك قىلىنسا، ئىس ئۆتۈپ يېگۈسىز بىر نەرسە بولىدۇ. شۇڭا زاڭ ئېتىش ماھىرلىق تەلەپ قىلىدىغان غىزا.

تالقان: تالقانمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەكلىكلىرىدىن. تالقاننىڭ ھازىرلىنىش ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاشلىقتىن ئوزۇقلىنىشىنى ئۆگەنگەن دەسلەپكى دەۋرلەردە يەپ ئادەتلەنگەن غىزالىرىدىن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى تالقان ئەڭ بۇرۇن بۇغداي قورۇۋېلىنىپ يارغۇنچاقتا، كېيىنچە تۈگمەندە تارتىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ھازىرقىدەك ئۇننى قورۇپ پىشۇرۇش يولى بىلەن ھازىرلىنىدىغان بولغان. پېشقەدەملەرنىڭ ھېكايە قىلىشىچە نان، بولۇپمۇ، توقاچ، تالقان سەپەردە ئېلىپ يۈرۈشكە ئەڭ قولايلىق يېمەكلىك ئىكەن. چۈنكى قايناقسۇ ياكى سۇ بولسىلا چېلىپ يېيىشكە بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئادەمنى توق تۇتىدۇ. ئەگەر تالقانغا شېكەر، چىگىردەك ئارىلاشتۇرۇلسا ئوزۇقلۇق قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. تالقان ھازىر كۆپىنچە چايدا چېلىنىپ، ئازراق ماي سېلىپ يېيىلىدىغان بولدى. ھازىرقى قايتارما چاي (ھۆممەل چاي) نى تالقاننىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلغان تۈرى دېيىشكە بولىدۇ. قايتارما چايمۇ تاماق ھېسابلىنىدۇ. مۇنداق تەييارلىنىدۇ: ئالدى بىلەن مايدا ئۇن (مىدارى ئېھتىياجغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ) قورۇلىدۇ، ئاندىن ئۈستىگە چاي قۇيۇلۇپ سۇيۇلدۇرۇلۇپ تۈزى تەڭشىلىپ ئىچىلىدۇ.

② گۆرۈچ تەركىبلىك قورۇما تاماقلار: بۇ پولۇ، شويلا، بەتتە، گاڭپەن، ھېسىپ، سىڭدۈرمە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پولۇ: پولۇ «قويۇقئاش»، «گۆرۈچ ئاش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پولۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئالىي تاماقلىرىدىن. پولۇ گۆش، ماي، سەۋزە، پىياز، گۆرۈچتىن تەييارلىنىدۇ. تەييارلىنىشى: پولۇ خېرىتىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى، ئادەم سانىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. گۆش چوڭ-چوڭ پارچىلىنىدۇ، سەۋزە قەلەمچە توغرىلىپ، پىياز يالپاق توغرىلىدۇ، ئاندىن مايغا گۆش سېلىنىپ سارغايغىچە قورۇلىدۇ، پىياز سېلىنىپ ئۈچ-تۆت قورۇلغاندىن كېيىن تۇز، سەۋزە سېلىنىپ ئوبدان قورۇلۇش بىلەن سۇ قۇيۇپ ئوبدان قاينىتىلىدۇ. سۇيى پىشقاندىن كېيىن گۆرۈچ سېلىنىپ تەكشى قاينىتىلىدۇ. گۆرۈچ سېلىنغاندا ئالدى بىلەن ئارىلاشتۇرماي تەكشى قاينىتىلىدۇ. ئاندىن ئۈستى قىسمى ئاز-تولا ئۆرۈپ-چۆرۈلۈپ ئاستىغا تېگىلمەيدۇ. گۆرۈچ يۇمشاق ھالەتكە كېلەي دېيىشى بىلەن دۈملىنىپ ئوچاق قىزىقلىقى ۋە قوغ تاۋىدا يېرىم سائەتچە تۇرغۇزۇلىدۇ. ئاش دەم يېگەندە مەززىلىك پۇراق كېلىدۇ. بۇ ئاشنىڭ پىشقانلىقىنىڭ سىگنالى. بۇنىڭ بىلەن تۇۋاق ئېچىلىپ گۆرۈچ، سەۋزە تەكشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ لېگەنگە ئۇسۇلىدۇ، ئاندىن ئۈستىگە گۆش بېسىپ مېھمان ئالدىغا ئېلىپ چىقىلىدۇ. ئاش ئوبدان يېيىلسۇن ئۈچۈن تەرخەمەك ياكى تۇرما (لوبۇ) ئۇششاق توغرىلىپ لازىجاڭ، ئاچچىقسۇ بىلەن سەي ھازىرلاپ تەخسە بىلەن داستىخانغا قويۇلىدۇ. بەزىلەر مۇنداق سەيگە سۇزمە ئارىلاشتۇرىدۇ. پولۇ قول بىلەن يېيىلىدۇ، پولۇغا بېيە، تۇخۇممۇ بېسىلىدۇ. بېيە ئاشقا خۇشپۇراق كىرگۈزىدۇ، بەزىدە گۆش بىلەن پىيازدا پېتىر مانتا قىلىپ گۆش قاتارىدا پولۇغا بېسىلىدۇ. گۆش يوق بولۇپ قالسا ئۆرۈك قېقى ياكى قوغۇن

قىقى بېسىلىدۇ. سەۋزە يوق بولۇپ قالسا، بەسەي ياكى تورما بىلەنمۇ ئاش ئېتىلىدۇ. بۇنداق ئاش «ئاق پولۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. گۆرۈچ يوق بولۇپ قالسا قوناق يارمىسىدىمۇ ئېتىلىدۇ.

شويلا: شويلىنىڭ سۈيى پولۇ سۈيىگە ئوخشاش تەييارلىنىدۇ. ئەمما سۇ كۆپ قويۇلىدۇ. گۆرۈچ يۇمشاپ ئۇماچ شەكلىدە قويۇلغانغا قەدەر قاينىتىلىدۇ. زىرە سېلىپ تۇز-تەمى تەڭشىلىش بىلەن لىگەنگە ئۇسۇپ قوشۇق بىلەن يېيىلىدۇ.

بەتتە: بەتتىنى ئەمەلىيەتتە پولۇنىڭ بىر خىلى دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر بەتتىنى پولۇ قاتارىغا قويۇپ «بەتتە پولۇ» دەپ ئاتىشىدۇ. بەتتىنىڭ پولۇدىن بىر پەرقى، گۆرۈچ ئايرىم گاڭپەندەك دۇملىنىدۇ. سەۋزە ئورنىغا پەمىدۇر، جاڭدۇ ياكى تورۇپ، بەسەي قاتارلىق كۆكتاتلار بىلەن گۆشلۈك، مايلىق قورۇما هازىرلىنىدۇ. گۆرۈچ دەم يېگەندە لىگەنگە ئۇسۇپ ئۈستىگە مەلۇم مىقداردا قىزدۇرۇلغان قوي مېيى سېلىپ ئاندىن ئۈستىگە قورۇما ئۇسۇلۇپ قوشۇق بىلەن يېيىلىدۇ.

هېسىپ: هېسىپ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخي ئەنئەنىۋى تاماقلىرىدىن. ئۇنىڭ هازىرلىنىشى توغرىسىدا «دىۋان» دا: «هېسىپ، ئۈچەي ئىچىگە گۆرۈچ، گۆش ۋە دورا-دەرمەك سېلىپ قىلىنىدىغان يېمەكلىك» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. هازىر بىزدە گۆش قاتارىدا يەنە جىگەر، سەۋزە سېلىشنى هېسابقا ئالمىغاندا، هازىرلىنىشىدا هېچقانداق ئۆزگىرىش يوق. بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇنقىغا ئوخشاش هازىرلىنىپ كەلمەكتە.

سىگدۈرمە: بۇ مۇنداق هازىرلىنىدۇ: گۆرۈچ گاڭپەندەك دۇملىنىدۇ ۋە بىر نەچچە خىل كۆكتاتتا مايلىق، گۆشلۈك قىلىپ قورۇما هازىرلىنىدۇ. ئاندىن قورۇما گۆرۈچكە ئارىلاشتۇرۇلۇپ سۈيى گۆرۈچكە سىگدۈرۈلۈپ ئاندىن يېيىلىدۇ. شۇڭا سىگدۈرمە، دەپ ئاتالغان.

4. قىيمىلىق تاماقلار: قىيمىلىق تاماقلار مانتا، چۆچۈرە، جۇۋاۋا، سامسا، سامبۇسا، پەرمۇدە، خوشاڭ (پەرەمىش)، گۆش نان، پۆرە، تۆرمەل، تەپمەك، مۇندەك، شوڭگۇتماق قاتارلىق تاماقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قىيمىلىق تاماقلار ئىچىدە مانتا پىتىر مانتا، بولدۇرۇق مانتا، كاۋا مانتا، شىكەر مانتا، كۆك مانتا دەپ بەش خىلغا ئايرىلىدۇ.

پىتىر مانتا: بولدۇرۇق مانتا خېمىرىنىڭ پىتىر، بولدۇرۇق كېلىشىگە قاراپ شۇنداق نام ئالغان، ئەما، قىيمىسى بىردەك گۆش، پىياز، دورا-دەرمەك سېلىپ ھازىرلىنىدۇ. كاۋا مانتا، كۆك مانتا قىيمىسىنىڭ ھازىرلىنىشىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا خېمىرى پىتىر، بولدۇرۇق كېلىدۇ. كاۋا مانتا خاس كاۋا (ئاساسەن كاۋا مانتىسى ياكى شېكەر كاۋا) قىيمىسىدا تەييارلىنىدۇ. كۆك مانتا بەسەي ياكى ئۇندۇرمە (پۇرچاق ئۇندۇرمىسى) ياكى پىدىگەن، جاڭدۇ قىيمىسىدا تەييارلىنىدۇ. مەيلى كاۋا مانتا ياكى كۆك مانتا بولسۇن قىيمىسىغا ياغ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، بەزىدە كاۋا مانتىسىغا چىگىردەك ياكى ئاز-تولا گۆش، كۆك مۇچ سېلىنىدۇ.

چۆچۈرە، جۇۋاۋا: بۇ ئىككى خىل تاماقنىڭ خېمىرىنىڭ ھازىرلىنىشى، تۈگۈشىنىڭ ئوخشىماسلىقىلا پەرقلىنىدۇ. قىيمىسى بىردەك گۆش، پىياز، دورا-دەرمەك سېلىنىپ ھازىرلىنىدۇ. چۆچۈرىنىڭ خېمىرى ئالدى بىلەن يېيىلىپ، قاتلاپ تۆت چاسا كېسىلىدۇ. ئاندىن بارماق چوڭلۇقىدا قىيما سېلىپ قايرىما قۇق شەكلىدە تۈگۈلىدۇ. جۇۋاۋا خېمىرى كىچىك-كىچىك زۇۋۇلا قىلىنىپ، مانتا جىلتىسىدەك ئېچىلىپ قاق چوڭلۇقىدا قىيما سېلىپ، ياپسا قىلىپ تۈگۈلىدۇ. جۇۋاۋا پىشقاندا چويلىدا سۈزۈپ ئېلىنىپ، لېگەن ياكى تەخسىگە ئېلىپ قوشۇق ياكى چوكا بىلەن يېيىلىدۇ.

سامسا: سامسىنىڭ خېمىرى پىتىر مانتا خېمىرى

جىلتىسىدەك ھازىرلىنىدۇ. ئەمما مانتا جىلتىسىدىن قېلىنراق كېلىدۇ. قىيمىسى پۇتۇنلەي پىتىر مانتا قىيمىسىغا ئوخشاش بولۇپ تۈگۈلۈشى ئوخشىمايدۇ. مانتا پۇرۇپ تۈگۈلسە، سامسا قاتلاپ تۈگۈلىدۇ. مانتا جىمبىل ياكى قاسقاندا پىشۇرۇلسا، سامسا تونۇردا پىشۇرۇلىدۇ.

سامبۇسا: سامبۇسا «ياغ سامسا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ قىيمىسى پىتىر مانتا قىيمىسىدەك ھازىرلىنىدۇ. ئەمما گۆش ئۇششاق توغرىلىدۇ. جۇۋاۋا شەكلىدە تۈگۈلىدۇ. ئاغزى تەرپىگە قىيىقچا چىشى شەكلىدە پۇرۇلۇپ «گۇل» چىقىرىلىدۇ. ۋە ياغدا پىشۇرۇلىدۇ، شۇنىڭدەك دوخوپكا ياكى تاۋىدىمۇ پىشۇرۇلىدۇ.

پەرمۇدە: پەرمۇدىنى سامسىنىڭ بىر خىلى دېيىشكە بولىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى، پەرمۇدىنىڭ خېمىرى ئېچىلىپ قىيمىسى مايلىقراق قىلىنىپ خېمىرغا يۆگىلىپ تونۇردا پىشۇرۇلىدۇ.

خوشاڭ: خوشاڭ قىيمىسىمۇ پىتىر مانتا قىيمىسىدەك ھازىرلىنىدۇ. خېمىرى بولدۇرۇلىدۇ، زۇۋۇلا قىلىنىپ بولدۇرۇق مانتىدەك تۈگۈلىدۇ، ئاندىن خېمىرى مايدا قىزارغىچە پىشۇرۇلىدۇ. قازانغا تىزىلىپ ئازراق سۇ قويۇپ دۈملەپ ياكى جىمبىلغا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ.

گۆش نان: گۆش نان ھازىرلىنىشقا قاراپ ئادەتتە ئۈچ خىل بولىدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكىسى بولمىسۇن ئىچىگە بىردەك گۆش، پىياز، دورا-دەرمەك سېلىپ ھازىرلانغان قىيما سېلىنىدۇ، خېمىرى بولدۇرۇق، پىتىر ئىككى خىل كېلىدۇ. بولدۇرۇقى ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى تونۇردا، بىر خىلى قازان ياكى تاۋىدا پىشۇرۇلىدۇ. تونۇردا پىشۇرۇلىدىغىنى ئىچىگە قىيما سېلىپ نان زۇۋۇلىسى شەكلىدە تونۇرغا يېقىپ پىشۇرۇلىدۇ. شۇڭا ئۇ «گۆش گىردە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قازان،

تاۋىدا پىشۇرۇلىدىغىنىنىڭ خېمىرىغا ئاز-تولا ماي ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. خېمىر زۇۋۇلا قىلىنىپ بىر جۇپ بىر جۇپ يۇمىلاق قىلىپ ئېچىلىدۇ ۋە ئىچىگە قىيما سېلىپ چۆرىسى چىلك جايلاشتۇرۇلۇپ بىر-بىرلەپ ياغدا بىر قۇر پىشۇرۇلىدۇ. ئاندىن دوخوپكا ياكى جىمبىلدا ياكى قازاندا دۇملەپ پىشۇرۇلىدۇ. پىتىرمۇ پۇتۇنلەي مۇشۇ ئۇسۇلدا ھازىرلىنىدۇ، ئەمما جىمبىل ياكى قازاندا دۇملەپ پىشۇرۇلىدۇ.

5. تاتلىق يېمەكلىكلەر: ھالۋا، بۇلىماق، شېكەر مانتا، رىشالە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھالۋا بىلەن رىشالە نان بىلەن يېيىلىدۇ. رىشالە تۇخۇم ئېقى، ئاق شېكەردىن ھازىرلىنىدۇ. ھالۋا ئۇن، ماي، شېكەردىن ھازىرلانغاندىن تاشقىرى شېكەر ئورنىغا ئاق ئۇجمە شەربىتى، قوغۇن شەربىتى سېلىپمۇ ھازىرلىنىدۇ. شۇڭا «ئۇزۇم ھالۋىسى»، «قوغۇن ھالۋىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھالۋىغا تۇز سېلىنمايدۇ، شېكەر مانتا خاس شېكەردىن ھازىرلانغاندىن تاشقىرى شېكەر، ياڭاق مېغىزى، قۇيرۇق ماي بىرىكمىسىدىنمۇ ھازىرلىنىدۇ. بۇ بەك قۇۋۋەتلىك كېلىدۇ. خېمىرى بولدۇرۇق، شەكلى ئۈچ بۇرجەك كېلىدۇ. بۇلىماق ئاساسلىقى بوۋاقلار تامىقى بولۇپ، شېكەر، ماي ئاز سېلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ھەر خىل پېچىنە، پىرەنىك، تورت، باقالى، مېغىز ھالۋىلىرى، ناۋات، قەنت-گېزەك قاتارلىق تاتلىق-تۈرۈم نەرسىلەرمۇ كەڭ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئەمما بۇ خىلدىكى تاتلىق يېمەكلىكلەر ئىچىدە مېغىز ھالۋىلىرى (ياڭاق مېغىزى، ئۆرۈك مېغىزى ۋە ياڭاق مېغىزى بىلەن كىشمىشتىن قىلىنغان قاتۇرما ھالۋىلار). ناۋات قەنتتىن باشقىلىرى ئەسىرىمىزنىڭ 20-يىللىرىدىن كېيىن تاتار، ئۆزبېك قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن. بۇ نەرسىلەر ھازىر بايراملىق، مېھمانلىق يېمەكلىكلەردىن بولۇپ

www.uyghurkitap.com

قالدى.

ئەجدادلىرىمىز يەنە بېلىق ۋە ئۇچار-قانات گۆش-تۇخۇملىرى بىلەن ئوزۇقلىنىپ كەلگەن. ساڭزا، بوغۇرساق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بايراملىق نازۇنېمەتلىرىدىن بولۇپ، ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۆپكە-ھېسىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئەتىۋارلىق تاماقلىرىدىن بىرى. ئۇ مۇنداق ھازىرلىنىدۇ: ئالدى بىلەن ئۆپكىگە سۇ ماڭدۇرۇلۇپ قانسىرىتىلىدۇ، ئاندىن ئۆپكە كانىيىغا قېرىنىدا ئۆپكە ئاغزى تىكىلىدۇ. يەنە ئۇن شىرنىسى (ئۇن سۇدا مىجىپ) ھازىرلىنىدۇ ۋە شىرنىگە چۈچىتىلگەن بىر پىيالىدەك سۇ مېيى قۇيۇپ، تۇزى تەڭشەلگەندىن كېيىن ئۆپكىگە يېگۈزۈلىدۇ. ئۆپكە تولغاندا ئاندىن پىشۇرۇلىدۇ. ئەزىز مېھمانلارغا خاس سۇتتە قۇيۇلىدۇ.

تەپمەك: ئاساسەن تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇ مۇنداق ھازىرلىنىدۇ: ئاق ئۇن ياكى ئاق ئۇن بىلەن ئاق قوناق ئۇنىدىن قىلىنغان بولدۇرۇق خېمىر مەلۇم چوڭلۇقتا زۇۋۇلا قىلىنىپ مانتا جىلتىسىدەك ئېچىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىگە بەسەي قاتارلىق كۆكتاتلارنى توغراپ، پىياز قوشۇپ قىيما قىلىپ ياكى گۆش قوشۇپ قىيما قىلىپ سېلىپ ئاغزىنى پۈرۈپ ياپىلاقلايدۇ. ئاندىن قازانغا چۆرۈلدۈرۈپ چاپلاپ دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ. قازاننىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇ قايناپ تۇرىدۇ. مۇندەك، شۇڭگۈتماق قەشقەر، خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئىچىگە سەۋزە ياكى گۆش قىيمىسى سېلىپ قوناق ئۇنىدا ئېتىپ يەيدىغان بىر خىل «چۈچۈرە».

بېلىق لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن ياغدا پىشۇرۇپ يېيىلىدۇ. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى تولاراق سۇدا پىشۇرۇپ ۋە كاۋاپ قىلىپ يەيدۇ. يېڭى تۇتۇلغان بېلىق سۇدا پىشۇرۇلۇپ سۈيى ئىچىلىدۇ. بېلىقنى سىرتلاپ ياكى تىلىپ

سالقىن يەردە قاق قىلىدۇ، قاق بىلىقنىمۇ كاۋاپ قىلىپ، شۇنىڭدەك سۇغا سېلىپمۇ يەيدۇ. ئەمما سۇيى ئىچىلمەيدۇ. يېڭى بېلىقنى كاۋاپ قىلغاندا ئالدى بىلەن بېلىقنى سىرتلاپ، ئازراق سۇيىنى قاچۇرۇپ ئاندىن كاۋاپ قىلىنىدۇ.

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىغا قەدەر بىر خىل «تالقان» ئىستېمال قىلىنىپ كەلگەن. ئەمما بۇ «تالقان» بۇغداي ئۇنىدا ئەمەس، ئۇجۇلدا قىلىنىدىكەن، دەريا-كۆللەردە ئۆسىدىغان يېكەننىڭ چېچىكى «ئۇجۇل» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇجۇل تالقىنى مۇنداق تەييارلىنىدۇ: يېكەن باش ئېلىپ سېرىق چېچەكلەيدۇ. چېچەك پىشقاندا، كېمە بىلەن يۇرۇپ چېچەك قېقىپ ئېلىنىدۇ. ئاندىن يېيىپ ئوبدان قۇرۇتۇپ سوقۇپ ئۇن قىلىنىدۇ. ئۇجۇل بۇغداي ئۇنىدەك قورۇلمايدۇ. يەيدىغان چاغدا چىنىسىگە كىچىك بىر قوشۇق سېلىپ قايناق سۇدا چېلىپ يېيىلىدۇ. مۇندىن باشقا يەنە ھالۋىمۇ قىلىنىدۇ. بۇ ھالۋا مۇنداق ھازىرلىنىدۇ؛ بېلىق يېغى داغلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۇجۇل ئۇنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، تاۋاقتا ئېلىپ يېيىتىلىدۇ. يېگەندە بىر-ئىككى كېسەك يېيىلىدۇ. ئۇ قۇۋۋەتلىك بولغاچقا ئەتىگەنلىكى چاي بىلەن بىر-ئىككى كېسەك يەپ چۈشكىچە باشقا نەرسە يېيىلمەيدۇ. ئۇجۇل ھالۋىسى كۆپىنچە ھاللاردا مېھمانلار ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ. ئادەتتىكى چاغلاردا تالقان قىلىپ ياكى بېلىق شورپىسىغا چېلىپ (يېرىم قازان شورپىغا بىر قوشۇق سالسا كۆپايە قىلىدۇ) ئىچىلىدۇ. ئۇجۇل تالقىنى ۋە ھالۋىسىنىڭ قۇۋۋەتلىك بولۇشى ئۇجۇلنىڭ تەركىبىدە بولغان ماي ماددىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇجۇل چېچىكى پىشمىغان چاغدا شىلىمسىمان يېپىشقاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. دۇنيادا دەريا-كۆللۈك رايونلاردا ياشىغان باشقا مىللەت خەلقلىرى يېكەننىڭ توزغاقتىن باشقا يەنە مۇنداق بىر خىل مەھسۇلات بېرىدىغانلىقىنى بىلمىسە كېرەك.

شۇڭا پەندە تا ھازىرغا قەدەر يېكەن چېچەكنى ئوزۇقلۇق قىلىشقا بولىدىغانلىقى، تەركىبىدە قانداق ماددىلارنىڭ بارلىقى توغرىسىدا بىرەر مەلۇمات بېرىلگىنى يوق. بۇ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە.

«بېلىق تالقىنى» بۇ لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل يېمەكلىكى. ئۇ قاق قىلىپ قۇرۇتۇلغان بېلىقنى سوقۇپ ئۇن قىلىنىدۇ. ئاندىن پىشۇرۇلغان توخۇم سېرىقى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ھازىرلىنىدۇ. يېگەندە، داغلانغان بېلىق مېيى ياكى سېرىق ماي قوشۇپ يېيىلىدۇ. بېلىق تالقىنمۇ ناھايىتى قۇۋۋەتلىك، مەززىلىك كېلىدۇ. ئادەتتە ئەتىگەنلىكى چايدا ئازراقتىن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئەزىز مېھمانلار بېلىق تالقىنى بىلەنمۇ كۈتۈلىدۇ.

## 4. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىملىكلىرى

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئىچىملىكلىرى چاي، سۈت، قېتىق، قىمىز، ھەر خىل قاق سۇلىرى، مېۋە شەربەتلىرى، دۇغ (دوغاپ)، سىركە، مۇسەللەس قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەي ئەسلى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئىچىملىكلىرىدىن ئىدى. ئىسلام دىنىدا مەنئى قىلىنغاچقا، بۇرۇن يوشۇرۇن ئىچىلىپ كەلگەن. كېيىنچە ئىجتىمائىي كەيىپ سۈپىتىدە ئاشكارا ئىچىلىدىغان بولۇپ كەتتى. بۇ ئىچىملىكلەر ئىچىدە مۇسەللەس، مەي كەيىپ سۈرۈش ئۈچۈن ئىچىلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى بەدەن قۇۋۋەتلەش، مىجەز تەڭشەش ۋە ئۇسسۇزلۇق سۈپىتىدە ئىچىلىدۇ. سۈت، ئانار شەربىتى، شاتۇت شەربىتى، ئۈجمە شەربىتى، قان كۆپەيتىش، نېرۋا سىستېمىلىرىنى ياخشىلاش رولىنى ئوينىسا، قاق سۇلىرى (شاپتۇل قېقى، گۈلە، چىلان

قاتارلىق) مىجەز تەڭشەش، ئۇسسۇزلۇق قاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. دۇغ خاس ئۇسسۇزلۇق (دوغقا قېتىق، قاق سۇيىمۇ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ) ئۈچۈن ئىچىلىدۇ. سىركە (ئاچچىقسۇ) ئىشتەي ئېچىش (ئۈزۈم غورىسىدىن قىلىنغان ئاق سىركە قىزىتما ياندۇرۇش) ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

مۇسەللەس ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئىستېمال قىلىپ كەلگەن ئۈزۈم شەربىتىنىڭ ئىسلامىيەت شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇلغان بىر خىل ئىچىملىكى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كەيىپ ئىچىملىكلەر ئىچىدە ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇلۇپ كەلگەن، «ھاراق پادىشاھدۇر، مۇسەللەس ۋەزىر، بوزا پاسكىنادۇر، نەشە بەنەزىر» دېگەن ماقال شۇ ئاساستا مەيدانغا كەلگەن. مۇسەللەس خوتەندە مەيزاپ دەپ ئاتىلىدۇ. مۇسەللەس جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا، بولۇپمۇ ئاۋات ناھىيىسىدە ناھايىتى ئومۇملاشقان بولۇپ، مۇسەللەس سالمايدىغان ئائىلىلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. مۇسەللەسنىڭ بەزى ئائىلىلەردە كۆك كەپتەر باچكىسىنىڭ قېنىنى قوشۇپ ئىشلىگەن تۈرىمۇ بولۇپ ئۇ بەدەن قۇۋۋەتلەش رولىغا ئىگە. مۇسەللەسنى ئۇيغۇرلارنىڭ مەھەللىۋى ۋىنوسى دېيىشكە بولىدۇ.

چاي ئۇيغۇرلارنىڭ مەخسۇس ئىچىملىكلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا مەخسۇس چايخانا ئېچىپ چاي ساتىدىغان (قوشۇمچە نان) كەسىپ شەكىللەنگەن. ئەجدادلىرىمىز چاي ئومۇملىشىشتىن بۇرۇن دالادا ئۆسىدىغان يانتاقسىمان بىر خىل ئۆسۈملۈك يوپۇرمىقىنى قۇرۇتۇپ دەملەپ ئىچىپ كەلگەن (ئۇ زەھەرسىز بولۇپ، قايناق سۇ رەڭگىنى چاي رەڭگى ھالىتىگە كەلتۈرىدىكەن). ئۇيغۇرلار چاينى قارا چاي، پەمىل چاي، كۆك چاي، كۆرەك چاي، تاش چاي دەپ بەش خىل ئاتايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى قارا چاي كۆپ ئىچىلىدۇ. چاي ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئىچىملىك

ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار چاي خۇمار، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا، ئالدىدا مېھمانغا نان بىلەن قەنت چاي قويۇلىدۇ. چوڭلار ئادەتتە ناۋات بىلەن چاي دەملەپ ئىچىدۇ. بۇ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇشتىن باشقا، ھاردۇق چىقىرىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش رولىنى ئوينايدۇ. «چاي قەنت بىلەن، ئىش پەم بىلەن (ئوخشايدۇ)» دېگەن ماقال مۇشۇ ئادەت ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا چايغا قۇرۇق زەنجىۋىل، قوۋزاق داچىن، پىلپىل، مىخداچىن، ئاقمۇچ قاتارلىق دورىلارنى سېلىپ دەملەپمۇ ئىچىلىدۇ. بۇ تاماق سىڭدۈرۈش، مىجەز تەڭشەش ۋە مەيدە سۇسلۇقىنى داۋالاش رولىنى ئوينايدۇ. بەزىلەر خاس كۆكنار (ئەپيۇن غوزىكى) دەملەپمۇ ئىچىدۇ. بۇ نېرۋىنى خۇشلاندۇرۇش رولىغا ئىگە. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا پىۋا، كۇۋاس، لىمونات، مارۇجنى قاتارلىق ئىچىملىكلەرمۇ ئۆزلىشىپ كەڭ ئىستېمال قىلىنىدىغان بولدى.

كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، 50-يىللاردىن كېيىن شەھەر رايونلىرىدا ئۇيغۇر تاماقلىرى قاتارىغا خۇيزۇ، خەنزۇلارنىڭ گۆشتىن ھازىرلىنىدىغان قورۇما يېمەكلىكلىرىدىن گويۇرۇ، جاسا، لىجى، ۋەنزە ۋە ھەر خىل سوغۇق سەي قاتارلىق يېمەكلىكلەر قوشۇلۇپ ئۆزلىشىشكە باشلاش بىلەن مېھمان كۈتىدىغان تاماقلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. شۇنىڭدەك تاتار، ئۆزبېك قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەر ئارقىلىق قولداما، كاتلىت، بەلىش، كاپوستا پۇرىسى قاتارلىق يېمەكلىكلەرمۇ ئۆزلىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەكلىك تۈرى تېخىمۇ بېيىدى.

يېمەك-ئىچمەك ئادىتى بويىچە قىسمەن مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكلەرمۇ مەۋجۇت. بەزى جايلاردا قايناق سۇ ئورنىغا سوغۇق سۇ ئىچىلىدۇ. كۆكتات ئانچە ئىستېمال قىلىنمايدۇ،

ئاساسي جەھەتتىن قورۇغان تاماق ۋە ئات، تۆگە، غاز-ئۆردەك، توخۇ، بېلىق يېمەيدۇ، كۈنىگە تۆت ۋاق تاماق يېيىلىدۇ (سائەت 9-10 لاردا بىر ۋاق يېيىلىدۇ). ھېيتلىق نازۇنېمەتلەر كەلگەنلەرگە ئۇدۇللۇق قويۇلىدۇ. يەپ بولالمىسا، زەللە قىلىپ ئېلىپ كېتىلىدۇ. بۇ ئادەت ئاساسەن قارا قورۇم ئۇيغۇرلىرىدا ئۇچرايدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن يېمەك-ئىچمەكلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەك-ئىچمەكلىرى ئاساسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن ۋە تۈرلىنىپ بېيىغان، ئەلۋەتتە. «دىۋان» دا بېرىلگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇنلا ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ئاساسلىق يېمەكلىكى — نان ۋە ئۇنىڭ توقاچ قاتارلىق تۈرلىرى ھەم سۈيۈقئاش (1-توم 127-، 183-بەتلەر)، كاۋاپ (1-توم 50، 3-توم 602-بەتلەر)، چۆپ (1-توم 590-بەت)، ھېسىپ (1-توم 543-بەت)، تۇرمەل (1-توم 622-بەت)، قىزا قاتارلىق يېمەكلىكلەردىن باشقا يەنە مۇنداق يېمەك-ئىچمەكلەر ئومۇملاشقان: «سۇرۇش» (1-توم 477-بەت)، «توپىق» (1-توم 492-بەت)، «بۇخسى» (1-توم 551-بەت)، «كۆرشەك» (1-توم 625-بەت)، «بولدۇنى» (1-توم 640-بەت)، «بولغاما» (1-توم 640-بەت)، «يامانا» (1-توم 580-بەت)، «قوۋۇت» (3-توم 223-بەت)، بۇ «قاغۇت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «يازۇق» (3-توم 19-بەت)، «سىم» (3-توم 187-بەت) قاتارلىق يېمەكلىكلەر، «ئىپرۇك» (1-توم 137-بەت)، «قىمىز» (1-توم 474-بەت)، «قولماق» (1-توم 620-بەت)، «بوخسۇم» (1-توم 631-بەت)، «ئاغارتقۇ» (3-توم 600-بەت) قاتارلىق سۈت ۋە بۇغداي يارمىسى، تېرىق ھەم قولماق بىلەن ھەسەلدىن ياسالغان مەي قاتارلىق ئىچىملىكلەر ئومۇملاشقان. «دىۋان» دا يەنە شۇ يېمەك-ئىچمەكلەرنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى يۇقىرى، گۆش، ماي، شېكەر، سۈت، بۇغداي، تېرىق قاتارلىقلارنىڭ

بىرىكمىسىدىن ھازىرلىنىدىغانلىرىمۇ تونۇشتۇرۇلغان. ئۇ يېمەكلىكلەر ئىچىدە نان، كاۋاپ، سۇيۇقئاش، ھېسىپ، قىزا، چۆپ، تۇرمەل قاتارلىقلار بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. باشقىلىرى ئۇنتۇلغان (باشقا تۈركىي قوۋملەردە بولۇشى مۇمكىن) ياكى بەزىلىرىنىڭ نامى ۋە ھازىرلىنىش ئۇسۇلى ئۆزگەرگەن.

بىز يۇقىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەدەر ئومۇملاشقان يېمەك-ئىچمەكلىرىدىن 80—90 خىلىنى ۋە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ھازىرلىنىش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇردۇق. ئومۇمەن ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئادىتى ۋە يېمەك-ئىچمەك قۇرۇلمىسىدىن ئالغاندا ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كۆپ زامان بۇرۇنلا ئۆز ئۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى كۆپ تەركىبلىك نەرسىلەرنىڭ بىرىكمىسىدىن ھازىرلانغان يېمەكلىكلەر بىلەن ئوزۇقلىنىپ ئادەتلەنگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. باشقا مىللەت يېمەكلىكلىرىدىنمۇ شۇنداق ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى يېمەكلىكلەرنى ئۆگەنگەن. بۇ ھال ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىكى مەدەنىيىتىنىڭ بۇرۇندىنلا ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلغانلىقىنى، ئۆزگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

# ئالتىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق ئادىتى

ئۇيغۇرلار ياشىغان رايونلاردىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇرلارنى مىلادىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىغان دېيىشكە بولىدۇ. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ئوردۇبالىق (قارا بالخاسۇن) دىن تېپىلغان قەدىمكى چوڭ شەھەر خارابىسى ۋە بۇ جايدىن قېزىۋېلىنغان دېۋۇرقاي، مىس پارچىلىرى، برونزا ئەينەك، نەپىس ھەيكەل، نەقىشلەنگەن خىش، يارغۇنچاق قاتارلىق بۇيۇملار؛ ھازىرقى ئارا تۈرۈك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىدىكى «ئوغۇر چوقا» دېگەن قەدىمكى كەنت خارابىسىدىكى ئۆي ئىزلىرى، تۇرپاندىكى ئىدىقۇت، يارغول قەدىمكى شەھەر خارابىسى قاتارلىقلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ مىلادىنىڭ دەسلەپكى ئەسىرلىرىدىن باشلاپ تەدرىجىي ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تۇرالغۇ جاي ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىش يولىدا ئېلىپ بارغان بىرىنچى تارىخىي پائالىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى. ئۇلار باشلانغۇچ جەمئىيەتتە ئەڭ ئالدى بىلەن بۈك چاتقاللىقلار، غار-ئۆڭكۈرلەر ۋە دەرەخ باشلىرىدىن تۇرالغۇ جاي ئورنىدا پايدىلىنىپ كەلگەن بولۇپ، تەدرىجىي ئۆي ياساپ ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن، ئەمما

ئۇنداق ئۆيلەر شاخ-شۇمبىلاردىن ياسالغان بولۇپ ناھايىتى ئاددىي ئىدى. كېيىنچە كىچىك تەبىئىي ئازگال ۋە دۆڭلۈكلەرنىڭ تارچۇقلىرىنىڭ ئۈستىنى شاخ-شۇمبىلاردا يېپىپ ئولتۇرۇپ-قوپىدىغان بولغان. مۇنداق ئۆيلەرنى بۈگۈنكى كەپە، ساتما، گېرەملەرنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەكلى دېيىشكە بولىدۇ. ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كېلىپ چىققان يېڭى ئامىل ۋە زۆرۈرىيەتلەر ئەجدادلىرىمىزنى تۇرالغۇ جايدىمۇ يېڭى تەرەققىياتلارغا يۈزلەندۈردى. بۇنىڭ بىلەن قومۇش، ياغاچلار چۆرىسىگە قاتار تىكىلگەن يۇمىلاق تاملىق، گۈمبەز شەكىللىك ئۆيلەر؛ تاشتا قوپۇرۇلغان ئۈچ تاملىق ئۆيلەر؛ بىرنەچچە ياغاچ قىيپاش مىڭگەشتۈرۈلۈپ ئۈستىگە تېرە، كىگىز يېپىلغان ئۆيلەر مەيدانغا كەلدى. مۇنداق ئۆيلەر كېيىنكى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن چېدىر، ئاق ئۆي، ياغاچ ئۆي، سوقما تاملىق، كېسەك تاملىق ئۆيلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى ئىدى. ئەجدادلىرىمىز شۇ ئاساستا كېسەك قويۇپ، تام ئۆي سېلىپ ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن.

## 1. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇ جاي شەكلى ۋە تەرەققىياتى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئامىللار ئاساسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇ جاي تەرەققىياتىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

ئىپتىدائىي باسقۇچ: ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ باسقۇچتىكى تۇرالغۇ جاي شەكلىنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق تارىخىي مەلۇمات يوق. ئەمما لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمكى ساتما ئۆيلىرىنىڭ شەكلى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن بولغان بۈگۈنكى ئالتاي رايونىدا ياشاۋاتقان تۇۋالارنىڭ قىلىن ئورمان-تاغ جىلغىلىرىدا ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى ئۆي

ئىزلىرىدىن پەرق ئېتىشكە بولىدىغان شەكىلگە ئاساسەن ئۇنىڭ شەكلىنى چېدىر ياكى تاغ شەكلىدە بولغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەڭ ئاددىي ساتمىلىرى ئىككى ئاچىغا بىر لىم قويۇلۇپ ئىككى يېنىغا بىلىق سىرتى شەكلى قومۇش يۆلەپ، ئالدى-كەينىگە، تېگىگە قومۇش تىكلەش بىلەن ياسىلىدىكەن. تۇۋالارنىڭ ئۆي شەكلىمۇ خۇددى شۇنداق بولۇپ، پۈتۈنلەي ياغاچ بىلەنلا ياسىلىدىكەن. يەنە بىر پەرقى ئۆينىڭ ئىچى مەلۇم چوڭقۇرلۇقتا ئويۇلۇپ سىرتىدا ياغاچنىڭ يەرگە تىركەلگەن قىسمى توپا بىلەن كۆمۈپ تاشلىنىدىكەن. روشەنكى بۇ يامغۇر سۈيىدىن قىلىنغان مۇداپىئە. بۇنداق شەكىل ئېھتىمال ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت شەيئىلىرىنى ئۇلۇغلاپ چوقۇنغان ئىپتىدائىي ئىدىئولوگىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئەجدادلىرىمىز ئاسمان ۋە ھەيۋەتلىك تاغلارنىمۇ تەڭرى قاتارىدا ئۇلۇغلاپ چوقۇناتتى. ھازىرقى تىيانشان تاغلىرى ئەزەلدىنلا كاتتا تاغ بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز ئۇنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي باغرىنى، ئىچىدىكى جىلغىلارنى ۋە بۇ تاغدىن ئېقىپ چىققان دەريا ۋادىلىرىنى بويلاپ ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان. كېيىنچە دەريا ۋادىلىرىدىكى تۇزلەڭلىكلەردە دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇلار ئاشۇ ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان دەۋرلەردە بۇ تاغنى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى، تەقدىرىنىڭ ئىگىسى دەپ چۈشىنىپ ئۇنىڭغا «تەڭرىتاغ» دەپ نام بېرىپ، ئۇنى ئۇلۇغلاپ چوقۇنىدىغان بولغان. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز ئىپتىدائىي تۇرالغۇ جايلىرىنىڭ شەكلىنى تاغ ۋە كۆككە (ئاسمانغا) سىمۋول قىلغان دېيىشكە بولىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچلىرىغا كەلگەندە يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك يايلاق كۆچمەن تۇرمۇشىغا يارىشا ياغاچ، تېرە-كىگىزدىن چۇۋۇشقا، ئېلىپ

يۇرۇشكە ۋە قايتا قۇرۇشقا ئەپلىك بولغان ئاددىي ئاق ئۆي (كىگىز ئۆي) ياساپ شۇنىڭدا يېتىپ-قوپىدىغان بولغان. هازىرمۇ چارۋىچىلىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان قېرىنداش مىللەتلەردە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەڭ ئاددىي ئاق ئۆيلەرنىڭ شەكلى ۋە قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن ئىپتىدائىي ئاق ئۆيلەرنىڭ شەكلى، قۇرۇلمىسى مۇنداق ئىدى دېيىشكە بولىدۇ:

ئەجدادلىرىمىز قۇرماقچى بولغان ئۆينىڭ چوڭ-كىچىكلىك ئېھتىياجىغا قاراپ ئالدى بىلەن ئۇزۇن-قىسقىلىقى، ئىنچىكە-توملۇقى تەكشى بادرا (چەنزە) ۋە چۇلۇك، تال-چىۋىقلىرىنى ئېشىپ «تۈڭلۈك»لۈك چەمبىرەك تەييارلىغان، ئىككىنچى قەدەمدە، بادرىلارنىڭ ئىنچىكە بېشىنى چەمبىرەككە قاتارى تېشىپ ئۇنى تىكلەپ، يوغان بېشىنى بىر تەكشى ئارىلىق قويۇپ كېرىپ گۈمبەز شەكلىدە سوقىچاق قىلىپ يەرگە كۆمگەن. ئاندىن ئۇ بادرىلار ئۈستىگە تېرە ياكى كىگىز ياپقان. بۇنىڭ بىلەن مۇنداق ئاق ئۆينىڭ ئۈستى تەرىپى كىچىك ئىدىر چوققىسىغا ئوخشاش، ئاستى تەرىپى گۈمبەزگە ئوخشاش شەكىل ئالغان. مۇنداق ئاق ئۆيىنى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن تۇرالغۇ جاي بويىچە يارانقان بىر ئىجادىيەت دېيىشكە مۇناسىپ.

شۇ باسقۇچنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئىپتىدائىي ئاق ئۆي قۇرۇلمىسىدىن مۇرەككەپ، هازىرقىسىدىن ئاددىي تۇرلىرى مەيدانغا كەلگەن. هازىر قازاق، قىرغىز قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەر ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان ھەشەمەتلىك ئاق ئۆيلەر ئاشۇ ئاددىي ئاق ئۆيلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن تۈرى دېيىشكە بولىدۇ. زامانىۋى ھەرىكەتچان چېدىر شەكىللىك ئۆيلەرمۇ ئاق ئۆينىڭ ياسىلىش قانۇنىيىتى ئاساسىدا ياسالغان. بۇ باسقۇچنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يەنە ئاددىي مۇقىم تام ئۆيلەرمۇ بارلىققا كېلىشكە باشلىغان.

ئىككىنچى باسقۇچ: ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇ جاي

قۇرۇلۇشىدا بىز ئېيتىۋاتقان ئىككىنچى باسقۇچقا قاچان كىرگەنلىكى توغرىسىدا بىرەر كونكرېت زامان ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويۇش قىيىن، ئەمما ئارا تۈرك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىدىكى «ئوغۇر چۇقا» دېگەن قەدىمكى جامە خارابىلىقىنىڭ توپا قاتلاملىرىدىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدىن تېپىلغان قەدىمكى شەھەر-قەلئە خارابىلىرى، تۇرپان ئىدىقۇت خارابىلىقىدىن چىققان سوقما تام، كېسەك ۋە سوقما تام كېسەك قۇرۇلمىسىدىكى ئۆيلەرگە ئاساسەن، ئۇنى مىلادىيىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن بولسا كېرەك، دېيىشكە بولىدۇ. بۇ دەۋرلەردە يەنە دەريا ۋادىلىرىدىكى سېغىز توپىلىق يار، دۆڭلۈكلەرنىڭ قاپتاللىرىنى ئويۇپ ئۆڭكۈر قىلىپ ياسالغان تۇرالغۇ ئۆيلەرمۇ مەيدانغا كەلگەن. مۇنداق ئۆيلەرنىڭ كىرىش قىسمى تۈز، كىچىك ئىچكى قىسمى ئاساسەن چاسا قىلىپ ئويۇلغان. بەزىلىرىنىڭ ئۈستى ئېگىز بولۇپ، ئۇنىڭغا لىم سۈپىتىدە بىر نەچچە ياغاچ تىركەپ قويۇلغان. ئۈستى كاكۇل لاي بىلەن سىلىق سۇۋالغان. تۆت «تېمى»مۇ سۇۋالغان. بۇ خىلدىكى ئۆڭكۈر ئۆيلەر ئىچىنىڭ كەڭلىكى، «تورۇسى»نىڭ ئېگىزلىكى، يورۇقلۇقى بىلەن كىشىگە بىر خىل ھوزۇر بېغىشلايدۇ. شۇڭا بۇنى ئۆڭكۈر ئۆي قۇرۇلۇشى بويىچە ئۆز دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن بىر تەرەققىيات دېيىشكە بولىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز تۇرالغۇ جاي بويىچە 2-تەرەققىيات باسقۇچىغا كەلگەندە، بىر ئېغىز ئۆيدىن ئادەم ياتىدىغان ئۆي ۋە ئۆيدە بېقىلىدىغان مال-جاندارلارنىڭ «قوتان-ئېغىلى» سۈپىتىدە پايدىلانغان. كېيىنچە ئۆينىڭ ئارقا ياكى يان تەرىپىگە شاخ-شۇمبا، قومۇشتىن قوتان قىلىپ مال-جاندارنى ئايرىم قويىدىغان بولغان. جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا ئۆيدە بېقىلىدىغان قوي، ئۆچكىنى قىش كۈنلىرى كېچىسى ئايۋان يېنى ئارىلىق ئۆيدە قويۇش ئادىتى شۇ قەدىمكى ئادەتنىڭ بىر خىل

ئىپادىسى. بۇنىڭدا ئوغرى-يالغاندىن خالىي بولۇشقا ئەھمىيەت قىلىنغان، ئەلۋەتتە. مۇشۇ باسقۇچنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئەجدادلىرىمىز قومۇش، پىچان ۋە قوي-ئۆچكە، ئوۋلانغان يۇمشاق يۇڭلۇق ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىنى سېلىنچا قىلىپ، ئۆي ئەزالىرى بىر ئۆيدە يېتىپ-قوپاتتى، غىزا-تاماقمۇ شۇ ئۆيدە ئېتىلەتتى. كېيىنچە ئايۋانلىق ئۆي سېلىشنى، ھايۋان تېرىلىرىدىن قىلىنغان سېلىنچا-يېپىنچىلار ئورنىغا يوتقان-كۆرپە (قوي يۇڭىدا) قىلىپ ئۆيگە سۇپا، ئىسسىنىش، غىزا-تاماق ئېتىش ئۈچۈن مورا ئوچاق ياساپ بۆلۈنۈپ ياتىدىغان بولدى. ئۇيغۇرلاردىكى چوڭلار (ئاتا-ئانا) بىلەن بالىلار (ئوغۇل-قىزلار) بۆلۈنۈپ، كېچىلىرى يېشىنىپ ياتىدىغان ئادەتمۇ مۇشۇ دەۋردە شەكىللەنگەن. ئۆي تاملىرىغا جەرەن مۈڭگۈزى ۋە ياغاچ قوزۇق قېقىپ لازىمەتلىك نەرسىلەرنى ئېسىپ قويىدىغان، تامغا يانداپ تورۇسقا ئاسقۇ، شالدا ئۇزۇن تاختا ئېسىپ ئورۇن-كۆرپە، كىيىم-كېچەكلىرىنى ئاسقۇغا، چىنە-قاچا، سۈت-قايماقلىرىنى تاختا بېشىغا قويىدىغان بولدى. ھازىرقى يېزا-قىشلاقلاردا ئۆيلەرنىڭ ئىشىك تېمىغا بىر-ئىككى قوزۇق قىلىش، قازان بېشىغا، باراڭ، قالىق ئاستىغا تاختا قىلىش شۇ ئادەتلەرنىڭ داۋامى.

مۇشۇ باسقۇچنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرالغۇ جاي قۇرۇلمىسى بويىچە يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. ئۇلار سوقما تاملىق، كېسەك تاملىق ۋە سوقما-كېسەك تاملىق ئۆيلەردە يېتىپ-قوپىدىغان بولدى. ئەمما مۇنداق ئۆيلەر ناھايىتى ئاددىي ئىدى.

سوقما تام. كېسەك ۋە سوقما-كېسەك تاملىق ئۆيلەرنى بۇرۇن جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا كۆپ ئۇچراتقىلى بولاتتى. ھازىر قەشقەرنىڭ خانئېرىق يېزىسىدا مۇنداق ئۆيلەرنىڭ ئىز-نىشانلىرى ئاز-تولا ساقلىنىپ قالغان. بۇ يەردىكى شۇنداق



www.uyghurkitap.com

ئۆيلەرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، سوقما تام ئۇستىگە قوپۇرۇلىدىغىنى كېسەك بولماستىن «ئويما كېسەك»تىن ئىبارەت. مۇنداق كېسەك سېغىز توپىلىق يەرنىڭ ئۇستى تەكشى تۈزلىنىپ سۇ قۇيۇلۇپ، يەر مۇۋاپىق دەرىجىدە قۇرۇغاندىن كېيىن، كېسەكنىڭ تۆت چاسا قىلىپ ئويۇپ ئېلىپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق ياسىلىدىكەن. مۇنداق كېسەك ئادەتتە چوڭ، قېلىن كېلىدىكەن. سوقما تاملىق ياكى سوقما تام، كېسەك، ياغاچ قۇرۇلمىسىدىكى مۇنداق ئۆيلەرنىڭ ئىپتىدائىي شەكلىدىكى ئۆيلەردىن بىر پەرقى، چوڭ، ئىشىك قويۇلۇشى، شەكلىنىڭ تىك، ئۇزۇن، چاسا بولۇشى، ئۇستىنىڭ تۈز بولۇپ، لىم، چەنزە قويۇلۇپ، قومۇش ياكى شاخ-شۇمبىلار بىلەن لاي سېلىنىپ يېپىلغىنىدا ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك بۇ باسقۇچقا كەلگەندە ئۆينىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە قۇرۇلمىسىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش ھاسىل بولغان. بۇنداق ئۆيلەرنى ئىپتىدائىي ئۆيلەرگە نىسبەتلەشتۈرگەندە مۇرەككەپ بولسىمۇ، كېيىنكى تەرەققىياتلارغا نىسبەتلەشتۈرگەندە يەنىلا ئاددىي دېيىشكە بولىدۇ.

مۇشۇ باسقۇچنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئەجدادلىرىمىز ئۆيلىرىگە «ئىشىك» قىلىشنى ئۆگەنگەن. ئۇلار ئەڭ دەسلەپ ئۈچ تاملىق قومۇش، ياغاچ كەپە-ساتمىلىرىغا ياغاچ، قومۇشنى ئىشىك ئورنىدا تىكلەپ قويغانتى. كېيىنچە ئادەم پاتقۇدەك بوشلۇق قالدۇرۇپ «تۆتىنچى» تامنىڭ قالغان قىسمىنى قومۇش، ياغاچنى تىكلەپ ئاستىنى كۆمۈش بىلەن مۇقىم «تام» قىلىپ، شۇ بوشلۇقتىن كىرىپ-چىقىدىغان بولغان. شۇ ئاساستا بارا-بارا، قومۇش ياكى تال، ئىرغاي نوتىلىرىنى بالداقفا چىگىپ ياكى ئىككى بالداق ئارىسىغا ئېلىپ بىر قاناتلىق ئىشىك ياساپ كىرىپ چىقىدىغان بولدى. مۇشۇ باسقۇچنىڭ ئاخىرلىرىدا، يۇقىرىقى ئاساستا پۇتۇنلەي چۇلۇك-ئىرغاي ياكى يۇلغۇن

نوتىلىرىدا ئۈچ بالداقلىق «توقۇلما» ئىشىك ياساپ، يان ياغاچقا ياغلاپ ئىچپ-ياپىدىغان بولدى. ھازىر پېزىلاردىكى شاخشا ئىشىكلەر شۇ ئىشىكنىڭ تەرەققىي قىلغان شەكلى.

ئۈچىنچى باسقۇچ: بۇ باسقۇچنىڭ ئالاھىدىلىكى، تۇرالغۇ جاي تۇرمۇشى بويىچە پەيتىلگەن گۈزەللىك زوقىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ، تۇرالغۇ جاي تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تۇرالغۇ ئۆيلەر بويىچە ئالدى بىلەن پۇختا، كەڭ-ئازادە بولۇش، كېيىنچە ئىستېمالچانلىقى ئۈستۈن، كۆركەم بولۇشتەك تەلەپ، ئېھتىياجلار كېلىپ چىققى. بۇنىڭ بىلەن ئۆي تام-تورۇسلىرىنى پۇختا، كۆركەم قىلىش، تامغا ئويۇق-تەكچە، مەرەپ، لىمتاق چىقىرىپ كۆپ تەرەپلىمە پايدىلىنىش، ئويۇق-لىمتاق، مورا بېشى، پەنجىر-روجەك بېشى، تورۇس ۋە تۈۋرۈكلەرگە نەقىش چىقىرىش، تاملارنى ئاقارتىش قاتارلىق ئادەتلەرمۇ شەكىللەندى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھەر خىل ئىجتىمائىي كەسىپ، ئۇستىكارلار مەيدانغا كەلدى. بۇ باسقۇچنىكى تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ:

① ئۆيگە ئۇل قويۇش ئومۇملاشقان. ئۇل ئۈچۈن تاش-ياغاچ قويۇلاتتى. تاش يوق، ياغاچ كەمچىل جايلاردا بۇ ماتېرىياللار ئورنىدا قېلىن بىر قۇر چىگە ياكى قومۇش، ياكى يۇلغۇن يا بولمىسا قۇرۇق چىم خامپىسى قويۇلىدىغان بولدى. چۈنكى بۇ نەرسىلەر ئوڭاي چىرىمەيدۇ ۋە نەم ئۆتكۈزمەيدۇ.

② ئۆي تاملىرى قېلىن، ئېگىز قوپۇرۇلىدىغان بولدى. بۇنىڭدا تامنىڭ ئىچ تەرىپىگە ئويۇق، لىمتاق، مورا ئوچاق چىقىرىپ ئۆينىڭ ئىستېمالچانلىقىنى ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنغان.

③ ئايرىم ئەھۋالنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆيلەر ئىككى ئېغىز ياكى ئۈچ ئېغىز، ھەتتا تۆت ئېغىز بىر يۈرۈش ھويلىلىق قىلىپ سېلىنىدىغان بولدى.

④ ئۆينىڭ ئىچكى تاملىرىغا چوڭ-كىچىكلىكى، شەكلى، ئېگىز-پەسلىكى ھەر خىل بولغان ئويۇق-تەكچە ۋە لىمتاق چىقىرىپ ياسىلىدىغان بولدى. شۇنىڭدەك قىش كۈنلىرى ئىسسىنىش، غىزا-تاماق ئېتىش ئۈچۈن مۇرا ئوچاق (مۇنداق ئوچاقنىڭ بەزىلىرى كىچىك تونۇر شەكلىدە ياسىلىپ نانمۇ يېقىلىدىغانلىقى ئۈچۈن تونۇر ئوچاق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ياسىلىدىغان بولدى. مۇرا ئوچاقنىڭمۇ شەكلى ھەر خىل بولىدۇ.

⑤ تۈڭلۈكتىن باشقا شەكلى ھەر خىل بولغان روجەك (دېرىزە) قويۇلىدىغان بولدى. ئەڭ دەسلەپكى تام ئۆيلەر تۈڭلۈكسىز ئىدى. ئەجدادلىرىمىز ئۆيگە يورۇق چۈشسۇن ئۈچۈن ئالدى بىلەن تورۇستىن مەلۇم چوڭلۇقتا تۆشۈك ئېچىپ قويىدىغان بولغان ۋە بۇ تۆشۈكنى «تۈڭلۈك» دەپ ئاتاشقان. ئىككىنچى قەدەمدە كۈنگەي تەرەپتىكى تامدىن تۆت چاسا تۆشۈك ئېچىپ قويىدىغان بولدى. كېيىنچە ئۇ تۆشۈككە تىك ياكى توغرىسىغا بىر نەچچە تال ياغاچنى شالاڭ، قاتار قىلىپ ئىككى بېشىنى تام ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويىدىغان بولدى. مۇشۇنىڭدەك «روجەك-پەنجىر» شەكلى ۋە تۈڭلۈك چەت يېزا-قىشلاقلاردا ھېلىمۇ ئۇچرايدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، تىلىنغان ئۆلچەملىك ياغاچتىن ئەركەك-چىشى قىلىپ ئۇزۇنتىسى - توغرىسىغا كىرىشتۈرۈش يولى بىلەن چوڭ-كىچىك ۋە ھەر خىل مۇرەككەپ روجەك-پەنجىر قويىدىغان بولدى.

⑥ ئۆينىڭ ئىچى-تېشىغا زىل سۇۋاق بېرىش ئومۇميۈزلۈك ئادەتكە ئايلاندى. جۈملىدىن ھاك، قۇم ياكى سېغىز توپا، توزغاق بىرىكمىسىدىن ھازىرلانغان لايدا سۇۋاق بېرىش ئومۇملاشتى، ھەتتا بەزى ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنىڭ ئىچكى

تېمىنىڭ ئاخىرقى سۇۋىقىغا ئالىي سورتلۇق ئاق ئۇن، تۇخۇم، ناۋات شەربىتىدىن ھازىرلانغان مەلھەم ئىشلىتىلىدىغان بولدى. بۇنىڭ خۇسۇسىيىتى تامنى سىلىق، يالتىراق قىلىدۇ. ئەگەر تام ئىس تارتىپ، كىرلىشىپ كەتسە، ھۆل لاتا بىلەن سۈرتۈلسە ئۆز ھالىتىگە كېلىدۇ.

⑦ ئىشىكمۇ تاختايدىن ھەر خىل ياسىلىدىغان بولدى.

⑧ ئۆينىڭ ئۈستىنى ۋاساجۇپ ۋە تاختايلىق قىلىدىغان، تورۇسىنىڭ تام گىرۋىكىگە ئايلاندۇرۇپ نەقىشلەنگەن ياغاچ قويىدىغان ئادەت مەيدانغا كەلدى. بەزى ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنىڭ تورۇسلىرى ھەر خىل نەقىش (رەڭلىك) چىقىرىلغان ياكى گۈل سىزىلغان تۆت چاسا تاختايلارنى رەتلىك مىخلايدىغان ياكى گەج بىلەن سۇۋۇلۇپ ئۈستىگە ھەر خىل كۆپتۈرمە گۈل نۇسخىلىرى چىقىرىلىپ زىننەتلىنىدىغان بولدى.

⑨ يازلىق ئۆي، قىشلىق ئۆي، مېھمانخانا ئۆي، ياتاق ئۆي دەپ ئايرىلىدىغان بولدى. يازلىق ئۆي بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، تاماق ھويلىدا يازلىق ئوچاقتا ئېتىلىدۇ. قىشلىق ئۆي بىر قەدەر ئىخچام سۇپىلىق ياكى كاڭلىق بولۇپ، تاماق شۇ ئۆيدە ئېتىلىدۇ. شارائىتى بارلا ئادەم بىر ئېغىز ئۆينى مېھمانخانا قىلىپ لايىقىدا سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندوست ئادىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە.

⑩ ئۆيلەرنى پېشايۋانلىق قىلىپ سېلىش ئادىتىمۇ مەيدانغا كەلگەن. پېشايۋان تۈز ۋە ئەگمىلىك پېشايۋان دەپ ئىككى شەكىلگە ئايرىلىدۇ. بۇ پېشايۋانلىق ئۆينىڭ ئادەتتە، ئۇلى 30-40 سانتىمېتىر ئېگىز قوپۇرۇلۇپ شۇ ئېگىز تەكشىلىكىدە تۇپا، شېغىل يانقۇزۇلۇپ ئاندىن تام قوپۇرۇلىدۇ. پېشايۋان ئىشىك ئېچىلغان تەرەپكە چىقىرىلىدۇ. پېشايۋاننىڭ ئېگىزلىكى ئۆي ئۇلىنىڭ ئېگىزلىكى بىلەن تەڭ بولۇپ، كەڭلىكى ئادەتتە، 8-10 مېتىر بولىدۇ. ئۆي ئىشىكىگە ئۇدۇللاپ ياكى ئىككى يان

تەرەپتىن پەلەمپەي قىلىنىدۇ. پېشايۋاننىڭ ئالدى تاش ياكى خىشتا چىرايلىق قوپۇرۇلۇپ ئاندىن مەلۇم ئېگىزلىكتە ياغاچتا رېشاتكا ياكى خىش ياكى كېسەكتە گۈڭگە قىلىنىدۇ. ياز كۈنلىرى ئۈستىگە ھەر خىل گۈل ئۈستۈرۈلگەن تەشتەكلەر قويۇلىدۇ. پېشايۋاندىن ياز كۈنلىرى ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتىن تاشقىرى يېتىپ-قوپۇشتىمۇ پايدىلىنىدۇ. پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈك، ئەگمىلىرى نەقىشلىنىدۇ. پېشايۋان ئادەتتە، ھويلىغا ياكى باغقا قارىتىلىدۇ.

⑪ ئۆز دەۋرىدە ئەينەك قىس بولغاچ، ئۆينىڭ روجەك دېرىزىلىرى قىش كۈنلىرى سامان قەغەز بىلەن چاپلىناتتى، كېيىنكى دەۋرلەردە ئەينەك سېلىنىدىغان بولدى.

⑫ «كۆتەرمە ئۆي». بۇ قەۋەتلىك ئۆيگە قارىتىلغان بولۇپ، ئادەتتە ئىككى قەۋەتتىن ئاشمايدۇ. كۆتەرمە ئۆيلەر ئاساسەن شەھەرلەردىلا ئۇچرايدۇ. ئىككىنچى قەۋەت ئۆينىڭ ئىچكى قۇرۇلۇشى ئادەتتىكى ئۆيلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلۇشىغا ئاساسەن ئوخشاش.

⑬ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۆي شەكىللىرىدىن باشقا، ئىشىك-دېرىزىلەرگە ياغاچ ماتېرىيال ئىشلىتىلگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈنلەي كېسەكتە گۈمبەز شەكلىدە كېمىرىپ ياسالغان ئۆيلەرمۇ مەيدانغا كەلگەن. مۇنداق ئۆي «كېمىر ئۆي» دەپ ئاتىلىدۇ. كېمىر ئۆي تۇرپان، توقسۇن، پىچان قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئومۇملاشقان.

كېمىر ئۆينىڭ شەكلى بەلگىلىك نىسبەت ئاساسىدا ئۇزۇنتىغا ئۇزۇن، توغرىسىغا تارراق كېلىدۇ. ئىككى يان ۋە ئارقا تەرەپكە ئۇل ئورنىدا مەلۇم كەڭلىكتە سوقما سوقۇلۇپ ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئىككى ياندىن ئۈستىگە قارىتا كېسەك بىلەن ياسىمان كېمىرىپ چىقىپ تۇتاشتۇرۇلىدۇ. ئارقا تام بىلەن ئالدى تام كېسەكتە قوپۇرۇلىدۇ. ئىچى، تېشى ئوبدان

سۈزۈلىدۇ. ئارقا تامنىڭ ئىچكى قىسمىغا چوڭ ئويۇق، ئويۇق ئۈستىدىن يەلۈم ئارىلىق قالدۇرۇپ كىچىك روجەك ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئىككى يان تامنىڭ سوقما قىسمىغىمۇ ھەر خىل شەكىلدىكى ئويۇق-تەكچىلەرنى قويغاندىن تاشقىرى كۆڭگەي تەرەپكە روجەك-دېرىزىمۇ قويۇلىدۇ. شۇنىڭدەك تۈڭلۈكمۇ قويۇلىدۇ. كېمىر ئۆيلەر كۆپىنچە ھاللاردا كاڭلىق كېلىدۇ. كېمىر ئۆينىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ياز كۈنى سالقىن، قىش كۈنى ھەم، ئىسسىق كېلىدۇ. قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ يامغۇر ئۆتمەيدۇ. ياغاچ سەرپىياتى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. كېمىر ئۆي ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىر ئىجادىيىتى دېيىشكە بولىدۇ.

⑭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشىدىكى بىر ئالاھىدىلىكى، ئۆيلەرنىڭ ھويلىلىق بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئۆينىڭ ئالدىغا ھويلا قىلىش، ئالدى - كەينىگە ياكى يان تەرەپكە باغ قىلىش ئورتاق ئەنئەنە. شەرت-شارائىتى بارلا ئادەم شۇنداق قىلىدۇ. شارائىتى يار بەرگەنلەر ئىچكىرى، تاشقىرى ھويلا قىلىدۇ. ئىچكەركى ھويلا ئادەتتە، ئۈستى يېپىلغان بولىدۇ. قوتان، ھاجەتخانا ھويلىنىڭ بىر چېتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇ جايىنىڭ ياسىلىشى، شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردە بىرقەدەر ئومۇميۈزلۈك ئورتاقلىققا ئىگە ئادەت ۋە ئالاھىدىلىكلەردىنلا ئىبارەت. بىناكارلىق ۋە بىناكارلىق سەنئىتى بويىچە ئۇيغۇرلار ئۇزۇن تارىخ ۋە ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە.

⑮ تۇرالغۇ جاي تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا مۇناسىپ تامچىلىق، ياغاچچىلىق، ھاكچىلىق، تاشچىلىق، نەققاشلىق ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بىناكارلىق سەنئىتى ھەم بۇ ساھەلەر بويىچە داڭلىق ئۇستىكارلار مەيدانغا كەلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىگە يۇنان، ئوتتۇرا شەرق

ئەللىرى، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بىناكارلىق سەنئەت ئۇسلۇبىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. چۈنكى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردە بۇددا ئېتىقادى ئۈچۈن ئىبادەتخانا سېلىشقا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن مەسچىت، جامە قاتارلىقلارنى سېلىشقا توغرا كەلگەن. بۇ جەرياندا ھىندىستان، ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىنىڭ ۋە ئۇلار ئارقىلىق يۇنان بىناكارلىق سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى تەبىئىي ئىدى. ئەمما، بۇ سەنئەت ئۇسلۇبلىرى ئۇيغۇر ئۇستىلىرىنىڭ قولىدا ئۆزىگە خاس ھېسسىيات ئاساسىدا ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق سەنئەت ئۇسلۇبىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر شەكىللەندى. مەسىلەن، شىنجاڭ دائىرىسىدىكى مىڭ ئۆيلەردىكى تام سۈرەتلەردە يەرلىك ئۇسلۇبنىڭ ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرۇشى، يەكەن چوڭ جامەسى، قەشقەردىكى ھېيتگاھ، ئاپاق غوجا ۋە «قۇمۇل ۋاڭ» مەقبەرىسى، كۇچادىكى مەۋلانا راشىدىن جامەسى بىلەن قىغ دۆڭ جامەسى، تۇرپاندىكى ئىمىن ۋاڭ مۇنارىسى قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ نامايەندىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەخسۇس ساھە بولغاچ شۇنچىلىكلا توختىلىمىز.

ئۇيغۇرلاردا ئۆي ئىمارەت قۇرۇلۇشىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر ئادەت — ئۆي-ئىمارەت ئىشىكىنى جەنۇبقا قارىتىپ قويۇشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكى توغرىسىدا ئۇيغۇرلار ئىچىدە «كۈن ئۇلۇغ، ئۇ ئاللانىڭ نۇرى، جامالى، كىشى ئەتىگەندە يۈزى يۇيۇقسىز ئىشىكتىن چىقىپ كۈنگە قارىسا ۋە كۈنگە قاراپ سىيسە، تۈكۈرسە يامان بولىدۇ» دېيىدىغان ئاڭ-ئەقىدە مەۋجۇت. بۇ ئاڭ-ئەقىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى كۈن

www.uyghurkitap.com

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ئىدى. ئۇلار كۈننى ئۇلۇغلاپ ئۇنىڭغا چوقۇناتتى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ئىپتىدائىي ئېتىقادى بويىچە ئۆي ئىشىكى شەرققە قارىتىلىشى تېگىشلىك ئىدى. بۇ توغرىدا بىز بىرەر تارىخىي مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ۋادىسىدىن تېپىلغان يەرلىك قوۋملارغا ئائىت قەبرىلەرگە كۆمۈلگەن جەسەتلەرنىڭ بېشى شەرققە، پۇتى غەربكە، يۈزى كۆككە قارىتىپ قويۇلغانلىقىغا، تارىختا ئۆتكەن ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ توي ۋە مۇراسىملاردا راۋاقتا شەرققە قاراپ ئولتۇرىدىغان ئادىتىگە ئاساسەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىنىڭ ئىشىكلىرى ياكى سورۇنلارنىڭ كىرىپ چىقىدىغان ئاغزى شەرققە قارىتىلاتتى دەپ پەرەز قىلىشقا تامامەن بولىدۇ.

ئىشىكنى جەنۇبقا قارىتىپ قويۇش ئادىتىگە كەلسەك، مۇنۇ ئامىللارغا ئاساسەن ئۇنى كېيىنكى دەۋرلەردە شەكىللەنگەن دېيىشكە بولىدۇ:

① ئۆينىڭ قىش پەسلىدىكى يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق ئېھتىياجى. ئەجدادلىرىمىز تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ئىشىك جەنۇبقا قارىتىپ قويۇلغاندا قىش پەسلىدە ئۆينىڭ يورۇق ۋە شامالغا دالدا بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. بۇنىڭ بىلەن تەدرىجىي جەنۇبقا قارىتىپ قويىدىغان بولغان.

② ئىسلام دىنى ئېھتىياجى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئاڭ-ئېتىقادىغا ئىسلام روھى سىڭدۈرۈلۈپ، «كۈن» ئاللانىڭ نۇرى، جامالى سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان. دېمەك ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئادەت ئەنئەنىسىنى ئىسلامنىڭ ئاشۇ ئەقىدىسىگە ماسلاشتۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئىشىكنى جەنۇبقا قارىتىپ قويۇشقا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۆز ئادەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ھازىر بۇ ئادەت - ئەنئەنىنىڭ يېزىلاردا

قىسمەن ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتتى. شۇنىڭدەك ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلمىسىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ خىش-كېسەك، ياغاچ قۇرۇلمىسىنى ئاساس قىلىپ ئۆي سېلىش ئومۇم ئادەتكە ئايلاندى. بۇ بولۇپمۇ شەھەر-بازارلاردا تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. جۈملىدىن كەڭ يېزىلاردىمۇ ئەۋج ئالماقتا.

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي بىساتلىرى

ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەللىك زوقى بولىدۇ. ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇشىنىڭ شەكلى، ئىچكى بېزەكلىرى ۋە ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى گۈزەللىك زوقىنىڭ مۇقىم ئىپادىلىرىدىن بىرى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچكى بېزەكلىرى ۋە ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مەركەزلىك ھالدا مۇنۇ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

① ئۆي بىساتلىرى. ئۇيغۇرلارنىڭ بىرقەدەر قەدىمكى ئۆي بىساتلىرىنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا تارىخىي مەلۇمات يوق. خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ئەجدادلىرىمىز ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى سېلىنچا-يېپىنچا قىلغان. روشەنكى، بۇ كۆچمەن چارۋىچى قوۋملارغا ئورتاق قىسمەن ئادەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا بېرىلگەن مەلۇمات. ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن كەلگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ئەجدادلىرىمىز يىراق ئۆتمۈشتىلا قوي يۇڭىدا توقۇلغان كىيىم كىيگەن ۋە يېپىنچا-سېلىنچا ئىشلەتكەن دېيىشكە بولىدۇ. كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىن ۋە چەرچەننىڭ زاغۇنلۇقتىن تېپىلغان بۇنىڭدىن 4-3 مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت قەبرىلەردىن چىققان كىيىم، پالاز، كىگىز بۇيۇم قاتارلىقلار ۋە شۇ بۇيۇملارنىڭ بولۇپمۇ پالاز، كىگىزنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىيات

www.uyghurkitap.com

شەكلى — تۆرلۈك خاس يۇڭ ياكى يۇڭ ـ پاختا ئارىلاش ياكى خاس پاختا يىپتا توقۇلغان رەڭدار پالاز، سىدام، رەڭدار كىگىز ۋە گىلەم قاتارلىق بۇيۇملار بىزنىڭ شۇ قارىشىمىزنى ۋاستىلىك هالدا ئىسپاتلايدۇ. دېمەك، پالاز، كىگىز گىلەم ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئاساسلىق ئۆي بىساتلىرى بولۇپ كەلگەن.

ئەجدادلىرىمىز بۇ بىساتلاردىن يېتىپ-قوپۇش ئۈچۈن يەرگە سېلىش، ئۆي بېزىكى ئۈچۈن تامغا ئېسىشتەك ئىككى خىل پايدىلىنىپ كەلگەن. يەرگە سېلىشتا ئالدى بىلەن ئادەتتە تېگىگە بورا ئۈستىگە پالاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆر تەرەپتىن پەگا تەرەپكە قارىتىپ گىلەم، كىگىز سالىدۇ. سۇپىلىق، كاڭلىق ياكى كارىۋاتلىق ئۆي بولسىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن شۇنداق سېلىنىدۇ. ئۆي بېزىكى ئۈچۈن تامغا ئاساسلىقى گىلەم ئېسىلىدۇ. بەزىلەر رەڭدار پالازمۇ ئاسىدۇ. مەيلى گىلەم، مەيلى پالاز بولسۇن تامغا ئېسىش-ئاسماسلىق هەربىر ئادەمنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا بۇ ئۈچ خىل بۇيۇمنى ئاساسلىق ئۆي بىساتى قىلىشىمۇ ئۇلارنىڭ ناهايىتى ئۇزۇن زامانلار داۋامىدىكى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن كەلگەن. ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيەتلىرىدە كىگىز، پالاز، گىلەمنىڭ كۆركەم، چىداملىق ۋە كىر كۆتۈرۈشلۈك، ئاسان نەم ئۆتمەيدىغان ئالاهىدىلىكلىرىنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا ئۇلارنى ئاساسلىق بىسات قىلىپ تاللىغان. چىداملىقلىقتا كەلگەندە گىلەم ئەڭ چىداملىق بولۇپ، 30-40 يىلغىچىمۇ ئۈزۈلۈپ توزىمايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا «كەمبەغەل بولساڭ گىلەم قىل» دېگەن ماقال مەيدانغا كەلگەن. بۇندىن باشقا ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ قالدۇق ئىزلىرىنى هازىرمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئېيىق تېرىسى، ئىت

تېرىسىدىن كۆرپە قىلىش؛ ئوچاق ئالدى، سۇپا لېۋىگە ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئۆچكە تېرىسى سېلىپ قويۇشقا ئوخشاش. ئېيىق ۋە ئىت تېرىسىنى رېماتىزىمغا داۋا دەپ ئۇنىڭدىن سېلىنچا ئورنىدا پايدىلىنىشمۇ ئەمەلىيەتتە ئاشۇ قەدىمكى ئادەتنىڭ داۋامى.

ئۇيغۇرلاردا ئۆينى چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇشنى ھوزۇر دەپ بىلىش ناھايىتى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت. «دىۋان» نىڭ 1-تومىدا «چارچاپ» دېيىلىدىغان زەدىۋال ياكى پالاز ئورنىدا تامغا ئېسىلىدىغان بىر خىل بېزەكلىك بايان قىلىنغان. بۇ ئۆينى چىرايلىق زىننەتلەش ئادىتىنىڭ «دىۋان» دەۋرىدىلا ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا مەۋجۇتلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ. زەدىۋالمۇ شۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن مەھسۇلات، زەدىۋال تارتىشنى «دىۋان» دەۋرىدىن بۇرۇنلا شەكىللەنگەن ئادەت دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئادەت بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلار ئورۇن-كۆرپىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا ئاز-تولا شارائىتى بارلىكى ئائىلىلەردە مۇمكىنقەدەر چوڭ-كىچىك دېمەي ئادەم بېشىغا ئايرىم يوتقان كۆرپە قىلىدۇ. يوتقان تېشى چىرايلىق، گۈللۈك نەفىس رەختلەردىن، ئەستىرى سىيدام رەڭدار رەختلەردىن، كۆرپىنىڭ تېشى، ئەستىرى پىششىق، كىر كۆتۈرۈشلۈك رەختلەردىن قىلىنىدۇ. تەكىي-ياستۇقلارغا كەشتە قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆرپىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى، كۆرپىگە چۆرۈلدۈرۈپ زىغزىق تۇتۇش ياكى ماشىنىدا شوخ، رەڭدار يىپتا چىرايلىق نۇسخىلار چۈشۈرۈلگەن قارا رەخت تۇتۇشتا ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى بۇ ئادەت ئۆي بېزەش ئادىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى ئۇيغۇرلار ئورۇن-كۆرپىنى ئۆينىڭ

تۆرتىمىغا مەخسۇس چىقىرىلغان لىمتاق يەنى چولۇق ئويۇقتا چىرايلىق قاتلاپ يىغىدۇ. بۇنداق مەخسۇس لىمتاق چىقىرىلمىغان ئۆيلەردە بولسا، ئۆينىڭ تۆر تىمىنىڭ بۇلۇڭ تەرىپىگە يىغىپ تەكچە-ياستۇقلارنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تىزىپ قويىدۇ. ھازىر زامانىۋى بىنالاردا ئۇنداق شارائىت بولمىغانلىقتىن بەزىلەر مەخسۇس ئورۇن-كۆرپە ئىشكابى ياسىتىپ شۇنىڭغا تىزىدىغان ياكى بىر تۇتاش تەكشى كارىۋات قىلىپ، ئۇنىڭدا يېتىپ قويىدىغان ۋە ئورۇن-كۆرپىنى ئۇنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىزىپ، ئۈستىگە ئەدىيال، ئۈستىگە تور يېپىپ قويىدىغان بولدى ياكى بىر تەرەپكە ئايرىم بىر كارىۋات قويۇپ ئۇنىڭغا يىغىدىغان بولدى.

ئۇيغۇرلار مېھماندوست كەلگەچ ھەربىر ئائىلىدە مۇمكىنقەدەر بىر-ئىككى كىشىلىك، ھېچبولمىغاندا بىر كىشىلىك مېھمانلىق يوتقان-كۆرپە قىلىپ قويۇش ۋە ئادەتتىكى كۈنلەردە كېلىپ-كېتىدىغان مېھمان، يارۇ-بۇرادەرلەرنىڭ ئاستىغا سېلىشقا ئاتاپ مەخسۇس كۆرپە قىلىپ قويۇش ئومۇمىيۈزلۈك بىر ئادەت. مۇنداق كۆرپە ئىككى خىل بولۇپ، بىرىنچى خىلى ئادەتتىكى كۆرپىگە ئوخشاش. ئىككىنچى خىلى ئادەتتىكى كۆرپىدىن بىر ھەسسە ئۇزۇن بولىدۇ. بۇ ئادەتتە ئۆينىڭ تۆرگە سېلىقلىق تۇرىدۇ. مۇنداق كۆرپە «يېكەنداز» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئادەت ھازىرمۇ داۋاملاشماقتا. ئۇيغۇرلاردىكى «كۈن كېلەر-كېتەر، ئۆمۈرنىڭ يېرىمى تۈندە ئۆتەر» دېگەن ماقالىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئورۇن-كۆرپىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇرلار تەكچە-ياستۇقلارنى ئالاھىدە ھازىرلايدۇ. ئۇنىڭغا چىرايلىق گۈل نۇسخىلىرىنى كەشتە قىلىدۇ. بەزى رايونلاردا تويغا مەخسۇس كەشتىلەنگەن ياستۇق-تەكچە تويلۇق قىلىپ سېلىنىدۇ.

## 3 . ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي سايمانلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي سايمانلىرى مۇنداق ئىككى جەھەتتىكى سايمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، كۈندىلىك تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان سايمانلار، مەسىلەن، قازان-قومۇچ، چىنە-قاچا.

① قازان شەكىل جەھەتتىن پۇتسىز، پۇتلۇق ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. پۇتلۇقى داڭقان دەپ ئاتىلىپ ئاساسەن ئۈچ پۇتلۇق كېلىدۇ. ھەجىمىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ چوڭ داڭقان، كىچىك داڭقان دەپ ئاتىلىدۇ. پۇتسىزى ئادەتتە قازان دەپ ئاتىلىپ، ئەڭ چوڭى «داشقازان» دېيىلىدۇ. قازان ئۆزىنىڭ ياسالغان ماتېرىيالىغا قاراپ «چۆيۈن قازان»، «مىس قازان» دەپ ئاتىلىدۇ. مىس قازان جىمبىللىق، جىمبىلسىز ئىككى خىل بولۇپ، ھەجمى ھەرخىل بولىدۇ. بۇ قازانلار داڭقاننى ھېسابقا ئالمىغاندا كېسەك ئوچاق، تۆمۈر ئوچاققا ئېسىپ ئىشلىتىلىدۇ. داڭقان پۇتلۇق بولغاچ مەخسۇس ئوچاق ھازىرلانمايدۇ. ئوچاقمۇ ئىككى خىل بولۇپ، «ئۆرە ئوچاق»، «يەر ئوچاق» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆرە ئوچاق كېسەك ياكى خىشتا ياسىلىپ تۇرخۇنلۇق كېلىدۇ. يەر ئوچاق يەر ئويۇپ ياسىلىدۇ. بۇ خىل ئوچاق ئاساسەن ھويلا ۋە دالىدا ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا مەخسۇس تۇرخۇن چىقىرىلمايدۇ. تۆمۈر ئوچاق ئۈچ پۇتلۇق كېلىدۇ.

② چۆگۈن، چۆمۈچ، كوزا، ئىۋرىق، قاپاق، چېلەك، ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇن ھازىرقى مىس (تۆمۈر) چۆمۈچ، چېلەك ئورنىدا ياغاچ چۆمۈچ، سوغا (بۇمۇ ياغاچتىن ياسىلىدۇ) ئىشلىتەتتى. ئىۋرىق مەخسۇس قول يۇيۇش، چىنە-قاچا يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ساپالدىن ياسىلاتتى. ھازىر

قاچىلاردىن ياسالغان تۇرىمۇ چىقتى. چۆگۈن مىستىن ياسىلىدۇ، ھەجىمى، شەكلى ھەرخىل بولۇپ، مەخسۇس سۇ قاينىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. كوزا، قاپاق، چېلەك، كۆكۈر سۇ توشۇش ۋە سۇ ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. چېلەك قاچىلاردىن ياسالغان بولۇپ، ئۇ IX X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىن ئومۇملىشىشقا باشلىغان، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كوزا، قاپاق ئىشلىتىلىپ كەلگەن. چېلەك كېيىنچە ئومۇملاشقان چىدامىلىق سايمان بولسىمۇ، قاپاق چەت يېزا-قىشلاقلاردا ھازىرمۇ ئۆز رولىنى يوقاتقىنى يوق. كۆكۈر مىستىن ياسالغان بولۇپ ياپىلاق شەكىلدە كېلىدۇ.

③ چىنە-قاچا. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن چىنە-قاچىلىرىنى تۆت خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى خىلى، ياغاچ، ساپالدىن ياسالغان چىنە-قاچىلار بولۇپ، ياغاچتا ياسالغانلىرى چۆچەك، ئاياق، تەڭنە، ياغاچ تاۋاق دەپ ئاتىلىدۇ. ساپالدىن ياسالغانلىرى غىدىر ياكى ھېجىر دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تاش سىرلىق، سىيدام ئىككى خىل كېلىدۇ. تەڭنىنىڭ ئاساسلىقى خېمىر يۇغۇرۇش ۋە كىر يۇيۇش ئۈچۈن (كىر يۇيىدىغان تەڭنە ئايرىم بولۇپ، قەدىمكى نامىدا ئاتىغاندا «چارا» دەپ ئاتىلىدۇ) ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى «مەخسۇس تاماق يېيىش، ئۇسسۇزلۇق ئىچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى قاچا-قۇمۇچلىرىدىن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تەڭنىدىن باشقىلىرى ھازىر ئاساسىي جەھەتتىن ئىستېمالدىن قالدى.

ئىككىنچى خىلى، مىستىن ياسالغان بولۇپ، مىس تاۋاق (لېگەن)، مىس چەينەك، مىس چىنە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە مىس چەينەكتىن باشقىلىرى ھازىر ئاساسىي جەھەتتىن ئىستېمالدىن قالدى.

ئۈچىنچى خىلى، فار-فۇردىن ياسالغان قاچىلار. بۇ

چوڭ-كىچىك چىنە ھەر خىل چىنە تەخسە، چىنە تاۋاق (لېگەن) ، چىنە چەينەك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چىنە ئادەتتە پىيالە، سىركايە دەپ ئاتىلىدۇ.

تۆتىنچى خىلى، تۇنىكىدىن ياسالغان سىرلىق قاچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، تۇنىكە چىنە، تۇنىكە چەينەك، تۇنىكە لېگەن، تۇنىگە چۆمۈچ، تۇنىكە ساپلىق، تۇنىكە كورا، سىرلىق ۋە سىرسىز ھەرخىل داس (جاۋۇر) قاتارلىقلار.

بۇنىڭدىن باشقا شېشىدىن ياسالغان ھەرخىل قەندەل، ۋازا، ئىستاكان ۋە شېشە، فار-فۇردىن ياسالغان ھەرخىل مۇراببا قاچىلىرى، چايدان قاتارلىقلارمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىدۇ. بۇ تىپتىكى قاچىلار مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20-، 50-يىللىرىدىن كېيىن ئومۇملاشقان.

ئۇيغۇرلار ئادەتتە، فارفۇردىن ياسالغان چىنە-قاچىلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدۇ. مېھمان ئالدىغا چىنە-قاچىدا غىزا، تاماق قويىدۇ. شۇڭا مېھمانغا ئاتاپ زاپاس چىنە-قاچا ساقلايدۇ. شۇنىڭدەك فارفۇر، شېشىدىن ياسالغان چىنە-قاچا، قەندەل، ۋازا قاتارلىقلارنى ئۆي زىننىتى سۈپىتىدە ئويۇق-تەكچىلەرگە ياكى دېرىزە ئالدىدىكى شىرە ئۈستىگە تۈرى بويىچە ھەرخىل شەكىلدە چىرايلىق تىزىپ قويىدۇ. ھازىر شەھەر-بازار رايونلىرىدا مەخسۇس بۇلۇڭ ئىشكاپ، تاك ئىشكاپ ئىچىگە تىزىش ئومۇمىيۈزلۈك ئادەتكە ئايلاندى. مۇشۇ قاتاردا يەنە ساماۋەر، لوڭقىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ساماۋەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئۆي سايمانلىرىدىن بولۇپ، چاي قاينىتىش ۋە زىننەت بۇيۇم سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلمەكتە. ئىشلەتمىگەن چاغدا ئويۇق تەكچىگە ياكى دېرىزە ئالدىدىكى شىرەگە تىزىپ قويۇلىدۇ. لوڭقا مەخسۇس زىننەت بۇيۇمى بولۇپ، ياز كۈنلىرى يېڭى ئېچىلغان گۈللەر چىلاپ قويۇلۇش بىلەن ئۇمۇ ئويۇق ياكى

www.uyghurkitap.com

تەكچىگە تىزىپ قويۇلىدۇ.

ئىككىنچى، ئادەتتىكى سايمانلار، ئادەتتىكى سايمانلار قوشۇق (ياغاچ قوشۇق، مىس ۋە قەلەي قوشۇق)، چوكا، سىم ۋە ياغاچ چويلا، سۇپۇرا، ئاشتاختا، نوغۇچ، كۆمەچدان، تاۋا، ئاپتۇۋا، چىلاپچى، تەرەتلىك كوزا، ئىدىش، پالتا، كەكە، هاۋانچا، ئەگلەك، تاتقۇ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاپتۇۋا، چىلاپچى بىرقەدەر ئەلا، نەپىس بۇيۇملاردىن بولۇپ، ئادەتتە مېهمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. «تەرەتلىك» ئۇزۇن بويۇنلۇق كىچىك قاپاق بولۇپ، ئۇ كۆپىنچە هاللاردا ناماز ئۇچۇن تەرەت ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا «تەرەتلىك» دەپ ئاتالغان. ئىۋرىق تەرەت ئېلىشقا ئىشلىتىلىپ قالماستىن، ئادەتتە قول يۇيۇشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. فارفۇردىن ياسالغان چىنە-قاچىلارنى ئالساق ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆي سايمانلىرىدىن بولۇپ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئۇنداق قاچىلار يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى، تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئۇيغۇرلار ئىچىگە تارقالغان ۋە ئۇيغۇرلار ئارقىلىق غەربكە تارقالغان.

## 4. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسسىنىش ئادىتى

ئۇيغۇرلار قىش كۈنلىرى ئاساسەن مورا ئوچاق، كالڭ، سەندەلدىن پايدىلىنىپ ئىسسىنىپ كەلگەن، كېيىنچە مەش، تام مەشتىنمۇ پايدىلىنىپ ئىسسىنىدىغان بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە كالڭ بىلەن سەندەل ئۆزگىچە ئالاهىدىلىككە ئىگە. كالڭ ياتاق ئۆيگە سۇپىغا ئوخشاش قىلىپ مۇنداق ياسىلىدۇ: ئالدى بىلەن مەخسۇس كالڭ كېسەكى قويۇلىدۇ. كېسەك تەييار بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ، قاتار يول پىلانلىنىدۇ ۋە مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ ئاددىي كېسەكتە «تۈۋرۈك»

قويۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىس ماڭىدىغان يول شەكىللىنىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە كاڭ كېسەكى قاتار قىلىپ قويۇلۇپ، ئۈستى سامانلىق لايدا سۇۋۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بورا ۋە كىگىز-پالاز سېلىپ يېتىپ - قوپۇلىدۇ. قىش كۈنى چاي-تاماق كاڭ ئوچىقىدا ئېتىلىدۇ. شۇڭا ئۆي ھەم، ئىسسىق تۇرىدۇ. سەندەلنى ئەمەلىيەتتە چوغ ئېلىنغان «جاۋۇر» دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئىچىگە چوغ ئېلىپ چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ يېتىپ-قوپۇلىدۇ. بۇ ئۇسكۈنىلەر كۆمۈر يوق جايلاردا پۈتۈنلەي ئوتۇن بىلەن ئىسسىتىلىدۇ. شۇڭا باغ-ئورمان قىلىش ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەل ئادىتىگە ئايلانغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# يەتتىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش-ياسىنىش ئادىتى

كىيىم-كېچەك ئادەمنىڭ ئەڭ ئاساسلىق زىننىتى، گۈزەللىك زوقىنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىسى. شۇنىڭدەك مىللەتلەرنىڭمۇ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش-ياسىنىش مەدەنىيىتىمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ كېيىنىش-ياسىنىش ئادەت-ئەنئەنىسىمۇ ئۆزگىرىپ، بېيىپ، رەڭدارلىشىپ تېخىمۇ كۈچلۈك مىللىي تۈس ئالغان. جۈملىدىن جىنس ۋە ياش قۇرام پەرقىگە قاراپ كىيىنىش-ياسىنىش جەھەتتە ئۆزگىچە ئادەت-ئەنئەنە شەكىللەنگەن.

ئەجدادلىرىمىز ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان دەۋرلەردە چارۋا مال ۋە ھايۋان تېرىلىرىدىن قوي يۇڭى توقۇلمىلىرىدىن كىيىم كىيگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە پاختا توقۇلمىلىرى، پاختا-يۇڭ ئارىلاش توقۇلمىلار ۋە يىپەك توقۇلمىلىرىدىن كىيىم كىيىدىغان بولغان. ئوتتۇرا ئەسىردىلا قولياغلىق، باغىرداق، دەزمال قاتارلىق بۇيۇملارنى، تاش، سۆڭەك مونچاقلار ئورنىغا ئۈنچە-مەرۋايىت، ئالتۇن-كۈمۈش قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى؛ ئۇپا-ئەڭلىك، سۇرمە، قاشلىق، ئوسما قاتارلىق گىرىملىكلەر ئىشلىتىلىدىغان

بولغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش-ياسىنىش مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكى ساھەلەردە تىپىك ئىپادىلىنىدۇ:

## 1. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم تۈرى ۋە شەكلى

باش كىيىم: باش كىيىم تىكىلگەن ماتېرىيالى ۋە ئۇنىڭ رولىغا قاراپ بۆك (دوپپا)، قالپاق، تۇماق دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. بۆك ئاساسەن ياز، كۈز پەسىللىرىدە باش مېڭىدىن ئاپتاپ ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تۇماق قىش ۋە باش ئەتىياز كۈنلىرى سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن كىيىلىدۇ. بۆك، قالپاق، تۇماق كىيگۈچىنىڭ جىنس پەرقىگە قاراپ يەنە «ئەرەنچە»، «ئاياللچە» دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

1) بۆك (دوپپا) ۋە ئۇنىڭ شەكلى: بۆكنىڭ تۈرى كۆپ، شەكلى ھەرخىل، ئەمما ئۇنىڭ قەدىمكى شەكلىنىڭ قانداقلىقى نامەلۇم. «دىۋان» دىمۇ سۆزلەم ئورنىدا «بىروك» دەپ بېرىلىپ شەكلى توغرىسىدا بىر نەرسە دېيىلمىگەن. لېكىن 90 دىن ھالقىغان پېشقەدەملەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە قەدىمكى بۆك سىيدام، كېزەكسىز، تاللىق ئىكەن. «بۆك» كېيىنچە «دوپپا» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. «باشىمدىكى دوپپام سەككىز تالا، تۆتى ئالا، تۆتى قارا، ئالتە ئاي ئوتتۇردا كۆيسەم، بىلمىدىڭ كۆڭلى قارا» دېگەن قوشاق شۇ ئاساستا توقۇلغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىنچە دوپپىنىڭ ھەر خىل تۈرى مەيدانغا كەلدى.

دوپپا ئادەتتىكى سىيدام يىپ رەخت ۋە رەڭدار سىيدام يىپەك رەختتىن تىكىلىدۇ، ئۇنىڭ تۈرىمۇ كۆپ. مەسىلەن، شاپاق دوپپا، سىيدام ۋە گۈللۈك دۇخاۋا دوپپا، بادام دوپپا، گىلەم دوپپا، چىمەن دوپپا، ئۈنچە دوپپا، ئالتۇن قاداق دوپپا، تاجىلىق دوپپا قاتارلىقلار. بۇ دوپپىلار ئىچىدە ئۈنچە دوپپا،

www.uyghurkitap.com

ئالتۇن قاداق دوپپا، تاجلىق دوپپىنى پەقەت ئاياللار كىيىدۇ. شاپاق دوپپا ئادەتتىكى رەختتىن، سىيدام ۋە گۈللۈك دۇخاۋا دوپپا رەڭدار سىيدام دۇخاۋا ۋە تاۋاردىن تىكىلىدۇ. ئالتۇن قاداق دوپپىمۇ سىيدام رەڭدار دۇخاۋىدىن تىكىلىدۇ. ئەمما مەشۇت يىپتا تىكىلىدىغان گۈل ئورنىغا تۆپىلىكىنىڭ ۋە كېزىكىنىڭ تۆت يېرىگە ئالتۇندىن ۋايىغا يېتىپ ئېچىلغان گۈل نۇسخىلىق بېزەك (كېزەككە)، پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇۋاتقان كېپىنەك نۇسخىلىق بېزەك قادىلىدۇ. تاجلىق دوپپىغا ئالتۇن-كۈمۈشتىن ھەرخىل گۈل جۇلالە قادىلىدۇ. گېلەم دوپپا گېلەمدەك رەڭدار مەشۇت يىپتا بۆجۈپ تىكىلىدۇ. ئۈنچە دوپپىنىڭ گۈلى پۈتۈنلەي ئۈنچىدە تىزىپ چىقىرىلىدۇ. بادام دوپپىنىڭ گۈلى بادام شەكلىدە ئاق مەشۇت يىپتا تىكىلىدۇ. شۇڭا بۇ دوپپىلار تىكىلىش شەكلىگە مۇناسىپ نام ئالغان.

ئادەتتىكى رەختتىن (ئاق خەسە) تىكىلگەنلىرى ئاساسەن سىيدام، تۆپىلىكى ئۈچ بۆلۈك ياكى پۈتۈن، كېزەكسىز بولۇپ ئۇششاق شىرىقلىق كېلىدۇ. بۇنىڭ يەنە تۆپىلىكىنىڭ تۆت يېنىغا قارا ياكى سۈس سۆسۈن يىپتا ئاددىي كەشتە قىلىنغان تۇرىمۇ بولۇپ، ئىككى خىلىلا ئەستەرسىز، يۇمشاق كېلىدۇ. ھازىر ياشانغانلار ئىچىدە مۇشۇ خىلدىكى دوپپا كىيىش يەنىلا داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

يىپەك رەختتىن تىكىلىدىغانلىرىمۇ سىيدام، گۈللۈك ئىككى خىل كېلىدۇ. سىيداملىرى ئالما ئۇرۇقى، گۆش رەڭ ياكى قارا يىشىل دۇخاۋا ياكى تاۋاردىن تىكىلىدۇ. شەكلى تۆپىلىكى پۈتۈن، كېزەكلىك، جىيەكلىك كېلىدۇ. گۈللۈكى تۆپىلىكىنىڭ تۆت يېنىغا رەڭدار مەشۇت يىپتا ھەرخىل گۈل-چېچەك نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ خىلدىكى دوپپا ئەستەرلىك، قاتتىقراق كېلىدۇ. تاشلىق (گۈل تىكىلىپ بولغاندىن كېيىن) بىلەن ئەستەرلىك شىلىم بىلەن قاتۇرۇلۇپ

ئاندىن تارراق ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ تىكىلگە ئۇششاق شىرنىش بىلەن ھەربىر ئارىلىقتا پاختا ياكى قەغەز بىلەن پىلتە بېرىلىدۇ. شۇڭا ئۇ قاتتىقراق، ئىسكەتلىك، كۆركەم كېلىدۇ. يىپ رەختتىن تىكىلگەن بۆك ئەستەرسىز، يۇمشاق كەلگەچ «شاپاق بۆك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شاپاق بۆكنىڭ يەنە بىر خىلى بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى شاپاق بۆكتىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى شاپاق بۆك، ئۇچ تالا، ئەستەرلىك، جىيەكلىك بولۇپ رەڭدار مەشۇت يىپتا ھەربىر تالانىڭ مەركىزىگە ۋايىغا يېتىپ ئېچىلغان گۈل نۇسخىسى چۈشۈرۈلۈپ، ئەتراپى « § » شەكىلدە زەنجىرسىمان (قىزغۇچ سېرىق مەشۇت يىپتا) قىلىپ كەشتىلىنىدۇ. بۇ ئەستەر بىلەن قوشۇپ كەشتىلەنگەچكە كىرلىشىپ كەتكەندە يۇسىمۇ يەنىلا ئىسكەتىدىن كەتمەيدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۆكنىڭ يەنە بىر خىلى بولۇپ «تاقىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. تاقىيىنىڭ تۆپىلىكى تۈز، جىيىكى كەڭ، ئۆرە كېلىدۇ. ئەستەر ئېلىنىپ ئاساسەن قارا مەخمەل ياكى قارا چىپەرقۇت ياكى قارامتۇل رەختتە شىرىپ تىكىلىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا ئەرلەر كىيىدۇ.

ئەرەنچە بۆك: يازلىق شاپاق بۆك خاس ئەرەنچە بۆك قاتارىغا كىرىدۇ. مۇندىن باشقا ئۈچ خىل رەڭدىكى سىيدام، گۈللۈك دۇخاۋا بۆكلەرنى ئەرلەر ۋە ئاياللارمۇ كىيىدۇ. ئەمما ئاياللارنىڭ شەكلى ئوخشىمايدۇ.

ئايالچە بۆك (دوپپا): ئاياللار شاپاق بۆك كىيمەيدۇ. ئاياللارنىڭ سىيدام ۋە گۈللۈك تىكىلگەن بۆكلىرى بىرقەدەر تېيىز، بىرقەدەر نەپىس، گۈلى شوخ كېلىدۇ. ئايالچە يەنە بىر خىل بۆك بولۇپ، شەكلى تاقىيىسىمان جىيەكنىڭ ئۈستىگە قېنىق مەشۇت يىپتا قىلىنغان پۆپۈك قوندۇرۇلىدۇ. بۇنى ئاساسەن ياش جۇۋان-چوكانلار كىيىدۇ.

بۆك (دوپپا): جىنس پەرقىگە قاراپ پەرقلەندۈرۈلگەننى

www.uyghurkitap.com

ھېسابقا ئالمىغاندا، ياش قۇرامىغا قاراپ پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ. ئەمما ياشانغان ئەرلەر ئاساسلىقى ئاق شاپاق بۆك، ياشانغان ئاياللار رەڭگى سۇسراق، گۈلى ئاددىي-ساددا بۆك كىيىدۇ.

2) ياغلىق ۋە ئۇنىڭ شەكلى: ئاياللار بۆك كىيگەندىن ئاشقىرى بېشىغا يەنە ياغلىق، لېچەك، چۈمبەل، پەرەنجىمۇ سالىدۇ (ئارتىدۇ). «ياغلىق» ئومۇم ئاتالغۇ بولۇپ، «رومال»، «شال» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

① ياغلىق: ياغلىق ئىشلەنگەن خام ئەشياسىغا قاراپ «داكا ياغلىق»، «يىپ ياغلىق»، «شايى ياغلىق»، «پەرەڭ ياغلىق»، «تىۋىت شال (رومال)»، «غىجىم رومال» دەپ ئاتىلىدۇ. داكا ياغلىق، يىپ ياغلىق، شايى ياغلىق، ئادەتتە بىر يېرىم مېتىر ھېسابىدا تۆت چاسا (كۋادرات شەكلىدە) كېلىدۇ. داكا ياغلىق ئاق داكىدىن قىلىنىدۇ. يىپ ياغلىق خوما رەڭ، جىگەر رەڭ پاختا يىپتا ئۇششاق كۆز چىقىرىپ توقۇلىدۇ. شايى ياغلىق، پەرەڭ ياغلىق، غىجىم رومال ھەممىسى مەشۈتتە توقۇلغان بولۇپ، شايى ياغلىقتىن قالغانلىرى كېيىنكى دەۋرلەردە غەرب ئەللىرىدىن كىرگەن. شايى ياغلىق، خوتەن، قەشقەرنىڭ قول سانائەت مەھسۇلاتى بولۇپ، سىيدام، رەڭگى ئاق، سېرىق، ھاۋا رەڭ، ناۋات رەڭ، قىزىل كېلىدۇ، پەرەڭ ياغلىق ئاساسەن ئاق، ناۋات رەڭ، ھال رەڭ كېلىدۇ. تۆت بۇرجىكى ۋە ئوتتۇرىسىدا چىلان ياكى يوپۇرماقسىمان كۆپتۈرمە ياكى باسماق گۈل نۇسخىلىرى بولىدۇ. غىجىم رومال ئوتتۇرىسىغا ھەر خىل ئۇششاق تۇشۇكلۈك كۆپتۈرمە گۈل نۇسخا چىقىرىلغان بولۇپ تۆت گىرۋىكى چۇچۇلۇق كېلىدۇ. تىۋىت شالنىڭ رەڭگى ھەر خىل بولۇپ، ئاساسەن سىيدام كېلىدۇ. شايى ياغلىق، رەڭدار پەرەڭ ياغلىقنى ياش ئاياللار، ئاق شايى ياغلىق، ئاق داكا ياغلىقنى ئاساسەن ياشانغانلار سالىدۇ. غىجىم رومال قىزلارنىڭ مۇھىم تويلۇق باش كىيىمى. قىزلار توي

كۆنى بېشىغا غىجىم رومال سالىدۇ. ياش قىزلار ئادەتتە بېشىغا رومال سالماي دوپپا كىيىپ يۈرىدۇ. ياتلىق بولغان ياش ۋە ئوتتۇرا، ھەتتا يېشى توختىغان ئاياللارمۇ غىجىم رومال سالىدۇ.

② لېچەك: ئاساسەن ئاق بۆز ياكى خەسىدىن تىكىلىدۇ. ياشانغان ئاياللار ئاساسلىقى بېشىغا لېچەك سالىدۇ.

③ چۈمبەل: ئاساسەن شالاڭ توقۇلغان بۆز ياكى داكىدىن تىكىلىدۇ. رەڭگى قارامتۇل، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 60 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 40 سانتىمېتىر بولۇپ، يۈزگە ئارتىلىدۇ. چۈمبەل قارا يىپتا ئۇششاق تۆشۈكلۈك قىلىپمۇ توقۇلىدۇ. يۈزگە تارتقاندا باش تەرىپى دوپپىغا ئىلىپ قويۇلىدۇ.

④ پەرەنجە (ئاخپىجەمۇ دېيىلىدۇ): ئەمەلىيەتتە يەڭسىز يالاڭ ئۇزۇن چاپان بولۇپ، ياتلىق بولغان ئاياللار تالا-تۈزگە چىققاندا بېشىغا ئارتىپ يۈزىگە چۈمبەل ئارتىپ چىقىدۇ. پەرەنجە ئارتىش ئەسلى ئۆزبېك ئاياللىرى ئىچىدە ئومۇملاشقان ئادەت بولۇپ، كېيىن ئۇيغۇرلار ئىچىگىمۇ تارقالغان.

ئاياللار بېشىغا ياغلىق سالغاندا، ياغلىق ئۈستىگە دوپپا كىيىدۇ ياكى دوپپا ئۈستىگە سالىدۇ ياكى بىۋاستە باشقا ئارتىدۇ. ئاياللارنىڭ بېشىغا ياغلىق سېلىش ھېيىزى سەھەت ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئادەت بولۇپ، ئاياللار يۈزىنى ئەتمەيتتى. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئاياللارنىڭ يۈز ئېتىشى تەدرىجىي ئادەت تۈسىنى ئالغان. چۈنكى ئىسلام دىنىدا ئاياللار يات ئەر كىشىگە كۆرۈنسە «نامەھرەم» دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ياغلىق سېلىشى ئىسلام دىنىنىڭ بۇ قائىدىسىگە ماس كەلگەچكە، ئۇيغۇر فېئودال دىنى ئىمتىياز ئىگىلىرى ئۇنى ئۆز ئېھتىياجىغا بويسۇندۇرۇش يۈزىسىدىن ئاياللارنى ياغلىقتا يۈزىنى ئېتىشنى كۈچلۈك تەرغىب قىلغان، ھەتتا يۈزىنى ئەتمەي تالا-تۈزگە چىققان ئاياللارنى دەرلەشتەك

زورلۇق ۋاستىلىرىنىمۇ ئىشقا سالغان. بۇنىڭ بىلەن ئاياللاردا يۈزنى ئېتىش تەدرىجىي مىللىي ئادەت تۈسىنى ئالغان، چۈمبەل تارتىش، پەرجە ئارتىشمۇ شۇ ئاساستا مەيدانغا كەلگەن. ئەمما بۇ ئادەت قەشقەردەك ئىسلام تەقۋادارلىرى كۆپ شەھەر-رايونلاردا بىرقەدەر ئومۇملاشقان. باشقا شەھەرلەردە بولۇپمۇ كەڭ يېزا-قىشلاقلاردا ئانچە ئومۇملاشمىغان.

⑤ قالپاق: ئەرلەر دوپپىدىن باشقا يەنە قالپاق، كۇلامۇ كىيەتتى. قالپاق ئادەتتە ئۈچ خىل بولىدۇ. بىر خىلى ئاق ياكى قارا پاقلان يۇڭىدىن بېسىپ چىقىرىلىدۇ. بۇنىڭ شەكلى هازىرقى شلەپىسىمان ۋە چوڭ چىنىسىمان (تۈۋى يوق) كېلىدۇ. بۇ كۆپىنچە ئەستەرسىز بولىدۇ. يەنە بىر خىلى پاقلان يۇڭىدىن مەخسۇس بېسىلغان كىگىزدىن تىكىلىدۇ. بۇ تاشلىق، تاشسىز، ئەمما ئەستەرلىك كېلىدۇ. شەكلى ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى سوزۇقراق، ئالدى-كەينىدە چېكى بولۇپ، ئىككى يېنى قانات شەكلىدە ئۆستىگە قايرىقلىق كېلىدۇ. بۇ ئاچا قالپاق دېيىلىدۇ. يەنە بىر خىلى تۈماقسىمان بولۇپ، ئايلانما «كۇنلۇك» چىقىرىلىپ «كۇنلۇكى» ئۈستىگە قايرىقلىق كېلىدۇ. بۇ ئىككى خىل قالپاق ئىچىگە پاختا ئېلىپ شىرىپمۇ تىكىلىدۇ.

⑥ كۇلا: كۇلانىڭ شەكلى «۸»غا ئوخشاش ئۇچلۇق بولۇپ، ئاساسەن رەختتىن تىكىلىدۇ. ئادەتتە تاشلىق بىلەن ئەستەر ئارىلىقىغا نېپىز كىگىز ياكى پاختا ئېلىنىدۇ.

كۇلا ئەمەلىيەتتە قالپاقنىڭ قەدىمكى شەكلى. ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى دەۋردە شۇنداق كىگىز قالپاق كىيگەن. لوپنۇر رايونىدىن بۇنىڭدىن 4-3 مىڭ يىل بۇرۇنقى قەبرىلەردىن چىققان جەسەتلەرنىڭ بېشىدىكى كىگىز قالپاق، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان ھەيكەللەرنىڭ باش كىيىم شەكلىنىڭ كۇلاغا ئوخشاشلىقى شۇنى ئىسپاتلايدۇ. ئەمما، بىزنىڭ دەۋرىمىزگە



www.uyghurkitap.com

كەلگەندە، مازار شەيخلىرى، ئايرىم «خىسلەتلىك» ئادەملەر، قەلەندەرلەرنىڭ بېشىدا كۆزگە چېلىقىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باش كىيىم قاتارىدىن چۈشۈپ قالدى. ھازىر يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئەرەنچە، ئايالچە باش كىيىملەر ئىچىدە لېچەك، پەرىجە، چۈمبەل، كىگىز قالپاق، كۇلا، ئاق داكا ياغلىق، ئالتۇن قاداقلىق دوپپا، پۆپۈكلۈك دوپپا، تاجلىق دوپپا قاتارلىقلار ئىستېمالدىن قالدى. ئەمما دوپپا كىيىش يەنىلا داۋاملىشىپ كەلمەكتە، دوپپا تېخىمۇ نەپىسلىشىپ بارماقتا. شۇنىڭدەك ئىچكى-تاشقى سورۇنلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت سىمۋولى بولۇپ قالدى. ئالىي ھۆرمەت ۋە ئىززەت تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدىغان تون كىيدۈرۈش ئەنئەنىسىز ئورنىنى دوپپا كىيدۈرۈش ئالدى. ياشانغان ئاياللاردا ئاق داكا ياغلىق سېلىش ئادىتى يەنىلا مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما ئاق داكا ياغلىق ھازىر ئاياللار ئىچىدە مۇسبەتدارلىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. ھازىر ئاياللاردا بېشىغا ھېلىلە ياغلىق، گەرىس ياغلىق، شارپا چىگىش ئومۇملاشتى.

2) تۇماق: ئۇيغۇرلار قىش پەسلى تۇماق، قولاقچا كىيىدۇ. تۇماق شەكلىگە قاراپ قاسقان تۇماق، سالۋا تۇماق، سەرپۇش، پاپاق دەپ تۆت خىل ئاتىلىدۇ. ئەرەنچە، ئايالچە دەپ پەرىقلىنىدۇ. تۇماق قوي، تۈلكە، قاما، سۆسەر، داۋغان، مولۇن، ئىت، قوندۇز، بولغۇن قاتارلىقلارنىڭ تېرىلىرىدىن تىكىلىدۇ.

① قاسقان تۇماق، سالۋا تۇماق: قاسقان تۇماق شەكلى قاسقانغا ئوخشاپ كەتكەچكە «قاسقان تۇماق» دەپ ئاتالغان. سالۋا تۇماق موي ئۇزۇن پاقلان ياكى چوڭ قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن بولۇپ، موي سالۋاراپ تۇرغاچقا «سالۋا تۇماق» دەپ ئاتالغان. سالۋا تۇماق باشقا تۇماقلاردىن شۇ ئالاھىدىلىكى ۋە تاشىسىز تىكىلگەنلىكى بىلەن پەرقلىنىدۇ. قوي تېرىسىدىن

www.uyghurkitap.com

تىكىلگەن قاسقان تۇماقتا پۈتۈنلەي قارا كۆرپىدىن تاشلىق، ئەستەرلىك قىلىنىدۇ. تاشلىق ئادەتتە سىدام قارا رەخت ياكى مەخمەل، دۇخاۋدىن، شۇنىڭدەك سىدام بېغىر رەڭ، نىل رەڭ رەختلەردىن قىلىنىدۇ. ئەستەرلىك ئاساسەن ئاق كۆرپىدىن ياكى كىر كۆتۈرۈشلۈك يىپ رەختلەردىن قىلىنىدۇ. ئەگەر رەختتىن ئەستەرلىك قىلىنسا، تاش بىلەن ئەستەر ئارىلىقىغا پاختا ئېلىپ شىرىلىدۇ. كۆرپىدىن باشقا تېرىلەردىن تىكىلگەن تۇماقلارنىڭ ھەممىسى تاشلىق، ئەستەرلىك كېلىدۇ.

② سەرپۈش تۇماق: سەرپۈشنىڭ شەكلى ئاساسەن قاسقان تۇماققا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما، تۆپىلىكى تۇخۇمسىمان، تىكرەك، گىرۋىكىگە تۇتۇلغان كۆرپىسى (قامىسى) سەل ئىنچىكىرەك كېلىدۇ. ئىچىگە كۆرپىدىن ئەستەرلىك قىلىنىدۇ. تېشى سىدام قارا رەخت ياكى سىدام قارا مەخمەل ياكى قارا دۇخاۋدىن تاشلىنىدۇ. چوڭلار نامازغا چىققاندا (قىش كۈنلىرى) سەللىنى ئۈستىگە يۆگەيدۇ.

③ قۇلاقچا: بۇ ئاساسلىقى قۇلاقنى سوغۇقتىن مۇھاپىزەت قىلىدىغانلىقىغا قاراپ «قۇلاقچا» دەپ ئاتالغان. قۇلاقچا ئىككى خىل بولۇپ، بىرىنچى خىلى، قۇلاقچا چۆشۈرۈلگەندە ئىككە، قايرىقلىق تۆرغاندا تۆپىلىكىنىڭ مەركىزىگە تەڭلىشىدۇ. پاتاڭلىقى ئويماسىمان، تۆپىلىكى تۈز كېلىدۇ. ھازىر پاتاڭلىقى تۇتاش قىلىنىدىغان بولدى. ئىككىنچى خىلى، كالتا، كەڭلىكى پاتاڭلىق بىلەن تۇتاش بولۇپ، چۈشۈرۈلگەندە قۇلاققا، قايرىقلىق تۆرغاندا پېشانىلىك بىلەن تەڭلىشىدۇ. قۇلاقچا تولاراق قارا كۆرپىدىن تىكىلىدۇ. شۇنىڭدەك سۆسەر، قاما، بولغۇن، قۇندۇز، تۈلكە، مولۇن، قارا ئوغلاق تېرىلىرىدىنمۇ تىكىلىدۇ. تاشلىقى قارا مەخمەل ياكى قارا دۇخاۋا ۋە خوما رەڭ قىرىم (خۇرۇم) دىن، ئەستىرى رەختتىن قىلىنىدۇ.

④ پاپاق: پاپاق «∧» شەكلىدە بولۇپ پۈتۈنلەي قارا

كۆرپىدە تىكىلىدۇ. ئىچىگە كۆرپە ياكى رەختتىن ئەستەرلىك قىلىنىدۇ. پاپاقنىڭ شەكلىنىڭ تاغقا ئوخشاپ كېتىشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئەجدادلىرىمىز تەبىئەت شەيئىلىرى قاتارىدا تاغنىمۇ ئۇلۇغلايتتى. شۇڭا پاپاقنى تاغقا سىمۋول قىلغان بولۇشلىرى مۇمكىن. پاپاقنىڭ ئەسلى شەكلى ھازىر يېڭىسار ئۇيغۇرلىرىدا ساقلانماقتا.

بۇرۇن مەيلى ئەرەنچە ياكى ئايالچە بولسۇن قاما، كەمجەت، سۇسەر، قۇندۇز، بولغۇن تېرىلىرىدىن تىكىلگەن تۇماق، قۇلاقچىنى ئاساسلىقى ھاللىق ئائىلە ئەزالىرىلا كىيەتتى. مۇنداق تېرىلەردىن تىكىلگەن باش كىيىملەر ھېلىھەم ئالىي تاۋارلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ھازىر سۈنئىي قاما (مېتىس قوي تېرىسىدىن ئىشلەنگەن) سۈنئىي توقۇلما ۋە سۇ چاشقىنى تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇماق، قۇلاقچا، سەرپۇش ئومۇملاشماقتا.

3) باللار باش كىيىمى: باللار باش كىيىمى «پوسما» دەپ ئاتىلىدۇ. مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن تۇغۇلۇپ قىرقى توشقاندىن كېيىن تا ئايىغى چىققۇچىلىك پوسما كىيدۈرۈلىدۇ. بوۋاق مەزگىلىدە كىيدۈرۈلىدىغان پوسما شايە، تاۋارغا ئوخشاش يۇمشاق رەختلەردىن تىكىلىدۇ. بوۋاقلىق باسقۇچىدىن كېيىن ئادەتتىكى رەختلەردىن قىلىنىدۇ. پوسمىنىڭ شەكلى يۇملاق پۇرمىلىك كېلىدۇ. قىش كۈنلىرى پاختىلىق قىلىپ تىكىلىدۇ. لېچەك شەكلىدىمۇ تىكىلىدۇ. ئوغۇللار 3-4 ياشتىن كېيىن ئەرەنچە دوپپا، تۇماق ياكى قۇلاقچا كىيىشكە باشلايدۇ. قىزلار كېيىن ئايالچە دوپپا، تۇماق كىيىشكە باشلايدۇ.

4) ئۈست كىيىم: ئۇيغۇرلاردا ئۈست كىيىم «چاپان-ئىشتان» دەپ ئاتىلىدۇ. چاپان ئۈست كىيىمنىڭ ئومۇم ئاتىلىشى بولۇپ، شەكلىگە قاراپ يەنە خاس نامدا ئاتىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇزۇن چاپان، كالتا چاپان، پەسىلگە قاراپ يازلىق،

www.uyghurkitap.com

قىشلىق چاپان، جىنس پەرقىگە قاراپ ئەرەنچە، ئاياللچە چاپان دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

1) ئەرەنچە چاپان: ئەرەنچە چاپان شەكلىگە قاراپ يەكتەك، تون، پەشمەت، نىمچا دەپ ئاتىلىدۇ.

① يەكتەك: شەكلى هىلال ئاي شەكلىدە ئويما ياقىلىق بولۇپ، ياقا ئىككى تەرەپتىن مەيدىگە تەڭلىشىدۇ. ئىككى پەش ئاساسەن بىر-بىرىگە ھىملىشىپ تۇرىدۇ، ئۇزۇنلۇقى تىزدىن ئاشىدۇ. ئەستەرسىز، يانچۇقسىز بولۇپ، پەش قىسمى كەڭرەك، يەڭ ئۇزۇنلۇقى قول بېغىشىغا تەڭلىشىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا سول پەشىنىڭ ئىچىگە خالتا يانچۇق قىلىنىدىغان بولغان. تۈگمە ئورنىدا بەلۋاغ باغلىنىدۇ. يەكتەك بوز، ئاق ياكى ناۋات رەڭ خەسىدىن تىكىلىدۇ. يەكتەكنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ھەم چاپان، ھەم كۆڭلەك ئورنىدا كىيىلىدۇ.

② تون: تونىنىڭ قەدىمكى شەكلىنىڭ قانداقلىقى بىزگە نامەلۇم. تونىنىڭ ياقا ۋە پېشىنىڭ شەكلىگە قارىغاندا ئۇنىڭ ئەسلى شەكلىنى ئاساسەن يەكتەككە ئوخشاش دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما تون ئەستەرلىك، ياقىسىغا قات قويۇپ شىرىلغان، پەشكە پەۋاز ئىلىنغان. ئىچكى يانچۇقلۇق، ئويما يەڭ كېلىدۇ. مەخسۇس سىماۋى يوللۇق نىل رەڭ بەقەسەمدىن تىكىلىدۇ. بەلۋاغ ئورنىدا تۆت بۇرجىكىگە گۈل ئىشلەنگەن ياغلىق چېگىلىدۇ.

③ چەكمەن: چەكمەننىڭ شەكلىمۇ يەكتەككە ئوخشاش. پەرقى ئەستەرلىك، ئويما يەڭ كېلىدۇ. چەكمەن ئەسلى «چەكمەن چاپان» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، كېيىنچە «چاپان» سۆزى تەدرىجىي چۈشۈپ قېلىپ، تىكىلگەن رەخت نامىدا «چەكمەن» دەپ ئاتىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ بۇرۇن ئاساسلىق قول سانائەت مەھسۇلاتى-پاختىدىن توقۇلغان چەكمەندىن تىكىلەتتى. «ئاتۇشۇڭغا بارغۇنچە، چەكمەننى

سايەتتىم، سايىسىدا ئۈزۈم ياتىپ، سەن يارىمنى يادەتتىم» دېگەن قوشاقتا ئاساسەن شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

④ پەشمەت: پەشمەتنىڭ شەكلى يەكتەك، تونغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ، ياقىسى تىك ئويما، ئايرىم ياقىلىق ئورنىتىلغان بولۇپ، ئويما يەڭ كېلىدۇ. ئىككى پەش مۈرە بىلەن ياقىغا تۇتاش بولۇپ، ئوڭ پەش 5ـ6 سانتىمېتىر كەڭ، پەتلىلىك بولۇپ، سول پەشنى بېسىپ تۇرىدۇ. ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە يەڭ تىزغا تەگلىشىدۇ. يەڭ ئۇزۇنلۇقى قول بېغىشنى بېسىپ كېلىدۇ. تۈگمىلىك، ئۈچ يانچۇقلۇق بولۇپ، تۈگمە سول پەشتە، تۆشۈكى ئوڭ پەش پەتلە ئىچىدە بولىدۇ. ئىككى يانچۇق ئىككى پەشكە، بىر يانچۇق سول مەيدىگە قويۇلىدۇ. پەشمەتمۇ ئۇزۇن پەشمەت، كالتە پەشمەت، شۇنىڭدەك يالاڭ پەشمەت، ئەستەرلىك پەشمەت دەپ ئىككى خىل ئاتىلىدۇ. كالتە پەشمەت ئادەتتە ساغرىنى بېسىپ كېلىدۇ.

⑤ پەلتۇ: پەلتۇنىڭمۇ ئەسلى شەكلىنىڭ قانداقلىقى بىزگە نامەلۇم، ئەمما پەلتونىڭ «دىۋان» دا «بەرتۇ» دەپ ئاتالغانلىقى، پەلتۇنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ كىيىم تۇرىنىڭ بىر خىلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

⑥ ئىمچا: ئىمچىنىڭ شەكلى يەكتەك، تون چەكمەن شەكلىگە ئوخشاش بولۇپ، بىر پەرقى يانچۇقسىز، ئىككى پەشنىڭ ئىككى يان ئېتىكىدە تەخمىنەن 25 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا چېكى بولىدۇ. كۆپىنچە سىدام كۆك، بېغىر رەڭ، نىل رەڭ بەقەسەمدە پاختىلىق تىكىلىدۇ. ئىمچا كىيىش ھازىر ئاساسىي جەھەتتىن ئادەتتىن قالدى.

2) ئايالچە چاپان: ئايالچە چاپان ئاساسىي جەھەتتىن ئىمچىغا ئوخشاپ كېتىسىمۇ ياقا شەكلىنىڭ، بوي ۋە ئىككى ياندىكى چېكىنىڭ ئوخشىماسلىقى، يېڭىنىڭ ئىخچاملىقى بىلەن ئىمچىدىن پەرقلىنىدۇ؛ ياقىسى كۆكرەك ئۈستىدىنلا

www.uyghurkitap.com

ھىملىشىدۇ. ئۇزۇنلۇقى ھوشۇقنىڭ ئۇستىگە تەگلىشىدۇ. چىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 35 سانتىمېتىر، يانچۇقسىز، تۈگمىسىز كېلىدۇ. تۈگمە ئورنىدا بوقۇش ياكى ئىزما قىلىنىپ، ئىككى پەش شۇنىڭ بىلەن ئېتىلىدۇ. ئايالچە چاپان، سىدام، رەڭدار رەختلەردىن ئاددىي ۋە بېزەكلىك قىلىپ تىكىلىدۇ. بېزەكلىكلىرى ياقىسىدىن تا ئېتەككە قەدەر ۋە يەڭ ئۇچىغا ئاددىي، مۇرەككەپ بېزەكلىك زەي تۇتۇلىدۇ. ئاددىي بېزەكلىك زەي ئادەتتىكى رەختلەردىن ئويۇپ-قىيىپ قىلىنسا، مۇرەككەپ بېزەكلىك زەي رەڭدار مەشۇت يىپ ياكى كالۋۇتۇندىن قىلىنىدۇ. مۇنداق چاپان كۆپىنچە ھاللاردا چەكمەن شايە، تاۋار-دۇردۇن، كىمخاپ، تەتۈللا قاتارلىق نەپىس رەختلەردىن تىكىلىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئىككى پەشىنىڭ قول ئۇچى تەگلىشىدىغان جايىغا رەڭدار رەختلەردىن ئويۇپ قىيىلغان ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى قوندۇرۇلىدۇ. بۇنداق چاپاننى كۆپىنچە ھاللاردا ھاللىق ئائىلە ئاياللىرى كىيىدۇ.

ئايالچە چاپاننىڭ يەنە بىر خىلى بولۇپ، ئۇ نىمچا شەكىللىك چاپاندىن ياقىسىنىڭ ئويما كېلىشى ۋە بۆرەكسىمان ياقا تۇتۇلۇشى بىلەن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ «بۆرەك ياقىلىق چاپان» دەپ ئاتالغان.

ئايالچە پەشمەت يانچۇقسىز ياكى ئىككى يانچۇقلۇق كېلىشى بىلەن ئەرەنچە پەشمەتتىن پەرقلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىر خىل ئۇست كىيىم بولۇپ، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «جىلىتكە» دەپ ئاتىلىدۇ، جىلىتكە ئادەتتە كۆڭلەك ئۇستىگە چاپان (كاستۇم) ئىچىگە كىيىلىدۇ. شەكلى ئويما ياقىلىق ۋە تون ياقىلىق ئىككى خىل كېلىدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكىسى بولسۇن ئەستەرلىك، يەڭسىز، ئۈچ يانچۇقلۇق كېلىدۇ. بۇ ئاساسەن كەچ-كۈز، ئەتىياز پەسىللىرى كىيىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى ئادەم ساغرىسىغا تەگلىشىدۇ. تون

ياقىلىقىنىڭ ئالدى ئىككى پىشىنىڭ ئۇچى كىرتمەك، ئارقا بويى ئېتىكى ئاچىماق شەكىلدە، ئويما ياقىلىقى تۈزلا كېلىدۇ. جىلىتكە پاختىلىق ھەم كۆرپىدىنمۇ تىكىلىدۇ. بۇ ئادەتتە «قىشلىق جىلىتكە» دەپ ئاتىلىدۇ. شەكلى ئويما ياقىلىق، تۈز پەشلىك كېلىدۇ.

ئىشتان: ئىشتان يالاڭ، ئەستەرلىك، پاختىلىق كېلىدۇ. شۇنىڭدەك قوي، ئىت تېرىلىرىدىنمۇ تىكىلىدۇ. بۇ ئاساسەن پۇت ئاغرىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كىيىلىدۇ. ئىشتان بۇرۇن چاتما ئاغلىق تىكىلىدىغان، كېيىنچە ئاغ سېلىپ تىكىلىدىغان ۋە ئۈستىگە لېپەز تۇتۇلۇپ، ئىشتانباغ ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغان. ئىشتانباغ يىپتا توقۇلىدۇ، ئىككى ئۇچى چۇچىلىق ياكى پۇپۇكلۇك كېلىدۇ، ئىشتانمۇ ئەرەنچە، ئايالچە ئىككى خىل كېلىدۇ. ئەرەنچە ئىشتان ئاياللچە ئىشتاندىن سەل كالتىراق، پۇشقىقى تارراق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ھوشۇق ئۈستىگە تەڭلىشىدۇ. ئاياللچە ئىشتاننىڭ پۇشقىقى كەڭرەك بولۇپ، ھوشۇق بىلەن تەڭلىشىدۇ. يەنە بىر پەرقى ئاياللچە ئىشتاننىڭ ئىشتانبېغى كۆپىنچە ئوڭ سۆڭگىچىدە، ئەرلەرنىڭ ئوددۇلىدا بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئەرەنچە، ئاياللچە ئەستەرلىك، جۇملىدىن پاختىلىق ئىشتاننىڭ ئوڭ سۆڭگەچ بىلەن يېرىق ئوتتۇرىسىغا توغرىلاپ يانچۇق ئېچىلىدۇ.

ھازىر ياشانغان ئەر، ئاياللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقىلار مۇنداق ئىشتان كىيمەيدىغان بولدى. ئۇنداق ئىشتاننىڭ ئورنىنى ئالدىدىن تۈگمىلىنىدىغان، بەلدىن تاسما ئارقىلىق باغلىنىدىغان تۈز پۇشقاقلىق، تار پۇشقاقلىق، كەڭ پۇشقاقلىق ئىشتان، ئاياللار بويىچە ياندىن تۈگمىلىنىدىغان تۈز پۇشقاقلىق ئىشتان ئالدى.

5) ئىچكى كىيىم: ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى كىيىمى كۆڭلەك بولۇپ، ياز كۈنلىرى ئاساسەن كۆڭلەك كىيىدۇ. كۆڭلەكمۇ

ئەرەنچە، ئاپالچە ئىككى خىل بولىدۇ.

1) ئەرەنچە كۆڭلەك: ئەرەنچە كۆڭلەك ئويما ياقىلىق خالتا كۆڭلەك، يەكتەك كۆڭلەك، مەيدە ياقىلىق ۋە تۆش ياقىلىق خالتا كۆڭلەك، يان ئىزمىلىق كۆڭلەك دېگەندەك بىر نەچچە خىل كېلىدۇ. بۇ كۆڭلەكلەرنىڭ ھەممىسى يەڭلىك، كەڭ ئېتەكلىك بولۇپ، بوي ئۇزۇنلۇقى تىزغا، يەڭ ئۇزۇنلۇقى قول بېغىشىغا تەڭلىشىدۇ. ئويما ياقىلىق خالتا كۆڭلەكنىڭ ياقىسى بويۇنغا تەڭلەشتۈرۈپ ئويۇلغان بولۇپ، ئىككى ياكى بىر مۆرىسى يېرىق كېلىدۇ. يېرىق بوغقۇش بىلەن ئېتىلىدۇ.

① يەكتەك كۆڭلەك: بۇ يەكتەك ياقىسىدەك بولۇپ، ئالدى ئوچۇق كېلىدۇ. مەيدە ياقىلىق خالتا كۆڭلەك، ياقىسى بويۇنغا تەڭلەشتۈرۈپ ئويۇلۇش بىلەن مەيدىگىچە يېرىق كېلىدۇ. بويۇننىڭ سول تەرىپىدىن مەيدىگىچە 7-8 سانتىمېتىر كەڭلىكتە ياقىلىق تۇتىلىدۇ. تۆش ياقىلىق خالتا كۆڭلەك، ياقىسىنىڭ مەيدە قىسمىنىڭ ئوڭ تەرىپى كۋادرات شەكلىدە كەڭ بولۇپ، سول مۆرە تەرىپىنى بېسىپ تۇرىدۇ، تۈگمە بىلەن ئېتىلىدۇ.

② يان ئىزمىلىق كۆڭلەك: بۇ ئالدى ئوچۇق، ئەمما سول پېشى كەڭ، ئوڭ تەرەپ پەشسىز بولۇپ، قولتۇق ئاستىدىن بوقۇش بىلەن ئېتىلىدۇ. ياقىسى قىيپاش ئويما شەكلىدە كېلىدۇ. بۇ ئاساسىي جەھەتتىن بوۋاقلارنىڭ يان ئىزمىلىق كۆڭلىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ كۆڭلەكلەر ئىچىدە ئويما ياقىلىق خالتا كۆڭلەكنىڭ بوۋاقلار، ئۆسمۈرلەرگىمۇ كىيدۈرۈلۈشىدىن ئۇنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى كۆڭلەك شەكىللىرىدىن دەپ قاراشقا بولىدۇ. تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار كۆڭلەكنى «چامچا» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇن يان ئىزمىلىق كۆڭلەكنى «چامچا» دەپ ئاتىغانلىقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. كېيىنچە قايرىما تىل ياقىلىق (مەيدىگىچە)، مەيدە

يانچۇقلۇق، ئالدى ئوچۇق ئۈزۈن ۋە كالتە يەڭلىك؛ پەلتۇ ياقىلىق ۋە كەڭ قايرىما ياقىلىق (مەيدىگىچە)، ياقىسى، يەڭ ئۇچى، ياقا ياناپ مەيدىسىگە كەشتە قىلىنغان كۆڭلەك كىيىشمۇ ئومۇملاشتى.

2) ئايالچە كۆڭلەك: ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرەنچە، ئايالچە كىيىم پەرقى مەركەزلىك ھالدا كۆڭلەكتە ئالاھىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئايالچە كۆڭلەكنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ئۈزۈن ۋە كەڭ ئېتەكلىك كېلىشىدە گەۋدىلىنىدۇ.

ئايالچە كۆڭلەكمۇ تون ياقىلىق كۆڭلەك، ئويما ياقىلىق خالتا كۆڭلەك، مەيدە ياقىلىق تۈز ۋە پۈرمە كۆڭلەك دېگەندەك بىر نەچچە خىل كېلىدۇ. بۇ كۆڭلەكلەرنىڭ ياقا شەكلى ھەر خىل بولسىمۇ ھەممىسى بىردەك ئېتىكى كەڭ، ئۈزۈن بولۇپ، ئۈزۈنلۈقى ھوشۇق ئۈستىگە تەگىشىدۇ. بۇ كۆڭلەكلەر ئىچىدە تون ياقىلىق كۆڭلەك شەكلى ئاللىبۇرۇنلا يوقالغان. تون ياقىلىق كۆڭلەك كىيىنكى دەۋرلەردە يەنە بىر مۇددەت ئومۇملاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ياقا شەكلىنىڭ تون ياقىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەسلى تونچە كۆڭلەكتىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. پەرقى: ياقىسى كۆكرەك ئۈستىگە تەگلىشىدۇ. ئۈزۈنلۈقى تىزنى بېسىپ كېلىدۇ. مەيدىنىڭ ئاستى قىسمىغا كىچىك ئىككى يانچۇق ئېچىلغان بولىدۇ (يانچۇقسىزمۇ كېلىدۇ). بۇنىڭ يەنە بىر خىلى بولۇپ، ئۇ بىرىنچى خىلدىكىسىدىن ئىككى پەشلىك كېلىشى بىلەن پەرقلىنىدۇ. پەش تۈگمە بىلەن ئېتىلىدۇ. شۇنىڭدەك كالتە يەڭ، پەلتو ياقىلىق، قايرىما تىل ياقىلىقمۇ كېلىدۇ.

ئويما ياقىلىق خالتا كۆڭلەك بىلەن مەيدە ياقىلىق تۈز كۆڭلەك شۇ شەكلىدىكى ئەرەنچە كۆڭلەككە ئاساسەن ئوخشاش. پەرقى: ئۈزۈن، ئېتىكى كەڭ كېلىدۇ. ئويما ياقىلىق خالتا كۆڭلەك ئالدىچە، كەينىچە كېيىلىۋېرىدۇ. مەيدە ياقىلىق تۈز

كۆڭلەك سەل كالتە، كەڭلىكى نورمال كېلىدۇ. مەيدە ياقىلىق تۈز كۆڭلەك دەپ ئاتىلىشى ئۇنىڭ تىكىلىش شەكلىدىكى پەرقكە نىسبەتلەشتۈرۈپ ئېيتىلغان.

پۈرمە كۆڭلەك. كۆكرەك پۈرمە، بەل پۈرمە دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. كۆكرەك پۈرمە كۆڭلەكنىڭ كۆكرەك قىسمى ئايرىم كېسىلىپ ئالدى بوي بىلەن پۈرمە قىلىپ تىكىلىدۇ. بەل پۈرمە كۆڭلەكنىڭ ئالدى قىسمىمۇ بەل بىلەن تەڭلىكتە كېسىلىپ ئېتەك قىسمى بىلەن پۈرمە قىلىپ تىكىلىدۇ. بەل پۈرمە كۆڭلەكنىڭ ئېتەك قىسمىنىڭ ئالدى-كەينىگە رەڭدار مەشۇت يىپتا ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى كەشتىلىنىپ تىكىلگەن تۈرىمۇ بولۇپ، ناھايىتى كۆركەم كېلىدۇ.

ياشانغان ئاياللار كۆپىنچە مەيدە ياقىلىق تۈز كۆڭلەك، قىزلار، جۇۋان-چوكانلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار كۆكرەك پۈرمە، بەل پۈرمە كۆڭلەك كىيىدۇ. مۇنداق كۆڭلەك شەكلى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇرۇن ئايالچە كۆڭلەك بۆز، شاتىۋا، شايى-ئەتلەس قاتارلىق قول سانائەت توقۇلمىلىرىدىن تىكىلەتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەر خىل گۈللۈك چىت، رەڭدار چىبەرقۇت قاتارلىق پاختا توقۇلمىلار، تاۋار-دۇردۇن، دۇخاۋا گىرىپ، شىپون، شىپون دۇخاۋا، پەلىدىن قاتارلىق نەپىس يىپەك رەخت ۋە يۇڭ رەختلەردىن تىكىلگەن كۆڭلەك كىيىش ئومۇملاشتى. مۇنداق توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن كۆڭلەكلەردە ئاساسەن يەنىلا كۆكرەك، مەيدە پۈرمە شەكلى ساقلىنىپ كەلمەكتە. مۇندىن باشقا ياقا، يەڭ ئۇچى، ئالدى بويىنىڭ كۆكرەك قىسمى، ئېتەك ئۈستىگە كەشتە قىلىنغان پەلىدىن ۋە يۇڭ كۆڭلەك كىيىشمۇ ئومۇملاشتى.

6) باللار كىيىمى: ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى باللار كىيىمىدىن ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى ئىشتانپايپاق. بالا تۇغۇلۇپ ئالتە ئايلىق بولغاندىن باشلاپ تا ئايىغى چىقىپ

ئىككى-ئۈچ ياش بولغۇچىلىك ئاساسەن ئىشتانپايپاق كىيدۈرۈلىدۇ. ئىشتانپايپاق شەكلىگە قاراپ ئاسما، يارما ئىشتانپايپاق دەپ ئىككى خىل كېلىدۇ. ئاسما ئىشتانپايپاق ئېغىنىڭ ئاچىماق كېلىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئالدى، ئارقا بويى پۈتۈنلەي قەدەر پۈتەي، ئىككى مۈرىسى يېرىق، ياقىسى ئويما، پۈتلۈقىمۇ پايپاقتەك پۈتەي كېلىدۇ، مۈرىدىن ئىزمىلىنىدۇ. شۇڭا «ئىشتانپايپاق» دەپ ئاتالغان. مۈرىدىن ئىزمىلىنىپ ئېسىقلىق تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن «ئاسما ئىشتانپايپاق» دەپ ئاتالغان. يارما ئىشتانپايپاق يەڭلىك، ياقىسى ئويما، ئالدى دۈۋسۈنغا قەدەر ئوچۇق كېلىدۇ. ئىزما ياكى تۈگمە بىلەن ئېتىلىدۇ. شۇڭا «يارما ئىشتانپايپاق» دەپ ئاتالغان. ئىشتانپايپاق پەسلىگە قاراپ يالاڭ، ئەستەرلىك، پاختىلىق تىكىلىدۇ. باللار ئۈچ ياشتىن كېيىن يەنە بىر مۇددەت ئىشتانپايپاق كىيىدۇ. ئەمما ئېغىنىڭ ئاچىلىقى قىسقا، ھەم، پۈتلۈقى پايپاقسىز، ئالدى پۈتەي كېلىدۇ. ئادەتتە ئۈستىگە چاپان كىيدۈرىدۇ. ئوغۇللارنىڭ ئىشتانپايپىقى سىدام رەختلەردىن، قىزلارنىڭ رەڭدار، گۈللۈك رەختلەردىن تىكىلىدۇ. قىزلار ئىشتانپايپىقىنىڭ يۈزى، سوكى، تىزى، مەيدە ۋە كۆكرەك قىسمىغا، يەڭ ئۇچىغا رەڭدار مەشۇت يىپتىن ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى چېكىلىدۇ.

7) قىشلىق كىيىم: ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى دەۋرلەردە تېرە جۇۋا، تېرە ئىشتان كېيەتتى. كېيىنكى دەۋرلەردە پاختىلىق چاپان (بۇرۇن پاختا ئورنىغا يۇڭ سېلىناتتى)، پاختىلىق ئىشتانمۇ كىيىدىغان بولدى. جۇۋا ھازىرمۇ بىزنىڭ مۇھىم قىشلىق كىيىملىرىمىزدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جۇۋا: جۇۋا ئۆك جۇۋا، تاشلىق جۇۋا دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ئۆك جۇۋا كۇرۇك جۇۋا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۆك جۇۋا ئاساسەن تون ياقىلىق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئوشۇق ئۈستىگە

نەڭلىشىدۇ. ياقىسىدىن تا ئالدى، ئارقا پەشىنى چۈرۈلدۈرۈپ قارا رەخت ياكى مويى پەس تېرىدىن زەي تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭدەك شۇ زەيىنى بويلاپ تېرە ئۇستىگە مەخسۇس سايمان بىلەن گۈل نۇسخىلىرى چىقىرىلىدۇ. ئىككى پەش بەلباغ بىلەن ئېتىلىدۇ. بۇنداق جۇۋا ئوغۇل-قىز پەرقلەندۈرۈلمەي باللارغىمۇ كىيدۈرۈلىدۇ. ئەمما ئۇزۇنلۇقى تىزنى بېسىپ كېلىدۇ. ئۆڭ جۇۋا بىردەك يانچۇقسىز بولۇپ، چوڭ قوي ياكى توقلا تېرىسىدىن تىكىلىدۇ.

تاشلىق جۇۋا: تون ياقىلىق، ئويما ياقىلىق ئىككى خىل بولىدۇ. تون ياقىلىق جۇۋا ئاساسەن مويى ئۇزۇن پاقلان تېرىسىدىن تىكىلىدۇ. شۇنىڭدەك تۈلكە، بۆرە، مولۇن ۋە ئىت تېرىلىرىدىنمۇ تىكىلىدۇ. تون ياقىلىق جۇۋىغا مويى پەس پاقلان تېرىسى، كۆرپە ۋە تۈلكە، قاما تېرىسىدىن قايرىما ياقىلىقمۇ تۇتىلىدۇ. تاشلىقى چىبەرقۇت، تېرىكە، سارجا قاتارلىق رەختلەردىن قىلىنىپ ئىككى يانچۇق ئېچىلىدۇ.

ئويما ياقىلىق جۇۋىنىڭ ياقا شەكلى پەشمەت چاپاننىڭ ياقىسىغا ئوخشاش. شۇڭا پەشمەت جۇۋا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاساسەن مويى پەس پاقلان تېرىسى، كۆرپە، ئىت تېرىسىدىن تىكىلىدۇ. پەشمەت جۇۋا ئۇزۇن، كالتا ئىككى خىل بولىدۇ. كالتا پەشمەت جۇۋىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتىكى پەشمەت چاپانغا ئوخشاش كېلىدۇ.

هازىر تون ياقىلىق جۇۋا ئورنىنى پەلتو ياقىلىق، تاشلىق جۇۋا ئالدى. پەلتو ياقىلىق جۇۋىنىڭ ياقىلىقىغا كۆرپە، سۇنئىي كۆرپە، توقۇلما، سۇنئىي قاما تۇتۇش ئومۇملاشتى.

ئايالچە جۇۋا، ئەرەنچە جۇۋىدىن تاشلىق كېلىشى، ئاساسەن كۆرپە ۋەمىيانە ياكى چۇچۇلا[1] دىن تىكىلىشى بىلەن پەرقلىنىدۇ.

---

[1] «مىيانە» كۆرپىنىڭ مويى ئۇزۇن كەلگەن بىر خىلى، «چۇچۇلا» پاقلان تېرىسىدىن مويى پەس كەلگەن خىلى.

تون ياقىلىقىغا كۆرپە، قامىدىن ياقىلىق تۇتىلىدۇ، ئەمما تارراق كېلىدۇ. تون ياقىلىق جۇۋىغا قارىغاندا پەشمەت جۇۋا كىيىش ئومۇملاشقان.

ئايالچە جۇۋا ئادەتتە قارا، چەش رەڭ، بىغىر رەڭ تىبرىكە، مەخمەل، دۇخاۋا، تاۋار-دۇردۇندىن تاشلىنىدۇ. ھازىر كۆرپە، توقۇلما، سۈنئىي قامىدىن ياقىلىق تۇتۇلغان تۈمۈر كۆك، قارا كۆك سارجىدىن تاشلانغان پەلتو ياقىلىق جۇۋا كىيىش ئومۇملاشماقتا.

تېرە ئىشتان قوي تېرىسىدىن تىكىلىدۇ. تېرە ئىشتانمۇ ئۆڭ ۋە تاشلىق ئىككى خىل كېلىدۇ. ئۆڭ تېرە ئىشتاننىڭ ئۇزۇنلۇقى پۇت بېغىشىغا تەڭ بولۇپ، پۇشقىقىغا موي پەس پاقلان تېرىسىدىن زەي تۇتۇلىدۇ. بەللىكى رەخت بىلەن پەۋازلىنىپ ئىشتانباغ بىلەن ئىتىلىدۇ. تاشلىقى ئالدى پۇتەي ۋە ئوچۇق ئىككى خىل بولۇپ يانچۇقلۇق كېلىدۇ. ئالدى ئوچۇق شەكلى تۇگمىلىنىدۇ، بەللىكى تاسما بىلەن ئىتىلىدۇ. ئاياللار پاختىلىق ئىشتان كىيىدۇ، شەكلى يالاڭ ئىشتان شەكلىدە كېلىدۇ. ئىشتان «شالۋۇر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (ئەستەرلىك ئىشتان شۇنداق ئاتىلىدۇ).

8) ئاياغ كىيىم: ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئاياغ كىيىمى ئۆتۈك، چورۇق. ئۆتۈك كىيىش ئادىتى ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئاياغ كىيىمنىڭ يەنە مەسە، چېتىك، كەش، سەندەل، شىۋەك، دەكتۇ، پىيما قاتارلىق تۈرلىرىمۇ بار.

① ئۆتۈك: ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ئۆتۈكنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتى دېيىشكە بولىدۇ. كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى ئودەكلىك قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن (4000 يىل بۇرۇنقى بىر قەبرىدىن) كالا تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك چىققان. دۇنيا

www.uyghurkitap.com

بويىچە تۆت چوڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركىزىدىن ياغاچتىن ياسالغان، چىغىسىمان ئۆسۈملۈك نوتىلىرىدىن توقۇلغان، ئاياغ كىيىم ئەۋرىشكىسىدىن باشقا تا بۈگۈنگە قەدەر باشقا رايونلاردىن ئۆتۈك ئەۋرىشكىسى تېپىلمىدى①.

ئەجدادلىرىمىز كىيگەن ئۆتۈك ھازىرقى ئۆتۈك شەكلىگە قارىغاندا ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ، ئەمما تۈپ شەكلى ئۆزگەرگىنى يوق. مەسىلەن، قەدىمكى شەكلى ئۇزۇن قونچۇلۇق (ئۇزۇنلۇقى تىزدىن ئاشىدۇ)، خۇددى كىگىز پايپاقتا ئوخشاش پاشىنىسىز بولۇپ، ھەممە قىسمى ئەيلەنگەن خام كالا تېرىسىدىن راسلىنىپ قونچى، باشلىقى، تاپانلىقى كىرىش تاسما بىلەن ئىلىپ تىكىلگەن بولسا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا باشلىقى تارراق، تاپانلىقى كەڭ، چۇرۇق شەكلىدە پۈرۈپ يىپتا تىكىلگەن شەكىللىرى؛ يۇمشاق چەملىك، باشلىقى چەمگە تىكىلگەن شىناسىمان تۈز پاشىنىلىق، پەس پاشىنىلىق ئۇچلۇق تۇمشۇقلۇق (تۇمشۇقى ئۈستىگە ئەگمە) شەكىللىرى، شۇنىڭدەك قاتتىق مىخ چەملىك، ئارا، ئىنچىكىرەك ئېگىز پاشىنىلىق، قونچى ۋە سوڭىغا ساغرىدىن (ئېشەك تېرىسىدىن ئىشلەنگەن كۆننىڭ بىر تۈرى) كەشتە قىلىنغان شەكىللىرىمۇ مەيدانغا كەلگەن (يېڭىسازلاردا ئۆتمۈشتىن بېرى تېرىلىپ كېلىۋاتقان بىر پارچە بۇغداي ئېتىزى ئۇسا قىلىنىۋاتقاندا بىر جاي كۆمۈرۈلۈپ ھالاك بولۇپ قالغان. بۇ ئەسلى بىر قەدىمكى قەبرە بولۇپ، ئۇنىڭدىن مۇشۇ خىلدىكى ئۆتۈك ۋە باشقا نەرسىلەر چىققان. قەبرە ئورنى سۇدا ۋەيران بولغانلىقى ئۈچۈن يىل دەۋرىنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىغان. ھازىر بۇ ئۆتۈكنىڭ بىر پېيى ئىنىستىتۇتىمىزدا ساقلانماقتا).

① ۋاڭ بىڭخۇا: «كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ تېپىلىشى ۋە دەسلەپكى تەتقىقات» (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى)، خەنزۇچە، 1983-يىل 3-سان، 119-بەتكە قاراڭ.

بۇ ئۆتۈكلەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئىككى پۇتىنىڭكىنى ئالماشتۇرۇپ كىيىشكە بولىدۇ. پەس پاشنىلىق، تۇز تۇمشۇقلۇق ئۆتۈك شەكلىنى يىغىسار ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ھېلىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەنە شەكلى ئاساسەن ھازىرقى ئۆتۈك شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدىغان گۇل كەشتە قىلىنغان ئۆتۈك شەكلىمۇ مەيدانغا كەلگەن. مۇنداق ئۆتۈك ھازىر كۇچا مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلانماقتا.

ئۆتۈك ئەڭ بۇرۇن قوڭالتاق كىيىلىدىغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا پۇتقا پايتىما يۆگەپ ياكى قونجىغا گۇل كەشتىلەنگەن ئەستەرلىك ياكى پاختىلىق پايپاق ياكى كىگىز پايپاق بىلەن كىيىلىدىغان بولغان. ھازىر ئاساسەن يىپ ياكى نىلون پايپاق بىلەن كىيىلىدىغان بولۇپ كەتتى.

چورۇق: چورۇقنىڭ شەكلىگە ئاساسەن ئۆتۈكنى چورۇقنىڭ تەرەققىي قىلغان تۈنجى شەكلى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۆتۈكنىڭ قەدىمكى شەكلى چورۇقتىن ئەيلەنگەن خام تېرىدە باشتىن ئېلىنىپ قونچۇلۇق تىكىلگەنلىكى بىلەن پەرقلىنىدۇ. چورۇق ئەيلەنگەن تېرىدە ھازىرلىنىدۇ. كالا سويۇلۇپ، تېرىسى شىرە نەم ۋاقتىدا پۇت يۆگەلگۈدەك چوڭلۇقتا ئۆلچەپ كېسىلىپ، چۆرىسىگە كۆز ئېچىپ شىر تاسما بىلەن پۇتقا تېڭىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۇت سىپىلىدىغان شەكىلگە كېلىدۇ «كۆرگەن كۈنۈڭنى ئۇنۇتما، شىر چورۇقۇڭنى قۇرۇتما» دېگەن ھېكمەتلىك ماقال شۇ ئاساستا مەيدانغا كەلگەن.

چورۇقمۇ يازلىق، قىشلىق ئىككى خىل كېلىدۇ. قىشلىق چورۇق «چورۇق ئۆتۈك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، چورۇق ئۇزۇن قونچۇلۇق كىگىز پايپاق ئۈستىگە تارتىلىدۇ. پايپاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى شىڭگىلتاققا تەڭشىلىدۇ. ھوشۇقتىن شىڭگىلتاققا قەدەر پايپاقنىڭ ئۈستىدىن قۇر (كاشا-يۇڭ ياكى يىپتا توقۇلغان يېسى تانا) چەپراس قىلىپ

تېخىلىدۇ. شۇڭا «چورۇق ئۆتۈك» دەپ ئاتالغان. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۆتۈك رولىنىڭ چوڭىيىشى ئارقىسىدا چورۇق كېيىن تەدرىجىي ئۇنتۇلدى.

ئۆتۈكمۇ ئەرەنچە، ئاياللچە ئىككى خىل كېلىدۇ. بىر قەدەر بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئەرەنچە، ئاياللچە دەپ پەرقلەندۈرەلمەيدىغان بولۇشى مۇمكىن. يېقىنسار ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن بۇرۇنقى ئاياللچە ئۆتۈكنىڭ ئىخچام كېلىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەرەنچە ئۆتۈكتىن پەرقلەنمەيدىغانلىقىغا قاراپ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ. ئەرەنچە ئۆتۈك پاشىنىسىنىڭ ئوتتۇراھال، تۇمشۇقىنىڭ كېسىكسىمان، قونچىنىڭ كەڭرەك كېلىشى بىلەن ئاياللچە ئۆتۈكتىن پەرقلىنىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەرەنچە، ئاياللچە ئۆتۈك، كالتە قونچۇلۇق، ئارا قونچۇلۇق، ئۇزۇن قونچۇلۇق قىلىپمۇ تىكىلىدىغان بولدى.

ئاياللچە ئۆتۈك ئەرەنچە ئۆتۈكتىن ئاساسلىقى سىپتا، چاققان، پاشىنىسىنىڭ ئىگىزلىكى، ئۇزەڭگۈلۈك قىسمىنىڭ ئەگمە كېلىشى، سوڭىنىڭ بورتۇپ چىقىشى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ھازىر قونچىنىڭ سىرتىملىق، پىستانلىق قىلىنىشى بىلەن تېخىمۇ پەرقلىنىدىغان بولۇپ كەتتى. ئەمما ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياشانغان ئاياللار يەنىلا پەس ۋە ئوتتۇرا پاشنىلىق ئۆتۈك كىيىدۇ.

مەسە: مەسە قونچى ئۇزۇن ئوتتۇراھال، چەمى يۇمشاق، پاشنىسىز بولۇپ، ئاساسەن ئوتتۇرا ياشتىن يۇقىرى ياشلىق ئەرلەر، ئاياللار كىيىدۇ. مەسە چەمى يۇمشاق، بىر قەۋەتلا كەلگەچكە «پايپاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە ئۇستىگە كەش ياكى كالاچ كىيىلىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاياللاردا بىر مۇددەت «ئىسكىلاچ» دەپ ئاتىلىدىغان مەسە كىيىش ئومۇملاشقان. ئۇ ئادەتتىكى مەسىدىن چەمىنىڭ قاتتىق، پاشنىلىق كېلىشى، ئۇستىگە قاتتىق چەملىك، پاشنىلىق كەش (مەسە پاشنىسى

پېتىپ تۇرۇشقا مۇناسىپ چىقىرىلغان پاشنا) كىيىدىغانلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ.

چېتىك: ئاساسەن ئادەتتىكى ئەرەنچە ئۆتۈككە ئوخشاش بولۇپ، چەممىنىڭ بىر قات، پاشنىسىنىڭ يوق دېيەرلىك هالدا پەسلىكى بىلەن ئادەتتىكى ئۆتۈكتىن پەرقلىنىدۇ. ئالاھىدىلىكى يېنىك كېلىدۇ. چېتىكنى ئوتتۇرا ۋە چوڭ ياشلىق ئەرلەر كىيىدۇ.

كەش: ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى يازلىق ئاياغ كىيىمى بولۇپ، شەكلى ئاساسەن هازىرقى كالاچقا ئوخشاش. ئەمما پەس پاشنىلىق كېلىدۇ. كەشمۇ كوندىن تىكىلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ياز پەسلى كەش كىيگەندىن تاشقىرى، ياز ئايلىرىدا يالىڭاياق يۈرۈشكىمۇ ئادەتلەنگەن. بۇ ئادەت ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئارقىسىدا هاسىل قىلغان سوغۇق يەلدىن كېلىپ چىقىدىغان پۇت ئاغرىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

كەش يازلىق ئاياغ سۈپىتىدە كىيىلىشتىن تاشقىرى، يىلنىڭ باشقا پەسىللىرىدىمۇ، مەسە ئۈستىگىمۇ كىيىلىپ كەلگەن. هازىر كەش ئورنىنى كالاچ ئالدى. شۇنىڭدەك ئۆتۈك ئۈستىگە (ئايالچە پەس پاشنىلىق ئۆتۈك ئۈستىگە) كالاچ كىيىش ئومۇملاشتى.

سەندەل: شىۋەكنى يازلىق ئاياغ تۈرى بويىچە كەشنىڭ تەرەققىي قىلغان شەكلى دېيىشكە بولىدۇ. سەندەلنىڭ ئالاھىدىلىكى كەشكە قارىغاندا، باشلىق قىسمى كالتىرەك، يۇمىلاق، هاۋا ئۆتۈپ تۇرىدىغان چاقماق تۆشۈكلۈك، چەمى بىر قات، پاشنىسى ئىككى قات كېلىدۇ. شۇنىڭدەك پۇت بېغىشىنىڭ ئالدى قىسمىدىن بۇقۇچلىنىدۇ. شىۋەك ئاساسەن سەندەلگە ئوخشاش. پەرقى تۆشۈكسىز، بۇقۇشسىز بولۇپ، ئويما باشلىق خەيگە ئوخشايدۇ. هازىر سەندەل بىلەن شىۋەكنىڭ

ئورنىنى رىشاتكىلىق شىبلىت، سولىياۋ ئاياغ، ئويما باشلىق خەي ئالدى.

دەكتو: دەكتو ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قىشلىق ئاياغ كىيىمىنىڭ بىر خىلى. ئۇ مەخسۇس سېمىز ئەركەك قوي تېرىسىدىن تىكىلىدىغان بولۇپ، ئاساسەن قىش كۈنلىرى ئاتلىق ياكى هارۋىلىق، ئېشەكلىك يولغا چىققاندا مەسە، ئۆتۈك ئۈستىگە كىيىلىپ كەلگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا پىيما مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن دەكتو كىيىش ئادىتى ئۈزۈلگەن. پىيما ئەمەلىيەتتە ئالاھىدە بېسىلغان كىگىز پايپاق، ئىچىگە كىگىز، قوي تېرىسى ۋە پاختىلىق ئەستەر قىلىنغان. هەر خىل ئاياغ كىيىم ئومۇملاشقاندىن كېيىن پىيمىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن كىيىلمەيدىغان بولدى.

هازىر ئۇيغۇرلاردا ئۆتۈكتىن باشقا شىبلىت، تۇپلى، بوتى قاتارلىق قىشلىق-يازلىق ئاياغ كىيىش ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلاندى. ئۇيغۇر ئۇستىلىرى مۇشۇنداق ئاياغلار ئاساسىدا مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە هەر خىل ئاياغ كىيىم مودېللىرىنى داۋاملىق بازارغا سالماقتا. مۇنداق ئۆتۈكلەرنى قېرىنداش مىللەت ئاياللىرىمۇ ياقتۇرۇپ كىيىدىغان بولۇپ كەتتى. زامانىۋى كىيىم مودېللىرىنى قوغلىشىش-ئۇيغۇر ئەر-ئاياللىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك خاھىش بولۇپ قالدى.

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ ياسىنىش ئادىتى

مەلۇمكى ياسىنىش ئىنسانلاردىكى گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. چۈنكى ياسىنىش ياكى گۈزەللىك ئادىتى ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى تۈنجى ئەمگەكى جەريانىدا يېتىلگەن ئىپتىدائىي تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا قارىتا هاسىل بولغان گۈزەللىك

تۇيغۇ-ھېسسىياتتىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىگە ھامان چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. گۈزەللىك زوق ۋە گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش بارلىق مىللەتتە ئورتاق ھالەت. ئەمما مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتى پەرقلىق بولغاچقا، ئۇ ھالەتنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى ۋە ئادەت شەكلىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئەجدادلىرىمىزدا ئۆزىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشقا ئەگىشىپ يۈرۈش-تۇرۇش بويىچىمۇ ئۆزىگە خاس مىللىي تۈسكە ئىگە ئادەت-ئەنئەنىلەر شەكىللەنگەن. تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇش ساھەسىدە ئىپادىلىنىغان گۈزەللىك ئادەت-ئەنئەنىلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

1) ئۇيغۇرلارنىڭ ياسىنىش ئادىتى: ئەجدادلىرىمىز كىيىم-كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى جەھەتتە ئۆزىگە خاس گۈزەللىك ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ قالماي، سىن-سىياق، مىجەز-خۇلق گۈزەللىكىدىمۇ كۈچلۈك مىللىي تۈسكە ئىگە ئادەت ئەنئەنىلەرنى يېتىلدۈرگەن. مەسىلەن، ئەرلەر قەدىمكى دەۋردە ساقال-بۇرۇتلىرىنى ئالماي، ئۇزۇن بىر تال چاچ قويۇپ يۈرەتتى. كىيىنىشلىرىمۇ رەتسىز، تازىلىق چۈشەنچىسىمۇ ئاجىز ئىدى. ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ گۈزەللىك، ھېيزى-سەھەت قارىشىدا تۈپتىن بۇرۇلۇش ھاسىل بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئەر-ئاياللاردا كىيىنىش-ياسىنىش بويىچە تەدرىجىي رەتلىك، پەرقلىق كىيىنىش-ياسىنىش ئادىتى شەكىللەندى. ئەرلەردە ساقال-بۇرۇتنى قىرىپ ياساپ، چېچىنى چۈشۈرۈپ تۇرۇش، يۈزىدىكى سېرىق تۈكلەرنى موچۇندا تىرىپ تۇرۇش؛ بېشىغا شاپاق دوپپا، تۇماق، ئۈستىگە يەكتەك شەكىللىك كۆڭلەك ياكى يەكتەك، پەشمەت-ئىشتان، پۇتىغا ئۆتۈك، مەسە كىيىپ، بېلىگە بەلباغ باغلاپ، يېنىغا غىلاپلىق پىچاق، ساقال تارغاق قاپچۇقى، چاقماق، ھەميان ئېسىپ

يۇرۇش گۈزەللىك، نازاكەتلىكنىڭ بەلگىسى، پات-پات كىيىم يۆتكەپ، يۇيۇنۇپ تۇرۇش تەبىئەتلىكنىڭ بەلگىسى قىلىنغان ئىسلامىيەتتىن كېيىن دىنىي قائىدە بويىچە ھەپتىدە بىر قېتىم يۇيۇنۇش، ھەپتە كۈنى كىيىم ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، ساقال-بۇرۇتنى ياستىش دائىملىق ئادەتكە ئايلانغان. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغۇچىلار پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدىغان بولدى.

ئاياللاردا چىراي-تۇرۇق گۈزەللىكى بويىچىمۇ ئۆزگىچە مىللىي تۇسكە ئىگە ئادەتلەر يېتىلگەن. بۇ ئادەتلەر ئۇيغۇر ئايال-قىزلىرىنىڭ تەبىئىي نەرسىلەر بىلەن پەرداز (گىرىم) قىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئاياللار قاش گۈزەللىكى ئۈچۈن ئوسما، كۆز گۈزەللىكى ئۈچۈن سۈرمە، چاچ گۈزەللىكى ئۈچۈن چاچنى توم، ئۇزۇن ۋە ئۇششاق ئۆرۈش، ماڭلاي چاچ، سىكىلەك قويۇش، چاچباغ (چاچ تەڭگە) سېلىشتىن تاشقىرى يېلىم، سىيادان يېغى، مېغىز «كۆمۈرى»، تىرناق گۈزەللىكى ئۈچۈن خېنە، چىراي گۈزەللىكى ئۈچۈن يۈزنى ئېچىش، سۈنئىي «خال» ۋە ئۇپا-ئەڭلىك قاتارلىقلار بىلەن پەرداز قىلىشقا، خۇش بۇي بولۇش ئۈچۈن ئىپار، زەپەر، سەندەل، ئەمبەر قاتارلىقلارنى ساقلاشقا ئادەتلەنگەن، كۆكرەك گۈزەللىكى ئۈچۈن بېغىرداق (لىفتىك) ئىشلىتىپ كەلگەن.

ئوسما: ئاياللار بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە ئاساسەن ئوسمىسىز يۈرمەيدۇ. ياز، كۈز كۈنلىرى كۆك ئوسمىنى ئالىقاندا سىقىپ سۈيى چىقىرىلىدۇ، ئاندىن پاختىدا پىلتىگۈچ ياساپ قاشقا خالىغان شەكىلدە سۈركىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئوسمىدا قوشۇما ئوتتۇرىسىغا ياكى مەڭزىگە خال قىلىپمۇ قويۇلىدۇ. قۇرۇغاندا سوغۇق سۇنى سېپىش ئۇسۇلى بىلەن بوش يۇيۇپ تاشلىنىدۇ. قىش، ئەتىياز كۈنلىرى بولسا، تاش ئوسما (شاپتۇل مېغىز يېغى بىلەن كۆك ئوسما سۈيى ئارىلاشمىسىدىن

هازىرلانغان قاتۇرما) قويىدۇ، بەزىلەر ئېگىر، ئۇسما يىلتىزىدىن قىلىنغان كۆمۈرنى سۈرتىدۇ. بۇ قاشلىق ۋە قاشلىق ئېتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

سۈرمە: سۈرمە ئەسلى مىللىي تىبابەتچىلىكىمىزدە كۆز ئاغرىقلىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل كان مەھسۇلاتىدىن بولۇپ، ئاياللار كۆز گۈزەللىكى ئۈچۈن قاپىقىغا (كىرپىك ئەتراپىغا) سۈرۈپ ئادەتلەنگەن. چۈنكى ئۇ سۈرۈلگەندىن كېيىن كۆز شەھلا كۆرۈنىدۇ.

يىلىم: يىلىم جىگدىدىن قايناپ چىقىدىغان شىلىمشىمان بىر خىل ماددا بولۇپ، رەڭگى دۇغىرقايغا ئوخشاش سېرىق، پارقىراق كېلىدۇ. ئۇ يېپىشقاق، پارقىراق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئەجدادلىرىمىز يىلىمنىڭ شۇ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، ئۇزۇن زاماندىن بۇيان چاچ پەردىزى سۈپىتىدە ئۇنى چېچىغا چىپىپ ئادەتلەنگەن. ئۇ چېپىلسا، چاچنى سالۋاراتماي، يېپىشتۇرۇپ پارقىراق كۆرسىتىدۇ. بىر قېتىم چېپىلسا چاچنىڭ شۇ ھالىتى ھەپتىگە ساقلىنىدۇ، يۇيۇپ-تارىغاندىمۇ چىگىچى ئاسان چىقىپ، چاچ ئاسانلىقچە سۇنۇپ-ئۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ. يىلىمدىن باشقا چاچ پەردىزىگە چالا كۆيدۈرۈلگەن بادام مېغىزى، شاپتۇل مېغىزى ۋە سىيادان يېغىنىمۇ ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن. چۈنكى ئۇ نەرسىلەر چاچنى قارايتىش، ئۆستۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن يىلىم قاتارلىق بۇ نەرسىلەرنى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تەبىئىي «چاچ مېيى» دېيىشكە بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا چېچى شالاڭ، چېچى ئاز ئاياللار چۈشكەن چاچتىن ياسالغان يالغان چاچ سېلىپمۇ ئادەتلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر ئاياللىرى ھەر قېتىم چاچ تارىغاندا چۈشكەن چاچنى كۆرگەن يەرگە تاشلىماي چاچ خالتا تىكىپ شۇنىڭدا ساقلايدۇ. چۈنكى يالغان چاچقا باشقىلارنىڭ چېچى ياكى باشقا نەرسىلەر ئارىلىشىپ قالسا، چاچنى يەكلەپ، چاچ چۈشۈشكە، سانجىپ

باشنى ئاغرىتىشقا سەۋەب بولارمىش. شۇنىڭدەك چاچ رەڭگىنىمۇ ماسلاشمايدۇ. يىغىنچاقلىغاندا چاچ گۈزەللىكىنى ئەجدادلىرىمىز ئاياللار گۈزەللىكىنىڭ مۇھىم بىر ئۆلچىمى قىلىپ كەلگەچكە، ئاياللار چېچىنى ئاسراشقا، چاچلىق بولۇش، چېچىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. چاچلىق، چېچى قارا، سۇمبۇل چاچلىقلارغا مەسلىكى كەلمەيدىغان ئادەم ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

خېنە: ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تىرناق گۈزەللىكى بويىچە ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان پايدىلىنىپ كەلگەن تەبىئىي «لاك» دۇر. ئەجدادلىرىمىز ياشاش مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش بويىچىمۇ خېنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گۈل-گىياھلارنى ئۆستۈرۈپ ئادەتلەنگەن. ئۇلار خېنىنىڭ چىرايلىق چېچەكلىرىدىن ھوزۇرلىنىشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭ يىلتىزىدىن تا قۇلاقلىرىغا قەدەر پەرداز بۇيۇمى ۋە دورا ئورنىدا پايدىلىنىپ كەلگەن. ياز كۈنلىرى ئۇنى يۇلۇپ ئېلىپ، يىلتىزىنى چايقىۋېتىپ، غول-قۇلاقلىرى بىلەن قوشۇپ سوقىدۇ. ئاندىن مۇۋاپىق مىقداردا زەمچە ئارىلاشتۇرۇش بىلەن يېتىش ئالدىدا ئالىقان، تىرناق ئۈستىگە ئېلىپ يۆگەپ تاشلايدۇ. ئەتىسى يۆگەك ئېلىپ تاشلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تىرناق قىزغۇچ سېرىق، پارقىراق ھالەتكە كېلىدۇ. ۋە ئۇزۇنغىچە يەنى تىرناق ئۆسۈپ شۇ ھالەت ئۆزلۈكىدىن يوقالمىغىچە رەڭگى ئۆچمەيدۇ. خېنە تىرناقنى گۈزەللەشتۈرۈش بىلەن تەڭ ئالىقان قىزىيدىغان، تەرلەيدىغان كېسەلگىمۇ داۋا بولىدۇ.

ئۇپا-ئەڭلىك سۈرۈش: بۇ ئادەت بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇنلا ئومۇملاشقان. بۇ توغرىدا «دىۋان» دا: «ئەڭلىك خوتۇنلارنىڭ مەڭزىگە سۈرتىدىغان ئاچ قىزىل بوياق» دەپ مەلۇمات بېرىلگەن (شۇ ئەسەر، 1-توم 156-بەت).

يۈز ئېلىش (يۈز ئېچىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ): بۇ چىراي

گۈزەللىكى بويىچە قىلىنىدىغان بىر خىل پەرداز. بۇنىڭدا موچۇن ۋە مەشۈت يىپتا يۈز، قاپاق ۋە پېشانىدىكى يۇمران سېرىق تۈكلەرنى ئېلىپ يۈز-كۆزنى كۆركەملەشتۈرۈش مەقسەت قىلىنغاچقا «يۈز ئېلىش ياكى يۈز ئېچىش» دەپ ئاتالغان. شۇنداق زۆرۈرىيەت بولغاندا، ئەرلەر ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ موچۇندا يۈز، قاپاقلىرىدىكى تۈكلەرنى تەرسە، ئاياللار (ئىككى ئايال) ھەمكارلىشىپ مەشۈت يىپىنى يۈزىگە سۈركەپ ھەمىرىش ئۇسۇلى بىلەن يۈزلىرىدىكى سېرىق تۈكلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ، قاپاقلىرىنى موچۇندا تازىلايدۇ. يۈزلىرىنى ئېلىش ئالدىدا ئۇپا سۈرتۈلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا گۈزەللىك زوقىنى يۇقىرىقىدەك كونكرېت ھالەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلەشتىن تاشقىرى سىمۋوللۇق ئىشارە-بەلگىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەش ئادىتىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان. مەسىلەن، چاچ گۈزەللىكىنى سۈمبۇلغا، كۆز گۈزەللىكىنى ئاھۇ كۆزى ياكى بۇلاققا، ئېغىز گۈزەللىكىنى ئۈيماققا، چىراي گۈزەللىكىنى ئاي ياكى ئالمىغا، بەدەن تۈزۈلۈشىنى غۇنچىغا (غۇنچە بوي دېيىش) . . . ئوخشىتىش ئادەتلىرىگە ئوخشاش.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك قارىشىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىكى كىيىم-كېچەك رەڭگىگە بولغان زوق ۋە ئۇنى تاللاشتىكى ئادەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئادەتلىرىگە ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى-شامان دىنىي ئەقىدىلىرىگە مانى، بۇددا ۋە ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى سىڭىپ كىرەلىشىپ كەتكەن. شۇنىڭدەك بۇ ئادەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز مۇھىتلىرىدىكى، بولۇپمۇ يايلاق تۇرمۇشى مۇھىتىدىكى تەبىئەت مەنزىلىرىدە يۈز بېرىدىغان ھەر خىل ئۆزگىرىش ھالەتلىرىگە قارىتا پەيدا بولغان زوق-خاھىشلىرى باشتىن ئاخىر چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

بۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆن بىلەن تۈننى نىسبەتلەشتۈرۈپ ئاق رەڭنى يورۇقلۇق، قۇت-بەخت، ئامانلىق ۋە ماتەمنىڭ سىمۋولى؛ قارا[1] رەڭنى زۇلمەت، ۋەھىمە، قايغۇنىڭ سىمۋولى؛ زىمىستان قىش بىلەن كۆكلەم، يازنى نىسبەتلەشتۈرۈپ كۆك، يېشىل، ھال ۋە شاپتۇل چېچىكى تىپىدىكى رەڭلەرنى ئۈمىد، ئازادە-ئەركىنلىك، شادىيانىلىقنىڭ سىمۋولى (چۈنكى كۆكلەم-يازدا ئاسمان سۈزۈك، غۇبارسىز بولۇپ جاھان يېشىل تونغا پۈركىنىدۇ، چۆللەردە ئېچىلغان يولغۇن چېچەكلىرى بىلەن ياۋا گۈل-گىياھلار كىشىگە جۇشقۇنلۇق، ھوزۇر بەخش ئېتىدۇ؛ شەپەق رەڭگى بىلەن قاننى نىسبەتلەشتۈرۈپ قىزىل رەڭنى قاننىڭ سىمۋولى؛ ئوت-چۆپ، گۈل-گىياھ، دەل-دەرەخلەرنىڭ سارغىيىپ خازان بولۇشىغا نىسبەتلەشتۈرۈپ، سېرىق رەڭنى كۆڭۈلسىزلىك ۋە بالايىئاپەتنىڭ سىمۋولى قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلاردا قىشلىقى توم قىزىل، توم ئاق، توم سېرىق رەڭلەردە تاش كىيىم كىيمەسلىك، بولۇپمۇ ئەرلەر توم سېرىق، توم قارا، توم قىزىل رەختلەردىن بىر قۇر ئۈستى-باش كىيمەسلىك ئەنە شۇ ئادەت-ئەقىدىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا مۇشۇنداق كىيىنگۈچىلەر «ئاجايىپ-غارايىپ ياسىنىپتۇ» دەپ مەسخىرە قىلىنىدۇ.

ئاق رەڭنىڭ ماتەم سىمۋولى قىلىنىشىغا كەلسەك، ئۇ بۇددا دىنىي ئەقىدىلىرىنىڭ ئىزنالىرىدىن ئىبارەت. چۈنكى بۇددا دىنىي ئەقىدىلىرى بويىچە ئادەم ۋاپات بولغاندا مۇسىبەتدارلار ئاق رەخت ئىشلىتىپ قايغۇ ھەسرىتىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزدىمۇ مۇسىبەتدارلار بېلىگە ئاق باغلايدۇ، ئاياللار بېشىغا ئاق ياغلىق ئارتىدۇ ۋە ئاق كۆڭلەك كىيىدۇ. يۇقىرىدىكى

---

[1] تىلىمىزدا بۇ سۆز بىلەن ئاھاڭداش يەنە بىر «قارا» دېگەن سۆيەت بولۇپ، ئۇ رەڭ ئۇقۇمىنى ئەمەس، بەلكى «چوڭ»، «كەڭ»، «ئۇلۇغ»، «كۆن پېتىش تەرەپ» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

رەڭ-بوياق بويىچە بايان قىلىنغان ئادەتلەر ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ تارىخىي ئۇزۇن، بىر قەدەر تىپىكلىرىدۇر. ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ-بوياق گۈزەللىكىگە بولغان تۇيغۇ-ھېسسىياتلىرى دەۋر روھى بىلەن تېخىمۇ بېيىپ بارماقتا.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك قارىشىدا ئەرلەر بىلەن ئاياللار گۈزەللىكى بويىچە ھەر خىل تەلەپ-ئۆلچەم بولسىمۇ، ئەجدادلىرىمىز نۇرغۇن ئەمەلىيەت سىناقلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ گۈزەللىكىنىڭ سىرتقى ھالىتىلا ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي گۈزەللىك ئىچ يەنى قەلبى گۈزەللىكتە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇلار بۇ تونۇش-چۈشەنچىسىنى «چىرايلىقنىڭ كۆڭلىنى بىلىپ بولماس، چىرايىغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولماس» دېگەن ماقال بىلەن بىزگە ئۆرنەك قىلىپ قالدۇرغان.

ئاخىرىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ كىيىنىش ئادىتىدىكى بەزى پەرقلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز: ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ۋە مىڭئۆي تام سۈرەتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىلچە بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى كىيىم شەكىللىرىنىڭ بىز تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن كىيىم شەكىللىرىدىن پەرقلىقلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ پەرقلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئېھتىياجى قاتارلىق ئامىللار سەۋەب بولغان. ئۇ سۈرەتلەر ئەجدادلىرىمىز بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر بۇددىست مۇتىۋەرلىرىنىڭ سۈرەتلىرى بولغاچ، ئۇلارنىڭ كىيىم شەكىللىرىدە بۇددا ئۆلىمالىرىنىڭ كىيىنىش شەكلىنىڭ ئىپادىلەنمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. مىڭئۆي سۈرەتلىرىدە يەنە بىز تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن كىيىم شەكىللىرىدە كىيىنگەن ئاددىي ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭمۇ سۈرەتلىرى ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇر بۇددىس مۇتىۋەرلىرىنىڭ

كىيىنىش شەكلىنى تەپسىلىي كۆزەتسەك، ئۇ كىيىملەرنىڭ ئويما ياقىلىق، پېشى مۇرىدىن ئايرىلغان، يېڭى ئىخچام كەلگەنلىكى ۋە بەلدىن بەلباغ بىلەن باغلىنىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. باش كىيىمگە كەلسەك، بەزىلىرى گۈمبەزسىمان، بەزىلىرى بولسا ئارىسىمان، بەزىلىرى پىيالىسىمان كەلگەن. قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى بۇنىڭدىن ئىككى-ئۈچ ئەسىر بۇرۇن پىيالىسىمان باش كىيىم كىيىپ كەلگەن. مۇشۇنداق باش كىيىمنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلغان شەكلىنى ھازىرمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. كىرىيە ئاياللىرىنىڭ ھازىر كىيىدىغان توقۇما كىچىك دوپپىسىمۇ شۇ تىپقا ياتىدۇ. مانا بۇ باش كىيىم شەكلى، لوپنۇردىن تېپىلغان كىيىم (يەكتەك شەكىللىك، بەلباغلىق كالتا چاپان)، يېڭىسار مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلىنىۋاتقان چاپان شەكىللىرىنى (ئويما ياقا يەكتەك شەكىللىك ئۇزۇن چاپان) جەمئىيەت تەرەققىيات ئامىلى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى كىيىنىش ئادەت-شەكلىنىڭ يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈلگەن كىيىنىش ئادەت شەكلى بىلەن ئاساسەن ئوخشاشلىقى مەلۇم بولىدۇ. دېمەك ئەجدادلىرىمىزنىڭ كىيىنىش ئادەت-شەكلىدە مەلۇم ئىزچىللىق ساقلىنىپ كەلگەن.

# سەككىزىنچى باب

# ئۇيغۇرلارنىڭ يول-قاتناش ئىشلىرى

## 1 . يول-قاتناش توغرىسىدا

يول-جايلارنى يەنى تاغ-داۋانلار، دېڭىز-ئوكيان، دەريا-ئېقىن، چۆل-باياۋانلار ئايرىپ تۇرغان بوستانلىقلارنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، يىراقنى يېقىن قىلىدىغان ۋاستە. يولنىڭ بۇ رولىدىن ئالغاندا، ئۇنى «ئىز، ئاياغ ئىزى» دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى يول ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ بىرىنچى تارىخىي پائالىيىتى جەريانىدا باسقان ئاياغ ئىزى ۋە ئۇلار پايدىلانغان قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ ئىزى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. بۇگۈنكى مىللەتلەر ئەجدادلىرىنىڭ قاتناش قوراللىرى ھەر خىل بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما يول ۋە قاتناش قوراللىرىدىن پايدىلىنىش پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق ئادەت.

شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ئالساق تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى، شىمالىي ئېتەكلىرى، تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى ساھىلىدىكى سانسىز چوڭ-كىچىك بوستانلىقلارنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان ئۆمۈچۈك توردەك يوللار ئەجدادلىرىمىزنىڭ شۇ بوستانلىقلارنى بەرپا قىلىش جەريانىدا باسقان ئىزىدىن ھاسىل بولغان. بەدەندىكى قان تومۇرلار ئادەمنىڭ ھاياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغاندەك بۇ يوللارمۇ مۇشۇ ماكاندا ياشاپ كېلىۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىرىكچىلىكىدە مۇھىم رول ئويناپ

كەلگەن. ئەجدادلىرىمىز يول ئېچىش جەريانىدا چوڭ-چوڭ دەريا-ئېقىنلارغا داۋاملىق دۇچ كېلىپ تۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەريالارنىڭ ئىككى قىرغىقىنى تۇتاشتۇرۇش ئۇچۇن يولنى سوزۇشقا مەجبۇر بولۇپ، قايتا-قايتا تەجرىبە-سىناق قىلىش ئارقىلىق ياغاچ بىلەن سوزۇش چارىسىنى تاپقان ۋە يولنىڭ بۇ سوزۇلغان قىسمىنى «كۆۋرۈك» دەپ ئاتاشقان. ئەڭ بۇرۇن مۇنداق كۆۋرۈكلەر ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، بىر تال ياغاچتىن «ياسالغان»، مۇنداق ئاددىي كۆۋرۈك «سالغا» دەپ ئاتالغان.

ئەجدادلىرىمىز كېيىنچە كۆۋرۈكنى شۇ سالغا ئاساسىدا تەدرىجىي ئىككى تال، ئۈچ تال بارا-بارا ئالتە-يەتتە تال ياغاچنى قاتار قويۇپ ئۇستىنى شاخ-شۇمبا توپا بىلەن كۆمۈپ ياسايدىغان بولغان.

كېيىنچە پۇتۇنلەي قىلىن تاختاي بىلەن ئىككى يانغا رىشاتكا چىقىرىپ ياسايدىغان بولغان، مۇنداق كۆۋرۈكلەرنى «تاختا كۆۋرۈك» دەپ ئاتىغان. بۇ تاختا كۆۋرۈكلەر ئۆز دەۋرىدە ھازىرقى سېمونت-بېتون كۆۋرۈكلەرنىڭ رولىنى ئويناپ كەلگەن. رايونىمىزدىكى دەريالارنىڭ كۆپ قىسمىدا ھەر يىلى تاشقىن بولۇپ تۇرغاچقا كۆۋرۈكلەرنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇش بىلەن ئەجدادلىرىمىز ھەر يىلى دېگۈدەك كۆۋرۈك سېلىشقا مەجبۇر بولۇپمۇ كەلگەن. ئەمما، ئەجدادلىرىمىز بەزى «خۇيى يامان» دەريالارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قايتا-قايتا تەجرىبە قىلىپ ئارال ھاسىل قىلىش، ئارالنى توغرا قىزار-جىگدىزارلىقتا ئايلاندۇرۇش، ئورمان يېلتىزلىرى ئارقىلىق دەريا ئاستىدىكى قۇم قاتلىمىنى تىزگىنلەش بىلەن كۆۋرۈكنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىپ قاتناشنىڭ راۋانلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈپ كەلگەن.

زەرەپشان دەرياسىنىڭ يەكەن ناھىيە ئېگەرچى بازار كۆۋرۈكى ئەنە شۇنداق كۆۋرۈكتىن. بۇ كۆۋرۈك يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۇسۇلدا ياسالغان بولۇپ، 13 ئارالنى 13 تاختا كۆۋرۈك بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇزۇنلۇقى يۈز مېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ

ئارال-كۆۋرۈكلەر كەلكۈن سۈنى تارماقلارغا بۆلۈپ تەڭشەش بىلەن بەڭباش كەلكۈننىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىپ يۈز يىلدىن بۇيان زەرەپشان دەرياسىنىڭ مۇشۇ قىسمىدا قەد كۆتۈرۈپ كەلمەكتە. مۇشۇ قائىدە ئاساسىدا ياسالغان كۆۋرۈكتىن 50-يىللارغىچە لوپنۇر ناھىيىسىدىمۇ بىرى بولۇپ، «80-كۆۋرۈك» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ كۆۋرۈكلەر ئاددىي بولسىمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى بويىچە بىر كەشپىياتى ۋە تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىشتەك ئەقىل-پاراسىتىنىڭ نامايەندىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ تەجرىبىلەرگە ھازىرقى زامان كۆۋرۈك قۇرۇلۇش تېخنىكىسى بىرلەشتۈرۈلسە، ھەر جەھەتتە تېخىمۇ ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ قاتناش قوراللىرى ۋە تەرەققىياتى

قاتناش قورالى ئىنسانلارنىڭ يول يۈرۈش بويىچە يارانقان چوڭ بىر ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرىمۇ ناھايىتى كۆپ. بۈگۈنكى زامانىۋى قاتناش قوراللىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قاتناش قوراللىرىدىن پايدىلىنىش ئۇسۇل-ئادىتىمۇ پەرقلىق بولۇپ كەلگەن.

تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەجدادلىرىمىز خېلى بۇرۇنلا ئات، ھارۋىدىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلانغان. تارىختا ئەجدادلىرىمىزنىڭ «گاۋچې دىڭلىڭ» (ئېگىز ھارۋىلىق تېلېلار) دەپ ئاتىلىشىمۇ ئۇلارنىڭ ئېگىز چاقلىق ھارۋىدا يۈرۈشتەك ئادىتىدىن بولغان. ئەجدادلىرىمىز ئوۋچىلىق دەۋرىدە ئاتلىق ئوۋ قىلاتتى. كۆچمەن چارۋىچىلىق

دەۋرىدە ئات ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قاتناش قورالى بولۇپ قالغان. ئۇلار مال-پادىلىرىنى ئاتلىق ۋە ئات قوشۇلغان هارۋىدا يۆتكەپ باققان. شۇنىڭدەك ئەجدادلىرىمىز ئاتتىن مۇھىم ئۇرۇش ۋاستىلىرى سۈپىتىدىمۇ پايدىلىنىپ كەلگەن.

ئاتنىڭ يول قاتناشتىكى رولى توغرىسىدا ئامېرىكىلىق ئىساك ئاسىموپ «قاتناش ئىنقىلابى» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئات-ئۇلاغتىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىش تەخمىنەن مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، 4000 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بىرى ئات قۇرۇقلۇقتىكى ئاساسلىق قاتناش قورالى بولۇپ كەلدى...»[1] ئەجدادلىرىمىز ئاتتىن مۇھىم قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلانغاندىن تاشقىرى مىلادىدىن بۇرۇنلا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك يەنە بىر خىل قاتناش قورالى — هارۋىنى ياساپ، ئۇنىڭدىن ئات كۈچى ئارقىلىق پايدىلىنىپ كەلگەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ئادەت — ئەنئەنىسى تا هازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئەجدادلىرىمىز ئات، هارۋىدىن تاشقىرى كالا، ئېشەك، قېچىر، تۆگە، كېمە، تۇلۇم، سالدىنمۇ قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلگەن. هازىر تۇلۇم، سالنىڭ قاتناش قورالى سۈپىتىدە ئۆز رولىدىن قالغانلىقىنى هېسابقا ئالمىغاندا، باشقىلىرى يەنىلا داۋاملىق ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرماقتا.

قاتناش قوراللىرى ئىچىدە ئەجدادلىرىمىز ئات، هارۋا، ئېشەكتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كەلگەن.

ئات: ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاتتىن ئۇرۇش ۋاستىلىرى سۈپىتىدە پايدىلانغانلىقىنى هېسابقا ئالمىغاندا ئۇزۇن، قىسقا يولغا مىنىش، يۈك توشۇش، هارۋىغا قوشۇشتىن تاشقىرى

---

① قۇربان ۋەلى: «شىنجاڭ خەلقىنىڭ تارىخى تۆھپىلىرىدىن تۆت تامچە»، «شىنجاڭ ياشلىرى» 84-يىل 2-سانىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

تەنتەربىيە ۋاستىسى سۈپىتىدىمۇ پايدىلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن، چوگەن ئويناش، ئوغلاق تارتىشىش، بەيگى قىلىشقا ئوخشاش. بۇندىن باشقا يەنە مىنىك ئاتلارنىڭ سىلىق مېڭىش تېزلىكى بويىچە قىش پەسلى مۇز ئۈستىدە (دەريادا) مەخسۇس يورغىغا سېلىش مۇسابىقىسىنىمۇ ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. بۇ مۇسابىقىگە سېلىنىدىغان ئاتلار ناھايىتى چىرايلىق بېزىلىپ ئېلىپ كېلىنەتتى.

ئەجدادلىرىمىزدا ئات، قېچىر، تۆگە، قوتازدىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىش بويىچە مۇنداق مەخسۇس ترانسپورت كەسپىمۇ تەرەققىي قىلغان.

1) كارۋانچىلىق: بۇ شارائىتى مۇرەككەپ يول ئارىلىقىدا قىلىنىدىغان مەخسۇس ترانسپورت شەكلى. ئۇنىڭدا مەيلى ئات، قېچىر ياكى تۆگە بولسۇن ئاز دېگەندە يەتتە-سەككىزى، كۆپ دېگەندە ئوننەچچىسى بىر بىرلىك ھېسابلىناتتى. مۇنداق بىر توپ ياكى شۇ توپ ئىگىسى «كارۋان» دەپ ئاتىلاتتى.

2) كۆلۈكچىلىك (ئىجارىكەشلىك): بۇ قىسقا يوللۇق قاتناش شەكلى. بەزىلەر ئىككى - ئۈچ ئات ياكى قېچىر، قوتاز، ئېشەك بېقىپ ئات-ئۇلىقى يوق ياكى ۋاقىتلىق ئېھتىياج بولۇپ قالغانلارغا مىنىش ئۈچۈن مەلۇم سۈرۈك بىلەن ئىجارىگە بېرىدۇ. ئەگەر شۇ جەرياندا ئىجارىگە ئالغان ئات-ئۇلاغ بىرەر ھادىسە تۈپەيلىدىن ناكا بولۇپ قالسا ياكى ئۆلسە، ئىجارىگە ئالغۇچى تۆلەيدۇ. قوتاز تاغلىق رايونلار قاتنىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

3) كىراكەشلىك: بۇمۇ ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورت شەكلى بولۇپ، ئاساسەن ھارۋا، ئېشەك بىلەن ھەر خىل ئەشيالار توشۇلىدۇ.

ھارۋا: ھارۋا ئەجدادلىرىمىزنىڭ قاتناش قورالى ئىچىدە يىرىك قاتناش قورالى ھېسابلىنىدۇ. ھارۋا ياسالغان ماتېرىيالغا

قاراپ «ياغاچ هارۋا»، «كۆتەك هارۋا»؛ چاق شەكلىگە قاراپ «يارىيا»، «غالتەك هارۋا» دەپ ئىككى خىل، قوشۇلىدىغان ئۇلاغ تۈرىگە قاراپ «ئات هارۋا»، «كالا هارۋا»، «ئېشەك هارۋا» دەپ ئۈچ خىل ئاتىلىدۇ.

«يارىيا»نىڭ چاقى يوغان، ئېگىز بولۇپ، ئۇ سۆگەت ياغىچىدىن قاسقان شەكلىدە ئېگىپ ياسىلىدۇ. گوڭگىلىرىمۇ ئۇزۇن، گوڭگە ئارىلىقىمۇ كەڭ كېلىدۇ. يارىيانىڭ بىر ئالاھىدىلىكى يېنىك، تەننەرخى تۆۋەن، چاقىنىڭ ئايلىنىش كۆلىمى كەڭ، شۇڭا يول ئاينىيدۇ. ئەمما كۆتكە هارۋىدەك پۇختا ئەمەس. يارىيانىڭ چاقىنىڭ ئېگىز، يوغانلىقى، ئايلىنىش كۆلىمىنىڭ كەڭلىكىگە ئاساسەن، ئۇ تارىخىي هۆججەتلەردە «ئېگىز هارۋىلىقلار» دەپ ئاتالغان ئەجدادلىرىمىز تىلىلار ياساپ ئىشلەتكەن ئېگىز چاقلىق هارۋىنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بىر شەكلى دېيىشكە بولىدۇ.

غالتەك هارۋا: بۇ توغراقنىڭ يوغان بېشىنى هەرىدەپ غالتەك قىلىش ياكى قېلىن ئۈچ تال شالنى جىپسىلاپ ئاندىن قاسقان شەكلىدە چۆرۈلدۈرۈپ هەرىدەپ غالتەك قىلىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. غالتەك هارۋا ئاساسەن ئېتىزغا قىغ، ئوغۇت توشۇش، تۈگمەنگە ئۆگۈت ئاپىرىش قاتارلىق يېقىن ئارىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭغا ئادەتتە كالا ياكى ئېشەك قوشۇلىدۇ.

كۆتەك هارۋا: بۇنىڭ ياسىلىشى بىر قەدەر مۇرەككەپ، تەننەرخىمۇ ئۆرە، ئۇ ئۈجمە ياغىچى ياكى شۇنىڭدەك چىڭ ياغاچتىن تىلىنغان شالنى تەخمىنەن 35 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ۋە مۇۋاپىق كەڭلىك ۋە قېلىنلىقتا يا شەكلىدە توغراپ قاسقان شەكلىدە چېتىپ ياسىلىدۇ. چاقىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 160 سانتىمېتىر بولۇپ، گوڭلىرى قېلىن كېلىدۇ. بېشى پۈتەي ياغاچ تۇڭغا ئوخشاش ئىككى باشتىن چەمبەرلەنگەن بولۇپ،

ئىچىگە چۈيۈن چوم ئېلىنىدۇ. چاق مەلۇم تومۇلۇقتىكى تۈمۈر ئوققا مىندۈرۈلىدۇ. ئوقنىڭ ئۈستىگە يەنە مەلۇم تومۇلۇقتىكى ياغاچ قويۇلۇپ، ئىككى باشتىن چىلاڭ چەمبەرلىنىدۇ. شۇڭا كۆتەك هارۋا يارىيا، غالتەك هارۋىلارغا قارىغاندا پۇختا، تەخمىنەن يېرىم تونىنغا يېقىن ئېغىرلىقتا يۈك كۆتۈرىدۇ.

تۈمۈر هارۋا: تۈمۈر هارۋىنىڭ ياسىلىشى كۆتەك هارۋىغا ئوخشاش. بىر پەرقى چاق ئولتىكىغا تەخمىنەن بىر يېرىم سانتىمېتردىن ئىككى سانتىمېتىر قېلىنلىقتا تۈمۈر تارتىلىپ، ياڭاق چوڭلۇقىدىكى مودۈر باش تۈمۈر مىخ بىلەن مىخلاپ تاشلىنىدۇ. هەربىر مىخ ئارىلىقى تەخمىنەن يەتتە-سەككىز ياكى 10 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئادەتتە بىر تونىنغا يېقىن يۈك كۆتۈرىدۇ.

ئات هارۋا، كالا هارۋىغا كەلسەك، ئادەتتە تۈمۈر هارۋىغا ئات، كالا هارۋىغا كالا قوشۇلىدىغان پەرقىگە قاراپ «ئات هارۋا»، «كالا هارۋا» دەپ ئايرىلغان. مەيلى ئات هارۋا ياكى كالا هارۋا بولسۇن، ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغان ئات ياكى كالا سانى هارۋىغا بېسىلىدىغان يۈك ئېغىرلىقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. تۈمۈر هارۋىغا ئادەتتە ئۈچتىن-تۆتكە قەدەر قوشۇلىدۇ. زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا بەش ئات قوشۇلىدۇ. «بەش ئات قوشتۇم هارۋامغا، تۆت ئات تارتالمىغانغا، يولغا چىقتىم ئايدىڭدا، سەن كەلگەندە يادىمغا» دېگەن قوشاق ئاشۇ ئاساستا مەيدانغا كەلگەن. كالا هارۋىسىغا ئادەتتە ئۈچ كالا قوشۇلىدۇ. زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا تۆت كالا قوشۇلىدۇ.

يارىياغا ئادەتتە بىر ئات ياكى بىرلا كالا قوشۇلىدۇ.

ئېشەك هارۋا: ئېشەك هارۋىنىڭ ياسىلىشى كۆتەك هارۋىغا ئوخشاش. پەرقى، چاقى كۆتەك هارۋىغا قارىغاندا كىچىك، شوتىلىرىمۇ ئىنچىكىرەك كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىر خىل قاتناش قورالى بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇ «مەپە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا مەخسۇس ئادەم تۇشۇلىدۇ. ئادەتتە شەھەر ئىچى ۋە شەھەر ئەتراپلىرىغا قاتنايدۇ. ئالاھىدە زۆرۈرىيەت تۇغۇلۇپ قالغان تەقدىردە ئۇزۇن يولغىمۇ قاتنايدۇ. مەپىنىڭ ياسىلىشى ئادەتتىكى هارۋىغا ئوخشاش. پەرقى ئېشەك هارۋىدىن ئېگىزرەك، كۆتەك هارۋىدىن پەسرەك. ئۈستى ئىككى يانغا كىچىك «دېرىزە» قويۇلۇپ يا شەكلىدە يېپىقلىق كېلىدۇ. شوتىسىنىڭ ئارقا تەرىپى ئېتىك، ئالدى تەرىپىگە «پەردىلىك ئىشىك» قويۇلىدۇ. مەپىگە ئادەتتە بىرلا ئات قوشۇلىدۇ. ئەمما ئاتنىڭ جابدۇقلىرى ناهايىتى چىرايلىق بېزەلگەن بولۇپ، بوينىغا كىچىك تۈچ قوڭغۇراقلار ئېسىلىدۇ.

كالا، ئېشەك، قېچىر، تۆگە: ئەجدادلىرىمىز كالىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىش بويىچە ئالدى بىلەن دېهقانچىلىقتا پايدىلانغان. ئەجدادلىرىمىز ساپاننى كالىغا سۆرۈتۈپ يەر هەيدەپ تېرىقچىلىق قىلغان. قىزىل مىڭ ئۆي تام سۆرەتلىرىدىكى كالىغا ساپان سۆرىتىپ يەر هەيدەۋاتقان ئادەم سۈرىتى، شۇنى ئىسپاتلايدۇ. كېيىنچە تەدرىجىي هالدا هارۋىغا قوشۇش، يۈك توشۇش قاتارلىق ترانسپورت ۋاستىسى سۈپىتىدىمۇ شۇنىڭدەك جۇۋازغا قوشۇپ ياغ تارتىشتىمۇ پايدىلىنىپ كەلگەن.

ئېشەك — ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاتتىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇهىم قاتناش قورالى. ئەجدادلىرىمىز ئېشەكنى ئاتتىن كېيىن كۆندۈرۈپ ئۆزلەشتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، يېزا-قىشلاقلاردا ئېشەكنىڭ رولى ئاتنىڭ رولىدىن چوڭ، شەھەر قاتناش قوراللىرى ئىچىدە ۋېلسىپىت نەقەدەر ئومۇملاشقان بولسا، كەڭ يېزا-قىشلاقلاردا ئېشەك شۇ قەدەر ئومۇملاشقان. بۇ مەنىدىن ئېشەكنى يېزا-قىشلاقلاردىكى «جانلىق ۋېلسىپىت» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. شۇڭا هەربىر ئائىلىدە دېگۈدەك ئىككى-ئۈچتىن ئېشەك بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئېشەكتىن بىر تەرەپتىن قاتناش قورالى

سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خامان تېپىش، ئاشلىق، ئوت-سامان، ياغاچ-تاش، ئېتىزغا قىغ-ئوغۇت توشۇشتا پايدىلىنىشتىن تاشقىرى ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورت ۋاستىسى سۈپىتىدىمۇ پايدىلىنىپ كەلگەن. ئېشەك ترانسپورتى ئۇيغۇرلاردا مەخسۇس ترانسپورت شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار «ئېشەكچى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېشەك ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئاز دېگەندە سەككىز-ئون، كۆپ دېگەندە ئون-يىگىرمىدىن ھەتتا، يىگىرمە-ئوتتۇزدىن ئېشىكى بولىدۇ. ئېشەك ترانسپورتىنىڭ باشقا ترانسپورت ۋاستىلىرىگە قارىغاندا جاپاسى كۆپ. پايدىسى ئاز. شۇڭا «ئۆزىنىڭ ئۆزىگە، توپىسى كۆزىگە» دېگەن ماقال كېلىپ چىققان.

مۇندىن باشقا ئەجدادلىرىمىز باللارنىڭ كەلگۈسىدە ئات بەيگىسىگە، ئوغلاق تارتىشقا قاتنىشىشقا ئاساس يارىتىش ئۈچۈن ئېشەكتىن تەنتەربىيە ۋاستىسى سۈپىتىدىمۇ پايدىلىنىپ كەلگەن. شۇڭا باللار ئېشەك بەيگىسى ئۆتكۈزىدۇ. كونا تۇماقنى «ئوغلاق» قىلىپ تارتىشىپ ئويناپ مەشق قىلىدۇ.

قېچىردىن ئەجدادلىرىمىز مىنىشنى ئاساس، ھارۋىغا قوشۇشنى قوشۇمچە قىلىپ پايدىلىنىپ كەلگەن. قېچىر ئەمەلىيەتتە ئېشەكنى بايتال ئاتقا چاپتۇرۇش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن ئەلا سورتلۇق ئېشەك، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى تۇغماس، جاھىل، يولغا چىدامLIق كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قېچىر ئۇزۇن يولغا مىنىلىدۇ ۋە تۇغماس ئاياللارمۇ قېچىرغا تەقلىد قىلىنىدۇ.

تۆگىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى قاتناش ۋاستىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىز تۆگىدىن ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورت ۋاستىسى سۈپىتىدە ئاساسلىقى دەشت قۇملۇق يوللاردا پايدىلىنىپ كەلگەن. تۆگە كارۋانى يولغا

چىققاندا خۇددى «تارانچى ھارۋىسى» دەك تىزىلىپ ماڭىدۇ. تۆگە ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىققا بەرداشلىق كەلگەچكە «چۆل كېمىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۆگە كارۋانى ماڭغاندا ئالدىدىكى ۋە كەينىدىكى تۆگىنىڭ بوينىغا قوڭغۇراق ئېسىلىدۇ.

كېمە: ئەجدادلىرىمىز كېمىدىن بىلىقچىلىق قورالى سۈپىتىدە پايدىلانغاندىن تاشقىرى قاتناش قورالى سۈپىتىدىمۇ پايدىلىنىپ كەلگەن. مۇنداق كېمە چوڭ، ئىچى ئوي، قورساقلىق، چوڭقۇر كېلىدۇ. بۇ چوڭ توغراق ياغىچىدىن ئويۇپ ياسالغان بولۇپ، ئاساسلىقى دەريادىن ئۆتۈشكە ئىشلىتىلىدۇ. مۇنداق كېمىدە ئادەتتە ئادەم ئۆتكۈزۈلىدۇ. يۈك، ھارۋا قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزۈشتە چېتىق كېمە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئادەم ئۆتكۈزۈلىدىغان كېمىدىن ئۈچ — تۆتنى قاتار چېتىپ ئۈستىگە تاختاي مىخلاپ ياسىلىدۇ. ئۈستى تۈز كېلىدۇ.

تۇلۇم: ئۆچكە تېرىسىدىن قىلىنغان تۇلۇمغا يەل توشقۇزۇپ، ئاغزى چىڭ باغلىنىدۇ، شۇنداق تۇلۇمدىن بىر قانچىسى ئۇزۇنلۇق، توغرىلىق بويىچە كۋادرات شەكلىدە قاتارلاشتۇرۇپ ئۈستىگە شال تېڭىلىدۇ. ئادەم، يۈك شۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ.

سال: بۇ ئاساسلىقى دەريانىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىشلىتىلىدىغان ئاددىي قاتناش قورالى بولۇپ، ئادەتتە ئادەم، ئوتۇن قاتارلىقلار توشۇلىدۇ. سال ئادەتتە ئىككى ياكى ئۈچ تال ياغاچ قاتار چېتىلىپ ياسىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە «تارانچى ھارۋىسى»، «خادىك» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى خىل ھارۋا ئومۇملاشقان.

تارانچى ھارۋىسى دەپ ئاتىلىشى ئۇ ئاساسەن ئىلى

ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە مۇھىم ترانسپورت ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. شۇڭا «تارانچى ھارۋىسى» دەپ ئاتالغان. چۈنكى 30، 40-يىللاردا ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئۆز دەۋرىدىكى ھاكىمىيەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن «تارانچى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

تارانچى ھارۋىسىنىڭ ئادەتتىكى ھارۋىدىن بىر پەرقى ئېگىز-پەسلىكى مەپىگە ئوخشاش، ئەمما مەپىدىن ئۇزۇن، كەڭ، ئادەتتىكى ھارۋىدىن كالتە، تارىراق كېلىدۇ (چاقى تۆمۈر ھارۋىنىڭ چاقىدەك ياسىلىدۇ). شۇنىڭدەك بىرلا ئات قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭدا مەخسۇس ھەر خىل ئەشيا، كۆمۈر قاتارلىق نەرسىلەر توشۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى يولغا چىققاندا، ئادەتتە ئاز دېگەندە ئۈچ — تۆتى، كۆپ دېگەندە سەككىز — ئونى بىر يۈرۈش قىلىنىپ ئىككىلا ئادەم باشقۇرۇپ ماڭىدۇ، بىرى باشتىكى ھارۋىدا ماڭسا، ئىككىنچىسى ئەڭ ئاخىرقى ھارۋىدا ماڭىدۇ. ئوتتۇرىدىكى ھارۋىلار باشتىكى ھارۋىغا ئەگىشىپ يولىدىن، قاتاردىن چىقمايدۇ. ئاشۇنداق ئىككى ياكى ئۈچ يۈرۈش ھارۋا بىرگە يولغا چىقىدۇ. بۇ ئۆز دەۋرىنىڭ شارائىتىدا ئىلغار ترانسپورت ۋاستىسى بولۇپ، ھازىرقى پويىز ۋاگونلىرى، ئاپتوموبىل كالونلىرىغا ئوخشاش رول ئوينىغان.

خادىك: خادىك ھارۋا ئىككى خىل بولۇپ، تۆت چاقلىق ئۇزۇن كېلىدۇ. چاقى تارانچى ھارۋىسىنىڭ چاقىدەك، ئەمما چاقىنىڭ تاپىنى تار، توم، گوڭگىلىرى ئۇزۇن، شالاڭراق، بېشى چاققان كېلىدۇ. خادىك ھارۋىنىڭ بىر خىلى ھەرىكەتچان ئىككى شوتىلىق، يەنە بىر خىلى ھەرىكەتچان بىر شوتىلىق كېلىدۇ. شوتا ئالدى چاق ئوقىغا تۇتاشتۇرۇلىدۇ. ئارقا چاق بىلەن ئالدى چاق ئىككى ياندىن ئايرىم تۆمۈر بالداق بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئۈستىگە تۈز ياكى ئۆلۈق شەكىللىك تۇپىلىك

www.uyghurkitap.com

ياسىلىدۇ.

ئىككى شوتىلىقىغا بىر ئات قوشۇلىدۇ. بۇ ئاساسەن شەھەر كوچىلىرىدا ئادەم كىرا قىلىشقا ئىشلىتىلىپ كەلگەن. بۇ تۈر دەۋردە ھازىرقى كوچا ئاپتوبۇسى ۋە تاكسىنىڭ رولىنى ئويناپ كەلگەن. بىر شوتىلىققا ئىككى ئات قوشۇلۇپ، ئاساسلىقى يېزا-قىشلاق، تاغ-ئېدىرلاردىن ئاشلىق، ئوت-سامان، ياغاچ-تاش توشۇشقا ئىشلىتىلىپ كەلگەن. خادىك ئاساسەن شىمالىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ئومۇملاشقان.

يەنە «پوچتا» ياكى «پەيتون»، «پوۋىسكا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قاتناش قورالى بولۇپ، بۇنىڭدىن كونا جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمران ئەمەلدارلار، بايلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرى بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن. بۇنىڭغىمۇ ئات قوشۇلىدۇ.

مۇندىن باشقا 40-يىللاردىن كېيىن رېزىنكا چاقلىق ھارۋا ئومۇملىشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چاقى ئاپتوموبىل چاقى بولغاچقا كىشىلەر «يەل چاق ھارۋا» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ خىلدىكى ھارۋا ئۇرۇمچى قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە ئىستېمالدىن قالغان بولسىمۇ، ناھىيە، يېزا-قىشلاقلاردا تا ھازىرغا قەدەر ترانسپورت ساھەسىدە يەنىلا مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. 60-يىللاردىن كېيىن كىچىك تىپتىكى يېنىك رېزىنكە چاقلىق ھارۋا ئومۇملىشىپ كەڭ يېزا-قىشلاق ھەتتا شەھەرلەردىمۇ ئۇنىۋېرسال قاتناش ترانسپورت ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ھازىر يېزا-قىشلاقلاردا ھەر ئائىلىدە دېگۈدەك بىردىن مۇشۇنداق ھارۋا بار.

ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتوموبىل، ئايروپىلان، پويىز قاتارلىق زامانىۋى قاتناش-ترانسپورتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، زامانىۋى تاشيول ۋە كۆۋرۈكلەرنىڭ ياسىلىشى، يىراق چەت

يېزا-قىشلاقلارغىچە ماشىنا قاتنىشىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، چوڭ ۋە كىچىك تىپتىكى تراكتورلارنىڭ ئومۇملىشىشى ئارقىسىدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قاتناش-ترانسپورت ۋاسىتىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز رولىدىن قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# توققۇزىنچى باب

# ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى

## 1. مەنىۋى مەدەنىيەت توغرىسىدا

«مىللەتلەر بىر-بىرىدىن پەقەت تۇرمۇش شارائىتى بىلەنلا ئەمەس، مىللىي مەدەنىيەت خۇسۇسىيەتلىرى ئىپادىلىنىدىغان روھىي قىياپەتلىرىدىمۇ پەرق ئېتىدۇ». روھىي ھالەت مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئىچكى قاتلىمىغا مەنسۇپ يەنى مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يادروسى.

مەدەنىيەت ئۇقۇمىدىن ئالغاندا، مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ياراتقان ماددىي بايلىقتىن بەھرىمەن بولۇشى بويىچە مەنىۋى دۇنياسىدا شەكىللەنگەن، ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى ئادەت ھادىسىلىرىنىڭ يىغىندىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، ماددىي مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە ئوخشاش (مەسىلەن، ھارۋا، ماشىنا، ئايروپىلان، تېلېۋىزور، ئىمارەت، كىيىم-كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى، تاماق قاتارلىق) كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدۇ. كىشىلەر ماددىي مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدىن كۆرۈپ، تۇتۇپ، تېتىپ، ئولتۇرۇپ-قوپۇپ ھوزۇرلانسا، مەنىۋى مەدەنىيەتتىن مەنىۋى پائالىيىتى ئارقىلىق ئىچكى دۇنياسىدا ھوزۇرلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى «مەنىۋى ئادەت» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. دېمەك مەنىۋى مەدەنىيەت ئىجتىمائىي ئاڭ، ئىجتىمائىي تەشكىلىي

قائىدە-تۈزۈم، دىن، ئېتىقاد-ئەقىدە، ئەخلاق مۇراسىملار، ئەدەبىيات-سەنئەت (ھېكايە-چۆچەك، شېئىر-قوشاق، ماقال-تەمسىل، ئەپسانە-رىۋايەت ۋەھاكازا). ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قائىدە-ئۇسۇللىرى قاتارلىق ناھايىتى كەڭ ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ نۇقتىدىن مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئىنسانلارنىڭ ماددىي بايلىقتىن بەھرىمەن بولۇشتىكى «ئىقتىدارى»، «ئۇسۇل شەكلى» ياكى شەكىلسىز «پىسخىك مەدەنىيەت» ھادىسىسى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەت ئەنە شۇنداق كەڭ ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالغاچ، ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئوخشاش بولمىسىمۇ خۇددى بىر گەۋدە سۈپىتىدە زىچ باغلانغان بولىدۇ، شۇڭا مەنىۋى ئادەتلەر ھەممىشە ئىقتىسادىي ئادەت ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلەر بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، مەنىۋى ئادەت ئۈستىدە ئىپادىلىنىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، ماددىي مەدەنىيەت مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى. مەنىۋى مەدەنىيەت جەمئىيەت ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. ماددىي مەدەنىيەت مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرسە، مەنىۋى مەدەنىيەت ئۆز نۆۋىتىدە ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. دېمەك بۇ ئىككىسى ھامان ئاشۇنداق دىئالېكتىك مۇناسىۋەتتە تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگىرىپ، بېيىپ، رەڭدارلىشىپ كەلگەن ۋە مەڭگۈ شۇنداق مۇناسىۋەت ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگىرىپ بېيىپ، رەڭدارلىشىپ بارغۇسى. بىز بۇ مۇناسىۋەت قانۇنىيىتى ئاساسىدا، ئالدىنقى بابلاردا بايان قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ئەھۋالىغا نەزەر سالساق، ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن خېلى يۇكسەك تەرەققىيات سەۋىيىسىگە، ئۆزىگە خاس مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 2 . ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ تەشكىلىي شەكلى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلىي شەكلىنى ئاساسەن مۇنداق بەش دەرىجىگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1. ئائىلە: مەلۇمكى ئائىلە بىر جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆپكى تەشكىلىي ئاساسى. بۇ تارىخىي مەزگىلدە ئۇيغۇر ئائىلە تەشكىلى ئۇيغۇر فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ تۆپكى ئىجتىمائىي تەشكىلىگە ئايلىنىپ، مۇقىم تەرەققىي قىلىش بىلەن تولۇق فېئودال خاراكتېرىنى ئالدى.

2. مەھەللە: بۇ مۇئەييەن بىر دائىرە ئىچىدە ئولتۇراقلاشقان يەتتە-سەككىز ئائىلە بىرلىكىدىن تەركىب تاپقان ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئىجتىمائىي تەشكىلىي شەكىل.

3. كەنت: بۇ ئۈچ-تۆت مەھەللە بىرلىكىنى ئاساس قىلغان ئەڭ كىچىك مەمۇرىي تەشكىلىي شەكىل.

4. يېزا: بۇ تۆت-بەش ياكى ئونىدىن كۆپ كەنت بىرلىكىنى ئاساس قىلغان تۆۋەن دەرىجىلىك مەمۇرىي تەشكىلىي شەكىل. بۇ ئىجتىمائىي تەشكىللەرنىڭ باشلىقلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ يېزا ئاقساقاللىرى ياكى بەگلىرى؛ يەككە ئاتاشتا مەھەللە باشلىقى ياكى ئون بېشى؛ كەنت باشلىقى ياكى يۈز بېشى؛ يېزا باشلىقى ياكى (مىڭ بېگى) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. يېزا باشلىقى دوپ بېگى (توپ بېگى) دەپمۇ ئاتىلىپ كەلگەن. دوپ بېگىنىڭ قول ئاستىدا دۇۋان بېگى، كۆك بېگى، مىراپ قاتارلىق كىچىك بەگلەرمۇ بولۇپ، ئۇلار يېزا-كەنتلەرنىڭ غەللە-پاراق، باج-سېلىق، سۇ ئىشلىرى قاتارلىق ئىشلار بويىچە دوپ بېگىگە ياردەملىشىپ كەلگەن.

4. شەھەر: بۇ يەتتە-سەككىز ۋە ئونىدىن كۆپ يېزا

بىرلىكىنىڭ قوشۇلمىسى ئاساس قىلىنغان بىر قەدەر يۇقىرى مەمۇرىي بىرلىك تەشكىلىي شەكىل بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە هازىرقى ناھىيىگە باراۋەر مەمۇرىي رايون بىرلىكى هېسابلىناتتى. مۇنداق مەمۇرىي رايون باشلىقلىرى هاكىم بەگ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

شەھەر قەدىمكى دەۋردە «بالىق» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ، ئۆز دەۋرىدە قەلئە ئاساسىدىكى هاكىمىيەت مۇئەسسەسەلىرى ۋە بەلگىلىك ساندا ئاهالە جايلاشقان جاينى بىلدۈرەتتى. ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئاشۇنداق قەلئەلەر ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان ۋە دېھقانچىلىق، قول سانائەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن پەيدىن پەي بارلىققا كەلگەن، ئادەتتىكى يېزىلاردىن بىر-ئىككى، هەتتا بىر نەچچە هەسسە كۆپ ئاهالە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلار، مەسىلەن، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلار شەھەر دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. بۇ جايلار ئۆز دەۋرىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، قاتناش ساهەلەردىكى تەرەققىيات دەرىجىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئادەتتىكى شەھەرلەردىن پەرقلىنەتتى. شۇڭا بۇ شەھەرلەردە تۇرۇشلۇق باش مەمۇرىي ئەمەلدار ۋالىي ياكى هاكىم بەگ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. مەيلى مۇشۇنداق مەركىزىي شەھەر ياكى ئادەتتىكى شەھەرلەر بولسۇن ئولتۇراقلاشقان ئاهالىلىرىنىڭ جايلاشقان ئورنىنىڭ هەر بىر جۇغلۇق بۆلەكلىرىمۇ شۇ شەھەرلەرنىڭ ئاساسىي قاتلام ئىجتىمائىي تەشكىلىي سۈپىتىدە مەهەللە دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

«ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە، ئويناي دەپ كەلدىم. مەيلىڭ بارمۇ، مەيلىڭ يوقمۇ، بىلەي دەپ كەلدىم» دېگەن خەلق قوشىقىدىمۇ مەهەللىنىڭ شۇ ئالاهىدىلىكى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئون بېشى، يۈز بېشى، مىڭ بېشى قاتارلىق مەنسەپ ناملىرى بۇرۇن هەربىي تەشكىلىي

بىرلىك مەنسەپناملىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە مەمۇرىي تەشكىلىي بىرلىك مەنسەپ نامىغا تەدبىقلانغان.

شۇ تارىخىي مەزگىلدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىر مۇددەت دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىرىككەن تۈزۈم ھۆكۈم سۈردى. فېئوداللىق ھاكىمىيەت پۇتۇنلەي دىگۇدەك دىنىي ھاكىمىيەت تۈسىنى ئالدى. ئالاھىدىلىكى: 1) ئۇيغۇر فېئودال جەمئىيىتىدىكى ئالىي ھۆكۈمدار ئىسلامىيەت مەنسەپ نامىدا «سۇلتان» دەپ يۈرگۈزۈلىدىغان بولدى. مەسىلەن، «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان»، «سۇلتان ئابدۇرشىت خان» دىگەنگە ئوخشاش. ھەر دەرىجىلىك بەگلەر، ھەر دەرىقىلىك دىنىي خادىملارنىڭ نازارىتى ئاستىغا قويۇلدى. 2) مەھكىمە شەرئى (دىنىي سوت) تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، قانۇنىي ئىشلار قازى قوززات (بىر رايون بويىچە ئالىي مەھكىمە شەرئى باشلىقى) قازى، ئەلەم، مۇپتى (پەتىۋا يەنى ھۆكۈم چىقارغۇچى) تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بولدى. مەھكىمە شەرئىنىڭ ئاساسىي قاتلام خادىملىرى سۈپىتىدە يېزا-مەھەللىلەرگە ئىمام-مەزىن تەيىنلەندى. 3) غوجىلىق نەسەب تۈزۈمى ھۆكۈم سۈردى.

قۇمۇلدا، كېيىنچە لۇكچۇندە نەسەبى ۋارىسلىق فېئودال ۋاڭلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1884-يىلى فېئودال يەرلىك ھاكىمىيەتلەر بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىش بىلەن 1887-يىلى نەسەب بەگلىك تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ھاكىم بەگلەر ئۆلكىدىن تەيىنلىنىدىغان بولدى. ئەمما كەڭ يېزا-قىشلاقلاردا بەگلەر يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋەردى. بۇ بەگلەر ھاكىم بەگلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ ئىجتىمائىي كەسىپلەر ۋە يېزا-قىشلار ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. بەگلەر نامى ۋە ۋەزىپىلىرى

تۆۋەندىكىچە:

يېزا-قىشلاق ئىشلىرىغا مەسئۇل بەگلەر:

خەزىنىچى بەگ: يەر-زېمىن، غەللە-پاراقا مەسئۇل.

شاڭبېگى: غەللە-پاراق تاپشۇرۇشقا مەسئۇل.

مۆتىۋەللى بەگ: يەر-زېمىن سودىسى، گۆرە-رەنە ئىشلىرى ۋە شۇ ساھەدىكى دەۋا-دەستۇرلەرگە مەسئۇل.

ئەرباب بەگ: ئالۋان-ياساق ئىشلىرىغا مەسئۇل.

باغۋەن بەگ: باغ-ۋارانلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل.

دوپ بېگى: ئىككى مىڭ ئۆيلۈك دېھقانغا مەسئۇل.

يۈز بېگى: يۈز ئۆيلۈك دېھقانغا مەسئۇل.

ئون بېگى: بىرنەچچە ئون ئۆيلۈك دېھقانغا مەسئۇل.

مىراپ بەگ: سۇ ئىنشائاتى ۋە سۇ تەقسىماتىغا مەسئۇل.

قول سانائەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بەگلەر:

نېقىب بەگ: ئۇستاملارنى ئىشلىتىشكە مەسئۇل.

كاتىۋال بەگ: ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل.

قاش بېگى: قاشتېشى قېزىشقا مەسئۇل.

مىس بەگ: مىس كانغا مەسئۇل.

سودا-تىجارەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇدىغان بەگلەر:

كېرەك-ياراق بېگى: سودا-تىجارەت ۋە باج ئىشلىرىغا مەسئۇل.

باجگەر بەگ: باج ۋە باھاغا مەسئۇل.

بازار بېگى: بازار ئىشلىرىغا مەسئۇل.

ئەدلىيە-ئامانلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بەگلەر:

قازى بەگ: بارلىق دەۋا ئىشلىرىغا مەسئۇل.

سىپا قازى بەگ: مەخسۇس باشقىلارنىڭ دەۋا ئىشلىرىغا مەسئۇل.

قازى بەگ: پۇقرالارنىڭ دەۋا ئىشلىرىغا مەسئۇل.

www.uyghurkitap.com

پاششاپ بېگى: باسقۇنچى، ئوغرىلارنى تەكشۈرۈش، جازالاش ئىشلىرىغا مەسئۇل.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ھەربىي ئىشلارنى، خەت-ئالاقە، يول-قاتناش قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇرۇدىغان «قارا دىۋانبېگى»، «جەپ بېگى»؛ «دىۋانبېگى» قاتارلىق بەگلەرمۇ بولغان. قۇمۇل، لۈكچۈندە ۋاڭلىق تۈزۈم يولغا قويۇلغان بولسىمۇ بۇ ئىككى ۋاڭلىق تەۋەلىكىدىكى جايلارنىڭ ئاساسىي قاتلام ئىشلىرى يەنىلا بەگلەر ئارقىلىق يولغا قويۇلۇپ كەلدى. چوڭ جىنايى ئىشلاردىن باشقا نىكاھ ئىشلىرى، خەلق ئىچىدىكى ھەق-تەلەپ ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل دەۋا ئىشلىرى يەنىلا دىنىي سوت تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىپ كەلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە «شاڭخەي» (سودا-تىجارەتچىلەر جەمئىيىتى) دېيىلگەن ئاممىۋى تەشكىلىي شەكىل مەيدانغا كەلدى. بۇ سودا-تىجارەتچىلەر بىلەن قول سانائەتچىلەرنىڭ ئاممىۋى تەشكىلىي بولۇپ، باشلىقلىرى «شاڭزۇڭ»، «خاڭتۇ» دەپ ئاتىلىپ كەلدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللاردىن مەلۇم بولىدىكى، بەگلىك تۈزۈمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي تەشكىلىي شەكلىدىن ئىبارەت. بۇ تۈزۈم 1887-يىلىدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە يولغا قويۇلغان مەمۇرىي تۈزۈم ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، يېزا-قىشلاقلاردا بەگلەر، ئاقساقاللار مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىغىچە يەنىلا بەلگىلىك رول ئويناپ كەلدى. 1931-يىلىدىكى «12-ئاپرېل ئۆزگىرىشى»دىن كېيىن ۋاڭلار، بەگلەرنىڭ ئىمتىيازى ۋە دىنىي سوت تولۇق ئەمەلدىن قالدى.

شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۈلكە مەركىزى ۋە ۋىلايەت، ناھىيىلەردە شىنجاڭدىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر قاتارىدا «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» نامىدا ئاممىۋى تەشكىلات قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلات ئۆز دەۋرىدە شىنجاڭ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىي-مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. 1942-يىلىدىن كېيىن گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل باۋجيا تۈزۈمى ئاساسىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ھۆكۈم سۈردى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، فېئودالىزم ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىدا ئىجابىي رول ئوينىدى. ئەمما ھەر خىل تارىخىي سەۋەبلەر ۋە يەرلىك فېئودال ئېكسپىلاتاتورلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئۇرۇش-ماجىرا، داۋالغۇشلار ۋە ئۆز دەۋرىدە مەملىكەت بويىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى، سالغان مىللىي زۇلۇمى، مىللىي كەمسىتىش، نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتى ئارقىسىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئېغىر بۇزغۇنچىلىق، توسقۇنلۇققا ئۇچراپ ئەينى ۋاقىتتا بىر مەزگىل مەيدانغا كەلگەن تەرەققىيات مەنزىرىسى ئورنىدا تۇرغۇنلۇق، چۈشكۈنلۈك، قاششاقلىق، نادانلىق ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. بۇ ھالەت ئازادلىققا قەدەر داۋاملاشتى.

ھەرمىللەت خەلقى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە نەچچە مىڭ يىلغا سوزۇلغان جۇڭگو فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرقى قورغانى — گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۈزۈل-كېسىل خاتىمە بەردى، ھەر

مىللەت خەلقى دۆلەتنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىغا ئايلاندى. ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ۋە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىنى ئۆزى باشقۇرۇش قانۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

www.uyghurkitap.com

# ئونىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە-نىكاھ تۇزۇم رەسمىيەتلىرى

كىشىلىك جەمئىيەت ھەر خىل كىچىك تىپتىكى ئىجتىمائىي ئومۇملۇقلاردىن ھاسىل بولغان. ئادەم، جۇملىدىن مىللەتمۇ شۇنداق ئىجتىمائىي ئومۇملۇقلارغا مەنسۇپ. جەمئىيەت ئۇقۇمىدىن ئالغاندا، شۇنداق كىچىك ئومۇملۇقلار ئۆز ئالدىغا بىر جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇ ئىجتىمائىي ئومۇملۇقلار ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە سانسىز، ئەڭ تۈپكى بىرلىك — ئائىلىدىن تەركىب تاپقان. ئائىلە بولسا، نىكاھ ئاساسىدا شەكىللەنگەن. شۇڭا ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ھۈجەيرىسى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئائىلە ۋە نىكاھ تۈزۈم رەسمىيەتلىرىدە تىپىك ئىپادىلىنىدۇ.

### 1. ئائىلە قۇرۇلمىسى

ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئەسىرلەر بويى ئەر ئاساس قىلىنغان فېئودال ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمى ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن. ئائىلە قۇرۇلمىسى ئاتا قان سىستېمىسى ئاساس

قىلىنغان بىر ئەر-خوتۇنلۇق چوڭ ئائىلىدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى:

1) ئائىلە ئەزالىرى ئەر جەمەتىنى ئاساس قىلغان ئۈچ ياكى تۆت ئەۋلاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار چوڭ دادا، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولغان ئاكا-ئۇكا ھەم ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئىبارەت. ئادەتتە ئۈچ ئەۋلات بىرگە ياشايدىغان ئائىلىلەر بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك بولۇپ، چوڭ دادا ھايات ۋاقتىدا ئاكا-ئۇكىلار ئاسانلىقچە بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتمەيدۇ. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئەر جەمەتىدىن بولغان چوڭ دادىنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ. ئائىلىنىڭ چوڭ ھوقۇقى چوڭ دادىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ ئائىلە ئەزالىرى تەرىپىدىن ئۆينىڭ تۈۋرۈكى، «ئۆينىڭ بەرىكىتى» دەپ ھۆرمەتلىنىدۇ، ئاسرىلىدۇ. ئۇنىڭ سۆز ھەرىكىتى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئائىلە قانۇنى ھېسابلىنىدۇ، پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى ئۇلتۇرسا-قوپسا ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدۇ، ئۆزلىرى ھەرقانچە غورىگىل قالسىمۇ، ھەممە نەرسىنىڭ باش بۇرنىنى ئۇنىڭغا ئاتايدۇ.

2) تۇنجى ئوغۇلنىڭ ئورۇن مەرتىۋىسى يۇقىرى.

ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە تۇنجى ئوغۇل «ئىككىنچى ئاتىلىق» ھۆرمىتىگە سازاۋەر. ئۇ سىرتقا قارىتا ئائىلە باشلىقىغا ۋاكالىتەن بارلىق «تاشقى ئىشلار» غا؛ ئائىلە ئىچىدە بولسا، ئائىلىنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل. ئەمما ئائىلىنىڭ بىر يىللىق ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، كىرىم-چىقىم ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، مال-مۈلۈكنى باشقۇرۇش، پەرزەنتلەرنىڭ نىكاھ ئىشلىرى قاتارلىق ئىشلاردا بىر قارارغا كېلىشتە ئالدى بىلەن ئائىلە باشلىقىنىڭ سەمىگە سېلىپ، ئۇنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

3) ئائىلە ئەنئەنىسىنى ئەلا بىلىش، ئاتا-ئانىغا ۋاپادار

بولۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئاسراش، ئائىلە ئىتتىپاقى، ئىناقلىقنى ساقلاش ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن. ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدە بۇنىڭغا خىلاپ ئىشلار سادىر قىلىنسا، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ئاتا-ئانىغا ۋاپاسىزلىق، ئائىلە ئەنئەنىسىگە ئاسىيلىق دەپ قارىلىپ پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ قاغىش-نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇر ئائىلىسىدىكى مۇنداق مۇھەببەت-نەپرەت «يەر سۇ بىلەن كۆكۈرەر، ئەر ئاتا-ئانا دۇئاسى بىلەن (كۆكۈرەر)»، «ئاتا قارغىش ئوق» دېگەن تەمسىلدە ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە تىپى ۋە قۇرۇلمىسىدا ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىش بىلەن فېئودال چوڭ جەمەتلىك ئائىلە ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى ئائىلىلەرمۇ شەكىللەنگەن. مەسىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا قەشقەردىكى تاش ئاخۇن بايلار ئائىلىسى؛ شەرقىي شىنجاڭ رايونىدا تۇرپاندىكى مۇسۇلبايلار ئائىلىسى؛ شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئىلىدىكى مۇسابايوۋلار ئائىلىسى قاتارلىق ئائىلىلەر ئەنە شۇنداق فېئودال چوڭ جەمەتلىك ئائىلىلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىندۇر. ئىككى ئەۋلات بىرگە ياشايدىغان ئائىلىلەر ئوتتۇرا تىپتىكى ئائىلىلەردىن بولۇپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگەللەيدۇ. فېئودال چوڭ جەمەتلىك ئائىلىلەر، ئوتتۇرا تىپتىكى ئائىلىلەرگە ئوخشاش تەرەققىي قىلالمىغان.

## 2. تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى مۇنداق تۆت سىستېمىغا بۆلۈنىدۇ:

www.uyghurkitap.com

1) قانداش تۇغقان: بىر ئاتا-ئانىدىن بولغان، ئاتا بىر، ئانا باشقا ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللار.

2) يېقىن تۇغقان: ئانا جەمەت تۇغقانلار ۋە بىر ئاتىدىن بولغان ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىلنىڭ پەرزەنتلىرى ھەم ئانا بىر، ئاتا بۆلەك ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللار.

3) يىراق تۇغقان: ئاتا جەمەت، ئانا جەمەت سىستېمىسىدىكى غەيرىي قانداش تۇغقانلارنىڭ ئەۋلادلىرى، مۇنداق تۇغقانلار ئادەتتە «شىرەم تۇغقان» دەپ ئاتىلىدۇ.

4) قۇدا تۇغقان: پەرزەنتلەرنىڭ قېيىن ئاتا، قېيىن ئانا ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى. ئادەتتە يۇقىرىقى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى «تۇغقان» دەپ ئاتىلىدۇ.

## 3. تۇغقانناملىرى

ئۇيغۇرلاردا بىر ئائىلە ئەزالىرى يەنى قانداش جەمەت بىرلىكى ئاساسىدىكى تۇغقانلار ئەجداد تەرتىپى، ئەۋلاد تەرتىپى، ياش تەرتىپى بويىچە خاس نام بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

1) ئەجداد تەرتىپى بويىچە: ئۇيغۇرلاردا ئەنئەنە بويىچە ئەجداد تەرتىپىنىڭ خاس نامى ۋە شەخس ئىسمى يەتتىنچى ئەجدادقىچە خاتىرىدە تۇتۇلىدۇ: ① دادا (ئاتا)، ئانا (ئاپا)؛ ② چوڭ دادا (ئاتا)، چوڭ ئانا (ئاپا)؛ ③ بوۋا (م) موما (م)؛ ④چوڭ بوۋا (م) چوڭ موما (م)؛ ⑤ ئۇلۇغ بوۋا (م) ئۇلۇغ موما (م)؛ ⑥ بەشىنچى ئەجدادتىن يەنى ئۇلۇغ بوۋىدىن يۇقىرىدىكىلەر ئۇلۇغ بوۋامنىڭ بوۋىسى ياكى ئالتىنچى، يەتتىنچى بوۋام دەپ يۈرگۈزۈلىدۇ. بۇرۇن ئالتىنچى، يەتتىنچى ئەجدادنىڭ خاس نامى بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگۈچە ئۇنتۇلغان بولسا كېرەك. شۇنىڭدەك ھازىر ئۈچىنچى ئەجدادلىرىدىن يۇقىرى ئەجدادنىڭ

خاس نامى ۋە شەخس ئىسملىرىنى تولۇق ئېيتىپ بېرەلەيدىغانلار ئاز ئۇچرايدىغان بولۇپ قالدى.

2) ئەۋلاد تەرتىپى بويىچە: ئۇيغۇرلاردا دادا جەمەت ئەۋلادى ئالتە بوغۇمدا يەنى ئالتە ئەۋلادىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئۇلار: ① ئوغۇل، قىز، ② نەۋرە، ③ ئەۋرە، ④ چەۋرە، ⑤ پەي نەۋرە، ⑥ كوكۇن نەۋرە دېيىلىدۇ. نەۋرە ئوغۇل نەۋرە، قىز نەۋرە دەپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

3) دادا، ئانا جەمەت بويىچە: دادا، ئانىسىنىڭ ئاكا-ئۇكا ئاچا-سىڭىللىرى ئومۇملاشتۇرۇپ تاغا ياكى ئاغا، ئاكا، ھامما دەپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ئەمما ئادەتتە يېقىنلىق، مېھرى ھۆرمەت ئېتىبارى بىلەن ئۇلارنىڭ شەخس ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا دادا (م)، ئانا (م)، ئاپا (م) سۆزى قوشۇلىدۇ. بەزى رايونلاردا دادىنىڭ ئاكىسى چوڭ ئاتا، ئۇكىسى كىچىك ئاتا؛ ئانىنىڭ ئاچىسى چوڭ ئاپا، سىڭلىسى كىچىك ئاپا دەپمۇ يۈرگۈزۈلىدۇ.

4) قۇدا تۇغقان ناملىرى: پەرزەنتلەرنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتى بىلەن شەكىللەنگەن غەيرىي قانداش سىستېمىسى ئاساسىدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت «قۇدا تۇغقان» دېيىلىدۇ ۋە خاس نام بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

① ئوغۇل ۋە قىز تەرەپ ئاتا-ئانىلىرى قۇدىلارنى پەرقلەندۈرۈش زۆرۈرىيىتى بولغاندا ئەر (ئەركەك) قۇدا، ئايال (چىشى) قۇدا دەپ يۈرگۈزۈلىدۇ. ② ئوغۇلنىڭ ئايالى «كېلىن ياكى كېلىن بالا»؛ قىزنىڭ ئېرى «كۈيە ياكى كۈيئوغۇل» دەپ يۈرگۈزۈلىدۇ. ئەمما ئوغۇل تەرەپ ئادەتتە كېلىنىنى ئائىلىنىڭ رەسمىي ئەزاسى سۈپىتىدە «قىزىم ياكى بالام» دەپ ئاتايدۇ. قىز تەرەپ بولسا، كۈيئوغۇلنى «ئوغلۇم ياكى بالام» دەپ ئاتايدۇ. ③ ئوغۇلنىڭ ئايالىنىڭ شۇنىڭدەك، كېلىنىنىڭ ئېرىنىڭ دادا (ئاتا) سى، ئانا (ئاپا) سى، «قېيىن ئاتا»، «قېيىن ئانا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە دادا (ئاتا) ئانا (ئاپا) دەپ

يۇرگۈزۈلىدۇ. ④ كۆپ پەرزەنتلىك ئائىلىلەردە چوڭ تۇغقۇلىنىڭ ئايالى ئۇنىڭ ئۇكا، سىڭىللىرى تەرىپىدىن «يەڭگە» ياكى «ئېگىچە»، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا بولسا «ئايال» دەپ ئاتىلىدۇ. كېلىنلەر ئېرىدىن چوڭلىرىنى ئاكا ياكى ئاغا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا «موللاكا»، «ئاچا» ياكى «ھەدە»، «ئايال»؛ كىچىكلىرىنى «ئۇكام»، «سىڭلىم» دەپ ئاتايدۇ. بىر ئائىلىدىكى ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ئاياللىرى ئۆزئارا «ئېپى يەڭگە» دەپ ئاتىشىدۇ. ⑤ ئەرنىڭ ئايالىنىڭ ئاكا ـ ئۇكىسى «قېيىن ئاغا»، «قېيىن ئىنى»، ئاچا ـ سىڭىللىرى «قېيىن ئېگىچە»، «قېيىن سىڭىل» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە بولسا، ئاكا ياكى ئاغا، ئاچا، ئېگىچە ياكى سىڭىل دەپ يۇرگۈزۈلىدۇ. ⑥ بىر ئائىلىدىن ياتلىق بولغان ئاچا، سىڭىلنىڭ ئەرلىرى شۇنىڭدەك ئەر-ئايال ئىككى تەرەپنىڭ ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرى ئارىسىدا قۇدىلاشقانلارمۇ «باجا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى «قايچا قۇدا» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قۇدا تۇغقانلار بىۋاستە تۇغقانلاردىن ھېسابلانمىسىمۇ، لېكىن ئۆزئارا قاتتىق ھۆرمەتلىشىدۇ. بۇ «قۇدا كەلدى، خۇدا كەلدى»، «كۈيئوغۇل كەلدى، خان كەلدى» دېگەن تەمسىلدە ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. ⑦ پەرزەنتلەرگە ئائىت خاس نام: يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان بىر جان ئىگىسى بىر تۇتاش «بالا»، جىنسىي پەرقىگە قاراپ «ئوغۇل»، «قىز» دەپ ئاتىلىدۇ. بالا تۇغۇلۇپ بېشىغا توشقىچە «بوۋاق»، ئالتە-يەتتە ياشلىق بالىلار «نارەسىدە»، يەتتە-سەككىز ياشتىن 11-12 ياش ئارىلىقىدىكى بالىلار يەنى ئۇششاق يېشىدىكى بالىلار «ئۆسمۈر» دەپ ئاتىلىدۇ. بىر قېتىملىق تۇغۇتتا تۇغۇلغان ئىككى بالا «قوشكېزەك» دەپ ئاتىلىدۇ. ⑧ نەۋرىلەر: بىر جەمەتتىن بولغان نەۋرىلەر ئادەتتە تۇغقان دەپ يۇرگۈزۈلىسىمۇ، ياش تەرتىپى بويىچە يەنىلا «نەۋرە

ئاكا» ، «نەۋرە ئىنى» ، «نەۋرە ئاچا ياكى نەۋرە ھەدە» ، «نەۋرە سىڭىل» دېگەن خاس نام ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا تۇغقان ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان دادا، بوۋا، ئانا (ئاپا) ، ئاكا - ئۇكا (ئىنى) ، ئاچا - سىڭىل، يەڭگە، ئاپلا، بالا ، قىز ، ئوغۇل قاتارلىق ئاتالغۇلار ئادەتتە يېقىنلىق، مېھرى - ھۆرمەت ئىپادىسىدە يەنە كەڭ قوللىنىدۇ. مەسىلەن، قولۇم - قوشنا، يارۇ - بۇرادەرلەر ئۆزئارا ئۆزىدىن چوڭلارنى-ئەرلەرنى بوۋا، دادا، ئاكا؛ ئاياللارنى ئانا (ئاپا) ئاپلا، ئاچا، يەڭگە؛ كىچىكلەرنى ئۇكام، ئىنىم، بالام، ئوغلۇم، سىڭلىم، قىزىم دەپ ئاتايدۇ. ناتونۇش كىشىلەر مەلۇم زۆرۈرىيەت تۈپەيلى ئۇدۇل كەلگەن بىرىدىن گەپ سوراش توغرا كەلگەندە قارشى تەرەپنىڭ جىنسىي پەرقى بويىچە قىياسەن ياش-قۇرامىغا قاراپ يۇقىرىدىكى ناملاردا چاقىرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا دىنىي زاتلارنىڭ ئاياللىرى «قوشناچ» ، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئاياللىرى «ئاغىچا» دەپ ئاتىلىدۇ.

## 4 . مۈلۈك ۋارىسلىقى

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئوغۇل ، قىز ، ئايال ھەممىسى مۈلۈك ۋارىسلىق ھوقۇقىغا ئىگە. ئەمما، ئەمەلىي تەقسىماتتا ئوغۇلغا قارىغاندا قىزغا ئىككىدىن بىر ئۈلۈش؛ ئايالغا تۆتتىن ياكى سەككىزدىن بىر ئۈلۈش تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلى يوق بولغان تەقدىردە مۈلۈك قىزلار ئوتتۇرىسىدا تەڭ تەقسىم قىلىنىدۇ. ھېچقانداق پەرزەنتى يوق، ئەمما قانداش تۇغقان ۋە ئايالى بولغان تەقدىردە شۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر ئۈلۈشتىن تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ باشقا ھېچقانداق يېقىنلىرى بولماي، پەقەت ئۆگەي ئاكىسى، ئاسراندى پەرزەنتى بولسا مۈلۈك ۋارىسلىق ھوقۇقى شۇنىڭغا مەنسۇپ بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مۇنداق پەرزەنتلەردىن بىردىن ئۇشۇق بولغان تەقدىردە ئۇلارغا تەڭ تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۆلگۈچى يەككە-يېگانە بولسا، ئۇنىڭ مۈلكى جامائەتنىڭ كېڭىشى بىلەن جامائەت خەيرى - ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. ئۆلگۈچى هايات ۋاقتىدا مال-مۈلۈكىنىڭ مەلۇم قىسمىنى پەرزەنتلىرىنىڭ بىرەرىگە ياكى ئايالىغا (ئۆگەي ۋە ئاسراندى پەرزەنتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بەخشەندە قىلىپ بەرگەن ياكى شۇنداق قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان بولسا، مۈلۈكىنىڭ شۇ قىسمى تەقسىماتقا كىرگۈزۈلمەيدۇ.

ئۇيغۇرلارمۇ قىز بالا ياتلىق قىلىنغاندا بىر يۈرۈش تويلۇق ۋە باشقا سەرەمجانلار بىلەن ئۇزىتىدۇ. ئەمما ئۇ يەنىلا مۈلۈك ۋارىسلىق هوقۇقىغا ئىگە. تۇرمۇشلۇق بولمىغان ئوغۇل، قىزلارغا مۈلۈك تەقسىماتىدا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋە توي ئىشلىرىنىڭ خىراجىتى نەزەردە تۇتۇلۇپ، تېگىشلىك ئەنئەنىۋى نىسبەتتىن بىر هەسسىدىن ئارتۇقراق مۈلۈك قالدۇرۇلىدۇ.

## 5. نىكاھ تۈزۈم-رەسمىيەتلىرى

1) نىكاھ تۈزۈمى.

ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە فېئودال هۆددىگەرلىك ئاساسىدىكى بىر ئەرگە بىر ئاياللىق تۈزۈمى هۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن، ئۇنىڭ ئالاهىدىلىكلىرى:

ئەرلەرنىڭ ئەرلىك هوقۇق - ئىمتىيازى مۇقەددەس ئىدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە گەرچە بىر ئەر بىر ئاياللىق تۈزۈم هۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەرلەر ئەرلىك هوقۇق-ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ ئىككى، هەتتا ئۈچ، تۆت خوتۇن ئالىدىغان ئەهۋالمۇ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. مۇنداق ئەهۋال ئومۇميۈزلۈك بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇنداق ئەهۋاللار سەۋەب

بولغان: ① ئوتتۇرىدا پەرزەنت بولماسلىقى ياكى ئايالنىڭ تۇغۇت ئىقتىدارى بولماسلىقى سەۋەبى بىلەن ئەر خوتۇن ئۈستىگە يەنە بىر خوتۇن ئالىدۇ. مۇنداق سەۋەب زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا، ئەر خوتۇن رازىلىشىش ئاساسىدا ئىش كۆرۈلىدۇ. كۆپىنچە هاللاردا ئايال تەرەپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ لايىق تاللايدۇ ۋە توي ئىشىغا ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. مۇنداق بىر ئەرلىك ئىككى خوتۇن «چوڭ خوتۇن»، «كىچىك خوتۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. كىچىك خوتۇن ئادەتتە «توقال» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ② تىجارەت بىلەن ياكى باشقا ئىشلار بىلەن سىرتتا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ قېلىش ئەهۋالى بولغاندا، ئەر يەنە بىر خوتۇن ئېلىشقا بولىدۇ. بەزى ئەرلەر ئەرلىك هوقۇق ئىمتىيازى، جەمئىيەتتىكى نوپۇز، بايلىق، هوقۇق ئىمتىيازىغا تايىنىپ خاهىشىچە توقال ئالىدىغانلارمۇ بار. ئەمما بۇ خىلدىكى توقال ئالغۇچىلار بىر قەدەر ئاز بولغان، بولۇپمۇ ئۈچ، تۆت توقال ئېلىش ناهايىتى ئاز ساندىكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئىچىدىلا مەۋجۇت بولغاچقا، ئۇنداق ئەهۋال تېخىمۇ ئاز بولغان.

پەرزەنتلەرنىڭ نىكاھ ئىشى ئاساسەن ئاتا-ئانىنىڭ هۆددىگەرلىكىدە بولۇپ كەلگەن. ئوغۇل-قىز ئۆزئارا تېپىشىپ رايىلاشقاندىن كېيىن ئاتا-ئانىلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ تويلىشىدىغان ئەهۋالمۇ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. ئەمما ئاتا-ئانىنىڭ پىكرى يەنىلا هەل قىلغۇچ رول ئوينايتتى.

## 6. نىكاھلىنىش دائىرىسى

ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھلىنىشى ئادەتتە ئۆز مىللەت قوۋمى بىلەن چەكلىنىپ، ئاساسلىقى يات ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىۋاسىتە قانداش تۇغقانلار ياكى دادىغا يا ئانىغا ئۆگەي، جۈملىدىن ئاسراندى پەرزەنتلەر ئارا نىكاھلىنىشقا

پەقەت بولمايدۇ. ئەمما تۇغقانچىلىق قوغلىشىپ يېقىن تۇغقانلار ئارا نەۋرىلەرنى ئۆزئارا چېتىش ئادەتلىرىمۇ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. ئەمما تەجرىبىلەرگە ئاساسەن، ئەۋلادنىڭ ھېيىناق تۇغۇلۇپ قېلىشى، ئەر-خوتۇن مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى بولماي ئاجرىشىپ كېتىشى ئارقىسىدا ئاتا-ئانىلارنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يىرىكلىشىپ، ھەتتا ياتلىشىپ كېتىش ھادىسىلىرىنىڭ سادىر بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق پوزىتسىيە تۇتۇلىدۇ. مۇمكىن قەدەر نەۋرىلەرنى چېتىشتىن ساقلىنىدۇ. شۇڭا بۇ خىلدىكى نىكاھلىنىش ئاز ئۇچرايدۇ.

مۇندىن باشقا ئۇيغۇرلاردا يەنە دىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئارقىسىدا غەيرىي مىللەت قوۋمى بىلەن، جۈملىدىن مۇھەببەت تۈپەيلىدىن غەيرىي دىندىكى غەيرىي مىللەت قوۋمى بىلەن نىكاھلىنىش ئەھۋاللىرىمۇ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلاردا كېلىننىڭ كۈيئوغلى ۋاپات بولۇپ كەتكەن تەقدىردە ئاكىسى ياكى ئۇكىسى ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشكە بولمايدۇ. ئەمما بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئاكىسى ۋاپات بولۇپ كېتىپ يەڭگىسى تۇل قالغان (ئۇلار بۆلەك ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرغان تەقدىردە) بولسا، ئاكىسىنىڭ مال-مۈلكى، پەرزەنتلىرىنى دەپ ئۇكىسى يەڭگىسىگە ئۆيلىنىدىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇت بولۇپ ئۆتكەن. ئەمما جامائەتچىلىك تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلىنىپ كەلگەچكە، ئۇنداق ئەھۋال كەمدىن-كەم ئۇچرايتتى. ئاكىسى ئۇكىسىنىڭ ئايالىغا ئۆيلىنىشكە پەقەت بولمايدۇ. ئايال ئۆلۈپ كەتسە ئەر ئايالىنىڭ سىڭلىسىغا (تەڭ دىمەت بولسا ئاچىسىغا) ئۆيلىنىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىمۇ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالماسلىق، پەرزەنتلىرىنىڭ ياتسىراپ قالماسلىقى مەقسەت قىلىنىدۇ.

## 7 . نىكاھلىنىش يېشى

ئۇيغۇرلار بالدۇر ئۆي-ئوچاقلىق بولۇپ ئادەتلەنگەن. شۇڭا ئوغۇللار ئادەتتە 16-18 يېشىدا ئۆيلىنىدۇ. قىزلار 15-17 ياشتا ياتلىق بولىدۇ. ھازىر بۇ ئادەت ئۆزگەردى، «نىكاھ قانۇنى» بويىچە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ يېشى 18 گە توشمىسا توي خېتى بېرىلمەيدىغان بولدى.

## 8 . تويلىشىش ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلار توي ئىشىنى «ئۆمۈر سودىسى» دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا توي ئىشى، توي مۇراسىمى، بولۇپمۇ، لايىق تاللاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە فېئودال ھۆددىگەرلىك ئاساسىدىكى نىكاھ تۈزۈمى ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەچكە، تويلىشىشتىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ بەزى فېئودال ئەخلاقىي قاراشلار شەكىللەنگەن. «قىرغاق كۆرۈپ بوز ئال، ئانا كۆرۈپ قىز ئال» دېگەن ماقالدا ئەنە شۇنداق فېئودال ئەخلاقىي قاراش ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇرلاردا تويلىشىش جەريانى تۆۋەندىكىچە باسقۇچلاردىن ئۆتىدۇ:

بىرىنچى، لايىق تاللاش: لايىق تاللاشتا ئادەتتە مۇنداق ئۈچ خىل ئۇسۇل قوللىنىدۇ:

1) ئاتا-ئانا ئالدى بىلەن ئەل-مەھەللە، قولۇم-قوشنا، يارۇ-بۇرادەر، ئۇرۇق-تۇغقانلار ئىچىدىن، ئاندىن قالسا يات يېزا ـ قىشلاقلاردىن ئۆز پەرزەنتى (ئوغلى) ئۈچۈن لايىق كۆزلىتىدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ پىكرى بىر يەرگە كەلگەندىن كېيىن باشقىلار ئارقىلىق ئوغلىغا بىشارەت بېرىلىدۇ ياكى ئوغلىنىڭ

رايى ئاڭلىنىدۇ. ئوغۇلدا باشقا ئىنكاس بولمىسا ئاتا-ئانا كۆزنىپ تاللىغان لايىق نىشانلىنىدۇ. ئەگەر ئوغلىنىڭ ياقتۇرۇپ سۆزلىشىپ يۈرگەن لايىقى بولغان تەقدىردە بۇ لايىق ئاتا-ئانىغىمۇ مۇناسىپ كۆرۈلسە، ئاخىرقى ھېسابتا شۇ لايىق نىشانلىنىدۇ. ئادەتتە ئاتا - ئانىنىڭ پىكرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئوغۇل بىلەن قىز بىر - بىرىنى ياقتۇرۇپ قالغان بولسا ئۆز ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ سىمۋولى قىلىپ ئۆزئارا خاتىرە قالدۇرۇشىدۇ. ئوغۇللا ئادەتتە كۈمۈش ئۈزۈك (ھاللىق ئائىلىدىكىلەر ئالتۇن ئۈزۈك)، بويۇنتۇمار، قىزلار ئۆزى گۈل چېكىپ ئىشلىگەن قول ياغلىق تەقدىم قىلىدۇ.

(2) بەزى ئائىلىلەر مەلۇم بىرىنىڭ ئوغلىنى (قىزىنى) كىچىكىدىن ياخشى كۆرۈپ كەلگەن بولسا، ھەر خىل سورۇن پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ «بالا قىلىۋالىمەن»، «ئوبدان بالا بولدى» دېگەندەك سۆز - ئىبارىلەر بىلەن ئوغۇلغا (قىزغا) جۈملىدىن ئوغۇل (قىز) نىڭ ئاتا-ئانىسىغا بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئوغۇل (قىز) دا، ئوغۇل (قىز) نىڭ ئاتا-ئانىسىدا بۇ بېشارەتكە مۇناسىپ بىرەر ئىپادە كۆرۈلسە، ئوغۇل (قىز) تەرەپ تۇغقان، يارۇ - بۇرادەرلىرى ئارقىلىق ئۆز ئىستەكلىرىنى بىلدۈرىشىدۇ. ئىككى تەرەپ رەسمىي مۇناسىپ كۆرۈشسە، ئاندىن قۇدىلىشىش تەدبىرلىرىنى كۆرىدۇ.

(3) بەزى ئائىلىلەر، بولۇپمۇ كۆپ قىزلىق ئائىلىلەر ئۆزلىرى بىۋاسىتە ياۋاش، تىرىشچان ئاتىسىز ياكى ئانىسىز ياكى قارا يېتىم بالىلارنى تاللاپ قىزلىرىدىن بىرىنى ئۇنىڭغا چېتىپ قويىدۇ. ئۇ شۇ ئۆينىڭ ئوغلى ھېسابىدا بولىدۇ. بۇ ئادەتتە «ئوغۇلچىلاپ ئەكىرىش (كىرىش)» دەپ ئاتىلىدۇ.

(4) مەخسۇس ئادەم ئارقىلىق تاللاش: ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ياش ئوغۇل - قىزلارغا، جۈملىدىن ئوتتۇرا ياشلىق بويتاق ياكى سويتاق (تۇل ئايال) لارغا لايىق تونۇشتۇرۇشنى

كەسىپ قىلغان ئاياللار بولۇپ كەلگەن. بۇنداق ئايال «دەللال» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى ئائىلىلەر ئۆز ئوغلى، (قىز) لىرى ئۈچۈن جۈملىدىن ئوتتۇرا ياشلىق بويتاق ـ سويتاقلار ئۆزلىرى ئۈچۈن شۇنداق ئاياللار ئارقىلىق لايىق تاللايدۇ، بۇنداق ئاياللار هازىرقى «لايىق تونۇشتۇرۇش ئورنى» نىڭ رولىنى ئويناپ كەلگەن.

(5) لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا لايىق تاللاشتا مۇنداق ئالاهىدە ئۇسۇلمۇ قوللىنىپ كېلىنگەن:

ئوغۇل بىلەن قىزنى ئۇسمۇرلۇك ۋاقتىدىن باشلاپ كۆزىتىش: باللار بىللە ئويناپ، كېلىپ ـ كېتىپ يۈرگەن چاغلىرىدىن باشلاپ، ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارنى سۆز ھەرىكىتىنىڭ چاققانلىقى، تۇرگۇن، جۇشقۇنلۇقى قاتارلىق جەھەتلەردىن كۆزىتىپ، شۇلاردىن بىرەرىنى نىشانلايدۇ. ئوغۇل تەرەپنىڭ ئانىسى شۇ نىشانلىغان قىزنىڭ كېلىپ ـ كېتىپ ئويناپ يۈرگەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قىزغا تۇيدۇرماي ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنىڭ بىر يېرىنى قىيىپ قويىدۇ. قىز تەرەپنىڭ ئانىسى ئوغۇلنىڭ بېشىغا ياكى مۇرىسىگە بىر كالتە ئاق يىپنى يىپپىشتۇرۇپ قويىدۇ. باللار ئۆيلىرىگە قايتقاندا بۇنى كۆرگەن ئاتا-ئانا هە قىزىمىزغا (ئوغلىمىزغا) لايىق چىقىپتۇ دەپ (ئۇچۇر) ئەلچى كۈتىدۇ. ئوغۇل تەرەپ ئەلچى ئەۋەتىش تەرەددۇتىدا بولىدۇ. ئەلچى بىرىشتا توققۇز دانە بېلىق بېشىنى پىشۇرۇپ داستىخان قىلىپ بارىدۇ. ئوغۇل تەرەپ مۇناسىپ كۆرمىسە، قىز تەرەپ ئايرىم توققۇز دانە بېلىق بېشىنى پىشۇرۇپ داستىخانىنى ياندۇرىدۇ.

بۇرۇنقى چاغلاردا ئۇيغۇرلاردا قىيامەتلىك ئىككى دوست ئاياللىرى هامىلىدار چاغدىلا كەلگۈسىدە پەرزەنتلىرىنى چېتىپ قويۇشنى ۋەدىلىشىدىغان ئادەتمۇ بولغان. ئەگەر ئاياللىرى ئۇلارنىڭ كۆنكىنىدەك بىرى ئوغۇل، بىرى قىز تۇغقان بولسا،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇلار ساغلام چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەن ھامان ئۇلارنى چېتىپ قوياتتى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، لايىق تاللاشتا مەيلى قانداق ئۇسۇل قوللىنىلىسۇن، ئاتا-ئانىنىڭ ئىرادىسى ھەل قىلغۇچ رول ئويناپ كەلگەن. بۇ فېئودال ئەخلاقى قاراش بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، بۇرۇن يەنە مۇنداق ئادەت-خاھىشلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن: ① بالاغەتكە يېتىپ قالغان قىزلار ئۆزى يالغۇز يىراق-يېقىنلارغا بېرىشتىن، بولۇپمۇ يىگىتلەر بىلەن ئۇچرىشىشتىن، يىگىتلەرگە تىكىلىپ قاراشتىن ساقلىناتتى. بۇ قىزلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاق دەپ قارىلاتتى. ② لايىقنى ئاتا-ئانا تاللاپ بېكىتكەچكە، تويلىشىدىغان ئوغۇل - قىز ئوتتۇرىسىدا ئۇچرىشىش بولمايتتى. بولۇپمۇ باشقا مەھەللە، يېزىلاردىن تويلاشقۇچىلار تا توي بولۇپ قىز كۆچۈرۈپ كېلىنىپ كەچكى يۈز ئاچقۇسى بولغاندا ئاندىن يۈز كۆرۈشەتتى. ③ ياش ئوغۇل - قىزلاردا ئۆزئارا مۇھەببەتلىشىش خاھىشلىرى بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى خۇپىيانە بولاتتى. ئەگەر سېزىلىپ قالسا، ئۇلار بولۇپمۇ قىزلار داپشاق، ئەخلاقسىز دەپ قارىلاتتى. ④ ئۆزئارا مۇھەببەت باغلىشىپ تويلىشىشقا ۋەدىلەشكەن ياش ئوغۇل-قىزلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىرادىسى بويىچە باشقىلارغا ياتلىق بولۇش (ئۆيلىنىش) كە مەجبۇر بولغان تەقدىردە، كېيىن ھەر باھانە - سەۋەبلەر بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپ، ئاخىر ئىككىسى تويلىشىپ بىرگە ئۆتىدىغان ياكى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنماي بىر-ئىككى كۈن بىللە قېچىپ كېتىپ ئاتا-ئانىسىنى ئۆزلىرىنىڭ تويلىشىشىغا مەجبۇر قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. تۆۋەندىكى خەلق قوشاقلىرىدىن ياشلارنىڭ ئەركىن مۇھەببەت ۋە نىكاھ ئەركىنلىكىگە بولغان تەشنالىقىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈكلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس:

ئېتىم ئويناپ سۇندۇردى، قۇشباش ئېگەرىمنى،
ئاتام ماڭا ئېپ بەرمەيدۇ، سۆيگەن يارىمنى.

× × × ×

ئاقىنا كۆڭلەك كىيىپسىز، ئاق تىكەنلەر ئىلمىسۇن،
ئاق تىكەنلەر ئىلسا ئىلسۇن، ۋەدە يالغان بولمىسۇن.

× × × ×

سەن قاياقتىن كېلىسەن، چىرايلىقىم كۆزى خۇمار،
ساڭا تىلىم تەگمىسۇن، بوينۇڭغا ئاسقىن تىلتۇمار.

ئىككىنچى، ئادەم (ئەلچى) قويۇش: لايىق مۇقىملانغاندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە ئەلچى قويىدۇ. ئەلچى ئادەتتە ئىككى ـ ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ. قىز تەرەپ بارغان ئەلچىلەرنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، داستىخان سېلىپ چىرايلىق كۈتىدۇ. داستىخان ئۈستىدە ئەلچىلەر «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دەپ سۆز باشلاپ ئۆزلىرىنىڭ كەلگەن مۇددىئاسىنى ئىزهار قىلىدۇ. ئوغۇل تەرەپ مۇناسىپ كۆرسە «ھەرقايسىلىرىدىن قىزىمىزنى ئايىمايمىز»؛ مۇناسىپ كۆرمىسە «قىزىمىز تېخى كىچىك» ياكى «قىزىمىزنىڭ بېشى باغلاقلىق» ياكى «باشقىلارنىڭ داستىخىنىنى ئېلىپ قويغان» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، داستىخان تاشلاش: بۇ «كىچىك چاي» ياكى «رەھمەت چېيى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئوغۇل تەرەپ ئۆز ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ يۇرت ئىچىدە ئېقىۋاتقان رەسمىيەتلەر بويىچە ئىككى ـ ئۈچ كىيىملىك رەخت، مەلۇم ساندا نان، قەنت ـ گېزەك، بىر تاختا چاي قاتارلىق نەرسىلەرنى

ھازىرلاپ ئوغۇلنىڭ ئانىسى ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلىرىدىن تۆت - بەش ئايالنىڭ ھەمراھلىقىدا قىز تەرەپكە بارىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ ئانىسى رەسمىي يۈز كۆرۈشىدۇ. قىز تەرەپ كەلگەن مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ئەكەلگەن سوۋغاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تويلۇق توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىشنى سوراپ خوشلىشىپ قايتىدۇ.

تۆتىنچى، تويلۇق مەسلىھەت: «تويلۇق» توي سۆزىدىن كەلگەن. ئۇيغۇرلاردا تويلۇق، خاس تويلۇق قويۇمچا، ئاش سۈيىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خاس تويلۇق مەخسۇس قىزغا ئاتالغان بىر يۈرۈش ئۈستىباش، ئىككى-ئۈچ كىيىملىك ئەن رەخت ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى؛ قويۇمچا قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى، بىۋاستە تۇغقان ۋە يېقىن تۇغقانلىرىغا قويۇلىدىغان قويۇمچا (ئاساسەن كىيىملىك رەخت)؛ ئاش سۈيى مەرىكە كۈنى مېھمان ئۈزىتىشقا كېرەكلىك گۆش-ياغ، ئۇن ياكى گۈرۈچ، سەۋزە، چاي-تۇز، قەنت-گېزەك، ئوتۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپكە يۇقىرىقى ئۈچ تۈر بويىچە تىزىملىك بېرىدۇ. ئىككى تەرەپ ۋەكىلى قىز تەرەپ ئۆيىگە جەم بولۇپ، تىزىملىكتىكى تەلەپ بىلەن ئوغۇل تەرەپنىڭ ھازىرلىقى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىدۇ. قىز تەرەپ ئالدى بىلەن ۋەكىللەرنى چىرايلىق كۈتىدۇ. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن رەسمىي مەسلىھەت باشلىنىدۇ. مەسلىھەت ئارقىلىق جەمئىيەتتە ئېتىراپ قىلىنغان ئۆلچەم ئاساسىدا ئىككى تەرەپ رازى بولغۇدەك بىر قارارغا كېلىشىپ تارقىشىدۇ. مەسلىھەت جەريانىدا قىز تەرەپ دادىسى سۆز ئاچماي ئولتۇرۇپ ئەڭ ئاخىرىدا پوزىتسىيە بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدەك مۇشۇ قېتىم ئىككى

تەرەپنىڭ قويۇمچا ۋە ياندۇرۇق قويۇمچا قويۇلىدىغانلارنىڭ دائىرىسى، ئادەم سانى ئۇستىدىمۇ مەسلىھەت بولىدۇ. مەسلىھەت ئارقىلىق بەزى ئائىلىلەر ئىككى تەرەپ ئاتا-ئانىسىدىن باشقىلارغا قويۇمچا قويماسلىقنى ياكى بىۋاستە تۇغقانلىرىدىن بىر نەچچىسىگىلا قويۇشنى قارار قىلىشىدۇ. بەزىلەر تويلۇق ئۈستىدە بىھۇدە تالاش-تارتىش بولۇشى بىلەن بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ سادىر بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپ ئاتا-ئانىسى شەخسەن ئۆزلىرى يۈز تۇرانە كېلىشىپ ھەل قىلىدۇ. چۈنكى تويلۇق ئۈستىدىكى شۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەر ئارقىسىدا بولۇش ئالدىدا تۇرغان توي بۇزۇلۇپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ سادىر بولاتتى.

كونا ئادەت بويىچە قىز ئۈچۈن ئەڭ كۆپ دېگەندە توققۇز قۇر، ئاز دېگەندە بەش قۇردىن يەتتە قۇرغىچە، ئەڭ ئاز دېگەندە ئۈچ كىيىملىك، بىردىن دوپپا، ياغلىق، بىر جۈپ ئۆتۈك، زىننەت بۇيۇملىرىدىن بىر جۈپ ئالتۇن ياكى كۈمۈش ھالقا سېلىناتتى. ئەمما يۇقىرى تەبىقە باي ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا يازلىق - قىشلىق بولۇپ ئون نەچچە قۇر كىيىملىك، جۈپلەپ ياغلىق، دوپپا، قاما تۇماق، ئۆتۈك قاتارلىق ئۇستىباش، بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن بىلەزۈك ۋە ئالتۇن تاج، ئالتۇن قاداقلىق دوپپا قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى سېلىناتتى. مەرىكە ئۈچۈن ئون-يىگىرمە قوي، ئىككى-ئۈچ كالا، نەچچە يۈز جىڭلاپ ئۇن، گۈرۈچ ئىشلىتەتتى.

تويلۇقنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىنىڭ «9» بولۇشىغا كەلسەك، «9» نىڭ قەدىمكى ئەنئەنىمىزدە «مۇقەددەس سان» دەپ قارىلىپ كەلگەنلىكى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

بەشىنچى، تويلۇق تاپشۇرۇش: تويلۇق تاپشۇرۇش ئۇسۇلى ئاساسەن ئىككى خىل: ① تويلۇق مەسلىھەتى پىشقاندىن كېيىن تويلۇقنى بازار باھاسى بويىچە پۇلغا سۇندۇرۇپ پۇل تاپشۇرۇپ

تويلۇقنى قىز تەرەپ ئۆز خاھىشىچە ئېلىش. ② ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپنىڭ تەلىپى بويىچە تويلۇق ھازىرلاپ چوڭ چاي كۈنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويۇش. ئادەتتە ئىككىنچى خىل ئۇسۇل بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك قوللىنىپ كېلىنگەن.

ئالتىنچى، چوڭ چاي: بۇ باسقۇچتا، قىزغا ھازىرلانغان تويلۇق تاپشۇرۇلىدۇ ۋە قىز تەرەپ ئاتا-ئانىسى قاتارلىقلارغا قويۇلىدىغان قويۇمچىلار قويۇلىدۇ. مەركە كۈنى رەسمىي بېكىتىلىدۇ. شۇڭا بۇ «چوڭ چاي» دەپ ئاتالغان. بۇ كۈنى قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنا، يارۇ - بۇرادەرلىرىمۇ ھازىر بولىدۇ. ئوغۇل تەرەپنىڭ ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنا، يارۇ - بۇرادەرلىرى بولۇپ 10-15 كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھازىرلىغان تويلۇق، قويۇمچا قاتارلىقلارغا بەلگىلىك مىقداردا گۆش، ماي، گۈرۈچ، سەۋزە، تۇز، قەنت-گېزەك، بىرەر تاختا چاي قوشۇپ قىز تەرەپكە داستىخان قىلىپ كېلىدۇ. قىز تەرەپ مېھمانلارنى چىرايلىق مېھمان قىلىدۇ. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ ۋەكىلى (ئايال) ئەكەلگەن داستىخاننى مېھمانلار ئالدىدا ئېچىپ، ئۆز تەرتىپى بويىچە بىر-بىرلەپ ئېلان قىلىدۇ. بۇ رەسمىيەت تۈگىگەندىن كېيىن ئىككى تەرەپ ۋەكىلى (ئەرلەر) توينىڭ ئاش سۈيى ۋە كەم نەرسىلەر ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ بىر قارارغا كېلىپ، ئاش-سۇ ئەكىلىدىغان ۋاقىت بىلەن مەركە كۈننى بەلگىلەپ خوشلىشىپ قايتىدۇ.

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا بېلىق، بېلىق تۇتۇش قوراللىرى، چېگە-تۇرقا، جەرەن، تۈلكە قاتارلىق نەرسىلەرنى تويلۇق سېلىش ئادىتى بولغان، بۇ ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان دەريا، كۆل ۋە ئاراللاردا سىرت بىلەن ئالاقىسىز دېگۈدەك ھالەتتە ياشاپ كەلگەنلىكلىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

روشەنكى، بۇ ئادەتلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىكى ئىپتىدائىي ئادەتلىرىنىڭ ئىزنالىرىدىن ئىبارەت. بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ، جۈملىدىن ئىنسانلارنىڭ سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغان باسقۇچلىرىدىكى توپلىشىش ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرلاردا توپلۇق مىقدارى چوڭ چاي، توي مەرىكىسىنىڭ كۆلىمى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە جەمئىيەتتە ئېقىۋاتقان ئۆلچەم ئاساسىدا بولىدۇ. قىز تەرەپ ئارتۇقچە تەلەپ قويسا، جامائەتچىلىكنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرلار ئىلاجى بار تەڭ ئورۇندىكىلەر بىلەن توپلىشىدۇ.

## 9. پەرزەنتلىك بولۇش

1) ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇت قارىشى: ئۇيغۇرلار بالدۇر ۋە كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشنى ئادەت قىلغان. بۇ ئادەت ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياشىنىپ ماغدۇرىدىن ئايرىلغاندا يۆلەكسىز قېلىش قاتارلىق تۇرمۇش ئەمەلىيەتلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. شۇڭا ئۇيغۇرلار بۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ پەرزەنتلىرىنىمۇ بالدۇر تۇرمۇشلۇق ۋە كۆپ پەرزەنتلىك قىلىشنى ئادەت قىلغان. خەلق ئىچىدە تارقىلىپ كېلىۋاتقان «باللىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دېگەن تەمسىل ئەنە شۇ قاراش ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتكە بولغان ئارزۇ-ئۈمىدى ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇرلارمۇ ئوغۇل بالىغا ھېرىسراق كېلىدۇ. ئەمما قىز بالىنىمۇ كەمسىتمەيدۇ ۋە قىز بالىنى ئاتا-ئانىغا كۆيۈمچان

www.uyghurkitap.com

كېلىدۇ، پەرزەنت بولسىلا ئەۋلاد قۇرۇمايدۇ، بەرىكەت كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ شۇڭا تۇغۇش ئىقتىدارى بولغانلارنىڭ ھەممىسى كۆپ پەرزەنتلىك كېلىدۇ.

2) تۇغۇت قارشىغا ئائىت ئادەتلەر: ① ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە پەرزەنتسىزلىك كىشىلىك ھاياتىدىكى ئەڭ ئازابلىق ئىشلاردىن دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تويلىشىپ ئۇزۇنغىچە پەرزەنت كۆرمىگەنلەر ھەر تەرەپكە چېپىپ سەۋەب قىلىشقا تىرىشىدۇ. تېۋىپلەرگە داۋالىنىدۇ. باشقىلاردىن ئاڭلىغانلا ئامالالارنى قىلىپ كۆرىدۇ. مازار-ماشايىقلارغا بېرىپ نەزىر-نۇزرەت قىلىدۇ، ھەتتا ئۇلۇغ-خاسىيەتلىك دەپ قارالغان جايلارنىڭ توپىسىنى، كامارلىرىنى كولاپ قولىغا چىققان نەرسىلەرنى ئېرىم قىلىپ يەيدۇ. بەزىلەر كۆپ تۇغۇتلۇق بولغان ئاياللارنىڭ ئىسسىق ئېشىگە (ھەمراھى) ئولتۇرىدۇ. ② ئايال كىشى ھامىلدار بولغان ھامان شۇ ئائىلىدىكى چوڭ-كىچىك ھەممىسى چەكسىز سۆيۈنۈپ ئۇنى ھەر جەھەتتىن ئاسرايدۇ. ئېغىر ئىشلارنى قىلىشتىن چەكلەيدۇ. كېچىلىرى يالغۇز ئۆيدە ياتقۇزمايدۇ. بۇنىڭدا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى قاتتىق قورقۇپ كېتىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىپ بويىدىن ئاجراپ كېتىشتىن ساقلىنىش مەقسەت قىلىنغان. ③ ئاياللارنىڭ ھامىلىدار بولغانلىقى ئادەت كېلىش مۇددىتى ئۆتۈپ كېتىش بىلەن تەڭ غىزا-تاماق خالىماي قۇرۇق ھۆ تۇتۇشتەك ھالەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. مۇنداق ھالەت ئاياللار ھامىلىدار بولۇپ تەخمىنەن 40 كۈندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ھەر خىل نەرسىلەرنى يېگۈسى كېلىدۇ. بەزىلەرنىڭ تاتلىق-چۈچۈك يېگۈسى كەلسە، بەزىلەرنىڭ تاتلىق، سوغۇق نەرسىلەرنى، بەزىلەرنىڭ ھەر خىل نەرسىلەرنى يېگۈسى كېلىدۇ. بۇ «سېزىك، سېزىك بولۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. «ھامىلىدار»، «يۈك، يۈكلۈك» دېگەن مەنىدىكى ئەرەبچە

«هامىل» سۆزىگە پارچە سۆز ياسىغۇچى «دار» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇپ، «يۈكى بار، يۈك كۆتۈرگەن» دېگەن بولىدۇ، بۇ سۆز ئاساسەن ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلىدۇ. جانلىق تىلدا «ئېغىر بوي (بولۇش)، ئېغىر ئاياق (بولۇش)، ئىككى قات (بولۇش)، قورساقتا قېلىش، قورساق كۆتۈرۈش، بويىدا قېلىش، ئېغىر ئۈستىخان بولۇش، بوغاز بولۇش» قاتارلىق بىر نەچچە خىل ئاتىلىدۇ. ④ هامىلىدار بولغۇچىنىڭ سىېزىك بولغان نەرسىسىگە قاراپ تۇغۇلغۇسى بالىسىنىڭ جىنسىي پەرقىگە هۆكۈم قىلىنىدۇ. ئەگەر تاتلىق-چۈچۈك نەرسىگە سىېزىك بولسا قىز، ئاچچىق-چۈچۈك نەرسىگە سىېزىك بولسا ئوغۇل تۇغىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بەزىدە شۇنداق پەرەزلەر توغرىمۇ چىقىپ قالىدۇ. ⑤ ئادەتتە ئاياللارغا، بولۇپمۇ يېڭى هامىلىدار بولغان ئاياللارغا تۆگە گۆشى، توشقان گۆشى يېيىش چەكلىنىدۇ. چۈنكى هايۋانات ئىچىدە تۆگە 10 ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە تۇغقاچقا، تۆگە گۆشى يېسە تۇغۇت ۋاقتى ئۇزىراپ كېتىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. توشقان گۆشى يېسە بالىنىڭ ئۈستى كالپۇكى توشقان كالپۇكىدەك يېرىق تۇغۇلۇپ قالىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ⑥ بالا دادىسىغا ئوخشاپ تۇغۇلسا، ئانىسى هامىلىدار ۋاقتىدا دادىسىغا تولا قارىغانلىقتىن؛ ئانىسىغا ئوخشاش تۇغۇلسا، ئانىسى هامىلىدار ۋاقتىدا ئەينەككە تولا قارىغانلىقتىن دەپ قارىلىدۇ. ⑦ ئۇيغۇرلار بالا توققۇز ئاي توققۇز كۈن، توققۇز سائەت، توققۇز دەقىقىدە تۇغۇلىدۇ، دەپ هېسابلايدۇ.

3) تۇغۇت ئۇسۇلى: ئۇيغۇرلاردا ئاياللار ئولتۇرغۇزۇپ تۇغدۇرۇلىدۇ. هامىلىدار ئايالنىڭ ۋاقتى-سائىتى يېقىنلىشىپ تولغاق ئالامىتى كۆرۈلگەندە، كىندىك ئانىسى (تۇغۇت ئانىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تەكلىپ قىلىنىدۇ. يېڭى زاكىلىق لاتا، يېڭى ئۇستۇرا، پاكىز سىېغىز خامپا پارچىسى هازىرلىنىدۇ.

ھاملىدار ئايالنى رەسمىي تولغاق تۇتقاندا، كىندىك ئانىسى ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ ئۆزى ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ مەيدىسىدىن قۇچاقلاپ ئولتۇرغۇزۇپ مەدەت بېرىپ تەڭ ئىنجىقلىشىپ بېرىدۇ. بالىنىڭ باش سۆيى چۇشۇش بىلەن تەڭ ئۇنى ياتقۇزۇپ ئۆزى ئالدىغا ئۆتۈپ بالىنى قولىغا چۇشۇرىدۇ. بالىنىڭ ھەمراھى چۇشكەندىن كېيىن بالىنىڭ كىندىكىنى كېسىپ، زاكىلاپ بولماق بىلەن ئېغىزلاندۇرىدۇ. مۇشۇ مەشغۇلاتنى ئورۇندىغۇچى ئايال «كىندىك ئانىسى» دەپ ئاتالغان. ئادەتتە كىندىك ئانىسى ئۇچۇن ئۆزى ياۋاش، سۆز-ئاغزى يۇمشاق، قولى يېنىك، كۆپ تۇغۇتلۇق بولغان، تەجرىبىلىك پېشقەدەم ئايال تاللىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا كىندىك ئانىسى چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە. بالا ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە كىندىك ئانىسىنى «ئانا» دەپ ئاتايدۇ ۋە ئاتا-ئانىسى ھازىرلاپ بەرگەن سوۋغاتلار بىلەن كىندىك ئانىسىنى يوقلاپ تۇرىدۇ. تۇغۇت ۋاقتىدا ئۆيگە كىندىك ئانىسى بىلەن تۇغقۇچىنىڭ ئانىسىدىن باشقا ھېچكىم كىرگۈزۈلمەيدۇ. ئايرىم ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا تۇغقۇچىنىڭ يولدىشى ئىشىك قېشىدا ساقلاپ تۇرىدۇ. بالا سالامەت تۇغۇلۇپ يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن «مۇبارەك بولسۇن» دەپ قۇتلۇقلايدۇ. بالىلار ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنا ۋە چوڭلارغا خۇش خەۋەر يەتكۇزۇپ سۆيۈنچە ئالىدۇ.

تۇغۇتلۇق ئايال ياتقان ئۆينىڭ ئىشىك بېشىغا يەتتە ياكى ئون ئىككى ئىدىرى توشقۇچە قىزىل لاتا ئېسىپ قويۇلۇپ، يات كىشىلەرنىڭ كىرىشى چەكلىنىدۇ. ئىسسىقلىق ئېلىپ يوقلاپ كەلگۇچىلەرمۇ ئون ئىككى ئىدىرى توشقاندىن كېيىن كېلىپ يوقلايدۇ. بوۋاق يېشىغا توشقۇچە دادىسى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى يول يۇرۇپ تەرلىگەن ھالەتتە كەلگەندە، دېمىنى ئېلىپ تەرى قۇرۇمىغىچە بالىنى دەرھال قولىغا ئالمايدۇ. بۇنىڭدا بوۋاقنىڭ ئۇچۇقدىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش مەقسەت قىلىنغان.

تۇغۇتلۇق ئايال ئىدىرى (قىرقى) ئىچىدە تۇخۇم، سۈت، شورپا بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلىدۇ. بىر نەچچە قېتىم مەخسۇس كاللا-پاقالچاق يېگۈزۈلىدۇ. ئىدىرى ئىچىدە قازان-قومۇچ كۆتۈرۈش، قول-پۇتنى سوغۇق سۇغا تەگكۈزۈش، يۇيۇنۇش ۋە سوغۇق، يەللىك نەرسىلەرنى يېيىشتىن ساقلىنىدۇ. ھامىلىدار ۋاقتىدا بەل، قازان سۆڭەكلىرىدە ھاسىل بولغان بوشىشىش ھالىتىنى تېزراق ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىككى-ئۈچ قېتىم تۇخۇم بىلەن بېلى تېڭىلىدۇ. قايىنىتىلغان ئىسسىقلىق دورا-دەرمەك سۈيىگە چىلانغان لۆڭگىدە بەدەنلىرى سۈرتۈلىدۇ. ئىدىرى توشقاندا يەنە شۇنداق سۇدا ھورداندۇرۇلىدۇ. پاكىز يۇيۇندۇرۇلۇپ، باش-كۆزى يۇيۇپ-تارىلىپ، چىرايلىق كىيىندۇرۇلۇپ تالا - تۈزگە چىقىرىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆي ئىشىغا كىرىشىدۇ.

4) تۇغۇتقا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق ئۆزگىچە ئادەتلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن: ئاياللار تۇغۇت ئۈستىدە بالا ۋاقتىدا چۈشمەي تولغاقتا كۈچەپ ھوشىدىن كەتسە ياكى ھەمراھى چۈشمەي ھوشسىز ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە «ھال باستى» (جىن-شاياتۇنلار چاپلىشىۋالدى) دەپ قارىلىپ كەلگەن. مۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە ئۆي ئىچىگە قارا قۇش (قۇش بولمىغاندا قارچىغا) ياكى بۆرە ئىت قويۇپ بېرىلىدۇ ياكى ئىشىك تۈۋىدە مىلتىق ئاتىدۇ. ئۆگزىگە چىقىپ تۈڭلۈك يېنىدا ئەرزان تۈۋلىنىدۇ. ئەگەر ھامىلىدار ئايال ھوشىغا كېلىپ سالامەت بوشانسا «جىن-شاياتۇنلار قاچتى، ئەگەر ئۆلۈپ كەتسە قۇش جىن-شاياتۇنلارغا تەڭ كېلەلمىدى، ئۇنىڭ ئۆپكىسىنى جىن-شاياتۇنلار سۇغۇرۇپ ئېلىپ كەتتى» دەپ ئۇنداق بەختسىزلىككە تەن بېرىلىپ كەلگەن. روشەنكى بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ توتېم ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك خۇراپىيلىق تۈسىنى ئالغان ئادەت. ئەجدادلىرىمىز قۇشنى

باتۇرلۇقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ، ۋەھىمىلىك رەقىبلىرىنىڭ ئەشەددىي كۈشەندىسى ھېسابلاپ كەلگەن بۇ ئادەت ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاشۇ ئىپتىدائىي ئېتىقادىنىڭ ئىسلام دىنىغا ماسلىشىپ داۋاملىشىپ كەلگەن ئىزنالىرىدىن ئىبارەت. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئىچىدە زامانىۋى ئىلىم-پەن ساۋادىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ ئۇنداق ئادەتلەر ئاساسەن ئادەت كۈچىدىن قالدى. ئەمما چەت يېزا - قىشلاقلاردا شۇنداق قاراشنىڭ تەسىرى تېخى پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتكىنى يوق.

## 10. نىكاھتىن ئاجرىشىش-يېنىشىش

1) نىكاھتىن ئاجرىشىش: نىكاھتىن ئاجرىشىش ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. ئۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ. مۇھىملىرى: ① ئوتتۇرىدا پەرزەنت بولماسلىق؛ ② ئەرنىڭ ئايالغا ياكى ئايالنىڭ ئەرگە كۆڭلى چۈشمەسلىك؛ ③ ئەر - ئايالنىڭ مىجەزىدە تەدرىجىي پەيدا بولغان ئۆزگىرىشلەر ئارقىسىدا دەسلەپكى مۇھەببەت ئاساسىنىڭ بۇزۇلۇشى؛ ④ ئۆزئارا ساداقەتسىزلىك؛ ⑤ ئۈچىنچى بىر تەرەپ ئارىلىشىش؛ ⑥ ئايال تەرەپ ھەددىدىن زىيادە خورلۇققا ئۇچراش؛ ⑦ ئادەتتىكى ئائىلە ماجىرالىرى قاتارلىق. مۇشۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرەرى كۆرۈلگەندە، شۇنىڭدەك مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنىڭ كېلىشتۈرۈشى، نەسىھەتلىرى ئۈنۈم بەرمىگەندە نىكاھتىن ئاجرىشىش تەلىپى قويۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەر تەرەپ «قويدۇم» ياكى «تالاق» دەپ لەۋزى قىلسا، نىكاھتىن ئاجرىشىش ۋەزىيىتى شەكىللىنىپ، ئەر - ئايال بىرگە ئۆتۈشكە بولمايدۇ. بۇرۇن مۇنداق نىكاھتىن ئاجرىشىش توغرا كەلگەندە باشقا قانۇنىي رەسمىيەتلەر ئۆتەلمەيتتى، قولۇم-قوشنا ۋە مەھەللە جامائىتىنىڭ بىلىپ قېلىشى بىلەن كۇپايىلىنەتتى. ئۆي

- مۇلكى ئوتتۇرىدا تەڭ بۆلۈنەتتى. (ئۆي مۈلكىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىدىغان ئەرلەر، ئاياللارمۇ ئۇچرايدۇ). ئەگەر ئوتتۇرىدا بالا بولغان تەقدىردە بالىنى ئىختىيار قىلغان تەرەپ ئېلىپ قالىدۇ ياكى ئىككى تەرەپ كېلىشىپ بۆلۈشۈۋالاتتى. بالا ۋە مۈلۈك مەسىلىسىدە ئىككى تەرەپ كېلىشەلمىسە دىنىي مەھكىمىنىڭ بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشىگە ئىلتىماس قىلىناتتى ۋە دىنىي مەھكىمىنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىگە بويسۇناتتى.

نىكاھتىن ئاجراشقان ئايال ياتلىق بولماقچى بولسا، ئۈچ ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۇ جەرياندا ئايالنىڭ ھامىلدار ياكى ئەمەسلىكى ئېنىقلىنىدۇ. ئەگەر ھامىلدارلىقى ئېنىقلانسا، تۇغۇلغان بالا، ئادەتتە ئەر تەرەپكە تەۋە بولىدۇ. بالىنىڭ راسخوتىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئەر تەرەپ ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا تۇغۇلغۇسى بالىنىڭ دادىلىق ھوقۇقىدىن ئىختىيارىي ۋاز كېچىپ، ئايالنىڭ بولغۇسى ئېرىگە بېرىۋېتىدىغانلارمۇ ئۇچرايدۇ.

2) يېنىشىش: نىكاھتىن ئاجرىشىش شارائىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ يېنىشىش ئۇسۇلىمۇ ئوخشىمايدۇ. ① ئادەتتىكى ئائىلە ماجىراسى ئۈستىدە ئەر تەرەپ بىر پەسلىك ئاچچىق ئارقىسىدا يېنىكلىك قىلىپ «قويدۇم» دەپ لەۋزى قىلىپ تاشلىغان بولسا، مەزىن ياكى نىكاھ ئوقۇشنى بىلىدىغان مەھەللىدىكى بىرەر كىشىگە قايتا نىكاھ ئوقۇتۇپ ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ؛ ② يۇقىرىقى بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن ئاجراشقان ئىككى تەرەپ يېنىشىشنى ئىستىسە ياكى ئاتا - ئانا، جامائەت ئارىغا كىرىپ رايىلاشتۇرغان بولسا ئەر تەرەپ بىرەر قۇر تويلۇق ئېلىپ قايتىدىن ئاددىي يارىشىش تويى ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ ③ يۇقىرىقى بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن ئەرنىڭ ئاغزىدىن ئۈچ قېتىم «قويدۇم» ياكى «تالاق» سۆزى چىقىپ كەتكەن بولسا، قايتا يېنىشىشقا مۇمكىن بولمايدۇ. چۈنكى

www.uyghurkitap.com

يېنىشىشقا توغرا كەلسە، ئەر تەرەپ قوبۇل قىلىنىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان رەسمىيەت ئۆتەشكە يەنى باشقا بىر ئەرگە ۋاقىتلىق ياتلىق بولۇپ ئاجراشقاندا يېنىشىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر شۇنداق رەسمىيەت ئۆتەلسە، ئاندىن يېنىشىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەر نۇقتىسىدىن ئالغاندا يەنە مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرمۇ مەۋجۇت: ① ياتلىق قىلىنغان قىزلار يەنىلا مۇلۇك ۋارىسلىق ھوقۇقىغا ئىگە. ② قىزلار ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىن مەيلى پەرزەنتلىك بولغان ياكى بولمىغان بولسۇن، ئەگەر ئېرى ئۆلۈپ كەتسە ئۆز ئۆيىگە كېتىش ياكى ياتلىق بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە. ③ ئايالى (ئېرى) ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئۆيلەنمەكچى ياكى ياتلىق بولماقچى بولسا، بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن ياكى ئاز دېگەندە ئۆلگۈچىنىڭ يىلى توشقاندىن كېيىن ئاندىن ئۆيلىنىدۇ. (ياتلىق بولىدۇ). ئادەتتە كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇ ئادەتكە رىئايە قىلىدۇ. ئەگەر بويتاق ياكى تۇل قالغۇچىنىڭ چوڭ بولۇپ قالغان پەرزەنتلىرى بولغان تەقدىردە، ئۆيلەنمەكچى ياكى ياتلىق بولماقچى بولسا، ئالدى بىلەن پەرزەنتلىرىنىڭ، جۈملىدىن قېيىن ئاتا - قېيىن ئانىسىنىڭ، ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئۆيلىنىدۇ (ياتلىق بولىدۇ). يۇقىرىقى ئادەت - قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار جامائەتچىلىكنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەرلىك ھوقۇقى مۇقەددەس قارىلىپ كەلگەن. ئاياللار ئەرلەرنىڭ بىر خىل ئەرمىكى بولۇپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە ھېچقانداق ئورنى يوق ئىدى. بۇ ئاياللارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن «ئايال جىنسى ئادەمنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن ئاپىرىدە بولغان» شۇڭا «چېچى ئۇزۇن ئەقلى كالتە»، «پېشكەل» ۋە «ئەر ئايالنىڭ

كەت خۇداسى»، «ئەرنىڭ قولى» دېگەن فېئودال ئەدەب-قائىدىنىڭ قۇربانى قىلىپ كېلىنگەنلىكىدە تىپىك ئىپادىلىنىدۇ.

## 11. ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئالاھىدىلىكلەردىن مەلۇم بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئائىلە قۇرۇلمىسى تىپىك فېئودال چوڭ ئائىلىدىن ئىبارەت بولۇپ، نىكاھ تۈزۈم رەسمىيەتلىرىدە فېئوداللىق ئەخلاقى قاراش چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. «تۈركى تىللار دىۋانى» قاتارلىق يادىكارلىقلاردا بېرىلگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە قۇرۇلمىسى، نىكاھ تۈزۈم-رەسمىيەتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىلا كۈچلۈك فېئوداللىق خاراكتېرنى ئالغانلىقى، ئۇنىڭدىن كېيىن جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

1. ئائىلە قۇرۇلمىسى جەھەتتە:

1) چوڭ ئائىلە قۇرۇلمىسىدا پارچىلىنىش باشلانغان. بۇرۇنقىدەك ئۈچ - تۆت ئەۋلاد بىرگە ياشايدىغان «مۇقەددەس بىر پۈتۈن گەۋدە» ھېسابلانغان ئائىلە قۇرۇلمىسى جەمئىيەت ئىش تەقسىماتىدا ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەقەززاسى ئارقىسىدا، شۇ ئۆزگىرىشكە ماسلىشىشقا مەجبۇر بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئائىلە باشلىقلىرىمۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىسسىق - سوغۇقنى بېشىدىن كەچۈرۈپ چېنىقىشىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىپ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆيلۈك بولغانلىرىنى ئايرىم ئۆي تۇتۇشقا يول قويىدىغان بولغان. نەتىجىدە چوڭ ئائىلە قۇرۇلمىسىدا پارچىلىنىش كېلىپ چىقىش

بىلەن ئۇتتۇرا، كىچىك تىپتىكى ئائىلىلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان.

2) توغقانچىلىق مۇناسىۋەت ئۇقۇمى ئاجىزلىشىشقا باشلىغان. بۇ توغقانچىلىق مۇناسىۋەت ئۇقۇمىنىڭ بۇرۇنقىدەك خاس ناملار بىلەن پەرقلەندۇرۇش ئادەت ـ ئەنئەنىسىنىڭ تەدرىجىي ئۇنتۇلۇۋاتقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئالتىنچى ـ يەتتىنچى ئەجداد ناملىرى ئاللىبۇرۇنلا ئۇنتۇلغان. «جىيەن» ، «بالدىز» قاتارلىق يېقىن توغقانلار ناملىرى پەقەت تارىخىي خاتىرىلەردىلا ئۇچرايدىغان بولۇپ قالدى.

3) سودا خاراكتېرىدىكى نىكاھلىنىش ئورنىنى تويلۇق ئاساسىدىكى نىكاھلىنىش ئالغان. ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئەجدادلىرىمىزدىمۇ سودا خاراكتېرىدىكى نىكاھلىنىش ئادىتى ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەنىدى. ئوغۇل ئۆيلىمەكچى بولسا، قىز تەرەپكە مەلۇم ساندا چارۋا مال تۆلىنەتتى. قىز شۇ تۆلەنگەن چارۋا مال ھېسابىغا ئوغۇل تەرەپ ئائىلىسىگە ئۆتۈپ كېتەتتى. شۇڭا ياتلىق بولغان قىزلاردا مىراس ۋارىسلىق ھوقۇقى، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردە، خاھىشىچە ئۆز ئائىلىسىگە كېتىدىغان ياكى ياتلىق بولۇش ھوقۇقى بولمايتتى. ھەر جەھەتتە ئەر تەرەپ ئائىلىسىنىڭ ئىختىيارىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر ئىدى. تارىخىي يادىكارلىقلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ تۈزۈم مىڭ يىل بۇرۇنلا ئەمەلدىن قالغان. «دىۋان» دا بېرىلگەن توي، تويلۇق ۋە توي قائىدىلىرىگە ئائىت «ئەگەن» (يەڭگە) ① «سەپ» (قىز تەرەپتىن قىزغا ھازىرلىنىدىغان تويلۇق ئۆي جاھازىلىرى) ② «ئارۇقچى» (ئەلچى) ③ قاتارلىق سۆزلەردىن تويلۇق ئاساسىدىكى نىكاھ تۈزۈم، قىز تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتىش، تويدىن كېيىن قىز بىلەن يەڭگە ئەۋەتىشتەك قائىدە-يوسۇنلارنىڭ «دىۋان» دەۋرىدىن

①②③ شۇ ئەسەر 1-توم، 72-، 191-، 418-بەتلەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

بۇرۇنلا ئومۇملاشقانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

4) ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىدا مەلۇم چەكلىك ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلگەن. گەرچە تەڭسىز بولسىمۇ، ياتلىق قىلىنغان قىزلار مىراس ھوقۇقى، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردە خاھىشىچە ئۆز ئۆيىگە كېتىش ياكى ياتلىق بولۇش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن.

5) ئوخشاش بىر مەقسەتنى ئىپادىلەيدىغان بەزى ئادەتلەرمۇ شەكىللەنگەن. بۇرۇنقى دەۋردە توپىلاشماقچى بولغان ئوغۇل-قىز قول سىنچىلىقىنى چىشلەپ ياكى كېسىپ قانىتىپ، چىققان قاننى قوشۇپ، ئېقىتىپ ئۆزلىرىنىڭ رەسمىي ئۆمۈرلۈك جۈپ بولۇشقانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. كېيىنچە ئۇنىڭ ئورنىنى تۇزغا چىلانغان نان يېيىش ئادىتى ئالدى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇنىڭغا نىكاھ (پاتىھە) ئوقۇش رەسمىيىتى قوشۇلدى. پاتىھە ئوقۇشنىڭ رولىمۇ توپىلاشقانلارنىڭ ئۆز رازىلىقى بىلەن ھالال جۈپ بولغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىشتىن ئىبارەت. ئىسلامنىڭ بۇ قائىدىسى كۈنچىلىكى قاتتىق ئەرەپلەر ئۈچۈن ئەرلىك ھوقۇقىنى تېخىمۇ مۇقەددەسلەشتۈرۈشنىڭ كۈچلۈك ۋاستىسى بولۇپ قالغان. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بۇ قائىدە ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى قالايمىقان مۇناسىۋەتنى چەكلەشكىمۇ پايدىلىق ئىدى. بۇ ئۇيغۇر فېئوداللىرىنىڭمۇ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كەلگەچكە ئەينەن قوبۇل قىلىنىپ تەدرىجىي مىللىي ئادەت تۈسىنى ئالغان. ئەمما تۇزغا چىلانغان نان يېيىش ئادەت - ئەنئەنىمىز نىكاھ رەسمىيىتىنى ئادا قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان مەزمۇن سۈپىتىدە بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ تۈزۈم - رەسمىيەتلىرىدە يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش تا ئازادلىققا قەدەر فېئوداليزم باسقۇچىدا تۇرۇپ كەلگەن بەزى مىللەتلەرنىڭ ئائىلە

قۇرۇلمىسى، بولۇپمۇ ئۇلاردا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن سودا خاراكتېرلىك ۋە فېئودال ھۆددىگەرلىك ئاساسىدىكى نىكاھ تۈزۈم رەسمىيەتلەرگە سىڭىشتۈرغاندا، ياتلىق قىلىنغان قىزلارنىڭ مىراس ھوقۇقىغا، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردە خاھىشىچە ئۆز ئۆيىگە كېتىش ياكى ياتلىق بولۇش ھوقۇقىغا ئېرىشكەنلىكىنى بىر تەرەققىيات ۋە ئىلغارلىق دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما بۇنداق ناھايىتى چەكلىك ئەركىنلىك كەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئېلىپ بارغان سانسىز كۈرەشلىرى ئارقىسىدىلا قولغا كەلگەن. خەلق ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ كېلىۋاتقان «پەرھاد ـ شىرىن»، «يۈسۈپ ـ زىلەيخا»، «غېرىپ ـ سەنەم»، «رابىيە ـ سەيدىن»، «نۇزۇگۇم» قاتارلىق داستان، ھېكايىلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكى، ئەر-ئايال باراۋەرلىكىگە بولغان تەشنالىقى ۋە شۇ يولدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ تارىخىي شاھىدى. گەرچە ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى توختاۋسىز كۈرەش قىلىش ئارقىلىق فېئودالىزم كۈچلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە يول قويۇشقا مەجبۇر قىلغان بولسىمۇ، فېئوداللىق تۈزۈم ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋەردى، كەڭ ئاياللار ئەھلى يەنىلا ئېغىر زۇلمەت، جاھالەت قوينىدا ئازاب ـ ئوقۇبەتكە بوغۇلۇپ كەلدى. كەڭ ئاياللار ئاممىسىنىڭ بۇنداق ئېچىنىشلىق تەغدىرى ئازادلىقتىن كېيىنلا تۈپتىن ئۆزگەردى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە قۇرۇلمىسى نىكاھ تۈزۈم ـ رەسمىيەتلىرىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. مۇھىملىرى: ① ئەر ـ ئايالنىڭ ھوقۇقتا باراۋەرلىكى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولدى. ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ھەقىقىي رەۋىشتە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. سايلاش ـ سايلىنىش ھوقۇقىغا، تەلىم ـ تەربىيە ئېلىش ھوقۇقىغا، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ھوقۇقىغا، ئوخشاش ئىشتىن ئەرلەرگە ئوخشاش تەڭ ھەق ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. ② فېئودال ھۆددىگەرلىك

ئاساسىدىكى نىكاھ تۈزۈمىگە خاتىمە بېرىلىپ، كەڭ ياش ئوغۇل - قىزلار ئەركىن مۇھەببەتلىشىش ئاساسىدا تۇرمۇشلۇق بولۇش ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلاندى. ③ نىكاھ قانۇنى تۇرغۇزۇلۇپ ئاياللار بىلەن بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولدى. ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت ۋە نىكاھتىن ئاجرىشىش قانۇن ئورۇنلىرىدىن بېرىلگەن نىكاھلىنىش، نىكاھتىن ئاجراشتۇرۇلغانلىق گۇۋاھنامە ئاساسىدىلا ئېتىراپ قىلىنىدىغان بولدى. مۇللام - ئىماملارمۇ قانۇنىي ئورۇنلاردىن بېرىلگەن نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسى بولمىسا، نىكاھ ئوقۇشنى رەت قىلىدىغان بولدى. ④ ئائىلە قارىشىدا يېڭى بۇرۇلۇش مەيدانغا كەلدى. ئەركىن مۇھەببەتلىشىش ئاساسىدا تويلىشىش ئادىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ ئىتتىپاقلىق، باراۋەرلىك، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى ئىناق كىچىك ئائىلىلەر ئارقا ئارقىدىن مەيدانغا كەلمەكتە. ⑤ تۇغۇت قارىشىدا ئىلمىي چۈشەنچە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشمەكتە. كىشىلەر، بولۇپمۇ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك تەربىيىلەشنىڭ مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلىشىشتىكى مۇھىم ئامىللاردىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش بىلەن دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشماقتا. ⑥ يېڭى ئادەت - كەيپىياتلار شەكىللىنىشكە باشلىدى: ياش ئوغۇل - قىزلاردا ئەركىن مۇھەببەتلىشىشتىن تاشقىرى رەسمىي تويلىشىشتىن بۇرۇن ئۆيلىرىگە كېلىپ - كېتىپ تۇرۇشىدىغان، ھېيت - ئايەملەردە ئوغۇل تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسى بولغۇسى كېلىنىگە سوۋغاتلىق قىلىدىغان، ياتلىق بولمىغان قىزلار خالىغانچە پەرداز قىلىدىغان، كىيىنىدىغان، چېچىنى كېسىدىغان، بۇدۇرلىتىدىغان، ياغلىق سالمايدىغان، كىنو - تىياتىرلارغا بارىدىغان، توي مەشرىپى ۋە ئادەتتىكى مېھماندارچىلىق، ھېيت

- ئايەم، توي - توۆكۆنلەردە خۇشاللىق كەيپىياتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەي ئىستېمال قىلىشقا ئوخشاش ئادەت - كەيپىياتلار ئومۇملاشماقتا. ۋەھالەنكى مۇنداق قىلمىــــش بۇرۇن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تەقىپلەنگەن ئىشلار ئىدى.



www.uyghurkitap.com

# ئون بىرىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ مۇراسىم ۋە ھېيت-ئايەم ئادەتلىرى

ھېيت - ئايەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇراسىم پائالىيەتلىرى ئىنسان مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ۋە ئادەت شەكلى. ئۇ ئىنسان ئۆمرىنىڭ ھەربىر باسقۇچىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئەڭ خۇشاللىق ۋە قايغۇ - ھەسرەتلىك ئىش، ۋەقەلەرنى ئىپادىلەش ئاساسىدا شەكىللەنگەن مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدىن.

مەلۇمكى ئىنسان ئۆمرى چەكلىك. ئىنسان بۇ چەكلىك ئۆمرىدە تۇرىلىش، ياشاش، ئۆلۈشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچلۇق ھالەتتىن ئايرىلالمايدۇ. ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىپتىدائىي ئاڭ - ئېتىقادى ئاساسىدا بۇ ھالەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى شۇنىڭغا مۇناسىپ پائالىيەتلەر بىلەن ئىپادىلەپ كەلگەن. ئەنە شۇنداق پائالىيەتلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «مۇراسىم» دېيىلىدۇ. مۇراسىملارنى شەكلى، مەزمۇنىغا قاراپ ئۆمۈر مۇراسىمى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇراسىمى، دىنىي مۇراسىم دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. ئۆمۈر مۇراسىمى شەخسنىڭ ئۆمرىدىكى تۇغۇت (تۇغۇلۇش)، تويلىنىش، ئۆلۈم قاتارلىق زور ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئادەت - رەسمىيەتلەرنى، ئىشلەپچىقىرىش مۇراسىمى بولسا، ئىنسان ئۆمرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئادەت - قائىدىلەرنى، دىنىي مۇراسىم

www.uyghurkitap.com

دىنىي ئېتىقاد پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئادەت - قائىدىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

## 1. ئۆمۈر مۇراسىمى

ئۇيغۇرلاردا ئۆمۈر مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئادىتى ئۇزۇن تارىخ ۋە ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، تۆۋەندىكى ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

### توي مۇراسىمى ۋە جەريانى

ئۇيغۇرلار توينى ئىنسان ئۆمرىدىكى ئەڭ زور خۇشاللىق ۋەقە ھېسابلايدۇ. مەلۇمكى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان بازا-ئائىلە بىر جۈپ ئەر - ئايالنىڭ قانۇنلۇق بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا مۇنداق بىرىكىش پەقەت جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان توي - نىكاھ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ توي مۇراسىمى تۆۋەندىكى جەريان - مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) نىكاھ ئوقۇش: نىكاھ ئوقۇش «پاتىھە ئوقۇش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. نىكاھ ئادەتتە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈنى ئەتىگەنلىكى ئوقۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن توي مۇراسىم پائالىيەتلىرى باشلىنىپ كېتىدۇ. نىكاھ قىز تەرەپتە ئوقۇلىدۇ. بۇ كۈنى ئەتىگەندە يىگىت دادىسى تەيىنلىگەن ۋەكىل ۋە قولداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا نىكاھ ئوقۇيدىغان ئىمام ياكى مەزىننى بىللە ئېلىپ قىز تەرەپكە كېلىدۇ. قىزنىڭ دادىسى بىر-ئىككى نەپەر قوشنىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۇلارنى قارشى ئېلىپ ئۆيگە باشلايدۇ ۋە داستىخان

سىلىپ چىرايلىق كۈتىدۇ. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن نىكاھ ئوقۇغۇچى ئالدى بىلەن سۆز ئېلىپ قىزنىڭ مېھرى ھەققى ھېسابىغا لايىھە قويىدۇ. ئىككى تەرەپ كېلىشىپ مەلۇم ساندا پۇل تۆلەشنى توختىتىشىدۇ. ئەمما پۇل نەق مەيداندا بېرىلمەيدۇ. پەقەت ئەر - خوتۇن كەلگۈسىدە مەلۇم سەۋەب تۈپەيلى ئاجرىشىشقا توغرا كەلسە، ئايالنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ھېسابىدا شۇ ۋاقىتتا تاپشۇرىدۇ. بەزى جايلاردا مېھرى ھەققى «سۈت ھەققى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ ۋە نەق مەيداندا پۇل تاپشۇرىدۇ.

ئۇ رەسمىيەت ئۆتۈلۈپ بولغۇچە قىز بىر - ئىككى نەپەر ئايال تۇغقىنى ۋە قولداش، تەڭتۇشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا باش - كۆزىگە رومال پۈركەنگەن ھالدا ئىشىك تۈۋىدە ھازىر بولىدۇ. يەنە بىر چىنىگە ئازىراق تۇز سۈيى قۇيۇپ ئىچىگە ئىككى بۇردا نان سېلىپ داستىخان ئۈستىگە قويۇلىدۇ. ئاندىن نىكاھ ئوقۇلىدۇ. يىگىت قولدىشى بىلەن قول قوشتۇرۇپ ئۆرە تۇرىدۇ. نىكاھ ئوقۇغۇچى بىر - ئىككى كەلىمە ئايەت ئوقۇغاندىن كېيىن يىگىتكە قاراپ: «××× ئاخۇن ××× ئاخۇننىڭ قىزى ×××خاننى رازى-رىزالىقىڭىز بىلەن قىيامەتلىك ھالال جۈپلۈككە ئۆز ئەمرىڭىزگە ئالدىڭىزمۇ؟» دەپ ئىككى قېتىم سورايدۇ. يىگىت چوڭلار ئالدىدا خىجىللىق ھېس قىلىپ دەرھال جاۋاب بەرمەي، پەقەت ئۈچىنچى قېتىم سورالغاندا «ئالدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن قىز تەرەپكە قاراپ:

«×××خان ××× ئاخۇننىڭ ئوغلى ××× ئاخۇنغا رازى-رىزالىقىڭىز بىلەن قىيامەتلىك ھالال جۈپلۈككە ئۆزىڭىزنى قوبۇل قىلدىڭىزمۇ؟» دەپ ئۈچ قېتىم سورايدۇ. ئەمما قىز تېخىمۇ خىجىللىقتا جاۋاب بەرمەي، پەقەت يېنىدا تۇرغانلار ئاڭلىغىدەك پىچىرلاپ ماقۇللۇق بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا يېنىدا تۇرغانلار گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەممە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى ياشنى تەبرىكلەيدۇ. شۇ ئەسنادا قىز قولدىشى

www.uyghurkitap.com

بىلەن يېگىنى قولدىشى داستىخاندىكى تۇز سۈيىگە چىلانغان ھېلىقى نانغا ئېتىلىدۇ. كىم چاققان كەلسە ئالدى بىلەن تۇز دوستىغا تۇزغا چىلانغان نانني شۇ يېگۈزىدۇ. بۇ ئەمەلدە يېگىت بىلەن قىزنىڭ كۆپچىلىك ئالدىدا: «بۈگۈندىن ئېتىبارەن بىز قىيامەتلىك جۈر بولدۇق، تۇزكورلۇق قىلماي مەڭگۇ سادىق ئۆتىمىز» دەپ بەرگەن قەسىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئادەت. ئەنئەنىمىز بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە نىكاھ ئوقۇش ئورنىدا شۇ رەسمىيەت ئۆتۈلەتتى. ئىنسان تۇرمۇشىدا ئاش بىلەن تۇز كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسلىق نەرسە بولغاچقا، ئۇيغۇرلار نان بىلەن تۇزنى ناھايىتى ئۇلۇغلايدۇ. «نېنى يوقنىڭ جېنى يوق» دېگەن ماقالىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، يۇرتقا، ئەلگە، دوستلارغا قىلىنغان ئاساسلىق قىلمىشلارنىڭ «تۇزكور، تۇزكورلۇق» دەپ قاغىلىشى ئەنە شۇ جۈملىدىن. يېگىت بىلەن قىزغا نان يېگۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن نىكاھقا كەلگەنلەر خوشلىشىپ قايتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن توي مۇراسىمىنىڭ بىرىنچى مەزمۇنى ئاخىرلىشىدۇ.

ئۇيغۇرلار توي مۇراسىمىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىككى تەرەپ ئاتا - ئانىسى توي ھۆرمىتى ئۈچۈن مۇمكىن قەدەر بىر قۇر يېڭى ئۇستىباش كىيىدۇ. بولۇپمۇ باللار ئالاھىدە چىرايلىق كىيىندۈرۈلىدۇ. ھەتتا ئۇرۇق-تۇغقان، يارۇ - بۇرادەرلەرنىڭ ئاياللىرى مەخسۇس يېڭى تويلۇق كۆڭلەك كىيىپ تويغا ھەمدەملىشىدۇ. توي مۇراسىمىدىن ئىككى - ئۈچ كۈن بۇرۇنلا ئۆي قېقىپ چوڭ تازىلىق قىلىنىدۇ. مۇراسىم كۈنى ھەممە سەھەر تۇرۇپ ھويلا - ئارام، ئىشىك ئالدىنى سىرىپ - سۈپۈرۈپ، زىيابەت تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلىدۇ.

2) توي زىياپىتى: بۇرۇن توي زىياپىتى مۇنداق ئۇسۇلدا ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن: ① مۇراسىم كۈنى قىز تەرەپتە مول زىياپەت ئۆتكۈزۈلۈپ ئىككى تەرەپنىڭ مېھمانلىرى بىرلىكتە

ئۆزىتىلاتتى. ئەتىسى ئوغۇل تەرەپتە يەنە زىياپەت ئۆتكۈزۈلۈپ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئىككى تەرەپنىڭ يىراق - يېقىندىن كەلگەن تۇغقان، يارۇ - بۇرادەرلىرى، بىرىنچى كۈنى كېلەلمىگەن قوشنا جامائەت كۈتۈلەتتى. ② ھەر ئىككى تەرەپ ئايرىم ھالدا ئۆز ئالدىغا ئۆتكۈزەتتى. ئايرىم يېزا - قىشلاقلاردا توي زىياپىتىنىڭ يەنىلا يۇقىرقىدەك ئۇسۇلدا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھازىر ئىككى تەرەپتە ئايرىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ كەتتى.

زىياپەتمۇ ھەر قايسى جاينىڭ ئەمەلىي شارائىتى، ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ ئۆزىتىلاتتى. بەزى جايلاردا مەزە بىلەن چاي قويۇلغاندىن كېيىن ھەر بىر ئادەمگە بىر نان ئۈستىگە بىر پارچىدىن گۆش قويۇپ ئۆزىتىلسا، بەزى جايلاردا بىر پارچىدىن گۆش سېلىپ چامغۇر توغرالغان سۇيۇقئاش، بەزى جايلاردا گۆشلۈك شويلا ياكى پولو بىلەن ئۆزىتىلاتتى. كېيىنچە ھەممە جايدا دېگۈدەك پولو بىلەن ئۆزىتىلىدىغان بولدى. ھازىر شەھەر رايونلىرىدا توي زىياپىتىدە مېھمانلارغا ئالدى بىلەن نان، قەنت-گېزەك، ئۆيدە پىشۇرۇلغان ھەر خىل يېمەكلىكلەر بىلەن چاي قويۇلۇپ ئاندىن ئاش تارتىش ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى.

توي زىياپىتى مەيلى قايسى تەرەپتە ئۆتكۈزۈلمىسۇن، زىياپەتكە تەكلىپ قىلىنغانلار سوۋغات بىلەن كېلىدۇ. توي سوۋغىتى «بۇسۇت» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇسۇت كۆپىنچە ھاللاردا ئىككى-ئۈچ مېتىر ياكى بىر ئىككى مېتىر ئەن رەخ ۋە بىر تاختا چاي، ئىككى - ئۈچ بولاق قەنت، چىنە-قاچا، ھەتتا لۆڭگە قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇسۇتنى ئاياللار كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن يارۇ - بۇرادەرلىرى بولسا گىلەم، بىرەر جۈپ تەكلىمات، بىرەر تىرىك قوي ياكى بىر پۈتۈن قوي گۆشى ئېلىپ كېلىدۇ.

هازىر يۇڭ ئەدىيال، بىرەر كىيىملىك رەخت، پاكىز ئۇنداق بۇيۇملارنىڭ باھاسىغا مۇناسىپ مىقداردا نەق پۇل قويىدىغان بولۇپ قالدى.

3) توي پائالىيىتى:

① يىگىت - قىز پائالىيىتى:

نىكاھتىن كېيىن يىگىت بىلەن قىز ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆز قولدىشى ۋە بىر توپ ئۆز تەڭتۇش دوستلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆز ھويلىسىدىكى ياكى قولۇم - قوشنىسىنىڭ ھويلىسىدىكى بىر ئۆيدە تا توي كۆچۈرۈلگەنگە قەدەر نەغمە - ناۋا، ئويۇن - چاقچاق بىلەن ئولتۇرىدۇ ۋە ئايرىم كۈتۈلىدۇ. توي زىياپىتى ئاخىرلىشىپ قىز كۆچۈرۈلگۈچە ئىككى تەرەپ ھويلىسىدا خۇشال - خۇراملىق كەيپىياتى ھۆكۈم سۈرىدۇ. زىياپەتتىن ئۇدۇللۇق تاراپ چىققانلارمۇ سەينادا بىر پەس تاماشا كۆرىدۇ. بەزىلەر ھەتتا ياشىنىپ قالغانلارمۇ بىر - ئىككى پەردە ئۇسسۇل ئوينىۋېتىپ قايتىدۇ.

② توي (قىز) كۆچۈرۈش: توي كۆچۈرۈش ۋاقتى ئالدىن بەلگىلەپ قويۇلىدۇ. ۋاقىت توشقۇچە قىزنىڭ يەڭگە ۋە قولدىشى قىزغا تويلۇق كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ، چىرايلىق ياساندۇرۇپ بېشىغا ياغلىق سالىدۇ. بۇ قىزنىڭ قىزلار سېپىدىن ئايرىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ۋاقىت توشقاندا يىگىت ئۆز قولدىشى ۋە بىر توپ تەڭتۇشلىرى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ مەلۇم ساندىكى ئادەملەرنىڭ ھەمراھلىقىدا نەغمە - ناۋا، ناخشا ساداسى ئىچىدە قىز تەرەپكە كېلىدۇ. تويچىلار يېتىپ كەلگەندە قىز تەرەپتىكى ياش ئەر - ئاياللار ھويلا ئىشىكىنى ئېتىۋېلىپ تۆش سورايدۇ. بۇنىڭدا ئوغۇل بىلەن قىزنىڭ قوشۇلۇشىنى قوي تۆشىگە سىمۋول قىلىپ تويىنىڭ خۇشاللىق كەيپىياتىنى ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. تەلەپ ئورۇندالغاندىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ تويچىلار ھويلىغا

كىرىدۇ. ئاندىن ئۆيگە باشلىنىپ قىزغىن كۈتۈلىدۇ.

③ رازىلىق ئېلىش: داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن تويچىلار يىگىتنى ئېلىپ قىز ئولتۇرغان ئۆيگە بېرىپ قىزنى باشلاپ چىقىدۇ. قىز يۈزىدە چۈمپەردە، يىغلىغان هالدا يىگىت بىلەن بىرلىكتە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. يىغلاش قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇق-تۇغقان، ئائىلىسى، مەھەللىسى، مەھەللىداشلىرىغا بولغان مېھرىنى ۋە ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ قىزىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي كۆزلىرىگە ياش ئالغان هالدا كۆيۈمچانلىق ئالدىدا قىزغا دۇئا بېرىدۇ. قىزنىڭ دادىسى قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: «مۇبارەك بولسۇن! بېشىڭلار باش، ئايىغىڭلار تاش بولسۇن! بېشىڭلار تەڭ ئاقىرىپ توققۇز ئوغۇل، بىر قىزلىق بولغايسىلەر، ئۆمۈر بويى ئىناق ئۆتكەيسىلەر!» دەپ دۇئا قىلىدۇ. مەيداندىكىلەرنىڭ ھەممىسى تەڭ قول كۆتۈرىدۇ. ئاندىن هويلىدا بىر پەس نەغمە - ناۋا، ئۇسسۇل بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قىز كۆچۈرۈلۈپ ماڭىدۇ. بۇ چاغدا قىز يەنە يۇقىرىقىدەك ھېسسىياتتا هويلىدىن يىغلاپ چىقىدۇ. تويچىلار قوشاق ئېيتىپ قىزغا تەسەللى بېرىدۇ.

يىغلىما قىز يىغلىما، تويۇڭ بولدى،
ئالتۇن گۈللۈك كۆشىگە، ئۆيۈڭ بولدى.
يىغلىما قىز يىغلىما، خۇش بولۇرسىز،
قارچىغىدەك يىگىتكە جۆر بولۇرسىز.
يىغلىما قىز يىغلىما، تويلىشىڭدۇر،
ئالتۇن بويلۇق گۈل يىگىت سىردىشىڭدۇر.

ooo

④ ئۇزىتىش: قىز كۆچۈرۈلۈپ ماڭغاندا قىز تەرەپتىن بىر

www.uyghurkitap.com

بۆلۈك ئەر-ئايال، ياش ئوغۇل - قىزلار قىزنى ئۇزىتىپ ئوغۇل تەرەپكە بىللە بارىدۇ. شۇ قاتاردا قىزغا تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن مەخسۇس بىر يەڭگە قوشۇپ ئەۋەتىلىدۇ. قىز يەڭگىسى قىزنى ئۇزىتىپ كەلگەنلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قىز تەرەپتىن ھازىرلانغان بىر يۈرۈش تويلۇق بويۇملارنى بىللە ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ بۇيۇملار سېلىنغان ساندۇق ياكى بوقچا ئىچىگە بىردىن ئەينەك، تارغاق، سۈزگۈچ، قايچا، يىڭنە، ئويماق، بىر پىلتە (غالتەك) يىپ قاتارلىق نەرسىلەرمۇ سېلىپ قويۇلىدۇ. بۇ ئارقىلىق قىزنىڭ پاكىز، ئىشچان بولۇشىغا بولغان مەقسەت - ئارزۇ ئىپادىلىنىدۇ.

⑤ چاچقۇ چېچىش: قىز كۆچۈرۈلۈپ ماڭغاندا، قىز تەرەپتىن مەلۇم ساندا پارچە پۇل ياكى چىلان، جىگدە، قەنت-گېزەك قاتارلىق نەرسىلەر قىز بېشىدىن ئۆرۈپ تويچىلار توپى ئىچىگە چېچىلىدۇ. بۇنىڭدا قىزنىڭ يامان كۆزلەردىن يىراق بولۇشى ۋە ئامانلىقىنى تىلەش مەقسەت قىلىنىدۇ.

⑥ يول توسۇش: قىز كۆچۈرۈلۈپ ماڭغاندا، مەھەللىدىكىلەر يولغا ئارغامچا تارتىپ يول توسىدۇ. مەقسەت، بىرىنچىدىن، مەھەللىداشلار قىزغا بولغان سەممىي مېھرىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆز مەھەللىسىدىن كېتىۋاتقانلىقىغا كۆزلىرى قىيمايۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەش بولسا، ئىككىنچىدىن، بىر پەس توي تاماشاسى قىلىپ قىزنى ئۇزىتىپ قويۇش، ئۈچىنچىدىن، ئاز-تولا توي يادىكارلىقى ئېلىشتىن ئىبارەت. بۇ ھالدا يىگىت قولدىشى يىگىتكە ۋەكالىتەن كۆپچىلىككە بىر قېتىم مەشرەپ ياكى ئوغلاق بېرىشنى ۋەدە قىلىدۇ ياكى كۆپچىلىككە قارىتىپ مەلۇم ساندا قول ياغلىق، لۆڭگە ۋە كەمپۇت قاتارلىق نەرسىلەرنى چاچىدۇ ئاندىن يول ئېچىلىدۇ. قىز كۆچۈرۈلۈپ يىگىت مەھەللىسىگە كەلگەندىمۇ يىگىتنىڭ مەھەللىداشلىرى يەنە يول توسىدۇ.

بۇنىڭدا يىگىتنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاقلىشىش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ ھالدا يىگىت قولدىشى كۆپچىلىككە قارىتىپ مەلۇم ساندا لۆڭگە، قول ياغلىق قاتارلىقلارنى چاچىدۇ ئاندىن يول ئېچىلىدۇ. قىز يىگىت ھويلىسىغا كىرەر چاغدا بوسۇغا ئالدىغا بىر دۆۋە ئوت يېقىپ قىزنى ئاتلاتقۇزۇپ ئۆتكۈزىدۇ ۋە يىگىت تەرەپتىن يىگىت بىلەن قىز بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ تويچىلارغا چاچقۇ چاچىدۇ. پاياندار سېلىپ قىز ھوجرىغا باشلاپ كىرگۈزۈلىدۇ. قىز ھوجرىغا كىرىشى بىلەن تەڭ تويچىلار پاياندار قىلىپ سېلىنغان رەختنى تالىشىپ قىزىقچىلىق قىلىدۇ. كىم چاققان كەلسە شۇ ئالىدۇ. قىزنى ئوتتىن ئاتلاتقۇزۇش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى — شامان دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى ئادەت-ئەنئەنىسىنىڭ داۋامى بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق «جىن-شاياتۇنلار قاچسۇن، ئۆيگە بەخت، بەرىكە كىرسۇن» دېگەن ئارزۇ-تىلەك ئىپادىلىنىدۇ.

⑦ يۈز ئاچقۇ: قىز ھوجرىغا ئېلىپ كىرىلگەندىن كېيىن ئەر - ئايال تويچىلارغا داستىخان سېلىنىدۇ. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن توي مەشرىپى باشلىنىدۇ. مەشرەپ بەزى جايلاردا يېرىم كېچىگىچە داۋاملىشىدۇ. بۇ جەرياندا نەغمە-ناۋا بولىدۇ. ئۇسسۇل ئوينىلىدۇ، ناخشا ئېيتىلىدۇ ۋە ھەر خىل قىزىق چاقچاق - پاراڭلار بولىدۇ. ئۇسسۇل ئويناش جەريانىدا مەقسەتلىك ھالدا چەبدەس بىر ئەر بىر ئايال تەڭ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ ئەر كىشى ئۇسسۇل ئوينىغاچ بىر باھانە بىلەن قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىۋېتىدۇ. ئايال دەمبەس قەدەم كېلىپ يېپىپ تاشلايدۇ. بۇ ھەرىكەت شۇ تەرىقىدە ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىدۇ. ئاخىرقى قېتىمدا قىز ئورنىدىن تۇرۇپ كۆپچىلىككە تەزىم بەجا كەلتۈرىدۇ. كۆپچىلىك قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىتىدۇ. قىز ئاندىن ئولتۇرۇپ تاماشاغا ئورتاقلىشىدۇ. شۇڭا بۇ «يۈز ئاچقۇ» دەپ ئاتالغان. مەشرەپ بىر پەس داۋاملاشقاندىن كېيىن

تويچىلار خۇشلىنىشىپ تارقىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن توي مۇراسىمىنىڭ بىرىنچى كۈندىكى پائالىيىتى ئاخىرلىشىدۇ. تويچىلار قايتقاندىن كېيىن يەڭگە ياردەملىشىپ ئورۇن ـ كۆرپە سېلىشىپ، تەرەتلىككە سۇ ئەكىرىپ، قىز بىلەن يىگىتكە تاپىلاشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تاپىلاپ چىقىپ كېتىدۇ. بۇرۇن يەڭگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يىگىتنىڭ دوستلىرى ئوغرىلىقچە ئىشىك ياكى روجەك تۆۋىگە كېلىپ گەپ تىڭشايدىغان ئادەتمۇ مەۋجۇت ئىدى.

⑧ سالام بېرىش: توينىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە قىز يەڭگىسى ۋە قولدىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئالدىغا سالامغا چىقىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۇلارنى قىزغىن كۈتىدۇ ۋە قىزنى بىر ئالتۇن ياكى كۈمۈش ئۈزۈك ياكى ئوبدان بىر كىيىملىك رەخت بىلەن تەبرىكلەيدۇ. يەڭگىسى، قولدىشىمۇ ئۆز لايىقىدا سوۋغات بېرىدۇ. شۇ كۈنى ئەتىگەنلىكى قىز تەرەپتىن بىر ـ ئىككى تاۋاق ئاش ياكى پېتىرمانتا ياكى ئۆپكە ـ ھېسىپ بىلەن ئىسسىقلىق قىلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يىگىت ئۆز قولدىشى ۋە بىر ـ ئىككى نەپەر تەڭتۇشىنىڭ ھەمراھلىقىدا قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئالدىغا سالامغا بارىدۇ. ئۇلارمۇ يىگىتنى قىزغىن كۈتىدۇ ۋە يىگىتكە تون ياپىدۇ ياكى ئوبدان بىر كىيىملىك رەخت قويىدۇ. ھەمراھ بولۇپ كەلگەنلەرگىمۇ ئۆز لايىقىدا سوۋغات بېرىدۇ. يىگىتنىڭ ھەمراھلىرى مېھمان بولۇۋاتقان جەرياندا مەلۇم بىر پەيتتىن پايدىلىنىپ ئۆي ئىچىدىن خاتىرە قىممىتىگە ئىگە مەلۇم بىر كىچىك بۇيۇمنى «ئوغرىلايدۇ». ئەگەر قىز تەرەپ سېزىپ قالسا، شۇ يىگىتنى نەق مەيداندا بىرەر قېتىم ھەرىكەت قىلدۇرۇش ياكى مەشرەپ بېرىشكە «ۋەدە» ئېلىشتەك «جازا» غا تارتىدۇ. بۇمۇ توي خۇشاللىقىنىڭ داۋامى ھېسابلىنىدۇ.

⑨ چىللاق: ئىككى تەرەپ تويدىن كېيىن بىر ھەپتە ئىچىدە

ياكى خالىغان مەلۇم ۋاقىتتا تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا، يارۇ ـ بۇرادەرلىرى ۋە تويدا قاراشقانلارنىڭ ئايرىم زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالىدۇ. قىز تەرەپتىن ئوغۇل تەرەپكە قويۇلىدىغان ياندۇرۇق قويۇمچا ئادەتتە، مۇشۇ قېتىمقى ئۆز ئارا چىللاقتا قويۇلىدۇ.

ھازىر شەھەرلەردە توي پائالىيەتلىرى ھېسابىدا مۇنداق ئادەتلەر شەكىللىنىپ ئومۇملىشىشقا باشلىدى: ① توي مۇراسىمىدىن بىر ـ ئىككى كۈن بۇرۇن قىزغا قولداش بولغۇچى، قىزنىڭ دوستلىرىدىن ئۈچ ـ تۆت كىشى جەم بولۇپ، قىز بىلەن ئوغۇل تەييارلىغان ئۆي جاھاز ۋە لازىمەت بۇيۇملىرى ئاساسىدا ھوجرا ياسايدۇ. ② قىزنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن بىرى توي مۇراسىم كۈنى قىزنى دوستلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرغۇزۇپ بېرىدۇ. بۇ ئىش ئالدى بىلەن قىزغا چوڭ چاي ئېلىپ كېلىنگەن كۈنى شۇ قىزنىڭ ئانىسى كۆپچىلىك ئالدىدا قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىغا بىر كىيىملىك رەخت قويۇپ سوراپ ئېلىش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇ كۈنى قىزنى ئولتۇرغۇزۇشقا كېتىدىغان چىقىمنى ئولتۇرغۇزۇپ بەرگۈچى قىز ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ③ توي چېيى ئۆتكۈزۈش: توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يىگىت بىلەن قىز ئۆز دوستلىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن ياردەم ۋە ھېسداشلىقلىرىغا جاۋابەن تەشەككۈر ئېيتىش يۈزىسىدىن مەخسۇس زىياپەت ھازىرلاپ كەچكى كۆڭۈللۈك كېچە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. زىياپەتكە كەلگەن مېھمانلار ئۆز لايىقىدا ئادەمگەرچىلىك قىلىپ كېلىدۇ.

تويلىشىش، توي مۇراسىم قائىدە ـ يوسۇن پائالىيەتلىرى پۈتۈن ئۇيغۇرلاردا بىر قەدەر ئورتاقلىققا ئىگە. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئادەت ـ ئەنئەنىلەردىن باشقا جايلاردا يەنە ئۆزگىچە مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكلەرمۇ مەۋجۇت. بۇنداق ئالاھىدىلىكلەر،

بولۇپمۇ شەرقىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە بىر قەدەر تىپىك بولۇپ، ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى توي مۇراسىم قائىدە-يوسۇن شەكلىنىڭ نەمۇنىسى ۋە داۋامى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئالاھىدىلىكلەر تويلىشىش جەريانىنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىنىڭ كۆپ، ئاتالغۇلىرىنىڭ ھەر خىل، تەرتىپىنىڭ ئىنچىكە، مۇراسىم پائالىيەتلىرىنىڭ مول بولۇشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

1) قىز تەرەپكە داستىخان تاشلاش «كىچىك تەزىم»، چوڭ چاي ‹چوڭ تەزىم› دەپ ئاتىلىدۇ. تويلۇق «قالىن» دەپ ئاتىلىدۇ (لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىمۇ «قالىن» دەپ ئاتايدۇ).

2) تويلۇق ۋە قىسمەن توي قائىدە - يوسۇنلىرىدا، ئادەتتە تاق سان توققۇز ئۆلچەم قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ قۇمۇل رايونىدا تويلۇق پۇتۇنلەي «توققۇز» بىلەن ئۆلچىنىپ، ئادەتتە توققۇز كىيىملىك رەخ، توققۇز تۇياق قوي، توققۇز كۇرە بۇغداي، توققۇز شىڭ گۇرۇچ، توققۇز جىڭ ياغ، توققۇز داستىخانلىق مېۋە-چېۋە سېلىنىدۇ. قىز تەرەپكە ئېلىپ بېرىلىدىغان داستىخانغا سېلىنىدىغان نان سانى، توي پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغان ھېپىز (ئەلنەغمىچى) لارنىڭ سانى، چېلىنىدىغان داپ سانىمۇ توققۇز بولىدۇ. قۇمۇلدا توي قىلغۇچى ئوغۇل توي مەزگىلىدە «سۇلتان يىگىت» دەپ ئاتىلىدۇ.

3) يوقلاق: قىزغا داستىخان تاشلىنىپ تا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگىچە ئوغۇل تەرەپتىن قىز تەرەپكە پات - پات تاۋاق كىرگۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ «يوقلاق» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا قىز تەرەپنىڭ يالتىيىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە قىز ئانىسى ۋە قىزغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش مەقسەت قىلىنغان.

4) توي پارچىسى ۋە ياندىاق پارچىسى: توي مۇراسىمىدىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئىلگىرى يىگىت ئۆيىدە مەھەللە ياشلىرى توي خىزمىتى ۋە تويىنىڭ ئوتۇن - ياغىچى ئۈستىدە مەخسۇس

مەسلىھەت ئۆتكۈزىدۇ. بۇ «توي پارىڭى»، «يانتاق پارىڭى» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇ كۈنى يىگىت بېشى سايلىنىدۇ. توي خىزمىتى تەقسىم قىلىنىپ ئادەم بېكىتىلىدۇ ۋە ئوغۇل، قىز تەرەپكە يېتەرلىك يېقىلغۇ (يانتاق) يەتكۈزۈپ بېرىش بويىچە سەپەرۋەرلىك قىلىنىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە ھارۋىسى بار يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى جاڭگالغا يانتاق ئالغىلى چىقىدۇ، ھەممەيلەن بىرىنچى بولۇپ كېلىشكە تىرىشىدۇ. چۈنكى بىرىنچى بولۇپ كەلگۈچىنىڭ ھارۋىسىغا قوشۇلغان جانىدارنىڭ بېشىغا قىزىل شەلپەر ياكى شايى باغلىنىدۇ. يىگىت بېشى مەھەللە بېشىدا تۇرۇپ يېتىپ كەلگەن ھارۋىلاردىن ئۇدۇللۇق بىرىنى قىز تەرەپكە، بىرىنى ئوغۇل تەرەپكە ماڭدۇرۇپ تۇرىدۇ. قىز تەرەپتە قىزلار يانتاق چۈشۈرۈش جەريانىدا يىگىتلەرنىڭ ئارغامچا، قامچا قاتارلىق نەرسىلىرىنى تۇيدۇرماي تىقىۋېلىپ ئۇلارنىڭ ھوشيار، چاققانلىقىنى سىنايدۇ. تۇيغۇن، ھوشيارلىرى قىزلارنىڭ ھەرىكىتىگە يول قويمايدۇ. بىخەستەلىرى نەرسىلىرىنى «يوقىتىپ قويۇپ» قىزلارغا يالۋۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. قىزلار كۈلكە ساداسى ئىچىدە تىقىۋالغان نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ يىگىت يۈزى قىزارغان ھالەتتە بېشىنى كۆتەرمەي ھارۋىسىنى ھەيدەپ چىقىپ كېتىدۇ.

5) توي باشلاش؛ بۇ توي مۇراسىمىنىڭ ھارپىسىدا چۈشتىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپتە ئۆتكۈزىلىدىغان كىچىك مۇراسىم بولۇپ، باغاق تارقىتىلمايدۇ. ئەمما، ھەر ئىككى تەرەپتە ناغرا سۇناي چېلىنىدۇ. ناغرا سۇناي ساداسىنى ئاڭلىغان ئەل - مەھەللە، قولۇم - قوشنا، يارۇ - بۇرادەرلەر كەينى-كەينىدىن تەبرىكلىشىپ كېلىشىدۇ. ساھىپخان كەلگەنلەرنى ئادەتتە چاي - مەزە، قەنت - گېزەك، مېۋە - چېۋە قويۇپ ئۈزىتىدۇ. بەزىلىرى قويۇق - سۇيۇق ئاش تارتىدۇ.

قاراڭغۇ چۈشەي دىگەندە يىگىت قولدىشى باشلىق بىر تۈركۈم يىگىتلەر قىز تەرەپكە بارىدۇ، ئۇلار يېتىپ كېلىشى بىلەن قىز تەرەپتىكى قىز - يىگىتلەر قىزىقچىلىق قىلىپ ئىشىكنى تاقىۋالىدۇ. كەلگەنلەر ئازراقتىن ئىرىملىق بەرگەندىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ ھويلىغا باشلىنىدۇ ۋە داستىخان راستلاپ چاي تارتىلىدۇ. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن بىر پەس نەغمە قىلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىپ قايتىدۇ. بۇ رەسمىيەتنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىدە تويىمىز دەل ۋاقتىدا باشلىنىدىغان بولدى، يۇرت خەۋەردار ۋە گۇۋاھ بولسۇن، توي خۇشال - خۇرام ئۆتسۇن، دىگەنلىك مەقسەت قىلىنىدۇ.

6) يەل ئېيتىش: يىگىتلەر قىز تەرەپتىن قايتىپ كېلىپ يىگىت ئۆيىدە بىر پەس نەغمە - ناۋا بىلەن قايتىدۇ. بۇ «يەل ئېيتىش» دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۇ ئىككى خىل ئادەت تولاراق تۇرپان رايونىدا ئۇچرايدۇ.

7) چاقما بېرىش: تويىنىڭ ھارپىسى كەچلىكى يىگىتنىڭ دادىسى قولۇم - قوشنىلاردىن ئىككى - ئۈچ كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا توققۇز نان، قەنت - گېزەك بىلەن داستىخان قىلىپ، يېرىم قويىنىڭ گۆشى ياكى بىرەر پاقلاننى ئېلىپ قىز تەرەپتىن ھاردۇق سوراپ كېلىدۇ، بۇ «چاقما بېرىش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئادەت تولاراق قۇمۇل رايونىدا ئۇچرايدۇ.

8) توي مۇراسىم پائالىيىتى ئۈت - بەش كۈن داۋاملىشىدۇ.

9) مۇراسىم كۈنى ئەتىگەندىن تارتىپ توي زىياپىتى ئاخىرلاشقىچە ھەر ئىككى تەرەپتە ناغرا - سۇناي چېلىنىپ تۇرىدۇ. تويغا كەلگەن مېھمانلار ئېلىپ كەلگەن بوسۇتلار، بولۇپمۇ ئورۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلەرنىڭ بوسۇتلىرى ھويلا تاملىرىغا، ھويلىدىكى دەرەخلەرگە ۋە ئۆي تاملىرىغا ئېسىپ قويۇلىدۇ.

10) نىكاھ مۇراسىم كۈنى ئەتىگەن نامازدىن يېنىپلا ئوقۇلىدۇ. قىزنىڭ «مېھرى ھەققى» «سۈت ھەققى» دەپ ئاتىلىدۇ ۋە شۇ مەيداندا نەق پۇل تاپشۇرۇلىدۇ.

11) توي كۆچۈرۈشكە يىگىت كەلمەي ئانىسى ۋە بىر بۆلۈك ئايال، يىگىت قولدىشى، بىر توپ تەگتۇشلىرى ۋە ھېپىزلارنىڭ ھەمراھلىقىدا يېرىم يولدا ساقلاپ تۇرىدۇ. قىز تەرەپكە دادىسى، ئانىسىنىڭ ۋەكىلى بىر قىسىم ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە بىر بۆلۈم ياشلار كېلىدۇ. يۇقىرىقى بۇ ئادەتلەر تولاراق تۇرپان رايونىدا ئومۇملاشقان.

12) توققۇز تەزىم: تويچىلار قىز تەرەپنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە ئىشىك ئېتىۋېلىنىپ، تويچىلار توققۇز تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ قوي تۆشى بېرىلمىگۈچە ئىشىك ئېچىلمايدۇ. قىز تەرەپتىن «تەييارلىق پۈتمىدى» دەپ ۋاقىت ئالىدۇ. تويچىلار بىر تەزىم قىلىپ بولۇپ كەينىگە يانىدۇ. يەنە كېلىپ تەزىم قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ توققۇز تەزىم بەجا كەلتۈرۈلۈپ بولغۇچە ئارىلىقتا مەلۇم ۋاقىت ئۆتىدۇ. بۇ جەرياندا قىز تەرەپ ئايال مېھمانلىرى ئوتتۇرىسىدا بۇغجىما (بوپا ياكى ساندۇق) ئېچىپ قىزنىڭ تويلۇقى كۆرسىتىلىدۇ. قىزنى كىيىندۈرۈپ، جابدۇش ئىشلىرى تۈگىگەندە ئاندىن ئۆيگە باشلىنىپ داستىخان سېلىنىپ مېھمان قىلىنىدۇ.

13) ئېيتىشىش: داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن قىزنىڭ ئانىسى بىلەن يىگىت ئانىسىنىڭ ۋەكىلى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۆزئارا چاي تۇتۇشقاچ قىز بىلەن يىگىت تەرىپلەنگەن ۋە ئۇلاردىن كۈتۈلىدىغان ئۈمىد - ئارزۇ مەزمۇن قىلىنغان بېيىتلارنى ئېيتىشىدۇ:

قىز تەرەپ:

باغلىقىمنىڭ ئۈچىدا بىر ئىلمەك گۈل ساقلىدىم،

گۈلنى بېشىمدا تاجى قىلىپ ساقلىدىم.

www.uyghurkitap.com

بارچە كىشى كېلىۋېدى ھېچبىرىگە باقمىدىم،
يات كىشىگە بولمىسۇن دەپ ئۆزلىرىگە ساقلىدىم.

يىگىت تەرەپ:
ئوغۇل تۇغدۇم موللا - ئالىم،
كېلىن ئاپئاق تولۇن ئايىم.
ئۈزۈن بولدى تىلىگىلى،
ئەمدى بەردى خۇدايىم.

قىز تەرەپ:
قىز تۇغدۇم ئايدەككىنە،
بويى قىرچىن تالدەككىنە.
كۆرسىلە گۈلدەككىنە،
خىزمەت قىلسۇن قۇلدەككىنە.

يىگىت تەرەپ:
خۇدا نېسىپ قىلغاي،
توققۇز ئوغۇل، بىر قىزلىق بولغاي،
سالام قىلىپ كىرەر بولغاي.
ئەتىسى تۇڭلۇك ئاچار بولغاي،
ئىسسىق - يىللىق چىراي بولغاي.

قىز تەرەپ:
قىزىم سەھەر تۇرار بولسۇن،
سالام قىلىپ كىرەر بولسۇن.
ئەتىسى تۇڭلۇك ئاچار بولسۇن،
قىزىم خىزمەت قىلسۇن ئالتۇندەك پارقىراپ،

قىيىنئانىسى ئادەم قىلىۋالسۇن بېشىنى سىلاپ.

(مۇنداق ئېيتىشىش قۇمۇل رايونىدا توينىڭ ئەتىسىدىكى يۈز ئاچقۇ تويىدا قىز ئانىسى بىلەن يىگىت ئانىسى ئوتتۇرىسىدا ئېيتىلىدۇ). ئېيتىشىش تۈگىگەندىن كېيىن قىزغا دۇئا بېرىلىپ، چاچقۇ چېچىلىپ ئېلىپ مېڭىلىدۇ. قىزنىڭ بېشىغا تا تىزىغا قەدەر ئۇزۇنلۇقتا چۈمبەل (رومال) ئارتىلىدۇ. ئىككىنچي كۈنى رەسمىي يۈز ئاچقۇ مۇراسىمى بولغۇچە ئاساسىي جەھەتتىن يۈزى ئېچىلمايدۇ.

14) بوغجۇما بېرىش: قىز تەرەپتىن هازىرلانغان تويلۇق بوغجۇما دەپ ئاتىلىدۇ. بوغجۇما ئېلىپ مېڭىلغاندا، ئۇنىڭ قاتارىدا بىر كۈشۈگە (چىمىلدىق) ۋە ئۇنى قۇراشتۇرغاندا لازىم بولىدىغان مىخ، بولقا قاتارلىق نەرسىلەرمۇ بېرىلىدۇ. بوغجۇما سېلىنغان بوپا ياكى ساندۇققا بىر دانە يىڭى سۇپۇرگە تېڭىپ قويۇلىدۇ.

15) تېرىق ئېيتىشىش: يىگىت يېرىم يولدا كۈتۈپ تۇرغان جەرياندا هېپىزلار توققۇز داپ چېلىپ ناخشا ئېيتىپ تۇرىدۇ. بۇ «تېرىق ئېيتىشىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

16) سالامىلىشىش (چاچقۇ چېچىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ): تويچىلار قىزنى كۆچۈرۈپ يىگىت كۈتۈپ تۇرغان يەرگە يېتىپ كەلگەندە ئىككى ئايال قۇدا سالامىلىشىدۇ. ئاندىن قىزنىڭ تۇغقانلىرى ئىچىدىن بىر تۇغۇتلۇق بولغان ئىككى ئايال قىزنى ئاق كىگىز ياكى زىلچىغا ئولتۇرغۇزۇپ هارۋىغا سالىدۇ. قىزنىڭ يەڭگىسى يىگىتكە ياغلىق سۇنىدۇ. يىگىت قولىدىكى يىگىتنىڭ بېشىغا دەستار ئورايدۇ ۋە بويىنىغا يەڭگە سۇنغان ياغلىقنى چىگىدۇ. بۇ چاغدا مەيداندىكىلەر «مۇبارەك بولسۇن!» دەپ ۋارقىرىشىدۇ. ئاندىن يىگىتنىڭ ئانىسى ئوغلى ۋە كېلىنىنىڭ بېشىدىن چۆرۈپ چاچقۇ چاچىدۇ (ئاساسەن

تەڭگە، داچەن ياكى پۇل، ھازىر كەمپۇت). شۇنىڭدىن كېيىن ھەممەيلەن يىگىتنىڭ ئۆيىگە قاراپ قوزغىلىدۇ. يىگىت ۋە قولدىشى ئاتلىق ئالدىدا، قىز ئىككى ئايال قودا ۋە قولدىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھارۋىدا كەينىدە ماڭىدۇ. تويچىلار ئۇلارنىڭ كەينىدە ماڭىدۇ.

17) چاچاڭ: توي كۆچۈرۈلۈپ يىگىتنىڭ مەھەللىسىگە كىرىش ئالدىدا يىگىت تەرەپنىڭ ئەل - ئاغىنىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى مەھەللە كوچىسىغا توغرىسىغا ئالىيېشىل رەختلەرنى ئېسىپ كوچىنى زىننەتلەيدۇ. گازىر - پۇرچاق قاتارلىق نەرسىلەرنى ھازىرلاپ تويچىلارنى قارشى ئېلىپ ھاردۇق سورايدۇ. بۇ «چاچاڭ» دەپ ئاتىلىدۇ.

18) خىنا تۇتۇش: تويچىلار يىگىتنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشقاندا يىگىت تەرەپتىن بىر بۆلۈك ياش ئاياللار چىقىپ يۇلەن ئېيتىپ تۇرىدۇ. ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە داستىخان سۇنۇشىدۇ. داستىخانغا بىر تاۋاق ئاش، تۆت نان، بەش توقاچ ۋە بىر كىيىملىك رەخت ھازىرلىنىدۇ. بۇ «خىنا تۇتۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. جەرياني مۇنداق: تويچىلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققان ئاياللارنى كۆرۈش بىلەن ئوتتۇرىدا مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ توختايدۇ. ئىككى تەرەپتىن داستىخان كۆتۈرگەن ئاياللار ئالدىغا چىقىدۇ. بىر كۇپلىت يۇلەن ئېيتىلىپ بولغاندا ئىككى تەرەپتىكىلەر ئىككى - ئۈچ قەدەم ئالدىغا ماڭىدۇ، يۇلەن ئېيتىلىپ بولۇش بىلەن ئوتتۇرىدىكى بوشلۇقمۇ تۈگەيدۇ. ئاندىن ئۆزئارا داستىخان سۇنۇلۇپ تويچىلار ھويلىغا باشلىنىدۇ.

ئېيتىلىدىغان يۇلەن قوشىقى:

ھاي-ھاي يۇلەن، ھاي يۇلەن،
گۇل قايدا با،
بىر يىگىتكە بىر ياخشى قىز،

ھەر جايدا بار.
ھاي-ھاي يۇلەن ھاي يۇلەن،
مەن نە قىلاي؟
خەنجەر ئېلىپ يۈرەكىمنى
پارە قىلاي!
ھاي-ھاي يۇلەن، ھاي يۇلەن،
قارا كېلىدۇ.
بەرگى خازان تۇننى كىيىپ،
يار كېلىدۇ.
بەرگى خازان تۇننىڭ،
بەرگى تولا،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ
دەردى تولا.
ئاپئاق - ئاپئاق توشقانلار،
خاماندادۇر.
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر،
ئارماندادۇر.
قىزىل - قىزىل پىيازنىڭ، پوستى تولا،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ،
دوستى تولا.

19) نۆۋەت ئېلىش: قىز بىلەن يىگىت ۋە تويچىلار ھويلىغا باشلاپ كىرىلگەندىن كېيىن ھويلىدا كالتا سورۇن تۈزۈلىدۇ. يەڭگىلەردىن بىرى بىر قولياغلىق، مەلۇم ساندا پۇل ۋە بىر دانە يىڭى ئۇستۇرا سېلىنغان پەتنۇسنى ئەكىلىپ يىگىتنىڭ ئۆكسىغا سۇنىدۇ. ئۇ تەزىم قىلىپ ئېلىپ ياغلىق، پۇلنى يانچۇقىغا سالىدۇ ۋە ئۇستىرىنى ئېچىپ ئاكىسىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، ئاندىن دەستۇرىنى ئېلىپ بېشىنى ئۇستۇرىنىڭ كەينى

بىلەن بىر نەچچىنى غىرداپ قويىدۇ. بۇ: «سىنىڭ نۇۋۇتىڭ تۈگىدى، ئەمدى نۆۋەت مېنىڭ» دېگەنلىكنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا بۇ رەسمىيەت «نۆۋەت ئېلىش» دەپ ئاتالغان.

20) سالام بېرىش: نۆۋەت ئېلىش رەسمىيىتى تۈگىگەندىن كېيىن قىز بىلەن ئايال مېھمانلار چوڭ ئۆيگە (يىگىت ئانىسىنىڭ ئۆيىگە) باشلىنىدۇ. قىزنىڭ يېنىدىكى يەڭگىلەردىن بىرى «كېلىن بالا، سالام دەيدۇ» دەيدۇ. يىگىتنىڭ ئانىسى «قۇللۇق، خۇدايىم مۇبارەك قىلسۇن» دەيدۇ ۋە قىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ، ئەمما قىز ئولتۇرمايدۇ، سەۋەبى سۇرۇشتۇرۇلىدۇ. يەڭگىلەر: «قىزنىڭ بېشى ئاغرىۋېتىپتۇ» دەيدۇ. شۇ زامات يىگىت تەرەپتىن گەپدان بىر ئايال ئىككى پىيالە چاي ئەكېلىپ بىرىنى قىز تەرەپتىكى نىشانلىق بىر ئايالغا تەزىم بىلەن تۇتىدۇ. بۇلار چاي تۇتۇشقاچ نەزمە ئېيتىشىدۇ:

قىز تەرەپ:

ئەسسالام، كېلىن بالا، سالام دەيدۇ.

يىگىت تەرەپ:

مۇبارەك بولسۇن، توققۇزى تەل بولسۇن،
ئايىغى تاش بولسۇن.
توققۇز ئوغۇل، بىر قىزلىق بولسۇن،
ئالدىدا كۈن[1] چىققاي كەينىدە ئاي[2] چىققاي.
ئەتكەن ئېشى بەرىكەتلىك بولغاي،
ئوچۇق - ئىللىق چىراي بولغاي.
توپا ئالسا ئالتۇن بولغاي، كۈل ئالسا كۈمۈش بولغاي،

---

① كۈن ئوغۇلنىڭ سىمۋولى
② ئاي قىزنىڭ سىمۋولى.

قۇيرۇقلىرى دىڭ[1]بولغاي،
سىرىق يۆگەيدەك چىرماشقاي،
يار يىلىمدەك يېپىشقاي. (كۈلكە)

قىز تەرەپ:
خۇدا شۇڭا نېسىپ قىلسۇن،
ئەتىگەن تۇرار بولسۇن.
تۈگۈلۈك ئاچار بولسۇن،
ئوچۇق - ئىللىق چىراي بولسۇن،
يۈزى تۆۋەن، سۆزى شىرىن بولسۇن!

يىگىت تەرەپ:
مېنىڭ ئوغلۇم مۇنايىم، كەلگەن قىزىم تولۇن ئايىم.
كىچە-كۈندۈز تىلىۋىدۇق، ئەمدى بەردى خۇدايىم.
چىننى چىنە دەرمەن، گۈلنى غۇنچە دەرمەن،
سەھەر قوپۇپ ئۆيگە كىرسە، بېھىشنىڭ گۈلى دەرمەن.
چىنە - چىنە ئالدىمەن، چىنە تەخسىگە سالدىم مەن،
مەھەللىمىز ئىچىدىن يالغۇز سىزنى تاللىدىمەن.
سەككىز تالا بۆك كىيىپتۇ، سەككىزى قىيىق،
ئوڭ يېنىغا گۈل بېسىپتۇ، بەرگىسى سىرىق.
يات كىشىلەر قۇدا بوپتۇ، بۈگۈن ۋە تاڭلىلىق،
ئىككىمىز قۇدا بولايلى، ھەر ئىككى دۇنيالىق.
بەيتۇللادىن چىققان ئاتنىڭ يايلى قاشقا،
يايلىسىدىكى ئالتۇن تۇمارنىڭ زۇننارى باشقا.
بىر سالام، ئىككى سالام سىز تۇغقان قىرىنداشقا،
مۇنداق ئاسان بولۇرمۇ بىز تۇغقان بولۇشماققا.

---

① تۇرمۇشلىرى كۆڭۈللۈك، شاد - خۇرام بولسۇن دېگەن بولىدۇ.

تاغدىن چۈشكەن تاش بېلىق، سۇدىن چىققان ئاي بېلىق،
بىر ـ بىرىگە باب لايىق، ھەيران قالسۇن خالايىق.

قىز تەرەپ:
بىر دانە گۆھەرنى شۇنچە پىنھان ساقلىدىم،
قاش ـ كىرپىك ئارىسىدىن بىر دەم ئايرىماي.
پۈتۈن خالايىق كېلىشۈىدى ھېچبىرىگە باقمىدىم،
يىراقتا كەتمىسۇن دەپ ئۆزلىرىگە ساقلىدىم.
چىنە ـ چىنە ئالسىلا چىنە تەخسىگە سالسىلا،
ئەمدى بۇ گۆھەرنى ئىككى قوللاپ ئالسىلا.
بۇ گۈل بىر دانە گۈل ئىدى، چىمەنگە بەرگۈسىز،
شاتۇتى قونسا شېخىغا، شامالمۇ قىمىرلاتقۇسىز.
قىزىل ئالما شاخلىرى، ئېگىلۈچان بولسۇن،
شاخىنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈچان بولسۇن.
بىر ياخشىغا بىر يامان بۇيرۇلماس بولسۇن.

يىگىت تەرەپ:
تۈگۈن تۈگۈلگەندەككىنە، تۈگۈلۈپ يېشىلگەندەككىنە،
ئىككى ياخشى بىر بولغاندا، قىزىل گۈل ئېچىلغاندەككىنە.
قارا ـ قارا قاغىلارنىڭ قاناتى قارا،
ئۇ مەھەللىدىن قىز ئالدۇق، گۆھەردەك بالا.
بىرى قىزىلگۈل، بىرى بۇلبۇل، ئەپلىشىپ قالا،
ئىككى ياخشى بىر بولۇپ ئايرىلماس بولا.
تاغدىن چۈشتى تاش بېلىق، سۇدىن چىقتى ئاي بېلىق،
بۇ بىر جۈپ گۆھەرگە ھەيران قالسۇن خالايىق.
ئاي چىقسا ئاي تۇغۇر، كۈن چىقسا كۈن تۇغۇر،
مۇنداق بىر جۈپ گۆھەرنى بۇندىن كېيىن كىم تۇغۇر.

21) هۆجرا مىلىسى (مەشرىپى): سالام بېرىش رەسمىيىتى تۈگىگەندىن كېيىن مېھمانلار ئاساسەن تارقايدۇ. بىر قىسىم ياش ئاياللار ۋە يىگىتلەر قېلىپ هۆجرا مىلىسى ئۆتكۈزىدۇ. ئالدى بىلەن يەڭگىلەر يىگىت بىلەن قىزنى هۆجرىغا باشلايدۇ. قىز پەگاھقا سېلىنغان ئۆچكە تېرىسى ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇلۇپ هېلىقى سۆيۈرگە بىلەن دۈمبىسىگە ئاستا بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇلىدۇ. بۇ «سەن مۇشۇ ئۆينىڭ ئادىمى بولدۇڭ، يۈزۈڭ تۆۋەن، قولۇڭ ئىشلىق بولسۇن» دېگەنلىكنى ئىپادىلەيدۇ. ئاندىن قىزغا يىگىتنىڭ بوينىغا باغلاغلىق هېلىقى ياغلىقنى چىشى بىلەن چىشلەپ يەشكۈزۈشتەك قىزىقچىلىقلار قىلىنىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قىز چۈمبىلىنى قايرىشقا مەجبۇر بولۇپ، يىگىت قىزنىڭ يۈزىنى رەسمىي كۆرىدۇ. قىزنىڭ مەڭزى، پېشانىلىرى يىگىتنىڭ ئېغەكلىرىگە بىر نەچچە قېتىم تېگىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا كۈلكە - ئالقىش ساداسى ياڭرايدۇ. هۆجرا مىلىسى تاڭ ئاتقۇچە داۋاملاشقاچقا بۇ كېچە يىگىت بىلەن قىز قوشۇلمايدۇ. بۇ ئادەتلەر تولاراق تۇرپان رايونىدا ئۇچرايدۇ.

22) يۈز ئاچقا (ئاچقۇ): بۇ ئەمەلىيەتتە توينىڭ ئەتىسى يىگىت تەرەپتە ئۆتكۈزۈلىدىغان توي بولۇپ، بۇنىڭغا قىز ئائىلىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە ئىككى تەرەپنىڭ ئەل - مەھەللىسى، يارۇ - بۇرادەرلىرى تەكلىپ قىلىنىدۇ. بۇ توينىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىزنىڭ يۈزكەنجىسىنى ئېلىۋېتىش بولغاچقا «يۈز ئاچقا» دەپ ئاتالغان. يۈز ئاچقۇ رەسمىيىتى قۇمۇل رايونىدا ئەر مېھمانلار ئۇزىغاندىن كېيىن ئورۇندىلىدۇ. ئەرلەر ئۇزىغاندا قىز - ئايال مېھمانلار ئالدىغا ئېلىپ چىقىلىدۇ. ئاندىن قىز بىلەن يىگىت ئانىسى قىزى، ئوغلىنى تەرىپلەپ ئۆز ئارا بېيىت ئېيتىشقاندىن كېيىن ئاياللارنىڭ كۈلكە - چاقچاق ساداسى ئىچىدە قىزنىڭ يۈركەنجىسى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ئاندىن قىز

www.uyghurkitap.com

مېھمانلارغا تەزىم بەجا كەلتۈرىدۇ. بۇ چاغدا پېشقەدەم ئاياللاردىن بىر نەچچىسى قىزنى مۇبارەكلەپ مۇنۇ بېيىتنى ئېيتىدۇ:

ئەتىگەندە تۈرار بولغاي،
توڭلۇك ئاچار بولغاي.
توققۇز ئوغۇل، بىر قىزلىق بولغاي،
قوتاندا قوزىلىق بولغاي،
ئېغىلدا موزايلىق بولغاي.

سورۇندىكىلەر ھەر مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى سۆزلەرنى تەڭ ئېيتىشىدۇ. ئاندىن يىگىت ئانىسى قىزغا ئالتۇن ئۈزۈك يا ھالقا يا كىيىملىك رەخت تەقدىم قىلىدۇ. بۇ كۈنى تۇرپان رايونىدا مۇنداق رەسمىيەتلەر ئورۇندىلىدۇ. ① چۆچۈرە تارتىش: بۇ ئەمەلىيەتتە قىز تەرەپتە ھازىرلىنىدىغان ئىسسىقلىق بولۇپ، ئەتىگەندە يىگىتلەر سۇناي چېلىپ بېرىپ ئەكېلىدۇ. ② يوقلاق: يىگىتلەر چۆچۈرىنى ئېلىپ كەلگۈچە مەھەللە يىگىتلىرى مېۋە-چېۋە ئېلىپ يىگىتنى يوقلاپ ھال سوراپ كېلىدۇ. شۇڭا بۇ يوسۇن «يوقلاق» دەپ ئاتالغان. بۇ چاغدا ئۆيدە پەقەت يىگىت، قىز ۋە يەڭگىلەرلا بولىدۇ. ئىشىك ئالدىدا تۇرغان يىگىت كەلگەنلەرنى ئۇدۇللۇق ئۆيگە باشلاپ كىرىدۇ ۋە: «چىن-چىن سالامەت، بەردى مۇھەببەت، ئىشتىڭىزلار، كۆرۈڭىزلار ×× ئاغىنە، تۇغقان، تۆگە، ئات، كالا، قوي، توپ - توپ مال بىلەن (كەلگەنلەرنىڭ ئىسمى دېيىلىپ، ئېلىپ كەلگەن مېۋىلەرنىڭ تۈرى ئات، تۆگە، كالا، قوي نامىدا بىر-بىرلەپ ئاتىلىدۇ). جوۋاپ كەپتۇ» دەپ ئېلان قىلىدۇ. يەڭگىلەر رەھمەت ئېيتىپ ئېلىپ تۇرىدۇ. يىگىتلەرنىڭ كېلىپ بولۇشىغا ئۈلگۈرتۈپ چۆچۈرىمۇ ئېلىپ كېلىنىدۇ ۋە يەڭگىلەرنىڭ بىرى ئۈستىدە تەخسىگە چۆچۈرە ئېلىنغان

پەتنۇسنى ئېلىپ كىرىپ قىزغا سۇنىدۇ. قىز قولىغا ئېلىپ يۈزى يېپىق ھالدا ئالدى بىلەن يىگىتكە ئاندىن كەلگەن يىگىتلەرگە قاتارى تۇتۇپ چىقىدۇ، ھەممەيلەن بىر دانىدىن ئېلىپ يەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يىگىتلەر تارقايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ رەسمىيەت «چۆچۈرە تۇتۇش» دەپ ئاتالغان. ③

قورۇغا كېلىش: چۆچۈرە تۇتۇش ئاخىرلىشىشىغا قىزنىڭ ئانىسى تۇغقان ۋە قوشنىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قىزدىن ھال سوراپ كېلىدۇ. بۇ «قورۇغا كېلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار كېلىشتە توققۇز نان ئۈستىگە مەلۇم سوۋغاتلىق نەرسىلەرنى سېلىپ، مەخسۇس بىر چوڭ تاۋاقتا ئۆپكە - ھېسىپ ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلار ياخشى كۈتۈلىدۇ. داستىخان ئۈستىدە ئۆپكە - ھېسىپ توغرىلىپ (ھەر ئادەمگە بىر پارچىدىن مۆلچەرلىنىدۇ)، كۆپچىلىك ئالدىغا قويۇلىدۇ ۋە ئۆپكە ئاغزىنى يىرتىپ چىققان ھوردا قىزنىڭ يۈزى ھوردىلىدۇ. بۇنىڭدا «قىزنىڭ مېھرى ئىسسىق بولسۇن» دېگەنلىك مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن داستىخان ئۈستىدىكىلەر بىر پارچىدىن ئېلىشقا تىرىشىپ تاۋاققا تەڭ قول سالىدۇ. بۇمۇ بىر قىزىقچىلىق بولۇپ: مۇنداق ئۆپكە - ھېسىپتىن يېگۈچىلەر چىش ئاغرىقى كۆرمەيدۇ، دېيىلىدۇ. بۇ قىزىقچىلىق تۈگىگەندىن كېيىن يىگىت باشلاپ كىرىلىپ، يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئالدىغا بىردىن جوزا قويۇلۇپ ئۈستىگە يىگىتكە قويۇلىدىغان قويۇمچا، قىزغا ھازىرلانغان لازىمەتلىكلەر ۋە تارغاق، سۈزگۈچ، يىپ، يىڭنە قاتارلىق نەرسىلەر قويۇلۇپ كۆپچىلىك ئالدىدا نامايان قىلىنىدۇ. يۇقىرىقى رەسمىيەتلەر تۈگىگەندىن كېيىن يۈز ئاچقۇ پائالىيىتى ئاندىن باشلىنىدۇ. يۈز ئاچقۇ ئىككى تەرەپتىن ئىككى ئايال ۋەكىل ئوتتۇرىغا چۈشۈپ نەزمە ئېيتىش بىلەن باشلىنىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تار ئېرىقتىن ئاتلىدۇق،
كەڭ ئېرىقنى قاتلىدۇق.
شۇنچە قىزلار ئىچىدىن،
خېنىم بالامنى تاللىدۇق.
بازاردىن ئات ئالدۇق،
ساغرىسى ئالا.
يۇقىرى مەھەللىدىن قىز ئالدۇق،
ئالتۇندەك بالا.
بىرى گۈل، بىرى بۇلبۇل،
ئەپلىشىپ قالا.
يۇقىرىدىن سۇ چۈشەدۇر،
تاشتىن ـ تاشقا شارقىراپ.
جېنىم ئوغلۇم ئولتۇرادۇر،
تولۇن ئايدەك پارقىراپ.
تولۇن ئايغا تىل تەگمىسۇن،
پۇتتۇق تۇمار.
سۇدىن ئالغان لەھەل تاشتەك،
كۆزلىرى خۇمار.
كىچىككىنە باغ ئىچىدە،
يېڭى ئۈنگەن گۈل ـ ئانار.
شۇغىنە خېنىمنىڭ،
ئوڭ مەڭزىدە خالى بار.
ئاغزىدا ئايەت ئوقۇيدۇ،
قولىدا كىتابى بار.
قاشلىرى قىرغان قەلەمدەك،
ئاي يۈزىدە نۇرى بار.
كۆزگى بۇغدايلار مايسا بولدى،
يازغى بۇغدايلار قىنى.

بۇغۇنچىلارنى ئۇرۇغداتقان،
مومای - بوۋايلار قېنى؟①

ئېيتىشىش تۈگەش بىلەن تەڭ نەغمە - ناۋا ئىچىدە يىگىت تەرەپتىن بىر ئايال، قىز تەرەپتىن بىر ئايال ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. بىرى ئۇسسۇل ئوينىغاچ كېلىپ قىز يۈزىدىكى رومالنى قايرىۋېتىدۇ. يەنە بىرى ئويناپ كېلىپ چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بۇ ھەرىكەت ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن يىگىت تەرەپتىن ئۇسسۇلغا چۈشكەن ئايال بىراقلا قايرىپ تاشلايدۇ. قىز ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرىدۇ. بىر پەس نەغمە - ناۋا بولغاندىن كېيىن يەڭگىلەر قىزنى ھوجرىسىغا باشلاپ چىقىدۇ. يىگىت ئۆز قولداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئارقىدىن كىرىدۇ. ھوجرىدا قىز بىلەن يىگىتنى كورىدىكى ھور چىقىپ تۇرغان ئۆپكە - ھېسىپقا قارىتىش (بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قىز بىلەن يىگىتنىڭ بېشىنى سوقۇشتۇرۇپ قىزىقچىلىق قىلىدۇ)، قىزغا يىگىتنىڭ بەلبېغىنى يەشتۈرۈش، دەستارىنى ئالدۇرۇش، تونىنى سالدۇرۇشتەك قىزىقچىلىقلار قىلىنىدۇ. ئاندىن يەڭگىلەردىن باشقىلىرى تارقايدۇ. يەڭگىلەر قىزغا جېكىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى جېكىپ، ئورۇن سېلىپ، ھېلىقى سۈپۈرگىنى ئاياغ تەرەپتىكى كۆرپىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ. قىز ئەتىگەندە ئۆي سۈپۈرىدۇ. بۇ كۈنى مەھەللىدىكى ياشلاردىن دېرىزە مارايدىغانلارمۇ چىقىدۇ. توينىڭ ئۈچىنچى - تۆتىنچى كۈنلىرى قۇدىلار ئارا چىللاق بولىدۇ.

23) سالامغا ئاپىرىش: توينىڭ بەشىنچى كۈنى يەڭگىلەر قىزنى ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە سالامغا ئاپىرىپ قويۇپ قايتىدۇ. قىز تەرەپتىن ئۇلار قىزغىن كۈتۈلىدۇ. يەڭگىلەرگە سوۋغات قويۇلىدۇ. شۇ كۈنى كەچتە يىگىت قولداشلىرىنىڭ

① توي مۇراسىم قوشاقلىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك مۇراسىم قوشاقلىرى نەق مەيدان ۋە خەلق ئىچىدىن خاتىرىلەندى.

ھەمراھلىقىدا ئوبدان سوۋغاتلارنى ئېلىپ قىزنى ئالغىلى بارىدۇ. ئۇلار چىرايلىق مېھمان قىلىنغاندىن كېيىن سوۋغاتلىرىنى قويۇپ، رەھمەت ئېيتىپ قىزنى ئېلىپ قايتىپ كېلىدۇ. مۇشۇنىڭ بىلەن توي جەريانى ئاخىرلىشىدۇ.

كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، تۇرپان رايونىدا بۇرۇن قىز بىر تۇغۇتلۇق بولمىغۇچە يىگىت تەرەپتىن تەييارلانغان كىيىم-كېچەكلەرنى كىيمەيدۇ. (ھازىر بۇ ئادەت ئۇنتۇلغان).

قۇمۇل رايونىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان يەنە مۇنداق ئالاھىدىلىكلەر بار:

1) تويغا ھەممە كىشى يېقىندىن ياردەملىشىدۇ. مەسىلەن، توينىڭ نان تەييارلىقىنى مەھەللە ئاياللىرى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. تويدىن ئىككى كۈن بۇرۇن ئىككى تۇركۇمگە بۆلۈنۈپ ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان غىزا تاماقلىرىنى ئېتىپ، بىر قاچىدىن ئالغاچ قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ ۋە قولمۇ قول تۇتۇپ خېمىر ئېتىپ، كۈلكە - چاقچاق ئىچىدە ئۆز ئارا مېھمان بولۇشۇپ تويلۇق نانىنى يېقىپ، پىشۇرۇپ ئاندىن قايتىشىدۇ.

2) توي مەرىكىسى قىز تەرەپتە ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىككى تەرەپنىڭ مېھمانلىرى قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە چاقىرىلىدۇ. بۇ «باش توي» دەپ ئاتىلىدۇ.

3) قىز كۆركى قىلىش: توي كۈنى يىگىت قولداشلىرى بىلەن نىكاھقا كەلگەندە قىز مەھەللىسىدىكى يىگىتلەر ھارۋا چاقى بىلەن ھويلا دەرۋازىسىنى توسۇيدۇ. كەلگەنلەر چاقنى تارتىپ ئالغاندىلا ھويلىغا كىرەلەيدۇ. شۇڭا بۇ «قىز كۆركى» دەپ ئاتالغان. بۇ ئەمەلىيەتتە تويدا ئۆتكۈزىلىدىغان بىر خىل ئالاھىدە مۇسابىقە شەكلىدىن ئىبارەت. شۇڭا ھامان يىگىت تەرەپ قاۋۇل يىگىتلەر بىلەن كېلىدۇ ۋە كۆپىنچە ھاللاردا

يىگىت تەرەپ ئۇتۇپ چىقىدۇ. ئەگەر ئۇتتۇرۇپ قويسا قىز تەرەپتىكى يىگىتلەر ئۇلارنى «ئالالماي يەل قويۇۋەتتى» دەپ ۋارقىرىشىپ مەسخىرە قىلىشىدۇ. بۇ ھالدا يىگىت قولدىشى قىز تەرەپتىكىلەرگە مەشرەپ يا ئوغلاق بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەگەر ئۇتۇپ چىقسا تۆت ئادەم چاقنى مۆرىسىدە كۆتۈرۈپ، ئۈستىدە بىر ئادەم ئۇسسۇل ئويناپ يىگىت تەرەپكە ئېلىپ كېتىپ ئېگىز دەرەخكە ئېسىپ قويۇلىدۇ. بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن قىز تەرەپتىكى يىگىتلەر كېلىپ مەشرەپ ياكى ئوغلاق بېرىش شەرتى بىلەن ئېلىپ كېتىدۇ.

4) كۈيۈلۈك بېرىش: نىكاھتىن كېيىن قىز تەرەپ يىگىتكە بىر قۇر كېيىم ياكى كېيىملىك رەخت قويىدۇ. شۇڭا بۇ رەسمىيەت «كۈيۈلۈك» (كۈيئوغۇللۇق) دەپ ئاتالغان.

5) توي كۆچۈرۈلۈشتىن بۇرۇن قىز ھويلىسىدا چىلىش بولىدۇ. ئۇتۇپ چىققانلار تۆت دەرىجىگە ئايرىلىپ مۇكاپاتلىنىدۇ. بىرىنچى بولغۇچىغا بىر كىيىملىك رەخت، بېلىگە يېڭى پوتا باغلىنىپ «كۈچتۈڭگۈر» دېگەن ئاتاق بېرىلىدۇ. ئىككىنچى بولغۇچىغا بىر يېرىم مېتىر رەخت، تويغا سويۇلغان مال يۇرۇشلىرىدىن (كاللا ـ پاقالچەك، زاسوي) بىر يۈرۈش بېرىلىدۇ. ئۈچىنچى بولغۇچىغا بىر يۈرۈش، تۆتىنچى بولغۇچىغا بىر پوتا مۇكاپات بېرىلىدۇ.

6) چاچ چۇشۇرگە: يىگىتلەر نىكاھتىن يانغاندىن كېيىن يىگىتنىڭ تۇغقىنى ياكى دوستلىرىنىڭ بىرى ئۇلارنى ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرغۇزۇپ بېرىدۇ. بۇ «چاچ چۇشۇرگە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئولتۇرغۇزغۇچى شۇ كۈنكى چىقىمنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندىن تاشقىرى، ئولتۇرۇش ئاياغلاشقاندا يىگىتكە تون كىيدۈرىدۇ ياكى بىر كېيىملىك رەخت قويىدۇ.

7) پاششاپلىق بېرىش: كەچتە توي مەشرىپى باشلىنىشتىن بۇرۇن پاششاپ بەگكە بىر كىيىملىك رەخت، بىر قوي ۋە مېۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

- چېۋە بېرىلىدۇ شۇڭا بۇ «پاششاپلىق بېرىش» دەپ ئاتالغان. ئەگەر بۇ نەرسىلەر بېرىلمىسە، پاششاپ بەگ مەشرەپنى خۇپتەندىن كېيىنلا تارقىتىۋېتىدۇ.

8) چۇشۇرگە: تويىنىڭ بەشىنچى كۈنى ھەر ئىككى تەرەپ تويغا قاراشقانلارغا تەشەككۈر زىياپىتى بېرىدۇ. بۇ چۇشۇرگە ياكى «توي چۇشۇرگىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. زىياپەتتە مەخسۇس تۈگمە ئاش (چۆچۈرە) تارتىلىدۇ.

9) توي كۆچۈرۈلۈپ ماڭغاندا يول توسقۇچىلارغا توققۇز غېرىچ كېلىدىغان قوي بېرىلىدۇ. ئۇلار قوينى ئورتاق بىر تەرەپ قىلىدۇ. قىز ئىشىك ئالدىغا يېقىلغان ئوتتىن (ئاق كىگىز ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ) توققۇز قېتىم ئايلاندۇرۇلۇپ ئاندىن ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىلىدۇ. توي كۆچۈرۈشتە ئالدى بىلەن 20 - 30 ئاتلىق يىگىت قولىغا قامچا - توقماق ئالغان ھالدا ئات چاپتۇرغان پېتى قىز ھويلىسىغا بۆسۈپ كىرىپ، ھويلىنى بىر ئايلىنىۋېتىپ چىقىپ كېتىدىغان ئادەتمۇ بولغان. توي شۇنىڭدىن كېيىن كۆچۈرۈلەتتى.

## تۇغۇت مۇراسىمى

ئۇيغۇرلاردا تۇغۇت ئىنسان ئۆمرىدىكى زور ۋەقە سۈپىتىدە ھايات - ماماتلىق جېڭى دەپ قارىلىدۇ. «تۇغۇت - جەڭ» دېگەن ماقال شۇ قاراش ئاساسىدا شەكىللەنگەن. چۈنكى تۇغۇت دۇنياغا يېڭى بىر جاننىڭ تۆرىلىدىغانلىقىنى يەنى ئىنسان ئۆمرىدىكى ياشاش باسقۇچىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىش بىلەن تەڭ قايغۇ - ھەسرەتلىك ۋەقە سادىر بولۇشتىنمۇ دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا ھامىلدار ئايالنىڭ سالامەت كۆزى يورۇشىنى تىلەپ مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەمما مۇراسىم تۇغۇت ھارپىسىدا ئۆتكۈزۈلمىدۇ.

مۇراسىم مەزمۇنى مۇنۇ پائالىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ① چوڭ تازىلىق قىلىنىپ، ھاملىدار ئايال تۇغىدىغان ئۆيگە ئادىراسمان ياكى ئالما قېقى بىلەن ئىسرىق سېلىنىدۇ. ھاملىدار ئايال پاكىز يۇيۇندۇرۇلۇپ، پاكىز كىيىندۈرۈلىدۇ. ② يىت بۇرۇتۇلۇپ قۇيماق، پوشكال سېلىنىدۇ. ③ كىندىك ئانىسى، كۆپ پەرزەنتلىك بولغان بىرقانچە پېشقەدەم ئايال بىر - ئىككى نەپەر بۇۋۇم چايغا تەكلىپ قىلىنىدۇ. بۇ «ئانىلار چېيى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چايغا ئاتاپ قۇيماق - پوشكال سېلىنغاندىن باشقا يەنە مەخسۇس ئىككى قاتلىما پىشۇرۇلىدۇ. قاتلىما پىشۇرۇلۇش ئالدىدا ئوتتۇرىسىغا پىيالىنىڭ قوڭى پاتۇرۇلۇپ يۇملاق ئىز چىقىرىلىدۇ. يەنە مەخسۇس ھالۋا ئېتىلىدۇ. مېھمانلارغا چاي تارتىلغاندىن كېيىن قاتلىمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇملاق ئېلىنىپ ئۈستىگە ئازراقتىن ھالۋا قويۇلۇپ، تۇغىدىغان ئايال بىلەن ئېرىگە يېگۈزۈلىدۇ. قالغان قىسمى پارچىلىنىپ مېھمانلارغا قويۇلىدۇ. بەزىلەر بۇ پائالىيەت ئۆتكۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن مېھمانلارنى مەخسۇس ئۆپكە - ھېسىپ ياكى چۆچۈرە بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. مېھمانلار ئالدىدا تۇغىدىغان ئايالنىڭ بىر قۇر كونا - يېڭى كىيىمى غېرىپ - غۇرۋا، يېتىم - يېسىرلارغا ئاتا قىلىنىدۇ. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن پېشقەدەم ئاياللاردىن بىرى قولىغا بىر تۇخۇم ئېلىپ تۇغىدىغان ئايالنى تۇگمەن نورى بېشىغا باشلاپ ئاپىرىپ نودىن ئاتلاپ ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ ئاتلىشى بىلەن تەڭ قولىدىكى تۇخۇمنى سۇغا تاشلىۋېتىدۇ. تۇگمەن يوق جايلاردا بېشىدىن بىر چىنە سۇ قويۇۋېتىلىدۇ. بۇ «تۇغۇتى نودىن ئاققان سۇدەك تېز ۋە ئاسان بولسۇن» دېگەنگە جورۇلىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئادىتى بويىچە ياتلىق قىلىنغان قىزلارنىڭ تۇنجى تۇغۇتى يېقىنلاشقاندا ئاتا - ئانىسى بىر كىيىملىك رەخت بىلەن داستىخان قىلىپ، ئەر تەرەپكە بېرىپ، قىزنى سوراپ ياندۇرۇپ كېلىدۇ،

www.uyghurkitap.com

سالامەت بوشۇنۇپ، ئىدىرى (قىرقى) توشقاندا ئەرتەرەپمۇ ئوبدان داستىخان قىلىپ كېلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، بالا بىلەن ئانىسىنى ئېلىپ قايتىدۇ. ھازىر يېزا - قىشلاقلاردا يوقىرىقىدەك مۇراسىم - رەسمىيەتلەرنىڭ قىسمەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاياللارنى دوختۇرخانىدا تۇغدۇرۇش ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئەمما، ياتلىق قىلىنغان قىزلارنىڭ تۇنجى تۇغۇتىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇغۇش، ئادەت - ئەنئەنىمىز بويىچە ئىدىرى (قىرقى) توشقۇچە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئاسرىلىدۇ.

## ئات قويۇش مۇراسىمى

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئادىتى بويىچە بالا تۇغۇلۇپ ئۈچ ياكى يەتتە كۈن ئىچىدە ئاددىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ بالىغا ئات قويۇلىدۇ. مۇراسىمغا مەھەللە ئىمامى ياكى مەزىنى ياكى ئات قويۇشتىن خەۋىرى بار بىر ئادەم ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلاردىن ئالتا - يەتتە ئادەم تەكلىپ قىلىنىدۇ. مۇراسىمدىن بۇرۇن بالىغا ئات تاللىنىدۇ. ئات، ئادەتتە تۆۋەندىكى ئۇسۇل ئارقىلىق تاللىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا شۇ تاللانغان ئات ئىچىدىن بىرى بېكىتىلىدۇ. ① بالىنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى تاللايدۇ. بۇنىڭدا ئەر - خوتۇن بالا تۇغۇلماستىن بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ شىرىن ئارزۇلىرى ئاساسىدا قويماقچى بولۇشقان ئاتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ② قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ياكى ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى تاللاپ بېرىدۇ. ③ موللامىلارغا تاللاتقۇزىدۇ. بەزى جايلاردا مۇراسىم كۈنى يەنى ئات قويۇشنىڭ ئالدىدا ئىككى قۇدىنىڭ بىرى «ئات قويۇش رىسالىسى» نىڭ قاپ ئوتتۇرىسىنى ئېچىپ قويۇپ ئوقۇتىدۇ، ئۇنىڭدىن قانداق ئات چىقسا شۇ قويۇلىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كۆپىنچە

ھاللاردا بالىنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ تاللىغان ئىتى بېكىتىلىپ شۇ ئات قويۇلىدۇ. مۇراسىم جەريانى مۇنداق:

1) ئاددىي زىياپەت بېرىلىدۇ. مۇراسىمغا تەكلىپ قىلىنغانلار ئىككى - ئۈچ تاۋاق ئاش ياكى مانتا ياكى چۆچۈرە بىلەن مېھمان قىلىنىدۇ. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن بوۋاقنى چىرايلىق زاكىلاپ ئېلىپ چىقىپ ئات قويغۇچىنىڭ قولىغا سۇنىدۇ. 2) ئات قويغۇچىنىڭ بالىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ ئالدىدا ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان ياكى تەكبىر ئېيتىدۇ. كېيىن سول قولىقىغا ئالدىن تاللاپ قويۇلغان ئاتنى ئاتاپ «مۇندىن كېيىن ئېتىڭىز ××× ئاخۇن (خان) ياكى جان (گۈل، ئاي) بولسۇن» دەپ توۋلاپ بالىنى كىگىز جەينىماز ئۈستىگە ئاستا يۆمۈلتىپ دادىسىغا بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەيداندىكىلەر بوۋاقنىڭ ئىتىنى ئاتاپ «×××ئاخۇن (خان) مۇبارەك بولسۇن!» دەپ تەبرىكلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇراسىم ئاخىرلىشىدۇ.

بوۋاقنىڭ قۇلىقىغا ئەزان ئېيتىش «سىز مۇسۇلمان»، كىگىزگە يۆمۈلتىش «ساغلام چوڭ بولغايسىز» دېگەنگە جورۇلىدۇ. كىگىزگە يۆمۈلتىش قەدىمكى ئادەت-ئەنئەنىمىز. ئەزان ئېيتىش ئىسلامىيەتتىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئادەت بولۇپ، ھازىر كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە بۇرۇنقىدەك دىققەت-ئېتىبارلىق ئىش سۈپىتىدە قارالماس بولۇپ قالدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار ئورتاقلىققا ئىگە ئومۇملاشقان ئادەت-ئەنئەنىمىز بولۇپ، بەزى جايلاردا بالىنىڭ ئەي بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۆزگىچە مۇراسىم ئۆتكۈزۈش ئادىتىمۇ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. مۇنداق مۇراسىم بالا تۇغۇلۇپ ئۈزۈن ئۆتمەي چاچراپ كېتىش ئەھۋالى تەكرار يۈز بەرگەن ھالەتتە، شۇنىڭدىن كېيىن تۇغۇلغان بالىغىلا ئات قويۇشتا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

بۇ خىلدىكى مۇراسىمنىڭ مەزمۇن، جەريانى مۇنداق:

www.uyghurkitap.com

1) مۇراسىم تەييارلىقى: ① مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈنى ئەتىگەنلىكى قۇيماق - پوشكال سېلىنىدۇ. بىر مال سويۇلىدۇ. بۇنىڭدا ئەجدادلارنىڭ روھىغا سېغىنىش، بالىغا ئۆمۈر تىلەپ قان قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇراسىم قاتناشچىلىرى مېھمان قىلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى مۇراسىمنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ئەرلەر قاتناشمايدۇ، مۇراسىم قاتناشچىلىرى تۆت - بەش نەپەر بوۋى، سەككىز - ئون نەپەر بىرنەچچە بالىنى قاتارغا قوشقان پېشقەدەم ئايال ۋە مۆھىم ئايال تۇغقانلار بىلەن چەكلىنىدۇ. ② تۇغۇتلۇق ئايال ياتقان ئۆينىڭ بوسۇغۇسىنىڭ ئاستىدىن ئادەم زوڭزۇيىپ ئۆتكۈدەك تۆشۈك ئېچىلىدۇ.

2) مۇراسىم ئۆتكۈزۈش: مۇراسىم بوۋۇملەرنىڭ خەتمە ئوقۇشى بىلەن باشلىنىدۇ. خەتمە ئوقۇش تاماملانغاندىن كېيىن داستىخان سېلىنىپ مۇراسىم قاتناشچىلىرى مېھمان قىلىنىدۇ. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن بوۋاق چىرايلىق زاكىلىنىپ، ئانىسى قولىغا ئېلىپ ئولتۇرىدۇ. ئاندىن بوۋۇملەر ئىچىدىكى پېشقەدەملەردىن بىرنەچچىسى بىر قولىغا قايچا، بىر قولىغا رەڭدار سىدام بىر پارچە لاتىنى ئېلىپ، بالىنىڭ تىلىنى چىقارغىنىغا قاراپ (ھەر قېتىم چىقارغاندا) بىر پارچىدىن كېسىپ چىقىدۇ. لاتا كېسىلىپ بولغاندىن كېيىن شۇ كېسىپ چىقىرىلغان پۇرۇچلاردا ھەممە قولمۇقول بىر قۇراق چاپان تىكىپ بالىغا كىيدۈرىدۇ. ئاندىن بالا ئۆگزىگە ئېلىپ چىقىلىپ تۈڭلۈكتىن ئۆيگە چۈشۈرۈلۈپ بوسۇغا ئاستىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاندىن بالىسى تۇرغان پېشقەدەم ئايالدىن بىرى بالىنى كۆتۈرۈپ، يەنە بىرى دۇمبىسىگە بىر خۇرجۇن ئارتىپ، ئىككىسى بىرلىكتە مەھەللە ئارىلاپ، توققۇز ئۆيدىن بىر سىقىمدىن ئۇن، بىر قوشۇقتىن ياغ تىلەپ قايتىپ كېلىدۇ. ئەمما ئۇلار ئادەتتىكى تىلەمچىلەردەك ئۆي ئىگىسىدىن يالۋۇرۇپ

سورىماي ئىشىك ئالدىدا زۇۋان چىقارماي شۈك تۇرىدۇ. ئۆي ئىگىسى بۇ ھالنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇلارنىڭ كەلگەنلىك سەۋەبىنى بىلىپ دەرھال بىر سىقىم ئۇن، بىر قوشۇق ياغ ئېلىپ چىقىپ بېرىدۇ. بۇ تىلەپ كېلىنگەن ئۇن، مايدا يەتتە-سەككىز دانە قازان قاتلىمىسى پىشۇرۇلىدۇ. قاتلىما راسلىنىۋاتقاندا، قاتلىمىلارنىڭ بىرىنىڭ ئىچىگە بىر تال مارجان يەنى كۆزمونچاق سېلىپ قويۇلىدۇ. قاتلىما پىشۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئاياللار مېھمان قىلىنىدۇ. ھېلىقى مارجان قايسى ئايالغا چىققان بولسا، شۇ ئايال بالىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كېتىدۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئاتا يەنە بىر مال سويۇپ شۇ قېتىم ھازىر بولغان بۇۋۇم ۋە ئاياللارنى مېھمان قىلىپ، ھېلىقى ئايالنى ئوبدان رازى قىلىپ، بالىنى «تىلەپ» قايتۇرۇپ كېلىدۇ. بەزىدە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بالىنى قايتۇرۇپ بەرمەيدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭغا ئاتا - ئانىسىمۇ ۋاقىتلىق تەن بېرىدۇ. كېيىنچە بىر ئىلاج قىلىپ قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بالىغا «تىلىۋالدى» «سېتىۋالدى» «سېتىخان» ، «نىياسخان» (نىيازخان) قاتارلىق ئات قويۇلىدۇ.

بۇ مۇراسىم قارىماققا ئاددىي ۋە ناھايىتى خۇراپىي تۇسكە ئىگە بولسىمۇ ئۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئېتىقادىنىڭ ئىزنالىرى ئەكس ئېتىلگەن. بۇ مۇراسىم ئارقىلىق تۆۋەندىكى مەقسەتلەر ئىپادىلىنىدۇ: ① تۇغۇلۇك «كۆككە يەنى ئاسمانغا» سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، بالىنى تۇغۇلۇكتىن ئۆيگە چۈشۈرۈش ئارقىلىق «بالىنى تەڭرى ئىلتىپات قىلدى» دېگەنلىك مەقسەت قىلىنغان. ② بالىنىڭ تىلىنى چىقارغانلىقىغا قاراپ لاتا كېسىش ئارقىلىق «بالا - قازانى كەتتى قىلىش» مەقسەت قىلىنغان. ③ توققۇز ئۆيدىن ئۇن، ياغ تىلەپ قاتلىما پىشۇرۇپ كۆپ بالىنى قاتارغا قوشقان ئاياللارنى مېھمان قىلىش، خەتمە ئوقۇتۇش ئارقىلىق تەڭرىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ

روھىغا سىڭىپ بالىغا ئۆمۈر تىلەش مەقسەت قىلىنغان.[4]
بالىنى كۆپ بالىنى قاتارغا قوشقان ئائىلىگە «بىرنۆۋەتنىڭ» ۋە
كىيىن مەلۇم بەدەل ھېسابىغا ياندۇرۇپ كېلىش ئارقىلىق «بالا
سېتىۋېلىندى، تەڭرى ئۇنىڭغا ئۆز ئاكا - ئاچىللىرىغا ئوخشاش
ئۆمۈر ئاتا قىلغايسەن» دېگەن ئۈمىد ئىپادىلەنگەن.

بوۋاقلارنىڭ تىلىنى چىقىرىشنىڭ يامانلىققا جورۇلىشىغا كەلسەك، ياشانغان پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە بوۋاق بالا قىرقى ئىچى ۋە يېشىغا توشقۇچە بولغان ئارىلىقتا تىلىنى تولا چىقارسا بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ ئالامىتىمىش، بالا قاتتىق ئاغرىپ قالارمىش ياكى ئۆلۈپ كېتەرمىش. شۇڭا بوۋاق بالىلارنىڭ تىلىغا يىڭنە ئۇچىنى تەگكۈزۈپ چۆچۈتۈش ئارقىلىق تىلىنى چىقىرىشتىن تەزدۇرۇشكە توغرا كېلىدىكەن. بۇ ئېھتىمال ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك كۆزىتىش ۋە تەجرىبىسى ئاساسىدا چىقىرىلغان خۇلاسە بولسا كېرەك. شۇڭا بالىلاردا شۇنداق ئەھۋال دائىم كۆرۈلسە، يىڭنە ئۇچىنى تەگكۈزۈش ياكى بارماق بىلەن چېكىپ تۇرۇش ئادىتى ھېلىھەم داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## بۆشۈك تويى مۇراسىمى

بۆشۈك تويى ئۇيغۇرلارنىڭ مەزمۇنغا باي، ناھايىتى قىزىقارلىق ئۆمۈر مۇراسىملىرى جۈملىسىدىن. بالا تۇغۇلۇپ تا قىرقى توشقۇچە ئاساسەن ئانىسىنىڭ يېنىدا يېتىپ بېقىلىدۇ. تۇغۇتلۇق ئايال قىرىق كۈنگىچە تالا-تۈزگە چىقىرىلمايدۇ، ئېغىر-يېنىك ئىش قىلمايدۇ. قىرقى توشقاندا مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ، رەسمىي بۆشۈككە سېلىنغاندىن كېيىن ئانىسى ئۆي ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلايدۇ. ئۇيغۇرلاردا بۆشۈك بالىنىڭ «ئىككىنچى ئانىسى» دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى بالا

ئانا قورسىقىدىكى تۆرەلمىلىك ھالىتىدىن تا توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت، توققۇز دەقىقە ياشاپ دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ، تىلى، ئايىغى چىقىپ ئۈچ - تۆت ياشقىچە بولغان ھاياتى ئاساسەن بۆشۈك قويىندا ئۆتىدۇ، بالىنىڭ بۆشۈككە سېلىنىشى ياشاش باسقۇچىنىڭ ئىككىنچى قەدىمىنىڭ باشلانغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان بىر جاننىڭ ياشاش باسقۇچىنىڭ باشلانغانلىقى، ئانا بولغۇچىنىڭ سالامەت بوشىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆي ئىشلىرىغا كىرىشكەنلىكىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن مۇراسىم ئۆتكۈزۈش ئادەت قىلىنغان. شۇڭا بۇ مۇراسىم «بۆشۈك توي» دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇرلاردا ئادەتتە تۇنجى بالا ئۈچۈن بۆشۈك توي قىلىدۇ. چۈنكى قىزلار ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىن تۇنجى تۇغۇتنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇغىدۇ. ئادەت بويىچە ئەر تەرەپ تۇغۇت ۋاقتى يېقىنلاشقاندا تېگىشلىك تەييارلىقلارنى قىلىپ، ئۇنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئەكىلىپ قويىدۇ. شۇڭا قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى قىزنىڭ سالامەت پەرزەنت يۈزى كۆرگەنلىك، ئۆزلىرىنىڭ نەۋرە كۆرگەنلىك خۇشاللىقلىرىنى ئىپادىلەش ۋە نەۋرىسى بىلەن قىزىنى ئۇزىتىپ قويۇش يۈزىسىدىن ئالاھىدە تەييارلىق كۆرۈپ مۇراسىم ئۆتكۈزىدۇ. ئوغۇل تەرەپمۇ مەخسۇس تەييارلىق كۆرۈپ مۇراسىمغا قاتنىشىدۇ. مۇراسىم پائالىيەتلىرى ئاخىرلاشقاندا كېلىننىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا داستىخان قويۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، كېلىن بىلەن نەۋرىسىنى ئېلىپ قايتىدۇ. ياتلىق قىلىنغان قىزلار تۇنجى تۇغۇتىدىن كېيىنكى تۇغۇتنى كۆپىنچە ھاللاردا ئۆز ئۆيىدە تۇغىدۇ. چوڭ مۇراسىم ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. بەزى جايلاردا ئايرىم ئائىلىلەردە ئۆز ئالدىغا بۆشۈك توي ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەتتە مۇھىم ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم -

قوشنىسىنىڭ ئىشتىراكى بىلەن ئاددىي قائىدە ـ رەسمىيەت قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىدۇ.

مۇراسىم مەزمۇنى ۋە پائالىيەتلىرى: مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈشتىن بۇرۇن يېڭى بۆشۈك ۋە ئوۋۇدا (بۆشۈك ئېچىگە سېلىنىدىغان، ئېچىگە پاختا ياكى يۇمشاق سامان ئېلىپ كۆلتۈك تۆشۈكىگە توغرىلاپ تۆشۈكلۈك قىلىپ تىكىلگەن كۆرپە، بۇ «ئوۋۇدا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، كۆلتۈك (بوۋاقنىڭ تەرىتى چۈشىدىغان قاپاق ياكى شىشە قاچا)، ئىككى دانە پاختىلىق كۆرپە، قولتاتقۇ، يۆگەك، تىزلىق، كىچىك ياستۇق، يوپۇق، جوغا قاتارلىق بۆشۈك جابدۇقلىرى ھازىرلىنىدۇ. بەزىلەر ئۇدۇم قىلىپ باشقىلارنىڭ بىرنەچچە بالىنى بۆلەپ چوڭ قىلغان بۆشۈكىنى مەخسۇس تىلەپ ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ھازىرلىغان يېڭى جابدۇقلارنى ئىشلىتىدۇ. مۇراسىم بوۋاقنىڭ قىرقى توشقان كۈنى ياكى ئۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇراسىمغا ئۇدۇم ئېلىش مەقسىتىدە كۆپ بالىنى قاتارغا قوشقان بىر نەپەر پېشقەدەم ئايال (بۇ «قىرقى ئانىسى، بۆشۈك ئانىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ). شۇ مەھەللىدىكى ئالتە ـ يەتتە ياشلىق ئەقىللىق، تۇرگۇن، پاكىز بالىلاردىن قىرىق بالا، بىر نەپەر قولى يېنىك، ئۆزى ياۋاش پېشقەدەم ساتىراش تەكلىپ قىلىنىدۇ ۋە قىرىق دانە يېڭى ياغاچ قوشۇق، قىرىق دانە توقاچ، ھالۋا ۋە مېۋە ـ چېۋە، يېڭى تەگلە (بەزى جايلاردا ساپال جاۋۇر) ھازىرلىنىدۇ. بىر داسقا مەخسۇس يىلمان «قىرقى سۈيى» تەييارلىنىدۇ. تەكلىپ قىلىنغانلار كېلىپ بولغان ھامان مۇراسىم پائالىيىتى باشلىنىدۇ.

پائالىيەت تەرتىپى مۇنداق:

بىرىنچى قەدەمدە، يېڭى ئۇستۇرا بىلەن بوۋاقنىڭ قىرقى چېچى چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ «چاچ چۈشۈرگە» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككىنچى قەدەمدە، قىرقى ئانىسى بالىلارنى بوۋاقنى

يۇيدىغان ئۆيگە قاتار تىزىلدۇرۇپ باشلاپ كىرىدۇ ۋە ئۇلارغا بىردىن قوشۇق تارقىتىپ بوۋاقنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە قىلىدىغان ھەرىكەت، دەيدىغان سۆزلەرنى ئۆگىتىدۇ. بالىلار ئۆز رېتى بويىچە بوۋاقنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە داستىكى قىرقى سۇيىدىن بىر قوشۇقتىن ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ چۈچۈك تىللىرى بىلەن بوۋاقنىڭ ئېتىنى چاقىرىپ ××× (جان، بەگ)، (خان، ئاي، گۈل) «ئالىم بولۇڭ»، «ياۋاش بولۇڭ»، «موللا بولۇڭ»، «باتۇر بولۇڭ» دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلاپ بوۋاقنىڭ بېشىدىن (بوۋاق بېشى داسقا يانتۇلاپ تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ) قۇيۇپ ئۆتىدۇ. ئۈچىنچى قەدەمدە، قىرقى ئانىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بالىلارغا «زىياپەت» بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىرى سىقىمدىن مېۋە (قىش كۈنى قۇرۇق مېۋە، ياز كۈنى يېڭى مېۋە) تارقىتىلىپ، ئۈستىگە بىر قوشۇقتىن ھالۋا ئېلىنغان توقاچ تۇتقۇزۇلىدۇ. بالىلار بۇ نازۇنېمەتلەرنى ئېلىپ خۇشال-خۇرام قايتىپ ئاتا - ئانىلىرىغا كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ ئېتى پۈتۈن مەھەللىگە تارقىتىلىدۇ. تۆتىنچى قەدەمدە ئانىسىنىڭ ئالتۇن جابدۇقى سېلىنىپ ھازىرلانغان مەخسۇس يىلمان سۇدا پاكىز يۇيۇندۇرۇلۇپ، يالىڭاچ ھالدا ھازىرلاپ قويۇلغان تەڭلىگە سېلىپ قىرقى ئانىسى تەرىپىدىن بىر قېتىم تەۋتىلىدۇ. ئاندىن قىرقى ئانىسى بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ بەدەنلىرىنى سىلاپ سىغىزلايدۇ (ھازىر ئۇپىلايدىغان بولدى). ئاندىن زاكىلاپ، يېڭى كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ، بۆشۈككە ئادراسمان بىلەن ئىسرىق سېلىپ، بۆشۈكنىڭ ئۈستى - ئاستىدىن توققۇز قېتىم ئايلاندۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇراسىم ئاخىرلىشىدۇ.

مەيلى ئوغۇل، قىز بولسۇن بوۋاقنىڭ چۈشۈرۈلگەن قىرقى چېچى يەرگە چۈشۈرۈلمەي پاكىز يىغىۋېلىنىپ، تارازىغا سېلىنىپ، چاچنىڭ ئېغىرلىق ۋەزنى باراۋىرىدە ساتىراشقا

www.uyghurkitap.com

كۆمۈش بېرىلىدۇ (كېيىنكى كۈنلەردە مۇۋاپىق مىقداردا پۇل بېرىلىدىغان بولدى). ھالللىقراق ئائىلىلەردە بولسا، بوۋاق چېچى چۈشۈرۈلۈپ بولۇشىغا بىر مال سويۇپ، ئۇنى يەتتە پارچە قىلىپ، يەتتە نەپەر غېرىپ - غۇرۋاغا ياكى مەھەللىدىكى قول-ئىلكى قىسقا يەتتە ئائىلىگە خام تالاش قىلىپ بېرىپ كەلگەن. شۇنىڭدەك چاچ يېڭى لاتىغا ئورۇلۇپ، تامنىڭ ئېگىز يېرىدىكى بىر تۆشۈككە تىقىپ قويۇلىدۇ ياكى دۇخاۋا، تاۋاردا تۇمار تىكىپ ئېچىگە سېلىپ ساقلىنىدۇ. ئىسرىق سېلىشتا «جىن - شاياتۇنلارنى قوغلاش»، سويۇلغان مالنى يەتتە پارچە قىلىپ خام تالاش قىلىشتا «بالىنىڭ يەتتە ئەزايى ساق، ئېيىپناق بولماي ساغلام چوڭ بولسۇن» دېگەن مەقسەت قىلىنغان. قىرقى ئانىسىغىمۇ بىر كىيىملىك رەخت قويۇلۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈلىدۇ.

تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا بۆشۈك توي مۇراسىمىدا مۇنداق تېخىمۇ قىزىقارلىق ئالاھىدىلىكلەر مەۋجۇت. بۇ ئالاھىدىلىكلەر مۇراسىمنىڭ بەزى پائالىيەت شەكلى، مەزمۇنىنىڭ ئۆزگىچىلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ:

① تۇرپان رايونىدا مۇراسىم بىرنەچچە نەپەر بۇۋۇم ۋە بىر نەچچە بالىنى قاتارغا قوشقان ئۈچ - تۆت نەپەر پېشقەدەم ئايال، مۇھىم ئايال تۇغقانلارنىڭ ئىشتىراكىدىلا ئۆتكۈزۈلىدۇ. ② مۇراسىمغا ئاتاپ مەخسۇس قۇيماق، پوشكال ۋە تەكلىپ قىلىنغان بالىلار ئۈچۈن بوغۇرساق، چىلان، كىشمىش ھازىرلىنىدۇ. ③ مۇراسىم بۇۋۇملەرنىڭ خەتمە ئوقۇشى بىلەن باشلىنىدۇ. ④ چاچ چۈشۈرگىسىگە ئۆزى ياۋاش، يۈزى تۆۋەن، قولى يېنىك، بىرقەدەر ياشراق، ئۇستىرا تۇتۇشتىن خەۋەردار بىرى تەكلىپ قىلىنىدۇ. بوۋاقنىڭ چېچىنى ئالدىغاندا ئۇنىڭ ئوڭ قولىنىڭ بېغىشىغا يېڭى ئاق قول ياغلىق چېگىپ قويۇلىدۇ. بۇنىڭدا «بالىنىڭ بېشى پاكىز، يارا - چاقىدىن خالىي

بولسۇن» دېگەنلىك مەقسەت قىلىنغان، ⑤ بوۋاقنى پېشقەدەم ئايالنىڭ بىرى قىرقى سۈيىگە ئېلىپ، سېغىزلاپ بولغاندىن كېيىن يېڭى تىكىلگەن بوۋاق كۆڭلىكىنى كىيدۈرۈپ، زاكىلاپ، ئاندىن مەخسۇس تىكىلگەن قۇراق چاپاننى كىيدۈرۈپ بۆشۈككە سالىدۇ ۋە يېنىغا بوغۇرساق، مېۋە ئارىلاشتۇرۇلغان جاۋۇرنى قويۇپ بۆشۈك يېنىدا ئولتۇرىدۇ. ئاندىن بالىلارنىڭ تەبرىكلەش پائالىيىتى باشلىنىدۇ. بالىلار بۆشۈك ئۈدۈلىدىن ئۆتكەندە ئېتىنى ئاتىماي، بەلكى «ئىگىڭانا» دەپ ئۆتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئايال «مانا ساڭا» دەپ چىلان، كىشمىش ئارىلاشتۇرۇلغان بوغۇرساقتىن بىر سىقىمدىن تۇتقۇزىدۇ. قىرىق بالا شۇ تەرتىپتە بۆشۈك ئۈدۈلىدىن ئۆتۈپ چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇراسىم ئاخىرلىشىدۇ.

قەشقەردە: ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك بوۋاقنىڭ قىرقى سۈيى ھازىرلاشتا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ مۇنداق: بىر چىنە ناۋات چىلانغان، بىر چىنە كونا ئۆينىڭ كاكۇل لېيى چىلانغان، بىر چىنە تاختا كۆۋرۈك ياغاچ كۆمۈرى چىلانغان، بىر چىنە ئەركەك قوي گۆش كاۋپى چىلانغان جەمئىي تۆت چوڭ چىنە يىلمان سۇ ھازىرلىنىدۇ. بالىلار بوۋاقنىڭ ئۈدۈلىغا كەلگەندە ھەربىرى ھەر چىنىدىن بىر قوشۇقتىن سۇ ئېلىپ، بوۋاقنىڭ ئېتىنى ئاتاپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۆزلەرنى قىلغاچ ئۇنىڭ ئۇستىگە قۇيۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ يەردە تۆت چىنىدىكى تۆت خىل سۇ تۆت مەقسەتكە سىمۋول قىلىنغان. ناۋات سۈيى «ئەقىللىك، باتۇر، شېرىن سۆزلۈك بولۇڭ»، كاكۇل لاي سۈيى «ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن»، تاختا كۆۋرۈك ياغىچىنىڭ كۆمۈر سۈيى «ئاق كۆڭۈل، ئەدەبلىك بولۇڭ، ئەل پەرزەنتى بولۇڭ»، كاۋاب سۈيى «قاۋۇل، تۇرگۇن، بەختلىك بولۇڭ» دېگەن مەقسەتكە سىمۋول قىلىنغان. چۈنكى ناۋات شېكەرنىڭ جەۋھىرى، كىشىنىڭ زېھنى قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. بەدەننى

قۇۋۋەتلەيدۇ. بىر ئۆي سېلىنىپ ئۇنىڭ كونىراپ ئۆرۈلۈش ۋاقتى ئاساسەن 60 ـ 70 يىلغا باراۋەر كېلىدۇ. كۆۋرۈك يۇرت، جامائەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ھەممە ئادەم تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ ۋە كۆڭلى سۆيۈنىدۇ.

## يۈز ئاچقۇ مۇراسىمى

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قىزلار بالاغەتكە يەتكەندە ياتلىق قىلىش، بىر ـ ئىككى تۇغۇتلۇق بولغاندىن كېيىن يۈزىنى ئېچىپ قويۇش ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى دەپ قارىلىپ كەلگەن. شۇڭا، ئۇيغۇرلار قىزلار ياتلىق قىلىنىپ بىر ـ ئىككى تۇغۇتلۇق بولغاندىن كېيىن قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئالاھىدە تەييارلىق قىلىپ ئۇنىڭ رەسمىي ئاياللار قاتارىغا ئۆتكەنلىكىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن مەخسۇس مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئادەتلەنگەن. بۇنىڭغا پېشقەدەملەر ھېلىھەم ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

1) مۇراسىم تەييارلىقى: ① قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا ياكى بىر ئۈزۈك، بىر يېڭى ئۇستىباش، سويىدىغانغا بىرەر مال ھازىرلايدۇ. كۈيئوغلى شۇنىڭغا مۇناسىپ تەييارلىق كۆرىدۇ. ② مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈشتىن بۇرۇن ئىككى نەپەر ئايال يۈزى ئېچىلغۇچىنىڭ باش ـ كۆزىنى يۇيۇپ ـ تاراپ، ماڭلاي ۋە سېكىلەك چاچىنى قايرىپ، چېچىنى ئىككى تال ئۆرۈيدۇ. يۈزىنى ئېلىپ، قاش ـ قاپاقلىرىنى تېرىپ، ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرۈپ، چىرايلىق كىيىندۈرىدۇ. مۇراسىمغا ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا ۋە قويۇق ئۆتىدىغان ئاياللارلا تەكلىپ قىلىنىدۇ.

مۇراسىم مېھمانلار كېلىپ بولغاندىن كېيىن داستىخان سېلىنىش بىلەن باشلىنىدۇ. ئالدى بىلەن قىزنىڭ ئانىسى:

«ھەر قايسىڭلارنى جۇۋالغۇغا سېلىشىمىز بالىمىزنىڭ يۈزىنى ئاچماقچى، داستىخىنىمىز غورىگۈل، كۆپ ئورنىدا كۆرگەيسىلەر، بالىمىز گۈدەك، ئالدىڭلاردىن توغرى ئۆتۈپ قويغان يەرلىرى بولسا ئەپۇ قىلغايسىلەر!» دەپ مېھمانلارنى چايغا تەكلىپ قىلىدۇ. زىياپەت ئاخىرلىشىپ داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن يۈزى ئېچىلغۇچى بىر - ئىككى ئايالنىڭ ھەمراھلىقىدا مېھمانلار ئالدىغا كىرىپ تەزىم بەجا كەلتۈرىدۇ. مېھمانلار ئورنىدىن تۇرۇپ ھەممەيلەن تەڭ «مۇبارەك بولسۇن!» دېيىشىپ ئورۇنلىرىدا ئولتۇرىدۇ. ئاندىن قىزنىڭ ئاتا ئانىسى ۋە كۈيۈسى تەييارلىغان سوۋغاتلار قىزنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا مېھمانلارمۇ ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىنى بىر- بىرلەپ جوزا ئۈستىگە قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇراسىم ئاخىرلىشىپ مېھمانلار رەھمەت ئېيتىشىپ خوشلىشىپ قايتىشىدۇ. مۇراسىمدىن كېيىن قىز جەمئىيەتتە ئاياللار ئىچىدە ھەر قانداق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ. ئىختىيارى پەرداز قىلىپ يۈرىدۇ. شۇڭا بۇ رەسمىيەت «يۈز ئاچقۇ» دەپ ئاتالغان.

## سۈننەت توي مۇراسىمى

ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئوغۇل بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە سۈننەت قىلىدۇ. سۈننەت قىلىش «خەتنە» قىلىش، جۈملىدىن سۈننەت توي، «خەتنە توي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر بالىنى «ئولتۇرغۇزۇش» دەپمۇ ئاتايدۇ.

سۈننەت قىلىش ئەسلىدە ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بولۇپ، ئوغۇل بالىنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ تازىلىقى نەزەردە تۇتۇلغان ياخشى ئادەت. بۇ ئادەت ئەرەبلەردە ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىشتىن ناھايىتى بۇرۇن يەنى ئىبراھىم پەيغەمبەر دەۋرىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئىچىگە ئىسلام دىنى تارقىلىپ

كىرىشى بىلەن ئۇيغۇرلاردىمۇ تەدرىجىي مىللىي ئادەت تۈسىنى ئالغان.

سۈننەت توي مۇراسىمى ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئاھۋالىغا قاراپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. بەزىلەر بىرقەدەر كىچىك دائىرىدە ئائىلە زىياپىتى ئارقىلىق ئۆتكۈزسە، بەزىلەر بىرقەدەر كەڭ دائىرىدە مەخسۇس زىياپەت بېرىش ئارقىلىق ئۆتكۈزىدۇ. زىياپەتكە تەكلىپ قىلىنغۇچىلارنىڭ سانىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ بولىدۇ. مەيلى قايسى دائىرىدىكى زىياپەت بولمىسۇن، ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنا، يارو - بۇرادەرلەر ئاساس قىلىنىدۇ ۋە مەخسۇس بىر نەپەر خەتنىچى تەكلىپ قىلىنىدۇ. مۇراسىمدىن بۇرۇن سۈننەت قىلىنغۇچىغا بىر قۇر يېڭى ئۈستىباش، يوتقان - كۆرپە، ياستۇق ھازىرلىنىدۇ، سۈننەت قىلىنغۇچى مۇراسىمدىن بىر كۈن بۇرۇن يېڭى ئۈستىباشلىرىنى كىيىپ، مەھەللىدىكى تەڭتۇشلىرى بىلەن بىرلىكتە مەھەللە ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىنى ئارىلاپ مەخسۇس بىر كۈن ئوينايدۇ. بەزى جايلاردا بولسا، سۈننەت قىلىنغۇچى ئۆز تەڭتۇشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەخسۇس ئات مىنىپ (ئۆزىنىڭ ياكى ھەمراھلىرىنىڭ ئېتى بولمىغان تەقدىردە ئىلاجى قىلىپ بىر ياۋاش ئات ئارىيەت ئېلىنىدۇ). مەھەللە ۋە تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىنى ئارىلاپ ئوينايدۇ. بالا مىنگەن ئاتنىڭ يۈگەن، ئېگەر، توقۇم، قوشقۇن، يوپۇقلىرى چىرايلىق بېزىلىدۇ.

بالا مەھەللە ۋە تۇغقانلىرىنىڭ ئارىلاش جەريانىدا قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ. مەھەللىدىكى بالىلار سۈننەت قىلىنغۇچىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىگە مەخسۇس بىر باشلامچى سايلايدۇ ۋە ئاددىي تەييارلىق كۆرۈپ قويىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلىرى مەخسۇس سوۋغات ھازىرلايدۇ. بالا ئالدى بىلەن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ئارىلاپ ئاندىن مەھەللىنى ئارىلاپ قايتىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى سوۋغاتلىرىنى بېرىدۇ. تون

ھازىرلىغانلىرى بولسا تون ياپىدۇ. رەخت ھازىرلىغانلىرى بولسا بالىنىڭ بېلىگە بىر كىيىملىك رەخت باغلاپ قويىدۇ. ئېتىنىڭ ۋە ھەمراھلىرىنىڭ ئېتىنىڭ بېشىغا ئۇزۇن-ئۇزۇن رەڭدار رەخت پارچىلىرىنى ئېسىپ قويىدۇ. ھەمراھلىرىغا بىردىن قولياغلىق سوۋغات قىلىدۇ. بالا مەھەللە ئىچىنى ئارىلاپ ئۆتكەندە مەھەللە بالىلىرىنىڭ باشلامچىسى بالىلارغا ۋەكالىتەن بالىنىڭ بېلىگە پوتا ۋە ئاتلارنىڭ بېشىغا رەڭدار لاتا پارچىلىرىنى ئېسىپ قويىدۇ. بالىنىڭ يېزا ئارىلاپ ئوينىشى بىرىنچىدىن، سۈننەت قىلىنىپ ئورنىدىن تۇرغۇچە قانغۇدەك ئوينىۋېلىشىنى مەقسەت قىلسا، ئىككىنچىدىن، «ئەتە مېنىڭ سۈننەت تويۇم، ئەل - مەھەللە سىلەرنى تەكلىپ» دېگەن بېشارەتتىن ئىبارەت.

مۇراسىم جەريانى: ئالدى بىلەن مېھمانلارغا زىياپەت بېرىلىدۇ. زىياپەت ئاخىرلىشىپ مېھمانلار سوۋغاتلىرىنى قويۇپ ئۈزىغاندىن كېيىن بالىنىڭ ئورنى سېلىنىپ، ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلۇپ ئىشتىنى سالدۇرۇلىدۇ. خەتنىچى ئۇستام جابدۇقلىرىنى يوشۇرۇن ئېلىپ بالىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ. بالىغا ھېچ ئىش يوقلۇقىنى جىكىپ، بىر قولىدا بالىنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئۇچىنىڭ تېرىسىنى سىلىغاچ ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن قومۇش قەلەمنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ قىسىدۇ-دە، ئۇستۇرىدا شارت قىلىپ كېسىپ تاشلايدۇ ۋە قان توختىتىش ئۈچۈن كۆيدۈرۈلگەن پاكىز پاختىنى كېسىلگەن جايغا بېسىپ قويىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قانمۇ توختايدۇ. كېسىش ۋاقتىدا بالا قورقۇنچ ۋە ئاغرىشتىن يىغلىغان ھامان ئاقلاپ تەييار قىلىپ قويۇلغان تۇخۇمدىن بىرى ئاغزىغا سېلىپ قويۇلىدۇ. بالا تۇخۇمنى چايناش بىلەن قېلىپ قورقۇنچ ۋە ئاغرىشتىن خالىي بولىدۇ. بالا سۈننەت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن خەتنىچى ئۇستامغا بىر كىيىملىك رەخت ياكى مەلۇم مىقداردا پۇل قويۇپ ئۈزىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇراسىم پۈتۈنلەي ئاخىرلىشىدۇ.

سۈننەت قىلىنغۇچى بالا ئورنىدىن تۇرغۇچە ئۇ ياتقان ئۆينىڭ ھارارىتى نورمال، ھاۋاسى ساپ، تازىلىقى ياخشى بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا سۈننەت توي ئادەتتە كۈز پەسلىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

بەزى جايلاردا، بولۇپمۇ ئارا تۈرك ئۇيغۇرلىرىدا ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىراق ئائىلىلەر بالىسىنى سۈننەتكە ئولتۇرغۇزۇشقا ھازىرلىق كۆرگەندە مەھەللىدە سۈننەت قىلىش يېشىغا توشقان بالىلار بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرمىگەن تەقدىردە، شۇنداق ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىنى ئۆز بالىسىغا قوشۇپ ئولتۇرغۇزۇپ بېرىدۇ ۋە بۇ بالىلار ئۈچۈنمۇ بىر قۇر ئۈستىباش قىلىپ بېرىدۇ. ئەمما، بۇ بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن ھەرقانداق شەكىل ئارقىلىق ھەق تەلەپ قىلىنمايدۇ. بۇ ئارا تۈرك ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ئومۇملاشقان بىر ياخشى ئىجتىمائىي ئادەت.

سۈننەت قىلىنغۇچى بالىلارنىڭ ئاتقا مىندۇرۇپ ئوينىتىلىشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىكى ئادەت ـ ئەنئەنىسىنىڭ ئىزنالىرىدىن. ئۆز دەۋرىدە ئەجدادلىرىمىز مەخسۇس مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئوغۇل بالىلارنى كىچىكىدىنلا ئاتقا مىندۇرۇپ مەشق قىلدۇراتتى. بۇ ئادەت قازاق، قىرغىز قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەردە ھازىرمۇ مەۋجۇت.

## 2. ئىشلەپچىقىرىش مۇراسىملىرى

ئىشلەپچىقىرىش مۇراسىملىرىمۇ مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن مەدەنىيەت ھادىسىلىرى جۈملىسىدىن بولۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە خاس ئادەت ـ ئەنئەنىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بولۇپ

ھېسابلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش مۇراسىمىنىڭ بەزىلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا تەبىئەتكە چوقۇنۇش، خۇراپاتچىلىق ئەقىدىلىرى كۈچلۈك ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. بەزىلىرى كېيىنكى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن سۇنئىي دىن ئېتىقادى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا شۇ دىندا ۋە شۇ دىنغا ئائىت رىۋايەتلەردە ئوبرازلاشتۇرۇلغان شەخسلەرگە چوقۇنۇش ۋە ئۇلارنى «پىر كامىل» دەپ ھېسابلايدىغان ئەقىدىلەر تىپىك ئىپادىلەنگەن بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئىشلەپچىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئادىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. «دىۋان» دا بېرىلگەن مۇنۇ قوشاق شۇنىڭ دەلىلى:

| (ئەسلىسى) | (يەشمىسى) |
|---|---|
| يىگىتلىرىڭ ئىشلەتۇ، | يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ، |
| ياغاچ يەمىش ئىرغاتۇ. | مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغىتىپ. |
| قۇلان كېيىك ئاۋلاتۇ، | قۇلان - كېيىك ئوۋلىتىپ، |
| بەزرىم قىلىپ ئاۋنالىم. | بايرام قىلىپ ئاۋۇنايلى. (كۆڭۈل ئاچايلى) |
| چاغىر بېرىپ قۇشلاتۇ، | قارچىغا بېرىپ قۇشلىتىپ، |
| تايغان ئىزىپ چىشلەتۇ. | تايغان سېلىپ چىشلىتىپ. |
| تۇلكە، توڭگۇز تاشلاتۇ. | تۈلكە، توڭگۇزنى تاش بىلەن ئۇرۇپ، |
| ئەردەم بىلەن ئوكلەلىم.① | پەزىلەت بىلەن پەخىرلىنەيلى. |

بۇ قوشاقتىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق دەۋرىدىلا

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 348-بەت. Ⅱ توم، 502-بەت.

www.uyghurkitap.com

مۇراسىم ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئېھتىمال ئۇلار مۇنداق مۇراسىملارنى ئوۋغا چىقىش ئالدىدا ئۆتۈق تىلەش، قايتقاندا ئوۋ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزىدىغان بولسا كېرەك. ئەمما، بۇ ئادەت كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇنتۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىزنالىرى مەشرەپ قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، ھايۋانات سىياقىدا ياسىنىپ ئوينىلىدىغان «شىر ئويۇنى» قاتارلىقلارنىڭ ئۇنتۇلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا دولان مەشرىپىدە ئوينىلىدىغان ئوۋچىلىق ھەرىكىتىگە تەقلىد قىلىنغان ئۇسسۇل، بوگور، شايار قاتارلىق جايلارنىڭ تارىم ئېقىنى بويىغا جايلاشقان يېزا - قىشلاقلاردىكى ئۆيغۇرلاردا ئوينىلىدىغان «جىرەن-كېيىك» ئۇسسۇلى قاتارلىقلار شۇنى ئىسپاتلايدۇ.

«ئات ئويۇنى»، «ئات بەيگىسى» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئەجدادلىرىمىز كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىكى مۇراسىم ئادەتلىرىنىڭ ئىزنالىرىدىن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەمما ئۆز دەۋرىدە ئۇنداق مۇراسىمنىڭ شەكلى، ئۆتكۈزۈلىدىغان ۋاقتى، ئۆتكۈزۈش مەقسىتى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز، شۇڭا كېيىنكى دەۋرلەردە دېھقانچىلىق، ھۈنەر - كەسىپ قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىدە ئادەت قىلىنغان مۇراسىم پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرىمىز.

## دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇراسىملىرى

① سۇ - يامغۇر تىلەش مۇراسىمى: بۇ مۇراسىم ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، مۆچەل كالېندارى ھېسابىدا ھەر يىلى 3-ئاينىڭ 22-كۈنى ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇنىڭدا تەڭرىدىن مول ھوسۇل، سۇ-يامغۇر

تىلەش مەقسەت قىلىنغاچ «سۇ-يامغۇر تىلەش» مۇراسىمى دەپ ئاتالغان. بۇ مۇراسىم ئىسلامىيەتتىن كېيىن «زاراخەتمە» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. بىز ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش جەريانىدا بەزى يېزا - قىشلاقلاردا بۇ مۇراسىمنىڭ رېئال تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە ماسلاشقان ئاددىي، ئەمما ئەھمىيەتلىك شەكىللىرىنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىنى بايقىدۇق.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۇ-يامغۇر تىلەش مۇراسىمىنىڭ ئەسلى شەكلىنىڭ، مەزمۇنىنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما، خوتەن رايونىدىكى داڭلىق تىۋىپ ئەمەت ھاجى قاتارلىق 100 ياشتىن ھالقىغان پېشقەدەملەرنىڭ ئۆتكەنكىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىنى نەقىل قىلىشىچە شەكلى، پائالىيەت مەزمۇنلىرى مۇنداق ئىكەن:

مۆچەل كالېندارى ھېسابى بويىچە 3-ئاينىڭ 22-كۈنى ياكى ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدە (چۈنكى مۇشۇ كۈندە تۈن بىلەن كۈن تەڭلىشىپ كۈن نۇرى يەرنىڭ توغىنى ئېرىتىدىكەن) پۈتۈن يۇرت - مەھەللە ئاھالىسى مەھەللە سىرتىدىكى ھاۋالىق، ئېقىن سۇ بويىدىكى كەڭ مەيدانغا چىقىپ مەھەللە ئاقساقاللىرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدىكەن. بۇ كۈنگە ئاتاپ مەھەللە ئاھالىسى ئۆز ئىختىيارى بىلەن يىغىش قىلىپ مەلۇم ساندا ئات - تۆگە، قوي - كالا توپلايدىكەن. مۇراسىم كۈنى ئۇ مال - جاندارلارنى مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ دەرياغا قارىتىپ بوغۇزلاپ سويۇپ، قازان - داشلارغا سالىدىكەن. گۆش پىشقىچە ھەممە ئادەم بىر پەس يۈزىنى كۆككە قاراتقان ھالدا ساما شەكلىدە سەكرەپ پىرقىراشسا، بىر پەس دەريا ئېقىنىغا قاراپ چوقۇنىدىكەن. گۆش تەييار بولغاندا ھەممە ھەرىكەتتىن توختاپ، ئاقساقاللارنىڭ سۇ - يامغۇر تىلەپ تەگرىگە قىلغان ئىلتىجا ساداسىغا قوشۇلۇپ ۋارقىرىشىدىكەن. ئاندىن نەزىر نېمىتىگە ئېغىز تەگكۈزۈشىدىكەن. گۆشنىڭ تىرپا

ۋە سۆڭەكلىرى دەرياغا، دالاغا چېچىلىدىكەن. مۇراسىم شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدىكەن. ئەتىسىدىن باشلاپ ھەممە ئادەم تېرىلغۇغا كىرىشىدىكەن.

② زاراخەتمە: بۇ زاراخەتمىنىڭ ماھىيىتى سۇ - يامغۇر تىلەش مۇراسىمىنىڭ ماھىيىتىگە ئوخشاش بولۇپ، بىر پەرقى ئۇنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىگە ماسلاشتۇرۇلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ ۋە مۇنداق ئۇسۇلدا ئۆتكۈزۈلىدۇ:

پۈتۈن يۇرت - مەھەللە ئاھالىسى كۆپىنچە ھاللاردا مەھەللە سىرتىدىكى قەبرىستانلىق ياكى مازار جايلاشقان جايلارنىڭ بويىدىكى كەڭ مەيدانغا توپلىشىپ ئاخۇنۇم، ئىمام، مەزىن ۋە مۆتىۋەرلەرنىڭ رىياسەتچىلىكىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ، خەتمە ئوقۇيدۇ. قۇرئان تىلاۋىتى قىلىنىشتىن بۇرۇن زاراخەتمىگە ئاتالغان مال - جاندارلار قىبلىگە قارىتىلىپ بوغۇزلىنىپ، سويۇلۇپ گۆشلىرى پارچىلىنىپ، داشقازانلارغا سېلىنىدۇ. گۆش پىشقىچە بولغان ئارىلىقتا قۇرئان تىلاۋىتى ئاخىرلىشىپ بالىلاردىن باشقا ھەممە ئادەم قولىغا ئۇششاق تاش (تاش يوق يەردە قوي مايىقى ياكى قوناق) ئېلىپ خەتمە ئوقۇيدۇ. قۇرئان تىلاۋىتى، خەتمە ئوقۇش زاراخەتمىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بولۇپ، ئۇنىڭدا «خۇدادىن يۇرتقا ئامانلىق، نەرخقە ئەرزانلىق (ھەممە نەرسىگە ئەلۋەكچىلىك) ۋە ئاپقا (سۇ - يامغۇرغا) راۋانلىق» تىلىنىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئەجدادلىرىمىز كۆك ئىلاھى بىلەن سۇ ئىلاھىدىن سۇ-يامغۇر تىلەش ئەقىدىسىنىڭ ئىسلام شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇلغانلىقىدىن دېرەك بەرسە، مۇراسىم پائالىيىتىنىڭ قەبرىستانلىق ياكى مازار جايلاشقان جايلاردىكى كەڭ سورۇندا ئۆتكۈزۈلۈشى ئەجدادلارغا سېغىنىش ئەقىدىسى سىڭدۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇندىن باشقا يەنە بىر پەرقى شۇكى، زاراخەتمىگە چىققان ھەممە ئادەم ھەر بىر ئائىلە بىرلىكى بويىچە قازان - قومۇچ، ئازىراقتىن قوناق ئۇنى ئالغاچ

چىقىدۇ. قۇرئان تالاۋىتى، خەتمە ئوقۇش تاماملانغاندىن كېيىن ھەر ئائىلە قازان ئېسىپ ئۇماچ چالىدۇ. مۇتىۋەللى ئارىلاپ يۈرۈپ، پىشۇرۇلغان گۆشتىن ھەر بىر قازانغا بىر پارچىدىن تاشلاپ بېرىدۇ. ھەممە ئادەم غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاخۇنۇم خەتمە قۇرئان قىلىپ، قول كۆتۈرۈپ ئامىن دەپ «يۇرتقا ئامانلىق، نەرخقە ئەرزانلىق، ئاپقا راۋانلىق بەرگەيسەن» دەپ دۇئا قىلىدۇ. سورۇندىكىلەرمۇ قول كۆتۈرۈپ ئىچىدە ئاشۇ ئۈچ جۈملە سۆزنى تەكرارلاپ، ئاخۇنۇمغا ئەگىشىپ دۇئا قىلىدۇ. مۇراسىم شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. جايلاردا زاراخەتمىنىڭ شەكلى ھەر خىل بولىدۇ، بىز بىر قەدەر تىپىك شەكلىنى تونۇشتۇردۇق.

بۇنىڭدىن باشقا بەزى يېزا - قىشلاقلاردا، بولۇپمۇ ئارا تۈرك ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە سۇ باشلاش مۇراسىمى، تېرىم مۇراسىمى، ھوسۇل قۇتلۇقلاش مۇراسىمى قاتارلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈش ئادىتى بولۇپ، بۇ ئادەت تا يېقىنقى دەۋرلەرگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن.

① سۇ باشلاش مۇراسىمى: بۇ بىر خىل ئاددىي، ئەمما ئەمەلىيەت ئاساس قىلىنغان ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك كوللېكتىپ ئەمگەك شەكلىدىكى مۇراسىم پائالىيىتى بولۇپ، ھەر يىلى باش باھاردا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كۈنى پۈتۈن يېزا-كەنت بويىچە ھەممە ئائىلە قازان - قۇمۇچلىرىنى ئېلىپ ھارۋىدا ئېرىق، ئۆستەڭ بېشى، بۇلاق بويلىرىغا چىقىدۇ. بۇ كۈن ئۈچۈن ياش - ئۆسمۈرلەر، جۇۋان - چوكانلار ئالدىن تەييارلىق قىلىپ بىر قۇر يېڭى كىيىم كىيىپ چىقىدۇ. ئەرلەر بۇلاق كۆزلىرىنى تازىلاش، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ لاتقىلىرىنى چىقىرىش، دۆشلىرىنى تەكشىلەش، قاش - چۇشۇرگىلەرنى ياساش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ياش - ئۆسمۈرلەر چوڭلارغا ياردەملىشىدۇ. ئاياللار چاي قاينىتىش، تاماق ئېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئەمگەك ئارىلىقىدىكى ھاردۇق ئېلىش ۋاقتىدا قىزىق چاقچاق، كۈلكىلىك پاراڭلار بولىدۇ. ناخشا ئېيتىشىدۇ، قىزلار ئۇسسۇل ئوينايدۇ، ياشلار چېلىشىش قاتارلىق ئويۇنلارنى ئوينايدۇ. ئىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۆزئارا مېھمان بولۇشۇپ ئاندىن قايتىدۇ. قايتار يولىدا ھارۋا چاپتۇرۇش مۇسابىقىسى بولىدۇ. بۇ بىر كۈنلۈك مۇراسىم پائالىيىتى ئەنە شۇنداق خۇشال - خۇرام كەيپىيات ئىچىدە ئاخىرلىشىدۇ.

② تېرىم مۇراسىمى: بۇ يەرگە ئۇرۇق سالىدىغان كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئائىلىۋى مۇراسىم. ھەر يىلى يەرگە ئۇرۇق سالىدىغان كۈنى ھەممە ئائىلە دېگۈدەك ئەتىگەن تۇرۇپ، ياغ پۇرۇتۇپ، قۇيماق - پوشكال سالىدۇ ۋە ئېتىز بېشىغا بىر تاۋاقتىن قۇيماق-پوشكال، نان، بىر چۆگۈن چاي ئېلىپ چىقىپ، داستىخان سېلىپ، ھەر بىر ئائىلە بالا - چاقىلىرى جەم بولۇپ تويغۇچە يەپ، قانغۇچە ئىچىپ، سالغان ئۇرۇقنىڭ تەكشى ئۈنۈپ چىقىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشىدۇ. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن يەرگە ئۇرۇق سېلىنىدۇ.

③ ھوسۇل قۇتلۇقلاش مۇراسىمى: بۇمۇ ھەر يىلى خامان ئېلىشتا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئائىلىۋى مۇراسىم بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن ۋاقتى يوق. كىم خامىنىنى تېپىپ، چەشلەپ بولسا، شۇ ئائىلىنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئەتىسى ئەتىگەن تۇرۇپ ياغ پۇرۇتۇپ، قۇيماق، پوشكال سالىدۇ ۋە باشقا غىزا - تاماق قىلىپ، نان - چاي، قوغۇن - تاۋۇز ئېلىپ خامانغا ئېلىپ چىقىدۇ ۋە مەھەللىدىكى پېشقەدەملەردىن بىرەرى مەخسۇس تەكلىپ قىلىنىدۇ. ھەممە بىرلىكتە غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن خامانغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىشىدۇ. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ئاندىن ھوسۇل كەملىنىپ، تاغارغا قاچىلىنىپ ئۆيگە توشۇلىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ خىل مۇراسىم ئۆتكۈزۈش

ئادىتىنىڭ ئارا تۇرك ئۇيغۇرلىرىدا يىقىنقى دەۋرلەرگە قەدەر ساقلىنىپ كەلگەنلىكىگە ئاساسەن، ئۇ بۇرۇن باشقا رايونلاردىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ بار ئادەت بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنتۇلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئارا تۇرك ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قىسمى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ ئەۋلادى. بۇ ئادەتنىڭ ئۇلاردا ساقلىنىشى ئارا تۇركىنىڭ چوڭ قاتناش لىنىيىسىدىن يىراق، قاتنىشى قۇلايسىز، تاغلىق، خىلۋەت جاي بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

## 3. ھۈنەر - كەسىپ مۇراسىملىرى

ئۇيغۇرلار بىرقەدەر بۇرۇنقى دەۋرلەردىن باشلاپ ھەر خىل ھۈنەر - كەسىپ ۋە سودا - تىجارەتنى ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك مەنبەلىرىنىڭ بىرى قىلىپ كەلگەن ۋە ئۆز كەسپى، سودا-تىجارىتىنىڭ رۇناق تېپىشىنى ئۈمىد قىلىپ، مەلۇم بىر كەسىپ، سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئالدىدا مۇراسىم ئۆتكۈزۈشنى ئادەت قىلغان. بۇ ساھەدىكى مۇراسىمنى ئۇستاز تۇتۇش مۇراسىمى، شاگىرىت چىقىرىش مۇراسىمى، تىجارەت باشلاش مۇراسىمى دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ.

1) ئۇستاز تۇتۇش مۇراسىمى: يېقىندىن ھۈنەر ئۆگەنگۈچى ھەر بىر كىشى ئالدى بىلەن مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئۆگەنمەكچى بولغان ھۈنەر - كەسىپنىڭ ئەھلىدىن بىرىنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭغا قول بېرىدۇ. شۇڭا بۇ «ئۇستاز تۇتۇش مۇراسىمى» دەپ ئاتالغان. ھۈنەر ئۆگەنگۈچى كىچىك بالا بولسا، مۇراسىمنى شۇ بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆتكۈزىدۇ. ئەگەر چوڭ ئادەم بولسا، ئۆزى ئۆتكۈزىدۇ. مۇراسىمغا ئادەتتە شۇ كەسىپ ئەھلىدىن تۆت - بەش كىشى، قولۇم قوشنىلاردىن بىر - ئىككىسى (چوڭ

www.uyghurkitap.com

كىشى بولسا، كەسىپ ئەھلىدىن باشقا ئۆز تەڭتۇشلىرىدىن بىر - ئىككىسىنى تەكلىپ قىلىدۇ). تەكلىپ قىلىنىپ ئائىلە زىياپىتى بېرىلىدۇ. شۇ كۈنى بالىغا يېڭى ئۇستىباش كىيدۇرۇپ زىياپەت ئاخىرلاشقاندا ئۇستامغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئۇستامغا تون يېپىلىدۇ ياكى بىر كىيىملىك رەخت قويۇلىدۇ.

2) شاگىرىت چىقىرىش مۇراسىمى: بۇ «دۇكان ئايرىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مۇراسىم شاگىرىت بولغۇچى شۇ كەسىپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولغان چاغدا ئۇستاز تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇستاز بولغۇچى شۇ كۈنى ئائىلە زىياپىتى ھازىرلاپ بالىنىڭ دادىسى ۋە ئۆز كەسىپداشلىرىدىن بىر نەچچىنى تەكلىپ قىلىدۇ. زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شاگىرتتىقا شۇ ھۈنەردە ئىشلىتىلىدىغان جابدۇق - سايمانلارنىڭ ھەر بىرىدىن بىردىن شاگىرتنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. ۋە شاگىرتتىن تىرىشىپ ئۆز ھۈنىرىنى تېخىمۇ كامالەتكە يەتكۈزۈشنى، ھالال، پىششىق ئىش قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاندىن شاگىرتنىڭ دادىسى بالىسىنىڭ ئۇستازىغا بىر كىيىملىك رەخت قويۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ. مۇراسىم شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن شاگىرتنىڭ ئۆز ئالدىغا دۇكان ئېچىش ياكى داۋاملىق شۇ دۇكاندا ئىش قىلىش ئىختىيارى ئۆزىدە بولىدۇ. ئەگەر ئۇستازىنىڭ دۇكىنىدا ئىشلىسە، ئۆزى قىلغان ئىش ھەققىنى ئۆزى ئالىدۇ. شاگىرتلىق جەريانىدا بولسا، قىلغان ئىش مانچىسى ئۇستام ھېسابىغا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا شاگىرىت ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇستامنىڭ ئىشلىرىنى ھەقسىز قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ شاگىرتلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ھېسابلىنىدۇ. ئايرىم ساندىكى ئادىل، ئاقكۆڭۈل ھۈنەرۋەنلەرنى

ھېسابقا ئالمىغاندا ئادەتتە ھۈنەرۋەنلەر مۇتەئەسسىپراق كېلىدۇ. شۇڭا شاگىرت بولغۇچى بۇرۇن ئۈچ - تۆت يىلسىز ھۈنەر ئۆگىنىپ چىقالمايتتى.

3) تىجارەت باشلاش مۇراسىمى: بۇ ئاساسەن سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئىچىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىم بولۇپ، يېڭى تىجارەت باشلايدىغان كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كۈنى ئالاھىدە زىياپەت ھازىرلىنىپ، يۇرت مۆتىۋەرلىرى، ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇ - بۇرادەرلەر ۋە پېشقەدەم تىجارەتچىلەر، دۇكان ئېچىش تەييارلىقىنى كۆرۈش جەريانىدا ياردەم كۆرسەتكەنلەر تەكلىپ قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ھۈنەر - كەسىپ رىسالىلىك ۋە رىسالىسىز ياكى پىرلىق ۋە پىرسىز ھۈنەر دەپ ئايرىلىدۇ. رىسالىلىك ھۈنەرلەر تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، ئاشپەزچىلىك، ماشىنچىلىق، تامچىلىق قاتارلىق بىرقەدەر يىرىك تىپتىكى، مۇنتىزىمراق ھۈنەر-كەسىپلەرنى، رىسالىسىزلىرى قوشۇمچە خاراكتېردىكى، ھەر خىل مەيدە ھۈنەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

رىسالە — «دەستۇر»، «قائىدە - نىزام» دېگەنلىكتىن ئىبارەت. «پىر» دەستۇر، قائىدە-نىزامى بار ھۈنەرنى تۇنجى قېتىم كەشپ قىلغان «كامالەت ئىگىسى» دېگەن سۆز. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر كەسىپنىڭ بىر پىرى بار دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلىرى «داۋۇت پەيغەمبەر»نى تامچى، قاسساپ، تۆمۈرچى، ئاشپەزنىڭ پىرى (كۆمۈر، ئوتۇن كۆيدۈرىدىغان ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇ كىشىنى «پىر» ھېسابلايدۇ). «نوھ پەيغەمبەرنى» ياغاچچىنىڭ پىرى، «موسا پەيغەمبەر»نى قويچىنىڭ پىرى، «ئىدرىس پەيغەمبەر»نى ماشىنچىنىڭ پىرى دېگەندەك ھەربىر ھۈنەرۋەن ئۆزى ئۈچۈن پەيغەمبەرلەردىن بىرىنى «پىرىم» دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئۆزلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان ھۈنەرنى تۇنجى قېتىم شۇ «پەيغەمبەر»

ياراتقانمىش، «رىسالە» شۇلار تەرىپىدىن يېزىلغانمىش.
«رىسالە» دە ھەتتا ھۈنەرۋەن ئەتىگەنلىكى دۇكانغا تاھارەتسىز كىرمەسلىك، چاچ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى، تىرناقلىرىنى ئۈستۈرمەسلىك، جىڭ - تارازىدا ئادىل بولۇش، كىشى ھەققىنى يېمەسلىك، ھارامخورلۇق قىلماسلىق قاتارلىق رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك كونكرېت بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن. ئۇيغۇرلاردا مەيلى ھۈنەرۋەن بولسۇن - بولمىسۇن، بىرەر ئىش قىلىشتا بەزىدە قىلماقچى بولغان ئىشى يادىغا كېلىپ ئولتۇرغان جايىدىن قوپۇشتا «ياپىر-كامىل» دېيىشى ئەنە شۇ قاراش ئاساسىدا بىر خىل ئادەت تىلغا ئايلىنىپ قالغان. روشەنكى پەيغەمبەرلەرنى «پىر» ساناش، ئىسلام دىنىغا ئەگىشىپ خەلق ئىچىگە تارالغان رىۋايەتلەر ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. ھۈنەر - كەسىپ رىسالىلىرىمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھۈنەرۋەن، تەقۋادار ئىسلام مۇرىتلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان. چۈنكى قويمىچىلىق، تۆمۈرچىلىك، تامچىلىق قاتارلىق ھۈنەر - كەسىپلەر ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلمىگەن دەۋرلەردىلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىگىلىك تارمىقىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئومۇملاشقان كەسىپ ئىدى.

## 4 . ئۆي سېلىش مۇراسىمى

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۆي سېلىش ئەر ئۆمرىدە بىر قېتىم بولىدىغان، ھەتتا بەزىلەرنىڭ ئۆمرىدە مۇمكىن بولمايدىغان چوڭ ئىشلاردىن دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئۆي سېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۆي پۈتكەندىن كېيىن «ئۆي چېيى» ئۆتكۈزىدۇ. ئۇزۇن، پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ، تەييارلىق پۈتكەندە رەسمىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئۆيگە ئۆل قويىدۇ. ئۆي سېلىش مۇراسىمىنىڭ شەكلى ھەر خىل بولىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ھەركىمنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بولىدۇ. بەزىلەر بىرەر مالنى قان قىلىپ جامائەتكە ئاش تارتسا، بەزىلەر قۇيماق - پوشكال سېلىپ، قويۇق - سۇيۇق غىزا ئېتىپ، پېشقەدەم تامچىدىن بىرنى ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇ - بۇرادەرلىرى بىلەن قولۇم - قوشنىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ داستىخان سالىدۇ. مۇراسىم مەيلى قايسى شەكىلدە ئۆتكۈزۈلمىسۇن، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن مەھەللە پىشقەدەملىرىدىن بىرەرى ياكى پېشقەدەم تامچى ئۇستام ئۆينىڭ قىبلىسىنى توغرىلاپ بېرىش بىلەن، ئۇل سىزىقىنىڭ ئوڭ بۇرجىكىدىن بىر كەتمەن توپا ئېلىپ ئۇل تېشى قويۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇراسىم ئاخىرلىشىدۇ. ئاندىن مۇراسىمغا ھازىر بولغانلار ئۇستامنىڭ باشچىلىقىدا قولمۇقول ئۇل قويۇپ تام قوپۇرۇشقا باشلايدۇ. ئۆي پۈتكۈچە مەھەللە جامائىتى، قولۇم-قوشنا، يار-بۇرادەرلەر ئۆز چامىسىغا يارىشا ياردەم بېرىپ، بىر نەچچە كۈندىلا ئۆي پۈتكۈزۈلىدۇ. ھەر خىل سەۋەپلەر تۈپەيلى كونكرېت ياردەم بېرەلمىگەنلەرمۇ بىرەر ۋاق تاماق ئېتىپ ئۆي سېلىۋاتقانلاردىن ھال سورايدۇ. ئۆي ئىگىسى ئۆي سېلىشقا قاراشقانلارنى پەقەت ياخشىراق تاماق بىلەنلا كۈتۈپ باشقا ھەق بەرمەيدۇ. بۇ ئۇيغۇرلاردىكى ئەھمىيەتلىك بىر خىل ئىجتىمائىي ھەمكارلىق ئادەتتۇر.

ئۆي چېيى: ئۆي پۈتۈپ كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن شۇ يېڭى ئۆيدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۆي چېيىغا ئۆي سېلىشقا ياردەملەشكەنلەر ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغاندىن تاشقىرى ئۆز مەھەللىسىنىڭ جامائىتى، قوشنا مەھەللىدىكى تونۇش-بىلىش، يارۇ - بۇرادەرلەر، بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلار تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۆي چېيى ئۆتكۈزۈشتە بىرىنچىدىن، ياردەملەشكەنلەرگە رەسمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، ئىككىنچىدىن، ئۆينىڭ قۇتىشىنى تىلەش مەقسەت قىلىنىدۇ.

ئۆي چىيى ھەر ئادەمنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. بەزىلەر ئالاھىدە نان - توقاچ يېقىپ، ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى ھازىرلاشتىن تاشقىرى بىر - ئىككى مال سويىدۇ. بەزىلەر بىر مال سويىدۇ ۋە ئۆي چىيىغا ئاتاپ مەخسۇس قۇيماق - پوشكال سالىدۇ. ئۆي چىيى ئىككى قەدەمگە بۆلۈپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. بىرىنچى قەدەمدە مەھەللىدىكى پېشقەدەم جامائەت، ئىمام، مەزىنلەر ئۇزۇتىلىدۇ. ئۇلار كېلىپ جەم بولغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن خەتمە قۇرئان قىلىنىدۇ. خەتمە قۇرئان تاماملانغاندىن كېيىن داستىخان سېلىنىپ چاي قويۇلىدۇ. ئاندىن ئاش تارتىلىدۇ. مەھەللە پېشقەدەملىرى ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن باشقىلارغا داستىخان سېلىنىپ مېھمان قىلىنىدۇ. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن مېھمانلار ئېلىپ كەلگەن تەبرىك، سوۋغاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يېڭى ئۆينى مۇبارەكلەيدۇ. ئۇرۇق-تۇغقان، دوست - ئاغىنىلەر بىرەر پارچە گىلەم، تەڭلىمات كىگىز، ئەدىيال، جوزا - شىرە قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغات قىلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆي چىيى ئاخىرلىشىدۇ، قايتىشنى خالىغانلار خوشلىشىپ قايتىدۇ. قالغانلىرى ئايرىم سورۇن تۈزۈپ نەغمە - ناۋا، ناخشا - ئۇسسۇل ۋە قىزىق چاقچاق، كۇلكە - پاراڭلار بىلەن كەچكىچە ئولتۇرۇپ ئاندىن قايتىدۇ.

## 5 . دەپنە مۇراسىمى

ئۆلۈم — ئىنسان ئۆمرىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى يەنى ياشاش باسقۇچىنىڭ تاماملانغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ئۆلۈمنى ئىنسان ھاياتىدىكى ئىزىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ئەڭ زور يوقىتىش، ئەڭ قايغۇ - ھەسرەتلىك ۋەقە سۈپىتىدە قاراپ ئاخىرقى قېتىم ئۆلگۈچىنىڭ ئىنسانلىق ئىززەت

- ئابروينى، ئىنسانلار بىلەن مەڭگۇ جۇدالاشقانلىقىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن مەخسۇس مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىشنى ئادەت قىلغان. بۇ ھەممە مىللەتكە ئورتاق ئادەت. ئۇيغۇرلاردا دەپنە مۇراسىم خەلق ئىچىدە «ئۇزىتىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردىمۇ باشقا بەزى مىللەتلەرگە ئوخشاش «ئادەم ئۆلسىمۇ روھى ئۆلمەيدۇ، ئادەم ئۆلگەندە ئۇنىڭ روھى تېنىدىن ئايرىلىپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىدۇ» دېگەندەك قاراش بولغاچ دەپنە مۇراسىمى داغدۇغىلىق، جىددىي ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ مۇھىم تارىخىي ھۆججەتلىرىدىن بولغان «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» قاتارلىق خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلىرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋردە مۇسىبەت بولغاندا، ھازىدارلارنىڭ چېكىسىنى پىچاقتا جىراپ قان ئاققۇزۇپ، مېيىت ياتقۇزۇلغان چېدىرنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ ئاھ ئۇرۇپ يىغا-زارە قىلىدىغانلىقلىرى، ئات - كالا، قوي ئۆلتۈرۈپ نەزىر - چىراغ قىلىدىغانلىقلىرى ۋە مېيىتنى يەرلىك (گۆر) كولاپ كېيىمى بىلەن يەرگە كۆمىدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى مىللىي ئادىتى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن مېيىتنى بىر تەرەپ قىلىش، دەپنە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىسلامىيەت قائىدىسىمۇ تەدرىجىي مىللىي ئادەت تۈسىنى ئالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە مۇراسىمى تۆۋەندىكى جەريان - رەسمىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) ھازا ئېچىش: ھازا ئېچىش يەنى يىغا - زارە قىلىش ئۇيغۇرلاردا مۇسىبەت بولغانلىقىنىڭ بىرىنچى بەلگىسى، ئۇيغۇرلار بىر ئائىلىدە بىر كىشى ۋاپات بولغان ھامان ۋە شۇ ئائىلە ئەزالىرىدىن غەيرىي جايدا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلگەن ھامان پۈتۈن ئائىلە

ئەزالىرى جۇدالىق ھەسرىتىدە يىغا - زارە قىلىشىدۇ. يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن قولۇم - قوشنىلار پەتىگە كىرىدۇ. يىغلاش مېيىتنى دەپنە قىلىشقا ئېلىپ ماڭغاندا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. قولۇم - قوشنىلار، يارۇ - بۇرادەرلەر ئۆلۈم پەتىسىگە كەلگەندە ۋە مېيىتنى ئېلىپ مېڭىش ئالدىدا ھازىدارلار قوشاق قوشۇپ يىغلايدۇ.

2) خەۋەر قىلىش: ئۆلگۈچى جان ئۈزۈش بىلەن تەڭ يىراق - يېقىندىكى ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇ - بۇرادەرلەرگە خەۋەر قىلىنىدۇ. خەۋەر قىلىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن مۇنۇ رەسمىيەتلەر ئۇرۇندىلىدۇ:

ئۆلگۈچىنىڭ پۇت - قولى تۈز قىلىنىپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلىدۇ، ئاق ماتا (ھازىر ئاق خەسە) بىلەن ئېڭىكى تېڭىلىپ، كۆزى، ئاغزى يۇمدۇرۇلۇپ، ئۈستىگە ئاق رەخ يېپىپ قويۇلىدۇ. بۇ رەسمىيەتلەر ئۇرۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال ئۇرۇق - تۇغقان يارۇ - بۇرادەرلەرگە خەۋەر بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچى يېرىم كېچىدە جان ئۈزگەن بولسا، كېچىسى كېچە دېمەي ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر بېرىلىدۇ. قولۇم - قوشنىلار يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن (كېچە بولسا كېچىدە) ئارقا - ئارقىدىن پەتە قىلىپ كىرىپ ھازىدارلارغا تەسەللىي بېرىدۇ. بەزىلەر بولۇپمۇ، ئەرلەر ھازىدارلارغا ھەمراھ بولۇپ ئۆلگۈچىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى قىلىشقا ياردەملىشىدۇ. ئادەتتە مېيىت ئۆيدە ئۇزۇن تۇرغۇزۇلماي مۇمكىنقەدەر تېز دەپنە قىلىنىدۇ. ئەگەر بولسا، ئىككىنچى كۈنى سەھەردە جامائەت ناماز بامداتتىن يېنىشىغا نامىزى چۈشۈرۈلۈپ دەپنە قىلىنىدۇ. ئەگەر ئەتىگەندە جان ئۈزگەن بولسا، پېشىن نامىزىدىن كېيىن دەپنە قىلىنىدۇ. ئەگەر ئاشۇ ئىككى خىل ئەھۋال ئاستىدا ئۆلگۈچىنىڭ يىراق - يېقىندىكى مۇھىم ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىسە بىر كۈن، ئايرىم جايلاردا ئىككى كۈن

ساقلاپ دەپنە قىلىنىدۇ.

3) سۇغا ئېلىش: ئۆلگۈچى جان ئۈزگەندىن كېيىن دەپنە قىلىشتىن بۇرۇن پاكىز سۇدا ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ. بۇ سۇغا ئېلىش دەپ ئاتىلىدۇ. سۇغا ئېلىشقا ئادەتتە مەھەللىدىكى ئۆزىنى توختاتقان تەجرىبىلىك بىر - ئىككى ئادەم ياكى مەھەللىنىڭ مەزىنى تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۆلگۈچى ئايال بولسا، ياشانغان ئاياللار ياكى بۇۋىلەر تەكلىپ قىلىنىدۇ. مېيىتنى سۇغا ئېلىشتا ئۆلگۈچىنىڭ مويسىپىت تۇغقانلىرىدىن بىرەرى هازىر بولىدۇ. سۇغا ئېلىش ئالدىدا مېيىت ئوڭدا ۋە دۈم قىلىنىپ تەكشۈرۈلىدۇ. بەدەندىكى مويلار تازىلىنىدۇ. مېيىتنى يۇيۇشتا سوپۇنلاشقا توغرا كەلسە ئىلاجى بار يەرلىك سوپۇن ئىشلىتىلىدۇ. مېيىتنى سۇغا ئېلىشقا هازىرلىق كۆرۈش بىلەن تەڭ ئۆيدە بارلىق چوڭ - كىچىك هازىدارلارنىڭ ھەممىسى بېلىگە ئاق باغلايدۇ. ئاياللار بېلىگە ئاق باغلىغاندىن تاشقىرى بېشىغا تۆت چاسا ئاق داكا ياغلىق سالىدۇ. ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇ - بۇرادەر ۋە قولۇم - قوشنىلارنىڭ چوڭلىرىغىمۇ ئاق باغلايدۇ. ئاياللارغىمۇ ئاق باغلاپ ئاق ياغلىق سېلىپ قويىدۇ. ئاساسلىق هازىدار ئاياللار يەتتە نەزىر بېرىلگۈچە ئاق كۆڭلەك كېيىدۇ. مېيىت سۇغا ئېلىنغاندىن كېيىن كېپەنلىنىپ يېڭى ئاق كېگىزگە ئوراپ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ تاۋۇتقا سېلىنىدۇ. كېپەنلىك ئادەتتە ئاق ماتا (هازىر خەسە ياكى ئاق رەخت) دا قىلىنىدۇ. يىڭنە بىلەن تىكىلمەي كېپەنلىك ماتا (رەخ) نىڭ ئۆزىدىن يىپ چىقىرىپ، يۆمەپ چېگىپ قويۇلىدۇ.

ئەرلەر ئۈچ قات، ئاياللار بەش قات كېپەنلىنىدۇ. قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىدا مېيىتنى دەپنە قىلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈم پەتىسى قىلىپ كەلگەن ئەر - ئايالنىڭ ھەممىسىگە بېلىگە باغلاش، بېشىغا (ئاياللارغا) ئارتىش ئۈچۈن ئاق تارقىتىلىدۇ. بۇ ئەسلى

www.uyghurkitap.com

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بولۇپ، بۇ ئادەت ھازىر قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىلەن قەبىلىداش بولغان، ئالتاي ۋىلايىتىدە ياشاۋاتقان تۇۋالاردىمۇ بۇگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا ئۆلگۈچى ياشانغان پىشقەدەم ئادەم بولسا، ئۇنىڭ سۆيىگە كىرگۈچىلەر ئۇنىڭ جەسىتىنى يۇيۇشتا قول بارماقلىرىغا لاتا قاپچۇق سىلىپ يۇيىدۇ. بۇ قاپچۇقلارنى ئۆلگۈچىنىڭ بالا - چاقا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تۇمار قىلىپ ساقلاشنى، كۆزى ئاغرىپ قالغاندا ئۇنى كۆزگە سۈرۈشنى ئادەت قىلغان.

4) ناماز چۈشۈرۈش: مېيىت تاۋۇتقا سېلىنىپ ئېلىپ مېڭىلىشنىڭ ئالدىدا ئۆلگۈچىنىڭ بالا - چاقىلىرى ئۆلگۈچى بىلەن ۋىدالىشىدۇ. ئاندىن تاۋۇت شۇ ئەتراپتىكى مەسچىتكە (ئەگەر ئۆلگۈچى يۇرت ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم بولغان تەقدىردە شۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ مەسچىتكە ياكى ئېتىبارلىقتىكى كەڭ تۈزلەڭلىككە) ئېلىپ بېرىلىدۇ، ناماز چۈشۈرۈلۈشتىن بۇرۇن ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئورۇندىيالمىغان شەرىئەت مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىش ھېسابىغا ئىسقات بېرىلىدۇ. ئەرلەر ئىسقاتى ئۈچۈن پۇل، سەرەڭگە، نان؛ ئاياللار ئۈچۈن يىپ-يىڭنە، تارغاق، يېلىم قاتارلىق نەرسىلەر تارقىتىلىدۇ ۋە ئىمامنىڭ سورىشى ئارقىلىق ئۆلگۈچىنىڭ يېقىنلىرى تەرىپىدىن ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى نام - ئەھۋالى قىسقىچە تەرىپلىنىدۇ ۋە ئۆلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ۋەكىلى جامائەتتىن ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئادا قىلالمىغان ئۆتنە - يېرىم، قەرىز - مۇئامىلىسى بار-يوقلۇقىنى سوراپ، بار بولغان تەقدىردە ئۆزلىرىنىڭ ئادا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بەزى جايلاردا بۇ ئۈچ خىل رەسمىيەت توپا بېشىدا ئورۇندىلىدۇ. ئىسقات تارقىتىش ئۇسۇلى جايلاردا ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا تاۋۇت ھويلىدا ياكى كەڭرەك جايغا توختىلىپ مېيىت ئىگىسى،

تۇغقانلىرى ھاسا تۇتقان ھالدا تاۋۇتنى ئايلىنىپ ياكى تاۋۇت بېشىدا تۇرۇپ يىغا - زارە قىلىشىدۇ ۋە بېشىغا ئۇزۇن ئارغامچا باغلانغان بىر ئات ياكى ئۇي يېتىلەپ كېلىنىپ، ئارغامچىنىڭ ئۇچى ئۆلۈم ئۇزاتقىلى كەلگەنلەردىن 41 كىشىگە نۆۋەت بىلەن تۇتقۇزۇلىدۇ. ئاندىن ئات (ئۇي) نى باھاغا سۇندۇرۇپ تەخمىنەن شۇ باھا قىممىتىدە ئىمام باشلىق 41 كىشىگە پۇل تارقىتىلىدۇ. توپا بېشىغا چىققانلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن نان، نان يەتمىگەنلەرگە بىر نان قىممىتىدە سەرەڭگە تارقىتىلىدۇ. قۇمۇل رايونىدا بىر سىقىمدىن پۇرچاق ياكى چىلان، كىشمىش تارقىتىلىدۇ. توپا بېشىدىن يانغاندا ئۆلگۈچىنىڭ سۆيىگە كىرگەنلەر بىلەن توپا بېشىدىن ھازىدارلارغا تەسەللىي بەرگىلى كەلگەنلەرگە ئاش تارتىلىدۇ. بۇ «تەرەتِ ئېشى» دەپ ئاتىلىدۇ. مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈشكە ئېلىپ ماڭغاندا ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىغا قاراپ تاۋۇت ئۈستىگە يېپەك گىلەم ياكى يۇڭ ئەدىيال ياكى پاكىز، كۆركەم يىپ ئەدىيال يېپىپ تۆت ئادەم كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. ئەركەكلەر ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن قىز ھازىدارلار تاۋۇت ئالدىدا «ۋاي دادام (ئانام) ، ۋاي قېرىندىشىم» دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ ماڭىدۇ. جامائەت تاۋۇت كەينىدىن ماڭىدۇ. تاۋۇت كەينىدە كېتىۋاتقان جامائەت ئىچىدىن ھەر ئۈچ - تۆت مىنۇتتا ئۆزلۈكىدىن تۆت ئادەم چىقىپ ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆتىدۇ. بۇنىڭدا ساۋابلىق ئىزدەش مەقسەت قىلىنغان. ناماز چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن تاۋۇت قەبرىستانلىققا ئېلىپ چىقىلىدۇ. (ھازىر شەھەر رايونلاردا ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ چىقىدىغان بولدى) ئادەتتە نامازغا قاتناشقان جامائەتنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەبرىستانلىققا چىقىدۇ.

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىغا قەدەر ئۆزگىچە ناماز چۈشۈرۈش ئادىتى داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، ناماز چۈشۈرۈشتە ئوقۇلىدىغان مەخسۇس ئايەت ئوقۇلماي مۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىيىت ئوقۇلاتتى:

ئوڭ قۇلاقىڭغا بەردىم سالاتۇقامەت،
مۇرۇڭغا (بۇرنۇڭغا) بەردىم نۇشىئى تاھارەت.
ئاغزىڭغا بەردىم كەلىمە شاھادەت،
بىزمۇ بىللە بارالى (بارايلى) دەۋىدۇق (دېۋىدۇق).
ئۆزۈڭ ئالدىراپ كېتىپ ماڭدىڭ،
بىز بارغۇچە خۇداغا ئامانەت. ئاغام-دوغام! ئاغام-دوغام!

بۇ بىيىت ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مېيىتنىڭ ئوڭ قولىقىنى ئىككى قېتىم سوزۇپ قويۇپ ئاندىن دەپنە قىلىناتتى. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى قەبرىنى «ئاگاي»، قەبرىستانلىقنى «ئاگايلىق»، يەككە قەبرىنى «ماقات» دەيدۇ.

قۇمۇل رايونىدا تاۋۇتقا يېپىلغان يوپۇق ئۇستىگە ئۆلگۈچى ئەركىشى بولسا دەستا، ئايال بولسا قۇمۇل ئاياللىرى كىيىدىغان ئەنئەنىۋى دوپپا (توپىلىكى موگۇسىمان يۇمىلاق، پىلتە بېرىپ قاتۇرۇلغان، ئۇستى كالۋۇتۇن بىلەن تورلىنىپ، رەڭدار سەدەپ دانچىلىرى قوندۇرۇلغان، جۇلالىنىپ تۇرىدۇ،) قويۇپ ئېلىپ مېڭىلىدۇ.

6) دەپنە قىلىش: تاۋۇت قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن ئالدىن كولاپ قويۇلغان يەرلىككە دەپنە قىلىنىدۇ. يەرلىك تاشقى يەرلىك، ئىچكى يەرلىك دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. تاشقى يەرلىك تەخمىنەن ئىككى مېتىر ئۇزۇن، بىر مېتىر كەڭ، ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتا چاسا كولىنىدۇ. ئىچكى يەرلىك ئۇنىڭ يان تەرىپىدىن مېيىت ئازادە پاتقۇدەك كەڭلىك ۋە ئۇزۇنلۇقتا لەخمە شەكلىدە كولىنىدۇ.

مېيىت ئىچىدىكى يەرلىككە قويۇلىدۇ. مېيىت يەرلىككە قويۇلۇشتا يۈزى قىبلىگە (غەربىي جەنۇبقا)، پۇتى شەرققە

قارىتىپ قويۇلىدۇ. توپىسى قۇمساڭ كەلگەن جايلاردا يەرلىك مەلۇم چوڭقۇرلۇق، كەڭلىك ۋە ئۇزۇنلۇقتا كولىنىپ، كېسەك بىلەن كېمىرىپ قەبرە ياسىلىپ، بىر بېشى ئوچۇق قويۇلۇش بىلەن مېيىت شۇ يەردىن ئېلىپ كىرىلىدۇ. قەشقەر قاتارلىق جايلاردا شامگۆر دېيىلىدىغان بىر خىل گۆر شەكلى بولۇپ، مەلۇم كەڭلىك، مەلۇم چوڭقۇرلۇقتا تىك كولىنىپ، ئايلاندۇرۇپ، قاتارى بىرنەچچە ئىچكى يەرلىك قىزىلىدۇ. ئىچكى يەرلىككە ئۇيۇق - تەكچىلەر چىقىرىلىدۇ. شامگۆر بىر جەمەت ئائىلە ئاساسىدا هازىرلىنىدىغان بولۇپ، شۇ جەمەتتىن ۋاپات بولغانلار شۇنىڭغا قويۇلىدۇ. ئەگەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىچكى يەرلىك يېتىشمەي قالسا، بۇرۇن قويۇلغان جەسەتلەرنىڭ سۆڭەكلىرىنى يىغىپ ئۇيۇق - تەكچىلەرگە ئېلىپ قويۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى جەسەت قويۇلىدۇ. مېيىت يەرلىككە قويۇلغاندىن كېيىن توپا بېشىدىكى پېشقەدەملەردىن بىرى مۇچەل هېسابى بويىچە ئۆلگۈچىنىڭ يىلىنى سورايدۇ. يېشى چوڭ تۇغقانلىرىنىڭ بەرگەن جاۋابى بويىچە مەرهۇمنىڭ قانچىنچى يىلى دۇنياغا كېلىپ قانچە يېشىدا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئاندىن ئىچكى يەرلىكنىڭ ئاغزى ئېتىلىپ، ئۆلگۈچىنىڭ جەمەتلىرىدىن بىرى گۆرگە يەتتە كەتمەن توپا تاشلايدۇ. ئارقىدىنلا توپا بېشىدا ئولتۇرغان جامائەت ئىچىدىن ئىمام ياكى قارى قۇرئان تالاۋەت قىلىدۇ. بۇ چاغدا جامائەت هەممىسى بىر سىقىمدىن توپا ياكى يەتتە تال تاش ئېلىپ ئايەت ئوقۇلۇپ بولۇشىغا ئۇنىڭغا سۇپكەشلەپ، ئۇنى يىغقىلى كەلگەن ئادەمنىڭ ئېتىكىگە سېلىپ بېرىدۇ. ئۇ ئادەم ئۇنى گۆرگە تاشلايدۇ. بۇنىڭدا ئۆلگۈچىنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىگە گۇۋاهلىق بېرىش ۋە ئۇنىڭغا جەننەت ئاتا بولۇشىنى تىلەش مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، يەرلىك ئۈستىگە توپا دۆۋىلەپ، توقۇز دانە تاش قويۇپ، جامائەت قايتىدۇ. پۈتۈن

دەپنە مۇراسىم شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

جايلاردا يەرلىكنى كۆمۈش ئۇسۇلى ھەر خىل. بەزى جايلاردا يەرلىك ئۈستىگە توپا دۆۋىلەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەك ياكى تاش باسۇرۇپ بەلگە قىلىپ قويسا، بەزى جايلاردا توپا دۆۋىسىنىڭ بېشىغا ياغاچ قاداپ ئۆلگۈچىگە بېرىلگەن نەزىردە سويۇلغان قوشقار بېشىنى ئېسىپ قويىدۇ. ئاياللارنىڭ توپا بېشىغا بولسا، ئۇچ بۇرجەك لاتا پارچىلىرى ئېسىپ قويۇلىدۇ. بەزى جايلاردا كېسەكتە سۇپا شەكلىدە ياكى يۇملاق ياكى يۇملاق كۆپتۈرمە شەكلىدە ئۇزۇنچاق قەبرە قاتۇرۇلىدۇ. بەزى جايلاردا ھەر خىل تىپتا مەخسۇس گۈمبەز ياسىلىدۇ. يېقىنقى دەۋرلەردىن بۇيان خاتىرە تاش ياكى خاتىرە تاختاي تىكلەش ئادىتى ئومۇملىشىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلاردا قەبرىستانلىق مەھەللە سىرتىدىكى قاتناش يول بويلىرىغا يېقىن، قۇرغاق، ئېگىز جايلارغا قىلىنىدۇ. ئۆينىڭ ئالدى ـ كەينىگە، ئېتىز بېشىغا قەبرە قىلىنمايدۇ. ئۇيغۇرلاردا قەبرىستانلىق بار يەردىن ئۆتكەندە (ئۇلاغلىق بولسا، ئۇلاغتىن چۈشۈپ ياكى ئۇلاغنى توختىتىپ تۇرۇپ) توختاپ، ياتقانلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ ئۆتۈش ئادەت قىلىنغان.

مەن ئۆلەرمەن، مەن ئۆلەرمەن،
يولدا قويماڭلار مېنى.
يولدا قويساڭلار قويۇڭلار،
چۆلدە قويماڭلار مېنى.

دېگەن بۇ قوشاق ئەنە شۇ ئادەت ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دەپنە مۇراسىمى نورمال ۋە بىر ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدە كۈتۈلمىگەن ھەر خىل ۋەقەلەر تۈپەيلى يۈز بەرگەن ئۆلۈم ھادىسىلىرىدىكى ئادەت ـ قائىدىلەردىن

ئىبارەت. ئەگەر ئۆلگۈچى مۇساپىر، ئىگە-چاقىسىز بولغان تەقدىردە شۇ جايدىكى مەسچىت جامائىتى ئۇنىڭ جەسىتىنى سۇغا ئېلىش، كېپەنلەش، نامىزىنى چۈشۈرۈش رەسمىيەتلىرىنى ئورۇنداپ خالىس دەپنە قىلىپ قويىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئۆلۈم - يېتىمگە مۇناسىۋەتلىك مۇنداق ئادەتلەرمۇ مەۋجۇت:

① ۋەسىيەت قىلىش: ئۆلگۈچى ئائىلە باشلىقى بولۇپ، ئادەتتە كېسەل بولۇپ، ساقىيىش ئۈمىدى بولمىغان تەقدىردە يىراق-يېقىندىكى بىۋاستە تۇغقانلىرىنى جەم قىلىپ رازىلىشىپ، ئۇلاردىن كۈتىدىغان ئارزۇ - ئۈمىدلىرى ۋە مال - مۈلۈك ۋارىسلىقى توغرىسىدا ۋەسىيەت قىلىدۇ. مال - مۈلۈك ۋارىسلىقى توغرىسىدىكى ۋەسىيەتنامىگە شاھىتلىق ئۈچۈن جامائەت مۆتىۋەرلىرىدىن بىر - ئىككىسى قول قويىدۇ. ياقا يۇرتتا قازا يېتىپ تاسادىپىي ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بالا - چاقىلىرى ئىلاجى بار ئۇنىڭ جەسىتىنى ياكى سۆڭىكىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۆز يۇرتىدا قايتا دەپنە قىلىدۇ، شۇنىڭدەك كېسەل بىلەن ياقا يۇرتتا ياكى دوختۇرخانىدا يېتىپ قېلىپ ساقىيىش ئۈمىدى بولمىغاندا ئۆز يۇرتىغا ياكى ئۆيىگە ئېلىپ چىقىپ كېتىشتەك ئادەتمۇ بار، بولۇپمۇ ياشانغانلار دوختۇرخانىدا جان ئۈزۈشنى خالىمايدۇ.

② دېمىدە ئىچكۈزۈش: ئۆلگۈچى ساكىرات ھالىتىگە چۈشۈپ قالغاندا جان ئۈزگۈچە ئۇنىڭ ئاغزىغا دېمىدە سۈيى (ئايەت ئوقۇپ سۈپكەش قىلىنغان سۇ) تېمىتىلىپ تۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدا ئۇنىڭ قىينالماي جان ئۈزۈشىنى تىلەش مەقسەت قىلىنغان.

③ قۇرئان تالاۋەت قىلىش: مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن شۇ ئاخشىمى ياكى ئۇدا ئۈچ ئاخشام توپا بېشىدا، بەزى ئائىلىلەردە مېيىت ياتقۇزۇلغان ئۆيدە ئۈچ كۈن

ئەتىگەندە قۇرئان تالاۋەت قىلدۇرۇلىدۇ، بەزى جايلاردا ھەتتا قىرىق كۈنگىچە تاشقى يەرلىك ئىچىدە ئولتۇرۇپ قۇرئان تالاۋەت قىلىنىپ، ئاندىن گۆر ئاغزى ئېتىلىپ، توپا دۆۋىلەپ قەبرە شەكلى شەكىللەندۈرۈلىدۇ. بۇنداق ئىككى خىل قۇرئان تالاۋەت قىلىنىشتا، ئۆلگۈچىنى يالغۇز تاشلىماسلىق، ئۇنىڭغا ساۋابلىق ۋە جەننەت ئاتا قىلىنىشنى تىلەش مەقسەت قىلىنغان. شۇنىڭدەك مېيىتنى سۇغا ئېلىپ دەپنە قىلغۇچىلىك ئارلىقتا مېيىت ياتقۇزۇلغان ئۆيگە مۈشۈك كىرىپ قېلىشىدىن قاتتىق ساقلىنىدىغان ئادەتمۇ بار. بۇ ئادەت مۈشۈكنىڭ ئاساسە قاراڭغۇ تۈندە ھەرىكەتلىنىدىغىنىغا قاراپ، ئۇ قاراڭغۇلۇقنى خالايدۇ، ئەگەر مۈشۈك مېيىتنى ئاتلاپ ئۆتسە پېشكەللىك ئېلىپ كېلىدۇ دېگەن قاراش ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

④ چىراغ ياندۇرۇش: ئۆلگۈچى ئائىلە باشلىقلىرىدىن بولغان تەقدىردە ئۇ دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، ئادەتتە مېيىت ياتقۇزۇلغان ئۆيدە شۇ كېچىدىن باشلاپ ئۈچ كېچە، بەزى ئائىلىلەردە بولسا، يەتتە كېچە تاڭ ئاتقۇچە چىراغ ياندۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدا ۋارىسلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئۆيىنى يورۇتۇپ كەلگەن چىراغقا سىمۋول قىلىپ ئۇنى ئەسلەش، ئۇنىڭ روھىدىن مەدەت تىلەش مەقسەت قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھازىدارلار ھازا قوشاقلىرىدا «چىرىغىڭنى ئۆچۈرمەيمىز دادا (ئانا)» دەپ يىغلايدۇ.

⑤ توپا بېشىنى يوقلاش: ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئۆلگۈچى دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن ئۈچ نەزىرىگە قەدەر ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى توپا بېشىغا چىقىپ قۇرئان تالاۋەت قىلىپ كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئاتا - ئانىسى ۋە ياشانغان بىۋاسىتە قېرىنداشلىرى ۋاپات بولغاندا بۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. يەتتىسى، قىرقى، يىل نەزىرى بېرىلىدىغان كۈنلىرى بالاغەتكە يەتمىگەنلەردىن باشقا ئەر ھازىدارلارنىڭ چوقۇم توپا بېشىغا چىقىپ قۇرئان تالاۋەت قىلىپ

كېلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر ئازنا - پەيشەنبە، ھېيت - ئايەم كۈنلىرى توپا بېشىغا چىقىپ قۇرئان تالاۋەت قىلىپ، قەبرىگە بىرەر سىقىم بۇغداي ياكى قوناق چېچىپ قويۇپ قايتىپ كېلىدۇ. شۇڭا بۇ «توپا بېشى ياكى تۇپراق بېشىنى يوقلاش» دەپ ئاتالغان. بۇنىڭدا مەرھۇمنىڭ روھىغا سېغىنىش، روھىدىن مەدەت تىلەش مەقسەت قىلىنغان. شۇنىڭدەك بەزىلەر سەپەرگە چىقىش ئالدىدا، مۈشكۈل ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە ۋە شۇ مەرھۇملار چۈشىگە كىرىپ قالغان كۈنلەردە يەنە شۇنداق مەقسەتتە مەخسۇس ياغ پۇرۇتۇپ توپا بېشىنى يوقلايدۇ، سەدىقە بېرىدۇ.

⑥ ئىسسىقلىق بېرىش: ئۇيغۇرلار مۇسىبەت بولغان ئائىلىگە ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئەنئەنىگە ئىگە. مەلۇم بىر ئائىلىدە مۇسىبەت بولغان ھامان يۇرت - مەھەللە جامائىتى ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ تەزىيە بىلدۈرۈپ تەسەللىي بېرىدۇ. بولۇپمۇ قولۇم - قوشنىلار كېچە - كۈندۈز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھازىدارلارغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېتىشەلمىگەن ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەمدە بولىدۇ. قويۇق - سۇيۇق غىزا قىلىپ ئەكىرىپ ئۇلارغا ئىسسىق ئىچۈرىدۇ. يەنە تونۇش - بىلىش، يارۇ - بۇرادەرلەرنىڭ ئائىلىلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا غىزا تاماق قىلىپ ئۆلۈم پەتىسى قىلىپ كېلىدۇ. مۇسىبەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلىپ كېلىنگەن بۇ غىزا-تاماق «ئىسسىقلىق» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسىبەت بولغان ئائىلىدە ئادەتتە ئۈچ كۈنگىچە غىزا-تاماق ئېتىلمەيدۇ. ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى مۇسىبەت كۈنلىرى پەتىگە كېلەلمىگەن، ئىسسىقلىق بېرەلمىگەنلەر كېيىن ئايرىم كېلىدۇ.

⑦ قارىلىق تۇتۇش: ئۇيغۇرلاردا ئۆلگۈچى ئۈچۈن قارىلىق تۇتۇش ئادىتى بولۇپ، قارىلىق تۇتۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن -

قىسقىلىقى ئۆلگۈچىنىڭ مەرتىۋىسىگە قاراپ بولىدۇ. ئائىلە باشلىقى ۋاپات بولسا، ئادەتتە قىرىق كۈن، بەزىلەر ھەتتا ۋاپات بولغۇچىنىڭ يىلى توشقۇچە قارىلىق تۇتۇپ ئويۇن - تاماشا، توي - تۆكۈنلەرگە بارمايدۇ. ئادەتتىكى ئائىلە ئەزالىرىدىن ۋاپات بولغۇچىلار ئۈچۈن ئۈچ كۈندىن يەتتە كۈنگىچە قارىلىق تۇتىدۇ. قارىلىق تۇتۇشنىڭ شەكلى ئاساسەن ئىككى خىل بولىدۇ:

① ئەرلەر ئاق باغلايدۇ. ئاياللار ئاق باغلىغاندىن تاشقىرى بېشىغا ئاق ياغلىق سالىدۇ، ئىلاجى بار ئاق كۆڭلەك كىيىدۇ. بۇ شەكىلدىكى قارىلىق تۇتۇش ئادەتتە ئۆلگۈچىنىڭ يەتتە نەزىرى بېرىلىپ بولغۇچە داۋاملىشىدۇ. يەتتە نەزىر ئاياغلاشقاندا قولۇم - قوشنا، يارۇ - بۇرادەرلىرى ئەرلەرنىڭ بېلىدىكى، ئاياللارنىڭ بېشى، بېلىدىكى ئاقنى ئېلىپ تاشلايدۇ.

② ئۆلگۈچىنىڭ قىرقى نەزىرى بېرىلىپ بولغۇچە ئادەتتە ئەر ھازىدارلار چاچ، ساقال - بۇرۇتىنى ئالدۇرمايدۇ. ئاياللار چېچىنى يۇيۇپ تارىمايدۇ. ئەر - ئايال ھازىدارلار (نارەسىدىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) ئويۇن - كۈلكىدىن قاتتىق ساقلىنىدۇ. توي - تۆكۈنگە بارمايدۇ. بەزىلەر ھەتتا ئۆلگۈچىنىڭ يىل نەزىرى ئۆتكۈزۈلمىگۈچە ئويۇن - تاماشادىن، توي - تۆكۈنگە بېرىشتىن ساقلىنىدۇ. ئەمما توي - تۆكۈننىڭ ئادەمگەرچىلىك رەسمىيەتلىرىنى مۇۋاپىق ۋاقىتتا ئايرىم ئادا قىلىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ قىرقى نەزىرى بېرىلىپ بولغان كۈنى ئاساسلىق ھازىدارلار ۋە بىۋاستە ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۆزئارا بىر - بىرىگە كىيىملىكتىن رەخت تۇتۇشۇپ بىر - بىرىنىڭ قارىسىنى سۇندۇرىدۇ. بەزى يېقىن ئۆتىدىغان دوست - ئاغىنىلەرمۇ شۇنداق قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قارىلىق تۇتۇش مۇددىتى ئاخىرلىشىپ، ئەرلەر چاچ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئالدۇرىدۇ. ئاياللار چاچلىرىنى يۇيۇپ - تاراپ ئادەتتىكىدەك كىيىنىپ يۈرىدۇ.

نەزىر-چىراغ قىلىش ئادىتى: ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن نەزىر قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئادەت ئەنئەنىسى بولۇپ، ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بۇ ئادەت ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ تا ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ھازىر ئۇيغۇرلاردا ئۆلگۈچى ئۈچۈن «ئۈچ نەزىرى»، «يەتتە نەزىرى»، «قىرقى نەزىرى»، «يىل نەزىرى» دەپ تۆت قېتىم نەزىر بېرىلىدۇ. خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئادەم ئۆلگەندە داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئات - كالا، قوي ئۆلتۈرۈپ نەزىر - چىراغ قىلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، تەپسىلاتى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەمما، تارىختا ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ تەركىبىدە بولغان، ھازىر ئالتاي ۋىلايىتىدە ياشاۋاتقان تۇۋالاردا ئۆلگۈچىنىڭ يىگىرمە نەزىرى، يۈز نەزىرى بېرىلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش تۆت قېتىم نەزىر - چىراغ قىلىنىدۇ. ۋەھالەنكى خوتەن، قەشقەر، قۇمۇل، بۈگۈر قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە تۇۋالارغا ئوخشاش ئۆلگۈچىنىڭ يىگىرمە كۈنلۈكىنى ئوخشىمىغان شەكىل ۋە ئوخشىمىغان دەرىجىدە خاتىرىلەش ئادىتى مەۋجۇت. شۇنىڭدەك قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىدا ئۆلگۈچىنىڭ يىل نەزىرىدىن كېيىن ئۈچ - تۆت يىلغىچە ھەر يىلى (ئاساسەن ياشانغانلار ئۈچۈن) شۇ كۈنى ئاددىي خاتىرە مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ ئادەتلەرگە ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش ئادىتىنى ئىسلامىيەتنىڭ خەتمىقۇرئان قىلىش قاتارلىق قىسمەن قائىدىلىرى قاتارىدا ئىسلامىيەت شارائىتىغا ماسلىشىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قەدىمكى ئادەت ئەنئەنىسىنىڭ داۋامى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ھازىر ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر - چىراغنىڭ تەرتىپى ۋە مەزمۇنى:

ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۈچىنچى كۈنى ئۆلگۈچىنىڭ بالا - چاقىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يىغىلىپ بىرنەچچە قوشنا،

مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمام ياكى مەزىنى، ئۆلگۈچىنىڭ سۆيىگە كىرگەنلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا پوشكال - قۇيماق، نان ۋە سۇيۇق - سىلەڭ تاماق ھازىرلاپ نەزىر ئۆتكۈزىدۇ. تاماقنىڭ ئالدىدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىدۇ. قۇرئان تالاۋەت تۈگەپ، تاماق تارتىلىپ داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ بىر قىسمى (يۇيۇپ پاكىزلاپ) ئۆلگۈچىنىڭ سۆيىگە كىرگۈچىلەرگە ۋە مەزىن ئاخۇن، غېرىپ - غورۋالارغا بېرىلىدۇ. بىر قىسمى تەۋەرۈك قىلىپ ساقلاش ئۈچۈن ئۆلگۈچىنىڭ بەزى ۋارىسلىرى ۋە قولى قىسقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا بېرىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن نەزىر ئاخىرلىشىدۇ. يۇقىرىقى رەسمىيەت بەزى ئائىلىلەردە ئۆلگۈچىنىڭ يەتتە نەزىرى بېرىلگەن كۈنى ئورۇندىلىدۇ. ئۆلگۈچىگە يەتتە كۈن بولغاندا ئۇنىڭ ۋارىسلىرى مەخسۇس تەييارلىق كۆرۈپ يۇرت - مەھەللە جامائىتىنى تەكلىپ قىلىپ بىرقەدەر چوڭ دائىرىدە نەزىر ئۆتكۈزىدۇ. يەتتە نەزىردە ھەر ئائىلە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ پوشكال، قۇيماق ۋە مەزە ھازىرلىغاندىن تاشقىرى بىر ياكى ئىككى قوي ئۆلتۈرىدۇ. بەزىلەر بىرەر كالا ئۆلتۈرىدۇ. نەزىرگە ئەر، ئايال بىردەك تەكلىپ قىلىنىدۇ. نەزىرگە كەلگۈچىلەر ئادەتتە بەش ناننى داستىخان قىلىپ كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. داستىخاننى ئاياللار كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. ئۆلۈم پەتىسى قىلالمىغان، ئىسسىقلىق بىرەلمىگەنلەر ئايرىم تاماق ئېتىپ داستىخان قىلىپ كېلىدۇ. مېھمانلار ئۇزاپ ماڭغاندا داستىخان قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ داستىخىنىغا ئىككىدىن نان يۆگەپ بېرىلىدۇ. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا نەزىر سوۋغىسىغا نان كۆتۈرۈپ كېلىنەتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا نان ئۈستىگە بىر كىيىملىك ياكى بىر مېتىردىن بىر يېرىم مېتىرغىچە رەخت، بىرەر تاختا چاي، بىر - ئىككى بولاق قەنت سېلىپ كېلىدىغان بولدى. ھازىر يەنە تەدرىجىي بۇرۇنقى

ئادەت ئەسلىگە كەلمەكتە. ئۆلگۈچىنىڭ قىرقى نەزىرىمۇ ئاساسەن يەتتە نەزىرى كۆلىمىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. قىرقى نەزىرى بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ھازىدارلارنىڭ قارىلىقىنى سۇندۇرۇش رەسمىيىتى ئورۇندىلىدۇ. يىل نەزىرى بىر قەدەر كەڭ دائىرىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. قىرقى ۋە يىل نەزىرىدىمۇ يەتتە نەزىرىگە ئوخشاش مېھمانلار ئۆز لايىقىدا داستىخان قىلىپ كېلىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ ئۈچ نەزىرىدىن باشقا نەزىرلىرى ئايرىم شەھەر، رايونلاردا چۈش ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئادەتتە ھەممە يەردە ئەتىگەن تەرەپتە ئۆتكۈزۈلىدۇ. نەزىردىن خەۋەر تاپقانلىكى ئادەم نەزىرگە داخىل بولىدۇ ۋە ئۇلار قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ. شۇنىڭدەك نەزىرگە كېلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان يېتىم - يېسىر، غېرىب - غۇرۋالارغا نەزىر ئېشى ئايرىپ بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئۆلۈم نەزىرىدىن باشقا ئادەملەر ئۇزۇن يوللۇق سەپەرگە چىقىش ئالدىدا ۋە تاسادىپىي خېيىم - خەتەردىن ئامان قالغاندا، دائىم چۈشى بۇزۇلىدىغان بولۇپ قالغاندا، يۇرت - مەھەللە جامائىتىنى چاقىرىپ نەزىر ئۆتكۈزىدىغان ئادەتمۇ بار. مۇنداق نەزىر ئۆتكۈزۈلگەندە ئەرلەرلا تەكلىپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا سەپەرنىڭ بىخەتەر بولۇشىنى ۋە ئەجدادلار روھىغا سېغىنىپ ئامان - ئېسەنلىك تىلەش مەقسەت قىلىنغان.

ھازا قوشاقلىرى: ئۆلگۈچىگە ھازا ئېچىشتا قوشاق قوشۇپ يىغا - زارە قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مىللىي ئادەت ئەنئەنىلىرىدىن بولۇپ، ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ھازا قوشىقى «مەرسىيە قوشىقى» ياكى «مەرسىيەنامە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەدىبلەر تەرىپىدىن توقۇلغان مەرسىيەنامىلەرنى ۋە ئۇنى ئوقۇش ئۇسلۇبىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئادەتتىكى ھازا قوشاقلىرىنىڭ بەلگىلىك مەزمۇن ۋە كۈي ئاھاڭى يوق بولۇپ، مەرھۇمنىڭ ۋارىسلىرى ئۆزى توقۇپ ئېيتىش ئارقىلىق

www.uyghurkitap.com

مەرھۇمغا بولغان مېھىر-مۇھەببەت، ئالىي ھۇرمەتلىرى، مەرھۇمنىڭ خىسلەت پەزىلەتلىرىنى ئەسلەيدۇ. ئادەتتىكى ھازا قوشاقلىرى كۆپىنچە تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

ۋاي دادام! ۋاي دادام!
يېتىم قالدۇق ئەمدى بىز،
كىمنى دادا دەيمىز.
ۋاي دادام، دادام!
دۆلىتىم دادام، تاجى - تەختىم دادام،
دەريا كۆڭۈل دادام، كۈن چىراي دادام.
دادا (ئانا) دەپ خوش بولاتتىغۇ كۆڭلىمىز،

مەن (بىز) دادام (دادىمىز) دىن ئايرىلىپ،
سۇندى قاناتىم (قانىتىمىز) قايرىلىپ.
مەن (بىز) يىغلىماي كىم يىغلىسۇن،
جان دادام (دادىمىز) دىن ئايرىلىپ.

دادام (دادىمىز) ئۆلگەنگە يىغلايمەن (يىغلايمىز)
ئانام (ئانىمىز) ئۆلگەنگە يىغلايمەن (يىغلايمىز).
ساماندەك سارغىيىپ
يېتىم قالغانغا يىغلايمەن (يىغلايمىز).

دادا (ئانا) ئاھ ئۇرۇپ يىغلاي (يىغلايمىز)
سۆزۈڭنى يادلىنىپ يىغلاي (يىغلايمىز)
ئىزىڭنى سۈرتۈپ كۆزۈمگە (كۆزىمىزگە)
غۇلاچ كېرىپ يىغلاي (يىغلايمىز)

بۇ جۇدالىقتا ئەمدى قانداق چىدايمىز،

ۋاي ئانام، ۋاي ئانام
يايلىقىم ئانام، بايلىقىم ئانام،
دەريا بولۇپ ئاقاتتى ئانىلىق مېھرىڭىز،
كېچە - كۈندۈز بالام دەپ،
قانماي كەتتىغۇ باغرىڭىز.
ۋاي ئانام، ۋاي ئانام.
ئەمدى كىمگە تەلمۈرەي،
غۇلاچ كېرىپ بوزلىنىپ ئەمدى كىمگە ئەركىلەي،
ۋاي ئانام، ئانام.
ئەمدى غايىپ بولدۇڭغۇ!
موللا قىلىمەن بالام دەپ،
ئالىم قىلىمەن بالام دەپ،
كۈندە سىلايتتىڭ بېشىمنى،
ئەمدى كىم سىلار بېشىمنى،
ۋاي دادام، دادام!

× × ×

ۋاي بالام، بالام، (ۋاي بالام جان ××× خان)
جىگىرىم - باغرىم بالام،
كۆڭلۈمنىڭ ئارامى،
ھالىمەن جان بالام.
قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت،
ۋاپادار، كۆيۈمچان بالام،
ۋاي بالام، بالام!
جىگىرىم - باغرىم بالام
ئانام دەپ كەينىمدىن،
ھازا قىلار دەپتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تۇگىمەس ھەسرەتتە قويۇپ،
كېتەرىڭنى بىلمەپتىمەن،
ۋاي بالام، بالام!
كۆزۈمنىڭ نۇرى ئىدىڭ،
كۆڭلۈمنىڭ بېغى ئىدىڭ،
سەن كەتكىچە مەن كەتسەم،
ئانام دەپ يىغلار ئىدىڭ.
ۋاي بالام، بالام.
ئەمدى كىمنى بالام دەي،
دېسەم ساڭا ئوخشارمۇ؟
جىگىرىم بالام، باغرىم بالام،
بۇ جۇدالىقتا قانداق چىداي!
ۋاي بالام، بالام!

مەرسىيىنامىلەر ئادەتتە خەلق ئىچىدىكى مەشھۇر زاتلارغا، خەلق قەھرىمانلىرىغا بېغىشلانغان بولۇپ، داستان خاراكتېرىدە ئۆزىگە خاس بەلگىلىك ئۇسلۇب ۋە كۈي ئاھاڭىدا ئوقۇلىدۇ.

مەسلەن:

ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ،
يامان دۇنيا قالدىمۇ؟
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ؟
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر①.

ئەجدادلىرىمىزدا ئۆلۈم - يېتىمگە ئالاقىدار مۇنداق ئادەتلەرمۇ بولغان:

1) يەرلىك تويىسىنى دەپنە قىلىش: ئائىلە چوڭلىرى ياقا

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 58-بەت.

يۇرتتا ۋاپات بولۇپ شۇ يەرەە دەپنە قىلىنغان تەقدىردە، كېيىن بالا - چاقىلىرى بېرىپ ئۇنىڭ يەرلىك توپىسىدىن بىر ئوچ توپا ئېلىپ كېلىپ ئۆز يۇرتىدىكى قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەت «يەرلىك توپىنى دەپنە قىلىش» دەپ ئاتالغان.

2) ئالدىنئالا يەرلىك (جاي) تاللاش ۋە هازىرلاپ قويۇش: بۇ بىرقەدەر ئومۇملاشقان ئادەت بولۇپ، ئۇنىڭغا پېشقەدەملەر ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. بەزىلەر هازىرلانغان يەرلىككە ئارىلاپ كىرىپ يېتىپ كۆرۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئادەت لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا بۇرۇنقى دەۋرلەردە ناهايىتى ئومۇملاشقان. ئۆز دەۋرىدە ياشانغانلارنى ئالدىنئالا قېرى توغراق كاۋاكلىرى ۋە دۈڭلۈكلەردىن يەرلىك تاللاپ قوياتتى. بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ ياشىغان مۇهىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى بۇرۇن هازىرقى لوپنۇر ناهىيىسىنىڭ 70% دەك ئورنى سۇلۇق ئىدى.

يەرلىك تاللاش ئادىتى تۈركىي قوۋملارغا بىرقەدەر ئورتاق ئادەت بولۇشى مۇمكىن. هازىر ئالتاي ۋىلايىتىدە ياشاۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرىدىن بولغان تۇۋالاردا بۇ ئادەت بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ هال يەرلىك تاللاش ئادىتىنىڭ ناهايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقىنىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## 6. دىنىي مۇراسىملار

مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئۇچرايدىغان هەر خىل مۇراسىم - بايراملارنىڭ شەكىللىنىش مەنبەسى مۇئەييەن بىر دىنىي ئېتىقاد - ئەقىدە بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا مۇراسىم - بايرام پائالىيەتلىرىدە دىنىي ئېتىقاد - ئەقىدىلىرىنىڭ تەسىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. روشەنكى

بۇنداق ئېتىقاد ئەقىدىلەر ئىپتىدائىي ئالڭ، ئېتىقاد ۋە سىنىپىي جەمئىيەتتە مەيدانغا كەلگەن ئېتىقاد - ئەقىدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەرقى شۇكى، مەيلى قايسى تۈردىكى ئېتىقاد-ئەقىدە بولمىسۇن، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭغا خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى جەريانىدىكى ھەر خىل ئارزۇ - ئىستەك، ئىنتىلىشلىرى ئۈزلۈكسىز سىڭىپ، ئۇنىڭ بىر قىسمىنىڭ تەدرىجىي ئەسلىدىكى دىنىي خاراكتېرىنى يوقىتىپ، خەلقنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى ئادەت تۇسىنى ئالغانلىقى بىلەن خاراكتېرلەنسە (يۇقىرىدا تونۇشتۇرغانلىرىمىز ئەنە شۇنداق مۇراسىملار جۈملىسىدىن)، بىر قىسمى خەلقنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا يەنىلا نۇقۇل دىنىي خاراكتېردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى رېئال تۇرمۇشىدا ئۇچرايدىغان نۇقۇل دىنىي مۇراسىملارنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، شەكىللىنىش مەنبەسى ئىسلام دىنى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، پائالىيەت جەريانىغا ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ روھى سىڭدۈرۈلگەنلىكى، قىسمەن مۇراسىم پائالىيەتلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن شەكىل - قائىدە، ۋاقىت، بىر خىل سورۇن ۋە مەخسۇس دىنىي خادىملارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ناماز، روزا تۇتۇش، مەۋلۇد، ھەج قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئەنە شۇنداق نۇقۇل دىنىي مۇراسىملار جۈملىسىدىن.

1) ناماز: ناماز ئىسلامىيەتنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلانغان بەش پەرھىزنىڭ بىرى، شۇنىڭدەك ئەڭ سىستېمىلاشقان، ئەڭ ئاساسلىق مۇراسىم شەكلى بولۇپ، كۈندىلىك بەش ۋاخ ناماز، جۈمە نامىزى، ئىككى ھېيت نامىزى، تەرەۋى (تاراھ) ۋە مېيىت نامىزى قاتارلىق نامازلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەش ۋاخ ناماز ئىسلام مۇرىتلىرىنىڭ كۈندىلىك ئادا

قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ ئاساسلىق مەجبۇرىيىتى قىلىپ بەلگىلەنگەن. شۇڭا ھەر كۈنى بەلگىلىك ۋاقىتتا مەسچىتكە بېرىپ بەش ۋاخ ناماز ئوقۇلىدۇ. بەش ۋاخ ناماز «ناماز بامدات»، «ناماز پېشىن»، «نامازدىگەر»، «ناماز شام»، «ناماز خۇپتەن» (قىسقارتىپ بامدات، پېشىن، دىگەر، شام، خۇپتەن) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇلار پارسچە بولۇپ، ئۇيغۇرچە «ئەتىگەنلىك (قىلىنىدىغان) ئىبادەت»، «چۈشلۈك ئىبادەت»، «ئارىلىقتىكى (چۈش-كەچ ئارىلىقىدىكى) ئىبادەت»، «كەچلىك ئىبادەت»، «كېچىلىك (ئۇخلاش ئالدىدىكى) ئىبادەت» دېگەنلىك بولىدۇ.

جۈمە نامىزى: «جۈمە» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرچىدە «يەكشەنبە»، «ھەپتە» دېگەن بولىدۇ. جۈمە نامىزى - «جەملىشىپ» (توپلىشىپ) قىلىنىدىغان «ھەپتىلىك ئىبادەت» دېگەنلىك بولىدۇ. يەكشەنبە، شەنبە، خرىستىئان دىنى بىلەن كاتولىك دىنىدىكىلەرنىڭ ئارام ئېلىش كۈنى بولغاچقا ئىسلام دىنىدا ئۇلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «جۈمە» ئارام ئېلىش كۈنى قىلىپ بەلگىلەنگەن. بۇ خرىستىئان، كاتولىك دىنىنىڭ ئەقىدىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. چۈنكى بۇ ئىككى دىندا «ئاللا دۇنيانى يەكشەنبە كۈنى يارىتىشقا باشلاپ جۈمە كۈنى تاماملىغان» دەپ قارىلىدۇ. ئىسلام دىنىدىمۇ مۇشۇ ئەقىدە ئاساسىدا ئاللانىڭ دۇنيانى جۈمە كۈنى يارىتىپ بولغانلىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن جۈمە دەم ئېلىش كۈنى قىلىنىپ ۋە بۇ كۈنى پېشىن نامىزىغا قوشۇپ مەخسۇس ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش بەلگىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

جۈمە نامىزى ئەمەلىيەتتە ھەپتىلىك چوڭ دىنىي مۇراسىم. شۇڭا ئۇ مەخسۇس چوڭ مەسچىتتە ئوقۇلىدۇ. مۇنداق مەسچىت «ئازنا مەسچىت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن باشلاپ ئەسىرىمىزنىڭ 30-يىللىرىنىڭ

ئاخىرىغا قەدەر جۈمە كۈنى ئارام ئېلىپ كەلگەن. جۈمە كۈنى ھەممە ساھەدىكىلەر ئىش ـ ئوقىتىشنى توختىتىپ دەم ئالاتتى. ئەر-ئاياللار بۇ كۈنى ئەتىگەندە يۇيۇنۇپ-تارىنىپ، چاچ-ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ، كىيىملىرىنى يۆتكەپ، پاكىز كىيىنىپ ئارام ئالاتتى. چوڭلارنىڭ ئۆيىگە ئازنىلاپ باراتتى، دوست ـ ئاغىنىلىرى بىر-بىرىنى يوقلىشىپ ئۆزئارا مېھمان بولۇشاتتى. خەلق ئىچىدىكى «جۈمە كۈنى يولغا چىقسا يامان بولىدۇ» دەپ يول ـ سەپەرگە چىقماسلىق ئادىتى جۈمە كۈنىنىڭ «خاسىيەتلىك كۈن» دەپ قارالغانلىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇرلاردا 30-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ يەكشەنبە كۈنى دەم ئېلىش ئادىتى تەدرىجىي ئومۇملىشىپ ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، جۈمە نامىزى ئوقۇش خەلق ئىچىدە يەنىلا دىنىي مۇراسىم سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ھېيت نامىزى: ھېيت نامىزى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ ئىككى بايرىمى — روزى ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنى مەخسۇس ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكەت نامازغا قارىتىلغان. بۇ ناماز ھەر يىلى شۇ ئىككى بايرام كۈنى ئەتىگەنلىكى تەخمىنەن سائەت ئالتە ـ يەتتە ئارىلىقىدا ئوقۇلىدۇ. بايرام پائالىيىتى نامازدىن كېيىن ئاندىن باشلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ئىككى رەكەت نامازنى بايرام مۇراسىمى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. بۇ ئىككى بايرام ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە پائالىيەت شەكلىدە ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەچكە ئاللىبۇرۇنلا شۇ مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي بايرىمىغا ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى (مەخسۇس ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش) ئۆزىنىڭ نۇقۇل دىنىي خاراكتېرىنى يوقاتماي داۋاملىشىپ كەلمەكتە. قۇربان ھېيت نامىزىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، جامائەت ناماز ئوقۇلىدىغان چوڭ

جامە ياكى ۋاقىتلىق بەلگىلەنگەن سورۇنغا بارغۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا يەتتە ئورۇندا توختاپ «ئاللاھۇئەكبەر (ئاللا ئۇلۇغ)» دەپ تەكبىر ئېيتىپ بارىدۇ. بۇ ئادەت ھازىر ئۇنتۇلۇش باسقۇچىدا تۇرماقتا.

مېيىت نامىزى: ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى دەپنە مۇراسىمىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى-مۇسىبەت بولغاندا يىغا - زارە قىلىش، مېيىتنى يەرگە كۆمۈش، قارىلىق تۇتۇش قاتارلىق قەدىمكى ئادەت - قائىدىلىرى بىلەن مېيىتنى سۇغا ئېلىش، كېپەنلەش، مېيىت ئۈچۈن ناماز چۈشۈرۈش قاتارلىق ئىسلام ئادەت-قائىدىسىنىڭ گىرەلەشكەن ھالدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ئادەت قائىدىلەر ئىچىدە تەرك قىلغىلى بولمايدىغان ئەڭ مۇھىمى مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈش. چۈنكى ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە جەڭدە ۋە ھەر خىل بالا - قازا تۇپەيلىدىن ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىشتا مېيىتنى سۇغا ئېلىش، كېپەنلەش قاتارلىق قائىدە - رەسمىيەتلەر ئورۇندالمىسىمۇ چوقۇم ئۇلارنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈشى شەرت. مېيىت نامىزىنىڭ ئوقۇلۇش شەكلى باشقا نامازلارغا قارىغاندا ئاددىي، جامائەت ئالدىدىكى تاۋۇتنى بويلاپ قىبلىگە قاراپ ئۆرىسىگە سەپكە تۇرىدۇ. ئىمام ئايەت ئوقۇپ ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتقاندىن كېيىن ناماز ئاخىرلىشىدۇ. ئۇنىڭ رولى ئۆلگۈچىنىڭ ئاللاغا بەندىچىلىك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇممەتچىلىك بۇرچىنى ئورۇندىغان مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

2) روزا تۇتۇش: روزا تۇتۇش ئىسلامىيەتنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلانغان بەش پەرزنىڭ بىرى. روزا تۇتۇش ئاشۇ پەرزنى ئادا قىلىشنىڭ بىر شەكلى بولۇپ، بۇ پائالىيەت ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ھەر يىلى 9-ئايدا-رامزان ئېيىدا بىر ئاي ئېلىپ بېرىلىدۇ. «روزا تۇتۇش» دېگەن بۇ سۆز ئەسلى پارسچە

www.uyghurkitap.com

«كۇن» دېگەن مەنىدىكى روزا سۆزىگە ئۇيغۇرچە «تۇتۇش» دېگەن ھەرىكەت نامىنىڭ قوشۇلىشىدىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنتىقى مەنىسى «پەرز ئادا قىلىش كۇنى» دېگەنلىك بولىدۇ.

روزا تۇتۇش پائالىيىتى رامىزان ئېيى ئاخىرلاشقىچە ئوتتۇز كۇن داۋاملىشىدۇ. بۇ جەرياندا روزا تۇتقۇچى ھەر كۇنى تاڭ يورۇماستا ئورنىدىن تۇرۇپ (بۇ زولۇقتا تۇرۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تاماق يەپ، روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلىش بىلەن كۇن بويى يېمەك ـ ئىچمەك، كەيىپ ـ ساپا قاتارلىقلاردىن خالىي بولىدۇ، كۇن ئولتۇرغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن بىر يۇتۇم سۇ ياكى ھۆل مېۋە بىلەن ئىپتار قىلىپ (ئېغىز ئېچىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ناماز شامنى ئوقۇپ ئاندىن تاماق يەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كۇندىلىك بەش ۋاخ ناماز تەركى ئېتىلمەي ئوقۇلغاندىن تاشقىرى ناماز خۇپتەنگە يەنە ئىككى رەكەت «تەرەۋى» (تاراۋىھ) نامىزى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. شۇنىڭدەك تەرەۋى نامىزىغا قارىلار تەكلىپ قىلىنىپ، قۇرئان باشتىن-ئاياغ ياتقا ئوقۇلىدۇ. (بۇ «خەتمە» دەپ ئاتىلىدۇ).

يۇقىرىقى پائالىيەتلەر رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۇنى (ھىجرىيە 10-ئايغا ئوتىدىغان كۇنى) يېڭى ئاي كۆرۈنۈش بىلەن ئاخىرلىشىپ، ئەتىسى روزا تۇتۇش پەرزىنىڭ ئادا قىلىنغانلىقى تەنتەنىسى قىلىنىپ بايرام قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىچىدە رامزان ئېيىدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نۇقۇل دىنىي پائالىيەتلەردىن تاشقىرى ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە پائالىيەتلەرمۇ ئۆتكۇزۇلىدۇ. مەسىلەن، ئوتتۇز كۇن روزا ئىچىدە كىشىلەر كەچقۇرۇنلۇقلىرى ئۆزئارا ئىپتارغا چىللىشىپ، بىر ـ بىرىنى مېھمان قىلىشىپ ھەمسۆھبەتتە بولۇشىدۇ. باللار روزىنىڭ ئونىنچى كۇنىدىن كېيىن مەھەللە ئارىلاپ، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ رامىزان قوشاقلىرىنى ئېيتىشىپ ئوينايدۇ. ئۆي ئىگىلىرى

ئۆلارغا ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى ۋە پۇل - مال سوۋغا قىلىدۇ. رامىزان قوشاقلىرى تۆۋەندىكىدەك ھەر خىل مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان:

روزىنىڭ ئونى كۈنى قەدرى كۈنى،
روزىنىڭ زاكاتىنى بىرىڭ قېنى.
(نەقرات)
رامزانۇ - رامىزان، ئاللاھو شەررا مىزان،
مۇھەممەد ئۇممەتىگە شەررامىزان.

رامزان ئېيتىپ كەلدۇق ئىشىكىڭگە،
خۇدايىم بالا بەرسۇن بۆشۈكىڭگە،
(نەقرات)
ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسىدا ئاي كۆرۈنەر،
ھەممە ئۆيدىن مۇشۇ ئۆي باي كۆرۈنەر.
(نەقرات)

ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسىدا قاتار-قاتار قوينىڭ ئىزى،
بىزگە بىر پاقلان بېرىڭ باينىڭ قىزى.
(نەقرات)

رامزاندا ئۆلتۈرگىنىڭ بوز-ئالا قوي،
گۆشىنى ئۆزۈڭ يېسەڭ تۆشىنى قوي.
(نەقرات)

قۇزۇقىڭنى ئۇ يەرگە قاق، بۇ يەرگە قاق،
تاغىرىڭدا ئۇن بولمىسا سۇپۇراڭنى قاق.
(نەقرات)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى نادىرىسى

قوندىغىدا توخۇلىرى قاقاقلايدۇ،
پىخسىق خوتۇن نان بەرمەي ۋالاقشىيدۇ.
(نەقرات)

ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسىدا ئوتۇن بىلەن لوقاق[1]
بىزگە نان بەرمىگەن ئاغىچام پوقاق.
(نەقرات)
ئاق توخۇ ئاپئاق توخۇ يەر تاتىلار،
ئاغىچامنىڭ بەرگەن نىنى خام-خاتىلا.
(نەقرات)
خەلق ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاددىي پەلسەپىۋى تۇسكە ئىگە تۇرمۇش قارىشى ئىپادىلەنگەن تۆۋەندىكىدەك رامىزان قوشاقلىرىمۇ بار:

روزا تۇتتۇم جان ئۈچۈن، كېچە قوپتۇم گال ئۈچۈن،
تۇتماي دېسەم قورقىمەن، گۆردە توقماق بار ئۈچۈن.

بۇ ئالەم گويا بىر كەپتەر خانىدۇر،
بىرى كەتسە، بىرى كېلىپ قونادۇر.

بۇ روزا ئۆتۈپ يەنە روزا كېلۇر،
كىم ئۆلۈپ كىم قالۇر ئاللا بىلۇر.

3) مەۋلۇد مۇراسىمى: مەۋلۇد مۇراسىمى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىم.

---

① قوراي تىپىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك.

«مەۋلۇد» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «تۇغۇلغان ۋاقىت» دېگەنلىك بولىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەبلەرنىڭ كونا كالېندارى (شەمسىيە) بويىچە رەبىئۇل ئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 9-كۈنى، مىلادى 571-يىل 4-ئاينىڭ 21-كۈنى ئەتىگەندە تۇغۇلغان. كېيىن ئىسلام كىلاسسىكلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رەبىئۇل ئېيىدا تۇغۇلغانلىقى شەرىپىگە بۇ بىر ئاينى مەۋلۇد ئېيى قىلىپ بەلگىلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەۋلۇد مۇراسىمى شۇ ئاينىڭ 9-كۈنى ئۆتكۈزۈلۈش بىلەن چەكلىنىپ قالماي ئۇنىڭدىن باشقا كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆتكۈزۈلۈۋېرىدۇ.

مەۋلۇد مۇراسىمىدا ئاساسلىقى مۇھەممەد پەيغەمبەرگە مەدھىيە - مەرسىيە ۋە ئۇنىڭ نەسابنامىسى، تەرجىمىھالى، ئىش ئىزلىرى ئوقۇلىدۇ. شۇڭا بۇ پائالىيەت ئادەتتە «مەۋلۇد ئوقۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ پائالىيەت ئاساسەن مەھەللە مەسچىتلىرىدە، شۇنىڭدەك تەقۋادار كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇنداق كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە مەۋلۇد مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندە ئالاھىدە زىياپەت ھازىرلىنىپ مەھەللە جامائىتى تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن مەۋلۇد ئوقۇلۇپ ئاندىن زىياپەت بېرىلىدۇ. مەۋلۇد مەيلى قانداق سورۇندا ئوقۇلمىسۇن ئوتتۇرىغا ئەتىرگە چىلانغان تۈگۈن پاختا قويۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سورۇندىن خۇش پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ. مەۋلۇد تاماملانغاندىن كېيىن كىشىلەر مەۋلۇد خاتىرىسى قىلىپ تۈگۈن پاختىدىن بىر نەچچىدىن ئېلىپ ئۆيلىرىگە قايتىدۇ.

4) بارائەت مۇراسىمى: بارائەت مۇراسىمى ئىسلام كالېندارى (ھىجرىيە) بويىچە ھەر يىلى شەھبان (8 - ئاي) ئېيىنىڭ 14 - كۈنى ئاخشىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كۈن ئەسلى ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھ - كەبىرلىرىنى يۇيۇش كۈنى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەربىر ئائىلىدە ياغ

پۈرۈتۈپ، پوشكال - قۇيماق سېلىپ، چوڭلار بولۇپمۇ تەقۋادار ئەر - ئاياللار ئايرىم ئۆيلەرگە يىغىلىپ تووۋا - ئىستىغپار ئېيتىپ، دۇئا - تەلەپ بىلەن تۈنەپ چىقىدۇ. شۇڭا بۇ «تۈنەك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەمما كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئىچىدە بۇ مۇراسىم پائالىيەت شەكلىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس باشقا شەكىل، مەزمۇنلار قوشۇلۇپ داۋاملىشىپ كەلگەن:

تەقۋادار كىشىلەر تائەت - ئىبادەت بىلەن تۈنەپ چىقسا، ياشلار تەڭ يىغىش قىلىپ بىرەر مال سويۇپ، ئون نەچچىدىن بىر سورۇنغا توپلىنىش بىلەن نەغمە - ناۋا، ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن يېرىم كېچىگىچە كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇش قىلىدىغان بولغان. ئۆسمۈرلەر كونا ياغلىق قاپاقلارنى ئۆزۈن خادا ياغاچقا بېكىتىپ ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈپ:

«بارات كەلدى بۈگۈن كېچە،
ئۇخلىماڭلار تاڭ ئاتقۇچە،

بارات كەلدى تۈيدۇڭلارمۇ،
قازانغا ياغ قۇيدۇڭلارمۇ.

پوشكال - قۇيماق سالدىڭلارمۇ،
بىزگە ئاتاپ قويدۇڭلارمۇ؟»

دېگەندەك بارائەت قوشاقلىرىنى ئېيتىپ، مەھەللە ئارىلاپ ئويناپ، قاپاقلىرى كۆيۈپ تۈگىگەندە بىر يەرگە جەم بولۇپ، ھەرقايسى ئۆيلەردىن سوۋغا قىلىنغان پوشكال - قۇيماق قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى يېگەچ ھېكايە - تېپىشماق ئېيتىشىپ يېرىم كېچىگىچە ئوينايدىغان بولغان. بارائەت مۇراسىمى ئۇيغۇرلار ئىچىدە شۇ تەرىقىدە 40-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملىشىپ

كېلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا بىر مۇراسىم سۈپىتىدە ئۆتكۈزۈلمەيدىغان بولدى. ھازىر ئاز ساندىكى تەقۋادار كىشىلەرمۇ بۇ كۈنى ئۆز ئۆيلىرىدە ياغ پۇرۇتۇش بىلەن كۇپايىلىنىپ تۇنىمەيدىغان بولۇپ قالدى.

5) ھەج تاۋاپ قىلىش: ھەج قىلىش ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان، خەلقئارالىق زور كۆلەمدىكى نوقۇل دىنىي مۇراسىمى. بۇ مۇراسىمنىڭ باشقا دىنىي مۇراسىملارغا ئوخشىمايدىغان بىر پەرقى شۇكى بىرىنچىدىن، ھەج قىلىش ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ساغلام، ئىقتىسادى تولۇق ھەربىر مۇسۇلمان ئۆمرىدە بىر قېتىم ئادا قىلىسا بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇ مۇراسىم پەقەت ئەرەبىستاننىڭ مەككە شەھرىدىلا ئۆتكۈزۈلىدۇ. «ھەج تاۋاپ قىلىش» ياكى «ھەج قىلىش» مەككىدىكى «بەيتۇللا شىرىپ» (ئاللا مۇقەددەس قىلغان ئوي، خانا دېگەن بولىدۇ.) يەنى «كەئبە»نى زىيارەت قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ساغلام، ئىقتىسادى يار بەرگەن ھەربىر مۇسۇلمان سەپەر ئامانلىقى بولغان شارائىتتا ئۆمرىدە بىر قېتىم مەككىگە بېرىپ زىيارەت قىلىشنى ئۇلۇغ ئىش دەپ قارايدۇ.

ھەج تاۋاپ قىلىش مۇراسىم پائالىيىتى ھىجرىيە 12-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 12-كۈنىگىچە بەش كۈن داۋاملىشىدۇ. بۇ جەرياندا تازىلىق قىلىشتەك تەييارلىق پائالىيىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن مەككىدىكى «مەسچىدى ھەرەم» دېگەن مەسچىتكە كىرىپ «كەئبە»نى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ ئاندىن شەرقىي - جەنۇبىي بۇرجىكىگە قويۇلغان «ھەجرۇلئەسۋەت» ناملىق قارا تاشنى سىلاپ كۆزگە سۈرتۈش، سۆيۈش، بەيتۇللانىڭ يېنىغا جايلاشقان ئىبراھىم خەلىلۇللانىڭ تۇرغان جايىنى زىيارەت قىلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش، زەمزەم سۈيى ئىچىش،

ساپا، مەرۋەتىغى ئوتتۇرىسىدا يىنىشلاپ يەتتە قېتىم يۈگۈرۈش، ئاراپات تېغىدا بىر كېچە تۈنەپ، توۋا - ئىستىغپار ئېيتىپ دۇئا - تالاۋەت قىلىش، شەيتانغا تاش ئېتىش، ھەربىر كىشى بىردىن مال قۇربانلىق قىلىش، ئاخىرقى قېتىم بەيتۇللانى يەنە بىر قېتىم ئايلىنىپ ۋىدالىشىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاندىن ھەج مۇراسىمى ئاخىرلىشىدۇ. بۇ مۇراسىمغا قاتنىشىپ كەلگەنلەر «ھاجى» (ھەج قىلىش پەرزىنى ئورۇندىغان ئادەم) دەپ ئاتىلىدۇ.

6) مازار تاۋاپ قىلىش مۇراسىمى: مازار تاۋاپ قىلىشمۇ ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر خىل دىنىي مۇراسىم. مازار تاۋاپ قىلىش جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە بىر قەدەر ئومۇملاشقان ئادەت.

«مازار» مۇ ئەمەلىيەتتە «قەبرىستانلىق، ئۇ ئىسلام دىنىنى دەسلەپ قوبۇل قىلغان مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن تاتلار يەنى بۇددىست ئۇيغۇرلار (كېيىنكى دەۋرلەردە «قالماقلار» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن) ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشتا ئۆلگەن مۇسۇلمان ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ ئاتاقلىق سەركەردىلىرى، باتۇرلىرى، جەڭچىلىرى ۋە دىن تارقاتقۇچىلار دەپنە قىلىنغان جاي بولۇش سۈپىتى بىلەن ئادەتتىكى قەبرىستانلىقلاردىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، خوتەن رايونىدىكى «جەپپىرى سادىق»، قەشقەر رايونىدىكى «ئوردام»، «ئارسلان خېنىم»، «ھەزرىسۇلتان»، كۇچا رايونىدىكى «مەۋلانا راشىدىن»، كورلا رايونىدىكى «كۆنچى مازىرىم»، تۇرپان رايونىدىكى «ئەساۋۇل كەئبە» يەنى «تۇيۇق غوجام» قاتارلىقلار. بۇ مازارلار ئىچىدە «ئوردام» بىلەن «تۇيۇق غوجام» بىرقەدەر مەشھۇر بولۇپ، بۇ ئىككى جاينى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھەر يىلى كىشى كېلىپ تۇرىدۇ.

مازار تاۋاپ قىلىش پائالىيىتى شۇ جايلاردا يانتاق «مەشھۇر

قەھرىمان، باتۇرلار»نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن نەزىر - چىراغ قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ روھىغا سېغىنىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، ھەر خىل مۇشكۇللىرى ئۈچۈن مەدەت تىلەشتىن ئىبارەت ئىككى خىل پائالىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ پائالىيەت جايلارنىڭ ئادىتى بويىچە كوللېكتىپ ياكى شەخسلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەيلى قايسى شەكىلدە ئۆتكۈزۈلمىسۇن، تاۋاپ قىلىش مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تاۋاپ قىلىشقا كەلگەنلەر مازارغا تۇغ - شەددىلەر تاقاپ، ئۆلتۈرگەن قوي - قوشقارلىرىنىڭ بېشىنى ئېسىپ خاتىرە قالدۇرۇپ قايتىدۇ.

مازار تاۋاپ قىلىش مۇراسىمى بويىچە قەشقەر رايونىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «ئوردام مۇراسىمى»نى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش ۋاقتى تۇراقسىز بولۇپ، ئادەتتە ئەتىياز، ياز، كۈز پەسىللىرى تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ خالىغان كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. «ئوردام مۇراسىمى»نىڭ كۆلىمى كەڭ، ۋاقتى تۇراقلىق بولۇپ، ھەر يىلى ھىجرىيە مۇھەررەم ئېيىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭغا يۇرت - يۇرتلاردىن ئون نەچچە مىڭلاپ كىشى كېلىپ قاتنىشىدۇ. تاۋاپقا كەلگەنلەر ئادەتتە ئۆز ئالدىغا كەپە، ساتما، سايىۋەن سېلىپ جايلىشىدۇ. مۇراسىم بىر نەچچە كۈن داۋاملىشىدۇ. مۇراسىم كۈنلىرى ھەر خىل ئويۇن ئويناپ تاپاۋەت قىلىدۇ.

مازار تاۋاپ قىلىش گەرچە ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان دىنىي مۇراسىم بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇنىڭغا تەدرىجىي سېھىرگەرلىك، رەمباللىق، داخانلىق قاتارلىق باشقا دىنىي ئەقىدىلەر ئاساسىدا كېلىپ چىققان ھەرخىل خۇراپىي ئادەتلەرمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بەزى مازارلار ئاشۇنداق خۇراپىي ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلىدىغان سورۇنغا ئايلىنىپ قالغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئىلىم - پەن ساۋاتىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ مازار تاۋاپ قىلىش ئادىتى ئادەت

كۆچىدىن قالماقتا.

## 7. ھېيت ـ ئايەم ئادەتلىرى

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى مىللىي ھېيت-ئايەملىرى بولىدۇ. ھېيت-ئايەملەر ئىنسانىيەتنىڭ يېتىلىپ بارغان تارىخىي-ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە ئەگىشىپ ھاسىل بولغان ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ دۇنيا تونۇغىرىسىدىكى غايە ئارزۇلىرى ئىپادىلەنگەن بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئەمما ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا ھەر خىل شەكىل ۋە ئوخشىمىغان خاراكتېردە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ھېيت-ئايەملەرنىڭ شەكىللىنىش تارىخىي جەريانىمۇ ئوخشىمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئەنئەنىۋى مىللىي بايراملىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىي جەريانى، شەكلى، ۋاقتى، خاراكتېرى ھەرخىل بولۇپ تۆۋەندىكى بايراملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

### نورۇز بايرىمى

نورۇز — ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قۇتلۇق، ئەڭ چوڭ، ئەڭ زور تەنتەنە بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان قەدىمكى يېڭى يىل بايرىمى بولۇپ، شەمسىيە (كۈن) كالېندارى بويىچە يىل ئاخىرلىشىپ يېڭى يىل كىرگەن كۈنى، مىلادى كالېندارى بويىچە ھەر يىلى 3-ئاينىڭ 22-كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

«نورۇز» ئۇيغۇرچە «يېڭى كۈن» يەنى «يىل يېڭىلانغان كۈن» دېگەن سۆز. تارىختا پارسلار (ئىرانلىقلار) بىلەن بولغان دىنىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قويۇقلىششى بىلەن كىلىپ چىققان «پارس تىلى قىزغىنلىقى»

ئارقىسىدا تىلىمىزدىكى «يېڭى كۈن» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئورنىدا پارسچە «نەۋرۇز» سۆزى قوللىنىدىغان بولغان. «نەۋرۇز» ئىستېمال جەريانىدا تەدرىجىي تاۋۇش ئۆزگىرىشى يۈز بېرىشى بىلەن «نورۇز» شەكلىگە كەلگەن.

يېڭى يىل ئۆتكۈزۈش ئادىتى بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئومۇملۇققا ئىگە بىر ئادەت. مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى ئەزەلدىنلا ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋە تارقىلىشتىن خالىي بولغان ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭ مەلۇم بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇشىدا ئادەت بولۇپ شەكىللىنىش تارىخىي جەريانىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقى ياكى قىسمەن ئوخشاپ كېتىدىغان ئامىللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇنىڭ ئۆتكۈزۈلىدىغان ۋاقتى، شەكلى، مەزمۇنىمۇ ھەر خىل بولىدۇ ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس پسىخولوگىيىلىك پائالىيەت شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىز بولسا، يېڭى يىلنى (مىلادى) 3-ئاينىڭ 22-كۈنى ئۆتكۈزۈپ ئادەتلەنگەن.

مەلۇمكى ئەجدادلىرىمىز دۇنيادىكى قەدىمكى تارىخىي رايونلارنىڭ بىرى بولغان ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىي قىسمىدا ياشىغان. ئۇرۇق، قەبىلە-ئايماقلار بويىچە ئۇزۇن بىر مۇددەت ئوۋچىلىق، كۆچمەنچىلىك، قوشۇمچە قىسمەن دېھقانچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان. بۇ جۇغراپىيىۋى شارائىتى مۇرەككەپ، قىشلىقى قار-مۇز دۇنياسىغا ئايلىنىدىغان رايونلاردىن بولغاچقا، ئەجدادلىرىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا كۆڭۈلسىز جۇت - زېمىستان قىشتىن ئۆتۈپ، كۆڭۈللۈك باھار پەسلىگە ئۇلىشىش ھاياتى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇلار تەكرار ئەمەلىيەتتە 3-ئاينىڭ 22-كۈنى كۈن بىلەن تۈننىڭ تەڭلىشىپ يىل-پەسىلدە، جۇملىدىن پۈتۈن كائىناتتىكى شەيئىلەردە يېڭى باشلىنىش بولىدىغانلىقىنى

بايقىغان. دېمەك، باھار پەسلىگە ئۇلىشىپ جىنى ياشارغان ئەجدادلىرىمىز قايتىدىن ئوۋغا چىقىش، مال-ۋارانلىرىنى يايلاققا كۆچۈرۈش، تېرىلغۇ قىلىش ئالدىدا ھەممە ئىش - ئوقىتىشگە ئوڭشۇشلۇق، بەرىكەت، تۇرمۇشىغا باياشاتلىق تىلەپ (ھەرخىل پائالىيەتلەر ئارقىلىق) بۇ ھاياتى بەخش باھارنىڭ باشلانغان كۈنىنى تەنتەنە قىلىپ ئادەتلەنگەن. مۇناسىۋەتلىك تارىخىي خاتىرىلەر ۋە خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەرمۇ «نورۇز» نىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى مىللىي بايرىمىمىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخشۇناس خۇيلىن «مۇزىكا تەپسىرى» دېگەن ئەسىرىدە «نورۇز بايرىمى» توغرىسىدا توختىلىپ، بايرام ۋاقتىدا «ئارغىماق ئۇسۇلى»، «سالما تاشلاش ئۇسۇلى»، «سۇ-مۇز ئۇسۇلى» قاتارلىق نىقابلىق ئويۇنلار ئوينىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان[①]. بۇددا ئالىمى قەشقەرلىك ئۇيلاننىڭ (762 — 820) «نوم سۆزلۈكلىرىنىڭ شەرھى» دېگەن ئەسىرىدە «سۇ-مۇز» غەربىي يۇرت ئۇيغۇرلىرىنىڭ سۆزى[②] دەپ شەرھلەنگەن. شاڭدا ئەپەندىنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي ديار ۋە چاڭئەن مەدەنىيىتى» دېگەن ئەسىرىدە «نورۇز» پائالىيىتى ئۈستىدە توختالغاندا «سۇ-مۇز» ئەسلى «غۇر تىلى» (胡语) دەپ قەيت قىلىنغان. روشەنكى بۇ ئىككى ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان «يەرلىك تىل» ۋە «غۇر تىلى» ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىنى كۆرسىتىدۇ. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە 90 ياشتىن ھالقىغان پېشقەدەم مۇنەججىملەرنىڭ بوۋىلىرىدىن ئاڭلىغانلىرىنى رىۋايەت قىلىشىچە لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا بۇرۇنقى زامانلاردا «يىل» (رىۋايەت

① «ئۇيغۇر ئەلنەغمە-تىياتىر سەنئىتى توغرىسىدا» 17-بەتتىكى نەقلىدىن.
② ئا. مەتتىمىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» كەلتۈرۈلگەن نەقلىدىن.

قىلغۇچى «ئىل» تەلەپپۇز قىلىدۇ) دېگەن مەرەم بولغانىكەن. بۇ مەرەم ھەر يىلى دەريالاردا كۆمەل (مۇز پارچىلىرى) كەتكەن كۈنلەردە ئۆتكۈزۈلىدىكەن. گەرچە بۇ رىۋايەتتە ۋاقىت ئۇقۇمى ئېنىق بولمىسىمۇ، «كۆمەل كەتكەن» دە دېگەن ئىبارىدىن ئۇنىڭ باھار يېتىپ كەلگەندە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

تامامەن ئوۋچى، كۆچمەن قوۋملارنىڭ تۇرمۇشى، پسىخولوگىيىلىك پائالىيىتى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن بۇ ئويۇنلارنىڭ «سۇ-مۇز ئويۇنى» دەپ ئاتىلىشىدىن ئەجدادلىرىمىز سۇنى باھارغا، مۇزنى زېمىستان قىشقا سىمۋول قىلىپ ئويۇن ئويناش ئارقىلىق باھارنى قارشى ئېلىش ئادىتىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى تارىختىن بۇرۇنلا شەكىللىنىپ، داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «نورۇز» پائالىيەتلىرى گەرچە بىزنىڭ دەۋرىمىزگە ئەينەن يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئويۇنلاردىكى باھار مۇناسىۋەتى بىلەن كىشىلەردە پەيدا بولغان مەنىۋى خۇشاللىق قاتارلىق ئىجتىمائىي مەزمۇنلار ۋە دەبدەبىلىك، جۇشقۇن پائالىيەتلەر يەنىلا بىزنىڭ دەۋرىمىزگە داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ تۆۋەندىكى نورۇز قوشاقلىرى ۋە پائالىيەتلىرىدە تولۇق ئىپادىلەنگەن:

نورۇز كەلدى جاھانغا، باھار بولۇر كۈندۈر بۈگۈن،
دەرەخلەرگە سۇ يۈگۈرۈپ، بىخ ئۈرار كۈندۈر بۈگۈن.
دېھقانلار قوش ھەيدەپ، ئۇرۇق سالۇر كۈندۈر بۈگۈن،
ئىش بېشى سائەت كۈنى، ئامبار تولار كۈندۈر بۈگۈن.
كەلدى نورۇز يىل باشى، كەتتى كۆكۈل چىركىنى،
نورۇز دېبان كېلۇرلەر خاتۇنلارنىڭ تۈركىنى،
گۈللەر قىسىپ قىز-ئوغۇل، ئەگرى قويار بۇ كۈنى.
مېلىس قىلىپ ئويناشۇر، قاچۇر كۆكۈل مۈلكىنى.

شاتمۇادا تون كېيىنىپ، جۇۋا-تۇماقنى تاشلىدۇق،
كوكۇلچىلىكتە ئولتۇرۇپ، نەغمە-ناۋا باشلىدۇق.
بەيگە-ئوغلاق ئالىپ مەشرەپ قىلۇر كۇندۇر بۇگۇن،
قايغۇ-ھەسرەتلەر كېتىپ يايرا شۇر كۇندۇر بۇگۇن.
كەلدى نورۇز يىل باشى ئەلدە تاماشا ئاربلاش،
بولدىلار راھەت جاھان، يوق بولدى جاپا ئاربلاش،
كوچىدا قىلدى گاداي، شاھلار تاماشا ئاربلاش،
ئوينىدى پوگزەك ئوغۇل، لەگلەكنى قىزلار ئاربلاش،
بارچە خۇشلۇق يېتىپ كەلدى تاماشالار كۆپ بۇگۇن.

بۇ قوشاقلاردا باھاردىن ئىبارەت يىل، پەسىل، كۇندە يېڭىلىنىش باشلىنىپ كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەرگە ھاياتي بەخش بۇ كۇننىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن تەبىئەتتىكى ئويغىنىش، كىشىلەردە پەيدا بولغان زور مەنىۋى خۇشاللىق ۋە دەبدەبىلىك، جۇشقۇن ئىجتىمائىي كەيپىيات كۇيلەنگەن.

نورۇز كەلدى يىل باشى، يوقتۇر ئاننىڭ تەڭدىشى،
نورۇز كۇنىدىن ئىپتىدا قىلسا ئىشى،
ھېچ زايا كەتمەس، ئۇشبۇ كۇن قىلغان ئىشى،
مۇرادى ھاسىل بولۇپ مەقسىتىگە يېتەر كىشى،
ھەممە ئىشىنىڭ ئەۋزىلى، غايەت مۇبارەكتۇر بۇگۇن.
كەلدى نورۇز يىت سىلىڭ، سويغان قوينىڭ يېغىدا،
مېھمانلارنى چاقىرىڭ، ئولتۇرغۇزۇڭ ئايۋاندا
نازۇ-نېمەتلەر تولدۇرۇڭ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا،
ئاشلىرىڭ ئوبدان بولۇر، ئىش ئىپتىدا كۇندۇر بۇگۇن.
كەلدى نورۇز يىل باشى، كۆپ سائادەتتۇر بۇگۇن،
نورۇز قىلماق كۆپكە ئادەتتۇر بۇگۇن،
تەجرىبە قىلساڭ ئەگەر، كۆپ ئالامەتتۇر بۇگۇن.



www.uyghurkitap.com

ئۆيدىن - ئۆيگە ھېيتلىشىپ مېھمان بولۇر كۈندۇر بۇگۈن.

بۇ قوشاقلاردا «نورۇز» نىڭ ئۇيغۇرلاردىكى «ئۇلۇغ ئاي، ئۇلۇغ كۈن، ياخشى سائەتتە باشلانغان ئىش راۋاج تاپىدۇ»، «يىل قانداق باشلانسا، شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ» دېگەن ئەقىدىسىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى، بۇ كۈننى نەقەدەر ئۇلۇغلاپ خۇشال - خۇرام قارشى ئالىدىغانلىقى ۋە ئەجدادلىرىمىزدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مېھماندوست ئادەت گەۋدىلەندۈرۈلگەن.
ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا «نورۇز بايرىمى» نى ئۆتكۈزۈش بويىچە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئادەت - قائىدىلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
تەييارلىق كۆرۈش: نورۇزنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن يۇرت-مەھەللىلەر بويىچە چوڭ تازىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەربىر ئائىلە ئۆي، تام-تورۇس، ھويلا-ئارامىلىرىنى سىرىپ-سۈپۈرۈپ، كىگىز-بىساتلىرىنى قېقىپ كىر-قاتلىرىنى يۇيىدۇ. شەخسلەر يۇيۇنۇپ، تارىنىپ، چاچلىرىنى ئالدۇرۇپ، ساقال-بۇرۇتلىرىنى ياسىتىپ، پاكىز كىيىنىدۇ. بولۇپمۇ ياش جۇۋان-چوكان، ئوغۇل-قىزلار، ئۆسمۈرلەر مەخسۇس يېڭى ئۈستىباش ھازىرلايدۇ. كوچا-يوللار پاكىز تازىلىنىپ گۈزەل مۇھىت يارىتىلىدۇ. بۇ نورۇز قوشاقلىرىدا مۇنداق كۈيلەنگەن.

كىگىزلەرنى قېقىشتۇرۇپ، ئۆيلەرنى قىلغىن يورۇق،
بۇلۇڭلاردا قالمىسۇن پايىتما ئەسكى چورۇق،
بولسۇن مۇھىت پاكىز، ئەخلەت-چاۋادىن ئەسەر يوق،
كەلسە مېھمانلار كۆرۈپ، كۆڭۈللىرى بولسۇن ئوچۇق،
بەھوزۇر كەيىپ سۈرۈپ، يايرىسۇن مېھمان بۇ كۈن.

بۇندىن باشقا «نورۇز ئېشى» نىڭ ئامادىلىرى تەقلىنىدۇ ۋە

«نورۇز سۈيى» (ھەپتە سالام سۈيى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ھازىرلىنىدۇ. «نورۇز ئېشى» بۇرۇن بۇغداي، ئارپا، قوناق، نوقوت، گۈرۈچ، ماش، تېرىقتىن ئىبارەت يەتتە خىل دان بىلەن جىگدە قوشۇپ (ئارىلاشما كۆجە) ئېتىلىدىكەن. كېيىنچە بۇغداي كۆجىسى ئېتىلىدىغان بولغان. شۇنىڭدەك «نورۇز سۈيى» چىلان، جىگدە، شاپتۇل قېقى (ئۆمۈمەن مېۋە قاقلىرىدىن بىر خىل قاق سېلىنىدۇ.)، گۆش، قوينىڭ چوقىسى، سامساق، سىركە قاتارلىق يەتتە خىل نەرسىنىڭ چىلانمىسىدىن ھازىرلىنىدۇ. يەنە خەلق ئىچىدىكى سەنئەتكارلار، داستانچىلار، مەدداھلار، چەۋەندازلار، پوگزەكچىلەر، دارۋازلار . . . ئۆز ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلىق كۆرۈشىدۇ.

بايرام پائالىيىتى: نورۇز پائالىيىتى ھەرقايسى جايلاردا شاد-خۇراملىق ئاساس قىلىنغان ھەر خىل شەكىللەردە ئۆتكۈزۈلىدۇ. كۆپىنچە جايلاردا بىر يۇرت ياكى بىر مەھەللىنى ئاساس قىلغان ھالدا كۆپچىلىك شۇ جايدىكى سەيلىگاھ ياكى تاغ-دەريا بويلىرىدىكى ھاۋالىق جايلارغا بېرىپ جاي تۇتۇپ، سورۇن تۈزۈپ نورۇز پائالىيىتىنى باشلايدۇ. نورۇز پائالىيىتى ئەتىدىن كەچكىچە، بەزى جايلاردا بىرنەچچە كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ.

نورۇز كۈنى ئالدى بىلەن مەھەللە ئىچىدە ھېيتلاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ. كىشىلەر بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ ھېيتلاپ، «نورۇز سۈيى» ئىچىشىپ ئۆزئارا مۇبارەكلىشىدۇ. ئاندىن كېيىن پۈتۈن يۇرت-مەھەللە خەلقى يارىيا، كۆتەك ھارۋا، مەپىلەر ياكى ئات-تۆگە، كالا، قوتاز، ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلار بىلەن خۇددى كۆچكەن قۇشقا ئوخشاش قازان-قومۇچ، كىگىز-بىساتلاردىن تارتىپ ئېلىپ چىقىپ چېدىر-سايىۋەن، كەپە-ساتمىلارنى



www.uyghurkitap.com

تىكلەيدۇ. ئاشپەز، ناۋاي، قاسساپ، سودىگەر-يايمىچى قاتارلىق ئوقەتچىلەرمۇ چىقىپ دۇكان-يايما ئېچىپ بۇ سەھرايى دالاغا ئاۋاتچىلىق بەخش ئېتىدۇ. «نورۇز خادىملىرى» بىر چەتتە داش قازانلارنى ئېسىپ «نورۇز ئېشى» ھازىرلاش بىلەن شۇغۇللانسا، نورۇز سەيلىسىگە چىققان ئائىلىلەرمۇ ئۆز كەپە-ساتمىلىرىدا قازان-قومۇچلىرىنى ئېسىپ قۇدرەتلىرىنىڭ يېتىشىچە نورۇزغا ئاتاپ خالىغان بىر خىل تاماق ئېتىش بىلەن بەنت بولىدۇ.

«نورۇز ئېشى» تەييار بولۇشىغا بىر جاكا بىلەن نورۇز مۇراسىمى باشلىنىدۇ: كۆپچىلىك ئوتتۇرىدىكى بوشلۇقتا چەمبەرسىمان كەڭ سورۇن ھاسىل قىلىپ، دەرىجە، مەرتىۋە ئايرىماي نۆۋىتى كەلگەن يەردىن ئورۇن تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ. سورۇننىڭ بىر چېتىدىن ئىشىك ئورنىدا مەلۇم كەڭلىكتە بوشلۇق قالدۇرۇلىدۇ. سورۇن تۈزۈلۈپ بولۇشىغا شۇ «ئىشىك» ئارقىلىق چىنە، چۆچەك-ھىجىرلاردا نورۇز ئېشى تارتىلىدۇ. كۆپچىلىك نورۇز ئېشىغا ئېغىز تەگكۈزۈپ بولۇشى بىلەن ئائىلىلەر بويىچە نورۇزغا ئاتاپ ئېتىلگەن غىزا-تائاملار ئارقا-ئارقىدىن ئېلىپ كېلىنىپ بىر ۋاقىدىن كۆپچىلىك ئالدىغا قويۇلىدۇ. بۇ غىزا-تائاملارنىڭ ئېسىل ياكى ئاددىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كىمنىڭ ئالدىغا قانداق خىلدىكىسى توغرا كەلسە، شۇ قويۇلىدۇ. ھەرقانداق ئادەم تاللىمايدۇ ۋە تاللىماسلىقى شەرت. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ئادەت بويىچە كۆپچىلىك بىردەك قول كۆتۈرۈپ، سۇ-يامغۇرنىڭ موللۇقىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا بەرىكەت، نەرخ-ھاۋاغا ئەرزانلىق تىلەپ دۇئا قىلىدۇ ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا ئائىت پاراڭ-مۇزاكىرىلەر بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مۇراسىم ئاخىرلىشىپ «نورۇز چېيى» (تۇغقان چېيى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى باشلىنىدۇ.

نورۇز چېيى: بۇ ئەمەلىيەتتە نورۇز مۇناسىۋىتى بىلەن

www.uyghurkitap.com

بولىدىغان ئۆزئارا مېھماندارچىلىق چىبىي بولۇپ، ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنە، قولۇم-قوشنا، تونۇش-بىلىشلەر ئۆزئارا ساتما-كەپىلىرىنى ئارىلاپ ئايرىم-ئايرىم ھالدا مېھمان بولۇشىدۇ. قۇدىلىشىش، سودا-سېتىق، نەرخ-ھاۋا ۋە شۇ يىلى قىلماقچى بولغان ئىشلىرى ئۈستىدە پاراڭلىشىدۇ.

كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى: كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ھەرخىل ئويۇن تۈرلىرى بويىچە ئايرىم-ئايرىم سورۇندا ئېلىپ بېرىلىدۇ:

ئەلنەغمىچىلەر ھەر خىل چالغۇلارنى تەڭكەش قىلىپ نورۇز قوشاقلىرى، ئون ئىككى مۇقام كۈي-غەزەللىرى ۋە ھەرخىل مەزمۇندىكى يۈرۈشلەشكەن خەلق ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ، سەھرايى-دالانى بايرام خۇشاللىقىغا چۆمدۈرىدۇ. مۇقام مەرغۇللىرى، سەنەم كۈيلىرى ئورۇندالغاندا توپ ئىچىدىن چوڭ-كىچىك، قېرى-ياش، ئەر-ئايال ئىختىيارسىز بەس-بەستە ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. تاماشىبىنلار ئۆز خاھىشىچە ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېشىدىن پۇل قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆرۈپ ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ئالدىغا تاشلايدۇ. بۇ تاماشىبىنلارنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلار بىلەن ئەلنەغمىچىلەرگە بىلدۈرگەن تەشەككۈرى بولۇپ، ئادەتتە «چۆرۈمە» دەپ ئاتىلىدۇ.

داستانچىلار ئۆزىگە خاس قىزىقارلىق قىياپەت-ھەرىكەت ۋە ئۇنىڭغا ماسلاشقان ئاھاڭ-تەلەپپۇزىدا «مىڭ بىر كېچە»، «كەمەك ھەييا»، «چاھار دەرۋىش» قاتارلىق داستان-ھېكايىلەرنى سۆزلىسە، توپ ئىچىدە ئولتۇرغان شاگىرتلىرى ئارىلاپ دوست تارتىپ كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرۈپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ياشانغانلار، بالىلار ناھايىتى قىزىقىپ ئاڭلايدۇ. ھەربىر داستان، ھېكايە ئاخىرلاشقاندا ئاڭلىغۇچىلار ئۆز خاھىشىچە داستانچىلارغا پۇل ئىنئام قىلىدۇ.

چېلىشچىلار سورۇنىدا يۇرت-مەھەللىلەردىن كەلگەن

چېلىشچى ئەزىمەتلەر بىر - بىرىگە قارشى نۆۋەت بىلەن مەيدانغا چۈشۈپ كۈچ-ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىدۇ، ئۇتۇپ چىققانلارغا «كۈچتۈگگۈر» دەپ ئاتاق بېرىلىدۇ.

دارۋازچىلار تەخمىنەن 40 — 50 مېتر ئۇزۇنلۇقتا، 20 — 30 مېتر ئېگىزلىكتە تارتىلغان ئارغامچا ئۈستىدە، پەستە چېلىنىۋاتقان ناغرا-سۇنايىنىڭ رېتىملىق ئاۋازىغا كەلتۈرۈپ گاھ يالىڭاياغ، گاھ پۇتىغا تۇنىكە تەخسە تېڭىپ، گاھ قولىغا تەڭكەش ئېلىپ ئالدى-ئارقىسىغا مېڭىش، ئولتۇرۇپ قوپۇش، موللاق ئېتىش، تاختا پەرىگە چىقىش، چىغرىق ئۆچۈشتەك كىشىنى چۆچۈتىدىغان خەتەرلىك، قىيىن ھەرىكەتلەرنى ئورۇنداپ تاماشىبىنلارنى مەپتۇن قىلىدۇ.

ئوۋچى، پالۋان - مەرگەنلەر:

«نورۇز كەلدى جاھانغا، ئوۋ قىلغىلى چىقارمىز،
قايغۇ باسقان كۆڭۈلنى تاغدا يۈرۈپ ئاچارمىز،
جىرغىلاردا ئاتقا ئاتىپ بۆغا-كىيىك ئاشارمىز،
تېرىسىنى تاسما قىلىپ، مۈڭگۈزىنى ساتارمىز،
قول - پۇتىنىڭ پاچىقى قامچىغا دەستە بولغۇن».

دېگەن ئوۋچىلارنىڭ نورۇز قوشىقىنى ئېيتىپ، قوندا قلىق مىلتىقلىرىنى ئېسىپ، تايغانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ جىلغا ئورمانلارغا قاراپ ئات سالىدۇ.

ئوغلاقچى، بەيگىچىلەر ئايرىم كەڭتاشا مەيداندا ئۆز ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىدۇ.

ياش ئوغۇل - قىزلار، ئۆسمۈرلەر ھەتتا ياش قۇرامىغا يېتىپ قالغانلارمۇ قاتنىشىدۇ. بىر چەتتە «سارغايدى-پىشتى» ساداسى ئىچىدە چاقپەلەك ئۆچۈشسا (بەزىلەر قورقىنىش بىسىپ «ۋاي!» دەپ سالىدۇ. بۇ چاغدا تاماشىبىنلار «ۋاي

سارغايدى-پىشتى» دەپ ۋارقىرىشىپ قىزىقچىلىق قىلىدۇ. شۇڭا بۇ ئويۇن «سارغايدى-پىشتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ، بىر يەردە لەگلەك ئۇچۇرۇشىدۇ. بەزىلىرى ھەر خىل پوكزەك (توپ) ئويۇنلىرىنى ئوينىسا، بەزىلىرى بولۇپمۇ دەرەخ ئاستىلىرىغا ئىلەڭگۈچ سېلىپ ئېگىز، ئۇزاق ئۇچۇش ۋە دەرەخ شاخلىرىدىكى بىخ سۇرۇپ چىقىشقا باشلىغان يۇمران يوپۇرماقلارنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىش بويىچە مۇسابىقىلىشىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ بۇ قەدىمىي ئەنئەنىۋى بايرىمىنى ئۆزىگە خاس پىسخولوگىيىلىك پائالىيەتلىرى ئارقىلىق شاد-خۇرام، باياشات ئۆتكۈزۈپ كەلگەن.

بۇنىڭدىن باشقا بەزى جايلاردا مەسىلەن، قەشقەرنىڭ ئوپال رايونىدا بۇ قۇتلۇق بايرام كۆنى ئىلمىپەرۋەت تەرغىباتى ۋە كىشىلەرنىڭ يەم پاراستىنى ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنغان ئىلمىي پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈپ كېلىنگەن.

XIV ئەسىرگىچە ئوپالدىكى «نورۇز بۇلاق» كاتتا نورۇز سەيلىگاھى بولۇپ كەلگەن. بۇ بۇلاق شۇ جايدىكى «ھەزرىتى موللام مازىرى» (1982-يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ مەشھۇر ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى) يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، XIV ئەسىردىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا ھەر يىلى نورۇز پائالىيىتى شۇ بۇلاق بويىدا ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىنگەن. شۇڭا بۇ بۇلاق «نورۇز بۇلاق» دەپ ئاتالغانىكەن. بۇ يەردە شۇ بۇلاق قاتارىدا يەنە «زەر (ئالتۇن) بۇلاق» ، «چەشمە زۇلان بۇلاق» (مەقبەرە ئالدىدىكى ھاي-ھاي تېرەك» تۈۋىدە) ، «مارجان بۇلاق» دەپ ئاتىلىدىغان بۇلاقلارمۇ بار.

قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئوپالدا تۇرۇشلۇق خادىمى ئابلا سېقى (ساقى) نىڭ توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا بايان قىلىنىشىچە XIV ئەسىرگىچىلىك ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىنگەن نورۇز سەيلىسىدە

شېئىر-نەزمە مۇسابىقىسى ئاساس قىلىنغان ھالدا خەلققە ئاپەت كەلتۈرىدىغان جىن-شاياتۇنلارنى قوغلاش مەقسەت قىلىنغان قەدىمكى ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىمىز «سۇ چېچىش ئويۇنى»، ئەقىللىك بولۇشقا جۇرۇلىدىغان «بۇلاق بېشىنى يېپىش ئويۇنى» ، «تۇمارلىق ئېلىش ئويۇنى» قاتارلىق ئويۇنلاردىن باشقا چېلىشىش، بەيگە، ئوغلاق تارتىش قاتارلىق ئويۇنلار ئوينىلىپ كېلىنگەن. بۇ پائالىيەتلەر تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە ئۆتكۈزۈلىدىكەن:

شېئىر-نەزمە مۇسابىقىسى: بۇ مۇسابىقە يۇرت-يۇرتلاردىن نورۇز سەيلىسىگە كەلگەن داڭلىق ئۆلىما، داموللا، مۇدەررىسلەرنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۇلارنىڭ شاگىرت-تالىپلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىكەن. مۇسابىقە بىر-بىرىگە شېئىر-نەزمە بېغىشلاش شەكلىدە بولۇپ، A تەرەپ ئۆز شېئىر-نەزمىسىنىڭ بېشىنى شەرتلىك بىر ھەرپ بىلەن باشلاپ ئاخىرىنىمۇ يەنە بىر شەرتلىك ھەرپ بىلەن چۈشۈرۈشى يەنى ئۆز ئىسمىنىڭ باش ھەرپى بىلەن باشلاپ ئاخىرىنى B تەرەپنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرقى ھەرپى بىلەن چۈشۈرۈشى شەرت قىلىنىدىكەن. مۇسابىقە ئاخىرلاشقاندا باھالاش بولۇپ، نەتىجىسى ئەلالىرى تاللىنىپ، ئۇنۋان بېرىلىش بىلەن جايلارغا دىنىي ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىكەن.

سۇ چېچىش ئويۇنى: بۇ ئويۇن يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەقسەتتە سەيلىگە كەلگەن بارلىق چوڭ-كىچىك، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا بۇلاق ئېقىمى بويلاپ بىر-بىرىگە سۇ چېچىش شەكلىدە ئوينىلىدىكەن.

بۇلاق بېشىنى يېپىش ئويۇنى: گىرۋىكىگە چۆرۈلدۈرۈپ خاسىيەتلىك سۆزلەر ئويۇلغان مەخسۇس بىر نەچچە نان ھازىرلىنىپ ئۆلىمالار تەرىپىدىن بۇلاق بېشىغا تاشلىنىدىكەن. ياشلار، تالىپلار بۇلاق ئېقىمىنى بويلاپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ،

سۆزۈۋېلىپ، تالىشىپ يەيدىكەن. ھازىرقى شىرمان نانىنىڭ گۈلى شۇنىڭدىن قالغانلىقى مەلۇم.

تۇمارلىق ئېلىش: مۇسابىقىدە باھالانغان شېئىر-نەزمىلەر يېزىلغان قەغەزلەر ئۈچ بۇرجەك قىلىپ قاتلىنىپ ئۆلىمالار تەرىپىدىن بولاق بېشىغا تاشلىنىدىكەن. سەيلىگە كەلگەن باشقا ياشلار ئۇلاردىن ئۇدۇم ئېلىش مەقسىتىدە بولاق ئېقىمى بويلاپ تالىشىپ، سۆزۈۋېلىپ، دوپپىلىرى ئۈستىگە ئېلىپ قويۇپ، كېيىن رەختتىن ئۈچ بۇرجەك قاپچۇق تىكىپ، تۇمار قىلىپ بويۇنلىرىغا ئېسىۋالىدىكەن. ئۇيغۇرلاردىكى تۇمار ئېسىش ئادىتى شۇنىڭدىن كەلگەنلىكى مەلۇم. ئەمما «تۇمار» كېيىنكى دەۋرلەردە خوجىلار، ئىشانلار تەرىپىدىن خۇراپىيلاشتۇرۇۋېتىلگەن.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان بۇ نورۇز پائالىيەتلىرى XIV ئەسىردىلا ئىجرادىن قالغان بولسىمۇ، ئۇ پائالىيەتلەردە گەۋدىلەندۈرۈلگەن خەلقىمىزدىكى ئىلىم-مەرىپەتكە ئىنتىلىش ئادىتى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن خەلق ئىچىدىكى مەشرەپ ئويۇنلىرى، مەشرەپتە شېئىر-نەزمە، تېپىشماق ئېيتىشتەك شەكىللەر ئارقىلىق داۋاملىشىپ كەلگەن.

دېمەك «نورۇز بايرىمى» ئەنە شۇنداق ئۇزۇن تارىخ، چوڭقۇر ئىجتىمائىي تەسىر ۋە كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغاچقا، يەكلىمەچانلىقى كۈچلۈك بولغان ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىنمۇ 30-يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. شىنجاڭدا مىللىتارىست شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن نورۇز بايرىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان 12-ئاپرېل كۈنىنى «بايرام» سۈپىتىدە خاتىرىلەشنى بېكىتتى. بۇنىڭ بىلەن نورۇز بايرىمى تەدرىجىي ئومۇميۈزلۈك تەنتەنە بىلەن ئۆتكۈزۈلۈشتىن قالغان بولسىمۇ، خەلق ئىچىدە غەيرىي-رەسمىي



www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈزۈلۈپ كەلدى. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە 3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ئارقىسىدا باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭمۇ بەزى ئەنئەنىۋى بايراملىرىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكى قاتارىدا ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى نورۇز بايرىمىنى شاد-خۇرام ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، ھازىر بۇ بايرامنى بەختىيار يېڭى دەۋرىمىزنى، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىقنى كۈيلەش مەزمۇن قىلىنغان داغدۇغىلىق ئەدەبىيات كېچىلىكى شەكلىدە ئۆتكۈزمەكتە.

## روزى ھېيت بايرىمى

روزى ھېيت ئۇيغۇرلارنىڭ يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەنئەنىۋى بايراملىرىدىن بولۇپ، ھەر يىلى ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 10-ئاي (شاۋۋال) نىڭ 1-كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كۈن ئەسلى ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن بەش پەرزنىڭ بىرى — 30 كۈن روزا تۇتۇش مەجبۇرىيىتىنىڭ ئادا قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان خاتىرە كۈن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇ كۈننى خاتىرىلەيدىغان بولغان. ئەمما خاتىرىلەش مۇراسىمىدىكى ئورتاقلىق — كوللېكتىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ كۈننى ھەرقايسى مىللەت خەلقى ئۆزلىرىگە خاس ھەر خىل شەكىللەردە خاتىرىلەپ ئادەتلەنگەن. شۇنداق قىلىپ ئۇزۇن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ بايرام شۇ مىللەتلەرنىڭ جۈملىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا تەدرىجىي ئەنئەنىۋى مىللىي بايرام تۈسىنى ئالغان.

روزا ھېيتتا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەش

پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ: ئالدى بىلەن ھەربىر ئائىلىدە شەخسىيلەر بويىچە تازىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. قۇدرىتى يېتىدىغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە مەخسۇس نان-توقاچ يېقىش، ساڭزا، پوشكال، قۇيماق، بوغۇرساق (كېيىنچە ھەر خىل پىچىنە، پىرەنىككە ئوخشاش تاتلىق يېمەكلىكلەر ھازىرلىنىدىغان بولدى) قاتارلىق ھېيتلىق ناز-نېمەتلەر ھازىرلىنىدۇ. بىر قۇردىن يېڭى ئۇستىباش تىكتۈرۈلىدۇ. ھېيت كۈنى تەخمىنەن كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلىشگە ھېيت مۇراسىمى رەسمىي باشلىنىدۇ: ئەر جىنسىتىكى چوڭ-كىچىك، ياش-قېرىلار مەسچىتلەرگە ياكى ۋاقىتلىق بەلگىلىك بىر مەيدانغا توپلىنىشىپ ئىككى رەكەت ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ. ناماز ئوقۇلۇشتىن بۇرۇن ئىمام كۆپچىلىككە ھېيت نامىزىنى ئوقۇش قائىدىسىنى بىر نەچچە قېتىم ئۆگىتىدۇ، ناماز ئوقۇلۇپ بولۇش بىلەن مۇراسىم ئاخىرلىشىپ ھېيت پائالىيىتى باشلىنىدۇ.

نامازدىن يانغان جامائەت ئالدى بىلەن «ئايەمگە مۇبارەك» دەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش بىلەن ئۆزئارا تەبرىكلىشىدۇ. ئاندىن غېرىب-غۇرۋالارغا پۇل سەدىقە قىلىدۇ. ئەسلى ئىسلام بەلگىلىمىسى بويىچە روزا تۇتقان ھەربىر ئادەم ئائىلىسىدىكى جان سانىغا قاراپ بىر جانغا بىر جىڭ تۆت سەر ئۇن ياكى شۇنىڭ قىممىتىگە باراۋەر پۇل سەدىقە بېرىش شەرت. ئەمەلىيەتتە ھەممە ئادەم ئۇنى بىردەك ئورۇنداپ بولالمايدىغانلىقى ئۈچۈن پۇل سەدىقە قىلىش ئادەت قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن قەبرىستانلىققا چىقىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ توپا بېشىنى يوقلاپ دۇئا-تەكبىر قىلىپ قايتىدۇ. بۇ پائالىيەتلەر تۈگىگەندىن كېيىن ھەممە ئۆيلەرگە قايتىپ بالا-چاقىلىرى بىلەن ھېيتنى مۇبارەكلىشىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا توپا بېشىدىن يانغاندىن كېيىن چوڭلارنىڭ ئۆيىنى ھېيتلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قولۇم-قوشنا، ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلەر ئۆزئارا

ھېيتلىشىدۇ. روزا ھېيتتا ئادەتتە ھەربىر ئۆيدە نان-توقاچ، ساڭزا، پوشكال، قۇيماق، بوغۇرساق، ھەرخىل پېچىنە-پىرەنىك، تاتلىق-تۈرۈم، مېۋە-چېۋە قاتارلىق ناز-نېمەتلەر بىلەن داستىخان ھازىرلىنىدۇ. ھېيتلىغۇچىلار شۇ ناز-نېمەتلەرگە ئېغىز تەگكۈزۈپ، بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىپ، رەھمەت ئېيتىپ چىقىشىدۇ. غىزا-تاماق قويۇلمايدۇ، ئەمما ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلىرى كەچ تەرەپتە نۆۋەت بىلەن بىر-بىرىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ ئايرىم ئولتۇرۇش قىلىپ كۆڭۈل ئاچىدۇ.

ھېيتلاش مەركەزلىك ھالدا بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كۈنلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىرىنچى، ئىككىنچى كۈنى ئاساسەن ئەرلەر ھېيتلىشىدۇ، ئاياللار ئۈچىنچى كۈنىدىن باشلاپ ھېيتلىشىدۇ. ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلەر، ئاياللار ئۈچ كۈن ھېيت ئىچىدە ھېيتلىشىپ بولالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچ كۈندىن باشقا ھەر كۈنى ئەتىسى-ئاخشىمىدا ھېيتلاش پائالىيىتى بولۇپ تۇرىدۇ. دېمەك ھېيتلاش ھېيت ئېيى چىقىپ كەتكۈچە داۋاملىشىدۇ. ھېيتلاپ كەلگۈچىلەر، بولۇپمۇ ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلەر شۇ ئۆيدىكى كىچىك باللارغا ھېيتلىق بېرىدۇ.

## قۇربان ھېيت بايرىمى

قۇربان ھېيت بايرىمىمۇ روزا ھېيتقا ئوخشاش ئەسلى ئىسلامىيەت ئەقىدىسى بويىچە يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بايرام بولۇپ، خۇددى روزا ھېيتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي بايرىمىغا ئايلىنىپ قالغىنىغا ئوخشاش جەريان ئارقىسىدا تەدرىجىي ھالدا مىللىي بايرام تۈسىنى ئالغان. قۇربان ھېيتمۇ ئىسلام كالېندارى (ھىجرىيە) بويىچە 12-ئاي (زۇلھەججە) نىڭ

10ـكۈنى يەنى روزا ھېيتتىن 70 كۈن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ.

قۇربان ھېيتتا قۇربانلىق قىلىش، ھېيتلىق راسلانغان داستىخانغا روزا ھېيتتا قويۇلىدىغان ناز-نېمەتلەر قاتارىدا گۆش قويۇلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇراسىم پائالىيىتى ۋە باشقا پائالىيەت مەزمۇنلىرى روزا ھېيتقا ئوخشاش. ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكى: ① قۇربان ھېيت تېخىمۇ داغدۇغىلىق ۋە باياشات ئۆتكۈزۈلىدۇ. قۇدرىتى يەتكەنلىكى ئۆيلەردە، بىردىن مال قۇربانلىق قىلىنىدۇ. ھەر سەۋەبلەر تۈپەيلى قۇربانلىق قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلەر بازارنىڭ جىلىك گۆشىدىن ئېلىپ قازان قاينىتىدۇ. ھەقىقەتەن قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئۆيلەرگە قۇربانلىق قىلغانلار قۇربانلىق قىلغان مېلىنىڭ گۆشىدىن ئۈچ-تۆت كىلودەكتىن گۆش ئاپىرىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ قازان قاينىتىپ ھېيتلاپ كەلگۈچىلەرنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. ② ھېيت نامىزى ئوقۇشقا ماڭغان جامائەت، بىر توپ-بىر توپ بولۇپ مەسچىتكە يېتىپ بارغۇچىلىك يەتتە ئورۇندا توختاپ يەتتە قېتىم تەكبىر ئېيتىدۇ، مەسىلەن، «ئاللاھۇئەكبەر ئاللاھۇئەكبەر» (بۇ «ئاللا ئۇلۇغ» دېگەنلىك بولىدۇ). ③ ھېيتلاش باشلىنىش بىلەن تەڭ ئاممۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى باشلىنىپ كېتىدۇ. كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدە ئاساسەن يەككە ۋە كوللېكتىپ ئۇسسۇل ئوينىلىدۇ.

ھېيت كۈنى چۈشلەرگە يېقىن چوڭ جامە پەشتاقلىرى ياكى ۋاقىتلىق ھازىرلانغان مەيدان-سورۇن يېنىدىكى ئۆگزىلەردىن ناغرا-سۇناي ساداسى ياڭرايدۇ. بۇنى ئاڭلىغان خەلق ئارقا-ئارقىدىن شۇ مەيدانغا قاراپ ئېقىپ ئۇسسۇل-ساما باشلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەيدان تەدرىجىي ئۇسسۇل-ساما قاينىمىغا ئايلىنىدۇ، رەڭگارەڭ چىرايلىق بايراملىق كىيىملىرى بىلەن بېزەلگەن چوڭ-كىچىك، قېرى-ياش، ئەر-ئايال بەس-

بەستە مەيدانغا چۈشۈپ ئۆز ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىدۇ.

ساما-ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، مەيداننىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ 40-50 كىشى، ھەتتا نەچچە يۈز كىشى تەرىپىدىن بىرلا ۋاقىتتا ئورۇندىلىدۇ.

ساما ئۇسۇلى جەنۇبىي شىنجاڭدا، بولۇپمۇ قەشقەر رايونىدا كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، قىزغىن - جۇشقۇن كەيپىياتتا ئوينىلىدۇ. ھەر يىلى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ھېيتگاھ مەيدانىدا نەچچە يۈز كىشى بىرلا ۋاقىتتا ساما سالىدۇ. سامانىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، دولقۇنسىمان شەكىلدە ئوينىلىدۇ. ئوينىغۇچىلارنىڭ قول-پۇت ۋە بەدەن تولغىنىش - ئايلىنىش ھەرىكەتلىرى بەلگىلىك تەرتىپتە ناغرا-سۇناي كۈيىگە رىتىملىق ماسلاشتۇرۇلىدۇ. ساماغا چۈشكەن شۇنچىۋالا نۇرغۇن كىشىنىڭ ھەرىكىتى بىر-بىرىگە شۇنداق ماسلىشىدۇكى، كۆز ئالدىڭىزدا خۇددى بىر ئادەم ھەرىكەتلىنىۋاتقاندەك ھاياجانلىقتا ھاڭقېتىپ قالىسىز.

قۇربان ھېيتتا تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك «ھارپا كۈنى چاچ ئالدۇرسا، گىلدىڭ باش بولۇپ قالىدۇ» دېگەن بىر خىل غەيرىي-رەسمىي ئادەت قارىشىمۇ مەيدانغا كەلگەن. بۇنىڭدىن مەقسەت بەزى چېچىنى ئالدۇرۇشقا قېرىق ياش - ئۆسمۈرلەرنى شۇ ئۇسۇل بىلەن چۆچۈتۈش ئارقىلىق بايرام ئالدىدا شەخسىي تازىلىق قىلىشقا ئادەتلەندۇرۇشتىن ئىبارەت.

روزا ھېيت بىلەن قۇربان ھېيت بايرىمىدىكى ئورتاق بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۆتكۈزۈلىدىغان ۋاقتى تۇراقسىز. بۇ ئىككى بايرام ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەچكە ۋاقتى ھەر يىلى ئون كۈن ئالدىغا سۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى ھىجرىيە كالېندارىدا ھەر ئاينىڭ كۈن سانى يېڭى ئاي كۆرۈنگەن كۈندىن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، مىلادى كالېندارى بىلەن ھىجرىيە

كالېندارى ئوتتۇرىسىدا ھەر يىلى ئون كۈن پەرق كېلىپ چىقىدۇ. بۇ پەرق بويىچە بۇ ئىككى بايرامنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش ۋاقتى ھەر يىلدا ئون كۈن، ھەر ئۈچ يىلدا بىر ئاي ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ھەر ئوتتۇز يىلدا بىر يىل دەۋر قىلىدۇ. دېمەك بىر يىل ئىچىدە تۆت پەسىلنىڭ ھەر بىر ئېيىدا بايرام ئۆتكۈزۈش نۆۋىتى كېلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۇ ئىككى ھېيتنىڭ قايسىسى بولمىسۇن ئۈچ كۈن ھېيت تۇگىگۈچە ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-مەھەللە، ئەل-ئاغىنىلەردىن باشقا ھەر قانداق غەيرىي ئادەم ۋە غەيرىي دىنىدىكىلەر ھېيتلاپ كەلسە ساھىبخان قىزغىن قارشى ئېلىپ تەشەككۈر ئېيتىدۇ. شۇنىڭدەك ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ئازارلىشىپ قالغانلارمۇ ھېيت نامىزىدىن يانغاندا «ئايەم مۇبارەك!» دەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ ۋە ئۆيلىرىنى ھېيتلىشىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوتتۇرىدىكى ئاداۋەت كۆتۈرۈلۈپ، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىققا قايتا ئاساس يارىتىلىدۇ.

# ئون ئىككىنچى باب

# ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى

## 1. دىن توغرىسىدا

مەلۇمكى، دىن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدا مەيدانغا كەلگەن مەزمۇنى مول مەدەنىيەت هادىسىلىرىدىن. ئۇ هامان كىشىلەرنىڭ ئەقىدە-ئېتىقادى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەنىۋى ئادىتى تۇسىدە ئىپادىلىنىدۇ. بارلىق مەدەنىيەت هادىسىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانى ۋە مەزمۇنى ئوخشاش بولمىغاندەك، دىنىنىڭمۇ مەيدانغا كېلىش، تەرەققىي قىلىش جەريانى، مەزمۇنى، جۇملىدىن كىشىلىك جەمئىيىتىدە بىر خىل ئېتىقاد تۇسىدە خاراكتېر ئېلىش شەكلىمۇ ئوخشاش ئەمەس. چۈنكى ئىپتىدائىي جەمئىيەت مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇن ئىنسانلار ئەجدادى ناهايىتى ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن. بۇ جەرياندا تەبىئەت ئۇلار ئۈچۈن سىرلىق دۇنيا تونۇلۇپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت هادىسىلىرى، بولۇپمۇ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتقان كۆك (ئاسمان)، كۈن، تۇن، تاغ-دەريا... قاتارلىق تەبىئەت هادىسىلىرى چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر خىل ئىلاهى قۇۋۋەت هېسابلانغان. بۇنىڭ بىلەن تەبىئەت هادىسىلىرىگە ئاڭسىز، قارىغۇلارچە چوقۇنۇش كېلىپ چىققان. بۇ چوقۇنۇش

ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا ئىپتىدائىي ئاڭ ـ ئېتىقاد بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ ئېتىقاد ئەينى دەۋردە تەدرىجىي ئىپتىدائىي دىن تۈسىنى ئالغان. بۇ ئىپتىدائىي دىننىڭ ئالاھىدىلىكى، ئېتىقاد ئوبيېكتىنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە ئاڭسىز، سىتىخىيىلىك، سىستېمىسىز، ساددا ئېتىقاد تۈسىدە تەبىئىي خاراكتېر ئالغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ دىن مۇشۇ ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا، سىنىپىي جەمئىيەتتە مەيدانغا كەلگەن مەلۇم شەخس ئىلاھلاشتۇرۇلغان دىنلارغا نىسبەتلەشتۇرۇلۇپ «كۆپ ئىلاھلىق دىن» ياكى «ئىپتىدائىي دىن» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

دېمەك دىن كىشىلىك جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مەيدانغا كېلىش بىلەن تەڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. كىشىلىك جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ سىنىپىي جەمئىيەتكە كىرگەندە بۇرۇنقى كۆپ ئىلاھلىق دىنلار ئورنىنى تەدرىجىي بىر ئىلاھلىق دىنلار ئىگىلىشقا باشلىدى. سىنىپىي جەمئىيەتتە مەيدانغا كەلگەن بۇ دىنلار شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئىلاھلىق خاراكتېر ئالغانكى، ئۇنىڭدا بەلگىلىك بىر ئوبيېكت (ئەمەلدە ئابستراكتلاشتۇرۇلغان مەلۇم بىر شەخس) ھەممىگە قادىر بىر ئىلاھ قىلىپ ياسالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «سۇنئىي دىن» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. مۇنداق بىر ئىلاھلىق دىنلار ئۆزىگە خاس پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي، قىممەت قارىشى، ئىلاھشۇناسلىق قارىشى؛ ئاڭلىق ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى ۋە بويسۇنۇشقا تېگىشلىك تەشكىلىي ـ تۈزۈم، قائىدە ـ يوسۇن قاتارلىقلىرى بولغان مۇكەممەل بىر يۈرۈش سىستېمىغا ئىگە، ئىجتىمائىيلاشقان دىن بولۇشى بىلەن ئىپتىدائىي دىندىن پەرقلىنىدۇ. ئەمما بۇنداق سۇنئىي دىنلار ئاشۇ ئىپتىدائىي دىن ئېتىقادىدىن پايدىلىنىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. بۇ ھەقتە ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «... بىراق،

بۇ خۇدانىڭ ئۆزى ئۇزاق مۇددەتلىك ئابستراكتلاشتۇرۇش جەريانىنىڭ مەھسۇلى، ئىلگىرى نۇرغۇنلىغان قەبىلىۋى خۇدالار ۋە مىللىي خۇدالارنىڭ توپلانمىسىنىڭ جەۋھىرى. بۇنىڭغا خاس ھالدا بۇ خۇدادا ئەكس ئەتكەن ئادەممۇ رېئال ئادەم بولماستىن، ئوخشاشلا نۇرغۇنلىغان رېئال ئادەملەرنىڭ جەۋھىرى، ئابستراكت ئادەم، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزى پىكىردىكى ئوبراز»①.

يىغىنچاقلىغاندا، بىز توختىلىۋاتقان «دىن» دېگەن بۇ ئۇقۇم تەبىئىي خاراكتېر ئالغان ئىپتىدائىي دىن ۋە ئىنسانلار ئۆزى ياراتقان ئىجتىمائىيلاشقان سۈنئىي دىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەيلى قايسى خاراكتېردىكى دىن بولمىسۇن، ئۇ ھەمىشە مەنىۋى ئادەت سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ كۈندىلىك تۇرمۇشقا سىڭگەن بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەسىگە دېگۈدەك چېتىشلىق كېلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بىردەك بولمايدۇ. بەزىلىرى خۇراپاتلىق تۈسىدە ئىپادىلەنسە، بەزىلىرى ئىجتىمائىي ئادەت يەنى ئاممىۋى ئادەت تۈسىدە ئىپادىلىنىدۇ. بەزىلىرى بولسا، نوقۇل دىنىي پائالىيەت شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەيلى قايسى شەكىلدە ئىپادىلەنمىسۇن، ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بىخۇتلاشتۇرۇش رولىغا ئىگە، ھەرقانداق دىنىنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ئەنە شۇ نۇقتىغا مەركەزلەشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىختا ئۆتكەن ھۆكۈمران سىنىپلار ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈش ۋە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاشتا، باشتىن-ئاخىر دىندىن كۈچلۈك مەنىۋى قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلگەن.

ئومۇمەن مەنىۋى دۇنيادا شەكىللەنگەن ھەرقانداق ئەقىدە-ئېتىقاد جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدا شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ مۇئەييەن بىر دىنىي قاراشنى ئەكس

① ئېنگېلس: «لىۋدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 122-123-بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

ئەتتۇرىدۇ. مەلۇمكى، ھەرقانداق مەنىۋى ئادەت جەمئىيەتنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ باغلانغان، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ماددىي ئىشلەپچىقىرىش جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەربىر باسقۇچىدا مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئاممىۋى ئادەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى، ئۆزگىرىپ يوقىلىشىنى بەلگىلەپ كەلگەن. جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى، ماددىي تۇرمۇشنىڭ ئۈزلۈكسىز بېيىشى مۇقەررەر ھالدا كىشىلەرنىڭ ئاڭ-ئېتىقادىدا شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەزى ئەقىدە-ئېتىقاد ۋە خۇراپاتلىق ھادىسىلەرنىڭ سىرىمۇ تەدرىجىي ئاشكارىلىنىپ كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئاڭلىق ھالدا قول ئۈزىدۇ، يېڭىچە ئادەت-ئەنئەنىلەرمۇ مەيدانغا كېلىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش ئادەت-ئەنئەنىلىرىمۇ دەۋر روھىدىن ئوزۇقلىنىپ، بېيىپ داۋاملىق ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. بىزنىڭ بۈگۈنكى مەنىۋى ئادەتلىرىمىزمۇ شۇ جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق شۇ قانۇنىيەت بويىچە تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ ماڭىدۇ. بۇ قانۇنىيەت ھەممە مىللەتكە ئورتاق.

## 2. دىنىي ئېتىقاد توغرىسىدا

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇن ئۆز تارىخىدا شامان (قامان) دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى ۋە نېستورىيان، زەرداش (ئاتەشپەرەسلىك) دىنى قاتارلىق دىنلارغىمۇ ئېتىقاد قىلغان. بۇ دىنلار ئىچىدە نېستورىيان دىنى بىلەن زەرداش دىنى ئايرىم جايلاردا بىر بۆلەك ئۇيغۇرلار ئىچىدىلا تارقالغان بولۇپ، بىر

مەزگىللا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

**شامان دىنى:** شامان دىنى ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇن ئېتىقاد قىلغان دىن بولۇپ، ئۇ دەسلەپ ئورال-ئالتاي قوۋملىرى ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن شامان دىنى ئاساسەن شۇ رايونلار ۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايونلاردا كەڭ تارقالغان. شامان دىنى ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇش دەۋرىدە ھاسىل بولغان ئەقىدە-ئېتىقادلىرى مۇجەسسەملەشتۇرۇلۇش ئاساسىدا قامانلار تەرىپىدىن تەرغىپ-دالالەت قىلىنغان بىر ئىلاھلىق دىن ئىدى. ئۇنىڭدا «دۇنيا ياخشى-يامان روھلار (جىن-شاياتۇن) بىلەن تولغان»، «قامان يامان روھلارنى قوغلاپ، ياخشى روھلارنى قوغدايدۇ»، «قامانلار ھەممىگە قادىر» دېگەن قاراشلار تەرغىپ قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئېتىقاد قىلدى، مىلادى VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن تەدرىجىي مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغان. ئەنە شۇنداق ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئەجدادلىرىمىز بۇرۇن ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن كۆپ ئىلاھلىق دىن ئەقىدە-ئادەتلىرى، شامان دىنى شارائىتىغا ماسلىشىپ داۋاملىشىپ كەلدى.

**مانى دىنى:** بۇ دىن مىلادى III ئەسىردە پىرسىيە يەنى بۈگۈنكى ئىراندا مانى ئاتلىق ئادەم تەرىپىدىن يارىتىلغان بولغاچقا شۇ نامدا ئاتالغان. مانى دىنى IV ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان. مىلادى VII ئەسىردىن كېيىن خەنزۇلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئىچىگە تارقىلىش بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، خانلىق يىمىرىلگەنگە قەدەر دۆلەت دىنى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن تا X ئەسىرگىچە ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى تەۋەسىدە بۇددا دىنى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. مانى دىنى

«ياخشىلىق-يامانلىق»، «يورۇقلۇق-قاراڭغۇلۇق»، «دوزاخ-جەننەت» تىن ئىبارەت ئالەم قارىشىنى دالالەت قىلىدۇ. بۇ دىن بولۇپمۇ «يورۇقلۇق» قا چوقۇنۇش — ئېتىقاد قىلىشنى تەرغىپ قىلىدىغانلىقىنى ئۈچۈن «يورۇقلۇق دىن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**بۇددا دىنى:** بۇددا دىنى مىلادىدىن بۇرۇنقى Ⅲ ئەسىردە ھىندىستاندا گائۇتاماسدخارتا دېگەن كىشى تەرىپىدىن يارىتىلغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى I ئەسىردىن بۇيان ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىشقا باشلىغان، Ⅳ ئەسىرگە كەلگەندە ھازىرقى شىنجاڭ رايونى دائىرىسىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشقان، بۇددا دىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگىمۇ شىنجاڭ ئارقىلىق تارقالغان. ئەجدادلىرىمىز بۇددا دىنىغا ئىخلاس بىلەن ئېتىقاد قىلغاچقا، X ئەسىردىن بۇرۇنلا خوتەن، كۇچا، قوجۇ (تۇرپان) غەربىي يۇرت بويىچە بۇددا دىنى مەركەزلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى، بۇددىزىم پەلسەپە ئىدىيە-كۆز قاراشلىرى، ئەدەبىيات-سەنئىتىمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىگە كەڭ تارقالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلاردا ھەيكەلتىراشلىق، نەققاشلىق، رەسساملىق، مىمارچىلىق زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، يەرلىك ئالاھىدىلىك بىرلەشتۈرۈلگەن مىڭئۆي سەنئىتى، ئىبادەتخانىلار ئاساس قىلىنغان مىمارچىلىق شەكىللىنىپ راۋاجلاندى. تىل-ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى، ئۆز دەۋرىدە بۇددىزىمنىڭ ئاساسلىق نوملىرى (كىتابلىرى) ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئۇيغۇر راھىپلىرى بۇددىزىمنىڭ بەزى نوملىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ خەنزۇ راھىپلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئۆز دەۋرىدە، بولۇپمۇ قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بۇددا دىنى گەرچە دۆلەت دىنى سۈپىتىدە مەۋجۇپ بولۇپ تۇرسىمۇ، مانى دىنى ئىككىنچى چوڭ دىن سۈپىتىدە بۇددا دىنى بىلەن ئۆزئۆن بىر مۇددەت تەڭ

مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئەجدادلىرىمىز مانى دىنىغىمۇ ئۇزۇن مۇددەت ئېتىقاد قىلغانلىقى، كېيىن شىمالدىن كۆچۈپ كەلگەنلەرمۇ مانى مۇرتلىرىدىن بولغانلىقى تۈپەيلى مانى دىنى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ بەزى قاراش-ئەھكاملىرى مەلۇم دائىرىدە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ سىڭىشكەن. شۇڭا قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەلىكىدىكى بەزى بۇددا مەزھەپلىرى مانى دىنى تۈسىنى ئالغان.

**ئىسلام دىنى:** ئىسلام دىنى ئەرەبىستاندا مىلادى 610-يىلىدىن باشلاپ بارلىققا كەلگەن. ئۇ، زامانىۋى دىنلار ئىچىدە بىر قەدەر كېيىن مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ناھايىتى كەڭ تارقالغان دىنلاردىن بىرى. ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئىچىگە X ئەسىردىن ئېتىبارەن تارقىلىشقا باشلاپ X V ئەسىردىن كېيىن بۇددا دىنى قاتارلىق دىنلار سىقىپ چىقىرىپ، ئاندىن ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا ئۆتۈش بىلەن پۈتۈن مىللەت دىنىغا ئايلاندى. ئىسلام دىنى ئۆز دەۋرىدىن باشلاپ ئەسىرىمىزنىڭ 50-يىللىرىغا قەدەر بولغان ئۇزۇن تارىخىي جەريان ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىگە چوڭقۇر سىڭىپ كىردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ بىر قىسمى قەدىمكى ئادەت-ئەنئەنىلىرىمىز بىلەن مۇجەسسەملىشىپ مىللىي ئادىتىمىزگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسا، بىر قىسمى گەرچە مىللىي ئادەت شەكلىدە ئىپادىلەنسىمۇ يەنىلا نوقۇل دىنىي خاراكتېرىنى ساقلىغان ھالدا بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. كۈنىگە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش، يىلدا ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، نىكاھ ئوقۇش، مېيىت نامىزى چۈشۈرۈش قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق نوقۇل دىنىي خاراكتېرىدىكى ئادەت پائالىيەتلىرىدىن. بۇنىڭدىن باشقا 50-يىللاردىن بۇرۇن يىلىغا ئۆشرە-زاكات بېرىش ئادىتىمۇ داۋاملىشىپ كەلگەنىدى. ئۆشرە-زاكات ئەمەلىيەتتە خەلق

ئۇستىدىكى دىنىي باج-سېلىق بولغاچقا، ئازادلىقتىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان دېموكراتىك ئۆزگەرتىش جەريانىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

ئىسلام دىنى «تەقدىر ئىلاھلىق» يادرو قىلىنغان بىر ئىلاھلىق دىن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن دىنلارنىڭ يەنى ئىسلامىيەت ئېتىراپ قىلغان 24 پەيغەمبەر ۋەكىللىكىدىكى دىنلار ئەھكاملىرىنىڭ قىسمەن ئەقىدىلىرى بىلەن شامان، بۇددا دىنلىرىنىڭمۇ قىسمەن ئەقىدىلىرى سىڭگەن. مەسىلەن، «ئادەم تۇپراقتىن يارالغان»، «ئادەم ئۆلسىمۇ روھى ئۆلمەيدۇ»، «جەننەت-دوزاخ» مەۋجۇتلۇقى، جانلىقلارنى ئۆلتۈرمەسلىك قاتارلىق ئەقىدە-قاراشلار ئاشۇ دىنلارنىڭ ئاساسلىق ئەھكاملىرى جۈملىسىدىن.

ئىسلام دىنى ھازىرقى زامان دىنلىرى ئىچىدە بىرقەدەر كېيىن مەيدانغا كەلگەن. ئۇمۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقى دىنلارغا ئوخشاش تەرەققىيات جەريانىدا نۇرغۇن مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇ مەزھەپلەر ئىچىدە سۈننى، شىئە مەزھىپى تەسىرى چوڭ مەزھەپلەردىن بولۇپ، بۇ مەزھەپلەردىنمۇ يەنە نۇرغۇن مەزھەپلەر كېلىپ چىققان. ئۇيغۇرلار سۈننى مەزھىپىدىن كېلىپ چىققان ئىمام ئەزەم مەزھىپىگە ئەمەل قىلىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ مەزھەپتىن ئىشانلار، غوجىلار مەزھىپى كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇيغۇرلا ئىچىدە بىر مۇددەت ئۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغان، بۇلار كۆرۈنۈشتە ئاللاھنىڭ بىرلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرھەقلىقىنى تەكىتلىسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئىنكار قىلىپ ئۆزلىرىنى ئىلاھلاشتۇرۇپ كۆرسىتىدۇ.

ئىشانلار («ئىشان» ئەرەبچە «توغرا يولغا باشلىغۇچ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) ئۆزلىرىنى توغرا يولنىڭ ۋەكىلى قىلىپ كۆرسىتىپ، بۇ ئالەمدىكى بارلىق راھەت-پاراغەت،

جاپا-مۇشەققەت، بايلىق-گادايلىقنى تەقدىر ئىلاھىغا باغلاپ «تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئىتائەتمەنلىك، ساداقەتلىك بىلەن ئاللاغا سېغىنىش، تائەت-ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش»، «ئىشانلارغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەرقانداق گۇناھىنى ئاللا مەغپىرەت قىلىپ، ئاخىرەتتە جەننەت ئاتا قىلىدۇ» دېگەن تەشەببۇس بىلەن ئوتتۇرىغا چىقسا، غوجىلار ئۆزلىرىنى مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزنىڭ «×× ئەۋلادى» يەنى «سەئىد ئەۋلادى» قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە قول بەرگەنلىك «خۇداغا ئىمان كەلتۈرگەنلىك»، ئۆزلىرىگە ئەگەشكەنلىك «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يولىدا ماڭغانلىق» دېگەندەك تەشەببۇس بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇلار مۇشۇ يول ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئىلاھلاشتۇرۇپ كۆرسىتىش بىلەن ئۆزلىرىگە مۇرت توپلاپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۆز ئارا ھوقۇق-مەنپەئەت تالىشىپ، ئاتالمىش «غازات» ئۇرۇشىنى قوزغاپ خەلققە سانسىز ئېغىر كۈلپەتلەرنى كەلتۈرگەن.

ئىشانلار ئۆز تەشەببۇسلىرىنى يولغا قويۇشتا، كۈنگە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ئۆشرە-زاكات بېرىشنى ئاشكارا ئىجرا قىلىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغان پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئالدىغا مەخسۇس تەشكىلىي تۈزۈم ئارقىلىق مەخپىي ئېلىپ باراتتى. بۇ «سۇلۇك» دەپ ئاتىلاتتى. ئىشانلار ئۆز دائىرىسىنى بىرنەچچە دىنىي رايونغا بۆلۈپ، ھەربىر رايونغا ئىشان، خەلىپە قاتارلىق خادىملارنى تەيىنلەپ، ئايرىم مەسچىت، خانىقا بىنا قىلىپ، شۇ خادىملارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە شۇ مەسچىت خانىقالاردا پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. بۇ خادىملار جايلاردا مەخپىي قەسەمياد قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق مۇرت توپلايتتى. مۇرىت بولغۇچىلار: «مەخپىيلىكنى ساقلايمەن»، «مال-دۇنيانى، راھەت-پاراغەتنى دوست تۇتمايمەن»، «بەش ۋاخ نامازنى تەرك ئەتمەيمەن»، «كىشى ھەققىنى يېمەيمەن»،

«ئەرگە جاۋاب ياندۇرمايمەن» دېگەن مەزمۇندىكى ماددىلارنى ئوقۇپ تۇرۇپ قەسەم بېرەتتى. ئۇلار ھەپتىدە بىر قېتىم نۆۋەت بىلەن ئۆز مۇرتلىرىنىڭ ئائىلىسىدە سۇلۇك ئۆتكۈزەتتى. شۇڭا ئىشانلار مەزھىپىنىڭ پائالىيىتى ناھايىتى سۇرلۇك تۈس ئالغان. ئازادلىققا قەدەر ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرى تەرەققىي قىلىپ 200 مىڭدىن ئاشقان. غوجىلار گەرچە ئىشانلاردەك سىرلىق ھەرىكەت ئېلىپ بارمىسىمۇ، ئىسلامىيەتنىڭ ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى ئۆزگىچە خاس تەشكىلىي تۈزۈمى ئارقىلىق ھوقۇق-مەنپەئەت يولىدا، ئىشانلار بىلەن جىددىي رىقابەتلىشىپ كەلدى.

بۇرۇنقى چاغلاردا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىسلامىيەت تەشكىلىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ھاكىمىيەت-تەشكىلىي تۈزۈم تۈسىنى ئالغان. ئىپادىسى:

1) ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلار چوڭ يۇرت-شەھەرلەر (قەشقەر، يەكەن، خوتەن، كۇچا، كورلا، تۇرپان، ئىلى قاتارلىق) نى ئاساس قىلغان يۇقىرى دەرىجىلىك؛ ئادەتتىكى ناھىيىلەرنى ئاساس قىلغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك؛ چوڭ يېزا-قىشلاقلارنى ئاساس قىلغان تۆۋەن دەرىجىلىكتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك دىنىي رايونغا ئايرىلغان بولۇپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۈچ دەرىجىلىك مەھكىمە شەرئىي، ئىككى دەرىجىلىك پائالىيەت سورۇنى، ئۈچ دەرىجىلىك مائارىپ تۈزۈمى تەسىس قىلىنغان. مەھكىمە شەرئى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى جىنايى ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئادەتتىكى دەۋا-ماجىرا، نىكاھلىنىش، ئاجرىشىش، مۈلۈك ۋارىسلىقى، ھۆججەت-توختام قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇراتتى. ھەر دەرىجىلىك مەھكىمە شەرئىنىڭ مەخسۇس خادىملىرى بولۇپ شەرىئەتنىڭ ئىجراسى شۇلار ئارقىلىق نازارەت قىلىناتتى. ئۇلار: ① قازى كالان (قازى قۇززات دەپمۇ ئاتىلىدۇ). بۇ يۇرت-شەھەر بويىچە ئەڭ

چوڭ دىنىي ھوقۇقدار بولۇپ، شۇ يۇرت-شەھەرگە قاراشلىق ناھىيە، چوڭ يېزا-قىشلاق دەرىجىلىك مەھكىمە شەرئىي خادىملىرىنى تەيىنلەش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈم-پەتىۋالىرىنى رەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ② ئەلەم (ئەلەم ئاخۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ). قازى كالاننىڭ ئورۇنباسارى.
③ مۇپتى، مەھكىمە شەرئىنىڭ باشلىقى، ھۆكۈم چىقارغۇچى.
④ قازى. سوراقچى. ⑤ قازى رەئىس. مەھكىمە شەرئىنىڭ ئىجرائىي تەپتىشى.

ئىككى دەرىجىلىك پائالىيەت سورۇنى ئاساسىي قاتلام-مەھەللە، يېزا-كەنت مەسچىتلىرى بىلەن بازار-ناھىيە مەسچىتىدىن ئىبارەت. ئاساسىي قاتلام جامائىتى كۈندىلىك بەش ۋاخ نامازنى ئاساسىي قاتلام مەسچىتلىرىدە ئوقۇيدۇ. ئاساسىي قاتلام مەسچىتلىرى بىر قەدەر ئاددىي، كىچىك بولۇپ، ئادەتتە قىرىق-ئەللىكتىن يۈزگە قەدەر ئادەم سىغىدۇ. بازار-ناھىيە مەسچىتى ئادەتتە «ئازنا مەسچىت» ياكى «جامائە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئازنا مەسچىت ئادەتتە چوڭ، بىر قەدەر ھەشەمەتلىك بولۇپ نەچچە يۈز، ھەتتا مىڭدىن ئوشۇق ئادەم سىغىدۇ، ئازنا مەسچىتكە شۇ مەسچىت يېنىدىكى جامائەتنىڭ بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەپتىدە بىر ئوقۇلىدىغان جۈمە نامىزى، يىلدا بىر ئوقۇلىدىغان ئىككى ھېيت نامىزى يۇرت بويىچە مەخسۇس مۇشۇ مەسچىتتە ئوقۇلىدۇ. شۇڭا بۇ مەسچىت «جامائە» دەپمۇ ئاتالغان. ھەربىر مەسچىتتە بىردىن ئىمام، مەزىن بولىدۇ.

ئۈچ دەرىجىلىك مائارىپ تۈزۈمى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭدا ئاساسەن دىنىي تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىلىپ، دىنىي ئىز باسارلار تەربىيىلىنەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئاساسىي قاتلام مەسچىتلىرى ئاساسىدا مەسچىت يېنىدا تەسىس قىلىنىپ ئاساسەن ئەرەبچە

www.uyghurkitap.com

ئېلىپبە، پەنسۇرە، ھەپتىيەك قاتارلىق باشلانغۇچ دىنىي ساۋاد دەرسلىكلىرى ئۆتۈلەتتى. ئوقۇش مۇددىتى ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىگە قاراپ بېكىتىلەتتى. بەزى جايلاردا مەسچىتنىڭ ئىمامى قوشۇمچە دەرس ئۆتسە، بەزى جايلاردا جامائەت تەرىپىدىن مەخسۇس مۇئەللىم تەكلىپ قىلىناتتى. دەرس ئۆتكۈچى ئادەتتە «موللام»، «خەلپىتىم»، ئوقۇغۇچى «تالىپ» ياكى «تەلەبە» دەپ ئاتىلاتتى.

ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ «مەدرىس» دەپ ئاتىلىپ، سانى چەكلىك، ئايرىم جايلاردىلا (مەسىلەن، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، كۇچا، كورلا، تۇرپان، ئىلى قاتارلىق جايلاردىلا) تەسىس قىلىنىپ كەلگەن. مەدرىس ياتاقلىق مەكتەپ بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگىتىپ داۋاملىق ئوقۇشنى خالىغانلار كېلىپ ئوقۇيتتى. مەدرىسكە شۇ جايدىكى قەشقەر، بۇخارا قاتارلىق جايلاردىكى ئالىي مەدرىسلەرنى پۈتتۈرۈپ كەلگەنلەر دەرس ئۆتۈپ كەلگەن. شىنجاڭ بويىچە ئالىي مەكتەپ قەشقەردە بولۇپ، جايلاردىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپنى تۈگىتىپ داۋاملىق ئوقۇشنى خالىغانلار كېلىپ ئوقۇيتتى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەدرىستە ئاساسلىق شەرىئەت قائىدىلىرى، قۇرئان ۋە قىسمەن ئەدەبىي تۈس ئالغان پارسچە-ئەرەبچە ئەسەرلەر ئۆتۈلسە، ئالىي دەرىجىلىك مەدرىستە ئاساسەن ئىسلام ئەقىدىلىرى بويىچە چوڭقۇر بىلىم تەھسىل قىلىناتتى ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ مەقسەتتە بۇخارا، مىسىر، مەككە-مەدىنە، كالكوتتا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئوقۇيدىغانلارمۇ بار. ئالىي دەرىجىلىك مەدرىسلەرنى پۈتتۈرگەنلەر «داموللا»، «داموللا ئەلەم»، «مەۋلىۋى» دەپ ئاتىلاتتى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا زاكات، ئۆشرە، كەپسەن ئېلىش تۈزۈمى ۋە ۋەخپى قىلىش تەرغىباتى يولغا قويۇلغان. دېھقان چارۋىچى، سودا-تىجارەتچى، ھۈنەرۋەنلەر ھەر يىللىق دارامەت

سانىغا قاراپ شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن پىرسەنت بويىچە زاكات، ئۆشرە، كەپسەن بېرەتتى، بەزىلەر مەسچىت، مازارلارغا يەر-زېمىن، چارۋا-مالمۇ ۋەخپى قىلىپ كەلگەن. ۋەخپى قىلىنغان يەر-زېمىنلار ئىجارىگە بېرىلىپ، كىرگەن كىرىم زاكات، ئۆشرە كىرىملىرىگە قوشۇلۇپ ئىجتىمائىي ساخاۋەت ئىشلىرى، مەكتەپ، مەدرىس، مەسچىتلەرنىڭ مۇناسىپ خىراجىتىگە ۋە دىنىي خادىملارنىڭ «تەمىناتى» نامىدا چىقىم قىلىناتتى.

دىنىي مائارىپ قەشقەر، يەكەن، خوتەن، كۇچا، كورلا، تۇرپان، ئىلىدا بىرقەدەر ئومۇملاشقان بولۇپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن بۇرۇن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە شەكىللەنگەن زىيالىيلار تەبىقىسى شۇ جايلاردىكى دىنىي مەكتەپلەرنى تۈگىتىپ چىققانلاردىن ھاسىل بولغان. مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، موللا بىلال، ئابدۇرېھىم نازارى، موللا سۈپۈرگى سانجارى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق ئالىم، ئەدىب-شائىرلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەشقەر ۋە باشقا جايلاردىكى مەدرىسلەردە ئوقۇپ چىققانلاردىندۇر. بۇنىڭدىن دىنىي مائارىپنىڭ ئۆتمۈشتە قىسمەن ئىجابىي رولمۇ ئوينىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن يېڭى زامان مائارىپى ئومۇملاشتۇرۇلدى، شۇنىڭدەك پارتىيە-ھۆكۈمەت دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى پرىنسىپى بويىچە كىشىلەرنىڭ دىنىي بىلىم تەھسىل قىلىشى ۋە تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىسلام ئىنستىتۇتى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلىپ بەردى.

ئىسلام دىنى بىر ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە مىڭ يىلغا يېقىن جەرياندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭ-ئېتىقادى بويىچە ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، دۇنيادا مۇتلەق شەيئى بولمىغىنىدەك ئۇمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭ-ئېتىقادى ساھەسىدە يەنى يۇقىرى مەدەنىيەت قاتلىمىدا مۇتلەقلىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ

ئالىي مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى پۈتۈنلەي بوغۇۋېتەلىگىنى يوق، ئەكسىچە يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىزدەك ئۇزاق ئۇزۇنلىغان ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىمىز ئىسلامىيەت ئەقىدىلىرىگە ماسلىشىپ بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلدى، بولۇپمۇ بەزى ئىسلام ئەقىدىلىرى ئەنە شۇنداق ماسلىشىش جەريانىدا ئەسلى دىنىي خاراكتېرىدىن ئايرىلىپ ئەنئەنىۋى ئادىتىمىزگە ئايلىنىپ كەتتى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئىسلامىيەتنىڭ غەيرىي مەدەنىيەتنى قاتتىق يەكلەش، تەقىبلەشكە قارىماي ئەجدادلىرىمىزدا دۇنيانى تونۇش بويىچە تۆت زات قارىشى يەنى دۇنيا «ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراق»تىن پەيدا بولغان دېگەن ئاددىي پەلسەپىۋى قاراش ئەكس ئەتكەن. روشەنكى، بۇ قاراشتا شەيئىلەرنىڭ زىددىيەت ئىچىدە تەرەققىي قىلىدىغانلىق قانۇنىيىتىدىن دېرەك بېرىدىغان چۈشەنچە ئورۇن ئالغان. يەكلىمىچىلىك، تەقىبلەش ئېغىر شارائىتتا مۇنداق قاراشنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئەجدادلىرىمىزدىكى ئىنتىلۇچانلىق ۋە ئىجادىي روھنىڭ نامايەندىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ:

1) ئىسلامىيەتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكىنىگە قاراپ، بەزىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتىدىكى بارلىق پائالىيەت-ئادەتلىرىنى ئىسلامىيەتنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە شەكىللىنىش جەريانى ئوخشىمىغان مىللەت بىلەن دىنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىجتىمائىي ھادىسىنى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، بىر مىللەتنىڭ بىر دىننى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئىنكار قىلىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ چوشقا گۆشى، گۆشخور يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن

ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋانلارنىڭ ۋە بەزى ئۇچار-قانات، هاشاراتلارنىڭ گۆشىنى يېمەيدىغانلىقى، سۇ، يېمەكلىك تازىلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېيزى سەھەت ئادەتلىرى، ھەتتا توي-تۆكۈن، يېمەك-ئىچمەك ئادەتلىرىنى ئىسلامىيەتكە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ۋەھالەنكى بۇ ئادەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىسلامىيەتتىن خېلى بۇرۇنقى ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن هايات كەچۈرگەن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردە شەكىللەنگەن. دەرۋەقە چوشقا گۆشى يېيىش ئىسلام دىنىدا تەقىبلەنگەن. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بۇ ئادەت تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىدىغان بولۇپ مۇقەددەس تۇس ئالغان، خالاس.

2) ئىسلام دىنى گەرچە پۈتۈن مىللەتنىڭ ئېتىقادى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېتىقاد دەرىجىسى ئەزەلدىن ئوخشىماي كەلدى. مەركىزىي شەھەر ۋە يېزا-قىشلاقلاردىكى ئاز بىر قىسىم تەقۋادار، ياشانغانلارنىڭ بەش ۋاق ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش قاتارلىق ئۆتەشكە تېگىشلىك دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى تەرك ئەتمەيدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چەت-يېزا قىشلاقلاردا دىنىي هاۋا بىرقەدەر شالاڭ، كىشىلەرنىڭ دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتەش قىزغىنلىقىمۇ تۆۋەنرەك.

بىز دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا «تەقدىر ئىلاھلىق» تىن ئىبارەت دىنىي ئەقىدىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك روھىي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى ئېغىر روھىي زەئىپلىككە دۇچار قىلغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز، شۇنىڭدەك ھەممىنى «تەقدىر ئىلاھ» قا باغلاپ قويۇپ ئىلىم-پەننى، ئىلغار مەدەنىيەتنى يەكلەيدىغان، دىنىي «مەنپەئەت» نى مىللىي مەنپەئەتتىن ئەلا كۆرۈپ، قارىغۇلارچە دىنىي ئەسەبىيلىككە بېرىلىدىغان خاھىشلاردىن قاتتىق

ساقلىنىشىمىز لازىم. تارىختا بۇ ئىككى ئامىلنىڭ زىيىنىنى ئاز تارتىمىدۇق.

## 3. ئەقىدە-ئېتىقاد ئادەتلىرى

مەلۇمكى، ئەقىدە-ئېتىقاد كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا شەكىللەنگەن بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ناھايىتى كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بەزىلىرى دىنىي تۈستە ئىپادىلەنسە، بەزىلىرى خۇراپاتلىق، يەنە بەزىلىرى تۇرمۇش ئادەتلىرى سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىقىنىمىزدەك ھەرقانداق ئەقىدە-ئېتىقاد ھادىسىلىرى مۇئەييەن بىر دىنىي قاراشنىڭ ئىنكاسى.

ئىپتىدائىي ئەقىدە-ئېتىقادنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەب-ئامىللارنىڭ ئورتاقلىقى ئىنسانلار ئەجدادىدىكى ئىپتىدائىي ئەقىدە-ئېتىقاد ئادىتىنىڭ ئورتاقلىقىنى بەلگىلىگەن، بۇ ئورتاقلىق دۇنيادا بۈگۈن مەۋجۇت مىللەتلەر ئەجدادلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئاسمان جىسىملىرى، تاغ-دەريا، دەل-دەرەخ، ھايۋانات، ئۇچار-قانات قاتارلىقلارغا چوقۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەردە ئىپادىلىنىش شەكلى ھەر خىل بولىدۇ. تەبىئەتكە چوقۇنۇش بويىچە ئەجدادلىرىمىزدا تۆۋەندىكىدەك ئەقىدە-ئېتىقادلار مەۋجۇت بولۇپ ئۆتكەن ۋە ئۇ ئەقىدە-ئېتىقادلارنىڭ ئىز-قالدۇقلىرى بۈگۈنكى رېئال تۇرمۇشىمىزدا مۇنداق شەكىللەردە ئىپادىلىنىپ كەلمەكتە.

كۆك (ئاسمان) كە چوقۇنۇش: بۇ قۇياشنى مەركەز قىلغان ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇرلاردىمۇ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش «ئادەم تۇپراقتىن يارالغان» دەپ ھېكايە قىلىنىپ كەلمەكتە.

دېمەك، ئەجدادلىرىمىزدا جانلىقلار، تاغلار، دەل-دەرەخلەرنىڭ يەر ئۈستىدە بولۇشىغا قاراپ يەرنى ئادەمزات قاتارلىق جانلىقلارنىڭ «ئانىسى»؛ يورۇقلۇق، قاراڭغۇلۇق، هۆل-يېغىننىڭ كۆك (ئاسمان) بىلەن مۇناسىۋەتلىكىگە قاراپ ئاسماننى شۇ هادىسىلەرنىڭ «ئاتىسى»؛ يۇلتۇزلارنىڭ كۆپلۈكى، رەڭگارەڭ نۇر چېقىرىپ تۈن قاراڭغۇسىدا كىشىلەر كۆڭلىگە ئۈمىد بەخش ئېتىدىغانلىقىغا قاراپ «ئادەمزاتنىڭ تەقدىرى يۇلتۇزلارغا باغلىق» دېگەندەك چۈشەنچە-ئەقىدىلەر بارلىققا كەلگەن. ئەجدادلىرىمىز ئەنە شۇنداق ساددا چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا پۈتۈن تەبىئەتنى هەممىگە قادىر ئىلاهى قۇۋۋەت سۈپىتىدە «تەڭرى» دەپ ئاتىغان.

«تەڭرى» — ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا شامان دىنىدا «كۆك»، «كائىنات» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ ئىكەن. ئەمما ئۇ كېيىنچە خۇددى ئىسلام دىنىدىكىدەك «ئاللا» (ئەرەبچە)، «خۇدا» (پارسچە) مەنىسىدىكى ئىلاھ نامى بولۇپ قالغان.

ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن يازما يادىكارلىقلاردىكى بايانلار، هازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بەزى ئادەت-قائىدىلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاسمان جىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆككە بولغان ئېتىقادىنى ۋاسىتىلىك هالدا ئىسپاتلايدۇ. ئەجدادلىرىمىز شۇ ئېتىقاد ئەنئەنىسى بويىچە ئۆلگەنلەرنى كۆمىدىغان يەرلىكلەرنىمۇ نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش شەكلىنى شەكىللەندۈرۈپ ياسىغان[1] تارىختا ئۆتكەن قاغانلار «كۈن تەڭرىدىن بولمىش ××× قاغان»، «ئاي تەڭرىدىن بولمىش ××× قاغان» دېگەندەك ئۇنۋانلارنى قوبۇل قىلغان. ھەتتا

① كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئۆردەكلىك دېگەن جايدىن 1979-يىلى تېپىلغان، بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ قەبرە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مانى، بۇددا قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردە شۇ دىنلارنىڭ ئىلاھ (خۇدا) لىرىنى «تەڭرى» دەپ ئاتىغان مەسىلەن، مانى دىنىنىڭ ئىلاھى «مانى»نى «تەڭرى بۇرخان»، ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ۋە بۇددىست ئۇيغۇرلار ئىچىدە «ئاللا»، «تەڭرى» ياكى «بايات»، «ئىدى»[1] («ئىدىقۇت» سۆزى مۇشۇ «ئىدى» ۋە «قۇت» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، «تەڭرى ئاتا قىلغان بەخت» دېگەنلىك بولىدۇ) دەپ ئاتالغان. شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەرقتىن غەربكە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ئانا تاغ — تىيانشاننىڭ قەدىمكى نامى «تەڭرىتاغ»، ئۇنىڭ قارلىق چوققىسىنىڭ «خان تەڭرى» دەپ ئاتىلىشىمۇ شۇ ئەقىدە ئاساسىدا بولغان. «تارىخنامە»، ھونلار تەزكىرىسى»دە بېرىلگەن ھونچە سۆزلەر قاتارىدا «تەڭرى» سۆزىمۇ خاتىرىلەنگەن. دېمەك، «تەڭرى» دېگەن بۇ سۆز تىلىمىزدا يەنىلا قەدىمكى ئۆز مەنىسىدە ھازىرغىچە ئىستېمال قىلىنىپ كەلمەكتە.

ھازىرقى رېئال تۇرمۇشىمىزدا ئۇچرايدىغان ئاسمان، كۈن، ئايغا قاراپ تۈكۈرۈش، چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىش، ئەتىگەندە يۈز يۇماي تۇرۇپ كۈنگە قاراشنى «يامان بولىدۇ» دەيدىغان ۋە كۈن چىققۇچە ۋە كۈن ئولتۇرۇش ۋاقتىدا يېتىشنى «قىزىل قان ئىچىدە ياتقانغا باراۋەر» دەپ يامان ئالىدىغان ئادەتلەر، ھەر قېتىم يېڭى ئاي كۆرۈنگەندە يېڭى ئايغا قاراپ «كېلەر شۇ ئاي شۇ كۈنلەرگىچە ئامانلىق ئاتا قىل» دەپ دۇئا قىلىش، ئاي تىنك چىقسا «ئۆلۈم-يېتىم كۆپ بولىدۇ» دەپ ھېسابلاش، ئاي، كۈن بولۇپمۇ، كۈن تۇتۇلسا «خەلق بېشىغا بىر پالاكەتچىلىك كېلىدۇ» دەپ ۋەھىمىگە چۈشۈش؛ «ھەر ئادەمنىڭ بىردىن يۇلتۇزى بار»، «كىمنىڭ يۇلتۇزى يۇقىرى

---

[1] ق. ۋەلى: «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى دىنىي ئېتىقادلىرى ھەققىدە سېلىشتۇرما مۇلاھىزە»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1985-يىل، 5-دېكابر سانىدىن.

ئۆرلىسە ئۆمرى ئۇزىراپ مەرتىۋىلىك بولىدۇ، تۆۋەنلىسە ئۆمرى قىسقىرايدۇ، يۇلتۇزى ئوڭدىن چىقسا ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، سولدىن چىقسا پالاكەت باسىدۇ»، «يۇلتۇزى ئاقسا، شۇ ئادەم ئۆلىدۇ»، ئاققان يۇلتۇزنى كۆرگەندە كۆككە قاراپ «مېنىڭ يۇلتۇزۇم يۇقىرى، جەننەتتىن ئۈمىدىم بار، دوزاختىن قورقۇنچىم بار» دەپ دۇئا قىلىش؛ كېسەل-ۋابانىمۇ «يۇلتۇزنىڭ رەڭگى ئوخشاشلارغا يۇقىدۇ» يۇلتۇزنىڭ رەڭگى ئوخشاشلارنىڭ «مىجەز-خۇلقى ئوخشاش كېلىدۇ، ئوخشىمىغانلارنىڭ مىجەزى كېلىشمەيدۇ» دېگەندەك ئادەت-قاراشلار ۋە قالپاق، دوپپا قاتارلىق باش كىيىملىرىنىڭ ئاسمان شەكلىدە بولۇشىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاسمان ۋە ئاسمان جىسىملىرىغا بولغان ئېتىقادىنىڭ ئىز-نىشانلىرى جۈملىسىدىن.

يەر (تۇپراق) گە چوقۇنۇش: يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئەجدادلىرىمىز يەرنى «يەر ئانا» دەپ ناھايىتى خاسىيەتلىك، پاك ھېسابلاپ ئۇلۇغلاپ ئادەتلەنگەن. بۈگۈنكى رېئال تۇرمۇشىمىزدىمۇ ئىپادىلىنىپ كېلىۋاتقان «ئادەم تۇپراقتىن يارالغان» دېگەن ئەقىدە؛ مېيىتنى يەرگە كۆمۈش، مېيىتنى يەرلىككە قويغاندىن كېيىن جامائەت بىر سىقىم توپا ياكى يەتتە تال تاش ئېلىپ دۇئا ئوقۇپ يەرلىك بېشىغا چېچىش؛ قەسەم قىلىشقا توغرا كەلگەندە «يەر ئۇرسۇن، يەر يۇتسۇن» دېيىش، سودىدا پۇتۇشكەندە، «بەرىكە تاپ» دەپ يەرگە قولنى سۈرتۈپ قول ئېلىشىش، ئەتىگەنكى كۈتۈلمىگەن نەق سودىدا كىرىم بولغان پۇلنى يەرگە چېچىۋېتىپ ئاندىن «بىسمىللا» دەپ يىغىۋېلىش قاتارلىق ئادەتلەر شۇنىڭدەك يۇرت، ۋەتەننى «ئانا يۇرت (ماكان)، ئانا ۋەتەن» دەپ مەدھىيىلەش؛ يات يۇرتلارغا يۈزلىنىشكە مەجبۇر بولغاندا يۇرت-ۋەتەننىڭ توپىسىدىن بىرەر سىقىمنى خالتىغا تىكىپ ئېلىپ كېتىش؛ خەت-خالتا قىلغاندا ئىچىگە ئاز-تولا توپا سېلىپ قويۇش؛ يەرنى «ئالتۇن قوزۇق» دەپ ئەتىۋارلاش

قاتارلىق ئادەتلەرمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇپراقنى ئۇلۇغلاش ئادىتىنىڭ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىزنالىرىدىندۇر.

ئەجدادلىرىمىزدا ئادەم تۇپراقتىن يارالغان، دېگەن ئەقىدە-ئېتىقاد قاتارىدا «ئۆلگېن» ئاتا، «ئۇماي» ئانامدىن تۆرەلگەن دېگەن ئەقىدە-ئېتىقادمۇ بولغان. «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» نىڭ 38-قۇرىدىكى «تەڭرى ئۇماي، مۇقەددەس يەر-سۇ بىزگە مەدەت بېرىدۇ، بىز (يەنە) نېمىشقا تېزىپ كېتىمىز» دېگەن جۈملە؛ «كۈلتېگىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 31-قۇردىكى «ئۇمايدەك ئانام خانىشنىڭ دۆلىتىدە ئىنىم كۈلتېگىن ئەر ئاتالدى» دېگەن جۈملە ۋە «دىۋان» دىكى «ئۇمايقا تاپىنسا ئوغۇل بولۇر» دېگەن ماقال ئەجدادلىرىمىزدا شۇنداق ئەقىدە-ئېتىقادنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ شامان دىنى ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى «ئۆلگېن» شامان دىنىدىكى ئەڭ كاتتا تەڭرى «قاراخان» نىڭ ئوغلى «ئۆلگېن تەڭرى» دۇر.

مەلۇمكى ئۇيغۇرلاردا «ئىنسان ئادەم ئاتام بىلەن ھاۋا ئانامدىن تۆرەلگەن»، «ئادەمنى خۇدا تۇپراقتىن ياساپ ئاندىن جان كىرگۈزگەن» دېگەن ئەقىدە بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. روشەنكى بۇ ئىسلامىيەت ئەقىدىسىدىن كەلگەن. ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى مۇشۇ ئەپسانىلەر ئىسلام دىنىدىن بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن قەدىمكى دىنلاردىمۇ بولغان. مەسىلەن: «تەۋرات» تا ئادەمنى يەۋرىيلار خۇداسى — ياخۋې توپىدىن ياراتقانلىقى؛ مىسىر ئەپسانىلىرىدە بولسا، بۆرە باشلىق مىرنوم دېگەن بىر ئىلاھ ئالدى بىلەن توپىدىن ياساپ كېيىن جان كىرگۈزگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ. خەنزۇچە ئەپسانىلەردە نىئۇۋاسى دېگەن ئايال خۇدانىڭ سېرىق توپىدىن ئادەم ياسىغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. دېمەك، مۇشۇنداق ئەقىدىلەرنىڭ ھەممىسى تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادىدىن

كەلگەن.

تاغلارغا چوقۇنۇش: تاغلار ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىكى ئىنسانلارغا ھايات، شارائىت-ئىمكانىيەتلەر بەخش ئەتكەنلىكى بىلەن ئىنسانلار نەزەرىدە مۇقەددەس شەيئى ھېسابلانغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ھەيۋەتلىك تاغلارغا چوقۇنۇش كېلىپ چىققان.

شىنجاڭنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك تىيانشان تېغىنىڭ ئۇلۇغلىنىپ «تەڭرىتاغ» دەپ ئاتىلىشى ۋە بۇ تاغنىڭ تارىختا بىۋاسىتە ئەجدادىمىز تىللار (تېلېلار) نىڭ قارارگاھى قىلىنغانلىقى، ئۆتكەن تېغىنىڭ تۈركىي قوۋملار قاغانلىرىنىڭ «پايتەختى» قىلىنغانلىقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تاغقا چوقۇنۇش ئادىتىنىڭ تىپىك ئىپادىلىرىدىن.

سۇ-ئوتقا چوقۇنۇش: سۇنىڭ پاكلىق، ياشنىتىش، ۋەيران قىلىش (قۇرغاقچىلىق، كەلكۈن ئاپەتلىرى)، قۇتۇلدۇرۇش (قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوت ئاپىتىنى بېسىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ) پارغا، مۇزغا ئايلىنىپ يەنە ئەسلىگە كېلىشتەك ئۆزگىچە خۇسۇسىيىتى؛ ئوتنىڭ ئىسسىقلىق بېرىش، نۇر چىقىرىش، خامنى پىششىققا ئايلاندۇرۇش، كۆيدۈرۈش كۈل قىلىۋېتىشتەك مەنپەئەت بەخش ۋە بالايى-ئاپەتلىك ئۆزگىچە خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ئەجدادلىرىمىز سۇ بىلەن ئوتنىمۇ بىر قۇدرەت ئىلاھ ھېسابلاپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان. تارىختا ئۆتكەن قاغانلارنىڭ «كۆل» نامىدا ئۇنۋان قوبۇل قىلىدىغان، قەھرىمانلارغا كۆل نامىدا ئاتاق بېرىدىغان ئەنئەنىلىرى («قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان»، «كۆل ئىركىن»، «كۆلتېكىن» دېگەنلەرگە ئوخشاش)؛ تارىخىي داستانلىرىمىز «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇز خاننىڭ سۇ ئىلاھىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بىر ئوغلىغا «دېڭىز» دەپ ئات قويغانلىقىنىڭ رىۋايەت قىلىنىشى؛ خەلق ئىچىدىكى ھېكايە-چۆچەكلەردە «سىرلىق»،

«شىپالىق» سۇ-بۇلاقلارنىڭ تەسۋىرلىنىشى قاتارلىقلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۇغا ئېتىقاد قىلغانلىقلىرىنىڭ تىپىك ئىپادىسى. هازىرقى رېئال تۇرمۇشىمىزدا سۇغا تۇكۇرۇش، چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىشنى، سۇ بېشىدا كىر يۇيۇش، قوتان، تەرەتخانا قىلىشنى يامان ئالىدىغان، سۇ ئۈزۈپ چۈش كۆرسە «ئادەم غەم-غۇسسىدىن خالىي بولىدۇ، رىزقىلىق-مەرتىۋىلىك بولىدۇ» سۇ «يەتتە يۇملىسا، هالال» دېگەنگە ئوخشاش ئادەت-چۈشەنچىلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۇ ئېتىقادىدىن قالغان ئىز-نىشانلاردۇر.

بۈگۈنكى رېئال تۇرمۇشىمىزدا ئۇچرايدىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوت ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك نۇر (يورۇقلۇق) نىڭ يامانلىققا قارشى سىمۋول قىلىنغان شەكلىدە ئىپادىلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، ئوتقا تۈكۈرۈش ناھايىتى يامان ئېلىنىدۇ، ئۆيگە ۋە بالىلىرىنىڭ بۆشۈكىگە ئادراسمان ياكى ئالما قېقى ياكى كېپەكتە ئىسرىق سېلىنىدۇ، تويدا قىز كۆچۈرۈلگەندە ئوتتىن ئاتلىتىلىدۇ، چوڭلار ۋە بالىلار ئاغرىپ قالسا، كوچا ئېغىز-دوقمۇشلىرىدىن چۈۋۋا-تەمەچ تېرىپ كېلىپ ئوت كۆچۈرۈلىدۇ ياكى ئۆرۈك ياغىچىنى كۆيدۈرۈپ، چوغىنى سۇغا سېلىپ سۈيى شۇ ئاغرىققا ئىچۈرۈلىدۇ؛ پېشقەدەم كىشىلەر جان ئۈزگەن ئۆيدە بىر نەچچە (بەزىدە قىرىق كۈن) كۈن كېچىسى چىراغ ئۆچۈرۈلمەيدۇ. بەزى جايلاردا (تارىم ۋادىسىدىكى يېزا-قىشلاقلاردا) ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل تارقالسا، ئاغرىپ يېقىلغان ئادەمنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا ئاز-تولا يېمەك-ئىچمەك قالدۇرۇپ شۇ ئۆي، مەھەللە ئەتراپىنى، يوللارنى ئۆرتىۋېتىپ، يوللارغا بىرنەچچە يەرگە قاشا بىلەن توسۇق قىلىپ يىراق جايغا كۆچۈپ كېتىدىغان ئادەتلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. شۇنىڭدە ئەل ئىچىدە جىن-شاياتۇنلارنىڭ كىشىگە ئۆچكە سىياقىدا



www.uyghurkitap.com

كۆرۈنمىگەنلىكى، نۇرنى كۆرگەن ھامان غايىب بولىدىغانلىقىنى ھېكايە قىلىنىدۇ. ئادەتتە چىشى ئۆچكە (بەزىدە ئاياللارمۇ) «مىكىجىن» دەپ ئاتىلىشى شۇ ئادەت ئاساسىدا كېلىپ چىققان.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ئۇ ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شامان دىنىي ئېتىقادىدىن قالغان ئادەتلەردۇر. چۈنكى بىرىنچىدىن، ئەجدادلىرىمىز شامان دىنىغا 2000 يىلدەك ئېتىقاد قىلغان. ئىككىنچىدىن، شامان دىنى «دۇنيا ياخشى-يامان روھلار بىلەن تولغان، جىن-شاياتۇنلار يامان روھلاردىن، بارلىق ئاغرىق-سىلاق، پېشكەللىكلەر شۇلاردىن كېلىدۇ، ئۇلار قاراڭغۇ دۇنيا مەخلۇقلىرى» دەپ ھېسابلايدۇ. دېمەك، ئوت ئېتىقادى بىلەن باغلىنىشلىق يۇقىرىقى ئادەتلەرنىڭ شامان دىنى ئېتىقادى شەكلىدە ئىپادىلىنىشى، يىراق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىنىڭ بەزى تەسىرلىرى شامان دىنىغا سىڭىپ، شامان دىنىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق ئىسلامىيەتكىمۇ ماسلىشىپ بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن.

ھايۋانات، ئۆچار-قانات، دەل-دەرەخلەرگە چوقۇنۇش: ھايۋانات، ئۇچار-قانات، دەل-دەرەخلەر ئىنسانلارنىڭ ئەجدادىنىڭ مەۋجۇتلۇق يولىدا ئوزۇقلىنىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تۇنجى تارىخىي پائالىيىتىنىڭ بىۋاسىتە ئوبيېكتى سۈپىتىدە ئۇلار ئۈچۈن مۆئەككەللىك، سىرلىق دۇنيا تۇيۇلغان. بۇ نەرسىلەرگە ئېتىقاد قىلىش ئاشۇنداق چۈشەنچە ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. بۇ خىل ئېتىقاد گەرچە دۇنياۋىلىق ئومۇمىيلىققا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما دۇنيا مىللەتلىرىدە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ھەر خىل، شۇڭا ھايۋاناتقا چوقۇنۇش (توتېمچىلىق) ئېتىقادى بويىچە مىللەتلەردە يارىتىلغان سىمۋول، ئوبراز، رىۋايەتلەرمۇ ئوخشىمايدۇ.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھايۋانات، ئۇچار-قاناتلارغا چوقۇنۇش ئېتىقادىنىڭ (ھايۋانات توتېم قىلغانلىقىنىڭ) تىپىك ئىپادىسى

بۆرە، قۇش (شۇڭقار)، ئات، بۇغرا (تۆگە)، بۇقا (كالا)، ئارىسلان قاتارلىقلارغا، بولۇپمۇ بۆرىگە مەركەزلەشكەن. بۇ توغرىدا تارىخىي ھۆججەتلەردە مۇھىم مەلۇماتلار بېرىلگەن ۋە ھەر خىل رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىنمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇنداق ئېتىقادى بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان مەدەنىيەت بۇيۇملىرى چىققان. چەرچەننىڭ زاغۇنلۇقتىن تېپىلغان بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت قەبرىدىن ئاخىرەتلىك نەرسىلەر قاتارىدا چىققان ئوۋ قوغلاپ كېتىۋاتقان بۆرە سۈرىتى ئويۇلغان ساقال تارغاق؛ تاشقى موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان مويۇنچۇر قاغان تەرىپىدىن ئورنىتىلغان بالا ئېمىتىۋاتقان بۆرە سۈرىتى چېكىلگەن ئابىدە قاتارلىقلار شۇنىڭ پاكىتى. «ۋېينامە»، «جۇنامە»، كونا-يېڭى «تاڭنامە» قاتارلىق خەنزۇچە مۇھىم تارىخىي ھۆججەتلەرنىڭ «ھونلار»، «تۈركلەر»، «ئۇيغۇرلار»غا ئائىت «تەزكىرە»لىرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۆرىدىن تۆرەلگەنلىكى، بۆرىنى ئۇلۇغلاپ بايراقلىرىغا ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنلىكى، قاغانلارنىڭ تەختكە چىقىشتا ئالدى بىلەن بۆرە باشلىق بايراققا تەزىم قىلىپ ئاندىن ئولتۇرىدىغان ئەنئەنىۋى مۇراسىم ئادەتلىرى خاتىرىلەنگەن. شۇنىڭدەك «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز «شۇڭقاردەك باتۇر دېگەنلىك» دەپ قەيت قىلىنغان. بۇندىن باشقا تارىختا ئۆتكەن قاغانلارنىڭ «بۇقاخان»، «ئارىسلان خان»، «بۇغراخان» دېگەن ئۇنۋانلارنى قوبۇل قىلىشى، ئاق ئاتنى جەڭدە غەلىبە قىلىشنىڭ سىمۋولى قىلىشى، ئەجدادلىرىمىزدا (ھازىرمۇ) «ئات جەڭگە يارىتىلغان» دەپ ئەتىۋارلىنىشى؛ خەلق ئىچىدىكى ھېكايە-چۆچەكلەردە «سۇمرۇغ» دېگەن قۇشنىڭ تەڭدىشى يوق باتۇر قۇش سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىشى؛ قارلىغاچنىڭ ئادەمزاتنىڭ دوستى سۈپىتىدە ئوبرازلاشتۇرۇلۇشى؛ كۆكتە پەرۋاز قىلىدىغان دۇلدۇللار،

خاسىيەتلىك بىلىقلار. . . ، خاسىيەتلىك مېۋىسى شىپالىق دەرەخلەر توغرىسىدىكى ئوبرازلىق تەسۋىرلەش يىراق ئەجدادلىرىمىزنىڭ هايۋانات، ئۇچار-قانات، دەل-دەرەخلەرنىمۇ مۇقەددەس بىلىپ، چوقۇنۇپ ئېتىقاد قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېتىقادىنىڭ ئىز-قالدۇقلىرى هازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: بەزى جايلاردا (مەسىلەن، قارا قۇرۇم، لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا) بۆرە بار يەردە چارۋا-مال ئاينىيدۇ، دېگەن ئەقىدە بىلەن ئاسانلىقچە بۆرە ئوۋلىمايدۇ؛ «يامان كۆزلەردىن ساقلايدۇ. قارا باسمايدۇ» دەپ بوۋاقلارنىڭ پوسمىسىغا بۆرە هوشۇقى تاقاپ، بۆشۈكىگە بۆرە ئوشۇقى ئېسىپ قويۇلىدۇ. چوڭلار يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى ئوغۇلمۇ-قىزمۇ دەپ سوراش ئورنىغا «بۆرىمۇ-تۈلكىمۇ» دەپ سورايدۇ. سەپەرگە چىققانلار «توغرا كەلگەن بالا-قازادىن ساقلايدۇ. سەپەرگە چىققانلار «توغرا كەلگەن بالا-قازادىن ساقلايدۇ، قەست ئۆتمەيدۇ» دەپ يېنىدا بۆرە هوشۇقىنى ئېلىپ يۈرىدۇ، «كۆز تەگمەيدۇ» دەپ باغۋاران-ئېتىزلىقلارغا ئات بېشى ئېسىپ قويۇلىدۇ. بەزى جايلاردا قىيىن تۇغۇت تۇپەيلى تەۋەللۇت قىلىش ئۈستىدىكى ئايال هوشىدىن كېتىپ ئۆلۈم خەۋپى كۆرۈلگەندە، بۇ هالەتنى «جىن-ئالۋاستىلار چېپىلىپ هال باستى» دەپ قاراپ ئۇ ئۆيگە قۇش قويۇپ بېرىدۇ، ئوۋچىلارنىڭ قۇشى بەزىدە ئادەمگە ئېتىلسا، شۇ ئادەم «جىنلىق ئادەم» دەپ هېسابلىنىدۇ. قارلىغاچ ئۇۋا ياسىغان ئۆي «قۇتلۇق بولىدۇ»، قارلىغاچنى ئۆلتۈرسە «يامان بولىدۇ»، «قولى تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ»، «يىلان يىللىق ئادەم بار ئۆيگە قارلىغاچ كىرمەيدۇ» دەپ قارىلىدۇ. قارلىغاچ ئۆيلەرگە كىرىپ تام-تورۇسلارغا ئۇۋا ياسىسا كىشىلەر ئۇنى قوغلىمايدۇ، هەتتا پېشايۋانلارغا ئۇۋا ياسىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىلىدۇ. مانا مۇشۇلارغا

ئوخشاش ئادەتلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ شۇنداق ئېتىقاد-ئەقىدىلىرىدىن قالغان ئىز-نىشانلاردىن ئىبارەت. ئەجدادلىرىمىزنىڭ هايۋاناتقا چوقۇنۇش ئېتىقادىنىڭ تەسىرى خەلق ئىچىدە تارقىلىپ كېلىۋاتقان قارلىغاچ توغرىسىدىكى مۇنۇ رىۋايەتتە ناهايىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن:

«بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، جىمىكى مەخلۇقلار زۇۋانلىق زاماندا، ئۇۋا ياسىماقچى بولۇپ قىل-قات، لاي ئالغىلى ساسلىققا چۈشكەن قارلىغاچ ئادەم، ئادەم... دەپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقانغان پاشىنى كۆرۈپ هەيرانلىقتا: پاشاجان نىمە بولدۇڭلار؟ دەپ سوراپتۇ. پاشا توختاپ: نىمە بولاتتىم، يىلان دوستۇم جاهاندىكى قايسى مەخلۇقنىڭ قېنى تاتلىق ئىكەن. بىلىپ كەلگەن بولساڭ دەپ يالۋۇرغانىدى. هەممىدىن ئادەمنىڭ قېنى تاتلىق ئىكەن. شۇڭا بۇ مەخلۇقنىڭ ئېتىنى يادىلاپ كېتىۋاتقىنىم، دەپتۇ. يىلاننىڭ غەرىزىنى بىلىپ ئادەملەرنىڭ هاياتىدىن غەم يېگەن قارلىغاچ: راست تاتلىقمىكەن؟ دەپ سوراپتۇ، تەمەنناخور پاشا: مەن قاچان يالغان ئېيتىپ باققان، ئىشەنمىسەڭ شوراپ باق، دەپ تىلىنى چىقىرىشىغا قارلىغاچ پاشىنىڭ تىلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېلىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. گاچا بولغان پاشا ئىلاجىسىز ۋىڭ-ۋىڭ قىلغان پېتى دوستى يىلان قېشىغا كېلىپ بولغان ۋەقەنى ئىشارەت بىلەن ئۇقتۇرۇپتۇ. يىلان دەرغەزەپتە ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن سازلىققا كېلىپ ماراپ يېتىپ لاي ئالغىلى كەلگەن قارلىغاچقا تۇيۇقسىز ئېتىلىپتۇ، هوشيار قارلىغاچ پۇر قىلىپ ئۇچقانىكەن، يىلان ئۇنىڭ قۇيرۇقىنىلا چىشلەپ قاپتۇ. قارلىغاچ شۇنىڭدىن بۇيان ئاچا قۇيرۇق بولۇپ قالغانىكەن. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان يىلان قارلىغاچنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇش پېيىگە چۈشۈپ، قارلىغاچ ئۇۋىسىنى ئىزدەپ ئۇنىڭ تۇخۇم ياكى بالىسىنى يەيدىغان بوپتۇ. قارلىغاچ بۇنىڭغا قارشى ياچىپەگ (بۆشۈك تەۋرەتكۈچ) نى

سالىدىغان بوپتۇ. قارلىغاچ يىلاننىڭ كەلگىنىنى سەزسىلا شۇئان ئېتىزلىقتىن ياچىبەگى دۇمبىسىگە قوندۇرۇپ كېلىپ ئۇۋىسىغا سېلىپ قويىدىكەن. يىلان ئۇۋىغا بېشىنى سوزۇش بىلەنلا ياچىبەگ ئېتىلىپ، ئالدى ئىككى پۇتى بىلەن يىلاننىڭ ئىككى كۆزىنى قۇيۇۋېتىپ قارلىغاچنىڭ تۇخۇم ياكى باللىرىنى ئامان-ئېسەن ساقلاپ قالىدىكەن. قارلىغاچ ئۇنى يەنە دۇمبىسىگە قوندۇرۇپ ئېتىزلىققا ئاپىرىۋېتىدىكەن. قارلىغاچ شۇڭا ياچىپەگنى باللىرىغا يەم قىلمايدىكەن».

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۆردەكلىكتىكى قەدىمكى قەبرىدىن چىققان ئاخىرەتلىك نەرسىلەر قاتارىدا «چاكاندا» مۇ چىققان، بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەل-دەرەخلەرگىمۇ چوقۇنغانلىقىنى چۈشەندۇرۇدۇ. رېئال تۇرمۇشىمىزدا ئۇچرايدىغان جىن-شاياتۇنلارغا قارشى باللارنىڭ بۆشۈكى ئاستىغا، ئۆي بۇلۇڭ، پەۋالىرىغا ئادراسمان ياكى ئالما قېقى، چاكاندىدا ئىسرىق سېلىش؛ يامان كۆزلەرنى ياندۇرىدۇ دېگەن ئەقىدە بىلەن باللارنىڭ پوسمىسىغا ياكى كېيىمىنىڭ ياقا، قولتۇقلىرىغا شۇنىڭدەك چوڭلارنىڭمۇ كىيىملىرىنىڭ ياقا، قولتۇقلىرىغا توققۇز تال ياكى يەتتە تال سىيادان تىكىپ قويۇش، ئۇجمىنى خاسىيەتلىك دەرەخ ھېسابلاپ ھەر ئائىلىدە ئىلاجى قىلىپ بىرەر تۈپتىن ئۇژمە ئۆستۈرىدىغان، ئۈزۈن يىللىق قېرى دەرەخلەرنى كېسىشنى يامان ئالىدىغان ئادەتلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەل-دەرەخكە چوقۇنۇش ئېتىقادىنىڭ ئىپادىلىرىدۇر.

## 4. ئەقىدە تۈسىنى ئالغان خۇراپاتلىق ئادەتلەر

خەلق ئىچىدە نوقۇل دىنىي خاراكتېر ئالغان ئادەتلەردىن تاشقىرى ئەجدادلارغا چوقۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەسىپ سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان پېرىخۇنلۇق، داخانلىق،

قەسىدىچىلىك، ئاچلاش (ئوت كۆچۈرۈش)، تۇمارچىلىق، پالچىلىق (رەمبالچىلىق، قۇرچىلىق) قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلغان سېھرى-ئەپسۇنكەشلىك ئادىتىمۇ مەۋجۇت. بۇ ئادەتلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئاڭ-ئېتىقادى بىلەن شامانىزم ئەقىدىلىرىنىڭ بىرىكىشىنىڭ مەھسۇلى، قامانلار تەرىپىدىن يارىتىلغان «ياخشى روھ»لار ئارقىلىق «يامان روھ»لار (جىن-شاياتۇنلار) نى قوغلاش ۋە ئۇلارنى «ئىشقا سېلىش» چارە-تەدبىرلىرىدىن ئىبارەت. بۇ ئادەتلەر كېيىنكى دەۋرلەردە، بولۇپمۇ فېئودالىمز دەۋرىدە تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ بىر خىل سىرلىق كەسىپ بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامىيەت شارائىتىغىمۇ ماسلىشىپ، ئۇنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. ئادەتتە فېئودال خۇراپاتلىق ئادەت (ئىدىيە) دېگىنىمىز دەل شۇنداق ئادەتلەرگە قارىتىلغان. بۇنداق ئادەتلەرنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ئۇچرايدىغان ئاساسلىق شەكىل-ئىپادىلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1) ئەجدادلارغا چوقۇنۇش. ① ياغ پۇرىتىش: ئۆلۈم-يېتىمدا مەخسۇس نەزىر-چىراغ قىلىشتىن تاشقىرى ئازنا-پەيشەنبە، ھېيت-ئايەم كۈنلىرى (ساڭزا سېلىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ساڭزا خېمىرىدا بەش-ئالتە پوشكال سېلىش)، سەپەرگە چىقىش ئالدىدا، «چۈش بۇزۇلغان» چاغلاردا مەخسۇس پوشكال سېلىنىپ ئاددىي دۇئا-تىلاۋەت ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇشۇنداق مەخسۇس پوشكال سېلىشتا ئالدىنقى ئىككى-ئۈچ پوشكال (قۇيماق) «يا-بىسمىللا، بۇۋىلىرىم، مومىلىرىمنىڭ روھىغا تەگسۇن!» ياكى «بۇۋىلىرىم، مومىلىرىمنىڭ روھى مەدەت قىلغاي» ياكى «ياھ، ئۆلۈغلىرىم-پىركامىللارنىڭ روھىغا تەگسۇن (... روھى مەدەت قىلغاي)!» دەپ سېلىنىدۇ (بۇ ئىبارىلەرنى ئادەتتە پوشكال سالغۇچى ئىچىدە ئوقۇيدۇ). ئادەتتىكى كۈنلەردە ئائىلە

ئاياللىرى تاماق ئېتىشتە قازانغا ماي قۇيۇشتىمۇ ئىچىدە ئاشۇ ئىبارىلەرنى يادلاپ تۇرۇپ ماي قۇيىدۇ. ئۇ ئادەت ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ياغ پۇرىتىش» ياكى «ھۇد سېلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا «ياغنىڭ پۇرىقى (ھىدى) كۆككە كۆتۈرۈلۈپ ئەجدادلارنىڭ روھىغا يېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ روھى يار-يۆلەك بولىدۇ» دېگەن ئەقىدە ئىپادىلەنگەن. ② ئەجدادلارنى ھۆرمەتلەپ ياخشى تىلەك بىلەن تىلغا ئېلىش: تۈگەپ كەتكەن چوڭلار توغرىسىدا گەپ-سۆز بولغاندا ئالدى بىلەن «مەرھۇمنىڭ (رەھمەتلىكنىڭ) ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي!» ياكى «مەرھۇمنىڭ (...) روھى قورۇنمىغاي، دەپ بولۇپ ئاندىن گەپ باشلىنىدۇ، تاماقتىن كېيىن «×××× نىڭ روھىغا تەگسۇن» دەپ دۇئا قىلىنىدۇ. ③ ياشانغان پېشقەدەملەر قان ئۈزگەن ئۆي ئەقىدىسى: پېشقەدەملەر يېتىپ-قوپۇپ جان ئۈزگەن ئۆيگە «ئۇنىڭ چىرىغى ئۆچمىسۇن» دەپ يەتتە كۈنگىچە (بەزىلەر قىرىق كۈنگىچە) تۈندە ئۈزۈلدۈرمەي چىراغ يېقىلىدۇ، بەزىلەر ئۆلگۈچىنىڭ «روھى غېرىپسىنىپ قالىدۇ» دەپ ئۇ ئۆيدىن ئاسانلىقچە كۆچمەيدۇ. ④ روھىناتلارغا داستىخان سېلىش: بۇ ئادەت ئاياللار ئىچىدە بىرقەدەر ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇلۇغلار، پىركامىللارنىڭ روھىغا سېغىنىپ مەخسۇس دۇئا تىلاۋەت قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە ياخشىلىق-ئامەت تىلەش مەقسىتىدە ھەر خىل ناز-نېمەتلەرنى ھازىرلاش بىلەن روھىناتلارغا ئاتاپ مەخسۇس داستىخان سېلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ئادەت «روھىناتلارغا داستىخان سېلىش» دەپ ئاتالغان. جەريانى مۇنداق:

داستىخان سالغۇچى كەچكۈز كۈنلىرىنىڭ مەلۇم بىر چارشەنبە كۈنىنى تاللاپ مېھمانخانا ئۆيىنى چىرايلىق جابدۇيدۇ. ئوتتۇرىغا چوڭ داستىخان سالىدۇ، داستىخاننى ئايلاندۇرۇپ يېكەنداز سالىدۇ. داستىخانغا قويۇلغان ھەرخىل ناز-نېمەتلەرى

www.uyghurkitap.com

ئايلاندۇرۇپ توققۇز ياكى يەتتە پىيالە قويۇلىدۇ. ھەربىر پىيالىگە توغرىلاپ ئاش، مانتا، سامبۇسا، جۇۋاۋا قاتارلىق تائاملاردىن ئاز-ئازدىن سېلىنغان تەخسىلەر قويۇلۇش بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا بىردىن يېڭى ياغاچ قوشۇق دۈم قىلىپ قويۇلىدۇ. ھەممە نەرسە تەق قىلىنغاندىن كېيىن داستىخان ھازىرلىغۇچى ئايال كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئارقىسىغا قارىماي ماڭغىنىچە ئىشىكنى ئوچۇق قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ، بىر كېچە-كۈندۈز كىرمەيدۇ. ۋاقتى-سائىتى توشقاندا كىرىپ قارىسا، ئارىلاپ قوشۇقلار ئۆڭدىسىغا بولۇپ قالارمىش. بۇ روھمۇناتلارنىڭ كىرىپ مېھمان بولغانلىقىنىڭ، ھاجەتمەننىڭ تەلىپىنىڭ ئىجاۋەت بولغانلىقىنىڭ بىشارىتىمىش. بۇ ئادەتنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، داستىخان سېلىش ھەركىتى ھويلا-ئارام ئەركىشىدىن خالىي قالغان چاغدا ئورۇندىلىدۇ ۋە ناھايىتى سىرلىق تۇتۇلىدۇ.

سېھرى — ئەپسۇنكەشلىك: بۇ قەسىدچىلىك، جادۇگەرلىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سېھرى — ئەپسۇنكەشلىك ئۇيغۇرلار ئىچىگىمۇ كەڭ تارقالغان بولۇپ، تۇرىمۇ كۆپ، يازما تارىخىي يادىكارلىقلارغا ئاساسلانغاندا، سېھىر-ئەپسۇنكەشلىك ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇرۇنلا كەڭ تارقالغان. بۇ توغرىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قۇلباق دىگەن بىر ئەۋلىيانىڭ «تەڭرىنىڭ قۇلى قۇلباق» دىگەن ئىبارىنى قارا تاشقا يازسا ئاق، ئاق تاشقا يازسا قارا چىقىدىغان كارامىتى[1]، يادا تاش ئارقىلىق يادا (سېھىر) قىلىنىپ يازدا قار ياغدۇرۇلغانلىقىنى ئاپتورنىڭ كۆرگەنلىكى[2]، بالىلارنى كۆز تېگىش ۋە جىن-ئالۋاستىلاردىن ساقلاش ئۈچۈن ئەپسۇن ئوقۇپ «ئىسرىق، ئىسرىق» دەپ

---

① شۇ ئەسەر، 1-توم، 620-بەت.
② شۇ ئەسەر، 111-توم، 1-، 2-بەتلەر
③ شۇ ئەسەر، 1-توم، 134-بەت

ئىسىرنقدايدىغانلىقى[3]، «جىن تەگكەن ئادەمنى داۋالاشتا يۇزىگە سۇ سېپىپ تۇرۇپ «قۇۋۇچ-قۇۋۇچ» دەپ ئادىراسمان ۋە ئۇد ھىندى بىلەن ئىسىرىق سېلىنىدىغانلىقى[1] قاتارلىق ئادەتلەر توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن. روشەنكى رېئال تۇرمۇشىمىزدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان، سىرلىق ھېسابلىنىدىغان «يادا تاش» سۆزى ئەنە سۇ «يادا» سۆزىدىن كېلىپ چىققان. شۇنىڭدەك تېخى يېقىنقى دەۋرلەرگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن يادا تاشقا ئايەت ئوقۇپ سۇ، يامغۇر تىلەپ زاراخەتمە ئۆتكۈزۈش ئادىتى قاتارلىق ئادەتلەرمۇ ئۆز دەۋرىدىكى «يادا» قىلىش ئادىتىنىڭ داۋامى.

سېھرى-ئەپسۇنكەشلىكنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ئۇچرايدىغان تۈر-شەكىللىرى: ① قەسىدىچىلىك: بۇمۇ بىر خىل كەسىپ سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خۇراپى ئادەت بولۇپ، ئادەتتە قەسىدە ئوقۇتۇش (ئوقۇش)، جۇدا قىلىش (قىلدۇرۇش)، ئىسسىتقۇ قىلىش (قىلدۇرۇش) ۋە سوۋۇتقۇ قىلدۇرۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قەسىدە ئوقۇغۇچىلار خەلق ئىچىدە ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ، ھەر خىل مۇشكۇلچىلىكلەرنى ئاسانلاشتۇرغۇچى دېگەن ئاتاقتا ئىگە. شۇڭا كىشىلەر، بولۇپمۇ ئاياللار ئۇلارغا تولاراق ئەقىدە باغلاپ «ھال» ئېيتىپ بارىدۇ. قەسىدىچىلەر كەلگەن ھاجەتمەنلەرنىڭ تەلىپىگە قاراپ قەن-ناۋات، چاي، رەخت، قورچاق، سارقىندى تۇخۇم قاتارلىق نەرسىلەرگە سېھرى-ئەپسۇن يەنى قەسىدە ئوقۇپ بېرىدۇ. بۇ «ئوقۇلغان» قەنت-ناۋات ياكى چاي بىلەن چاي دەملەپ نىشانلىغان ئادەمگە ئىچۈرۈلسە، رەختە كۆڭلەك ياكى ئىشتان تىكتۇرۇپ كىيدۈرۈلسە، شۇنى ئىچكەن ياكى كىيگەن قىز (ئايال) بولسا، يىگىتكە (ئەرگە)، ئەگەر يىگىت (ئەر) بولسا، قىز (ئايال)غا ئاشىق (رام) بولارمىش ياكى ئۇلار

① شۇ ئەسەر، 111-توم، 223-بەت.

ئوتتۇرىسىدا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ مۇناسىۋىتى بۇزۇلارمىش، شۇڭا بۇ «ئىسسىتقۇ» ۋە «سوۋۇتقۇ» دەپ ئاتالغان. شۇنىڭدەك بەزى كۈندەش، ھەسەتخور رەقىبلەر ئوقۇلغان قورچاق ياكى سارقىندى تۇخۇمنى رەقىبىنىڭ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسى ئاستىغا كۆمۈپ تاشلايدۇ. مۇنداق قورچاقنىڭ بېشى-كۆزىگە ۋە كۆكرىكىگە يىڭنە سانجىلغان بولىدۇ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قورچاققا سانجىلغان يىڭنىلەر ياكى سارقىندى تۇخۇم چىرىگەندە قەستدە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەرمىش. نىشانلانغۇچى ئايال بولسا، ئىسسىتقا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلەرمىش، ئەر بولسا، ئالدى باغلىنىپ قالارمىش. بۇ بەزى جايلاردا «جۇدۇ قىلىش» ياكى «جادۇ» قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بەزى كېلىنى بىلەن چىقىشالمىغان قېيىن ئانىلار كېلىنىنىڭ ئوغلى بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىقىغا قاراپ ئوغلۇمغا قېيىن ئانىسى «ئوقۇتۇۋەتكەن» دەپ باشقىلارغا دادلاپ بېرىدىغان ئادەتمۇ ئاشۇ خۇراپىي ئەقىدە ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

② قان قىلىش: كىشىلەرقەستىچىلىككە بولغان ئەقىدىسى بويىچە بەزى پۇت، بەل ئاغرىقى قاتارلىق سۆرەلمە ئاغرىقلارنى ۋە بەزى بىر نەرسە كىرىپ-سانجىلىپ كەتكەن بانا-سەۋەبلەر بىلەن يۇقۇملىنىپ پەيدا بولغان سۆرەلمە چاقا-جاراھەتلەرنى قەستىچىلەرگە ئوقۇتىدۇ. قەستىچىلەر مۇنداق ھاجەتمەنلەر كەلگەندە كېسەلگە قاراپ «شامال دارىپتۇ»، «خىزىر ياكى قىتمىر غوجام ئۆتىدىغان يولغا ھاجەت قىلىپ قويۇپتۇ»، «ئىگىلىك يەرگە بىتەرەت دەسسەپ سايتۇ»، «ئىگىلىك يەردىكى ياكى قىتمىر غوجامنىڭ چۈشكەن يېرىدىكى دەرەخنى كېسىپ قويۇپتۇ» دېگەندەك «دىئاگنوز»لارنى قويىدۇ. قارا قوي ياكى ئۇچ-تۆت قارا توخۇغا يەتتە كۈن ئوقۇپ ئاندىن شۇ «گۇمانلىق» يەرگە قان قىلىش زۆرۈرلىكىنى ئېيتىدۇ. ھاجەتمەننىڭ ھازىرلىقى پۈتۈشى بىلەن «ئوقۇش» باشلىنىدۇ، «ئوقۇش»

جەريانىدا ئاغرىق ياتقان ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا تۆت دانە نۆچكا يېقىقلىق تۇرىدۇ. «ئوقۇش» تۈگىگەندىن كېيىن شۇ ئۆينىڭ ئەتراپىغا يەتتە كۈنگىچە يەتتە يەرگە نۆكچە يېقىلىشى شەرت، موللام ئوقۇيدىغىنىنى ئوقۇپ بولۇپ قوينى گۇمانلىق يەرگە قان قىلىدىغىنىنى ئېيتىپ، توخۇدىن بىرەرسىنى ئاغرىقنىڭ كۆز ئالدىدىدا قان قىلىپ ئالىدىغاننى ئېلىپ ماڭىدۇ، دېمەك شۇنداق ئوقۇپ، قان قىلىنغاندىن كېيىن ئاغرىق تەدرىجىي ساقىيارمىش. شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ داۋالاش ئۇسۇلى «قان قىلىش» دەپ ئاتالغان. خەلق ئىچىدە بەزى خېيىم-خەتەردىن ئامان قالغاندا ياكى چۈشى بۇزۇلۇپ خەتەرلىك ھېس قىلغاندىمۇ بىرەر مالنى ئۆلتۈرۈپ خالىس نەزىر قىلىش ئادىتى؛ «غايىپ غەزىنە» ئۇچراپ قالغاندا بىر مالنى، ھېچبولمىغاندا قول بارماقلىرىنىڭ بىرىنى چىشلەپ بولسىمۇ قان قىلىش، دېگەن ئەقىدىلىك قاراشمۇ ئاشۇ «قان قىلىش»تىن كېلىپ چىققان. ③
كۆچۈرۈش: كىچىك بالىلار تۇيۇقسىز ئاغرىپ قېلىپ ساقىيالماي بارغانسېرى ئورۇقلاپ، ئاجىزلىشىش ھالىتى يۈز بەرسە كىشىلەر بۇنىمۇ يۇقىرىقىدەك ئەقىدە بويىچە «شامال دارىغانلىقتىن بولغان» ، «يامان نەرسە-جىن چاپلاشقانلىق» دەپ قاراپ موللام، بۈۋۈملەرگە ئوقۇتىدۇ. بۇ «كۆچۈرۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئورۇندىلىشى مۇنداق:
ئاغرىغۇچىغا سىمۇول قىلىپ (ئوغۇل بولسا، ئوغۇلچە، قىز بولسا قىزچە) چىرايلىق قورچاق ياسىلىپ، چىرايلىق كىچىك داستىخان ۋە تۇتۇلمىغان بىر كىچىك تاۋاق ھازىرلىنىدۇ، يەتتە ئۆيدىن بىر بۇردىدىن نان تىلەپ كېلىنىدۇ، موللام ياكى بۈۋۈم بالىغا ئەپسۇن ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھېلىقى يەتتە بۇردا نانغا سۈپكۆشلەپ بالىنىڭ بېشىدىن ئايىغىغا قەدەر يەتتە قېتىم «كۆچ-كۆچ» دەپ ئايلاندۇرۇپ چىقىدۇ. ئاندىن تۇن يېرىملاشقاندا قورچاق كىشىگە تۇيدۇرۇلماي يولنىڭ

دوقمۇشىغا ئېلىپ بېرىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلۇش بىلەن ھېلىقى داستىخان ئالدىغا سېلىنىدۇ، ئۈستىگە سۈپكۈشلەنگەن يەتتە بۇردا نان سېلىنىپ ھېلىقى تاماق قويۇپ قويۇلىدۇ، بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ بارغۇچى ئىشنى تۈگىتىپ ئارقىسىغا قارىماي ئۆيگە يېنىپ كېلىدۇ. بەزى جايلاردا يەتتە بۇردا نان ئورنىغا يەتتە ئۆيدىن ئاز-ئازدىن قۇرۇق ئۇن تىلەپ، ئۇنىڭدا چامغۇرلا توغرالغان قۇرۇق سۇيۇقئاش ئېتىلىدۇ. ئاش تەييار بولغاندا، بالا يالىڭاچلىنىپ ئۇنىڭ ھورىدا ھوردىتىلىدۇ (باشقا جەريانلىرى يۇقىرىقىدىكى ئۇسۇلغا ئوخشاش). بۇ «ئاۋاق ئېشى» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى جايلاردا بولسا، جىن-شاياتۇنلارنى قوغلاش مەقسىتىدە يەتتە تۈگمەندىن ئۇن توزانى تىلەپ كېلىنىپ، سەيشەنبە چىقىپ چارشەنبە كىرىش ئاخشىمى ئاغرىق بالىنى يالىڭاچلاپ بەدىنىگە يەتتە قېتىم سۈرۈلىدۇ. بۇ «توزلاندۇرۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. تۈگمەندىن ئۇن توزانى تىلىنىشى ئادەتتە تۈگمەننىڭ خىلۋەترەك كېلىشىدىن، جىنلارنىڭ ماكانى دەپ قارالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ④

ئاچلاش: بوۋاقلار تولىدىن-تولىسىغا جىغايىنغۇسى كېلىپ يىغلاپ بىئارام بولسا ۋە ياس-ئۆسمۈرلەر ھەتتا ياش قۇرامىغا يەتكەنلەر مېھماندارچىلىق ياكى تالا-تۈزدىن يانغاندا تۇيۇقسىز مەيدىسى ياكى قورسىقى ئاغرىپ كەتسە، بۇ كىشىلەرنىڭ «ئېچى كىرىپتۇ» ياكى «ئۆتى تۇتۇپتۇ»، «كۆدە بوپتۇ» دەپ قارىلىپ بۇۋۇملەرگە ياكى بۇۋۇملەردىن ئۆدۈم ئالغان ئاياللارغا ئوقۇتۇلىدۇ. بۇ «ئاچلاش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئورۇندىلىشى مۇنداق:

بىر پىيالىگە لىق كېپەك ئېلىنىپ دۈم قىلىنىپ داكا ياكى داسمالغا ئورۇلىدۇ. ئاچلىغۇچى ئۇنى قولىغا ئېلىپ ئىچىدە ئوقۇغاچ پىيالىنىڭ ئاغزى تەرىپىگە ئۈچ قېتىم ھۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن بوۋاقنىڭ (ياكى ئاغرىغۇچىنىڭ) پېشانىسىدىن تا

ئايىغىغىچە «كۆچ-كۆچ! بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟ ئەسكى تۇگمەن (تامىلىق) گە بار! قوشۇما قاشقا بار! يالغۇز دەرەخكە بار! ئۆزۈڭگە كىرىگەنگە بار! قوش خوتۇنلۇققا بار!» دەپ جىنلارغا خىتاب قىلىپ، ئالا قويماي نۇقۇپ چىقىدۇ. بۇ ھەرىكەت شۇ تەرىقىدە ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىدۇ. كېپەك يوق شارائىتتا ئاشلىغۇچى كېپەك ئورنىغا ئالىقىنىغا يەتتە بۇردا نان ئېلىپ ئاچلايدۇ. ئاچلىغۇچى ئاچلاش جەريانىدا ئەسنەك ئارىلاش «ھۇڭ!» دەپ تۇرىدۇ. «كىشى بىر نەرسە يېگەندە يېگۈسى كېلىپ قارىسا ئېچى كىرىپ قالىدۇ»، «كۆرمىگەن بىرىگە ھەۋەسلىنىپ قاراپ قالسا، ئوتى تۇتۇپ قالىدۇ» دەپ يامان ئالىدىغان ئادەت شۇ ئەقىدە ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. ⑤ ئوت كۆچۈرۈش: ئەتىگەن-كەچ تەرەپلەردە كىشىنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ، تىترەك بېسىپ ئاغرىسا «ئۇچۇنۇپتۇ»، «قوقاقداپتۇ» دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭ سەۋەبىمۇ شامال دارىغانغا تاقىلىش بىلەن ئوت كۆچۈرۈلىدۇ:

ناماز شام ۋاقىتلىرىدا يەتتە ھويلا جايلاشقان كوچا ئارىلىقىدىن ياكى تۆت كوچا ئاغزىدىن چوگا-تەمەچ تېرىپ كېلىنىپ، ئۇ بەلگۈرجەككە تىزىلىپ، ئۈستىگە ئازراق كېپەك سېپىلىدۇ. ئاندىن ئاغرىقنى قىبلىگە قاراپ ئولتۇرغۇزۇپ، تەمەچكە ئوت يېقىلىدۇ. بۇ جەرياندا «ئوت كۆچۈرگۈچى» ئىچىدە «ئوقۇپ» تۇرىدۇ. ئوت تۇتىشىپ ئىس چىقىش بىلەن تەڭ ئاغرىقنىڭ بېشى-كۆزىگە سۇپكۆشلەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بېشىدىن پۇتىغا بارغۇچە ئارىلىقنى يەتتە قېتىم ئايلاندۇرۇپ چىقىدۇ. شۇڭا بۇ «ئوت كۆچۈرۈش» دەپ ئاتالغان. بەزىلەر بىر باغلام قارا سۆگەت قېپچىسىنى سوغۇق سۇغا چىلاپ تۇرۇپ، ئاغرىقنىڭ كېيىمىنى قايرىپ تۇرۇپ دۈمبىسىگە «كۆچ-كۆچ» دەپ ئۈچ قېتىم ئۇچۇغلايدۇ. بۇ ھەرىكەتمۇ پەقەت نامازشام ۋاقتىدىلا ئورۇندىلىدۇ. بۇمۇ ئوت كۆچۈرۈشنىڭ بىر تۈرى

بولۇپ «ئۆچۈغداش» دەپ ئاتىلىدۇ. ⑥ چاچراتقۇ سېلىش: كىچىك باللارنىڭ ئېغىز مانىغا ئۇششاق سۇلۇق چاقا چىقىپ بىرى ساقىيا-ساقايمايلا يەنە بىرى چىقىپ يۈزى-كۆزىنى بېسىپ كەتسە بۇ «چاچراتقۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبىمۇ جىن-شاياتۇنلارغا تاقىلىپ «كۆل-ئەخلەتخانىغا تەرەتكە ئولتۇرۇپ قويغانىكەن ياكى قوغۇن شاپىقىغا سىيىپ قويغانىكەن» (ئەپسۇنچىلار ئەخلەت، كۆل تۆكۈلىدىغان يەرلەرمۇ يامان روھلارنىڭ ماكانى دەپ قارايدۇ) دەپ «دىئاگنوز» قويۇلىدۇ. ئۇلارچە بۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرىمۇ ھەرخىل، مەسىلەن، ① موللام، بۈۋۈملەر ئۈچ كۈن ياكى يەتتە كۈنگىچە ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئايەت ئوقۇپ تۇرۇپ چاچراتقۇ ئۈستىگە ئۈچ قېتىم سۈپكۈشلەپ «تۈكۈرۈپ» قويىدۇ. ② قۇرۇق قوغۇن شاپىقىنى سوقۇپ، كېپەككە ئارىلاشتۇرۇپ چوغ ئېلىنغان بەلگۈرجەككە سېلىش بىلەن بالىنىڭ بېشى-كۆزى ئىسرىقدىنىدۇ. بۇ ئۇسۇل پات-پات قوللىنىلىدۇ. بۇ ھەرىكەت ئۆينىڭ ئايال خوجايىنى تەرىپىدىن ئورۇندىلىدۇ. ③ پاق-پاق سېلىش: يەتتە ئۆيدىن بىر قوشۇقتىن ئۇن تىلەپ چىقىپ كەپتەر تۇخۇمى چوڭلۇقىدا ئۈچ پارچە خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. ئاندىن بۇ ئۈچ پارچە خېمىر بىرلەشتۈرۈلۈپ توقاچ زۇۋۇلىسى چوڭلۇقىدا زۇۋۇلا قىلىنىدۇ. موللام ياكى داخان ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئوقۇپ، ھۈرۈپ تۇرۇپ قوقاسقا كۆمىدۇ ۋە داۋاملىق ئوقۇپ قوقاسقا ھۈرۈپ ئولتۇرىدۇ. خېمىرغا قىزىق ئۆتۈپ بىر ئازدىن كېيىن «پاق» قىلىپ ئېتىلىپ چىچىلىپ كېتىدۇ. موللام (داخان) «مانا ئايەتنىڭ كۈچى، خېمىر يېرىلىپ چىچىلىپ كەتتى، ئەمدى چاچراتقۇمۇ كۆچىدۇ» دەپ ئالدىغانلىقىنى ئېلىپ يولىغا راۋان بولىدۇ. ④ ياندۇرۇش: كىچىك بالا تۇغۇلۇشتا كۆزى ئاجىز تۇغۇلۇپ، بارا-بارا ئەلەس بولۇش ياكى ئاق چۈشۈش خەۋپى تۇغۇلسا ياكى چوڭلارنىڭ



www.uyghurkitap.com

كۆزىگە ئاق چۈشۈپ قالسا، بۇمۇ «شامال دارىغانلىق» دەپ قارىلىپ موللام (داخان) لارغا ئوقۇتۇلىدۇ. ئورۇندىلىشى: موللام (داخان) بۆرە ئۆلتۈرۈلگەن پىچاق تاپتۇرۇپ كېلىدۇ، ئەگەر ئۇنداق پىچاق تېپىلمىسا، قارا توخۇ ياكى كۆك كەپتەرگە ئوقۇپ ئۇنى بوغۇزلايدۇ. ئاندىن شۇ قان يۇقى پىچاقنى (بۆرە ئۆلتۈرگەن پىچاقنى)، ئاغرىقنىڭ كۆزىنىڭ ئاستىدىن ئۈستىگە قارىتىپ ئۈچ قېتىم ياندۇرمىلاپ قايرىيدۇ. شۇڭا بۇ «ياندۇرۇش» دەپ ئاتالغان. ⑤ پېرىخۇنلۇق (داخانلىق، باخشىلىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ): پېرىخۇن — ئەپسۇنچىلارنىڭ پىر ئۇستازى دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ سېھىرى-ئەپسۇنكەشلىكنىڭ مۇھىم بىر تۈرى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بىرىنچىدىن، بىر يۈرۈش قائىدە-يوسۇنلىرى، قورال ۋە مەخسۇس كىيىملىرى بولۇپ، ئادەتتە ئىككى-ئۈچ داخان (باخشى) بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئادەتتە نېرۋا خاراكتېرلىك سەۋدا، باش ئاغرىقى، شەقىقە ۋە تۇغۇتتىن قالغان ھەر خىل كېسەللىكلەرگە ئوقۇشنى ئاساس قىلىدۇ، ئۈچىنچىدىن، جىن-شاياتۇنلارنى غەيرىي مۇسۇلمانلار جىنى ۋە مۇسۇلمان جىنى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىيدۇ، ئۇلارنىڭ ئوقۇپ داۋالاش ئۇسۇلى مۇنداق: باخشىلار ئاجايىپ-غارايىپ جەندە-كۇلالىرىنى كىيىشىپ تەق بولىدۇ. ئاندىن ئۆي قاراڭغۇ قىلىنىپ ئوتتۇرىسىغا قوزۇق قېقىلىدۇ، ئۇنىڭغا چۈپۈردا ئىشلىگەن ئارغامچا باغلىنىپ، ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچى تۇغلۇككە باغلىنىدۇ. مانا بۇ «تۇغ باغلاش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئارغامچىنىڭ تۇغلۇككە باغلانغان قىسمىغا ئالىيېشىل قىيىقچا لاتىلار چىگىلگەن بولىدۇ. ئارغامچا باغلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاغرىقنى مەھكەم تۇتقۇزۇپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. بۇ چاغدا باخشىلار سۇرلۇك قىياپەتكە كىرىپ ئاغرىقنى چۆرۈدەپ ئۆرە تۇرۇش بىلەن چوڭ باخشى ئەپسۇن-ئەرۋىش ئوقۇشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا

ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭى ۋە تاملىرىغا نۆكچە يېقىلىدۇ. قالغان باخشىلار ئۇنىڭغا تەگكەش قىلىپ داپ چېلىشقا باشلايدۇ. ئاندىن ئاغرىق ئۆرە تۇرغۇزۇلۇپ داپ ساداسى ئىچىدە پىرقىراتقۇزۇلىدۇ. چوڭ باخشى ئارىلاپ قولىدىكى قارا سۆگەت تايىقى ياكى ئېشىلگەن لاتا «قامچا» بىلەن پىرقىراۋاتقان ئاغرىقنى ئۇرۇپ-ئۇرۇپ قويىدۇ، ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىنىمۇ ئۇرۇپ چىقىدۇ. ئەپسۇن-ئەرۋىش ئوقۇشنىڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۇشى ۋە چوڭ باخشىنىڭ ھەدەپ ئۇچۇغدىشىغا ئەگىشىپ ئاغرىقنىڭ پىرقىرىشىمۇ تېزلىشىپ ئاخىرى ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن باخشىلارنىڭ ئوقۇشىمۇ توختاپ «داۋالاش» ئاخىرلىشىدۇ. بۇ خىل «داۋالاش»، «پېرى ئوينىتىش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە تۇغنىڭ بىر ئۇچىنىڭ تۇڭلۇككە باغلىنىشى كۆكتە ئايلىنىپ يۈرگەن روھسىناتلارغا سېغىنىشنى، بىر ئۇچىنىڭ يەرگە باغلىنىشى جىن-شاياتۇنلارنى جەھەننەمگە قوغلاشنى مەقسەت قىلغان. دېمەك، ياخشى روھلار تۇڭلۇكتىن كىرىپ يامان روھلارنى جەھەننەمگە قوغلارمىش، بۇنىڭ بىلەن ئاغرىق ساقىيارمىش.

بۇنىڭدىن باشقا باخشىلار يەنە بەزى سوزۇلما بەل، پۇت ئاغرىقلىرىنىمۇ «كەتمەن بېسىش» ئۇسۇلى بىلەنمۇ «داۋا» لايدۇ. باخشىلار ئالدى بىلەن بىر كەتمەننى ئوتتا قىزدۇرىدۇ. كەتمەن قىپقىزىل ھالەتكە كەلگەندە ئىچىدە «ئوقۇغاچ» تاپىنىنى كەتمەنگە بىر سۈرتۈۋېتىپ ئاندىن كېسەلنىڭ ئاغرىغان يېرىگە پۇتىنى سۈرتىدۇ. شۇ تەرىقىدە ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ. شۇڭا بۇ «كەتمەن بېسىش» دەپ ئاتالغان.

پالچىلىق: پالچىلىق «رەمبالچىلىق، قۇرچىلىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇمۇ شامانىزىم ئەقىدىلىرىدىن قالغان سېھرى-ئەپسۇنكەشلىكنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئىچىگە قەدىمكى دەۋرلەردىلا كەڭ تارقالغان. V ئەسىرگە ئائىت

تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان پال چوكىلىرى ۋە IX ئەسىرگە ئائىت «ئىرق پۈتۈك» (پالنامە) ۋە ھېكايە، چۆچەكلەردىكى كىشىنىڭ مۇشكۇلچىلىكىنى ئاسانلاشتۇرغۇچى سۈپىتىدە يارىتىلغان «خىزىر ئەلەيھىسسالام» (قۇرئانداز دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ ئوبرازى، خان-پادىشاھلارنىڭ «ئەقىلدارلىرى» سۈپىتىدە يانلىرىدا قۇرئاندازلاردىن ئايرىلمايدىغانلىقلىرى توغرىسىدىكى بايانلار ئەنە شۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ئەقىدە-ئادەت ئىسلامىيەتكىمۇ ماسلاشتۇرۇلۇپ رىسالىلىك كەسىپ سۈپىتىدە سەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. پالچىلار دانىيال ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىنىڭ پىرى ھېسابلايدۇ. شۇڭا پال سالغاندا «پاھ! مېنىڭ پالىم ئەمەس، دانىيال ئەلەيھىسسالامنىڭ پالى» دەپ تۇرۇپ پال سالىدۇ. بۇ ھال ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە بازار تېپىشىغا سەۋەب بولغان.

پالچىلىقنىڭمۇ تۈرى بىر قەدەر كۆپ. ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئاساسەن رىسالىگە قاراپ پال ئېچىش (سېلىش)، تاش-مارجان (قوناق-قۇمۇلاق) ۋە چوكا بىلەن پال سېلىش كۆپرەك ئۇچرايدۇ. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە بېلىقنىڭ دولا سۆڭىكىنى ئوتقا سېلىپ پال سېلىش ئادىتى بىر قەدەر ئومۇملاشقان. بۇنىڭدا سۆڭەكتە پەيدا بولغان قاپارتمىلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، قاپارتمىلارنىڭ توپ-شالاڭلىقى، ئايرىلىقنىڭ كەڭ-تارلىقى قاتارلىق ھالەتلەرگە قاراپ مەنە ئېيتىش ئاساس قىلىنغان. پالچىلار ئىچىدە رىسالىگە قاراپ پال ئاچقۇچىلار بىر قەدەر داڭلىق بولۇپ، ئادەتتە ئۇلار يۇرت ئايلاپ يۈرىدۇ. بەزى ھاجەتمەنلەر يۇرت كېزىپ يۈرۈپ شۇنداق پالچىلارنى ئىزدەپ تېپىپ پال سالدۇرىدۇ. پالچىلارغا ھاجىتى چۈشىدىغانلار تولاراق مال-ۋارانلىرى يۈتكەن (ئوغرىلانغان) لەر، يىراقتىكى ۋە سەپەر ئۈستىدىكى يېقىنلىرىنىڭ ھال-ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولماقچى بولغانلار، ئۆمۈر-تەلەي

سىناپ كۆرگۈچىلەر ۋە چۈش ئۆرۈتمەكچى بولغانلاردىن ئىبارەت.

پالچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئالدى بىلەن ھاجەتمەنلەرنىڭ روھىي ھالىتىگە، مۇددىئاسىغا دىققەت قىلىدۇ. چۈنكى بەزىلەر «ماڭا بىر پال ئېچىپ باقسىلا» دەپ كەلسە، بەزىلەر پال سالدۇرماقچى بولغان مۇددىئاسىنى ئېيتىدۇ. پالچىلارنىڭ شۇنىڭغا قاراپ رىسالىسىنى ئېچىپ بىردەم قاراپ ئولتۇرۇپ ياكى پال دەستۇر قېپىنى يەرگە يېيىتىپ (بەزىلەر يەرگىلا)، ئۈستىگە تاش-مۇنچاقلىرىنى ياكى پال چوكىسىنى قويۇش بىلەن ئۇياق-بۇياققا ئايرىپ، ھەر خىل شەكىللەرنى چىقىرىپ، ئاندىن ھاجەتمەندە مەلۇم بىر ئۈمىد ھاسىل بولغۇدەك قىلىپ «پالىڭىز مۇنداق چۈشتى، بۇ. . . نىڭ بېشارىتى» دەپ سۆزلەيدۇ. مەيلى تاش-مۇنچاق ياكى پال چوكىسى بولسۇن ھەممىسىدە تەخمىن سان بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ 43 دانە (تال) بولسا، بەزىلەرنىڭ 38، بەزىلەرنىڭ 28 دانە (تال) كېلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق رايونلىرىدا يەنە بىر خىل پال تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەتتىكى پال تۈرلىرىدىن بىر پەرقى، چوكا ياكى تاش-مارجانلارنى ئالدى بىلەن تۆت قۇر تىزىپ كېيىن بۆلۈكلارغا ئايرىپ، تاق-جۈپلىرىگە قاراپ 16 خىل شەكىل چىقىرىلىدۇ. بۇ 16 خىل شەكىلنىڭ ئۆزىگە خاس نامى بولىدۇ. ھاجەتمەنگە سۆزلىگەندە بۇ 16 خىل شەكىلنىڭ نامىغا 16 پەيغەمبەرنىڭ نامى ۋە كۈن، ئاي، يۇلتۇز، ئوت، سۇ، شامال ھەم ھەپتە يەتتە كۈننىڭ نامى شېپى كەلتۈرۈلۈپ سۆزلىنىدۇ. پال تۈرلىرى ئىچىدە بۇ پال بىرقەدەر مۇرەككەپ، نامىمۇ غەلىتە بولۇپ، «ئۇستۇرلاپ پالنامىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا پالنىڭ قولنىڭ ئالىقىنىغا قاراپ ئاچىدىغان بىر تۈرىمۇ بار. پالچى ھاجەتمەننىڭ ئالىقىنىنىڭ

ئىچىدىكى سىزىقلارنىڭ شەكلى، شاخچىلىرى ۋە قوشۇلغان-قوشۇلمىغانلىقى، قايسى نۇقتىدا ۋە قانداق شەكىلدە قوشۇلغانلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تەبىر ئېيتىدۇ. ئېيتىلىدىغان تەبىر ئاساسەن «تەلەيلىك ئىكەنسىز؛ قولىڭىز ئوچۇقكەن؛ پىششىق ئادەم بولىدىكەنسىز؟ × نىكاھلىق بولىدىكەنسىز؟ × پەرزەنت كۆرىدىكەنسىز» دېگەن دائىرىدىن چىقمايدۇ. شۇڭا بۇ «ئالىقان پال» دەپ ئاتالغان.

چۈشكە تەبىر بېرىش: چۈشكە تەبىر بېرىش ئەسلى پالچىلىقنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇپ، كېيىنچە تەدرىجىي ئۇدۇملۇق ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. شۇڭا ياش قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى چۈشكە تەبىر بېرىۋېرىدۇ. IX ئەسىرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «ئىرق پۈتۈك» نى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا «چۈش تەبىرى» ياكى «چۈش تەبىرنامە» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا چۈش تەبىرىگە ئائىت نۇرغۇن بايانلار بار. ئۇنىڭدا كىشىنىڭ چۈشىدە كۆرگەن ھەرخىل شەيئىلەر بىر خىل ياخشىلىق-يامانلىقنىڭ سۈرى سۈپىتىدە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى چۈشكە تەبىر بېرىشتە خەلق ئىچىدە ھازىرمۇ ئەينەن قوللىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، قارا قۇش كۆرۈپ چۈشىسە ئامەتلىك بولىدۇ (ئاسماندا) ئۇچۇپ چۈشىسە پايدا ئالىدۇ، قوي پادىسى كۆرۈپ چۈشىسە باي بولىدۇ، بۆغا كۆرۈپ چۈشىسە بالا-قازادىن قۇتۇلىدۇ. ئورۇق ئات مىنىپ چۈشىسە كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىدۇ، قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ھازىر خەلق ئىچىدە قوللىنىۋاتقان تەبىرلەرنىڭ ھەممىسى «ئىرق پۈتۈك» تىكى ياخشىلىق-يامانلىقنىڭ سۈرى قىلىپ بايان قىلىنغان شەيئىلەرگە تەقلىد قىلىنغان، مەسىلەن، ئارغامچا (يىپ ياكى لەڭمەن) كۆرۈپ چۈشىسە يول چىقىدۇ، سۇ ئۈزۈپ چۈشىسە ئامەتلىك، مەرتىۋىلىك بولىدۇ (غەم-غۇسسىدىن خالىي بولىدۇ)، ئېشەك

مىنىپ چۈشىسە دۆلەتمەن بولىدۇ، ئاياللار پىچاق كۆرۈپ چۈشىسە ئوغۇل تۇغىدۇ، ئالتۇن ئۈزۈك كۆرۈپ چۈشىسە قىز تۇغىدۇ. ئەرلەر ئالتۇن ئۈزۈك كۆرۈپ چۈشىسە ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ، هارۋىغا ئولتۇرۇپ چۈشىسە جىنازىنىڭ سۈرى، خام گۆش كۆرۈپ چۈشىسە ئاغرىقنىڭ سۈرى، ئايىغىنىڭ چەمى ئاجراپ كېتىپ چۈشىسە نىكاھدىن ئاجرىشىشنىڭ سۈرى، ئۇرۇشۇپ چۈشىسە خۇشاللىقنىڭ سۈرى، شاد-خۇراملىق چۈشىسە كۆڭۈلسىزلىكنىڭ سۈرى ۋەھاكازالار.

چۈشكە تەبىر بېرىشكە مۇناسىپ هالدا بىر ئەتىگەندە، بىر كەچتە چۈش ئۆرۈشنى ۋە كۆرۈنگەنلا ئادەمگە چۈش ئۆرۈشنى يامان ئالىدىغان ئادەتمۇ شەكىللەنگەن. «دوستۇڭغا ئۆرۈسەڭ چۈش، يامانىنى ئوڭ دەر، دۈشمىنىڭگە ئۆرىسەڭ چۈش، ياخشىنى يامان دەر» دېگەن ماقالمۇ شۇ ئادەت ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

يۇقىرىقىدەك خۇراپاتلىق ئادەت-ئەقىدىلەر خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان بولسىمۇ خەلق ئۇزۇن مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە «پالغا ئىشەنمە، پالسىزمۇ يۈرمە» دېگەن ئاددىي ئىلمىي چۈشەنچىگە كەلگەن.

## 5. ئەقىدە-ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك سۆز-هەرىكەتلەر

هەربىر مىللەت تىلىدا شۇ مىللەت ئېتىقاد قىلغان دىن (دىنلار) ئىلاھىنىڭ نام-سۈپەتلىرى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ هەرخىل ئەقىدە-ئۇقۇملىرىنى بىلدۈرىدىغان بەزى مەخسۇس سۆز-ئاتالغۇلار بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى ئاللا (خۇدا)، رەببىم، بىسمىللا، شۈكرى، پىرىم، توۋا قاتارلىق بىر يۈرۈش سۆزلەر ئەنە شۇنداق سۆزلەر جۈملىسىدىن. مۇنداق سۆز-ئاتالغۇلار

ئادەتتە مەخسۇس دىنىي سورۇن ۋە ئائىلىق، مەقسەتلىك ھالدا خۇداغا سېغىنىپ ئىبادەت، دۇئا-تىلاۋەت قىلىشتا ئىسمى-جىسمىغا مۇۋاپىق قوللىنىلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۈندىلىك تۇرمۇشتا كىشىلەرنىڭ ھەرخىل رايى-خاھىشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز-ئىبارىلەر ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. مۇنداق تىل شارائىتىدا، بۇ سۆز-ئىبارىلەر ئەسلىدىكى دىن ئېتىقاد ئۇقۇمىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان بولىدۇ. شۇڭا شۇنداق تىل شارائىتىدا ئۇنداق سۆز-ئىبارىلەرنى «ئادەت تىل» دەپ دىنىي خۇراپاتلىقتىن پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، «ۋاي خۇدايىمەي، ئەمدى كەلگىنىنى!»، «ۋاي خۇدا، بېشىمنى ئاغرىتىشماي مېڭىشساڭچۇ!»، «ئاللا بۇ نېمە گەپ!». «يائاللا، نېمىدېگەن سەتچىلىك!»، «يائاللا، ھەجەبمۇ تۈگىمەسكە قالدى!»، «ئاللا، ئەمدى كېچىكتۇق»، «يائاللا، نېمىدېگەن چىرايلىق!»، «ۋاي خۇدايىمەي گېپىڭنى قارا!»، «خۇدا ھەققى، چوقۇم بارىمەن»، «يا رەببىم، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك»، «يارەببىم، نېمىدېگەن كاتتا ئۆي!»، «يا رەببىم، شۇنداق گەپمۇ بارمۇ تېخى!»، «ئەمدى شۈكرى دەيدىغان بولدۇق»، «شۈكرى، بۇمۇ تۈگىدى». «شۇنى ئالغىنىڭغا شۈكرى دېگىنە!»، «بىسمىللاسىغا سەن كەلدىڭ»، «بىسمىللاسىغا ئوبدان سودا بولدى»، «ئاللاھۇئەكبەر، ئۇنى ئۇنتۇلۇپتىمەن!»، «ئاللاھۇئەكبەر، ماۋۇ ئىشنى كۆرمەمدىغان» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا بۇ بابتا بايان قىلىنغان ئادەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى گەرچە خۇراپاتلىق ئادەتلەردىن بولسىمۇ ئۆز دەۋرىدە كىشىلەر ھەر خىل مۇشكۈلچىلىكلىرىگە نىجاتلىق تېپىش «تېخنىكىسى» سۈپىتىدە ئەقىدە باغلاپ كەلگەن، كېيىنكى دەۋرلەردە بولۇپمۇ فېئودالىزم دەۋرى ۋە ئىسلامىيەت دەۋرىگە كەلگەندە، ھۆكۈمران سىنىپلار ئۇ خۇراپاتلىق

ئەقىدە-ئادەتلەردىن خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش قورالى سۈپىتىدە پايدىلاندى، بۇنىڭغا ئىسلامىيەتنىڭ «تەقدىر ئىلاھىلىق» ئاساسىدىكى روھىي ھۆكۈمرانلىقى قوشۇلدى، پومېشچىك ئېكسپىلاتاتور سىنىپلار ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ ئاتالمىش «تەقدىرگە تەن بېرىش» سەپسەتىسى تەرغىباتى بىلەن جېنىنىڭ بارىچە شۇغۇللاندى. نەتىجىدە ئۇيغۇر خەلقى ئېغىر روھىي زەئىپلىككە دۇچار بولۇپ، ھېسابسىز ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتتى. ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۇزۇن مۇددەت تۇرغۇن، قاششاق، بېكىنمە ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. بۇ ھالەتكە پەقەت ئازادلىقتىن كېيىنلا ئۇزۇل-كېسىل خاتىمە بېرىلدى. ئازادلىقتىن كېيىن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى يولغا قويۇلدى. دېموكراتىك ئىسلاھات ئارقىلىق ھەر خىل فېئودال دىنىي ئىمتىيازلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئازاد قىلىندى. ئىشلەپچىقىرىش، مەدەنىي مائارىپنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىياتى ۋە ئىلىم-پەن ساۋادىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئومۇملاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ قالاق ئادەت-ئەنئەنە ۋە دىنىي قارىشىدا يېڭىدىن-يېڭى چۈشەنچىلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى، بۇ چۈشەنچىلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 30 نەچچە يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيەتلىرى جەريانىدا ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان ھەر خىل دىنىي ئەقىدە-ئادەتلەردىن ئاڭلىق قول ئۈزگەنلىكى ۋە بايلىق، كەمبەغەللىكنىڭ قانداقتۇ كىشىلەرنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىرنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپ، تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق، ئىشەنچ بىلەن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

# ئون ئۈچىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى

ئەدەبىيات-سەنئەت بىر مىللەتنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ نازۇك، ئەڭ تىپىك مىللىي خۇسۇسىيىتى ۋە پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى يەنى گۈزەللىك زوقىنى تىل ماتېرىيالى ۋە ئۇسۇل-نەغمىسى، ھۈنەر-سەنئەت، رەسساملىق، نەققازلىق، ھەيكەلتىراشلىقتا ئوخشاش بىر قاتار سەنئەت ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئوبرازلىق ئىپادىلەيدىغان بىر خىل ئالاھىدە ئادەت شەكلى. بۇ ئالاھىدە ئادەت شەكلىنى، كونكرېتلاشتۇرۇپ «تىل سەنئىتى ۋە سەنئەت ئادىتى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. روشەنكى، تىل سەنئىتى ھەرخىل ئادەت تىل ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ، تىل شۇڭلاشقا ئاغزاكى (جانلىق) تىل، يېزىق (ئەدەبىي) تىل دەپ؛ ئاغزاكى تىل ئادەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان تىل سەنئىتى «ئاغزاكى ئەدەبىيات» ، يېزىق تىل ئادىتى بىلەن ئىپادىلىنىدىغانلىرى «يازما ئەدەبىيات» دەپ ئاتالغان. بۇ بىر قاتار زىچ باغلىنىشلىق ئالاھىدىلىكلەرنى «ئېتنوگرافىيە» دېگەن ئاتالغۇنىڭ لۇغەت مەنىسى ئاساسىدا، كىتابىمىزدا «ئەدەبىيات-سەنئەت ئادىتى» دېگەن ئاتالغۇغا مەركەزلەشتۇر-دۇق.

# 1. تىل

بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشتىن بۇرۇنقى ئۇزۇن، مۇرەككەپ تارىخىي جەرياندا ۋە ھازىرغا قەدەر ئۆز تىلىنى ئىزچىل ھالدا ئورتاق ئالاقىلىشىش قورالى قىلىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. مەلۇمكى ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسى، غەربىي ھون تىل تارمىقى ئۇيغۇر-قارلۇق تىل گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ.

ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ تىپىك نامايەندىلىرىدىن بولۇپ، IV - V ئەسىرلەردىلا ئۇرۇق، قەبىلە تىلى ئاساسىدا بىرلىككە كېلىشكە، ئومۇملىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە لۇغەت فوندى ۋە گىرامماتىكا قۇرۇلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇئەييەن تۇراقلىققا ئىگە رەسمىي يېزىق تىل بولۇپ شەكىللىنىش بىلەن خانلىق تەۋەسىدە قوللىنىلىدىغان ئورتاق تىلغا ئايلانغان. خانلىق مەيدانغا كېلىش بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىنىك ئومۇملىقىدا كەڭ كۆلەملىك بىرلىشىش، قوشۇلۇش ۋەزىيىتى مەيدانغا كېلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى شەكىللەندى، بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر تىلى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇستەھكەملىنىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى، ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تەركىبىدىكى قەبىلىلەر، خانلىق تەۋەسىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا قەبىلىلەرنى «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئاستىغا جەملىشىشى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كېلىشىدە داۋاملىق رول ئويناپ كەلدى. بۇ جەريان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىنىك تەركىبىگە ئۈزلۈكسىز سىڭىپ كىرگەن قەبىلە-قوۋملار تىلىدىن

يېڭىدىن-يېڭى ئۆزلۈك قوبۇل قىلىپ، لۇغەت تەركىبىنىڭ داۋاملىق بېيىشى، ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئۆسۈش جەريانى بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئۆز دەۋرىدە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قوۋملارنىڭ ھەممىسى چۈشىنىدىغان ئورتاق تىلغا ئايلىنىپ قالدى، خاندانلىق يىمىرىلگەندىن كېيىنمۇ X IV ئەسىرگىچىلىك بولغان ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي قوۋملارنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولۇپ كەلدى. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدا قىسمەن كەسپىي ئاتالغۇلار بىلەن ئايرىم سۆزلەردىكى فونېما پەرقلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسىي جەھەتتىن دىئالېكت پەرقى يوق.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئۆز دەۋرىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قاتار تارىخىي ۋەزىيەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتىن تاشقىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىدە ياشىغانلىقىغا مۇناسىپ شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشىدا ۋە شۇ ئاساستا ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىدە ئىنتايىن زور رول ئوينىدى. مۇشۇنداق بىرلىككە كەلگەن، تەرەققىي قىلغان تىل بولغاچقا، نۇرغۇن نامسىز مۇنەۋۋەر ئەدىپلەر (قەدىمكى مەڭگۈ تاش پۈتۈك ئاپتورلىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ) ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىن ئىلگىرى-كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردە ئىلىم-پەن تارماقلىرى بويىچە مەخمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەسىردىن رابغۇزى، خۇيلىن، سىڭقۇسەلى، بىلان ناسىلى، لىيەخۇيشەن قايا، سارابان، لىيۇمىڭشەن ۋە فارابى، ئەخمەت يۈكنەكى، ئابدۇرېھىم نازارى قاتارلىق مۇتەپەككۇرر، ئالىم، تىلشۇناس، ئەدىب-شائىر، تارىخشۇناس، تەرجىمەشۇناس، تىۋىپ قاتارلىق نۇرغۇن ئەربابلار يېتىلىپ چىققان. ئۇلارنىڭ بىزنىڭ پەخىرلىنىشىمىزگە ئەرزىيدىغان مەڭگۈتاش پۈتۈكلىرى، ھەرخىل تېمىدىكى شېئىر پارچىلىرى، «ئوغۇزنامە» ، «ئالتۇن

يارۇق» «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» «چاستانى ئىلىك بەگ» قاتارلىق ئىجادىي، ئەدەبىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر، «تۈركىي تىللار دىۋانى» «قۇتادغۇبىلىك»، «قىسسەئىي رابغۇزى»، «جامئۇل ھېكايەت» قاتارلىق پارلاق مەدەنىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. يۇقىرىقى تىلغا ئېلىنغان نەمۇنىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تىل-ئەدەبىياتىنىڭ ئاجايىپ زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. قەدىمكى يازما يادىكارلىقلار تىلىنىڭ ئىخچاملىقى، بەدىئىيلىكىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، سۆزلەرنىڭ ئېنىق ۋە تۇراقلىقلىقى، يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلغان ئالىملارنىمۇ ھەيران قالدۇرماقتا.

ئومۇمەن، ئۇزۇن تارىخىي دەۋرنىڭ چايقاش-سىناقلىرىدىن ئۆتكەن ئۇيغۇر تىلى دەۋرىمىزگە كەلگەندە تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، تاكامۇللاشتى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىنسانىيەت ئەڭ ئىلغار مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن بولغان ماركسىزم تەلىماتلىرى، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرى ۋە «ئۈچ دۆلەت ھەققىدە قىسسە»، «سۇ بويىدا» «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» قاتارلىق نادىر، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى «مىڭ بىر كېچە» گە ئوخشاش چەت ئەللەرنىڭ مەشھۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى، ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن تېخنىكىسىنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۇيغۇرلارغا يەتكۈزۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي-مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەردىن بولۇشىغا مۇناسىپ ھازىرقى زامان ئىلغار مىللەتلىرىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش يولىدا ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلماقتا.

## 2. يېزىق

مەلۇمكى، يېزىق تىل تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدا مەيدانغا كەلگەن بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، تىلنى خاتىرىلەيدىغان بەلگە (تامغا). بەزى تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تىل قوللانغىنىغا 2000 يىل بولغانلىقى مەلۇم.① ئەجدادلىرىمىز بۇ ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا ئالدى بىلەن بىر مۇددەت خەنزۇ يېزىقى، مانى يېزىقى، براھمى يېزىقى، سوغدى يېزىقى قاتارلىق يېزىقلاردىن پايدىلىنىپ ئۆز تىلىنى خاتىرىلەپ كەلگەن. IV - V ئەسىرگە كەلگەندە شۇ يېزىقلارنى قوللىنىش جەريانىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېما خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن سوغدى ئېلىپبەسى ئاساسىدا يېزىق يارىتىپ قوللىنىشقا باشلىغان. بۇ يېزىق قەدىمكى تۇنجى ئۇيغۇر يېزىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى قاراشتا موڭغۇل دالاسىدىن تېپىلغان ئۇيغۇر تىلىدىكى مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىگە قاراپ ئۇيغۇرلار ئورخۇن خاندانلىقى دەۋرىدىن باشلاپ قەدىمكى تۈرك (ئورخۇن) يېزىقىنى قوللانغان دېيىلىدۇ. بۇ موڭغۇل دالاسىدىن باشقا رايونلاردىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار تېپىلمىغان شارائىتتا چىقىرىلغان يەكۈن ئىدى. 1975-يىلى تۇرپاندىن V ئەسىردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان تارشا پۈتۈك② تېپىلغاندىن كېيىن ئۇ ئەنئەنىۋى قاراشنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تىلى ئالدى بىلەن تىيانشاننىڭ ئېتەكلىرىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن، موڭغۇل

---

① «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-بەت.
② ق. ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» 3-بەت

دالاسىدىن تېپىلغان مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىگە ئىشلىتىلگەن يېزىقنى ئاشۇ سوغدى ئېلىپبەسى ئاساسىدا يارىتىلغان تۇنجى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئۆزگەرتىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن تۈرى دېيىشكە بولىدۇ. شۇ تارشا پۈتۈكتىكى بەزى خەنزۇچە سۆزلەرنىڭ شۇ يېزىقتا ترانسكرىپسىيە قىلىنغانلىقى دەل شۇنىڭ پاكىتى، بۇ تارىخىي دەۋرنى ئۇيغۇر يېزىق تىل تەرەققىياتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى دېيىشكە بولىدۇ.

ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ تەرەققىياتى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى. قەدىمكى تۇنجى ئۇيغۇر يېزىقى يەنە سوغدى ئېلىپبەسى ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېما ئالاھىدىلىكىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ ئوڭدىن سولغا، بەزىدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ يېزىلىپ كەلگەن. روشەنكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ يېزىش ئۇسۇلى خەنزۇ يېزىقىنىڭ تەسىرىدىن بولغان، بۇ يېزىق ئۇيغۇرلار ئىچىدە X ئەسىرگىچە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان. تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىدا بولسا XV ئەسىرگىچىلىك، گەنسۇ رايونىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ئىچىدە XVIII ئەسىرگىچە قوللىنىلغان. بۇ تارىخىي دەۋرنى ئۇيغۇر يېزىق تىلى تەرەققىياتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇر يېزىق تىل تەرەققىياتىنىڭ بىر چوڭ نامايەندىسى مەتبە تېخنىكىسىنى كەڭ قوللانغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مەلۇمكى مەتبە تېخنىكىسى مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ئىجاد قىلىنغان، ئەجدادلىرىمىز بۇ تېخنىكىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم ئېلىپبەلىك يېزىققا تەدبىقلاپ ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش بىلەن مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ غەرب ئەللىرىگە تارقىلىشىدا بىۋاستە رول ئوينىغان. بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان زور بىر تۆھپىسى.

X ئەسىردىن كېيىن قاراخانىلار دەۋرىدە، ئىسلام دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى تۈپەيلى، سوغدى يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىستېمالدىن قېلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا ئۇيغۇر يېزىقى يارىتىلىپ قوللىنىلىشقا باشلىدى. بۇ يېزىق تا ھازىرغىچە قوللىنىپ كېلىنمەكتە. بۇ دەۋرنى ئۇيغۇر يېزىق تىل تەرەققىياتىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭدەك دەۋر ئۇقۇمى بويىچە سوغدى ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقنى قەدىمكى تۈنجى ئۇيغۇر يېزىقى دەپ، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا تۈزۈلگەن قاراخانىلار دەۋرىدىكى يېزىقنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دەپ پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئەسىرىمىزنىڭ 30-ۋە51-يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان ئىككى قېتىملىق ئىسلاھات ئارقىلىق ھازىرقى شەكلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ جەرياندا لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدا ئۇيغۇر يېزىقى تۈزۈلۈپ بىر مۇددەت سىناق تەرىقىسىدە قوللىنىلىپ 1982-يىلدىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## 3. تىل سەنئىتى

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە مۇناسىپ ئۇيغۇرلارنىڭ تىل سەنئىتىمۇ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغان. بۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق نۇرغۇن ياد نامىلاردىن باشقا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى ئېتىقاد ئادەتلىرى، تارىخىي ۋە تۇرمۇش ئادىتى مەزمۇن قىلىنغان تىلى گۈزەل، بەدىئىيلىكى يۇقىرى ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقى، تەرەققىي قىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

مەلۇمكى، ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنىڭ ئاساسى. ئېغىز ئەدەبىياتى بولسا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى جەريانىدا ئېغىز تىلى ئارقىلىق يارىتىلىپ، تارقىلىپ، بايان قىلىنىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭ تۈرى كۆپ، مىللىيلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئەپسانە، رىۋايەت، (مەدداھلىق)، ھېكايە-چۆچەك، بېيىت (نەزمە)، قوشاق (ناخشا-غەزەل)، ماقال-تەمسىل، تېپىشماق، مەسەل قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەپسانە: ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ جاھالەت دەۋرىدە تەبىئەتكە قارىتا پەيدا بولغان بېقىنىش-سېغىنىش تۇيغۇسى ئارقىسىدا يارىتىلغان ھەر خىل ئىلاھلارغا ئوخشاش ئەقىلگە سىغمايدىغان ئاجايىپ-غارايىپ ۋەقەلەر، شەخسلەر بايان قىلىنىدىغان ھېكايىلەر «ئەپسانە» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداق ئەپسانىلەرمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىگە كەڭ تارقالغان. مەسىلەن، يەر-زېمىن ۋە ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، يەر تەۋرەش، يامغۇر يېغىش، كۈن تۇتۇلۇش، ئاي تۇتۇلۇش... ھەققىدىكى ئەپسانىلەر، كۆھقاپ توغرىسىدىكى ئەپسانىلەرگە ئوخشاش. ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانىدە خۇدانىڭ ئالدى بىلەن يەتتە قات ئاسمان، يەتتە قات زېمىننى ياراتقانلىقى، ئاندىن تۇپراقتىن ئادەم ياساپ ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن ھاۋا ئانامنى ياساپ، ئۇ ئىككىسىگە ئەرشتىن (جەننەتتىن) ئورۇن بەرگەنلىكى؛ ئادەم ئاتام شەيتانغا ئالدىنىپ بۇغداينى يەپ قويۇپ، ئەرشتىن زېمىنغا چۈشۈرۈۋېتىلگەنلىكى، ئۇ ئىككىسى يەرگە چۈشكەندە زېمىننىڭ مۇز ئىكەنلىكى، ئۇلار مۇزدا يېتىپ-قوپۇپ يۇرۇپ پەرزەنتلىك بولۇپ، دۇنيادىكى ئادەمزات ئادەم ئاتام بىلەن ھاۋا ئانامنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلىدە بولغانلىقى ھېكايە قىلىنسا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئادەم ئاتام بىلەن ھاۋا ئانامنىڭ تۇنجى پەرزەنتى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچى ئوغلى ياپەستىن تارالغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ.

يەر تەۋرەش توغرىسىدىكى رىۋايەتتە زېمىننىڭ ئەڭ ئاستىدا يوغان بىر ئۆي بارلىقى، ئۇنىڭ زېمىننى بىر مۈڭگۈزىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى، مۈڭگۈزى تالغاندا ئۇ مۈڭگۈزىدىن بۇ مۈڭگۈزىگە يۆتكىگەندە يەر تەۋرەيدىغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ.

يامغۇر توغرىسىدىكى ئەپسانىدە يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدە قۇشلارنىڭ پادىشاھى بارلىقى، ئۇ ياز كۈنلىرىدە ئىسسىققا چىدىماي پات-پات سۇغا چۆمۈلىدىغانلىقى، سۇدىن چىقىپ راھەتلىنىپ، قاناتلىرىنى كېرىپ سىلكىگەندە تۆت ئەتراپقا سۇ تامچىلىرى چاچرايدىغانلىقى، شۇ سۇ تامچىلىرىنىڭ يەر يۈزىگە يامغۇر بولۇپ چۈشىدىغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ.

كۆھىقاپ توغرىسىدىكى ئەپسانىدە مۇنداق ھېكايە سۆزلىنىدۇ: يەر يۈزىدىكى ئادەمزاتقا زىيانداش دىۋە-ئالۋاستىلارنى خۇدا ئۆز قۇدرىتى بىلەن كۆھىقاپقا سولاپ ئاغزىغا يوغان بىر تاغ ئۇندۇرۇپ قويغانىكەن. بۇ يەردە بىر يەتتە باش يالماۋۇز بولۇپ، ئادەمزات ئۈستىگە چىقىش ئۈچۈن كۈندۈزى مىنىپ چىقىدىغان توكۇر ئېشىكىگە توقۇم تىكىش بىلەن بەنت بولىدىكەن. توقۇم پۈتەي دېيىشىگە كۈن كەچكە تاياپ مۆگىدەك تۇتىدىكەن-دە، بىر ئاق خوراز كېلىپ تاتىلاپ-تاتىلاپ توقۇمنى چۇۋۇۋېتىدىكەن. يالماۋۇز ئاچچىقىدا ئۇ يەردىن چىقىشقا تۆشۈك ئېچىش ئۈچۈن تىلى بىلەن تاغنى يالاشقا تۇرىدىكەن. تاغ ئەمدى تېشىلەي دەپ قالغاندا، توخۇ چىللايدىكەن-دە، تاغ يەنە ئەسلىگە كېلىپ قالىدىكەن.

ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئادەتتە شامال چىقىپ توختىمىسا «كۆھىقاپنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كەتكەندەك چىقتى» دېگەن ئادەت تىلىمۇ شۇ كۆھىقاپ ئەپسانىسى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

بۇنىڭدىن باشقا ھەزرىتى لوقماننىڭ 1000 يىل ياشاپمۇ خۇدا ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىشقا ئەزرائىلنى ئەۋەتكەندە، ئۆزىگە

www.uyghurkitap.com

ئوخشاش نۇرغۇن ئادەم ياساپ ئۆزى ئوتتۇرىدا تۇرۇۋېلىپ ئەزرائىلنى ئالدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەرگە ئوخشاش ئەپسانىلەر كەڭ تارقالغان بولۇپ، خەلق ئىچىدە ھازىرغىچە ھېكايە قىلىنىپ كەلمەكتە.

رىۋايەت: رىۋايەتلەر ئەپسانىلەر ئاساسىدا يارىتىلغان بولغاچقا ئەپسانىۋى تۈس ئالغان، ئەمما بايان قىلىنىدىغان ۋەقەلىكلەر ئاساسەن ئەقىلگە سىغىدىغان ۋەقەلىكلەردىن ئىبارەت. بەزى زور تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ مەنبەسىمۇ رىۋايەت ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر، تارىختا بولۇپ ئۆتكەن زور ۋەقەلەر، مۆچەل توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ۋە ھەرقايسى رايونلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ناھايىتى كەڭ تارقالغان. ئۇ رىۋايەتلەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېتىقاد، ئەقىدە، ئۆرپ-ئادەت، پىسخىك ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىقلار جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك داستان-قىسسە شەكلىدە يارىتىلغان «ئوغۇزنامە» ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر بىلەن خوتەن ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدىكى «بىرنى بىر دېگۈلۈك» رىۋايىتى، ئاتۇش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشقا، سودا-سېتىققا چېڭ، ماھىرلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر، ئاتۇش كاتتايلاقتا قىشتا 12-ئايدا بولاق بويىدا دىلپار چېچەكلەپ قاتتىق يەر تەۋرەپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەت، كورلا ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇشۇكنى پولوغا باسقانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەت، ئاقسۇنىڭ كاۋىسى، باي سايرامنىڭ قېتىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ئەنە شۇنداق رىۋايەتلەر جۈملىسىدىن.

ھېكايە-چۆچەك: ئۇيغۇر خەلق ھېكايە-چۆچەكلىرى

مەزمۇنىنىڭ موللۇقــى، مۇھەببەت-نەپرەت قارىشــنىــڭ روشەنلىكى، تۇرمۇش ئادىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىقــى، بەدىئىيلىكىنىڭ ئۇستۇنلۇكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان. ھېكايە-چۆچەك، ئېيتىــش-ئاڭلاش، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىــغا ئايلىنىپ كەتكەن.

ئۇيغۇر ھېكايە-چۆچەكلىرىدە ئەجدادلىــرىمــىزنىــڭ ئوۋچىلىق، مالچىــلىــق تۇرمۇش سەرگۈزەشتىــلىــرى تەسۋىرلەنگەندىن تاشقىرى كۆپىــنچە ئاقسۆڭەكلەر بىــلەن ئەمگەكچى خەلققە سىمۋول قىلىنغان شەخسىي ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلاردا ھېكايىچىلىك ئادىتىنىــڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم بولــىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئوۋچى بوۋاي، پادىچى بالا، قېرى باغۇەن، يېتىم قىز-يېتىم بالا قاتارلىق شەخسلەرنى ئاقىــل، دانىــشمەن، ۋىجدانلىق، ئەخلاقلىق، يارمەن-ھالمەن، سەممىــي-سادىق، كۆرەشچان، باتۇر، خەلقپەرۋەرلەرنىڭ سىمۋولى؛ باي-پادىشاھ، ئەجدىھار، جادۇگەر، يەتتە باش يالماۋۇز قاتارلىــقلارنــى نائىنساپ، دۆتلەر، زالىم، قانخور، كاززاپ، ھىيلىگەرلەرنىڭ سىمۋولى قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت-نەپرىتىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. شۇڭا ھېكايە-چۆچەك ئېيتىش ئادىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىــر شەكلــى سۈپىــتىــدە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىپ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن.

ھېكايە-چۆچەك سۆزلەش-ئاڭلاش ئائىلىــلەردە، بولۇپمۇ كەڭ يېزا-قىشلاقلاردا بىر خىل مەنىلىك مەدەنىي پائالىيەتكە ئايلىنىپ قالغان. مەسىلەن، كىچىك بالىلىرى بارلىــكــى ئائىلىلەردە ئاخشاملىقى بالىلارغا ھېكايە، تېپىشماق ئېيتىپ بېرىش ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەجبۇرىيىتىگە ئايلىنىپ قالغان. كەڭ يېزا-قىشلاقلاردا بولسا، بالىلار، ياشلار، ھەتتا

ياش قۇرامىغا يەتكەنلەرمۇ ياز-كۈز كۈنلىرى ئېتىز-ئېرىقتىن يېنىپ غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، بۈگۈن بىرىنىڭ ئەتە يەنە بىرىنىڭ دېگۈدەك ئىشىك ئالدى ياكى هويلىسى ۋە ياكى ئۆيلەرنىڭ ئالدى-كەينىدىكى خامانغا، كۆۋرۈك بېشىغا يىغىلىپ ئاي يورۇقىدا هېكايە ئېيتىشىدۇ. قىش كۈنلىرى بولسا، ئارىلاپ نۆۋەت بىلەن بىرىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ هېكايە ئېيتىشىدۇ. قىزلار، ياش چوكانلارمۇ ياز كۈنلىرى تونۇر بېشى، هويلا، باراڭ ئاستىلىرىدا جەم بولۇپ هېكايە ئېيتىشىشتىن خالىي بولالمايدۇ. بۇنداق هېكايە ئېيتىشىشنىڭ ئالاهىدىلىكى، نۆۋەت بىلەن ئېيتىشىدۇ. شۇڭا بۇنداق هېكايە ئېيتىشىش تەبىئىي مۇسابىقە تۈسىنى ئالغان.

مەلۇمكى، هېكايە-چۆچەكمۇ ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مىللىيلىقى كۈچلۈك بىر ژانىرى، شۇڭلاشقا مىللەتلەردىكى هېكايە-چۆچەكلەرنىڭ تۈرى، ئىپادىلىنىش شەكلىمۇ هەر خىل. ئۇيغۇرلاردا ئەپسانىۋى تۈس ئالغان هېكايىلەر، تۇرمۇش هېكايىلىرى، لەتىپە-چاقچاق، هايۋانات، تاغ-دەريالار توغرىسىدىكى هېكايىلەر بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان. مەسىلەن، «يېرىلىك تاغىم»، «ئېچىل داستىخىنىم»، «ئۇر توقمىقىم»، «سۇلايمان قالپاق»، «كەمەك هەيىيار»، «خاسىيەتلىك هاسا ۋە يىڭنە»، «ئالتۇن شەمشەر»، «ئادەمگە 72 خىل هۈنەر ئازلىق قىلىدۇ»، «چېچەن كېلىن»، «كۆرەڭ بايۋەتچە بىلەن پەملىك ئايال»، «ئۇجمە سايىسى»، «چىنتۆمۈرباتۇر»، «بۇلبۇل گويا»، «بۆرە، تۈلكە هەم بۆدۈنە»، «قاغا بىلەن ئۇلاي»، «دۈداق، بېلىق هەم توشقان»، «قىرىق يالغان» قاتارلىق هېكايىلەر شۇنداق هېكايىلەر جۈملىسىدىن. «ئالتۇن شەمشەر»، «چېچەن كېلىن»، «دۈداق، بېلىق هەم توشقان» دېگەن هېكايىلەرنى ئالساق، ئۇنىڭدا، ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىك، كەمسىتىش،

كەمسىتىشكە قارشى مەڭسىتمەسلىك، تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاقكۆڭۈل، ئەقىللىك، يارمەن-ھالمەنلىكى، باتۇرلۇقى؛ باي-پادىشاھلارنىڭ دۆت، نائىنساپ، زالىم، قانخورلۇقى ۋە سېھىر-ئەپسۇنكەشلىك، ئادەملەرنىڭ دىۋىلەر بىلەن نىكاھلانغانلىقى؛ ھايۋانلارنىڭ «ۋاپادار-سادىقلىقى»، چىن مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى، ھالاۋىتى قاتارلىق ھەر خىل، مۇرەككەپ ۋەقەلىكلەر ئىنتايىن ئىخچام، يۇمۇرلۇق، ئورگانىك ھالدا ئىپادىلەنگەن. شۇنىڭدەك ئەمگەكچى خەلقنىڭ تىرىكچىلىك ئادىتى، ئەقىل-پاراستى، بىرلىك-ئىتتىپاقلىق، ئۈملۈك نامايان قىلىنغان.

لەتىپە: لەتىپە-چاقچاق ئۇيغۇر خەلقىدە ئەڭ ئومۇملاشقان، ئەڭ جانلىق، ئەڭ يۇمۇرلۇق ئاغزاكى تىل ئادىتى، ئەمگەك مەيدانلىرى، ھەرقانداق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى لەتىپە-چاقچاقسىز ئۆتمەيدۇ. ئاددىيسى كىشىلەر كۆرۈشۈپ سالاملاشقاندا، تاماق ئۈستى، ھەتتا تۇپراق بېشىدەك جىددىي سورۇنلاردىمۇ چاقچاقتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. ئومۇمەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى چاقچاقسىز ئۆتمەيدۇ. چاقچاقخۇمارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىدىن بولغان خۇشپىچىملىق خۇسۇسىيىتىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى.

ئۇيغۇر خەلقى لەتىپە-چاقچاقنى شاد-خۇراملىق، كۆڭۈل ئازادىلىكىنىڭ مۇھىم ۋاستىسى قىلىپ ئادەتلەنگەندىن تاشقىرى، جەمئىيەتتىكى، كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى، كىشىلەر مىجەزىدىكى غەيرىي نورمال ئەھۋاللارغا قارىتا ئۆتكۈر تەنقىد قورال قىلىپمۇ ئادەتلەنگەن. «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»، «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى»، «ھېسام چاقچاقلىرى» قاتارلىق لەتىپىلەر شۇنداق لەتىپىلەر جۈملىسىدىن.

مەدداھلىق: مەدداھلىق — ھېكايىچىلىك، داستانچىلىق

يەنى ھېكايە-داستان سۆزلەش دېگەنلىك بولىدۇ. مەدداھلىق ئادىتى ئېغىز تىل سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئادەتتىكى ھېكايىچىلىك، داستانچىلىقتىن پەرقلىنىدۇ. مەدداھلىق ئۇيغۇرلاردا بىر خىل ئىجتىمائىي كەسىپ سۈپىتىدە كەڭ ئومۇملاشقان ئادەت. مەدداھلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېتىقاد-ئادەتلىرىنى، خەلق ئىچىدىكى مەشھۇر ھېكايە-داستانلارنى، خەلق قەھرىمانلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەت-قىسسەلەرنى شۇنىڭدەك ئىسلام تارىخىدىكى زور ۋەقە قاتارلىقلارنى ئاغزاكى تىل سەنئىتىگە مۇناسىپ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب-ماھارەت بىلەن بايان قىلىشنى كەسىپ قىلغان. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تۇرمۇش مەنبەسىمۇ مەدداھلىق.

مەدداھلار ئادەتتە يۇرت ئارىلاپ يۈرىدۇ. بارغانلىكى يېرىدە بىرنەچچە مەيدان مەدداھلىق ماھارىتى كۆرسىتىدۇ. ھەر مەيدانغا ئاز دېگەندە 40-50 كىشى: كۆپ دېگەندە 100-200 يۈز كىشى يىغىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بايان قىلىدىغان ھېكايە، داستان، قىسسىلىرى خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىگە، بولۇپمۇ، مىللىي پسىخىك ئادەت-ئەنئەنىلىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئىنتايىن قىزىقىش بىلەن ئاڭلايدۇ. بولۇپمۇ ياشانغانلار ئالاھىدە ئىشتىياق-قىزىقىش بىلەن زېرىكمەي ئاڭلايدۇ. چۈنكى مەدداھلار كەمەك ھەييار، تاھىر-زۆھرە، يۈسۈپ ئەخمەت، غېرىب-سەنەم، جەڭنامە، سېيىت نوچى قاتارلىق داستانلارنى سۆزلىگەندە، كىشى ئۆزىنى ئەينى ۋاقىتتىكى نەق مەيداندىكىدەك ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئاڭلىغۇچىلار، مەدداھلار بىر ھېكايە-داستاننى سۆزلەپ بولغاندا، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئىختىيارىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا پۇل تاشلايدۇ.

مەدداھلارنىڭ سەييارە مەدداھلىق قىلىش ئادىتى ئۇلار ئۈچۈن ئۆز ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۆگىنىش، توپلاش،

تارقىتىش جەريانىدىن ئىبارەت. خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەت، ھېكايە-چۆچەك، داستان-قىسسە قاتارلىقلار شۇلارنىڭ ئۆگىنىشى، توپلىشى، رەتلەپ قايتا ئىجاد قىلىپ تارقىتىشى ئارقىلىق ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىپ بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. بىز مەدداھلىقنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى، رولىغا قاراپ ئاغزاكى تىل ئادىتى بويىچە مەدداھلىقنى «مەدداھلىق ئەدەبىياتى» ياكى ئاممىۋى ئەدەبىي-سەنئەت پائالىيىتى دەپ، مەدداھلارنى تالانتلىق ئەدىب ۋە سەنئەتكار، تەرغىباتچى دەپ ئاتىساق ھەرگىز مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز.

ماقال-تەمسىل: ماقال-تەمسىل ئۇيغۇرلار سۆز نۇتقىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئادەت تىلىنىڭ ئالاھىدە بىر شەكلى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ مول ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئاددىي، ئىخچام، مەنتىقىلىق، ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھەممە ساھەدىكى تەجرىبە-ساۋاقلىرىنىڭ جەۋھىرى دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، «ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە»، «بەخت نەدە، پېشانە تەردە»، «ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا»، «ياقا يۇرتنىڭ سۇلتانلىقىدىن، ئۆز يۇرتنىڭ قەلەندەرلىكى ئەلا»، «تەن ساقلىقى پادىشاھلىق»، «ئون ئۆلچەپ بىر كەس»، «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۇتەر»، «يىلان ئۆزۈم ئەگرى ئەمەس، يولۇم ئەگرى دەر»، «باي باينىڭ قاياشى، كەمبەغەل كەمبەغەلنىڭ قاياشى» ۋەھاكازا.

ماقال-تەمسىللەر شۇنداق ئالاھىدىلىككە بىلەن ھەممە ئېتىراپ قىلغان ھەقىقەت سۈپىتىدە ئۇيغۇر خەلقى قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، شۇڭلاشقا كىشىلەر سۆز-نۇتۇقلىرىدا پىكىر-قاراشلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ۋە توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشتا، ھەتتا، سالا-سۇلھى ئىشلىرىدا، كىشىلەرگە تەسەللىي بېرىشتە ھۆرمەت-ئېتىبارلىق تۈيغۇسىدا «ئاتىلار سۆزى» دەپ

ماقال-تەمسىلگە مۇراجىئەت قىلىشقا ئادەتلەنگەن. ئومۇمەن ئۇيغۇرلار ئىچىدە سۆز-نۇتۇقىدا ماقال-تەمسىل ئىشلەتمەيدىغان ئادەم ئاز ئۇچرايدۇ.

ماقال-تەمسىللەر ئىچىدە «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دېگەنگە ئوخشاش فېئودال ئەخلاقىي قاراش ئىپادىلىنىدىغان ماقال-تەمسىللەرمۇ ئۇچرايدۇ. مۇنداق ماقال-تەمسىللەر ھۆكۈمران سىنىپلار تەرىپىدىن توقۇپ چىقىرىلغانلىقتىن، ھۆكۈمران تەبىقىدىكىلەر دائىرىسىدىلا ئىشلىتىلىش بىلەن چەكلىنىپ كەلگەن.

بېيىت-قوشاق: بېيىت — «نەزمە»، قوشاق — «ناخشا»، «غەزەل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قوشاقچىلىق ئۇيغۇرلاردىكى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، كەڭ ئومۇملاشقان ئادەت. خەنزۇچە مەنبەئەلەردە خاتىرىلەنگەن «تېلىلار قوشىقى» ئەجدادلىرىمىزدا بۇ ئادەتنىڭ مىلادىيدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىلا شەكىللىنىپ ئومۇملاشقانلىقىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

قوشاقچىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن تۇرمۇش ئادىتى بىلەن شۇنداق زىچ باغلىنىپ كەتكەنلىكى، ئەمگەك مەيدانلىرى، ئائىلە ئەمگىكى، يول يۈرۈش، توي مۇراسىمى، ئۆلۈم مۇراسىملىرى، ھېيت-ئايەم پائالىيەتلىرى، مېھماندارچىلىق، سەيلە-مەشرەپ ۋە ھەرخىل ئاممىۋى مەدەنىي پائالىيەتلەر، ھەتتا بوۋاقلارنى ئۇخلىتىش (ئەللەي قوشىقى)، ھازا ئېچىش ۋە مەۋلۇت مۇراسىمى، روزا رامىزان پائالىيىتى قاتارلىق دىنىي مۇراسىملارمۇ قوشاقسىز بولمايدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئاشۇنداق بىر قاتار مۇراسىم، ھەرىكەت-پائالىيەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا مۇناسىپ بېيىت-قوشاقلارنى توقۇپ ئېيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەرخىل تۇيغۇ-ھېسسىيات، ئەقىدە، كۆز-قاراشلىرىنى كۈيلەپ، شاد-خۇراملىق ئىچىدە ئىش-ئەمگەك قىلىشقا ۋە يىغىدىن-يىغى بېيىت-قوشاق، كۈيلەر (ئاھاڭ) توقۇپ، ئىجاد قىلىپ مەنىۋى

تۇرمۇشىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىش ۋە جانلاندۇرۇشقا ئادەتلەنگەن. باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى «ناخشا-ئۇسسۇل-چى» مىللەت، ئۇيغۇرلار رايونىنى «ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى» دەپ ئاتىشى دەل ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكىگە قارىتىلغان.

ئۇيغۇر قوشاقلىرى: ئەمگەك قوشىقى، مۇھەببەت قوشىقى، تارىخىي قوشاق، ئۆرپ-ئادەت (مۇراسىم قوشىقى)، تېپىشماقلىق قوشاق قاتارلىق قوشاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قوشاقلار ئادەتتە يەككە، كوللېكتىپ، مۇزىكىلىق، مۇزىكىسىز ئېيتىلىدۇ. مۇراسىم قوشاقلىرى پەقەت مۇراسىمدىلا ئېيتىلىدۇ، باشقا قوشاقلارنى ئېيتىش سورۇن چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. بېيىت، تېپىشماقلىق قوشاقلار ئاساسەن كوللېكتىپ سورۇنلاردا ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا ئېيتىلىدۇ. بېيىت ئېيتىشتا ئۆزئارا كۆڭۈل سىرلىرىنى ئىپادىلەش، ماختاش ياكى چۈشۈرۈش ئاساس قىلىنىپ، تېپىشماقلىق قوشاقتا ئۆزئارا ئەقىل، تالانت سىناش ئاساس قىلىنىپ سورۇندىكىلەرگە شاد-خۇراملىق بەخش ئېتىش مەقسەت قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بېيىت، تېپىشماقلىق قوشاقلارنىڭ ئورۇندىلىشى تەبىئىي ھالدا مۇسابىقە تۈسىنى ئالغان. مەسىلەن:

ئا: ئاققىنا كۆڭلەك كىيىپسىز،
ئاق تىكەنلەر ئىلمىسۇن.
ئىككىمىز ئاشنا بولايلى،
ئۆيدىكىلەر تۇيمىسۇن.

ب: ئۆيدىكىلەر تۇيسا تۇيسۇن،
ۋەدە يالغان بولمىسۇن.
ۋەدىسىدە تۇرمىغان كىشى،

ئەھلى مۇسۇلمان بولمىسۇن.

× × ×

ئا: دوپپىڭىزغا قارىسام،
ئانار گۈلىگە ئوخشايلا.
قاراڭ، سۆز بېرەي دېسەم،
زەپىرەڭگە ئوخشايلا.

ب: چاققان يىگىت دەي دېسەم،
قارى مىجەزگە ئوخشايلا.
كۆڭلۈمنى بېرەي دېسەم،
خام قاپاققا ئوخشايلا.

× × ×

ئا: ئۇل نېمەدۇر كۈن-تۈن ئالەم چىراغى،
ئۈچيۈز ئاتمىشتۇر ئۇنىڭ ياپراقى.
ئىچىدە باردۇر سەر ئىبسىل شاخى،
ئوغلۇم ئاشىق بولساڭ جاۋاب بەر.

ب: ئاي بىلەن كۈندۈز ئالەم چىراغى،
ئۈچيۈز ئاتمىش كۈندۈز ئۇنىڭ ياپراقى.
رامىزان ئايىدۇر، سەر ئىبسىل شاخى،
ماڭا ئۇستاز بولسىڭىز جاۋابىم شۇلدۇر.

× × ×



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئومۇمەن ئېيتىشىش قوشاقلىرىنىڭ بولۇپمۇ بېيىتنىڭ تەييار تېكىستى بولمايدۇ. مەيدانغا چۈشكۈچىلەر مەيداندىكى ئەھۋالنىڭ زۆرۈرىيىتىگە قاراپ نەق مەيداندا ئۇدۇللۇق توقۇپ ئېيتىدۇ. بۇ ناھايىتى چېۋەرلىك، ماھىرلىق تەلەپ قىلىدۇ. «ئەللەي» قوشىقىنىڭمۇ قېلىپلاشقان، تەييار تېكىستى بولمايدۇ، چۈنكى بالا كۈنىگە نەچچە ۋاخ بۆلۈنىدۇ، شۇنىڭدەك بۆشۈكنى چوڭلارمۇ، كىچىكلەرمۇ تەۋرىتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان قوشاق قاپىيىسىز، كالتە-كالتە سۆز ئىبارىلەردىن ۋاقىتلىق قۇراشتۇرۇلىدۇ ۋە «ئەللەي» سۆزىنىڭ سوزۇپ ئېيتىلىشىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ پەس، مۇڭلۇق ئاۋازدا ئېيتىلىدۇ. «ئەللەي قوشىقى» كۆپىنچە ھاللاردا تۆۋەندىكى مەزمۇنلار ئاساسىدا ئېيتىلىدۇ:

ئەللەي بالام، ئەللەي-ئەللەي!
مېنىڭ بالام ئۇخلايدۇ، ئەللەي-ئەللەي!

ئەللەي بالام، ئەللەي-ئەللەي! (ئۆلۈلە-ئۆلۆلە)
بەگ بالام ئۇخلايدۇ، ئەللەي-ئەللەي! (″ ″)

مېنىڭ بالام ئاي، ئەللەي-ئەللەي! (″ ″)
گەپ ئاڭلايدۇ ئۇخلايدۇ، ئەللەي-ئەللەي (″ ″)

ئۇيقۇمنى ساڭا بەردىم، ئەللەي-ئەللەي! (″ ″)
ئۇخلايدۇ بېگىم، ئەللەي-ئەللەي! (″ ″)

ئەللەي ئۇكام، ئەللەي-ئەللەي! (″ ″)
مېنىڭ ئۇكام ئۇخلايدۇ، ئەللەي-ئەللەي! (″ ″)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مېنىڭ ئۇكام ئەقىللىق، ئەللەي-ئەللەي! ("")
ئۇخخۇ دېگەننى بىلىدۇ، ئەللەي-ئەللەي! ("")

ئۇيغۇر قوشاقلىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، مەھەللىۋىلىكى ۋە تىپىكلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. شۇڭلاشقا قوشاقلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ يەر-جاي ناملىرى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، ئاتۇش ناخشىسى، كۇچا ناخشىسى، لوپنۇر قوشىقى، ئىلى ناخشىسى، تۇرپان (قۇمۇل) ناخشىسى قاتارلىقلار. بۇ رايوننىڭ قوشاقلىرى كۆي (ئاھاڭ) جەھەتتىمۇ پەرقلىق كېلىدۇ. بۇ ناخشا-قوشاقلار ئىچىدە لوپنۇر قوشىقى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئەسلىتىدىغان تەسۋىر، كۆي (ئاھاڭ)، كۆيلەش ئۇسلۇبىنىڭ تىپىكلىكى بىلەن ئۇيغۇر قوشاقچىلىقىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. قوشاق ئېيتىش مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 — 40-يىللىرىغا قەدەر لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەڭ مۇھىم كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولۇپ كەلگەن (توي-تۆكۈندە ئوغلاق تارتىش مۇسابىقىسىمۇ بولىدۇ). يەككە ناخشا ئېيتىش ئادىتى بىر قەدەر ئومۇملاشمىغان، مەخسۇس يالغۇز كىشىلىك ياكى ئىككى كىشى ئېيتىشىش ئادىتى ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. مەخسۇس يالغۇز كىشىلىك ئېيتىشىش ئادىتى قىرغىز داستانچىلىرىنىڭ ماناس ئېيپوسىنى ئېيتقىنىغا، ئېيتىشىش قازاق ئاقىنلىرىنىڭ ئېيتىشىشىغا ئوخشايدۇ، مۇنداق پائالىيەت دائىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقانلار بىرەر-يېرىم كۈنلۈك يىراقلىقتىن كېلىپ ئاڭلايدۇ، كۆرىدۇ. ئېيتىشىش كۈننى-تۈنگە ئۇلاپ داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

ئومۇمەن قوشاقچىلىق ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى بۇرۇنلا ئىجتىمائىي كەسىپ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن،

قوشاقچىلار خەلق ئىچىدە چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە. توي-تۆكۈن، سەيلە-مەشرەپ، مېھماندارچىلىق ۋە ھەرخىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى قوشاقچىلارنىڭ ئىشتىراكىسىز ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. كەسپىي قوشاقچىلار ئۆز ماھارىتىنى مۇزىكا ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرىدۇ. شۇڭا كەسپىي قوشاقچىلارنىڭ ھەممىسى تالانتلىق نەغمىچى كېلىدۇ. ئۇلار تارىخىي قوشاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل قوشاقلارنىڭ، ھەرخىل كۈيلەرنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىشىدا، يېڭى قوشاق، كۈيلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى-تارقىلىشىدا غايەت زور رول ئويناپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار خەلق تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىپ «ئەلنەغمىچى» دەپ تارتۇقلانغان.

تېپىشماق: مەلۇمكى، تېپىشماق ناھايىتى قىزىقارلىق بىر خىل ئەدەبىي ژانىر بولۇپ، ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. تېپىشماقنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەممە مىللەتلەردە ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، بايان قىلىنىدىغان ۋەقە-شەيئىلەرنىڭ ئوبرازى سىمۋوللاشتۇرۇلغان ھەمدە سۆز-ئىبارىلىرى قىسقا، ئىخچام، قاپىيىلىك، ئاھاڭدار كېلىدۇ.

مەسىلەن:

تېشى سىرلاقلىق، ئىچى مىخلاقلىق (تاۋۇز ئانار)

كىچىككىنە پىنناس، بۇ ئالەمدە تىنماس. (يىڭنە)

ئىگەرمۇ ئىگەر، خانىنىڭ بويىنىمۇ ئىگەر. (ئىشىك)

مىللەتلەرنىڭ مىللىي پسىخىكىسى ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئۇسۇلى پەرقلىق بولغاچقا، ۋەقە-شەيئىلەرنى سىمۋوللاشتۇرۇش ئادىتىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇلاردا ئاپتاپپەرەس ساداقەتلىكنىڭ سىمۋولى، سېغىزخانىنىڭ سايرىشى خۇشخەۋەرگە سىمۋول قىلىنسا، ئۇيغۇرلاردا ئاپتاپپەرەس ئىككى يۈزلىمىلىككە، سېغىزخانىنىڭ سايرىشى شۇم خەۋەرگە سىمۋول

قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار قاغىنىڭ سايرىشىنىمۇ يامان ئالىدۇ. شۇڭا ھويلا-ئارامدىكى دەرەخلەردە قاغا سايرىسا «ئاغزىڭغا تاش» دەپ ئۇچۇرۇۋېتىدۇ.

تېپىشماقنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، سوئال-جاۋاب تەرىقىسىدە ئورۇندىلىنىپ، سورۇن چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئەجدادلىرىمىز تېپىشماق ئېيتىش ۋە جاۋاب ئېلىش ئارقىلىق ياشلارنىڭ، بولۇپمۇ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئىلھام بېرىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن تېپىشماققا باللار تولىمۇ قىزىقىدۇ.

## 4. سەنئەت ئادىتى

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن سەنئەتخۇمار خەلق. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تەبىئىتى «ۋېينامە»، «تاڭنامە» قاتارلىق خەنزۇچە تارىخنامىلەردە ئاللىبۇرۇنلا ئۆزىگە مۇناسىپ تەسۋىرىي ئورۇن ئالغان. كېيىنكى دەۋرلەردە قېرىنداش مىللەتلەر تەرىپىدىن «ناخشا-ئۇسسۇلچى» خەلق دەپ تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەتخۇمارلىقى ئۇسسۇل، مۇزىكا، ئويمىچىلىق (نەققاشچىلىق)، ھەيكەلتىراشلىق، ھۈنەر-سەنئەت، رەسساملىق، كەشتىچىلىك قاتارلىقلارنى ئىجتىمائىي كەسىپ سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىدە ۋە ئۇنى ئۆزىنى زامانلاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى شادىيانىلىق، ھوزۇر-لەززەت دەپ بىلىپ، ئىشتىياق باغلاپ كەلگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

### ئۇسسۇل

ھەرىكەت سەنئىتى ياكى ھەرىكەت تىلى دەپ ئاتىلىدىغان

ئۇسسۇل ۋە ئاۋاز سەنئىتى ياكى مۇزىكىلىق تىل دەپ ئاتىلىدىغان مۇزىكا ئۇيغۇر سەنئىتى بويىچە ئەڭ تەرەققىي قىلغان، ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان سەنئەت ژانىرى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل بايرام تەنتەنىلىرى، بارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۇسسۇل-مۇزىكىسىز بولمايدۇ، شۇنىڭدەك ئۇسسۇل بىلمەيدىغان ئادەممۇ ئاز ئۇچرايدۇ. ھەتتا ئۇسسۇل ئويناش بەش-ئالتە ياشلىق بالىلارنىڭمۇ بىر خىل مەدەنىي پائالىيىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن. كۆپ ۋاقىتلاردا 70-80 ياشلىق بوۋاي-موماي‌لارمۇ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ مەيداندىكىلەرگە خۇشاللىق بېغىشلايدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئۇسسۇلنىڭ شۇ قەدەر ئومۇملاشقىنىغا مۇناسىپ ئۇنىڭغا نەغمە قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ گۈزەللىك زوق-ھەۋەسىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشقان. بۇ ھال ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ مولluقى، كۆپ خىللىقىنى بەلگىلىگەن. ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى ھەرىكەت مەزمۇنىغا، ئوينىلىدىغان سورۇنىغا قاراپ ئەمگەك ئۇسسۇلى، كۆڭۈل ئېچىش ئۇسسۇلى، مۇراسىم ئۇسسۇلى دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئۇسسۇل ئەمگەك پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا قەدىمكى دەۋردە ئەمگەك پائالىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. كېيىنچە كۆڭۈل ئېچىشقا ئۇيغۇنلاشقان ھەر خىل ئوبرازلىق ھەرىكەتلەرنىمۇ ئىپادىلەيدىغان بولغان. مەيلى قايسى خىلدىكى ئۇسسۇل بولمىسۇن، ئەجدادلىرىمىز لەرزان، يېقىملىق، شادىيانە، شوخ ياكى مۇڭلۇق مۇزىكا ساداسى ئىچىدە رېتىملىق، نەپىس، نازۇك، ئوبرازلىق بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق ھەرخىل ھېسسىيات-كەيپىيات، شەكىل-قىيापەت، مۇھەببەت-مەنزىرىلەر ئوبرازىنى ئىپادىلەپ ئۆزلىرىنى مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىن بولغان مەشرەپنى ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل كۆرىكى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. چۈنكى مەشرەپتە ھەرخىل يۇمۇرلۇق،

ساتىرىك ئوبرازلار ئىپادىلىنىدىغان كومېدىيىلىك ئويۇنلار ئوينىلىشتىن تاشقىرى، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ھەرخىل ئوبرازلىق ھەرىكەتلەر ئىپادىلىنىدىغان يەككە، ئىككى كىشىلىك ۋە كوللېكتىپ ئۇسۇللارمۇ ئوينىلىدۇ. مەسىلەن، دولان (مەشرەپ) ئۇسسۇلى، جەرەن ئۇسسۇلى، ئۆچكە ئۇسسۇلى، توخۇ ئۇسسۇلى، پوتا ئۇسسۇلى، نازىرگۇم ئۇسسۇلى، پىيالە ئۇسسۇلى، رومال ئۇسسۇلى، گۇل ئۇسسۇلى، چاچقوشاق ئۇسسۇلى، يۇزئاچقۇ ئۇسسۇلىقاتارلىق ئۇسسۇللار. بۇلاردىن باشقا ئىقابلىق يولۋاس ئۇسسۇلى، سۇ چېچىشىپ ئوينايدىغان سۇ-مۇز ئويۇنى، ئارغىماق ئويۇنى قاتارلىق ئۇسسۇل، ئويۇنلارمۇ بولغان.

دولان مەشرىپىدە ئەر-ئايال كوللېكتىپ ئوينايدىغان تۆت ئۆزگىرىشلىك ئۇسسۇلنى ئۇيغۇر ئەمگەك ئۇسسۇلىنىڭ قەدىمكى شەكلى دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق پائالىيىتى ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ ئۇسسۇل ئوينالغاندا، ھەربىر ئۆزگىرىشتە ئورۇندىلىۋاتقان ھەرىكەت ۋە ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكا ساداسىدىن كىشى ئۆزىنى خۇددى ئېدىر-جىلغىلاردا، ئورمان-چاتقاللىقلاردا ئوۋ كۆزىتىپ كېتىۋاتقاندەك، ئوۋ بىلەن جېدىلىشىۋاتقاندەك، ئوۋنى قورشاپ ئاخىر غەلىبە تەنتەنىسىنى قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. جەرەن ئۇسسۇلى بۇگۈر، شايارنىڭ تارىم بويلىرىغا جايلاشقان ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئومۇملاشقان بىر خىل گىرىملىك ئۇسسۇل. بۇ ئۇسسۇل مەخسۇس داپقا تەڭكەش قىلىپ ئوينىلىدۇ. ئۇنىڭدا جەرەننىڭ خۇلق-مىجەزى، ياشاش قانۇنىيىتى ۋە ئۇنى ئوۋلاش ئۇسسۇلى ئوبرازلىق ئىپادىلىنىدۇ. خەنزۇچە مەنبەئەلەردە خاتىرىلىنىشچە ئىچكى ئۆلكىلەردە ئوينىلىدىغان شىر ئۇسسۇلى، ئوقيا ئۇسسۇلى، باتۇر ئۇسسۇلى قاتارلىق ئۇسسۇللار تاڭ دەۋرىدىلا ئۇيغۇرلاردا ئومۇملاشقان ئۇسسۇللاردىن بولۇپ،

ئىچكىرىگە ئۇيغۇرلاردىن تارقالغانلىقى مەلۇم[1]. ئەمما بۇ ئۇسسۇللار كېيىنكى دەۋرلەردە تەدرىجىي ئۇنتۇلغان. دېمەك بۇنىڭدىن ئۇسسۇلنىڭ ئەمگەك پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇندىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدىن كەلگەن «پىر ئۇسسۇلى» (پېرىخونلۇق) مۇ بولغان. بۇ ئۇسسۇل ئۇيغۇرلاردا دەسلەپكى دەۋرلەردە مۇراسىم ئۇسسۇلى سۈپىتىدە يەنى قامانلارنىڭ جىن-شاياتۇنلارنى قوغلاش پائالىيىتىدە سېھرى-ئەپسۇن ئوقۇش مۇراسىمى سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنكى دەۋرلەردە مۇراسىم ئۇسسۇل شەكلىنى يوقىتىپ، باخشىلارنىڭ تۇغ باغلاپ، دۇئا ئوقۇشىدىكى بىر خىل ھەرىكەتكە ئايلىنىپ قالغان.

دولان مەشرىپىدىن باشقا قەشقەر، يەكەن سەنىمى، كۇچا كورلا سەنىمى، تۇرپان، قۇمۇلنىڭ مىيلىس، كۆك (مايسا) مەشرىپى، ئىلى سەنىمى ۋە نەغمىلىك ئولتۇرۇشلىرى قاتارلىقلارمۇ ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇلىنىڭ ئەنئەنىۋى نامايەندىسى سۈپىتىدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇسسۇل تارىختا ئۆتكەن ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ئوردا مۇراسىملىرىنىڭمۇ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلىنىپ قالغان، مەشھۇر تارىخنامىلاردا «ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كاتتا ئەربابلىرى ياكى چەت ئەل ئەلچىلىرى قاغان بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندا، ئالدى بىلەن بارگاھ ئالدىدا مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ، ساما سېلىپ، ئۇسسۇل ئوينىلاتتى» دېگەن خاتىرىلەردىن ئۇسسۇلنىڭ ئەجدادىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا نەقەدەر مۇھىم رول ئويناپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

---

① ئا. مەتتىمىن. «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى» 73-، 74-بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

يىغىنچاقلىغاندا، ئۇسسۇل ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەت گۈلزارىدا ئۈزۈن دەۋرلەردىن بۇيان توزۇماي، سولماي، ھامان پورەكلەپ، خۇش پۇراق چىچىپ كېلىۋاتقان بىباھا گۈلى.

## مۇزىكا

ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنى ئۇسسۇل سەنئىتى بىلەن قوشماق ياكى بىر گەۋدە دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىككىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە مۇناسىپ ھالدا بىر-بىرىنى ئۆزئارا شەرت قىلىشقان. ئۇسسۇل ئۇيغۇرلارنىڭ شوخ، تېتىك، مەردانە، غەيۇر، شادىيانە-خۇشپىچىم، قەيسەر مىجەز-خۇلقىنى نەپىس، نازۇك، ئەۋرىشىملىك ھەرىكەت تىلى بىلەن ئوبرازلىق ئىپادىلەش ئارقىلىق خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇپ كەلگەن بولسا، ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتى بەدىئىيلىكىنىڭ ئۇستۇنلۇكى، ئاھاڭىنىڭ كۆپ خىللىقى، رىتىمىنىڭ مۇرەككەپلىكى، ۋەزنىنىڭ ئىنىق-ئۆلچەملىكلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئۇسسۇل ھەرىكىتىگە جان كىرگۈزۈپ، ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرغان.

ئۇيغۇر مۇزىكا تىلىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىگە مۇناسىپ چالغۇلىرىنىڭمۇ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئاھاڭىنىڭ كۆپ خىللىقى، مۇرەككەپلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكىرىنى تولۇق ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە.

ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ خورىماس مەنبەسى بولغان ئون ئىككى مۇقام ئەنە شۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرگەن مۇزىكا دەستۇرى بولۇپ، مەيلى ئەنئەنىۋى نەغمىلەر ياكى ھازىرقى يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىك بەدىئىي مۇزىكا ئىجادىيەتلىرى بولسۇن ھەممىسى ئون ئىككى مۇقامغا ۋارىسلىق

قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، قەشقەر، يەكەن، كۇچا، كورلا، تۇرپان، قۇمۇل، ئىلى سەنەم-مەشرەپلىرى قاتارلىقلاردا ئېيتىلىدىغان ناخشا، ئوينىلىدىغان ئۇسسۇللارنىڭ مۇزىكىسى ۋە «غېرىپ-سەنەم»، «تاھىر-زوھرا» قاتارلىقلارنىڭ مۇزىكىسىنى، «تاشۋاي»، «شادىيانە»، «نىم پەدە»، «سوۋار»، «ئويناڭ دەردى بار باللار»، «ۋادەرىخا»، «دەردىڭ يامان»، «سىپىل ناخشىسى»، «جۇنۇن»، «زىمىن»، «ئالىمخان»، «لىۋەن يارلا»، «ئانارگۇل بالا»، «ھەيرانەي»، «ئىلاخۇن كۆك كۆز»، «سادىر پالۋان»، «ھەي دادەي»، «بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار»، «شەرىخۇمارى»، «ئۆستەڭ ناخشىسى» قاتارلىق مۇزىكا، ناخشا-ئۇسسۇللارنىڭ ھەممىسى ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭىنىڭ دائىرىسى ۋە تەسىرىدىن مۇستەسنا ئەمەس، بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكىلىق ناخشا-ئۇسۇللىرىنىڭ تىپىك نەمۇنىلىرىدىن بولۇپ، ئۇزۇن دەۋرلەردىن بۇيان خەلقىمىز بىلەن بىللە ياشاپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىدە مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكلەر مەۋجۇت بولغىنىدەك، ئۇيغۇر مۇزىكىسىمۇ شۇنداق مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكلەردىن مۇستەسنا ئەمەس، مۇنداق مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكلەر جەنۇبىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ (ئاساسەن ئىلى رايونى) ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇزىكا-ناخشىلىرىدا ئۇچرايدۇ، بۇ ئالاھىدىلىكلەر جەنۇبىي شىنجاڭ مۇزىكا ئاھاڭىدا مۇرەككەپ ئەگىتمە كۇي-ئاۋازلارنىڭ ئازلىقى، شەرقىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇزىكا-ناخشا كۇي-ئاۋازىنىڭ ئاددىيلىقى (كورلا، تۇرپان، قۇمۇل سەنەملىرىنىڭ كۇي-ئاۋازلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش)، ئىلى مۇزىكا-ناخشىلىرىنىڭ ئەگىتمە، سىيرىلما، بۆلۈنمە ئاۋازلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر ئون ئىككى مۇقام كۇي-ئاۋازلىرىنى ئاساس

قىلغان بولۇپ، يەنىلا ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئورتاق سىستېمىسىغا مەنسۇپ.

## چالغۇ

ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ مولluqى، كۆپ خىللىقىغا مۇناسىپ ئۇنىڭغا تىل-جان كىرگۈزىدىغان چالغۇلىرىمۇ ھەرخىل، ئاساسلىقلىرى ئون نەچچە خىلغا بارىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنىڭ شەكلى تۆت-بەش خىلغا بارىدۇ. مەسىلەن، راۋاب قەشقەر راۋابى، دولان راۋابى، قويچى راۋابى، تەكەممۇل راۋابى دەپ تۆت خىل كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى چالغۇلىرى ئاساسلىقى داپ-دۇمباق، غىجەك، نەي (سىبىزغۇ)، قالۇن، ساتار، دۇتتار، تەمبۇر، راۋاب، چاڭ، قوبۇز، ساپايە، تاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. تارىخىي يادىكارلىق ۋە ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ چالغۇلار ئىچىدە داپ، دۇمباق، نەي، غىجەك قەدىمكى ئەنئەنىۋى چالغۇلىرىمىزدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. غىجەك دېگەن «غىرداپ چالىدىغان چالغۇ» دېگەنلىك بولىدۇ، غىجەك ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ خەنزۇچە «خۇچىڭ» يەنى «غۇر سازى» دەپ ئاتىلىدۇ. «غۇر» ئۇيغۇر دېگەن بۇ نامنىڭ قەدىم زاماندىكى ئاتىلىشى بولۇپ «خۇ» شۇ «غۇر» سۆزىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. داپ، نەي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مەخسۇس سۆزلەم ئورنىدا «تۈمرۈك» (داپ-دۇمباق)، «سىبىزغۇ» (نەي) دەپ بېرىلگەن. بۇنىڭدىن غىجەك، داپ، نەينىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا ئەجدادلىرىمىز ئومۇميۈزلۈك قوللانغان ئەنئەنىۋى چالغۇلىرىمىزدىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كەڭ يېزىلاردا دېھقانلارنىڭ خالىغاندا چالغۇ ئەسۋابلىرى يوق

www.uyghurkitap.com

شارائىتتىمۇ لېگەن، پەتنۇس قاتارلىق نەرسىلەرنى داپ ئورنىدا چېلىپ، كالتە ئۇسسۇل مەشرىپى ئوينايدىغان ئادىتىمۇ شۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. غېجەكنىڭ هازىر قۇمۇل مەشرەپلىرىدە يەنىلا ئاساسلىق چالغۇ سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى هېسابقا ئالمىغاندا، باشقا رايونلاردا ئاساسىي جەھەتتىن ئىشلىتىلمەيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىدا غەرب غېجىكى يەنى ئىسكىرىپكا ئىشلىتىش ئومۇملاشتى. هازىر ئىسكىرىپكىنىڭمۇ ئۆزلەشتۈرۈلگەن تۈرلىرى مەيدانغا كېلىپ ئومۇملاشماقتا. ئىسكىرىپكا جۈملىدىن قالۇن، ساتارنىمۇ غېجەكنىڭ قانۇنىيىتىگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان چالغۇلار دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. 60-يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇر چالغۇ سەنئىتىدە ئىجادىي تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. مەسىلەن، خۇشتار ۋە يېڭىچە تەمبۇر قاتارلىقلار. خۇشتارنى غېجەكنىڭ هازىرقى زاماندىكى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇلغان شەكلى دېيىشكە بولىدۇ.

قوبۇزغىغا كەلسەك، ئۇ تىللىق ئېغىز قوۋۇزىدا تىل هەرىكىتى ياردىمىدە پۈۋلەپ چېلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن «قوبۇز» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۆيدە ۋە پادىچىلار ئىچىدە چېلىناتتى. هازىر ئۇنتۇلدى.

ئۇيغۇر چالغۇلىرى ئىچىدە دۇتتار، تەمبۇر، راۋاپ ناهايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. بولۇپمۇ دۇتتار كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بىردىن دۇتتار بولىدۇ. دۇتتار چېلىشنى بىلمەيدىغان ئادەممۇ ئاز ئۇچرايدۇ. دۇتتار ئائىلىلەردە ئاياللارنىڭ مەنىۋى دىلكەش ھەمراھى بولۇپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئون ئايال ئىچىدە بىر ئايال دۇتتارچى كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## ھۈنەر-سەنئەت

ئويمىچىلىق (نەققاشلىق)، ھەيكەلتىراشلىق، ھۈنەر-سەنئەت، كەشتىچىلىكمۇ ئۇيغۇر سەنئەت مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. خەنزۇچە مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا مېمارچىلىق، ئويمىچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق، ھۈنەر-سەنئەت ئۇيغۇرلار ئىچىدە VI - VII ئەسىرلەردىلا مەخسۇس كەسىپ سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىپ تەرەققىي قىلىپ، خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. ئۇيغۇر ئۇستىلىرى بىنا قىلغان سېلىنگا دەرياسى بويىدىكى بايبالىق، ئورخون ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ پايتەختى-قارابالغا سۇن خارابىيلىرىدىن تېپىلغان نەپىس ھەيكەللەر، نەقىشلەنگەن خىش-ساپاللار ۋە موڭغۇل دالاسىدىن تېپىلغان مەڭگۈتاش پۈتۈكلىرى ۋە دائىرىسى 25 كۋادرات كىلومېتر، كوچا-رەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 24 كىلومېتر كېلىدىغان شەھەر خارابىسى قاتارلىقلار ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇر مېمارچىلىق سەنئىتى بىلەن ئويمىچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ خېلى مۇكەممەللىشىپ قالغانلىقىنىڭ[1] پاكىتى.

VIII ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلاردا ھۈنەر-سەنئەت شۇ قەدەر تەرەققىي قىلغانكى، ئالتۇن-كۈمۈش، قاش تېشى زىننەت بۇيۇملىرى، تېگىدىن گۈل-گىياھ نۇسخىلىرى چىقىرىلىپ توقۇلغان رەختلەر ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە بازىرى ئىتتىك، داڭلىق، بەس-بەستە سېتىۋېلىنىدىغان مەھسۇلاتلارغا ئايلىنىپ قالغان.[2] ئۇيغۇرلار

---

① ليۇجېژشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-قىسىم، 87-بەتتىكى نەقىلدىن.
② «ئۇيغۇر تارىخى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-قىسىم، 22-، 220-بەتلىرىدىكى نەقىلدىن.

ئىچىگە بۇددا دىنى، كېيىنچە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ بۇددا دىنى، ئىسلام دىنىي ئېتىقادى ئۈچۈن ئىبادەتخانىلار سېلىشقا توغرا كېلىش بىلەن ئۇنى بۇددا ھۆرمىتى ۋە ئىسلام قائىدىسىگە مۇناسىپ گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن نەققاشلىق تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان بولسا، ساكيامۇنىسى ۋە راھىبلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ھەيكەلتىراشلىق؛ راھىبلارنىڭ پائالىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن رەسساملىق، بۇتلارنى نازۇك زىبۇ زىننەتلەر بىلەن بېزەش ئۈچۈن زەرگەرلىك تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى.

شۇنداق قىلىپ يۇنان، ئەرەب، ھىندستان مېمارچىلىق، نەققاشلىق، رەسساملىق سەنئىتى ئۇيغۇر ئۇستىلىرىنىڭ قولىدا ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرلارغا خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مېمارچىلىق، نەققاشلىق، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق ۋە بىر يۈرۈش ھۈنەر-سەنئەت يېتىلىپ چىقتى ۋە ماھىر سەنئەتكارلار قوشۇنى شەكىللىنىپ، بۇ كەسىپلەر ئەۋلاددىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلدى. قىزىل، كۇچا قۇمتۇرا، تۇرپان بېزەكلىك، قارا شەھەر مىڭ ئۆي تاملىرىغا سىزىلغان ھەرخىل سۈرەتلەر، قەشقەر ھېيتگاھ، ئاپاق غوجا گۈمبىزى، شۇ جايدىكى ئىبادەتخانىلار، يەكەن مەدرىسى، كۇچا قىغ دۆڭ مەدرىسى، تۇرپان ئىمىن ۋاڭ مۇنارى ۋە ئاتۇش، كۇچا، كورلا قاتارلىق جايلاردىكى ياغاچ ۋە گەژدە ھەرخىل مۇرەككەپ، كۆركەم گۈل نۇسخىلىرى نەقىشلىنىپ ياسالغان ئولتۇراق ئۆيلەر، ھەرخىل مۇرەككەپ، نەپىس، نازۇك ئالتۇن-كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى، ھەرخىل نۇسخىلىق ئەتلەس قاتارلىق توقۇلمىلار ئۇيغۇر بىناكارلىق، نەققاشلىق، رەسساملىق ۋە ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ نادىر نەمۇنىلىرىدۇر.

كەشتىچىلىك ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان ئىجتىمائىي كەسىپ، رەڭگارەڭ گۈل نۇسخىلىرى

www.uyghurkitap.com

تىكىلگەن دوپپىلار، كەشتىلەنگەن تەكيە، ياستۇق قاپلىرى، لۆڭگە، رومال، كۆڭلەك، بەلباغلىق، تاماكا خالتىسى، پاپاق، بوۋاقلار ئىشتانپايپىقى، بۆشۈك ئوۋدا-تاتقۇسى قاتارلىقلار ئۇيغۇر كەشتىچىلىكىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن، داڭلىق، مىللىي ئالاھىدىلىكى تىپىك بولغان مەھسۇلاتلىرىدىندۇر. بولۇپمۇ دوپپىچىلىق ناھايىتى ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ شەكلى بولۇپ قالغان. ئۇيغۇر دوپپىچىلىقىنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقى دوپپا كىيمەيدىغان ئەر، ئايال يوقلۇقى، دوپپا تىكىشنى بىلمەيدىغان قىز، ئاياللارنىڭ كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. دوپپا ئۆز نۆۋىتىدە ئىچكى-تاشقى سورۇنلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قالغان.

# ئون تۆتىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئادىتى ۋە خەلق ئويۇنلىرى

مەلۇمكى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى ھەرخىل بولۇپ، مەشرەپ-بەزمە، سەيلە-باراۋەت، ھەرخىل ئويۇن ۋە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ پائالىيەتلەر ئىچىدە مەشرەپ تارىخى ئۇزۇن، قويۇق مىللىيلىققا، كەڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە ئۇنىۋېرسال مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مەشرەپنىڭ «سوغدىچ-قاتارى بەزمە، قىش كۈنلىرى دوستلار ئارا نۆۋەت بىلەن بولىدىغان مەشرەپ»[1] دەپ تونۇشتۇرۇلۇشىدىن مەشرەپنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش ئادىتى شەكلىدە ئومۇملاشقانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

### 1. مەشرەپ-بەزمە

مەشرەپنىڭ قويۇق مىللىيلىققا، كەڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي پسىخىكا

① شۇ ئەسەر، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 593-بەت.

ئالاھىدىلىكى روشەن ئىپادىلىنىدىغان نەغمە ئۇسسۇللاردىن تاشقىرى تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ھەرخىل مەخسۇس قىزىق ئويۇنلارنىڭمۇ ئوينىلىدىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مەشرەپ ئوينىلىش شەكلى بويىچە ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەھەللىۋى ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە بولۇپ، تۈرىمۇ كۆپ، نامىمۇ ھەرخىل. مەسىلەن، دولان مەشرىپى، مېيلىس قېيىت، كۆك (مايسا) مەشرىپى، توي مەشرىپى، بەزمە دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇنىدىن باشقا ھېيت-بايراملاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولتۇرۇشلار ۋە تونۇشۇش چېيى، خوشلىشىش چېيى، ناماقۇللۇق چېيى قاتارلىقلارمۇ مەشرەپ تۈسىنى ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆڭۈل ئېچىش مەقسەت قىلىنغان. بۇ مەشرەپلەر ئىچىدە دولان مەشرىپى بىلەن تۇرپان، قومۇل مەشرەپلىرى (مېيلىس)، كۆك (مايسا) مەشرىپىدە نەغمە-ناۋا، ناخشا-ئۇسسۇل ئاساس قىلىنغان بولۇپ، قوشۇمچە ھالدا كومىدىيە خاراكتېرلىك ھەرخىل ئويۇنلار ئوينالسا، باشقىلىرىدا نەغمە-ناۋا، ناخشا-ئۇسسۇل، لەتىپە-چاقچاق ئاساس قىلىنغان بولۇپ، باشقا ئويۇنلار ئوينالمايدۇ.

دولان مەشرىپىدە ئادەتتە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق، ئەمگەك پائالىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان تۆت ئۆزگىرىشلىك «ئەمگەك ئۇسسۇلى» ئاساسلىق ئۇسسۇل بولۇپ، ئەر-ئايال كوللېكتىپ ئورۇندايدۇ. تۇرپان، قومۇل مەشرەپلىرىدە «پوتا ئۇسسۇلى» ئاساسلىق ئۇسسۇل بولۇپ، يەككە ھالدا قاتارى تەكلىپ قىلىش شەكلىدە ئوينىلىدۇ. قاتارى بەزمە-مەشرەپ، ئولتۇرۇشلاردا نەغمە-ناخشا، لەتىپە-چاقچاق ۋە ھەرخىل قىزىق ئويۇنلار ئاساس، ئۇسسۇل قوشۇمچە ئورۇندا بولۇپ ئەركىن ئۇسسۇل بولىدۇ.

بۇ مەشرەپ-بەزمە، ئولتۇرۇشلارنىڭ تەرتىپلىك، كۆڭۈللۈك ئۆتۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن تۈزۈلگەن بىر



www.uyghurkitap.com

يۇرۇش «قائىدە-تۇزۇم» لىرى ۋە «خىزمەتچى-خادىم» لىرى بولىدۇ. بۇ «قائىدە-تۇزۇم» ، «خىزمەتچى-خادىملار» نى مەشرەپ قاتناشچىلىرى ئورتاق مەسلىھەتلىشىپ تۇزۇپ چىقىدۇ، سايلايدۇ. بۇ «تۇزۇم-قائىدە» لەر مەشرەپ قاتناشچىلىرىنى ياخشى ئەخلاق، ياخشى پەزىلەتنى دوست تۇتۇشقا، تەرتىپلىك، ئەخلاقلىق بولۇشقا يېتەكلەش-رىغبەتلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. مەشرەپ «خىزمەتچى-خادىم» لىرى يىگىت بېشى، قازى، پاششاپ. . . دەپ ئاتىلىدۇ. مەشرەپ قاتناشچىلىرى ئادەتتە «ئوتتۇز ئوغۇل» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر «خىزمەتچى-خا-دىم» لار بولۇپمۇ قازى ئىقتىدارسىز چىقىپ قالسا، ئوتتۇز ئوغۇل ئۇلارنى ھەر ۋاقىت ئەمەلدىن قالدۇرۇپ باشقىنى سايلايدۇ. «قائىدە-تۇزۇم» گە ئىخىر خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى ئوتتۇز ئوغۇل قاتارىدىن قوغلاندى قىلىدۇ، بۇ «قائىدە-تۇزۇم» مەشرەپكە كېچىكمەسلىك، سەۋەبسىز، رۇخسەتسىز كەلمەي قويماسلىق، راستچىل بولۇش، كەيىپ قىلماسلىق، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئاسراش، خوتۇن-قىزلارغا بىھۇدە چاقچاق قىلماسلىق قاتارلىق ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

مەشرەپ ھەر يىلى كەچ كۈزدىن باشلاپ ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا ئوينىلىدۇ، ئادەم سانى 20-30 دىن ئاشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر مەھەللىدە مىجەز-خۇلقى كېلىشىدىغانلار بىر يۇرۇش بولۇپ ئوينايدۇ. ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە 18 ياشتىن تۆۋەنلەر مەشرەپكە قاتناشتۇرۇلمايدۇ. مەشرەپ قاتناشچىلىرىدا ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرغاچقا، مەشرەپمۇ ھەر يىلى قايتا ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. باشقىدىن «سايلام» بولىدۇ. شۇ يىلقى مەشرەپ بىرىنىڭ ئۆزلۈكىدىن خالىس چاي ئۆتكۈزۈشى بىلەن ياكى ئوتتۇز ئوغۇل قاتارىغا يېڭىدىن بىرەر ياشنىڭ قوشۇلغانلىقى يۈزىسىدىن شۇ

ياشنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان چاي مۇناسىۋىتى بىلەن باشلىنىپ داۋاملىشىدۇ. بېزىلاردا بىرەر ياشنىڭ مەشرەپكە قاتناشقانلىقى ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلىقىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىپ شەرەپلىك ئىش دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا شۇ ياشنىڭ ئاتا-ئانىسى بالىسى ئۈچۈن بىرەر مال سويۇپ ئوتتۇز ئوغۇلغا داستىخان سالىدۇ.

## 2. مەشرەپ ئويۇنلىرى

مەشرەپ يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك مەھەللىۋى ئالاھىدىلىكلىرىگە مۇناسىپ ئۇنىڭدا ئوينىلىدىغان ئويۇنلارنىڭ تۈرىمۇ، مەزمۇنىمۇ ھەرخىل بولىدۇ. مەسىلەن، دولان مەشرەپلىرىدە تولاراق ئەمگەك ئۇسسۇلىغا ئوخشاش ئەمگەك پائالىيىتى ئىپادىلىنىدىغان «تۆگە ئويۇنى»، «غاز ئۇسسۇلى»، «بوۋا ئويۇنى» ۋە«ئامبال ئويۇنى»، «ئوردا ئېچىلدى» ئويۇنىدا ئوينىلىدىغان ھەرخىل جازا بېرىش ئويۇنلىرى ئوينىلىدۇ، مەسىلەن، «بوۋا» ئويۇنىدا بىر «ئايال» (گىرىم قىلغان ئەر كىشى بوۋاي قىياپىتىدە ياسىنىپ، قولىدا ھاسا تۇتقان ھالدا) «ئورمىچى، ساتىراچ، چىش دوختۇرىمەن» دەپ سورۇنغا كىرىپ كېلىدۇ-دە، ئورمىچىغا سىمۇول قىلىپ ئېگىشكەن ھالدا بەپالا ھالەتتە ئولتۇرغانلارنىڭ پۇت-تىزلىرىغا ھاسىسى بىلەن ئۇرۇپ-چوقۇپ رەتلىك ئولتۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. ساتىراچقا سىمۇول قىلىپ بىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ چېچىنى ئېۋىتكەن بولۇپ، بېشىنى قىسىپ-قورۇپ، چېچىنى تارتىپ ۋاي جان دېگۈزىدۇ. چىش دوختۇرى سىمۇولىدا بىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئامبۇر بىلەن ئۇنىڭ چىشىنى تارتقان ھەرىكەتنى قىلىدۇ. چىشى تارتىلغىنى «ۋاي جان!» دەپ ھوشىدىن كەتكەن بولۇپ ئارقىسىغا يىقىلىپ چۈشىدۇ. شۇئان

بىرى چىقىپ: «دات پادىشاھىم، بۇ بوۋاي ئاكامنى ئۆلتۈرۈپ قويدى» دەپ يىگىت بېشىغا ئەرز قىلىدۇ، قازى سوراپ-تەكشۈرۈپ بوۋايغا ئۇنىڭ ئاكىسىنى «تىرىلدۈرۈپ بېرىسەن» دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بوۋاي «ئۆلۈك» نىڭ يېنىغا كېلىپ: ئۇرغانغا تەقلىد قىلىپ «بىرنى ئۇرسام، شۈك ياتىسەن، ئىككىنى ئۇرسام مىدىرلايسەن، ئۈچنى ئۇرسام» دەپ قولىنى كۆتۈرۈش بىلەن تەڭ «ئۆلگۈچى» «ۋاي جان! ۋاي جان! » دەپ سەكرەپ قوپۇپ كېتىدۇ، بۇ ئارىلىقتا دەۋاگەر ھېلىقى «ئايال» نى باشلاپ چىقىپ كېتىدۇ، بوۋاي ئۇياق-بۇياققا قاراپ: «ۋاي! ھەمرىيىم قېنى؟ . . . خان» دەپ مەيداندىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىدۇ. سورۇندا قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ. «ئامبال ئويۇنى» دا فېئودال ئەمەلدارلار مەسخىرە قىلىنىدۇ، «غاز ئويۇنى» (بىرى جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ بېشىغا غاز بېشىدەك گىرىم قىلىپ، بەدەن ھەرىكىتىنى ساماغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ) ئوۋچىلىقنى ئىپادىلەيدۇ. «تۆگە ئويۇنى» (ئىككى ئادەم جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ بىرى بېشىغا تۆگە بېشىدەك گىرىم قىلىپ، بىرى قۇيرۇقى بولىدۇ، بىرى ئۇنى يېتىلەپ سورۇنغا كېلىش بىلەن تۆگىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئورۇندايدۇ) كارۋانلار تۇرمۇشىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ ئويۇنلاردا ئىپادىلەنگەن ئوبرازلىق ھەرىكەتلەرنىڭ قىزىقلىقىدىن كىشى ئىختىيارسىز كۈلۈپ تېلىقىپ قالىدۇ. دولان مەشرەپلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن بولغان بۇ ئويۇنلار قەشقەر رايونى تەۋەسىدە كەڭ ئومۇملاشقان، ھەتتە ئابداللار ئىچىدىمۇ ئوينىلىدۇ.

تۇرپان، قۇمۇلدا ئادەتتە مەشرەپ سۆزى ئورنىدا مېيلىس، قېيىت، كۆك (مايسا) ئويۇنى سۆزلەر قوللىنىلىدۇ. «مېيلىس» ئاساسەن توي-تۆكۈندە ئوينىلىدۇ، بۇنىڭدا ئادەتتە نەغمە-ناخشا بىلەن «پوتا ئۇسسۇلى» ئوينىلىدۇ، «قېيىت» ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، قاچانلا بولسۇن قاتارى

ئۆتكۈزۈلىدۇ. كۆك (مايسا) ئويۇنى (مەشرىپى) ئاساسەن قىش پەسلىدە ئوينىلىدۇ. بۇ ئۈچ خىل نامدا ئاتىلىدىغان مەشرەپلەرنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى ئالدى بىلەن نەغمە-ناخشا ئاساس قىلىنغان «پوتا ئۇسۇلى» ياكى «نازىرگۇم ئۇسسۇلى» (بۇنىڭدا ئات مىنىش، ئەينەككە قاراش، نازلىنىش، مۇھەببەت ئىزھار قىلىش، پىگۇرا چىقىرىپ مېڭىش قاتارلىق ئوبرازلىق ھەرىكەتلەر ئىپادىلىنىدۇ) ئوينىلىدۇ. چېلىنغان چالغۇدا داپ بىلەن غىجەك ئاساس قىلىنىدۇ. «قىيىت»، «كۆك (مايسا)» مەشرىپىدە پوتا ئۇسسۇلىدىن باشقا قوشۇمچە ھالدا بېيىت ئېيتىش ۋە دولان مەشرەپلىرىدىكىدەك «ئوردا ئېچىلدى» قاتارلىق ھەرخىل قىزىق ئويۇنلار ئوينىلىدۇ.

كۆك (مايسا) مەشرىپىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، قىش پەسلى يېتىپ كېلىش بىلەن مەھەللىلەردە ئۆي ئارىلاپ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە ئاتاپ بىرقاچىدىن بۇغداي ياكى ئارپا ئۈندۈرۈپ مايسا قىلىدۇ ياكى سامساق تىكىپ كۆكەرتىدۇ، مايسا ياكى سامساق كۆكى قايسى ئائىلىدە بۇرۇن تەييار بولغان بولسا شۇ ئائىلە ئوتتۇز ئوغۇلنى تەكلىپ قىلىپ چاي ئۆتكۈزىدۇ. چايدىن كېيىن نەغمە-ناۋا، ناخشا-ئۇسسۇل بولىدۇ، ساھىبخان قولىدا ئۆستۈرۈلگەن مايسىنى كۆتۈرۈپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، سورۇننى بىر-ئىككى ئايلانغاندىن كېيىن، ئالدىن دېتلاپ قويۇلغان بىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۆۋەندىكى بېيىتنى ئېيتىپ، تەزىم قىلىپ مايسىنى شۇ كىشىگە تۇتىدۇ:

قىشلىقى ئۈندۈردىلەر بىر دانە بۇغداينى،
سۇغىرىپ مايسا قىلدى شۇ دانە بۇغداينى،
كېچە-كۈندۈز ياد ئېتىپ ئۇستۇن خۇدانى.
چىللى زىمىستاندا ئۈنەر سەبزەبىمارنىڭ ئەگىلى،
ياخشىلارنىڭ مەھەللىسىدە زەدەك ئۈنەر قىشلىقى.



www.uyghurkitap.com

قىشلىقى ئۆنگەن چىچەكنىڭ تەرىپى نازۇك بولۇر،
سۇغىرىپ گۈل سانجىقىلى ئالغان كىشى ئاشىق بولۇر.
تام چىچەك تامدىن ئېگىز بارمۇ چىچەك،
كۆرگىلى كۆكلۈك تامدىن ئېگىز مايسا چىچەك.
بۇ چىچەكنىڭ تەرىپىنى مۇم بىلەن نام ئەيلىدۇق.
قىش زېمىستاندا ئۆزلىرىگە تۆھپە-سوۋغا يوللىدۇق.

مايسا سۇنۇلغان كىشى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، مايىسنى ئىككى قوللاپ ئالىدۇ. بۇ بىرىنچىدىن شۇ يىلقى مەشرەپنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى، ئىككىنچىدىن كېلەر قېتىم ئوتتۇز ئوغۇل بىزنىڭ ئۆيگە تەكلىپ دېگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئاندىن بېيىت ئېيتىش، لەتىپە-چاقچاق بولىدۇ ۋە پوتا ئۇسسۇلى باشلىنىدۇ.

ئىلى قاتارى مەشرەپ-بەزمىلىرىدە نەغمە-ناخشا، لەتىپە-چاقچاق ئاساسلىق ئورۇندا بولۇپ، قوشۇمچە «گۈلچاي ئويۇنى» ۋە «ئوردا ئېچىلدى» قاتارلىق ھەرخىل قىزىق ئويۇنلار ئوينىلىدۇ. ناخشىغا دۇتار، تەمبۇر، ئىسكىرىپكا تەڭكەش قىلىنىدۇ، يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن ناخشىلار ئېيتىلىدۇ.

گۈلچاي ئويۇنى ئىلى مەشرەپ-ئولتۇرۇشىرىدا ئوينىلىدىغان ئاساسلىق ئويۇن بولۇپ، مۇنداق ئوينىلىدۇ: گۈلچاي ئاساسەن قىشتا ئوينىلىدىغان مەشرەپ-ئولتۇرۇشلىرىدا ئوينىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپىنچە ھاللاردا ھەرخىل شەكىل چىقىرىپ ئالمىدا گۈل ياسىلىدۇ، گۈل ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۈچ يېرىدىن تۆۋى ئاچىماقلانغان ئۈچ تال چىۋىقنى سانجىپ پىيالىنىڭ گىرۋىكىگە قاداپ تۇرغۇزۇلىدۇ ياكى قىشتا ئۆستۈرۈلگەن گۈل ئىشلىتىلىدۇ. ئويۇن بىر پەس نەغمە-ناخشا، لەتىپە-چاقچاقتىن كېيىن باشلىنىدۇ. يىگىت بېشى ئوردا ئېچىلغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن ساھىپخان ياكى بىر

قىزنقچى گۇل چاينى قولىغا ئېلىپ، بىر-ئىككى ئېغىز شائىرانە سۆز بىلەن كۆڭلى تارتقان بىرىنىڭ ئېتىنى ئاتاپ شۇنىڭغا تۇتىدۇ. ئۇ ئېلىپ شۇ تەرتىپتە يەنە بىرىگە تۇتىدۇ. ئويۇننىڭ داۋامى ۋە ئاخىرى خۇددى پوتا ئۇسسۇلىدا پوتا تۇتقاندەك ئوينىلىپ باشلانمىسىغا ياندۇرۇلىدۇ، ئەگەر ياندۇرۇشتا ئېزىپ كەتكۇچىلەر بولسا، ھەر خىل قىزىق ۋە قىيىن ھەرىكەتلەرنى قىلىپ بېرىش، دوراپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىنىدۇ.

«ئوردا ئېچىلدى»: بۇ ئويۇندا ئادەتتە، نەغمىچىلەرنى ئارام ئالدۇرۇش، ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ ھەر خىل ھەۋەس-تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش ۋە ئۇلارغا ئەخلاقىي تەربىيە بېرىش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، ئويۇن جەريانى «ئەرز-شىكايەت ئېيتىش»، «سوراق قىلىش»، «ھۆكۈم چىقىرىش»، «جازا ئىجرا قىلىش» قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئويۇن دولان مەشرىپى، تۇرپان، قۇمۇل، ئىلى مەشرەپلىرىدە ئوخشاش ئوينىلىدۇ.

ئويۇن جەريانى: يىگىت بېشى، قازى تۆردىن ئورۇن ئالىدۇ ۋە يىگىت بېشى «ئوردا ئېچىلدى» دەپ ئېلان قىلىدۇ. پاششاپ ئوتتۇز ئوغۇلنى تەرتىپ ساقلاپ جىم ئولتۇرۇشقا چاقىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سورۇندا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ، بۇ جىمجىتلىقتىن ئىچى پۇشقانلار پىچىرلىشىپ ياكى تاماكا چېكىپ، ياكى يەل-يېمىشكە ئېغىز تەگكۈزۈپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرى: «دات بېگىم! ××× تەرتىپنى بۇزۇپ مۇنداق قىلدى» دەپ شىكايەت قىلىدۇ، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بەزىلەرنىڭ مەشرەپ سىرتىدا سادىر قىلغان ئەدەپسىزلىك قىلمىشلىرىمۇ پاش قىلىنىپ شىكايەت قىلىنىدۇ. ئەرز-شىكايەت تۈگىگەندىن كېيىن، قازى بىر-بىرلەپ سوراپ «خاراكتېرى»نى ئېنىقلاپ، ئۇلارغا تېگىشلىك «جازا» ھۆكۈم قىلىدۇ، شۇ قاتاردا مەشرەپكە كېچىكىپ كەلگەنلەر (رۇخسەتسىز كەلمىگەنلەر ئەگەر مەھەللە

ئىچىدە بولسىلا ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىلىدۇ) گىمۇ چارە كۆرۈلىدۇ، بېرىلىدىغان جازالار كۆپچىلىكنى قاتتىق كۈلكىگە سالىدىغان ۋە ئىبرەتكە ئىگە قىلىدىغان «جازا» لاردىن بولۇپ، جايلار بويىچە بىرقەدەر ئورتاقلىققا ئىگە. جازا تۈرلىرى «تامغا سۈرىتىنى تارتىش» ، «يۇلتۇز كۆرسىتىش (ئۆپكە قويۇش) » ، «سامسا يېقىش» ، «جۇۋازغا قېتىش» ، «قوغلاندى قىلىش» ، «ئىشتىراپ قويۇش» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دولان مەشرىپىدە ئۇلاردىن باشقا «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» جازاسىمۇ بېرىلىدۇ.

تامغا سۈرەت تارتىشتا، جازالانغۇچىنىڭ بېلىنىڭ ئۈستى يالىڭاچلاندۇرۇلۇپ، غۇلىچى كەرگۈزۈلۈپ تامغا چاپلاپ تۇرغۇزۇلىدۇ-دە، ئارقىسىدىن سوغۇق سۇ پۈركىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تامدا ئۇنىڭ سۈرىتى پەيدا بولىدۇ. «يۇلتۇز كۆرسىتىش» تە جازالانغۇچى ئىشىك تۈۋىگە تۇرغۇزۇلىدۇ، چاپىنى سالدۇرۇلۇپ، بىر پېشى بىلەن بېشى پۈركىلىدۇ، بىر يېڭى ئىشىك سىرتىغا چىقىرىلىپ بىر نوگاي سوغۇق سۇ قۇيۇلىدۇ. «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» تە جازالانغۇچى ئوتتۇرىدا ياتقۇزۇلۇپ، ئىككى يېنىدا بىردىن ئىككى ئادەم ياتىدۇ-دە، ئۇنىڭغا قاراپ بىرى بىر نەرسە دەپ بولۇشىغا يەنە بىرى بىر نېمىدەپ، ئۇنى تەڭلىككە سېلىپ، قۇلاق مېڭىسىنى يەپ جاق تويغۇزىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئىككى خوتۇن ئالغان ئەرنىڭ جېنىغا ۋايلىقى ئىپادىلىنىدۇ. «ئىشتىراپ قويۇش» تا، جازالانغۇچىغا كېلەر قېتىمقى ئولتۇرۇشتا × دانە قوي (يەل-يېمىش) ، × موزاي (قوغۇن) ، × تۆگە (تاۋۇز) ئەكېلىش ئىشتىراپ قويۇلىدۇ. مەشرەپ جازاسى ئىچىدە ئەڭ ئېغىر جازا «جوغلاندى قىلىش» بولۇپ، جازالانغۇچى ئوتتۇز ئوغۇل قاتارىدىن چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. مەشرەپكە قاتناشقانلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورۇن-مەرتىۋىسىنىڭ قانداقلىقىدىن قەتئىينەزەر، مەشرەپ

قائىدە-تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلسا بىردەك «سوراق قىلىنىپ» «جازا» غا تارتىلىۋېرىدۇ.

ئوتتۇز ئوغۇل قازىنىڭ سوراق، ھۆكۈملىرىدە ئادىل بولمىغان ئەھۋاللارنى سەزسە، تېپىشماق شەكلىدىكى ھەرخىل سوئاللارنى، ئالايلۇق: «تېنى بەش، جېنى تۆت، باردۇر ئۇنىڭ يۈز تىرنىقى؛ بۇ ئاجايىپ ئىش ئەمەسمۇ، بەشى بېرىپ، تۆتى قايتقىنى» دېگەندەك سوئاللارنى قويۇپ پەم-پاراسىتىنى سىناپ كۆرىدۇ (تاۋۇت كۆتۈرگەن تۆتى بىلەن جەسەت قوشۇلۇپ بەش تەن؛ تاۋۇت كۆتۈرگۈچى تۆت جان؛ ھەر ئادەمدە يىگىرمىدىن جەمئىي 100 تىرناق؛ جەسەت قالدى، تاۋۇت كۆتۈرگۈچى تۆتى قايتتى). توغرا جاۋاب بېرەلمىسە قازىنىڭ كەمچىلىك خاتالىقلىرىنى پاش قىلىش بىلەن شىكايەت قىلىدۇ ۋە لاياقەتسىز دەپ قارىسا، نەق مەيداندا ئېلىپ تاشلاپ باشقا قازى سايلايدۇ.

مەشرەپتە ئوينىلىدىغان بۇ ئويۇنلار كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدە بولسىمۇ، ئۇنىڭدا خەلقنىڭ فېئودالىزمغا بولغان نەپرەت-شىكايىتى، ئەركىنلىك، ئادالەت، دېموكراتىيە، گۈزەل ئەخلاقىي-پەزىلەتكە بولغان مۇھەببەت، ئۈمىد-ئارزۇلىرى ئىپادىلەنگەن.

مەشرەپ-ئولتۇرۇشلاردىن باشقا يەنە مەشرەپ تۈسىدىكى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىدىن «قار ئويۇنى»، «توپۇق ئويۇنى» قاتارلىق ئويۇنلارنىمۇ كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

قار ئويۇنى: قار ئويۇنىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىدىن بولۇپ، قىش پەسلى كىرىپ تۇنجى قار يېغىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئوينىلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز قارنى «قىشنىڭ زىننىتى»، «يىلنىڭ ئوبدان كېلىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى» دەپ ھېسابلاپ، تۇنجى قار مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆز خۇشاللىقلىرىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن بۇ ئويۇننىمۇ بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسى قىلىپ كەلگەن. بۇ ئويۇننىڭ بىر

ئالاھىدىلىكى بىرىنچى، چوقۇم قارلىق تاشلىغان بولۇشى شەرت. ئىككىنچى، پەقەت تۇنجى قار شەرىپىگە يىلدا بىر قېتىم ئوينىلىشى شەرت. ئۈچىنچى، ئويۇن قاتناشچىلىرىنىڭ سانى قارلىق تاشلاش مەسلىھىتىگە قاتناشقانلارنىڭ تەلىپى ئاساسىدا بەلگىلىنىشى شەرت. تۆتىنچى، ئويۇندا نەغمە-ناۋا، ناخشا-ئۇسسۇل، لەتىپە-چاقچاق ئاساس قىلىنىشى شەرت. بۇنىڭدىن باشقا ئويۇن داستىخىنى مولراق بولىدۇ. بۇ ئويۇن:

يېڭى قارنى ياغدى دەپ،
سىزگە قارلىق تاشلىدۇق.
بۇ كۆڭۈلنىڭ خوشلۇقىدىن،
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
كۆڭلىمىزنىڭ يېقىنلىقىدىن،
يالغۇز سىزنى تاللىدۇق.

دېگەن قارلىق قوشىقى يېزىلغان «قارلىقنامە» نىشانلانغان ئۆيگە تاشلىنىش بىلەن باشلىنىدۇ. «قارلىقنامە» دە ئالدى بىلەن قارلىق قوشىقى ئارقىلىق قارشى تەرەپنى تۇنجى قار بىلەن مۇبارەكلەپ مۇنۇ شەرتلەر قويۇلىدۇ: قارلىق بېسىۋالسا يەنى «قارلىقنامە» نى سەزمەي «قارلىقنامە» ئېلىپ بارغۇچىنى تۇتۇۋالالمىسا، تەلەپ بويىچە ئويدان مەشرەپ بېرىش، ئەگەر تۇتۇۋالسا، «قارلىقنامە» ئېلىپ بارغۇچىنىڭ يۈزىگە قارا سۈۋاپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىش. شۇنىڭ ئۈچۈن «قارلىقنامە» ئېلىپ بارغۇچى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن «قارلىقنامە» نى ئۆي ئىگىسىگە سەزدۈرمەي ئولتۇرغان جاينىڭ بىر يېرىگە تىقىپ قويۇپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئاستا خوشلىشىپ چىقىدۇ-دە، «قارلىق بېسىۋالدۇق» دەپ ۋارقىراپ قويۇپ قاچىدۇ. ئۆي ئىگىسى «قارلىقنامە» نى تېپىپ

ئارقىسىدىن قوغلىغىچە، ئۇباردىغان يېرىگە بېرىپ بولىدۇ. چۈنكى قولىدا «قارلىقنامە» يوق ھالدا «قارلىقنامە» ئېلىپ بارغۇچىنى قوغلاپ تۇتۇۋالغىنى بىكار بولىدۇ. قارلىق تاشلانغۇچى ئۇنى نەق مەيداندا تۇتۇۋېلىشى شەرت. ئەمەلىيەتتە نەق مەيداندا تۇتۇۋېلىش بىرقەدەر تەسكە توختايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپىنچە قارلىق تاشلانغۇچى تەلەپ بويىچە مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

توپۇق: توپۇق ئويۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ يايلاق مەدەنىيىتى ئىز-نىشانلىرى قويۇق ساقلىنىپ كەلگەن كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بولۇپ، بۇ ئويۇن ئەجدادلىرىمىز كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدە مالچىلار ئۇچراشقاندا، ئۆزئارا مېھمان بولۇشقاندا يېيىلگەن قوينىڭ توپۇقىنى ئۇچراشقانلىق خاتىرە بۇيۇمى سۈپىتىدە بىر-بىرىگە تۇتۇش ۋە ئۇنى يادىكار قىلىپ ساقلاش مەقسىتىدە ئويناپ ئادەتلەنگەن ئويۇن. ئۇ ئاساسەن ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا ئوينىلىدۇ. بۇ ئويۇن ئادەمنىڭ ھوشيارلىقىنى، تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش رولىغا ئىگە بولۇپ، ئادەتتە مۇنداق ئوينىلىدۇ: دوستلار بىرلىكتە تاماق ياكى گۆش يېگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭدىن چىققان توپۇقنى كۆڭلى تارتقان بىرىگە: «دوستۇم بۇ ساڭا ئامانەت» دەپ تۇتىدۇ، قارشى تەرەپمۇ خۇشاللىق بىلەن ئالىدۇ. بۇ توپۇق ئويۇنىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ، شۇ مەيداندا ئويۇننىڭ شەرتلىرى بەلگىلىنىپ ئىككى تەرەپ شەرتلەرنى تولۇق ئورۇنداشقا ۋەدە-توختام تۈزۈشىدۇ. بۇنىڭغا مەيداندىكىلەر، ھەتتا مەھەللىدىكى مۆتىۋەرلەر شاھىد قىلىنىدۇ. ۋەدە-توختام مەزمۇنى ئامانەتنى سورىغان ھامان بېرىمەن، بېرەلمىسەم كاتتا زىياپەت بېرىپ نەق مەيداندا تون ياپىمەن دېگەن مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. توپۇق ئويۇنىنىڭ كۈچكە ئىگە ۋاقتى يېرىم يىلدىن ئىككى يىلغا قەدەر بولىدۇ. بۇ چەكتىن ئۆتۈپ

كەتسە ئۆزلۈكىدىن كۆچتىن قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىككىلا تەرەپ بىر-بىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ۋە يۈرۈش-تۇرۇشىنى دىققەت قىلىپ كۆزىتىدۇ. توپۇق تۇتقۇچى ھەر دائىم ئۆزىنى بۇ ئىشنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنگە سېلىپ يۈرۈشكە تىرىشىدۇ، قارشى تەرەپمۇ بىپەرۋا يۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئىشقىلىپ ئىككىلا تەرەپ بوش كەلمەيدۇ. توپۇق تۇتقۇچى قارشى تەرەپ سەپەردىن قايتقان پۇرسەتتىن ياكى يىغىنلىق بولغان چاغلاردىن، ھەتتا ئۆلۈم پەتىلىرىگە بارغان، يۈيۈنغان پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ سورايدۇ. قارشى تەرەپ ھەر ئېھتىمالغا قارشى توپۇقنى يېنىدىن ئايرىمايدۇ. تۆشۈك ئېچىپ يىپ ئۆتكۈزۈپ يانچۇقلىرىغا چىگىپ ساقلايدۇ، ھەتتا ئىشتان لىپىزىگە تىكىپمۇ ساقلايدۇ، ئىككى تەرەپ قانچىلىك دىققەت قىلسىمۇ ئۇتۇش، ئۇتتۇرۇش ھامان يۈز بېرىدۇ.

ھازىر توپۇق ئويۇنىنىڭ مۇنداق شەكلى ئومۇملىشىپ كېتىۋاتىدۇ: بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى كوللېكتىپ توپۇق تۇتۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ۋەدە-توختام تۈزۈلمەيدۇ. دوستلار (ئەر-ئايال) بىر يەرگە يىغىلىپ قالغاندا تاماق ئىچىپ مەقسەتلىك ھالدا بىر توپۇق سېلىپ قويۇلىدۇ. ئۇ توپۇق كىمگە چىقسا شۇ كۆپچىلىككە بىر ئولتۇرۇش قىلىپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دوستلار ئارا قاتارى بەزمە باشلىنىشقا يول ئېچىلىدۇ.

## 3 . سەيلە-باراۋەت

سەيلە-باراۋەتلەرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، باھار، ياز، كۈز پەسىللىرىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ، سەيلە-باراۋەت «باھار سەيلىسى»، «باغ سەيلىسى» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

www.uyghurkitap.com

1) باھار سەيلىسى: باھار سەيلىسى «مايسا سەيلىسى»، «گۈل سەيلىسى»، «دالا سەيلىسى» دىن ئىبارەت ئۈچ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سەيلىلەر كەڭ تەبىئەت ئويغىنىپ يەر يۈزى يېشىل تونغا پۈركەنگەن، دەل-دەرەخلەر ياشىرىپ گۈل-گىياھلار پورەكلەپ چېچەك ئېتىشقا باشلىغان كۈنلەردە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

① مايسا سەيلىسى: مايسا سەيلىسى باھار سەيلىسىنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. كەڭ يېزا-قىشلاقلاردا دېھقانلار، بولۇپمۇ ياشلار باھار بەخش ئەتكەن شادلىق تۇيغۇسىدا باھار قۇياشىنىڭ يىللىق مېھرى تەپتىدىن ياشناشقا باشلىغان ئېتىز-ئېرىق، باغ-ۋارانلارنى ئايلىنىپ، يەردىن باش كۆتۈرۈپ چىققان مايسىلارنى سەيلە قىلىپ باھار مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىنىپ كەلگەن. بۇ سەيلە مۇناسىۋىتى بىلەن سەيلىدىن قايتقانلار يەر يۈزىنى يېشىل رەڭدە بېزەۋاتقان قىياق، بۇغداي مايسىلىرى ۋە ھەرخىل ئوت-گىياھلاردىن ئون-ئونبەش تالدىن يۇلۇۋېلىپ، چىرايلىق دەستە قىلىپ مەھەللىگە قايتىشىدۇ. بۇ كۆك مايسا دەستىلىرى ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئاتا-ئانىلارغا تۇتۇلۇپ، ئۇلارنىڭ باھارغا ساق-سالامەت ئۇلاشقانلىقى تەبرىكلىنىدۇ، يىگىت-قىزلار بىر-بىرىگە كۆك مايسا دەستىلىرىنى تۇتۇش ئارقىلىق قەلبىدە يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان مېھر-مۇھەببەتلىرىنى ئىزھار قىلىشىدۇ، ئاتا-ئانىلارغا مايسا دەستىسى سۇنۇلغاندا «رەھمەت بالام، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولغاي، خۇدا ياشناپ كۆكلىگىلى نېسىپ قىلغاي» دەپ ئالىدۇ ۋە «يېڭىلىق» دەپ كۆزىگە سۈرتىدۇ. يىگىت-قىزلار بولسا تەبەسسۇم بىلەن «يېڭىلىقىڭىزغا ھەشقاللا» دەپ ئېلىپ ئۇنى پۇراپ سۆيىدۇ، ئاندىن تۇتۇلغان بۇ يېڭىلىق بەخش ئەتكەن مېھىر تۇيغۇ شەرىپىگە يىگىتلەر، قىزلارغا دوپپا كەيدۈرۈپ قويسا، قىزلار يىگىتلەرگە قولياغلىق تۇتىدۇ. بەزىلەر يېڭىلىق

«شەرىپىگە ياندۇرۇق قىلىش» ۋەدىسىنى بېرىشىدۇ. بۇ ۋەدەبويىچە يىگىتلەر قىزلارغا بىرەر رومال ياكى بىر خىل تۇمار، قىزلار يىگىتلەرگە بىر كۆڭلەك ياكى بەلباغلىق تۇتىدۇ. ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار «ۋاپاسىز» دەپ ئەيىبلىنىدۇ.

مايسا سەيلىسىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، كۆك بىدە چۆچۈرىسى ئېتىپ باھار قۇتلىنىپ، يىلنىڭ توقچىلىق بولۇشى تىلىنىدۇ، سەيلە باشلىنىش بىلەن جۇۋان-چوكانلار، قىزلار ۋە باللار سەيلە قىلغاچ بىدە تېرىپ كېلىدۇ. ھەر قايسى ئۆيلەردە خاس بىدە بىلەن چۆچۈرە تۈگىدۇ، چۆچۈرە تەييار بولغاندا ئائىلە ئەزالىرى ھەممىسى داستىخانغا جەم بولۇپ ئالدىغا بىر قاچىدىن چۆچۈرە قويۇلىدۇ، ئۆيىنىڭ چوڭى ئالدى بىلەن بىر تال چۆچۈرىنى ئېلىپ «يېڭى ئاش، ئاغزى بۇرنۇمدىن تاش» دەپ بىسمىللا بىلەن ئاغزىغا سالىدۇ، باشقىلارمۇ ئىچىدە شۇ سۆزنى تەكرارلاپ ئاندىن چۆچۈرىگە ئېغىز تەگكۈزىدۇ. قوشنىلارغىمۇ بىر قاچىدىن چۆچۈرە سۇنۇلۇپ ئۇلارمۇ يېڭىلىق بىلەن تەبرىكلىنىدۇ. «مايسا سەيلىسى» بۇنداق خاسىيەتكىمۇ ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن بەزى جايلاردا «يېڭىلىق تۇتۇش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

② گۈل سەيلىسى: ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن گۈلخۇمار خەلق. گۈلنى بەخت، ساپ مۇھەببەت ۋە ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى قىلىپ قەدىرلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرت-شارائىتى بارلا ئادەم ئىشىك ئالدىغا گۈل ئۆستۈرۈشنى ۋە قىش-ياز تاشتەكلەردە گۈل بېقىشنى ئادەت قىلغان، شەھەر رايونلىرىدا مەخسۇس گۈلچىلىك كەسپلىرى شەكىللەنگەن. قىز-ئاياللارنىڭ جامالىنىڭ گۈزەللىكىنى، ئىشچانلىقىنى، ئادەمنىڭ ياش-قىرانلىقىنى، ھۈنەر-كەسپنىڭ خاسىيەتلىكىنى گۈلگە ئوخشىتىش (مەسىلەن، گۈلدەك چىراي، قولى گۈل، ئون گۈلنىڭ بىرى ئېچىلمىغان، گۈلدەك ھۈنەر . . . دېگەنلەردەك) ، گۈل تۇتۇش

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق مۇھەببەت ئىزھار قىلىش، قىز-ئاياللارنىڭ قولىقىغا گۈل قىستىش، قىز بالىلارغا گۈل نامىدا ئات قويۇش قاتارلىق ئادەتلەر گۈلنى قەدىرلەش ئادىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

گۈل سەيلىسى ئادەتتە قىزىل گۈل ئېچىلىش بىلەن باشلىنىدۇ. گۈل سەيلىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى، كىشىلەرنىڭ پەقەت باغ، گۈللۈكلەرنى ئارىلاپ سەيلە قىلىشى بىلەن باھار بەخش ئەتكەن شاد-خۇراملىقتا ئورتاقلىشىپ، ئۆزئارا مۇبارەكلىشىدىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر بولۇپمۇ، ياش ئوغۇل-قىزلار توپ-توپ بولۇپ باغ-گۈللۈكلەرنى سەيلە قىلىدۇ، سەيلە خاتىرىسى قىلىپ گۈل دەستىلىرى سۇنۇشىدۇ، مەيدە يانچۇقلىرىغا گۈل غۇنچىلىرى قادىشىدۇ. لوڭقا شىشىلەرگە گۈل غۇنچىلىرىنى چىلاپ ئېچىلدۇرۇپ ئۆي ئىچىمۇ باھار پەيزىدىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ. سەيلە بىر-ئىككى ھەپتە داۋاملىشىپ ئاخىرلىشىدۇ.

③ دالا سەيلىسى: دالا سەيلىسى گۈل سەيلىسى بىلەن تەڭ باشلىنىپ ئون-يىگىرمە كۈن داۋاملىشىدۇ. دالا سەيلىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، كىشىلەر توپ-توپ بولۇپ، تەڭ چىقىش قىلىپ ئالاھىدە تەييارلىق كۆرۈپ، شەھەر-مەھەللە سىرتىدىكى سەيلىگاھ ۋە ھاۋالىق جايلارغا چىقىپ تەبىئەت مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىدۇ ۋە ئۆزلىرى خالىغان غىزا-تاماقلىرىنى ئېتىپ يەپ، نەغمە-ناۋا بىلەن قانغۇچە ئويناپ كەچتە قايتىدۇ، بەزى ئائىلىلەر ئۆز ئالدىغا چىقىپ سەيلە قىلىپ كىرىدۇ.

2) باغ سەيلىسى: باغ سەيلىسى ياز، كۈز پەسلىدە، ياز-كۈزنىڭ پەيزىدىن بەھرىمەن بولۇش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ، مەسىلەن، ئۈجمە سەيلىسى، ئۆرۈك سەيلىسى، شاپتۇل سەيلىسى، قوغۇن سەيلىسى قاتارلىقلار. باغ سەيلىسى ئاساسەن شەھەر ئاھالىسى ئىچىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ، سەيلىگە چىققۇچىلارمۇ تەڭ چىقىش قىلىپ تەييارلىق بىلەن چىقىدۇ، باغ سەيلىسىدە

يېگى پىشقان مېۋىلەرنى ئۆز قولى بىلەن ئۈزۈپ يەپ پەيزى قىلىش، نەغمە-ناۋا، ناخشا-ئۇسسۇل، داستان-قىسسە سۆزلەش، لەتىپە-چاقچاق بىلەن كۆڭۈل ئېچىش ئاساس قىلىنىدۇ، يېمەكلىكتە كاۋاپ، قورداق ئاساس قىلىنىدۇ.

مۇندىن باشقا دوست-ئاغىنىلەر ئارا (تولاراق تەڭتۇش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارا) مەخسۇس بىر خىل تاماق (ئالايلۇق كاۋاپ، نارىن چۆپ، پېتىر مانتا...) ئاساس قىلىنغان كۆڭۈل ئېچىش ئولتۇرۇشلىرىمۇ ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. بۇ ئادەتتە، كاۋاپ باراۋىتى، نارىن چۆپ باراۋىتى... دەپ ئاتىلىپ ئون نەچچە ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ (ئاياللار ئىچىدىمۇ ئۆتكۈزۈلىدۇ)، مۇنداق باراۋەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، مەخسۇس بىر خىل تاماق ئاساس قىلىنىشتىن باشقا نەغمە-ناۋا، ناخشا ۋە لەتىپە-چاقچاق بولىدۇ ھەم ھەرخىل قىزىق ئەسلىمىلەر سۆزلىنىدۇ، مۇمكىنقەدەر سىرتتىن داڭلىق لەتىپىچىلەر تەكلىپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئولتۇرۇشلار ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولىدۇ. ھازىرلاشقا تېگىشلىك نازۇ نېمەتلەرنى نۆۋىتى كەلگەن ساھىپخان ھازىرلاشتىن تاشقىرى ئاساسلىق يېمەكلىك-كاۋاپ، نارىن قاتارلىقلارنى ئاساسي جەھەتتىن كۆپچىلىك ئۆزى قول سېلىپ ھازىرلايدۇ، كاۋاپمۇ نۆۋەت بىلەن بىر نەچچە خىل قىلىنىدۇ، مەسىلەن، قىيما كاۋاپ، تونۇر كاۋاپ، توغرامچا كاۋاپ...، نارىنمۇ قوي گۆشى، ئات گۆشى، قوينىڭ تىلى ۋە كۆز گۆشىدە ئېتىلىدۇ، مۇنداق كاۋاپ، نارىن چۆپلەرنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزگىچە تەمدە بولغاچ، كۆپچىلىك ئىشتىھا بىلەن يەيدۇ، يېزىلاردا مەخسۇس قايماق چۆپ باراۋىتى، ئۆپكە-ھېسىپ باراۋىتىمۇ ئۆتكۈزۈلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# 4. خەلق ئويۇنلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىنى چوڭلار ئويۇنى، كىچىكلەر ئويۇنى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىنىڭ قايسى بىر خىلى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدا كۆڭۈل ئېچىش بىلەن بەدەن چېنىقتۇرۇش ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، غەيرەتلىك، شىجائەتلىك، چىداملىق روھىي ھالەتنى يېتىلدۈرۈش، پەم-پاراسەتنى ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنغان.

1) چوڭلار ئويۇنى تۆۋەندىكى تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

① چېلىشىش: چېلىشىش ھەممە مىللەتكە ئورتاق بىر خىل بەدەن چېنىقتۇرۇش ھەرىكىتى بولسىمۇ، شەكىل جەھەتتىن ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. چېلىشىش ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىدىن بولۇپ، ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. كەڭ يېزا-قىشلاقلاردا يۇرت-مەھەللىلەر ئارا دائىم دېگۈدەك كوللېكتىپ چېلىشىش مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. چېلىشىش ھەتتا ئەمگەك مەيدانلىرىدا ئەمگەك ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشنىڭ بىر مەزمۇنىغا ئايلىنىپ قالغان، ئاتا-ئانىلار بالىلارنى چېلىشىشقا سېلىپ قويۇپ كۆڭۈل ئاچىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بالىلار كىچىكىدىنلا چېلىشىپ ئويناشنى ئادەت قىلغان.

ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ۋە تارىخىي ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، چېلىشىشمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىدىن بولۇپ، ئەسىرلەردىن ھالقىپ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. 1957-يىلى شىئەننىڭ يېنىدىكى شاڭلىڭفەن دېگەن جايدىكى قەدىمكى بىر

قەبرىدىن چىققان مىس تاختىغا چۈشۈرۈلگەن ئىككى چېلىشچىنىڭ سۈرىتى[1] بىلەن 1983-يىلى بارچۇق يەنى ھازىرقى مارالبېشىنىڭ چوڭ تىم خارابىلىقىدىن تېپىلغان ئىككى چېلىشچىنىڭ كىچىك ساپال ھەيكىلىنى[2] شۇنىڭغا مىسال قىلىشقا بولىدۇ، ئۇ مىس تاختايدىكى چېلىشچىنىڭ بەل، پاقالچاقلىرىدىن تۇتۇشۇپ ئېلىشىۋاتقان چېلىشىش شەكلى شەرقىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھازىرقى چېلىشىش شەكلىگە تامامەن ئوخشىسا، چوڭ تىم خارابىسىدىن تېپىلغان ساپال ھەيكەلدىكى بىرىنىڭ قارشى تەرەپنى يانپاشقا ئالغان، قارشى تەرەپنىڭ ئۇنىڭ بىر تېقىمىغا گىرە سېلىپ ئېلىشىۋاتقان شەكىل بولسا، جەنۇبىي شىنجاڭ، بولۇپمۇ قەشقەر، ئاتۇش ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېقىنقى دەۋرلەرگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن چېلىشىش شەكلىگە ئوخشايدۇ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بېرىلگەن «قىز بىلەن چېلىشما، تۇغمىغان بايتال بىلەن چېپىشما»[3] دېگەن ماقالدىنمۇ چېلىشىشنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى كۆڭۈل ئېچىش ئادەت ئەنئەنىسى دېسەك مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز.

② دارۋازلىق: دارۋازلىقمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىدىن بولۇپ، يەم-پاراسەت، چىۋەرلىك، باتۇرلۇق، تەمكىنلىك ۋە يۈكسەك ماھارەت تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇن نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئارغامچا ياكى سىم ئۈستىدە ئالدى-كەينىگە (كۆزى تېڭىقلىق ھالەتتىمۇ) مېڭىش، ھەتتا پۇتىغا تۇنىكە تەخسە تېڭىپ مېڭىش، مۇئەللەق چىغىرىقتا ماھارەت كۆرسىتىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر كۆرسىتىلىدۇ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ۋاڭ يەندىنىڭ

---

① «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982-يىل، 2-سان، 44-بەت
② ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.
③ شۇ ئەسەر، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم 619-بەت.

www.uyghurkitap.com

«غەربىي دىيارغا سەپەر» دېگەن كىتابىدا دارۋازچىلىق ئارغامچا ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىلىدىغان ئويۇن[①] دەپ ئېلىنىغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا دارۋازلىق «يىپلادى ئادەم دارۋازلىق قىلدى، يەنى ئارغامچا ئۈستىدە ماڭدى»[②] دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ مەلۇماتلار دارۋازلىقنىڭ ئۇيغۇرلاردا ئەسىرلەر بويى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. دارۋازلىق گەرچە چېلىشىشقا ئوخشاش كەڭ ئومۇملاشمىغان بولسىمۇ، بىر خىل ئىجتىمائىي كەسىپ سۈپىتىدە خەلقىمىز بىلەن دەۋرىمىزگە قەدەر ياشاپ كەلدى. ئۆتمۈش جەمئىيەتتە بۇ كەسىپمۇ زاۋاللىققا يۈزلىنىشتىن خالىي بولالمىغانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن قايتىدىن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرى قاتارىدا ۋارىسلىق قىلىنىپ داۋاملاشتۇرۇلماقتا.

③ ئوغلاق تارتىش: ئوغلاق تارتىش ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىن قالغان ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىن. ئۇ، ئادەم-ئاتنىڭ كۈچ-قۇۋۋەت، چىۋەرلىكى، ئات مىنىش تېخنىكىسى بويىچە ماھارەت كۆرسىتىلىدىغان جىددىي مۇسابىقە تۈسىنى ئالغان ئويۇن. ئوغلاق تارتىش قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەردىمۇ ئومۇملاشقان ئادەت. بۇ ئويۇن ئۇيغۇرلاردا نورۇز بايرىمى، توي-تۆكۈن ۋە كۈزگى مول ھوسۇل تەنتەنىسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئوينىلىپ كەلگەن. ئويۇن جەريانى مۇنداق: نورۇز بايرىمىنىڭ شەرىپى ۋە كۈزگى مول ھوسۇل تەنتەنىسى ئۈچۈن ئاما ئىچىدىن ھامان بىرەر ئادەم چىقىپ بىر ئوغلاق ئاتايدۇ. توي ئىگىسى توي شەرىپى ئۈچۈن مەخسۇس بىر ئوغلاق ئاتايدۇ. ئوغلاق تارتىش ئويۇنى شۇنىڭ بىلەن باشلىنىدۇ. ئالدى بىلەن

① «شىنجاڭ تەنتەربىيىسى»، 1985-يىل، 133-بەت.
② شۇ ئەسەر، ئۇيغۇرچە نەشرى، 111 توم، 421-بەت.

ئوغلاق ئۆلتۇرۇلۇپ، باش-پاقالچاقلىرى كېسىپ تاشلىنىش بىلەن قىزىلئۆڭگىچى مەھكەم باغلاپ تاشلىنىدۇ. ئاندىن كەڭتاشا تۇزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىنىدۇ، بۇنىڭغىچە يۇرت-مەھەللىلەردىن كەلگەن چەۋەندازلار ئۆز كوماندىسى بويىچە كىم ئوغلاقنى ئېلىپ قېچىش، كىملەر ئۇنى قوغداپ باشقىلارغا دەخلى-كاشىلا قىلىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ، خىزمەت تەقسىم قىلىشىپ تەييار بولۇپ تۇرىدۇ، ئوغلاق تاشلانغان ھامان چەۋەندازلار ئوغلاققا قاراپ ئات سالىدۇ، كىم ئالدىدا يېتىپ كەلسە، شۇ ئېڭىشىپ يەردىن ئوغلاقنى ئالىدۇ، ئېگەرنىڭ ئالدىغا ياكى تېقىمىغا باستۇرۇپ ئېلىپ قاچىدۇ. ئۇ يەردىن ئالغۇچە ياكى ئېلىپ قاچقۇچە باشقا چەۋەندازلار يېتىپ كەلسە ياكى ئارقىدىن قوغلاپ يېتىشىۋالسا، بىر مەيدان جىددىي كەسكىن تارتىشىش باشلىنىپ تاماشىبىنلارنى ھاياجانغا سالىدۇ. شۇنداق جىددىي كەسكىن ئېلىشىش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىر ئوغلاقنى توپ ئىچىدىن كىم ئېلىپ قاچالىسا، مەھەللىگە قاراپ ئات سالىدۇ-دە، ئوغلاقنى ئاپىرىپ توي ئىگىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ياكى يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ ئىشىك ئالدىغا ۋە ياكى ئالدىنئالا بەلگىلەنگەن ئورۇنغا تاشلايدۇ، باشقىلارمۇ ئارقىدىن ئات سېلىپ يېتىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئويۇن ئاخىرلىشىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇتۇپ چىققان چەۋەندازغا تون يېپىلىدۇ. ئېتىنىڭ بېشىغا بىرەر مېتىر قىزىل تاۋار باغلىنىدۇ. چوڭلارنىڭ بۇ ئويۇنغا تەقلىد قىلىپ بالىلارمۇ ئېشەك ئۈستىدە ئوغلاق تېرىسى ياكى كونا قولاقچا ۋە ياكى تۇماقنى تارتىشىپ ئويناپ، كەلگۈسى ئوغلاق تارتىشىشتا چۇشۇش يۈزىسىدىن مەشق قىلىدۇ.

④ ئات بەيگىسى: ئات بەيگىسى مۇسابىقە شەكلىدىكى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىدىن بولۇپ، شەكلى ئىككى خىل بولىدۇ: بىرىنچى، ئۇزۇن مۇساپىگە ئات چاپتۇرۇش، بۇ ئادەتتە كۆزگى يىغىمدىن كېيىن، يىغىم ھاردۇقىنى چىقىرىش

مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلۈپ قاۋۇل، يۈگۈرۈك ئاتلار باھالىنىدۇ. ئىككىنچى، يورغا ئات مۇسابىقىسى، بۇ مۇسابىقە ئادەتتە قىش كۈنلىرى مۇز ئۈستىدە ياكى تۈز يولدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدا ئاتنىڭ يورغىلاش تېزلىكى، سىلىقلىقى بويىچە مۇسابىقىلىشىش ئاساس قىلىنىدۇ. مۇسابىقىگە چۈشكۈچىلەر ئاتنىڭ يۈگەن، ئېگەر، يوپۇق، قوشقۇن، ئېيىل، ئۈلەڭگىلىرىنى چىرايلىق بېزەپ، بويىنىغا 20 — 30 دانە كىچىك سېرىق تۈچ قوڭغۇراق ئاسىدۇ. مۇسابىقە باشلانغاندا ئاتنىڭ يورغىلىشىدىن ھاسىل بولغان رېتىملىك سىلكىنىشتىن رېتىملىك قوڭغۇراق ساداسى چىقىپ، ئاتلارغا جۇشقۇنلۇق، تاماشىبىنلارغا ئالاھىدە شادلىق تۇيغۇسى بەخش ئېتىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاتلىق ئويىنىلىدىغان ئويۇنلاردىن باشقا، «چەۋگەن ئويۇنى» مۇ بولغان. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئويۇنلىرىدىن بولۇپ، X Ⅷ - X Ⅶ ئەسىرلەردىن كېيىن تەدرىجىي ئۇنتۇلغان.

چەۋگەن ئويناش «قۇتادغۇبىلىگ» دا ئەلچىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر قاتارىدا: «2635-ئۇ بىلسۇن چەۋگەننى ئاتار بولسۇن ئوق، يەنە قۇشچى ۋە ئوۋدا تەڭدىشى يوق» دەپ تىلغا ئېلىنغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا چەۋگەن ئوينايدىغان تاياقنىڭمۇ «چەۋگەن»①دېيىلىدىغانلىقى ئىزاھلانغان. تۇرپان ئاستانىدىكى Ⅵ ئەسىرگە مەنسۇپ قەدىمكى بىر قەبرىدىن تۇرقى-سىياقى، كىيىنىشى ئۇيغۇرلارنى ئەسلىتىدىغان ئاتلىق چەۋگەن توپ ئويناۋاتقان رەڭدار ساپال ھەيكەل تېپىلغان؛ ئىبىن سىنا، ئۆمەر ھەييام، ناۋايى، لۇتفى قاتارلىق ئالىم، ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ چەۋگەن ئويۇنى توغرىسىدا مەلۇماتلار بېرىلگەن، بولۇپمۇ «قابۇسنامە» دە چەۋگەننىڭ قانداق

---

① شۇ ئەسەر، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 252-بەت

ئوينىلىدىغانلىقى، نەچچە ئادەم ئوينايدىغانلىقى تەپسىلىي يېزىلغان. ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ۋە يازما يادىكارلىقلاردىكى بايانلار چەۋگەننىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى ئويۇنلاردىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ بايانلار «چەۋگەن ئويۇنى» نى تەتقىق قىلىپ زامانىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرىگە تەتبىقلاشتا قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

⑤ چاقپەلەك: چاقپەلەكمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھېيت-ئايەم، نورۇز بايرىمىدا ئوينىلىدىغان ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىدىن، كىشىلەر تولىمۇ قىزىقىپ ئوينايدۇ. بۇ ئويۇن تەخمىنەن 15-20-مېتر ئېگىز «پەلەك» كە كۆتۈرۈلگەن موما ئۈستىگە بېكىتىلگەن هارۋا چاقىغا سېلىنغان ئىلەڭگۈچتە ئۈچۈپ ئوينىلىدىغانلىقى ئۈچۈن «چاقپەلەك» دەپ ئاتالغان. ئىلەڭگۈچ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنسېرى پەستە تاماشا كۆرۈپ تۇرغۇچىلار ئۇچقۇچىلارنى «سارغايدى-پىشتى» دەپ ۋاقىرىشىپ، قىزىقچىلىق قىلىدىغانلىقلىرى ئۈچۈن «سارغايدى، پىشتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چاقپەلەك مۇنداق ياسىلىدۇ: 15-20 مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر چىلىڭ ياغاچنىڭ چوڭ بېشى يەرگە مىدىر قىلماس كۆمۈلىدۇ، ئۇچىغا هارۋا ئوق بېشىغا چوم بېكىتكەندەك چاق شۇنىڭغا كىيدۈرۈلىدۇ. چاقنىڭ چىلىڭ تۇرۇشى ئۈچۈن چاقنىڭ ئۈستىگە جۈپلەشتۈرۈپ ئىككى تال بادرا چىلىڭ باغلاپ تاشلىنىدۇ. ئىلەڭگۈچ ئەنە شۇ بادرىنىڭ ئىككى بېشىغا سېلىنىدۇ. بەزى جايلاردا چاق ئۈستىگە تېڭىلىدىغان بادرا «+» شەكلىدە تېڭىلىپ، تۆت ئىلەڭگۈچ سېلىنىدۇ، موما ئۆرە قىلىنىپ كۆمۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، مومىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئادەم مەيدىسى ئېگىزلىكىدە بىر تال ياغاچ تېڭىلىدۇ، بۇنىڭغا چاق گۇڭگىسىنىڭ تۆۋىنىدىنرەك باغلاپ ساڭگىلىتىلغان ئارغامچا چىلىڭ باغلىنىدۇ. بۇ ياغاچنىڭ بىر ئۇچىنى تۆتتىن جەمئىي سەككىز ئادەم ئوڭغا قاراپ بىر خىل تېزلىكتە

www.uyghurkitap.com

ئىتتىرىپ چۆكىلىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىلەڭگۈچنىڭ ئىككى ياكى تۆت ئۇچقۇچىمۇ ئاستا كۆككە كۆتۈرۈلىدۇ ۋە چاق ئايلىنىشىنىڭ تېزلىكتە ئەگىشىپ، ئۇچقۇچىلارمۇ شۇنىڭغا ماس تېزلىكتە بارغانسېرى ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلىدۇ. بارا-بارا ئىلەڭگۈچ چاقىنىڭ تەكشىلىكىگە تەڭلىشىشىگە ئاز قالىدۇ. ئۇچۇش ئېگىزلىكى شۇ يەرگە يەتكەندە چاقپەلەك ئاستا كەينىگە ياندۇرۇلىدۇ. توختىغاندىن كېيىن يەنە باشقىلار ئۇچىدۇ، بۇ ئويۇن مەخسۇس ئادەمنىڭ باشقۇرۇلۇشىدا ئوينىلىدۇ.

⑥ چۇكچۇك: بۇ ئويۇن پەم-پاراسەتنى ئاشۇرۇش بىلەن بەدەن چېنىقتۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن ئويۇن بولۇپ، ياشلار ناھايىتى قىزىقىپ ئوينايدۇ، بۇ ئويۇن 70 — 80 سانتىمېتر ئۇزۇن كەكە سېپى تومۇلۇقىدىكى كالتەك بىلەن (بۇ ئۇرغۇچ دەپ ئاتىلىدۇ) توققۇز-ئون سانتىمېتر ئۇزۇن، بەش بارماق تومۇلۇقىدىكى ياغاچ (بۇ «بالىچۇق» دەپ ئاتىلىدۇ) نى ئۇرۇپ ئوينايدىغان ئويۇن بولۇپ، ئۇرغۇچ بالىچۇققا تەككەندە «چۇك چۇك» ئاۋاز چىققاچقا بۇ ئويۇن «چۇكچۇك»، شۇنىڭدەك ئويۇننىڭ ئاخىرى ئۇتتۇرغۇچىلارنىڭ ۋاللەي توۋلىشى بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقى ئۈچۈن «ۋاللەي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئويۇن مۇنداق ئوينىلىدۇ: ئويۇن ئىككى تەرەپ بولۇپ، مۇسابىقە شەكلىدە ئوينىلىدۇ. ئادەتتە بىر تەرەپتە بەش-ئالتىدىن ئادەم بولىدۇ، ئوينىغۇچىلار توپلانغاندىن كېيىن قانداق ئويناش، توشقۇزۇلىدىغان چام ياكى «مېتر» سانى ئۈستىدە شەرتلىشىدۇ، ئاندىن كەڭتاشا مەيداننىڭ بىر چېتىگە ئايلانمىسى 50 — 60 سانتىمېتر كېلىدىغان چەمبەر سىزىلىپ، ئىككى تەرەپتىن بىر ئادەم ئوتتۇرىغا چىقىپ ئويۇن باشلاش ھوقۇقى تالىشىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىككىسى ئۇرغۇچنى سىقىمدىشىدۇ. ئۇرغۇچىنىڭ ئۇچى قايسى تەرەپنىڭ سىقىمىدا تۈگىسە شۇ ئويۇن باشلايدۇ. ئەگەر بالىچۇقنى ئېلىپ ئۇرۇپ ئويناش بەلگىلەنگەن بولسا،

چەمبەر سىزىقىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا توققۇز-ئون سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۇرغۇچىنىڭ بېشى پاتقۇدەك كەڭلىكتە كىچىك ئۆرەك قېزىلىدۇ. ئەگەر قاڭقىتىپ ئۇرۇپ ئويناش بەلگىلەنگەن بولسا، چەمبەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا «+» شەكىلدە سىزىق سىزىلىدۇ. ئاندىن ئويۇن باشلاش هوقۇقىغا ئىگە بولغان تەرەپ چەمبەر سىزىق ئىچىگە كىرىپ نۆۋەت بىلەن بالىچۇق ئۇرىدۇ، قارشى تەرەپ ئەزالىرى سىزىقنىڭ سىرتىدا تارىلىپ تۇرىدۇ. بىرىنچى بولۇپ ئۇرغۇچى بالىچۇقنى ئۇرۇپ بولۇپ ئۇرغۇچنى ئۆرەككە ياكى «+» سىزىق ئۈستىگە توغرىسىغا قويۇپ قويىدۇ، قارشى تەرەپ ئەزالىرى (كىمگە توغرا كەلسە شۇ) بالىچۇقنىڭ چۈشكەن يېرىدە تۇرۇپ سىزىق ئىچىدىكى ئۇرغۇچنى نىشانلاپ ئاتىدۇ. ئەگەر بالىچۇق سىزىق ئىچىگە چۈشسە ياكى ئۇرغۇچقا تېگىپ سىزىقتىن چىقىپ كەتسە، ئۇرغۇچىنىڭ نۆۋىتى تۈگەپ، نۆۋەت ئىككىنچىسىگە ئۆتىدۇ. ئەگەر چۈشمىسە، ئۇرغۇچى بالىچۇق چۈشكەن يەردىن بالىچۇقنى قاڭقىتىپ تۇرۇپ، داۋاملىق ئۇلاپ ئۈچ قېتىم ئۇرىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرى چۈشكەن يەردىن چەمبەرگە قارىتىپ چام (ياكى ئۇرغۇچنى بىر مېتىر هېسابلاپ مېترلايدۇ) سالىدۇ. ئەگەر تۇنجى ئۇرۇلغان بالىچۇقنى قارشى تەرەپنىڭ ئەزالىرى هاۋادىن چۈشۈرمەي (قولى ياكى بۆكى، ياكى ئېتىكى بىلەن) تۇتۇۋالسا، ئۇرغۇچى تەرەپ ئويناش هوقۇقىدىن مەهرۇم بولۇپ قارشى تەرەپ بىلەن ئورۇن ئالمىشىدۇ، ئەگەردە ئۇرغۇچى تەرەپ داۋاملىق ئويناپ بەلگىلەنگەن مېتىر سانى توشۇشقا ئاز قالغان ئەهۋالدا ئۇرۇلغان بالىچۇقنى قارشى تەرەپ هاۋادىن چۈشۈرمەي تۇتۇۋالسا ئۇرغۇچى تەرەپنىڭ چام سانى ۋە ئۇرۇش هوقۇقى «كۆيگەن» (تۈگىگەن) هېسابلىنىپ، ئۇرۇش هوقۇقى قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ، ئويۇن داۋاملىشىدۇ. ئويۇن شۇ تەخلىتتە داۋاملىشىپ بەلگىلەنگەن چام سانىنى قايسى تەرەپ بۇرۇن توشقۇزسا شۇ ئۇتقان بولۇپ، شۇ

تەرەپنىڭ ھەربىر ئەزاسى چەمبەردىن باشلاپ ئالدىغا قارىتىپ بالىچۇقنى ئۈچ قېتىمدىن ئۇرىدۇ. يېڭىلگەن تەرەپ ئەزالىرى بالىچۇق چۈشكەن يەردىن چەمبەرگە قاراپ تىنماي «ۋاللەي» توۋلاپ يۈگۈرۈپ كېلىدۇ. ئەگەر تىنىقۋالغىنى سېزىلسە، بالىچۇق شۇ يەردىن كەينىگە قاراپ يەنە ئۇرۇلۇپ ئۇ قايتىدىن «ۋاللەي» توۋلاشقا مەجبۇر قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئويۇنمۇ ئاخىرلىشىدۇ.

⑦ جانبازلىق: بۇ بىر خىل يۈكسەك ماھارەت، غەيرەت-ئىرادە، چىدامىلىق، چىۋەرلىك، پەم-پاراسەت تەلەپ قىلىدىغان، ئۇنىۋېرسال بەدەن چېنىقتۇرىدىغان ئويۇن، ھەرقانداق خەتەرلىك ئەھۋالدا جان قوغداش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنغاچقا، بۇ ئويۇن «جانبازلىق» دەپ ئاتالغان. جانلىق تىلدا «چامباشلىق» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ ئويۇنمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئۇنتۇلغان.

ئۇيغۇرلاردا خۇددى جانبازلىقتا ئوخشاش كۈچ-قۇۋۋەت، پەم-پاراسەت ۋە چىداملىقتا سىنىشىدىغان «گۈمپا كۆرسىتىش» پائالىيىتىمۇ بولغان. بۇ ئەسلى كۈچتۈڭگۈرلۈكتە مۇسابىقىلىشىدىغان ئويۇن بولۇپ، كېيىنچە زوراۋان، مۇشتۇمزورلاردىن ئۆچ-ئىنتىقام ئېلىش ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالغان، بۇنداق «گۈمپا كۆرسەتكۈچى»لەر جەمئىيەتتىكى ناھەقچىلىك، ئادالەتسىزلىكلەرگە تەن بەرمەيدىغانلاردىن ستىخىيىلىك ھالدا ئۇيۇشقان گۇرۇھ بولۇپ، ئادەتتە ئۈچ-تۆت كىشىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەممە جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن بىرى «نوچى» بولاتتى. ئۇلار نەدە ناھەقچىلىق يۈز بەرسە، شۇ يەرگە بېرىپ، ئارىلىشىپ بوزەك قىلىنغۇچىغا ياننىياق بولۇپ بېرەتتى. شۇڭا ئۇلار بۇ قىلمىشىغا مۇناسىپ يۇرت ئىچىدە تەدرىجىي شۆھرەت قازىنىپ «نوچى» دەپ ئاتالغان. ئۆتمۈشتە داڭقى چىققان «سېيىت نوچى»

قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق ناھەقچىلىككە قارشى گۇمپا كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ ۋەكىلى ئىدى. ئەمما ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلار ئۇلارنىڭ بۇ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، بىر تۈركۈم ئادەمنى تەربىيىلەپ بېقىپ ئۇلارغا قارشى قويىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن قارىغۇلارچە نوچىلىق تالىشىدىغان مەھەللىۋى گورۇھلار شەكىللىنىپ، بىھۇدە جودا-ماجىرالار تۇغۇلىدىغان كەيپىيات كېلىپ چىقتى. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلار بۇ كەيپىياتتىن خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش قورالى سۈپىتىدە پايدىلاندى. بۇ كەيپىيات كېيىنچە جەمئىيەتتە ھەر خىل لۈكچەكلىك ھادىسىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى.

⑧ ئودىكام (ئوردىكام) ئويۇنى: بۇ ئويۇن كالا ھوشۇقىنى توپ قىلىپ، چوماق باشلىق كالتەك بىلەن ئۇنى ھەيدەپ، ئورەككە سولاپ ئوينىلىدىغان ئويۇن بولۇپ، تولاراق ياشلار، ياش قۇرامىغا يەتكەنلەر ئوينايدۇ. ئوينايدىغان ئادەم سانى مەيداننىڭ كەڭ-تارلىقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. مەيدان كەڭ بولسا، ئون نەچچە كىشى، تار بولسا، ئالتە-يەتتە كىشى ئوينايدۇ. ئويناش شەكلى مۇنداق: تۈز بىر مەيدان تاللىنىپ مەلۇم چوڭلۇقتا يۇمىلاق سىزىق سىزىلىدۇ، شۇ سىزىق بويىچە مەلۇم ئارىلىق قويۇپ ئورەك كولىنىدۇ، بۇ ئورەكلەر ئوينىغۇچى ئادەم سانىدىن بىرى كەم كولىنىدۇ، بۇ ئورەكلەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا يەنە بىر يوغانراق ئورەك كولىنىدۇ، بۇ «ئوردا» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا بۇ ئويۇن «ئو(ر)دىكام» دەپ ئاتالغان، توپنى ئوردىغا ھەيدەشتە «كۆچ» دەپ ئۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن «كۆچ-كۆچ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار ئۆزلىرى بىر مېتىر ئەتراپىدىكى ئۇزۇن كەتمەن سېپى توملۇقىدا بىردىن توپ ھەيدىگۈچ ھازىرلايدۇ، ئويۇن تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن، ئوينىغۇچىلار ئورەك ئېلىش ھوقۇقىنى تالىشىپ،

ھەيدىگۈچنى سىقىمدىشىدۇ، كىم ئېشىپ قالسا، شۇ «مالاي» بولۇپ، سىزىق تېشىدا قېلىپ توپنى ئوردىغا سولاشقا ھەيدەيدۇ. ئورەككە ئۇرغۇچىنى سولاپ تۇرغانلار ئوردىنى توسۇپ ئوردىغا كىرگۈزمەيدۇ، مۇشۇنداق ئېلىشىش جەريانىدا توپ ھەيدىگۈچى چاققانلىق قىلىپ توپ توسمەن دەپ ئورىكىدىن ھەيدىگۈچىنى چىقارغانلارنىڭ ئورىكىگە ئۆزىنىڭ ھەيدىگۈچىنى كىرگۈزۈۋالسا، ئۇ ئورىكىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ-دە، «مالاي» بولىدۇ. ئويۇن شۇ تەرتىپتە داۋاملىشىدۇ.

⑨ مالاي توپ: بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قىزىقارلىق تەنتەربىيە ئويۇنلىرىدىن بولۇپ «ھويلا توپ، سېپىق توپ»، «قاچ-قاچ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ توپ ئويۇنى چىۋەرلىك، يۈگۈرۈش بويىچە مۇسابىقىلىشىش شەكلىدە ئوينىلىدۇ. ئوينىغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ باشلامچىسى «ئاتامان» دەپ ئاتىلىدۇ. ئويۇن مەيداننىڭ ئىككى بېشىغا ئاي شەكلىدە «ھويلا» سىزىلىدۇ. ئىككى ئاتامان ئالدى بىلەن «ھويلا» غا ئىگە بولۇش ھوقۇقى تالىشىپ توپ ئۇرغۇچىنى سىقىمدىشىدۇ. قايسى تەرەپ ئاتامانى قېلىپ قالسا، شۇ تەرەپ «ھويلا» سىرتىدا تۇرۇپ «ھويلا» ئىچىدە تۇرۇپ توپ ئۇرغۇچىلارغا توپ تاشلاپ بېرىش، ئۇرۇلغان توپنى تۇتۇش، تېرىش قاتارلىق ئىشلارنى ئورۇندايدۇ، شۇڭا «مالاي توپ» دەپ؛ ئۇرۇلغان توپ مەيداننىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتسە ياكى قايتا ئۇرۇلۇپ كەتسە، توپ ئۇرۇش ھوقۇقى قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئاشۇنداق ئۇرۇلغان توپ «سېپىق توپ» دەپ ئاتالغاچقا، بۇ ئويۇن «سېپىق توپ» دەپ؛ ھويلا ئىچىدە تۇرۇپ توپ ئۇرغۇچى توپنى ئۇرۇپ بولۇپلا ئۇ باشتىكى «ھويلا» غا قېچىشى ۋە ئىككىنچى بىرى ئۇرۇپ بولۇپ قاچقاندا، ئۇنىڭ يېنىپ قېچىپ كېلىدىغانلىقىغا قاراپ «قاچ-قاچ» دەپمۇ ئاتالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئويۇن ئۈچ خىل ئاتىلىدۇ.

بۇ توپ ئويۇنىنىڭ قورالى توپ ۋە ئۇرغۇچ بولۇپ، توپ

ئۇرغۇچ 70-80 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، كەتمەن سېپى تومىلۇقىدىكى ياغاچتا بىر بېشى پالاق شەكلىدە خىيالى ياپىلاق ياسىلىدۇ. بۇ بەزى جايلاردا «ۋاسا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ۋاسا ئىشلەتمەي ئالىقاندا ئۇرسىمۇ بولىدۇ. توپ شاپتۇل ئۇرۇقچىسىغا خام پاختا يىپ ئورۇلۇپ چاڭگالغا سىققۇدەك چوڭلۇقتا، يۇپيۇمىلاق قىلىپ ياسىلىدۇ. يۇمىلاق قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن تولانغان رەڭدار پاختا ياكى مەشۇت يىپتا تالا-تالا ياكى بىر نەچچە كۆزلۈك قىلىپ پىششىق بىجىلىپ چۈۋۇلماس، تىتىلماس ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ توپ گەرچە قىزلارنىڭ قولىدىن چىققان بولسىمۇ، زامانىۋى توپلارغا ئوخشاش يەرگە ئۇرۇلسا بىر مېتردىن ئېگىز قاڭقىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ۋە جىرىڭلىغان سادا چىقىرىپ تۇرىدۇ.
ئويۇن جەريانى: «ھويلا»غا ئىگە بولۇش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن كوماندا ئالدى بىلەن «ھويلا»غا كىرىپ ئاتامانىنىڭ كەينىدە رەت بولۇپ تىزىلىپ تۇرىدۇ. قارشى تەرەپ ئاتامانى «ھويلا» ئالدىدا، ئەزالىرى مەيدانغا تارقىلىپ تۇرىدۇ. ئاندىن «ھويلا» نىڭ ئوڭ تەرىپىدىن قاچىدىغان، قېچىپ يانىدىغان يول دائىرىسى بەلگىلىنىدۇ. ئاتاماندا ئىككى قېتىمدىن، ئەزالاردا بىر قېتىمدىن توپ ئۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ، ھەممە ئۆز ئورۇنلىرىغا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئويۇن رەسمى باشلىنىدۇ: ھويلا ئىچىدىكى كوماندا ئەزالىرى توپنى ئۇرۇپ بولۇپلا قېچىش ھويلىسىغا قېچىشى، ئىككىنچى بىرى ئۇرۇپ بولۇپ قاچقاندا، ئۇ قېچىپ يېنىپ كېلىشى شەرت. ئەگەر قاچالمىسا (قېچىپ كېلەلمىسە) ئۇچىنچى، تۆتىنچى نۆۋەتتە قاچسىمۇ (قېچىپ كەلسىمۇ) بولىدۇ، مەيلى قانداق قاچسۇن ئۆزىگە توپ تەگكۈزمەسلىكى شەرت. قارشى تەرەپ ئەزالىرى ئۇرۇلغان توپنى ھاۋادىن يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇۋېلىپ ياكى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن تەقدىردە چاقماق تېزلىكىدە تىرىۋېلىپ

www.uyghurkitap.com

قاچقۇچىغا قارىتىپ ئېتىپ، تەگكۈزۈشى شەرت. ئەگەر تەگكۈزۈشكە كۆزى (چامىسى) يەتمىسە ئەپچىل پەيت كۈتۈش ئۈچۈن ئۆزئارا پاس بېرىشىپ تۇرۇپ ئاندىن ئاتسىمۇ بولىدۇ. قاچقۇچى مەيلى قانداق قاچسۇن، قاچقۇچىغا توپ قانداق ئېتىلسۇن ئۇنىڭدىن قەتئىينەزەر، توپ تەگكەن ھامان مەيدان سىرتىدىكىلەر «ھويلا» غا يۈگۈرۈپ كىرىۋېلىشى شەرت. چۈنكى قاچقۇچىغا توپ تەگسىلا توپ ئۇرۇش ھوقۇقى قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ-دە، ئىككى تەرەپ ئورۇن ئالمىشىدۇ، ئەگەر توپ تەگكەن ئەزا چاققانلىق بىلەن توپنى ئېلىپ قارشى تەرەپنىڭ «ھويلا» غا قاراپ يۈگۈرۈۋاتقانلىرىدىن بىرەرىگە ئېتىپ تەگكۈزۈۋېلىپ ھويلىغا قېچىپ كىرىۋالسا، توپ ئۇرۇش ھوقۇقى يەنە داۋاملىق شۇلاردا بولىدۇ. ئويۇن مۇشۇ تەرىقىدە مەلۇم ۋاقىت داۋاملاشقاندىن كېيىن ئاخىرلىشىدۇ.

⑩ ياڭاق ئويۇنى: بۇ ئويۇن ياڭاق پىشىقى مەزگىلىدە ۋە ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدە ياش يىگىت-قىزلار ئارا ئوينىلىدىغان ئويۇن بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا بىرقەدەر ئومۇملاشقان. بۇ ئويۇن ياڭاقنى ئورەككە تاشلاپ ۋە ئاسمانغا ئېتىپ قولدا چەنلەپ ئىككى خىل ئوينىلىدۇ. ئورەككە تاشلاپ ئويناشتا، ئالدى بىلەن تام تۈۋىگە ئون-يىگىرمە ياڭاق پاتقۇدەك ئورەك كولىنىدۇ، ئاندىن ياڭاق تاشلاش ئارىلىقى بەلگىلىنىدۇ. بىرىنچى بولۇپ تاشلىغۇچىغا ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار (ئادەتتە يەتتە-سەككىز ئادەم) نىڭ ھەربىرى ئىككى ياكى ئۈچتىن ياڭاق بېرىدۇ، ئۆزىمۇ شۇنچىلىك ياڭاق قوشىدۇ، ئاندىن بەلگىلەنگەن يىراقلىقتا تۇرۇپ تاق ياكى جۈپ دەپ ئورەككە ئاتىدۇ. جۈپ دەپ ئېتىپ ئورەككە چۈشكىنى تاق بولسا ئۇتتۇرىدۇ، جۈپ دەپ ئېتىپ جۈپ چۈشسە ئۇتقان بولىدۇ. ئۇتقۇچى ئۇتتۇرغىچە ئارقا-ئارقىدىن ئېتىۋېرىدۇ.

ئاسمانغا ئېتىپ چەنلەپ ئويناش ئىككىلا ئادەم ئوتتۇرىسىدا

ئوينىلىدۇ. بىرى بىر تال ياڭاقنى ئاسمانغا ئاتىدۇ، بىرى قولىدا بىر ياڭاقنى تۇتقان ھالدا چۈشىدىغان يەردە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ قولىدىكى ياڭاقنى شۇنىڭغا چەنلەپ ئۆتۈپ تۇرۇپ تەگكۈزۈشى شەرت، تەگكۈزەلىسە ئۇتقان، تەگكۈزەلمىسە ئۇتتۇرغان بولىدۇ.

⑪ ئىلەڭگۈچ: ئىلەڭگۈچ، ياش قىزلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنلىرىنىڭ بىرى، ئىلەڭگۈچ يالغۇز كىشىلىك ۋە ئىككى كىشىلىك بولىدۇ، يالغۇز كىشىلىكى سىلىنغان ئىلەڭگۈچكە دەسسەپ تۇرۇپ ئۈچۈلىدۇ. ئىككى كىشىلىكى ئىككى تەرەپكە ئىككى ئىلەڭگۈچ سىلىنىپ، ئوتتۇرىسىغا توغرىسىغا بىر تاختاي قويۇلىدۇ، تاختاينىڭ ئىككى بېشى ئىلەڭگۈچكە مەھكەم چېگىلىدۇ، ئۈچقۇچىنىڭ بىرى بۇ بېشىغا يەنە بىرى ئۇ بېشىغا دەسسەپ تۇرۇپ ئۈچىدۇ، ئىلەڭگۈچ ئۈچۈشتا، ئاساسەن ئېگىز ئۈچۈش بويىچە مۇسابىقىلىشىش بولىدۇ. مۇسابىقىلەشكەندە، سۆز ئويۇنى شەكلىدىكى مۇنۇ قوشاقنى ئېيتىپ تۇرۇپ ئۈچىدۇ، قوشاق بىردىن ئونغىچىلىك بولغان ساناق سانىنىڭ ئېتى بىلەن باشلىنىپ، ھەر بىرىگە شۇ سان ئېتىنىڭ باش ھەرپى بىلەن كېلىدىغان يەر-جاي، شەيئى نامى قوشۇپ ئېيتىلىدۇ:

بىر بېدىلىك
ئىككى ئىكساق
ئۈچ ئۈزۈملۈك
تۆت تۆرى باغ
بەش بەشكېرەم
ئالتە ئاۋات
يەتتە يەكەن
سەككىز سەمەن

توققۇز توققۇزاق
ئون ئويماق.

ئۇچۇش «بەشكېرەم» دېگەن مىسراغا كەلگەندە پەللىسىگە چىقىپ، ئاندىن ئاستا ئاستىلاپ، «ئويماق» دېگەن تۈگەنچىگە كەلگەندە توختايدۇ. ئاندىن يەنە بىرى ئۇچىدۇ.

⑫ تەپكۈچ: تەپكۈچ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى ئىچىدە كەڭ ئومۇملاشقان ئويۇن تۈرلىرىدىن. بۇ ئويۇن پۇت بىلەن تېپىپ ئوينىلىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭدىن 1000 يىل بۇرۇنلا «تەپۈك»[1] دەپ ئاتالغان.

تەپكۈچ ئۈچ-تۆت داچەننى جۈپلەپ ياكى ئۈچ-تۆت داچەن قېلىنلىقىدا ئوتتۇرىسى تۆشۈك يۇمىلاق قويۇلغان قوغۇشۇندا ياسىلىدۇ، داچەن ياكى قوغۇشۇن تۆشۈكىگە ئۆچكە چۈپۈرى ياكى خوراز ۋە ياكى قىرغاۋۇلنىڭ بويۇن پېيى ئۆتكۈزۈلۈپ ئەتراپىغا قايرىپ ئېغىز نەرسىگە باستۇرۇپ قويۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چۈپۈر ياكى پەر يانغا تاشلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ تەپكەندە تەكشى كۆتۈرلۈپ تەكشى چۈشىدىغان بولىدۇ.

تەپكۈچ تولاراق قىزلار ئىچىدە ئوينىلىدۇ، ئادەتتە ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا مۇسابىقىلىشىش شەكلىدە ئوينىلىدۇ. تېپىش شەكلىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئويۇن باشلاشتىن بۇرۇن قايسى شەكىلدە تېپىش، نەچچە مىڭنى تېپىش بەلگىلىنىدۇ. تەپكۈچ تېپىش شەكلى پۇت ئۇچىدا تېپىش، پۇت دۈمبىسىدە، پۇت ئۆزەڭگىلىكىدە تېپىش، پاقالچاق ئۈستىدە تېپىش ۋە بىر قېتىم ئوڭ پۇتتا، بىر قېتىم سول پۇتتا تېپىش؛ پۇتنىڭ سۆڭىكىنىڭ تاشقى يېنىدا تېپىش، كاللەك چىقىرىپ (ئوڭ پۇتنىڭ ئۆزەڭگىلىكىدە تېپىپ، سەكرەپ تۇرۇپ سول پۇتنى ئارقىسىغا

[1] «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى. 1-توم، 501-بەت.



www.uyghurkitap.com

چىقىرىپ) تېپىش قاتارلىق شەكىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئويۇن شۇ تەرتىپ بويىچە داۋاملىشىپ، بەلگىلەنگەن ساننى كىم بۇرۇن توشقۇزسا شۇ ئۇتقان بولىدۇ. ئەگەر بىرى تېپىش جەريانىدا تەپكۈچنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتسە نۆۋەت باشقىسىغا ئۆتۈپ كېتىپ قايتا نۆۋەت كۈتىدۇ. ئۇتقۇچى پۇتىنىڭ ئۇچىدا تەپكۈچنى يىراققا قارىتىپ تېپىدۇ، ئۇتتۇرغۇچى ئۇنى تۇتۇۋېلىشى شەرت. تۇتۇۋالسا، ئورۇنداشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى تۈگەيدۇ، بولمىسا داۋاملىق تەپكۈچنى تېرىپ ئەكېلىپ بېرىدۇ.

⑬ قوشماق ئاداش: بۇ ئويۇنمۇ «توپۇق ئويۇنى»غا ئوخشاش ھۇشيارلىق، مەرتلىك تەلەپ قىلىدىغان ئويۇنلاردىن بولۇپ، ئادەتتە ئۆرۈك پىششىقى مەزگىلىدە تولاراق بالىلار ئوتتۇرىسىدا ئوينىلىدۇ. بۇ ئويۇن ئۆرۈك، قاق (گۈلە) ئۇرۇقچىسى ۋە بادامدىن چىقىدىغان قوش مېغىز ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا تارتۇقلىشىش شەرتى بىلەن يېيىشىپ ئوينىلىدىغانلىقى ۋە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قوشماق ئاداش» دېيىشنى ئويۇننىڭ ئۇتۇق بەلگىسى قىلغانلىقى ئۈچۈن «قوشماق ئاداش» دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلار ئۆرۈك ۋە قاق (گۈلە) يېگەندە ئۇرۇقچىسىنى ئۇدۇللۇق چېقىپ مېغىزىنىمۇ قوشۇپ يېيىشكە ئادەتلەنگەن. ئۇرۇقچا چېقىپ يېيىلگەندە بەزىدە ئۇرۇقچىلار ئىچىدىن قوش مېغىز چىقىپ قالىدۇ. ئەنە شۇنداق قوش مېغىز نېسىپ بولغۇچى «تەلەيلىك» ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئويۇن شۇنداق «تەلەيلىك» بولغانلىق شەرىپىگە كۆڭۈل ئېچىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن. ئويۇن جەريانى مۇنداق: قوش مېغىز نېسىپ بولغۇچى كۆڭلى خالىغان بىرىنى قوشماق ئويناشقا تەكلىپ قىلىدۇ، ئەگەر ئۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلسا، قوشماقنىڭ بىرىنى قولىغا ئالىدۇ-دە، قوشماق يېيىش شەرتى توغرىسىدا كېڭىشىپ، ئاندىن ئىككىسى تەڭ ئاغزىغا سېلىپ يەيدۇ،

www.uyghurkitap.com

قوشماق يېيىشىش شەرتى چوڭلار ئارا بولسا، ئۇتتۇرغۇچى بىرەر كىيىملىك رەخت قويۇش ياكى بىر قېتىم مەشرەپ بېرىش، باللار ئارا بولسا، دوپپا ياكى قولياغلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى تۇتۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قوشماق يېگۈچىلەر ناھايىتى ھوشيار بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. سەللا بىخۇتلۇق قىلسا ئۇتتۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا ئىككى تەرەپ مۇمكىنقەدەر ھەرخىل چارىلەرنى قوللىنىپ قارشى تەرەپنى بىخۇتلاشتۇرۇپ ئۇتىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. مەسىلەن، بىر تەرەپ قوشماققا مۇناسىۋەتسىز بىرەر ئىش بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، گەپ ئارىلاپ قارشى تەرەپنىڭ ئىسمىنى چاقىرىدۇ (ئاتايدۇ)، شۇنىڭدەك ھەرخىل باھانە بىلەن ياكى بىر نەرسە يەۋېتىپ قارشى تەرەپكە بىر نەرسە (يەۋاتقان نەرسىدىن) سۇنىدۇ. قارشى تەرەپ ھوشيار بولسا «ئېسىمدە» دەيدۇ، ئەگەر بىخۇتلۇق قىلىپ «ھە» دېسە ياكى سۇنغان نەرسىنى قول سۇنۇپ ئېلىپ قويسا، يەنە بىر تەرەپ شۇئان «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قوشماق ئاداش» دەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن «ھە» دېگۈچى (ئالغۇچى) ئۇتتۇرغان بولىدۇ. قوشماق ئوينىغۇچىلار بىر ئائىلىدىكىلەردىن بولسا، كىم ئەتىگەن تۇرۇپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قوشماق ئاداش» دەۋالسا، شۇ ئۇتقان بولىدۇ. مەھەللە ئىچىدىكىلەر بولسا، بىر-بىرىنىڭ ئۆتەر يولىدا ياكى ئۆيىنىڭ ئىشىك يېنىدا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، قارشى تەرەپ ئۇدۇلىغا كېلىش ياكى ئۆيىدىن چىقىشىغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قوشماق ئاداش» دەپ ئۇتۇۋالىدۇ. ئەگەر ئۇتتۇرغۇچى كېلىشكەن شەرتنى ئورۇندىمىسا «چىدىماس» دەپ ئەيىبلىنىپ تەڭتۇشلەر ئىچىدە يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ، ھەتتا «چىدىماس» دېگەن لەقەممۇ سىڭىپ قالىدۇ.

⑭ قاتار ئويۇنى: بۇ ئويۇن كىشىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى ۋە پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش رولىغا ئىگە بولۇپ،

توققۇز قاتار دەپ ئاتىلىدۇ. ئوينىلىش ئۇسۇلى مۇنداق: تۇز يەرگە بىردىن بىرى چوڭ ئۈچ چاقماق شەكىللىك سىزىق سىزىلىدۇ ۋە بۇ ئۈچ چاقماق ھەريانىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن تىك بىر سىزىق سىزىلىش بىلەن تۇتاشتۇرۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن چاقماقنىڭ ھەربىر سىزىقىدا توغرىسىغا قاتارى ئۈچ ئۇرۇق بېسىش توچكىسى بەلگىلىنىدۇ، دېمەك، ئۈچ چاقماقنىڭ ھەرياندىكى ئۈچ سىزىقىغا ئۈچتىن توققۇز ئۇرۇق بېسىلىپ ئوينىلىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئويۇن «توققۇز قاتار» دەپ ئاتالغان.

توققۇز قاتار ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا ئوينىلىدۇ، ھەر بىر ئادەم ئون سەككىزدىن ئۇرۇق ئالىدۇ، ئۇرۇق رەڭگىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ئويۇن باشلانغاندا ئىككى تەرەپ بىر-بىر قاتار قىلىپ ئۇرۇق بېسىۋېلىشقا قارشى ئۇرۇق باسىدۇ، شۇنداق قارشىلىق ئىچىدە بىر تەرەپ ئىلاجى قىلىپ قاتار قىلىۋېلىش پۇرسىتىنى تاپىدۇ-دە، قاتار قىلىپ قارشى تەرەپنىڭ قاتار قىلىۋېلىش ئېھتىمالى بولغان ئۇرۇقلىرىدىن بىرنى «يەي» دۇ. قارشى تەرەپمۇ شۇنىڭغا تاقابىل چارە-تەدبىر قوللىنىدۇ، كىم قاتارنى كۆپ قىلسا، شۇ قارشى تەرەپنىڭ ئۇرۇقىنى كۆپ چىقىمغا ئۇچرىتىدۇ-دە، ئۇنى ماغلۇبىيەتكە دۇچار قىلىپ ئۇتۇۋالىدۇ. بۇ ئويۇننىڭ ئۇيغۇرلاردىكى مۇقەددەس سان «توققۇز» بىلەن ئاتىلىشى، ئۇنىڭمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. كېيىنچە ئۇيغۇرلاردا شاھمات، دامكا قاتارلىق ئويۇنلارمۇ ئومۇملاشتى.

⑮مۇز تېيىلىش ئويۇنى: مۇز تېيىلىش يۇرت-مەھەللە يېنىدا دەريا-كۆل بار جايلاردا بىر قەدەر ئومۇملاشقان. مۇز مەخسۇس سايمان ياردىمىدە ئەمەس، ئۆتۈك ناھالى بىلەن تېيىلىپ ئوينىلىدۇ. ئۆتۈك ناھالى بىلەن گەرچە ئۇزۇنغا تېيىلغىلى بولمىسىمۇ ئون-يىگىرمە مېتىر يەرگە تېيىلغىلى ۋە

ھەر خىل شەكىل چىقىرىپ تېپىلغىلى بولىدۇ، بەزىلەر خۇددى كانىكىدا تېپىلغاندەك يۇمىلاق دائىرە شەكىللەندۇرۇپ، سىڭا پۇت بىلەن تېپىلىپ ماھارەت كۆرسىتەلەيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، قوشقار سوقۇشتۇرۇش، بۇقا سوقۇشتۇرۇش، كەكلىك سوقۇشتۇرۇش، ئىت، توخۇ سوقۇشتۇرۇش، كەپتەر ئويناش قاتارلىق ئويۇنلارنىمۇ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ ئويۇنلار قىسمەن قىمار شەكلىنىمۇ ئالغان. چۈنكى ئويۇن كۆرگۈچىلەر ئىچىدە بەزىلەر ئىككى تەرەپ بولۇپ پۇلمۇ تىكىشىدۇ.

## 5. باللار ئويۇنى

ئۇيغۇرلار بالىلارنىڭ كىچىكىدىنلا ئىسسىق-سوغۇققا ماسلىشالايدىغان، تۇرگۇن، شوخ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن، بالىلارنى ھەرخىل ۋاسىتىلەر بىلەن چېنىقتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن. بالىلارنى چېنىقتۇرۇشنىڭ بىر ۋاسىتىسى ئۇلارنى ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناشقا قويۇپ بېرىشتىن ئىبارەت، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر بالىلىرى بىرقەدەر شوخ كېلىدۇ، ئۇيغۇرلاردىكى «بالا بولسا، شوخ بولسۇن، بولمىسا يوق بولسۇن» دېگەن ماقالدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلارنى كىچىكىدىنلا چېنىقتۇرۇشقا نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ۋە بالا تەربىيىلەشتىكى مىللىي پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، ھەركەتچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، پەم-پاراسەت، چىۋەرلىكنى تەلەپ قىلىدۇ.

1) تاققا-تۇققا ئويۇنى: بۇ ئويۇن بالىلاردا باتۇرلۇقنى قەدىرلەش، باتۇرلۇق روھىنى يېتىلدۈرۈش رولىغا ئىگە ئويۇن بولۇپ، تۆت ياشتىن ئالتە ياشقا قەدەر بولغان بالىلار ئىچىدە ئومۇملاشقان، بۇ ئويۇن ئادەتتە ئاتا-ئانىلار ياكى توققۇز-ئون

ياشلاردىكى بىرەر بالىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوينىلىدۇ. ئويۇن بالىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش يۈزىسىدىن پۇتلىرىغا «تاق-تۇق» قىلىپ ئۇرۇش بىلەن باشلانغاچقا «تاققا-تۇققا» دەپ ئاتالغان. ئويۇن مۇنداق ئوينىلىدۇ: بالىلار ۋە يېتەكچىلىك قىلغۇچى پۇتلىرىنى ئوتتۇرىغا سۇنۇپ، يۇمىلاق بولۇپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئاندىن يېتەكچى بولغۇچى يېنىدا ئولتۇرغان بالىنىڭ پۇتىدىن باشلاپ تا ئۆزىنىڭ پۇتىغا كەلگىچە ھەربىر پۇتنىڭ پاقالچىكىنىڭ ئۈستىگە «تاققا-تۇققا» دېگەن قوشاقنى ئېيتىشقاچ بىردىن بوش ئۇرۇپ چىقىدۇ. قوشاقنىڭ ئاخىرى كىمنىڭ پۇتى ئۇرۇلغاندا ئاخىرلاشسا، شۇنىڭ پۇتى «چىقتى» ھېسابلىنىپ ئۇ شۇ پۇتنى يىغىپ ئولتۇرىدۇ، پۇتلارنىڭ ھەممىسى «چىقتى» بولغۇچە ئويۇن شۇ تەرتىپتە داۋاملىشىدۇ. ئەگەر بىر ئۆيدە بىر ياكى ئىككى بالا بولغان تەقدىردىمۇ ئاتا-ئانىلار بالىسى بىلەن مۇشۇ ئويۇننى ئوينايدۇ، ئويۇن قوشىقى:

تاققا-تۇققا، زەنجىر ھالقا،
ئاخشام باردىم ئەنجانغا،
قوينۇم تولدى ماجانغا.
مارجان سېتىپ پۇل قىلدىم،
سانىخاننى گۇل قىلدىم.
سانىخانىنىڭ سانىمەن،
باغدا باققا غازىمەن.
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ،
ئۆلۈپ كەتسەم رازىمەن.

بۇ ئويۇن قوشىقىنىڭ باشقا ۋارىيانتلىرىمۇ بار.
2) دۇمدۇم: بۇ «مۆكۈشمەك»، «مۆكىمۆكىلەڭ» دەپمۇ

ئاتىلىدۇ. بۇ ئويۇن باللار ئويۇنى بويىچە بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان ئويۇنلاردىن بولۇپ، ئادەتتە كەچقۇرۇن قاراڭغۇ چۈشكەندە ئوينىلىدۇ. ئادەم سانى چەكلەنمەيدۇ. ئويۇن جەريانى مۇنداق: ئۆيلىرىدىن ئوينىغىلى چىققان باللار بىر يەرگە توپلىشىپ ئىچىدىن چوڭراق بىرىنى «ئاتامان» قىلىشىدۇ. «ئاتامان» ئالدى بىلەن باللارنى تىزىلدۇرىدۇ، ئۆزى ئىشىك ئالدىدىكى سۇپىچاق ياكى شۇنداق ئەپچىل يەردە ئولتۇرۇپ باشتا تۇرغان بالىنى ئالدىغا چاقىرىدۇ. بۇ بالا بىرىنچى بولۇپ «دۇمدۇم» بولۇپ بېرىدۇ. ئويۇن شۇنىڭ بىلەن رەسمىي باشلىنىدۇ: ئاتامان «دۇمدۇم» بولغۇچى بالىنىڭ بېشىنى تىزىغا قويدۇرۇپ، ئىككى پېشى بىلەن يۆركەپ، دۇمبىسىگە بوش ئۇرۇپ تۇرۇپ سوئال سورايدۇ، ئۇ جاۋاب بېرىدۇ، ئاتامان ئۇنىڭدىن سوئال سورىغۇچە باللار كېلىپ ئۇنىڭ دۇمبىسىگە «دۇم» قىلىپ بىردىن ئۇرۇپ قويۇپ ئەتراپقا تارىلىپ مۆكۈنىدۇ. شۇڭا بۇ ئويۇن «دۇمدۇم»، «مۆكۈشمەك» دەپ ئاتالغان. سوئال-جاۋاب مۇنداق:

دۇمدۇم-دۇمدۇم،
لەببەي، لەببەي،
ئاپاڭ نەدە؟
سامانلىقتا.
نېمە قىلىۋاتىدۇ؟
ئاش ئېتىۋاتىدۇ.
ماڭا قېنى؟
تاختا بېشىدىن قاغا چۈقىلاپ كېتىپتۇ،
ماڭ ئەمىسە تۇتۇپ كەل...

دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ ۋە «بولدىمۇ؟» دەپ ۋارقىرايدۇ. مۆكۈنگەنلەرنىڭ بىرى «بولدى!» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئاندىن

«دۇمدۇم» بولغۇچى بېشىنى چىقىرىپ ئورنىدىن تۇرۇش بىلەن ئەتراپىنى كۆزىتىدۇ. ئەگەر بىرىنىڭ مۆكۈنگەن يېرىنى سېزىۋالسا، شۇنىڭدەك ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا كۆزى يەتسە ئېتىلىپ بېرىپ تۇرۇۋالىدۇ. يا بولمىسا ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ كۈتۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئارىلىقتا باللار مۆكۈنگەن يېرىدىن يۈگۈرۈپ چىقىشىپ «ئەسسالام» دەپ ئاتامان ئالدىغا يېتىپ كېلىدۇ. «دۇمدۇم» بولغۇچى ئاتامان ئالدىغا يۈگۈرگەنلەردىن بىرنى تۇتۇۋالسىمۇ بولىدۇ، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن بىرنى تۇتۇۋالسا، ئۇ «دۇمدۇم»لىكتىن قۇتۇلىدۇ. بولمىسا، داۋاملىق دۇم بولىدۇ. ئويۇن شۇ تەرىقىدە مەلۇم ۋاقىت داۋاملاشقاندىن كېيىن ئاخىرلىشىدۇ.

3) چۆجىلىرىم: بۇ سار (قۇش) بىلەن چۆجىگە سىمۋول قىلىپ ئوينىلىدىغان ئويۇن بولۇپ، باللاردا قەيسەرلىك، ئۆملۈك، ھەمكارلىق روھ-خىسلىتىنى يېتىلدۈرۈش رولىغا ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئويۇن «چۆجىلىرىم» دەپ ئاتالغان، ئوينىلىش جەريانى مۇنداق: يەتتە-سەككىز بالا بويىنىڭ ئېگىزلىكى بويىچە ئالدىغا قاراپ قاتار بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارغا ئۇدۇل ئۈچ-تۆت مېتىر نېرىسىدا يەنە بىر بالا سەپنىڭ بېشىدىكى بالىغا قاراپ مەغرۇرانە قىياپەتتە مۇنداق سورايدۇ:

— ئاللا ئۇ نېمىلىرىڭ؟

— چۆجىلىرىم.

— ماڭا بىرنى بەرسەڭچۇ؟

— كۈچۈڭ يەتسە ئالساڭچۇ!

ئۇ بۇ جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن «مانا ئەمىسە ئالدىم» دەپ سەپنىڭ قۇيرۇقىغا قاراپ ئېتىلىدۇ. سەپ بېشىدىكى بالا ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلىپ يولىنى توسىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن «ھۇجۇم» — «مۇداپىئە» جېڭى باشلىنىپ كېتىدۇ. سەپ بېشىدىكى بالا قايسى يانغا قاراپ ئېتىلسا،

«چۆجە»لىرى دەمبەس قەدەم ئەگىشىپ شۇ تەرەپكە ئايلىنىدۇ. شۇنداق جىددىي ئايلىنىشتا سۆرۈلۈپ سەپتىن ئاجراپ قالغانلار بولسا «ھۇجۇمچى» شۇنى تۇتۇۋالىدۇ-دە، بىر چەتكە چىقىرىپ قويۇپ داۋاملىق «ھۇجۇم» قىلىدۇ، ئەگەر سەپتىن ئاجراپ قالىدىغانلار چىقمىسا، ئىككى تەرەپ بولدى قىلايلى دەپ كېلىشمىگىچە ئويۇن شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ.

4) ئاق ئۇستىخان: بۇ ئويۇن قۇرۇپ كەتكەن قوينىڭ بوغجۇما سۆڭىكىنى قاراڭغۇدا ئىزدەپ ئوينىلىدىغانلىقى ئۈچۈن «ئاق ئۇستىخان» دەپ ئاتالغان. بۇ ئويۇن مۇنداق ئوينىلىدۇ:

ئالتە-يەتتە ياكى سەككىز-ئون بالا قاراڭغۇ چۈشكەندە بىر يەرگە يىغىلىدۇ. ئۇستىخاننى ئېلىپ كەلگەن بالا بىرىنچى بولۇپ يىراققا قاراپ ئاتىدۇ-دە، باشقا بالىلار ئۇستىخان چۈشكەن تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ تالىشىپ يۈرۈپ ئىزدەيدۇ. كىم بىرىنچى بولۇپ تېپىۋالسا، شۇ ئۇتقان بولۇپ، بالىلار ئۆز جايىغا قايتىپ كېلىدۇ، ئۇستىخان ئېتىش نۆۋىتى شۇنىڭغا ئۆتىدۇ، ئويۇن شۇنداق دەۋرى قىلىپ داۋاملىشىدۇ. دېمەك بۇ ئويۇن بالىلارنىڭ چېچەنلىك، كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش رولىغا ئىگە.

5) ئاق تېرەك-كۆك تېرەك: بۇ بالىلارنىڭ كۈچ سىنىشىش ئويۇنى بولۇپ «ئاق تېرەك-كۆك تېرەك» دېگەن قوشاق بىلەن باشلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇ نامدا ئاتالغان. بۇ ئويۇن ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. سەككىز-ئون بالا بىر يەرگە توپلىشىپ كوللېكتىپ ھالدا:

ئاق تېرەك-كۆك تېرەك،
تۇۋىدىن كەسمەك كېرەك.
تۇۋىدىن كېسىشكە،
مانا بىزدەك ئەر كېرەك!

دېگەن قوشاقنى ئېيتىدۇ. ئەمما قوشاقنىڭ ئاخىرقى مىسراسىنى بالىلارنىڭ ئىچىدىن بىرى يالغۇز ئېيتىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئاندىن بالىلار ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، ھالقا بولۇپ قول تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ-دە، «نوچى بولساڭ كېسىپ باق!» دەپ ئۇنى دەيدەيگە سېلىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىچە ئاجىز ھالقا دەپ قارىغان بىر ئارىلىقتا كۆكرىكىنى ئۇرىدۇ. ئەگەر شۇ ئارىلىقتىكى ئىككى قول ئاجراپ كەتسە، ئۇ «تېرەكنى كەسكەن» بولۇپ، قوللىرى ئاجراپ كەتكەنلەردىن بىرى مەيداندىن چىقىرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سەپتىن بىر ئادەم كەملەيدۇ، ئۇ يەنە داۋاملىق «تېرەك كېسىدۇ»، ئەگەر بالىلارنىڭ قولىنى ئاجرىتالمىسا، بالىلارنىڭ «مانا-مانا دېمىدىممۇ، ئۆزۈڭنى چاغلا دېمىدىممۇ» دەپ توۋلاشقان ساداسى ئىچىدە قاچان بىرەر ئارىلىقنى بۆسۈۋالغۇچىلىك ئۇياقتا-بۇياقتا سوقۇلۇپ يۈرىدۇ. ئويۇن شۇ تەرىقىدە ئاخىرقى «تېرەك» كېسىلىپ بولغۇچە داۋاملىشىدۇ.

6) قارىغۇ چاشقان ئويۇنى: بۇ ئويۇن كۆزى تېڭىقلىق بالىنىڭ ئىككىنچى بىر بالىنى پەم بىلەن تۇتۇشى بويىچە ئوينىلىدىغانلىقى ئۈچۈن «قارىغۇ چاشقان» دەپ ئاتالغان. ئويۇن مۇنداق ئوينىلىدۇ: بالىلار (سان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ) ھالقا بولۇپ ئولتۇرىدۇ، شۇ كۈنكى ئويۇن تەشكىللىگۈچىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئويۇن باشلاش نۆۋىتى بەلگىلىنىدۇ. رىياسەتچىلىك قىلغۇچى ئالقىنىغا ئىككى ياكى بىر تال تاش (قوناق، قومۇلاق، سەرەڭگە، كېسەك پارچىسى) نى ئېلىپ يۇمۇپ تۇرۇپ ئۇدۇل كەلگەن ئىككى بالىدىن «تاقمۇ جۈپمۇ» دەپ سورايدۇ. قايسىسىنىڭ ھۆكۈمى خاتا بولسا، شۇ قارىغۇ چاشقان بولىدۇ-دە، ياغلىقتا كۆزى تېڭىلىدۇ. ھەمراھى ئۇنىڭ پېشانىسىگە بىرنى چېكىپ ئارقىغا ياكى يانغا داجىۋالىدۇ.

«قارىغۇ چاشقان» قولىنى كېرىپ، ھاۋانى سىيپىلاپ ئۇنى تۇتماقچى بولۇپ، ئالدى-كەينىگە مېڭىپ تىمىسقىلاپ كېتىدۇ. بۇ جەرياندا نەچچە قېتىم ھاۋانى قۇچاقلاپ سەنتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ھەتتا بالىلارنىڭ بېشىنىمۇ تۇتۇۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەيداندا قاتتىق كۈلكە ساداسى ياڭرايدۇ. ئەگەر «قارىغۇ چاشقان» چىۋەر، پەملىك بولسا، قارشى تەرەپنىڭ ئاياغ تىۋىشى ۋە قولىنىڭ شەپىسىگە ئاساسەن ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئۇنى تۇتۇۋالىدۇ. قارشى تەرەپ تۇتۇلۇپ قالسا، ئىككىسى ئورۇن ئالمىشىدۇ. ئىككىسىدىن كېيىن يەنە ئىككىسى چۈشىدۇ. ئويۇن شۇ تەرتىپتە داۋاملىشىپ بىر-ئىككى مەيدان ئوينىلىپ ئاخىرلىشىدۇ.

7) ياغلىق (بەلباغ) تاشلاش: بۇ ئويۇن «قارىغۇ چاشقان» ئويۇنىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ. بىر پەرقى، بىر بالا ئولتۇرغان بالىلارنىڭ ئارقىسىدا يۈگۈرگەچ ئىشلەتكەن ياغلىق ياكى يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئىشلىتىلگەن بەلباغ شەكلىدىكى كونا-يېڭى لاتىنى تاشلاپ قوغلىشىپ ئوينىلىدۇ. شۇڭا بۇ ئويۇن «ياغلىق تاشلاش» دەپ ئاتالغان. جەريانى مۇنداق: بالىلار قاتارى ھالقا بولۇپ ئولتۇرىدۇ ياكى زوڭزىيىپ ئولتۇرىدۇ. ياغلىق (بەلباغ) ئېلىپ كەلگەن بالا ھالقىنىڭ سىرتىدا قولىدا ياغلىق تۇتقان ھالدا بالىلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئوڭدىن سولغا قاراپ ئايلىنىپ يۈگۈرىدۇ، بالىلار ئارقىسىغا قارىماي ئولتۇرۇشى شەرت. ئايلىنىپ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ياغلىقنى بىرىنىڭ ئارقىسىغا شەپە چىقارماي تاشلاپ قويىدۇ. ئەگەر ئايلىنىپ يۈگۈرۈپ كەلگۈچە سەزمىسە ياغلىقنى ئېلىپ ئۇ بالىنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرىدۇ. بالا چاققانلىق قىلسا، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىگە تاياق تەگكۈزمەي ھالقىنى ئايلىنىپ قاچىدۇ. قوغلىغۇچى ئورنىغا كېلىۋالغۇچە يېتىشىۋېلىپ ئۇرۇۋالسا قوغلانغۇچىنىڭ ئورنىغا ئۇ ئولتۇرۇپ، قوغلانغۇچى ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئەگەر ياغلىق تاشلانغۇچى ياغلىق تاشلانغان

شەپىنى سىيزىپ قالسا، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قوغلاپ «دۇمبالاي»دۇ، ئۆزىنى دۇمبالاتماي ئۇنىڭ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالىدۇ-دە، قوغلاپ كەلگۈچى يۈگۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدۇ. شۇڭا بۇ ئويۇنغا قاتناشقانلار قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە قىزىيدۇ. ئويۇن شۇ تەرتىپتە داۋاملىشىپ كۆڭۈللۈك بولدى قىلغۇچە ئوينىلىدۇ.

8) ساقا ئويۇنى: بۇ ئويۇن بالىلارنىڭ كۆپ ئوينايدىغان ئويۇنلىرىدىن بولۇپ، شاپتۇل ياكى گۈلە ئۇرۇقچىسى ۋە ياكى ياڭاقتا ئوينىلىدۇ. ئۇرۇقچىدا ئوينالغاندا خىشتا ياسالغان ساقا، ياڭاقتا ئوينالغاندا ياڭاق ساقا قىلىنىدۇ. بۇ ئويۇن مۇنداق: يەتتە-سەككىز بالا بىر گۇرۇپپا بولۇپ تۈز بىر ئورۇننى تاللايدۇ؛ ئورۇن تاللانغاندىن كېيىن تۈز سىزىق بويىچە ھەربىر چامدام يەرگە ئىككىدىن ئۇرۇقچا ياكى ياڭاق جۈپ قىلىپ قويۇلىدۇ. بۇ «گەن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاندىن نۆۋەت بىلەن گەنگە قارىتىپ ساقا يۇمۇلىتىلىدۇ. بىرىنچى بولۇپ ساقا يۇمىلاتقاننىڭ ساقىسى گەنلەرنىڭ بىرەرىگە تەگسە، ئۇ داۋاملىق ئويناۋېرىدۇ، شۇ ئويناش بىلەن گەنلەرنىڭ ھەممىسىنى سوقۇۋەتسە شۇ نۆۋەتلىك ئويۇن شۇنىڭ ئۇتۇقى بىلەن ئاخىرلىشىپ ئويۇن يەنە قايتىدىن باشلىنىدۇ. ئەگەر ساقا گەنلەرگە تەگمەي، يۇمىلاپ بېرىپ بىر يەردە توختاپ قالسا، شۇ يەردىن مىدىرلىتىلمايدۇ، ئۇنىڭ شۇ قېتىمقى نۆۋىتى تۈگەپ نۆۋەت كۈتىدۇ. ئەگەر بىر-ئىككىسىگە ھەتتا مۇتلەق كۆپىگە تېگىپ كېيىنكىلىرىدە تەگمىسە ئۇمۇ نۆۋەت كۈتۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. مۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەندە كېيىنكى ساقا يۇمىلاتقۇچى «ساقا-پاقا ئارىلاش» دەپ ساقىسىنى يۇمىلاتسا، ئۇنىڭ ساقىسى مەيلى گەنگە تەگسۇن ياكى ساقىلارغا تەگسۇن ئۇ ئويۇننى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. ساقىسى سوقۇلۇپ كەتكەن شۇ قېتىمقى ئويناش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ ئۇتقان گەنلىرىنى ئۇنىڭغا

www.uyghurkitap.com

بىرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئويۇن شۇ تەرىقىدە ئىككى ـ ئۈچ مەيدان داۋاملىشىپ ئاخىرلىشىدۇ.

9) سالغا ئېتىش: بۇ ئويۇن سالغا بىلەن يىراققا تاش ئېتىش بويىچە مۇسابىقە شەكلىدە ئوينىلىدىغان ئويۇن بولۇپ، بالىلارنىڭ موسكۇللىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىغا ئىگە. «سالغا» قولدىن يەرگە سۆرەلگۈچە ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى تال ئىنچىكە تانىنىڭ ئىككى بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۇخۇم پاتقۇدەك چوڭلۇقتىكى كونا-يېڭى كۆن ياكى قىرىم پۇرۇچى چىگىلىپ ياسىلىدۇ، ئويۇن جەريانى مۇنداق: بالىلار بىردىن سالغا ئېلىپ بىر يەرگە توپلىشىدۇ. ئاندىن بىر ئەپچىل ئۆگزە ياكى دۆڭلۈكنى تاللاپ ئويۇننى شۇ يەردە باشلايدۇ. ھەممىسى بىر قانچىدىن تۇخۇم چوڭلۇقىدا تاش ياكى كېسەك پارچىسى ھازىرلايدۇ. ئاندىن بىر تال تاشنى سالغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «قاپچۇق»قا سېلىپ، ئىككى ئۇچىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ ئاسمانغا ئايلاندۇرۇپ كۆتۈرۈش بىلەن ئاخىرىدا بېشى ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ تۇرۇپ سالغىنىڭ قولىدا تۇتقان بىر ئۇچىنى قويۇپ بېرىدۇ-دە، قاپچۇق ئىچىدىكى تاش ئۇچۇپ چىقىپ يىراققا بېرىپ چۈشىدۇ. ئويۇن شۇنداق ئېتىش بويىچە بەسلىشىش ئاساسىدا داۋاملىشىدۇ.

10) تۇپەك: تۇپەك «سۇ مىلتىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بالىلار ئەتىيازلىقى سۇ تۇپەك ياكى سۇ مىلتىقى بىلەن سۇ چېچىشىپ ئوينايدۇ. تۇپەك ئادەتتە قارا سۆگەت نوتىسىدا ياسىلىدۇ، ئالدى بىلەن سۆگەت نوتىسىنىڭ پوستىنى تولغاپ، يۇمشىتىپ ئۇنىڭ ياغىچى چىقىرىۋېلىنىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئۇچىدىن ئۈچ-تۆت سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر پارچە ياغاچ كېسىۋېلىنىپ، ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزەك قىسمى ئىنچىكە زىخچا بىلەن كولاپ چىقىرىلىدۇ، يەنە شۇ ياغاچنىڭ قالدۇق قىسمىدىن توققۇز-ئون سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر پارچىسى كېسىپ

تاشلىنىدۇ. ئاندىن ھېلىقى تۆشۈك چىقىرىلغان، كىچىك پارچە ياغىچى چىقىرىۋېتىلگەن سۆگەت پوستىنىڭ بىر بېشىغا كىرگۈزۈلىدۇ، ھېلىقى كېسىپ تاشلانغان قىسمى يەنە بىر بېشىغا كىرگۈزۈلۈپ سۆگەت پوستىنىڭ ئالدىدىكى پۇتەي قىسمىدىن تۆت سانتىمېتىردەك ئارىلىق مەلۇم كەڭلىكتە قاتار-قاتار تىلىپ تاشلىنىدۇ، بۇ تۇپەكنىڭ ساپ قىسمى ئالدىغا ئىتتىرىلگەندە قاتلىنىپ، ئارقىغا تارتىلغاندا تۇرلىنىش رولىنى ئويناپ، خۇددى شىپىرىسقا ئوخشاش سۇ سۇمۇرۇپ-چىقىرىپ بېرىدۇ. بالىلار تۇپەك (سۇ مىلتىقى) نىڭ بۇ قائىدىسىدىن پايدىلىنىپ بىر-بىرىگە سۇ چېچىشىپ ئوينايدۇ.

11) غېرىچ: بۇ ئويۇن داچەن، كىچىك تۆمۈر ياكى ئەينەك ساقىنى تامغا ئۇرۇپ سىيرىلدۇرۇپ ئوينىلىدۇ. ئىككىنچى ساقا ئۇرۇلۇپ يۇمىلاپ بېرىپ توختىغان جايدىن بىرىنچى ساقىنىڭ توختىغان جايىنىڭ ئارىلىقى غېرىچلىنىدۇ، غېرىچقا توشسا غېرىچلاپ كېيىنكى سىيرىلدۇرۇلگىنى ئۇتقان بولىدۇ. توشمىسا قايتا ئوينىلىدۇ. شۇڭا بۇ ئويۇن «غېرىچ» دەپ نام ئالغان. بۇنىڭغا بالىلار تولىمۇ قىزىقىدۇ.

12) ئۆي سېلىش: بۇ ئويۇن بالىلار ئويۇنى ئىچىدە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئويۇنلاردىن بولۇپ، بالىلاردا ئەمگەك قارىشىنى يېتىلدۇرۇش رولىغا ئىگە. بۇ ئۈچ-تۆت ياشلىق بالىلار ئىچىدە ئوينىلىدۇ. بۇ ئويۇن مۇنداق: ئۈچ-تۆت ياكى يەككە بالا سەرەڭگە قېپىنى قېلىپ قىلىپ، لاي ئېتىپ «كېسەك» قۇيىدۇ، بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا ياغاچ ياكى قاڭالتىردا سەرەڭگە قېپىدەك قېلىپ ياساپ بېرىدۇ. بالىلار كېسەكلىرى قۇرۇغاندىن كېيىن توققۇز-ئون سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە «ئۆي» سېلىپ ئوينايدۇ. ئۈستىنى چىۋىق ۋە سامان بىلەن ياپىدۇ.

13) ئاق تاش-كۆك تاش: بۇ كەچ-قاراڭغۇدا ئوينىلىدىغان بالىلار ئويۇنىنىڭ مۇقەددىمە سىگنالى ھېسابلىنىدۇ، قايسى بالا

كەچلىك غىزا-تامىقىنى يەپ بولۇپ، دوستلىرىنى تېپىپ ئوينىماقچى بولسا «ئاق تاش، كۆك تاش، دەريادىكى سۇزۇك تاش، ئوينايدىغان باللار بارمۇ؟» دەپ ۋارقىرايدۇ. بۇ سىگنالنى ئاڭلىغان باللار كەينى-كەينىدىن ئۆيلىرىدىن چىقىپ بىريەرگە توپلىشىش بىلەن مەسلىھەتلىشىپ خالىغان ئويۇنلىرىنى ئوينايدۇ.

14) چىۋىق ئات ئويۇنى: بۇ ئويۇننى تۆت-بەش ياشلىق باللار ناھايىتى قىزىقىپ ئوينايدۇ. چۈنكى بۇ ئويۇن مەخسۇس سورۇن، ۋاقىت، پەسىل چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان ئاددىي ۋە قىزىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئويۇن ئۇچۇن بىر تال چىۋىق ياكى ئىنچىكىرەك ياغاچ بولسىلا بولۇۋېرىدۇ. ئويناش ئۇسۇلى مۇنداق: چىۋىق ياكى ياغاچنىڭ بىر ئۇچىغا ئات بېشىغا سىمۋول قىلىنىپ، يىپ ياكى لاتىدا «نوختا-يۈگەن» سېلىنىدۇ (باغلىنىدۇ). بەزىلەر «نوختا-يۈگەن»لىرىنى بېزەپ ئالا-يېشىل يىپ ياكى لاتىلارنى ئىشلىتىدۇ. ئاندىن ئۇنى بىر قولىغا «قامچا» ئېلىپ «مىنىپ» يورغىلىتىپ، چاپتۇرۇپ ئوينايدۇ ۋە چوڭلار ئات مىنگەندە قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى ھەم شاش ئاتلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە سىمۋول قىلىنغان ھەرىكەتلەرنى قىلىپ ئوينايدۇ. ئۇچ-تۆت بالا يىغىلىپ قالسا، ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ ۋە چاپتۇرۇپ مۇسابىقىلىشىدۇ. بۇ ئويۇن يىراق ئەجدادلىرىمىزنىڭ باللارنى كىچىكىدىنلا باتۇر، قەھرىمان قىلىپ يېتىلدۈرۈش ئەنئەنىسى بويىچە ئۇلارنى جاندارلارغا مىندۈرۈپ چېنىقتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن شەكلى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە «لىڭگىلتاقتاق»، «جىجىق»، «سىزىلما»، «يۈگۈرۈشمەك»، «گۇمبەز ياساش»، «تەپمەك»، «لەگلەك»، «موللاق ئېتىشماق»، «جەڭ قىلىشماق» قاتارلىق ئويۇنلارنىمۇ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ

ئويۇنلار ئىچىدە «ئىلەڭگۈچ» بىلەن «چۆجىلىرىم»نى قىزلارنىڭمۇ ئوينايدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا مەخسۇس قىزلارنىڭ ئوينايدىغان يەنە مۇنداق ئويۇنلىرىمۇ بار:

1) بەش تاش (چاكۇم): بۇ تۆت-بەش قىز بالا بىر گۇرۇپپا بولۇپ تاش تېرىپ ئويناىدىغان ئويۇن بولغاچ «بەش تاش» دەپ؛ شۇنىڭدەك بۇ تاش تېرىلگەندە سوقۇلۇپ چىققان ئاۋازغا تەقلىد قىلىنىپ (بالىلارنىڭ ئىملىق سۆزى) «چاكۇم» دەپ ئاتالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئويۇن ئوينالغاندا ئېيتىلىدىغان قوشاقنىڭ بېشىمۇ «چاكۇم» سۆزى بىلەن باشلىنىدۇ. ئويۇن مۇنداق ئوينىلىدۇ: ئۈچ-تۆت قىز بالا بىر يەرگە يىغىلىپ، تۈز بىر جايىنى تېپىپ بىر-بىرىگە قارىشىپ يۇملاق ئولتۇرىدۇ. «بەش تاش» ئېلىپ كەلگۈچى ئالدى بىلەن ئويۇن باشلايدۇ. (ئوينىلىدىغان تاش مۇمكىنقەدەر يۇملاق، سىلىق، كۆز مۇنچاق چوڭلۇقىدا بىرخىل قىلىنىدۇ). ئويۇن باشلىغۇچى تاشنى ئوچۇمىغا ئېلىپ ئاسمانغا قارىتىپ ئاتىدۇ-دە، يەنە قولىنىڭ دۈمبىسىگە چۈشۈرۈۋالىدۇ. ئەگەر ھەممىسىنى قولىنىڭ دۈمبىسىدە توختىتىۋالسا، ئۇنى يەنە ئېتىپ ئالىقىنىنى دۈم قىلىپ تۇتۇۋالىدۇ. بۇ ئويۇننىڭ بىرىنچى ھەرىكىتى بولۇپ، تاشنى ئېتىش، تۇتۇش جەريانى يەرگە چۈشۈرمەي ئورۇندالسا، ئۇ تۇتۇۋالماي چېچىۋەتسە قايتا نۆۋەت كۈتىدۇ. قالغان ھەرىكەتلەر مۇنداق ئورۇندىلىدۇ: تاشنى ئالىقىنىنى دۈم قىلىپ داۋاملىق ئىككىنچى ھەرىكەتنى باشلايدۇ. ئەگەر تۇتۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنى يەنە ئېتىپ، تاشلار يەرگە چۈشكۈچە ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرىنى تۇتۇۋالىدۇ. قالغانلىرى يەرگە چېچىلىپ چۈشىدۇ. ئاندىن قولىدا قالغان تاشنى ئاسمانغا ئېتىپ ئۇ چۈشكۈچە يەردىن بىر تاشنى تېرىپ ئېلىپ، چۈشۈۋاتقان تاشنى تۇتۇۋالىدۇ. شۇ تەخلىتتە يەردىكى تاشلارنى تېرىپ ئالىقىنىغا جەملەيدۇ. جەملەپ بولۇپ، بىر تاشنى يەنە ئېتىپ ئۇ تاش

چۇشكۇچە ئوچۇمدىكى تاشلارنى يەرگە قاتار قىلىپ قويىدۇ-دە، يەنە ئېتىپ ھەر قېتىمدا يەردىن ئىككى تالدىن تاش ئالىدۇ، تاشلارنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئېتىشنى يەنە داۋاملاشتۇرغاچ ئالغان تاشنى يېڭى ئاي شەكلىدە ئىككىدىن بەش يەرگە قويىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا سول قولىنىڭ بارماقلىرىنى كېرىپ، چىنە كۆمتۈرۈلگەندەك يەرگە كۆمتۈرىدۇ، بۇ «ھويلا ياساش» دېيىلىدۇ. ھويلا ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن ئوڭ قولىدا تاش ئاتقاچ (تاش چۇشكۇچە) يەردە قويۇلغان تاشلارنى كۆمتۈرۈكلۈك ئالقىنىنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن كىرگۈزىدۇ. ئويۇننىڭ باشلىنىش-ئاخىرلىشىشى يۇقىرىقى ھەرىكەت جەريانلىرىدىن ئۆتىدۇ. ئەگەر مۇشۇ ھەرىكەتلەر جەريانىدا تاش چۈشۈپ كەتسە ياكى جۈپلىيەلمىسە ۋە ياكى قاتار قىلالمىسا، يېنىدىكى ۋە قولى يېنىدىكى تاشقا تېگىپ كېتىشتەك ئەھۋاللار سادىر بولسا، شۇ ئەھۋال نەچچىنچى ھەرىكەتتە سادىر بولسا شۇ ئەھۋالنى سادىر قىلغۇچى شۇ يەردە توختاپ، ئايلىنىپ نۆۋىتى كەلگەندە ئويۇننى يەنە شۇ ھەرىكەتتىن داۋاملاشتۇرىدۇ. دېمەك ئويۇن شۇ تەرتىپتە داۋاملىشىپ، «بەش ھويلا»نى كىم بۇرۇن ياساپ كىرگۈزۈپ بولسا، شۇ ئۇتقان بولىدۇ.

«چاكۇم» قوشىقىغا بالىلارنىڭ بالىلىق ھېسسىياتى سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، رېتىم، قاپىيىلىرى تاشنى ئېلىش، تىزىش، ھەرخىل شەكىل چىقىرىش، ئاخىرى «ھويلا»غا كىرگۈزۈش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ رېتىمىگە ماسلاشتۇرۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن قىز بالىلار بۇ ئويۇننى ناھايىتى قىزىقىپ ئوينايدۇ.

## چاكوم قوشىقى

چاكۇم، تاماكۇم،
كىچىكى، باغدا شاپتۇل چېچىكى.
بۆلىكى، بىرنى بۆلۈپ ئالاي،
ئۆزۈم، ئۆز مەلەم.
چوڭ ئۆزۈم،
چوڭ قاتار قىلغان ئۆزۈم.
چوڭ بولۇپ چوكان بولاي،
گۈل-چېچەككە ئورۇلاي.
ئۈچ، ئۈچ ئۆزۈم،
ئۈچنى مەن تۇغدۇرىمەن.
توقى، سۆكى،
سېغىزخان پوقى.
قوش توكتوك،
ھەم سۆكسۆك.
ھويلا، بىر ھويلا،
ھويلا ئىككى ھويلا.
ھويلا، ئۈچ ھويلا،
مانا تۆت ھويلا.
ئەمدى تۈگەپ كەتسۇن،
بەش ھويلا!

2) توپ ئويۇنى: بۇ ھەر خىل شەكىل چىقىرىپ ئوينىلىدىغان ئويۇن بولۇپ، ئادەتتە ئىككى ياكى تۆت-بەش بالا ئوتتۇرىسىدا ئوينىلىدۇ. ئوينىلىدىغان توپ خۇددى «ھويلا» ئويۇنىدا ئوينىلىدىغان توپقا ئوخشاش، ئەمما ئۇنىڭدىن سەل

www.uyghurkitap.com

كىچىك بولىدۇ. بۇ ئويۇن ۋاقىت، مەيدان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، كىچىككىنە تۈز يەر بولسىلا ئوينىلىۋېرىدۇ. جەريانى مۇنداق: ئوينىغۇچىلار ئالدى بىلەن توشقۇزىدىغان ساننى مەسلىھەتلىشىپ بەلگىلەيدۇ، ئاندىن توپنى يەرگە ئۇرۇپ ئېگىز قاڭقىتىش بويىچە ئويۇن باشلاش ھوقۇقىنى تالىشىدۇ. كىمنىڭ ئۇرغان توپى ئېگىز قاڭقىسا، شۇ ئويۇن باشلايدۇ. توپ ئۆرە تۇرۇپ ۋە ئولتۇرۇپمۇ ئوينىلىدۇ. مەيلى قايسى شەكىلدە ئوينالمىسۇن توپ ئالىقان بىلەن ئۇرۇلۇپ، قولنىڭ دۈمبىسىگە چۈشۈرۈلۈپ، قول تارتىۋېلىنىپ ئالىقان بىلەن يەنە ئۇرۇپ ئوينىلىدۇ. بەزىلەر ساناق سان بويىچە ساناپ تۇرۇپ ئوينايدۇ. بەزىلەر بىردىن يەتتىگە قەدەر ساناق سان بىلەن ساناپ ئاندىن قوشاق ئېيتقاچ ئۇرغان ساننى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ. ھەر ئون قېتىم ئۇرغاندا بىر قېتىم پىرقىراپ تۇرۇپ ئۇرۇش ياكى بەش قېتىم ئىككى قوللاپ ئۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر چىقىرىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇرۇلغان توپ قاڭقىماي قالماسلىقى ياكى قول دۈمبىسىدىن چۈشۈپ كەتمەسلىكى شەرت. چۈشۈپ كەتسە ياكى قاڭقىماي قالسا، ئوينىغۇچىنىڭ شۇ قېتىمقى نۆۋىتى تۈگەپ قايتا نۆۋەت كۈتىدۇ. ئويۇن شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ بەلگىلەنگەن ساننى كىم بۇرۇن توشقۇزسا، شۇ ئۇتقان بولىدۇ.

## توپ ساناش ئۇسۇلى

بىررا، ئىككى، ئىككى ئۈچچا، تۆتا،
بەششا، ئالتە، يەتتە، سەككىز.
توققۇزا، ئوننا، ئون بىر، ئون ئىككى،

× × ×

بىرلەپ ئىككىلەپ ئۈچلەپ تۆتلەپ

بەشلەپ ئالتىلەپ يەتتىلەپ سەككىزلەپ
توققۇز، ئونلاپ.

## توپ قوشىقى

چېگىچى، بۇغدايچى،
ئەرمىكى، تۈگمەنچى.
كېچىكى زوردۇننى قوي،
زوردۇننىڭ قايسى قىزى؟
ئەڭ كىچىك ۋاپا قىزى،
ۋاپانى كىمگە بېرەر؟
ئۇستا قۇربان تازغا بېرەر؟
ئۇستا قۇربان تازنىڭ نېمىسى بار؟
ئالتۇن كۈمۈش قۇشلىرى بار،
قۇشلىرىنى قۇشلايلى.
تاز بېشىغا مۇشلايلى،
تاز بېشى قاناپ كەتسە.
مازدا ئېيتىشتۇرۇپ،
تۈت سەر ياغدا مايلايلى.
سەكرەپ چۈشتۈم دەرياغا،
ئۇچۇپ چىقتىم ھاۋاغا.
دەريا سۈيى قۇيۇلدى،
پاتمىچۇقلار بويالدى.
بىرىنىڭ ئېتى كۈچۈلا،
بىرىنىڭ ئېتى چۇچۇلا.
ئاپئاق ساقال بوۋىلار
بوۋىلار گەپدان كېلۇر.
بوۋايلارنىڭ بىر تال تۈكى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئېشەككە ئارغامچى بولۇر.
يەڭگەم، يەڭگەم؟
شاھ يەڭگەم.
ئىشتان پىچاي دېدىلىمۇ؟
ئىشتانلىرىنى قولتۇقلاپ.
ناماز ئۆتەي دېدىلىمۇ:
چىكىلاڭ-چىكىلاڭ پىششە!

3) قورچاق ئويۇنى: قورچاق ئويناش كىچىك قىزلار ئىچىدە كەڭ ئومۇملاشقان، ئەھمىيەتلىك ئويۇنلاردىن بولۇپ، كىچىك قىزلارنىڭ بالىغا قارىتا تۇغما ھېرىسمەنلىك ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىش جەريانىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا كۆز يېشىلدۈرۈش، قول كۆندۈرۈش رولىغا ئىگە.

قورچاق ئويۇنىنىڭ جەريانى ئاددىي بولۇپ يەككە ياكى ئىككى-ئۈچ بالا ئوتتۇرىسىدا ئوينىلىدۇ. بالىلار بۇ ئويۇنىنى ئوينىغاندا، ھەربىرى بىردىن قورچاق ۋە ئۇنىڭ «ياستۇق-كۆرپە-يۆگەك» لىرىنى ئېلىپ كېلىپ بىر يەرگە جەم بولىدۇ، تام ياكى دەرەخ تۈۋىنى «ئۆي» قىلىدۇ. ئاندىن شۇ يەردە ئۆز ئالدىغا «بالىسى» نى يۆگەكلىرىگە يۆگەپ، قۇچاقلىرىغا ئېلىپ، پەپىلەپ ئەللەي قىلىشىدۇ، ئۇخلىتىشىدۇ، «بالىسى» نى قورسىقى ئاچقان قىلىپ، يىغلىغاننى دوراپ، ئەمدۈرۈشىدۇ، تەرەتكە تۇتۇشىدۇ، يەككە ئوينىغۇچىلار ئاساسەن ئۆز ئۆيىدە ئوينايدۇ، كىچىك قىزلار بۇ ئويۇنغا شۇنداق قىزىقىدۇكى، بەزىلىرى «بالىسى» نى پەپىلەپ ئەللەي قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇخلاپ قالىدۇ. بەزىلىرى ئولتۇرسا-قوپسا «بالىسى» دىن ئايرىلمايدۇ.

قورچاقنىڭ ياسىلىشى بالىلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە

قاراپ ھەرخىل بولىدۇ. كۆپىنچە ئون-ئونبەش سانتىمېتىر ئېگىز ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ چوڭلۇقتا بولۇپ، شۇ ئۇزۇنلۇقتىكى ئاچىماق ياغاچتا ياسىلىدۇ. ياغاچنىڭ ئاچىماق ئايرىلغان قىسمىدىن ئۈستى قىسمى خىيالى ئۇزۇن كېلىدۇ. ياغاچنىڭ بۇ قىسمى لاتا يۆگەپ توملاشتۇرۇلىدۇ. ئىچىگە پاختا ئېلىپ يۇملاق شەكىلدە باش ياسىلىپ، ياغاچنىڭ ئۇچىغا كىيدۈرۈلىدۇ، ئاندىن كونا يېڭى رەخت پۇرۇچلىرىدا «پاختىلىق» قىلىپ كالتە چاپان، ئاچىماققا يالاڭ ئىشتان كىيدۈرۈلىدۇ. باشنىڭ يۈزىگە قارا سىياھ ياكى ئوتتۇن كۆمۈرىدە قاش-كۆز، ئېغىز-بۇرۇن سىزىلىدۇ. قىز بالا بولسا-قارايىپ ياكى ئاياللارنىڭ چۈكەن چاچلىرىدىن چاچ ياساپ، ئوغۇل بالا بولسا، دوپپا كىيدۈرۈپ تىكىپ قويىدۇ. بەزى قورچاقلار ئىچىگە پاختا ئېلىپ پۈتۈنلەي، لاتا بىلەن ياسىلىدۇ، بەك كىچىك قىزلارنىڭ قوچاقلىرىنى ئانىسى ياساپ بېرىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقىلىرى ئۆزلىرى ياسايدۇ. بەزى ئاتا-ئانىلار كىچىك قىزلىرىنىڭ قورچاق ئويۇنى ئۈچۈن مەخسۇس كىچىك بۆشۈك ياساپ بېرىدۇ. باللارنىڭ بۇ ئويۇنغا چوڭلار ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ياغاچچى ئۇستاملار باللار ئۈچۈن مەخسۇس كىچىك بۆشۈك ياساپ ساتىدۇ.

4) مېھماندارچىلىق ئويۇنى: بۇ بولۇپمۇ تۆت-بەش ياشلىق قىزلىرنىڭ ئەڭ قىزىقىپ ئوينايدىغان ئويۇنى. بۇ ئويۇننىڭ پۈتۈن جەريانىغا ئۇيغۇرلاردا كىشىلىك مۇناسىۋەت بويىچە بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاق، ئادەت-قائىدىلەر سىڭدۈرۈلگەن. جۈملىدىن، ئۇنىڭدا قىزلارنىڭ ئۆزىگە خاس پىسخىك ئالاھىدىلىكى ئىپادىلەنگەن. بۇ ئويۇن شۇنداق ئومۇملاشقانكى، مەيلى يېزا، مەيلى شەھەردە بولسۇن، بىر-ئىككى قىز بالا بارلا يەردە (بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە) ئوينىلىۋېرىدۇ. قىش كۈنلىرى ئۆيدە ئوينىلىدۇ، جەريانى مۇنداق: ئادەتتە ئىككى قىز

بالا ئۆز-ئارا مېھمان بولۇشۇپ، بىر-بىرىنى ئۆيگە چاقىرىشىپ ئوينايدۇ. ئوينىغۇچىنىڭ سانى ئىككىدىن ئېشىپ كەتسىمۇ بولىدۇ، ئېشىپ كەتكەنلەر مېھمان بولغۇچىنىڭ تۇغقانلىرى سۈپىتىدە «مۇئامىلە» قىلىنىدۇ. بۇ ئويۇن ئۈچۈن باللار ئۆز ئالدىغا «چىنە-قاچا» (سۇنغان چىنىنىڭ تۈۋى ياكى چوڭراق پارچىلىرى)، «قازان-قۇمۇچ» (سېپى سۇنغان كونا چۆمۈچ، تاشلىنىپ كەتكەن سىرلىق تۆنىكە قاچا)، «داستىخان-سۈپرا» (كونا-يېڭى بىر پارچە چاسا لاتا)، «دۆشە-ئەمبەل» (ئالىقاندەك كىچىك تاختا)، «كۆرپە-يېكەنداز» (كونا-يېڭى ئۇزۇنراق لاتا)، «قاچا-ئۇۋرىق» (سۇنغان نوگاي سېپى، چەينەك جوغىلىرى)... قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۆي سايمانلىرىنى ھازىرلايدۇ، باللار بۇ «سايمانلار»نى ئادەتتىكى چاغلاردا مەخسۇس ئىزدەپ يۈرۈپ تەييارلاپ ساقلايدۇ، ئوينايدىغان چاغدا، شۇ «جابدۇق-سايمان»لارنى ئۆيلىرىدىن ئېلىپ چىقىپ، ئالدى بىلەن قوللىرىدا توپىنى قىرلاپ ئىككىسى پاتقۇدەك تۆت چاسا شەكىلدە «ئۆي» ياسايدۇ، كىرىپ-چىقىدى-غان «ئىشىك» قويىدۇ، ئاندىن «كۆرپە-يېكەنداز»لىرىنى سېلىپ، «داستىخان»لىرىنى يېيىپ، مېھماندارچىلىققا ئاتاپ بىر-ئىككى كۈن بۇرۇن ياققان (لاي) «توقاچ»لىرىنى قويىدۇ. قاچا-قۇچىلىرىنى «قازان بېشى»غا رەتلىك تىزىدۇ. كۆكتات ياكى دەرەخ قۇلاقلىرىنى توغراپ «تاماق» ھازىرلىقىنى كۆرىدۇ. تەييارلىقلىرى پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن بىر-بىرىنى ئۆيگە چىللىشىدۇ: ساھىبخان «ئىشىك» ئالدىدا تۇرۇپ مېھماننى قىزغىن قارشى ئېلىپ «ھال-ئەھۋال» سورىشىپ ئۆيگە باشلايدۇ. مېھمان تۆرگە چىقىرىلغاندىن كېيىن قولىغا سۇ ئېلىنىپ، چاي قۇيۇلىدۇ. پاراڭ بولىدۇ، ئاخىرىدا «تاماق» تارتىلىدۇ. ساھىبخان «ئېشىم ئوخشىماي قالدى، شۇنداق بولسىمۇ كۆڭلۈمگە ياخشى، ياخشى ئېلىشسىلا...» دەپ

مېھماننى تاماققا تەكلىپ قىلىدۇ. مېھمانمۇ لايىقىدا بىر ئىككى ئېغىز تەكەللۇپ سۆز قىلىپ تائامغا ئېغىز تەگكەن بولىدۇ. ئاشۇنداق «بېقىشسىلا، ئېلىشسىلا»، «ۋاي تازا ئوبدان ئالدۇق، ئاش ئوخشاپتۇ» دېگەندەك تەكرار زورلاش ۋە تەكەللۇپ ئىچىدە ئاش يېيىلىدۇ. ئاخىرىدا «دۇئا» قىلىپ «داستىخان» يىغىلىدۇ، مېھماندارچىلىق ئاخىرلىشىدۇ.

باللار ئاتا - ئانىلىرىنىڭ مېھماندوستلۇق ئادىتى ۋە ئانىلىرىنىڭ ئۆي تۇتۇش، غىزا-تاماق ئېتىش، مېھمان ئۇزىتىش قائىدىسى بويىچە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى مۇشۇنداق «مېھماندارچىلىق» جەريانىدا قىلىپ مەشق قىلىدۇ. بۇ ئويۇن گەرچە ئاددىي بولسىمۇ، باللاردا، بولۇپمۇ، قىزلاردا كىچىككىدىنلا ئۆي ئىشلىرىغا قىزىقىش ئادىتىنى يېتىلدۇرۇش رولىغا ئىگە.

## 6. باللار تىلى

باللارنىڭ ئۆزىگە خاس ئويۇنلىرى بولغاندەك ئۆزىگە خاس باللىق تىلىمۇ بولىدۇ. مەلۇمكى، بالا تۇغۇلۇپ ئاددىي تىلى چىققۇچىلىك بولغان مەزگىلدە ئۆزىنىڭ مەقسەت -ھېسسىياتىنى يىغلاش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ، بۇ دەۋردە ئانا بولغۇچى بالىنىڭ يىغلاش ھالىتىگە قاراپ ھەر خىل پەرەزگە كېلىپ شۇنىڭغا مۇناسىپ سۆزلەرنى قىلىپ بەزلەيدۇ، ئەكىلىتىدۇ ۋە ئاتا-ئانىلىق مېھرى ئۇقۇمى قاتارلىق ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى سۆزلەپ-سوراپ، سۆزلىتىپ مەشق قىلدۇرىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى باللارنىڭ تەلەپپۇزىغا ماسلاشتۇرۇلغان. بىر قىسمى ھەر خىل قىياپەت-ھەرىكەت ئاۋازىغا تەقلىد قىلىنغان، بەزىلىرى مەخسۇس ياسالغان، قېلىپلاشمىغان سۆزلەردىن بولۇپ، پەقەت باللارنىڭ ئاددىي

www.uyghurkitap.com

تىلى چىقىش مەزگىلىدىلا ئىستېمال قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەكىلىتىش قاتارلىق ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر:

پىخ-پىخ! قىش-تىش! پاقە، پاق-پاق (باق-باق)، پاقام (قوچاقلاش)؛ ئاپا، ئاپام، ئاپپا، ئابۇ، ئابۇش (سۆيۈش).

يېمەك-ئىچمەك ئۇقۇمىدىكى سۆزلەر:

مە-مە، مەم-مەم، مەممە، مەمەق (بۇ ئەمچەككە سىمۇول قىلىنىپ ياسالغان)؛ هۇ-م هۇمۇ-هۇمۇ هۇممە: نەن-نەن، ناننا-ناننا (نان).

هاجەت ئۇقۇمىدىكى سۆزلەر:

جۇجۇ، ئىششى، ئىششە، مېڭئە (ئىنچىق) پۇققە...

ئاتا-ئانىلىق مېھرى ئۇقۇمىدىكى سۆزلەر:

دە-دە، داد-داد-دادا-داداش. ئەنە-نە، ئانە ئانا-نا، ئاناش (ئابە ئاپا-پا ئاپاش) ئا-جە ئاچ-چا ئاچچا ئاچاش؛ ئاكى، ئەكا، ئاكا، ئاكاش.

پا، پا-پا پاپا، هۇپا هۇپاپا (ئىسسىق)؛ هۇۋ هۇۋە هۇۋۋە هۇۋۋەق (سوغۇق).

مېڭىشقا تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر:

دەم-دەم، دەي-دەي، تەي-تەي (شۇڭا بالىنىڭ يېڭى ئايىغى چىققانلىقى «دەمدەم بولدى» دېيىلىدۇ). بۇلاردىن باشقا پاكىزلىق، گۈزەللىك ئۇقۇمى «هاي-هاي»، مەينەت ئۇقۇمى «هەلەق، ھىششە»، قورقۇش ئۇقۇمى «بۆجۇ» «هۇجۇ»، ئاغرىق ئۇقۇمى «ئۇۋە-ئۇۋە»، «ۋايجان-ۋايجان»، يىقىلىپ كېتىش ئۇقۇمى «دۇڭ»، «دۇم»؛ ئۇخلاش ئۇقۇمى «ئۇخخا»، «ئۇخخە» سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. پىچاق-تىغ قاتارلىق نەرسىلەر بۆجە- پىخام، قوي قاتارلىق هايۋانلارنى ئۆلتۈرۈش «پىخام قىلماق» دەپ ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك بالىلارنى ھەر خىل تىغ ئويناشتىن قورقۇتۇش ئۈچۈنمۇ «پىخام بولماق» دېيىلىدۇ.

# ئون بەشىنچى باب

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئاددىي-ساددا، سەمىمىي، ئاقكۆڭۈل، ئوچۇق-يورۇق، ھالمەن، يازىمەن، دوستخۇمار، مېھماندوست خىسلىتى بىلەنمۇ شۆھرەت قازانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئەنئەنىسى چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئاسراش، جامائەتچىلىك، دوستلۇق، ھەمكارلىق قاتارلىق بىر قاتار كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە تېپىك ئىپادىلىنىدۇ.

## 1. چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئاسراش

چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئاسراش ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىدىن بىرى، شۇنىڭدەك ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، «ئىززەت قىلساڭ ئىززەت تاپىسەن، چايناپ يېسەڭ لەززەت (تاپىسەن)» دېگەن ماقال ئەنە شۇ ئەنئەنە ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. ئۇيغۇرلاردىكى بۇ ئادەت مۇنۇ جەھەتلەردە گەۋدىلىنىدۇ:

1) ئاتا-ئانىغا سادىق بولۇش. ئاتا-ئانىغا سادىق بولۇش ھەممە مىللەتكە ئورتاق بىر ئەنئەنە. ئۇيغۇرلار ئاتا-ئانىنى

ئۆينىڭ تۈۋرۈكى، بەرىكىتى، چىرىغى ھېسابلاپ قەدىرلەيدۇ، گېپىدىن چىقمايدۇ. ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا گەپ ياندۇرمايدۇ. ئائىلە ئەزالىرى ئاتا-ئانىسىغا ھەر دائىم ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدۇ. ئۆزلىرى ھەر قانچە غورىگۈل قالسىمۇ ئاتا-ئانىسىنى ياخشى باقىدۇ. ھەرقانداق نەرسىنىڭ باش بۇرنىنى ئاتا-ئانىسىغا ئاتايدۇ. ئاتا-ئانىنى ئۆزلىرىگە قانات ھېسابلايدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ ئۆلۈمىدە پەرزەنتلەرنىڭ «ۋاي دادا (ئانا)، ئەمدى سۇندى قاناتىمىز» دەپ يىغلاپ ھازا ئېچىشى ئاشۇ ئەقىدە، ئادەتتىن كەلگەن.

ياشلار مەيلى ئۆيدە ياكى سىرتتا بولسۇن چوڭلارنىڭ (مۆتىۋەرلەرنىڭ) ئالدىدىن توغرا ئۆتمەيدۇ، چوڭلارنى كۆرگەندە ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئېگىشىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام قىلىدۇ. ھەرقانداق سورۇندا چوڭلارنى تۆرگە باشلايدۇ، داستىخاندا چاي، غىزا-تاماق ئالدى بىلەن چوڭلارغا قويۇلىدۇ. چوڭلار بار يەردە پۇتلىرىنى سۇنۇپ قالايمىقان ئولتۇرمايدۇ، چاقچاق قىلىشمايدۇ، كەيپ قىلمايدۇ.

ئومۇمەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئاتا-ئانىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش ئەڭ چوڭ بەخت، قارغىشقا ئۇچراش ئەڭ چوڭ گۇناھ دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئەقىدە «يەر سۇ بىلەن كۆكىرەر، ئادەم ئاتا-ئانا دۇئاسى بىلەن (كۆكىرەر)»، «ئانىسىدىن قارغىش ئالغان ئىلگىرى باسماس»، «ئاتا قارغىشى ئوق» دېگەن بۇ ماقالىلاردا ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. بۇڭ ئادەت-ئەنئەنىلەرگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار «كۆيۈمسىز»، «ۋاپاسىز»، «ئەدەبسىز»، «قارغىش قىپپى» دېيىلىپ جامائەتچىلىكنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇرلاردىمۇ كىچىك يېتىم-يېسىرلەرنى بالا قىلىپ بېقىۋېلىش ئادىتى كەڭ ئومۇملاشقان.

2) كىچىكلەرنى ئاسراش. چوڭلار كىچىكلەرنى ئاسراشنى

ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ قارايدۇ. ئۇلارغا «پۇشتىمىز»، «تىرىكچىلىكىمىزنىڭ ئەرمىكى»، «چىرىغىمىزنى ئۆچۈرمەيدۇ» دەپ ھەر دائىم «ياشناپ-كۆكلەپ دۇنيانىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرگىلى نېسىپ قىلغاي»، «ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي»، «ئىنساپ-تەۋپىق ئاتا قىلغاي» دەپ دۇئا قىلىدۇ، ھەممە جەھەتتە ئاۋۋال كىچىكلەرنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلىدۇ. ئۆيگە كېلىپ-كېتىدىغانلارمۇ چوڭلار بىلەن سالام-سائەت قىلىشىپ بولۇپلا كىچىكلەرنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ، سۆيۈپ ئەركىلىتىدۇ، چوڭلار ھەرقانداق سورۇندا بالىلارنى تونۇش-تونۇش ئەمەسلىكىگە قارىماي «بالام (قىزىم)» دەپ، بالىلار چوڭلارنى «دادا، (ئاتا)، ئانا (ئاپا)» دەپ ئاتايدۇ.

## 2. جامائەتچىلىك ئادىتى

جامائەت ئىشلىرىغا قىزغىن قاتنىشىش ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر ئېسىل ئەنئەنىسى، بۇ ئەنئەنىنى ئۇيغۇرلاردىكى ئۆملۈك قاراشنىڭ ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ گەۋدىلىك ھالدا ئىجتىمائىي ھەمكارلىق، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش قاتارلىق ساھەلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

1) ئىجتىمائىي ھەمكارلىق جەھەتتە، مەيلى يېزا ياكى شەھەردە بولسۇن جامائەت ئىشىغا پايدىلىق ئىشلار بولسا، ئالايلۇق، يول-كۆۋرۈك ياساش، ئېرىق-ئۆستەڭ قېزىش، ئاممىۋى سورۇنلارنى ياساش، يار- يۆلەكسىز تۇل خوتۇن، ئاجىز-ئورۇق، يېتىم-يېسىرلارنى يۆلەش، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش. . . قاتارلىق ئىشلارنى ھەر بىر جامائەت ساۋابلىق ئىش، «ئەلدىن ئەلگە نەپ» دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا چامىسىنىڭ يېتىشىچە قىزغىن قاتنىشىپ ئادەتلەنگەن. مۇنداق ھەمكارلىشىش ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يول، كۆۋرۈك، ئېرىق-ئۆستەڭ ياساش ۋە ئامموۋى سورۇن قۇرۇلۇشلىرىغا كۈچى بارلار كۈچ، كۈچى يوق مېلى بارلار مال چىقىرىدۇ. باشقا نەرسىگە قۇدرىتى يەتمەيدىغانلار چاي قايىنىتىپ، تاماق ئېتىپ بېرىش، يۈگۈر-يېتىمگە مېڭىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئۆز ھەسسىسىنى قوشىدۇ. ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا پۈتۈن مەھەللە ھەرىكەتكە كېلىپ، جىددىي ماددىي قۇتقۇزۇش قىلىشتىن تاشقىرى، جامائەت بىر-بىرلەپ كېلىپ ھال سوراپ، كۆڭۈل ئېيتىپ تەسەللىي بېرىدۇ. يوقسۇل، ئاجىز-ئورۇق، تۇل-خوتۇن، يېتىم-يېسىرلارنى ئارىلاپ-ئارىلاپ كونا-يېڭى كېيىم-كېچەك، ئاز-تولا ئوزۇق-تۈلۈك قاتارلىق نەرسىلەر يوقلاپ بىلەن ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ يىغىم-قىرقىمدىن كېيىن ئاز-تولا ئاشلىق، بىرەردىن يۇڭ-چۇپۇر بىلەن مەخسۇس يوقلايدۇ. قولۇم-قوشنىلىرى كۈندە دېگۈدەك بىرەر قاچا غىزا-تاماق سۇنۇپ تۇرىدۇ.

2) ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە، ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى ھەمكارلىق، بولۇپمۇ يېزا-قىشلاقلاردا كەڭ ئومۇملاشقان. مەلۇمكى ئازادلىقتىن بۇرۇن مۇتلەق كۆپ ساندىكى دېھقانلار بىرەر پارچىدىن يەرگە تايىنىپ ياشايتتى. بەزىلەرنىڭ يېرى بولسا، بەزىلىرىنىڭ يېرى يوق، ئەمگەك كۈچى ئاز قاتارلىق ئەھۋال ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقانچىلىق پەسىل-ۋاقىت خاراكتېرى كۈچلۈك، ئەمگەك سىجىللىقى بىر قەدەر قاتتىق بولۇپ، ۋاقىت-پەيت ئۆتۈپ كەتسە مەھسۇلاتقا بىۋاسىتە تەسىر يېتىدۇ. بۇ ھال دېھقانلار ئىچىدە تەدرىجىي ستىخىيىلىك ھەمكارلىشىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن تېرىم-يىغىم، قىرقىم، ئوت ئورۇش ۋاقىتلىرىدا ھەمكارلىقنى كەڭ جارىي قىلدۇرۇش تەدرىجىي ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلانغان. بۇ خىلدىكى

ھەمكارلىشىش شەكلى لاپقۇتلىشىش دەپ ئاتىلىدۇ. لاپقۇتلىشىش ئەمگەك كۈچى بويىچە ياكى ئەمگەك كۈچىگە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى نىسبەتلەشتۈرۈش ياكى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بويىچە ھەقسىز نۆۋەتلىشىپ ئالماشتۇرۇش شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەجدادلىرىمىز بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ بىزگە «پەيت كەتسە بەرىكەت قاچار»، «كۈندىن قالغان يىلدىن قالار»، «ئەتىگە قالغان ئىشنى قار باسار» دېگەن ماقالنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

ئازادلىقتىن كېيىن خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىككە خاتىمە بېرىلگەندىن باشلاپ كەڭ يېزا-قىشلاقلاردا كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، لاپقۇتلىشىش شەكلىدىكى ھەمكارلىشىشنى كوللېكتىپ ھەمكارلىشىش ئالدى. بۇ كىشىلەردە يېڭىچە ئۆملۈك قارىشى، كوللېكتىپ قارىشىنىڭ يېتىلىشىگە ماددىي، مەنىۋى ئاساس يارىتىپ بەردى. ھازىر ئۇنداق ھەمكارلىشىش ئادىتى يېڭى مەزمۇن بىلەن بېيىپ يەنىلا ھەر خىل شەكىلدە داۋاملاشماقتا.

مەلۇمكى ئۆي سېلىش، ئەر ئۆمرىدە بىر قېتىم بولىدىغان، ھەتتا بەزىلەرگە نېسىپ بولمايدىغان، جۈملىدىن كۆپ ئەمگەك كۈچى تەلەپ قىلىنىدىغان مۇشكۈل ئىشلاردىن. شۇ سەۋەبتىن كەڭ يېزىلاردا ئۆي سېلىش بويىچىمۇ ھەقسىز ھەمكارلىشىش ئادىتى كەڭ ئومۇملاشقان؛ ئۆي سالغۇچى تەييارلىقلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، قازان ئېسىپ، داستىخان ھازىرلاپ قولۇم-قوشنا، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارەنلىرىنى تەكلىپ قىلىپ مەسلىھەت سالىدۇ. كۆپچىلىك داستىخان ئۈستىدىلا ئۆينى قانداق سېلىش، قايسى كۈنى تۇتۇش قىلىش ئۈستىدە پىكىرلىشىپ بىرلىككە كېلىشىدۇ ۋە بەلگىلەنگەن كۈندە ھەممە بىر ۋاقىتتا يېتىپ كېلىپ، قولمۇ قول تۇتۇش قىلىپ، بىر-ئىككى كۈندە ئۆينى پۈتكۈزۈپ،

كۆچۈپ كىرگۈدەك قىلىپ بېرىپ قايتىدۇ.

ئىقتىسادىي ۋە سالامەتلىك ئەھۋالى ناچار ھەم ياقا يۇرتلاردىن مۇساپىر بولۇپ كېلىپ قولىنىڭ قىسقىلىقىدىن ئۆيدىن قىيىنىلىۋاتقانلار كۆرۈلسە، پۈتۈن مەھەللە تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۇنداقلارغا ئۆي سېلىپ بەرگەندىن تاشقىرى بىرەر قۇر ئۆي بىساتىمۇ قىلىپ بېرىدۇ.

3) تۇرمۇش جەھەتتە، تۇرمۇش جەھەتتىكى ھەمكارلىشىشنىڭ دائىرىسى كەڭ، شەكلى كۆپ بولۇپ، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم، قوشنىدارچىلىق، يۇرتداشلىق قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

توي-تۆكۈن جەھەتتە: «توي» ئادەم ئۆمرىدىكى چوڭ خۇشاللىق ۋەقە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەجدادلار بۇ خۇشاللىقنى ئورتاقلىشىشنى ئادەت قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇرت-مەھەللىدە توي بولسا، ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقانلار، بولۇپمۇ قولۇم-قوشنا، ئۇرۇق تۇغقان، دوست - يارەنلەر ئۆزلۈكىدىن كېلىپ «مۇبارەك بولسۇن، ياخشى ئىشقا قوپۇپسىلەر، بىزگە نېمە خىزمەت بار» دەپ ئىش تەلەپ قىلىدۇ. قازان-قومۇچ، قاچا-قۇچا، مەرىكە نازۇنېمەتلىرىنى ھازىرلاش، مېھمان كۈتۈش-ئۇزىتىش، قولغا سۇ ئېلىش، چاي قۇيۇش، چاي قاينىتىش. . . بويىچە ئىش تەقسىم قىلىنىۋېلىنىپ تا مەرىكە ئاخىرلاشقۇچە خالىسانە ياردەملىشىدۇ. ئايال قولۇم-قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقانلار مەرىكە ھازىرلىقى باشلانغان كۈندىن باشلاپ ھەر كۈنى دېگۈدەك شۇ ئۆيدە بولۇپ، مەرىكە ئېشىنىڭ سەۋزىسىنى توغراش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق تەييارلىق ئىشىغا يېقىندىن ياردەملىشىدۇ. ئايال مېھمانلارنى كۈتۈش-ئۇزىتىش، چىنە-قاچىلارنى يۇيۇپ تازىلاش، مەرىكە سورۇنىنى يىغىشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغىچە شۇلار مەسئۇل بولىدۇ.

ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلى ئۆزۈنچە ئۆي-ئوچاقلىق

بولالمىغان يوقسۇل، يېتىم-يېسىرلارنى جامائەت ئۆز ئىختىيارى يىغىش قىلىپ ئۆيلەپ قويىدۇ.

مەلۇمكى ئۆلۈمدىن قاتتىق ئىش يوق. شۇنىڭدەك بەزى ئۆلۈم تۇيۇقسىز يۈز بېرىدۇ. تەبىئىيكى، بۇ ھال كىشىلەر قەلبىدە بىر خىل قايغۇ ۋە ئۆلۈم ئىگىسىگە ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى ئويغىتىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى بۇنداق پسىخىك ھالەت مۇسىبەتدارنىڭ قايغۇسىغا ئورتاقلىشىپ، ئۇلارغا كۆڭۈل ئېيتىپ تەسەللى بېرىش، ھەر جەھەتتىن يېتەك بولۇش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەھەللىدە بىرەر كىشىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانلار مەرھۇم ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى بىلەن تونۇشلۇقى بولۇش-بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق مۇھىم ئىشنى بولۇشىغا قارىماي كوللېكتىپ ياكى يەككە ھالدا مۇسىبەت بولغان ئۆيگە پەتە ئوقۇيدۇ ۋە دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ. قولۇم-قوشنا، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارەنلىرى ئۈچ كۈنگىچە، بەزىلىرى يەتتە كۈنگىچە شۇ ئۆيدە تەڭ قارىلىق تۇتۇپ ھەمراھ بولىدۇ. يۇرت-جامائەت ئەھلى ئىسسىقلىق بېرىپ، تەسەللى بېرىپ ھال سوراپ تۇرىدۇ. نەزىر-چىراغ ئىشىغا خۇددى تويى ئىشىغا ياردەملەشكەندەك خالىس ياردەملىشىدۇ.

بالا-چاقىسى يوق ياكى ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادىمى يوق مۇساپىر ۋە يېتىم-يېسىرلار تۈگەپ كەتكەن تەقدىردە، ئۇ «خالىس ئۆلۈم» ھېسابلىنىپ، يۇيۇپ-تاراپ دەپنە قىلىش ئىشلىرىغا قەدەر جامائەت مەسئۇل بولىدۇ.

4) ئۆتنە-يېرىم قىلىش جەھەتتە، ئۆتنە-يېرىم قىلىشمۇ ئۇيغۇرلاردىكى ئىجتىمائىي ھەمكارلىقنىڭ بىر شەكلى بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆتنە-يېرىم قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

① تۇرمۇش بۇيۇملىرى جەھەتتە: بۇ ئاساسەن ئۇن، گۈرۈچ،

گۆش-ماي، نان-چاي، قەنت-شېكەر، كۆكتات، تۇز، ئاچچىقسۇ قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى بويىچە پەقەت قولۇم-قوشنىلار ئارا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

مەلۇمكى، ھەممە ئادەمنىڭ ھەممىلا ۋاقىتتا توققۇزى تەل بولىۋەرمىگەندەك بىر ئۆيدىمۇ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ بىرەر تۈرىنىڭ ئۆكسۈپ قالىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولىدۇ. دەل شۇنداق پەيتلەردە، كۈتۈلمىگەندە شۇنداق بۇيۇمغا جىددىي ئېھتىياج تۇغۇلۇپ قالىدۇ-دە، قولۇم-قوشنىلاردىن سوراشقا توغرا كېلىدۇ. ئەسلى قائىدە بويىچە مۇشۇنداق قىلىنغان ئۆتنە-يېرىم ئەتىسىگىلا ئەسلى مىقدارى بويىچە قايتۇرۇلۇشى شەرت، چۈنكى ئۇنىڭ مىقدارى ئاز ۋە ئۇنداق ئېھتىياج قوشنىلار ئارا دائىم تۇغۇلۇپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن كۆپىنچە ھاللاردا قوشنىلار ئېلىشنى رەت قىلىدۇ؛ ② ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرى جەھەتتە: بۇ جەھەتتىكى ئۆتنە-يېرىم قىلىشنىڭ دائىرىسى كەڭ. ئىشقىلىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك ئارغامچا-توقۇناقىچە ئۆتنە-يېرىم قىلىنىدۇ. بۇزۇلۇپ، يوقىلىپ كەتسە تۆلەپ بېرىلىدۇ؛ ③ ئىقتىسادىي جەھەتتە: بۇ جەھەتتىكى ئۆتنە-يېرىم ئاشلىق، مال-چارۋا، پۇل-ئېرىغ مال، ئاياللار زىننەت بۇيۇملىرى (تويلۇق زۆرۈرىيىتى بىلەن)، كىيىم-كېچەك، ئۆي بىساتلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىقتىسادىي ئۆتنە-يېرىم ئادەتتە توختام تۈزۈش ياكى بىر ئىككى ئادەمنىڭ شاھىدلىقى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئەينەن قايتۇرۇلىدۇ، يېقىن ئۆتىدىغان جان دوستلار ئارا ئىقتىسادىي ئۆتنە-يېرىمدا ھېچقانداق شەرت قويۇلمايدۇ. چۈنكى مۇنداق دوستلار ئارا مال-دۇنيا دوست تۇتۇلمايدۇ. ۋاقتى كەلگەندە بىرىنىڭ قىلغىنىغا جاۋابەن بىرى ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ قايتۇرىدۇ.

مەيلى قايسى خىلدىكى ئۆتنە يېرىم سوراش بولمىسۇن

تاسادىيى، كۆتۈلمىگەن، جىددىي ئېھتىياج ئارقىسىدا تۇغۇلغاچقا سورىغۇچى قارشى تەرەپكە مىڭ بىر تەسلىكتە ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا ئۆتنە-يېرىم سوراش ئەيىب ئېلىنمايدۇ. مۇمكىنچىلىك بولسىلا قارشى تەرەپنىڭ تەلىپى قاندۇرۇلىدۇ. «بەرگەن باتۇر ئەمەس، سورىغان باتۇر» دېگەن ماقال ئاشۇ ئادەت-ئەنئەنە ئاساسىدا مەيدانغا چىققان.

بەش قول ئوخشاش بولمىغىنىدەك ئۆتنە-يېرىمغا قېرىق ئادەم، ئائىلىلەرمۇ بار. ئۇنداق ئادەم، ئائىلىلەر «ئېلىشتا مۇلايىم، بېرىشتە نىمە كارىم»، «ئالسام، بەرمىسەم» نىڭ كويىدىلا بولىدۇ. مۇنداق ئادەملەر ئادەتتىكى ئۆتنە-يېرىمدىن باشقا ئىشلاردىمۇ «ئېشىكىم كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋالغۇچە بەزىر» پوزىتسىيىسىدە بولغاچ، ئۇلارنىڭ قولۇم-قوشنا ۋە يۇرت جامائەت ئالدىدا قىلچە ئېناۋىتى بولمايدۇ. مۇنداق ئادەملەرنىڭ ئوبرازى «ياغاچ قازاندا بىر قېتىملا ئاش پىشىدۇ» دېگەن ماقالدا ناھايىتى جانلىق سۈرەتلەنگەن.

## 3. قوشنىدارچىلىق ئادىتى

قوشنىدارچىلىقنى قەدىرلەش، قوشنىلار بىلەن ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتۈش ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتىدىكى يەنە بىر ئېسىل ئەنئەنىسى. «يىراقتىكى تۇغقاندىن، يېقىندىكى قوشنا ياخشى» دېگەن ماقال ئاشۇ ئەنئەنە ئاساسىدا شەكىللەنگەن. چۈنكى قوشنا ھەر قاچان، ھەر قانداق ئىشتا يېقىندىن ياردەملىشىدۇ. ئەتىسى-ئاخشىمى ھال-ئەھۋال سورىشىپ، تاماق سۇنۇشۇپ تۇرىدۇ. ۋاقىتلىق بىر يەرگە بېرىشقا توغرا كەلسە ئۆي، مال-مۈلكىنى قوشنىلارغا تاپشۇرىدۇ. بىر-بىرىنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلسە، ئۆزئارا تەكلىپ قىلىشىدۇ. مۇنداق دوستلۇق ۋە سەمىمىيەتلىك

www.uyghurkitap.com

قوشنىلار ئارا تۇغقانغا ئوخشاش مېھىر رىشتىنى پەيدا قىلغان، شۇڭا ئۇيغۇرلار قوشنىدارچىلىقنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ. ھەر خىل زۆرۈرىيەت بىلەن قوشنىلاردا كۆچۈش-يېڭىلىنىش يۈز بەرسە ئۆزئارا خوشلىشىش چېيى ئۆتكۈزۈپ، كۆڭۈل ئېيتىشىدۇ. باشقا مەھەللىگە كۆچۈپ كەتسىمۇ ئىزدىشىپ بېرىش-كېلىش قىلىپ تۇرىدۇ. ھەتتا يېقىن ئۆتكەن قوشنىلار باشقا يۇرتقا كۆچۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ۋاقىت-پۇرسەت چىقىرىپ، ئارىلىقنى يىراق دېمەي مەخسۇس يوقلىغىلى بېرىپ-كېلىپ تۇرىدۇ. يېڭى كەلگەن قوشنا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن كونا قوشنىلار كىرىپ ھاردۇق سورايدۇ ۋە ئۆز-ئارا تونۇشۇش چېيى ئۆتكۈزىدۇ.

ئەمما بەزى تەرسا مىجەز قوشنىلارمۇ بولىدۇكى، قوشنىلار بىلەن كىرىش-چىقىش، سالام - سائەتمۇ قىلىشمايدۇ. كىچىك بالىلار ئارىسىغا كىرىپ ياكى ھەر خىل ئەرزىمەس كىچىك ئىشلار تۈپەيلى دائىم جېدەل-ماجىرا تۇغدۇرۇپ تۇرىدۇ. قوشنىلار ئارا گەپ-سۆز توشۇپ، قوشنىلار مۇناسىۋىتىگە سوغۇقچىلىق سالىدۇ. بۇنداق ئادەملەرگە قوشنا بولۇشتىن ھەممە ئادەم ھەزەر ئەيلەيدۇ، ئۇنداقلار قانداقلا يەردە بولمىسۇن كىشىلەر بىلەن پېتىشمايدۇ. لېكىن مۇنداقلار ئاز، قوشنىدارچىلىقنى قەدىرلەيدىغانلار يەنىلا كۆپ سانلىق تەشكىل قىلىدۇ. «ئوتنى چۇقچىلىساڭ ئۆچەر، قوشناڭنى چۇقچىلىساڭ كۆچەر» دېگەن بۇ ماقال كىشىلەرنىڭ قوشنىلار ئارا ئىناقسىزلىق، ئىتتىپاقسىزلىقتىن نەقەدەر بىزارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

# 4. يۇرتداشلىق ئادىتى

يۇرتداشلىق ئادىتى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئىپادىلىنىدىغان يۇرت مېھرى قارىشى بولۇپ، ئۇنىڭغا بەلگىلىك ئۆملۈك ئېڭى سىڭگەن. ئۇيغۇرلاردىكى يۇرتداشلىق قارشى ئاساسەن مۇنداق ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

1) يۇرتنىڭ نام-مەنپەئىتىنى قوغداش. مەلۇمكى يۇرت-مەھەللىلەر مەلۇم پاسىل ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ، شۇ يۇرت-مەھەللە ئادەملىرى شۇ دائىرىدىكى يەر-سۇ، يايلاقلا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىپ ئادەتلەنگەن، بۇ خىلدىكى «پاسىل» ئۇزۇن تارىخي جەرياندا تەبىئىي شەكىللەنگەن بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە سۇنئىي-مەمۇري ئۇسۇل بويىچە ئايرىلىدىغان بولغان، ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان ناھىيە-شەھەر، يېزا-قىشلاقلار ئەنە شۇنداق پاسىل بىلەن ئايرىلغان «يۇرت-مەھەللە» لەردىن ئىبارەت، ئەنە شۇ دائىرىدە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا تىرىكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقانلار ئۆزلىرىگە قوشنا «باشقا» يۇرت مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئۆز دائىرىسىدىكى يەر-سۇ، يايلاقتىن يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا پايدىلانغانلىق ئەھۋالى سادىر بولغاندا، شۇ يۇرت-مەھەللىدىكىلەر ھەرىكەتكە كېلىپ ئۇلارنى توسۇپ ۋە ئۇلار بىلەن دەۋالىشىپ كەلگەن، ھەتتا كەتمەن، ئارا-توقماق كۆتۈرۈشۈپ جېدەل-ماجىرا تۇغدۇرۇپ كەلگەن. مۇنداق جېدەل-ماجىرا جەريانىدا قانلىق ۋەقەلەرمۇ سادىر بولاتتى، مۇنداق ئەھۋال ئازادلىقتىن بۇرۇن دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ سادىر بولۇشىغا ئۆز يۇرت-مەھەللىسىگە بولغان مېھرى - مۇھەببەت ۋە يۇرت-مەھەللە نام-مەنپەئىتىنى قوغداش ئادىتى سەۋەب بولۇپ كەلگەن. مۇنداق ئادەت ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەچكە ئۇنىڭ تەسىرى بۈگۈنگە

قەدەر مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە.

مەلۇمكى يۇرت مەنپەئەتىنى قوغداش تار ۋە كەڭ ئىككى مەنىگە ئىگە. كەڭ مەنىدىكى يۇرت مەنپەئەتىنى قوغداش قارىشى ۋەتەن مەنپەئەتىنى، دۆلەت مەنپەئەتىنى قوغداشتىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ھەممە ئادەمنىڭ شەرەپلىك بۇرچى، چىڭ تۇرۇپ جارىي قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك گۈزەل ئەنئەنە. تار مەنىدىكىسى يېزا-قىشلاق پاسىلىنى قوغداشقا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا يېزا-قىشلاق ئاھالىسىنىڭ ئۆملۈك قارىشى سىڭگەن، مۇنداق ئۆملۈك قاراش ئىجابىي ۋە سەلبىي رولغا ئىگە، ئىجابىي تەرىپى شۇ يۇرت-مەھەللىنىڭ جامائەت ئىشلىرىنىڭ ياخشى يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش رولىنى ئوينايدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. سەلبىي رولى، يۇرت-مەھەللىلەر ئارا ئىناقسىزلىق، مەھكىمىۋازلىق، يۇرتۋازلىق قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا ئۇ قەدىمكى ئۇرۇق-قەبىلە دەۋرىدىكى قىساسكارلىق ئادىتىنىڭ قالدۇق تەسىرىنىڭ ئىپادىسى، بۇ خىلدىكى ئۆملۈك قارىشىنى توغرا يېتەكلەپ سەلبىي تەرىپىنى يېڭىپ، ئىجابىي تەرىپىنى جارىي قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئومۇملۇق قارىشىنى ئۇستۇنلۈككە ئېرىشتۈرۈشىمىز لازىم.

2) ئىجتىمائىي ئالاقە جەھەتتە: ئۇيغۇرلاردا يۇرتداشلىق ئادىتى بويىچە يۇرت-مەھەللە ئاساسىدا ئالاقە قىلىش بىر قەدەر ئومۇمىيلاشقان ئادەت، بۇ خىل ئادەت ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆز يۇرتىدىن باشقا يۇرتقا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار ئىچىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىپادىلىرى: ① يۇرت-مەھەللە سۈرۈشتۈرۈپ «بىر دەريا (ئېرىق) نىڭ سۇيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان»، «ئاتا كۆرۈپ، ئانا كۆرۈپ چوڭ بولغان» دەپ يېقىندىن باردى-كەلدى قىلىپ ئۆم ئۆتىدۇ. ②

ھەر قانداق ئىشتا يېقىن ھەمكارلىشىپ، بىر-بىرىنى يۆلەيدۇ. ③ ئىلاجى قىلىپ پەرزەنتلىرىنى شۇ دائىرىدە ئۆيلۈك، ئوچاقلىق قىلىشقا تىرىشىدۇ. ④ مۇمكىنقەدەر بىر مەھەللە بولۇپ توپ ئولتۇراقلىشىشقا تىرىشىدۇ. بەزى جايلاردىكى «قەشقەر مەھەللىسى»، «ئاتۇش مەھەللىسى»، «تۇرپان مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان مەھەللىلەر ئاشۇنداق مەھەللىلەر جۈملىسىدىن. «مەھمۇد قەشقەرى»، «موللا مۇسا سايرامى» دېگەندەك يەر نامىدا تەخەللۇس قويۇش ئادىتىمۇ شۇ ئەقىدىدىن كەلگەن. ⑤ جامائەت سورۇنلىرىنىمۇ شۇ يۇرت، مەھەللە نامىدا ئاتاپ ئادەتلەنگەن. «خوتەن مەسچىتى»، «تۇرپان مەسچىتى»، «قەشقەر سارىيى»... قاتارلىقلار. بۇ خىلدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە ئادىتى قەشقەر ئۇيغۇرلىرى، بولۇپمۇ، ئاتۇشلۇقلاردا كەڭ ئومۇملاشقان. شۇڭا ئاتۇشلۇقلار يۇرت سورۇشتۇرۇپ ئۆم ئۆتۈش، ھەمدەملىك ئالاھىدىلىكى بىلەنمۇ داڭق چىقارغان.

مەلۇمكى، يۇرتداشلىق مۇناسىۋەت قوغلىشىش ئادىتىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك كىشىلەرنىڭ ئۆم، ھەمدەم ئۆتۈشى بويىچە ئىجابىي تەرىپى بولغاندىن تاشقىرى سەلبىي تەرىپىمۇ بار. ئۇنىڭ ئىپادىلىرى: باشقا يۇرتلۇقلارنى ئارىغا ئالماي يەكلەش؛ باشقىلارنى «تېرىندىلەر» دەپ قاراش؛ مەھەللىلەر بويىچە گۇرۇھ بولۇۋېلىپ «نوچىلىق تالىشىش»، باشقىلارنى مەنسىتمەسلىك قاتارلىق. بۇ ئادەت تۈپەيلىدىن «يۇرتۋازلىق»، «مەھەللىۋازلىق» ھەرىكەتلىرى پەيدا بولۇپ، گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ جېدەل-ماجىرا چىقىرىش بىلەن ئىتتىپاقلىققا، جەمئىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان ۋەقەلەر دائىم سادىر بولۇپ كەلگەن. بۇنداق ئەھۋال ھېلىھەم ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. بۇ يۇرتداشلىق ئادىتىمىزدىكى بىر نۇقسان، ناچار ئىللەت،

تىرىشىپ ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك.

## 5. دوستخۇمار ۋە مېھماندوستلۇق

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن دوستخۇمار، مېھماندوست خەلق. ئۇيغۇرلاردىكى جۇملىدىن قازاق، قىرغىز قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەردىكى دوستخۇمار، مېھماندوستلۇق ئادەت-ئەنئەنىسى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىكى يايلاق تۇرمۇشى شارائىتىدا شەكىللەنگەن ئادەت-ئەنئەنىسىنىڭ داۋامى بولۇپ، ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. مەلۇمكى، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى ئوت-سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەينى زاماندا ئەجدادلىرىمىزدا كەڭ، بىپايان يايلاقتا ھەپتىلەپ-ئايلاپ ئۆزئارا ئۇچرىشىش مۇمكىنچىلىكى، سەپەر ئۈستىدىكىلەرگە نەچچە كۈنلەپ ئىسسىق ئىچىپ، ئارامخۇدا ھوزۇرلىنىپ ھاردۇق چىقىرىش مۇمكىنچىلىكى بولمايتتى. تەبىئىيكى، بۇ ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ زېرىكىشلىك ئىدى، شۇنداق شارائىتتا بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىش چوڭ خۇشاللىق ئىش ھېسابلىناتتى. مۇنداق ئۇچرىشىشلار بولغاندا خۇشاللىقىدا مال سويۇپ، مېھمان بولۇشۇپ قانغۇدەك مۇڭدىشاتتى. بۇ ئۆز دەۋرىدە ئاشۇنداق زېرىكىشلىك تۇرمۇشقا خۇشاللىق، ئازادىچىلىك بەخش ئېتىدىغان بىردىنبىر ۋاستە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مۇنداق ئۇچرىشىش، مۇڭدىشىشنى تەشنالىق بىلەن كۈتەتتى. بۇنداق تەشنالىق ئۇلاردا تەدرىجىي دوستخۇمار، مېماندوستلۇق ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ئىجتىمائىي ئالاقە ئادەتلىرى شۇ ئادەت-ئەنئەنىنىڭ داۋامى، بۇ ئادەت ھازىر يەنىلا مەھەللە-ئائىلە ۋە شەخسلەر بويىچە بېرىش-كېلىش، ئۆزئارا چۈشىنىش،

ھەمكارلىشىش، دوستلىشىش، مېھماندارچىلىق قاتارلىق شەكىلدە داۋاملىشىش بىلەن ئۆزئارا چۈشىنىش، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى بولۇپ قالدى. بۇ ئادەت-ئەنئەنىلەر مۇشۇ جەھەتلەردە بىر قەدەر تىپىك ئىپادىلىنىدۇ: ① كىچىكىدىنلا دوست تۇتۇش: ئۇيغۇرلاردا دوست تۇتۇش بالىلىق دەۋرىدىلا باشلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ دوستلۇقى بالىلارغا خاس ۋەدە-ئەھدى ئاساسىغا ئورنىتىلغان بولىدۇ. دوستلۇق بالىلار ئىچىدە «ئاداش»، «ئاغىنە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككى بالا دوست بولماقچى بولسا، ئوڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقىنى گىرەلەشتۇرۇپ «ۋەدىمىز ۋەدە» دەپ ئۈچ قېتىم سىلكىشىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە دوستلۇق قەسەمىيادى ھېسابلىنىدۇ. ② چوڭلار ئۈلگە بولۇش: چوڭلار بالىلارنى دوست تۇتۇشقا رىغبەتلەندۇرۇپ، ئۇلاردا دوستلۇق تۇيغۇسىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز بالىسى بىلەن بىللە ئوينايدىغان بالىلارنىڭ مىجەز-خۇلقىنى كۆزىتىدۇ، بالىسىغا دىتىغا ياققان بالا بىلەن ئورۇشماي-تالاشماي ئويناشنى تاپىلاپ: «×× بىلەن بىللە خەجلە» دەپ پۇل بېرىپ تۇرىدۇ. مۇمكىنقەدەر غىزا-تاماقتىمۇ بىللە بولغۇزىدۇ، چوڭلارنىڭ بۇنداق يېتەكلىشى ۋە ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا دوستلۇقنى قەدىرلەش ئەمەلىيىتى ئارقىسىدا بالىلاردا دوستلۇق چۈشەنچىسى، دوستلۇقنى قەدىرلەش ئېڭى ئۆزلىرىنىڭ چوڭ بولۇشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ ئۆسىدۇ، چوڭقۇرلىشىدۇ. ③ دوستلۇقنى قەدىرلەش: ئۇيغۇرلاردىكى بۇ ئالاھىدىلىك دوستلار ئارا سەممىمىي-سادىق بولۇش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، بىر-بىرىدىن مال-دۇنيا ئايىماسلىق، ھەتتا زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا جانلىرىنى پىدا قىلىشتىنمۇ يانمايدىغانلىقلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا دوستلۇقنى قەدىرلەش بويىچە يەنە مۇنداق ئادەتمۇ مەۋجۇت بولۇپ

كەلگەن. دوستلۇق مېھرىنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئۇزۇلمەسلىكى ئۈچۈن پەرزەنتلەر كىچىك ۋاقتىدىلا ئۇلارنى كەلگۈسىدە چېتىپ قويۇشقا، ھەتتا ئاياللىرى ھامىلىدار ۋاقتىدىلا شۇنداق ئارزۇ-تىلەكتە ۋەدە-ئەھدى قىلىشىدۇ، مۇنداق ئەھدىلەشكەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆز ئەھدىلىرىنى ئادا قىلىپ كەلگەن. ئەرلىرىنىڭ ئۆمرى يار بەرمىگەن تەقدىردە ئۇنى ئاياللىرى ئورۇنداپ، پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئۆلگە تىكلەپ كەلگەن. ئەجدادلىرىمىز دوستلۇقنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلىش ۋە ئۇنى قەدىرلەش يۈزىسىدىن بىزگە «مىڭلىك مىڭغا يەتكۈچە دوستۇڭ ئونغا يەتسۇن» دېگەن ماقالنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ دوستلۇقنى قەدىرلەش ئادىتىگە مېھماندوستلۇق ئەنئەنىسى تولىمۇ ماسلاشقان، بۇ ئەنئەنە مېھماننى قەدىرلەش، قائىدە-يوسۇن بىلەن قىزغىن كۈتۈشتەك مۇئامىلىسىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆيىگە بىرى كەلسە، ئۇنىڭ تونۇش-تونۇش ئەمەسلىكى، چوڭ-كىچىك بولۇشى ۋە باشقا مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالدى بىلەن ھەممىنى بىردەك ئوچۇق چىراي، قىزغىن قارشى ئېلىپ سالام-سائەت قىلىش بىلەن ئۆيگە باشلاپ تۆردىن ئورۇن كۆرسىتىدۇ. كەلگۈچى ئولتۇرۇپ بولۇپلا «ئالاھۇئەكبەر» دەپ دۇئا (ئادەتتە چوڭلار) قىلىپ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ ئاندىن رەسمىي تىنچلىق سورىشىدۇ. ساھىبخان داستىخان سېلىپ مەزە بىلەن چاي قويىدۇ، كەلگۈچىنىڭ ۋاقتىغا قاراپ ئىككىنچى قەدەمدە غىزا تاماق ئېتىپ چىرايلىق مېھمان قىلىدۇ. ئەگەر كەلگۈچى بىرەر جىددىي ئىش بىلەن كەلگەن بولسا، تېگىشلىك جاۋابىنى بېرىپ بولۇپ، داستىخان سېلىپ بىرەر پىيالە چاي قۇيۇشقا تىرىشىدۇ. ئەگەر كەلگۈچى تاماق ئۈستىگە كېلىپ قالغان بولسا، داستىخان ئۈستىدىكىلەر قاچىلىرىنى قويۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قارشى

ئېلىش بىلەن مېھماننى داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ چاي-تاماق قويىدۇ. مېھمان تاماقتا ئېغىز تەگكۈزگەندىن كېيىن ئاندىن قاچىلىرىنى قولىغا ئېلىپ تامىقىنى يەيدۇ. مېھمانغا چاي-تاماق قويۇلغاندا قاچىسىنى قولىغا ئېلىپ ساھىبخانغا ۋە يېنىدىكىلەرگە قاراپ «قېنى، چايغا (ياكى ئاشقا) كېلىڭلار» دەپ تۇرۇپ چايغا ياكى تاماققا ئېغىز تەگكۈزىدۇ.

ئۇيغۇرلار تاماق ئۈستىگە كەلگەن مېھماننى رىسقلىق، خالىس مېھمان دەپ ئەزىز بىلىدۇ. «ياخشى ئادەم ئاش ئۈستىگە كېلىدۇ، يامان ئادەم گەپ ئۈستىگە (كېلىدۇ)» دېگەن ماقال شۇ ئەقىدە ئاساسىدا كېلىپ چىققان.

ئۇيغۇرلار مېھماننى خالىس مېھمان (خۇدايى مېھمان)، چىللىغان مېھمان دەپ ئىككى خىل ئاتايدۇ.

1) خالىس مېھمان: يەكشەنبە (بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئازنا-پەيشەنبە) ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى ياكى كەچ تەرەپلەردە، تونۇش-بىلىش، دوست-يارەنلەر كۆڭلى تارتقان بىرىنىڭ ئۆيىگە ھېچقانداق خەۋەر قىلمايلا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ كەتكىلى كېلىدۇ، بەزىلىرى مەخسۇس پاراڭلىشىپ قونۇپ كەتكىلى كېلىدۇ. شۇنىڭدەك بەزىدە ئۆيگە سەپەر ئۈستىدىكى كىشىلەر كېلىپ قالىدۇ. مۇنداق مېھمانلار «خالىس مېھمان» دەپ ئاتىلىدۇ.

ساھىبخان بۇنداق خالىس مېھمانلارنىڭ قايسى خىلدىكىسى بولمىسۇن ھەممىسىنى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئېلىپ ساندۇقىدا، ئاشقۇسىدا بار نەرسىلەر بىلەن چىرايلىق مېھمان قىلىپ ئۇزىتىدۇ. شارائىتى بارلار خۇشاللىقىدا مېھمان شەرىپىگە بىرەر مال سويسا، بەزىلەر ھېچ بولمىغاندا قونداقتىكى توخۇسىنى بولسىمۇ سويىدۇ. مېھمانلار ساھىبخانىنىڭ قىلغان خېرىدارلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، تەشەككۈر ئېيتىپ قايتىدۇ. «تاپقىنى گۇل كەلتۈرەر، تاپمىغىنى بىر باش پىياز، تاپقىنى

تۆگە سويار، تاپمىغىنى چۆجە-خوراز» دېگەن بۇ ماقالدا ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندوستلۇق ئەنئەنىسى تولىمۇ ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

2) چىللىغان مېھمان: بۇ زىياپەتكە چىللانغانلارغا قارىتىلغان. مۇنداق زىياپەت ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارەنلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان زىياپەت بىلەن مەخسۇس زىياپەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارەن ۋە يۇرتداشلار ئارا چىللاش شەكلىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان زىياپەتنىڭ دائىرىسى كىچىك، ئەمما سىلىتىنىدىغان داستىخىنى ئادەتتىكى مېھماندارچىلىقنىڭ داستىخىنىدىن بىر قەدەر مولراق بولىدۇ. بۇنىڭغا ئالدىن تەييارلىق كۆرۈلىدۇ. بۇ خىلدىكى مېھماندارچىلىقنىڭ مەقسىتى كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش. شۇڭا بۇنداق مېھماندارچىلىق «ئولتۇرۇش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنداق مېھمانلار، ئادەتتە خالىس مېھماندىن تەلەپچان كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چىللانغان مېھماننىڭ كۆڭلىنى ئالماق تەسكە توختايدۇ. بەزىلەر ھەتتا سىزنىڭ پاي-پېتەك بولۇپ كۈتكىنىڭىز بىلەن كارى بولماي ئاسان رازى بولمايدۇ، «ھالى شۇنچىلىك» دەپ قوسۇر تېپىپ سۆز-چۆچەك قىلىدۇ. «چىللىغان مېھمان خۇدا ئۇرغان مېھمان» دېگەن تەمسىل ئاشۇنداق ھالەتكە قارىتا مەيدانغا كەلگەن.

مەخسۇس زىياپەت: يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ۋە يۇقىرى ئورۇنلاردىن كەلگەن ھۆرمەتلىك مېھمانلار شەرىپىگە بېرىلىدىغان زىياپەت «مەخسۇس زىياپەت» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ دائىرىسى چوڭ ۋە داغدۇغىلىق بولىدۇ. شۇنىڭدەك مەلۇم زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندىلا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مېھماندارچىلىق شەكىللىرىدىن باشقا يەنە قائىدە-يوسۇن خاراكتېرىنى ئالغان مېھماندارچىلىق بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئادەمدە، بولۇپمۇ بىر يۇرتلۇق،

ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارەنلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئادەمگەرچىلىك خىسلەت دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭدا ئادەتتە ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن باشقا-باشقا جايلاردا بولۇپ قالغان ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارەنلەر شۇنداق جايلارغا (جۇملىدىن ئۆز يۇرتىغا) بارغاندا (كەلگەندە) شۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ پەتە قىلىش ئاساس قىلىنغان (شۇ قائىدە-يوسۇن بويىچە بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا بارغان مۇتىۋەرلەرمۇ شۇ يۇرتتىكى مۇتىۋەرلەرنىڭ ئۆيىگە پەتە قىلىدۇ)، ساھىبخان پەتىلەپ كەلگۈچىنىڭ ۋاقتىغا قاراپ شۇ ۋاقىتتا ياكى ئەتە-ئۆگىنىگە ئۇنى چىرايلىق مېھمان قىلىپ ئۇزىتىدۇ. مۇنداق مېھماندارچىلىقنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، پەتىلىگۈچى سوۋغاتسىز كەلمەيدۇ. بىرەر كىيىملىك رەخت ياكى رومال، ئاياغ. . . قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىدۇ. پەتىلىگۈچى كەلگەن يېرىگە قايتىشتا پەتىلەنگۈچىلەرمۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا بىرەر كىيىملىك رەخت، نان-توقاچ، ياكى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات بۇيۇملىرىدىن يوللۇق تۇتىدۇ.

## 6. مېھمان ئۇزىتىش قائىدە-تەرتىپلىرى

ئۇيغۇرلاردا يېمەك ئىچمەك قۇرۇلمىسى ۋە يېمەك-ئىچمەك ئادىتىگە مۇناسىپ ئۆزىگە خاس مېھمان ئۇزىتىش قائىدە-تەرتىپلىرى شەكىللەنگەن. مېھمان ئۇزىتىشتا بۇ قائىدە-تەرتىپلەرگە قاتتىق دىققەت قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا مېھمان ئادەتتە مۇنداق قائىدە-تەرتىپ بويىچە ئۇزىتىلىدۇ:

1) يىغىنلىق مېھمانلىرنى ئۇزىتىش: توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغقا كەلگەن مېھمانلار «يىغىنلىق مېھمان» دەپ ئاتىلىدۇ. يىغىنلىق مېھمانلىرنىڭ سانى كۆپ بولسىمۇ، ئۇزىتىش جەريانى قىسقا، قويۇلىدىغان ئاز-نېمەتلەرنىڭ تۈرى

تۇراقلىق، مېھمانلىرىنىڭ كېلىپ-كېتىشى ئۇدۇللۇق بولغاچقا ئۇزۇتۇش قائىدە-تەرتىپلىرىمۇ ئانچە ئىنچىككە ئەمەس. مەسىلەن، داستىخانغا (جوزىغا) ئادەتتە پەقەت نان، پوشكاللا قويۇلىدۇ. مېھمانلار ئۆيگە كىرىش بىلەن قولغا سۇ ئېلىنىدۇ. بىر ئۆيگە توشقاندا چاي قويۇلىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە ئاش تارتىلىدۇ. ئاش ھەر ئۈچ ئادەمگە ياكى ئىككى ئادەمگە بىر لېگەندىن قويۇلىدۇ. ئاش يېيىلىۋاتقاندا داۋاملىق چاي قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ. ئاش يېيىلىپ بولۇشىغا مېھمانلار قولىغا مايلىق (لۆڭگە) سۇنۇلىدۇ. قايتقاندا ئىشىك ئالدىدا يەنە قولغا سۇ بېرىلىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە يىغىنلىقتا خالىس ياردەملىشىشكە كەلگەن قولۇم-قوشنا، دوست-يارەنلەر مەسئۇل بولىدۇ. يىغىنلىق ئىگىسى ئوتتۇرىدا تۇرۇپ كەلگەن-كەتكەنلەرگە سالام بېرىپ، خوش ئېيتىپ تۇرىدۇ. بىر قەدەر بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا يىغىنلىق مېھمانلىرى ھەربىر ئادەمگە بىر كىچىك كاكچە نان ئۈستىگە بىر پارچىدىن گۆش قويۇپ ياكى گۆشلۈك ئۇماچ بىلەن ئۇزىتىلاتتى. مېھمانلار گۆشكە ئازراق ئېغىز تەگكۈزۈپ ئاندىن نان ئارىسىغا ئېلىپ پوتىسىغا چىگىپ ئېلىپ كېتەتتى. بۇ «زەللە» دەپ ئاتىلىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھازىرقىدەك ئاش بىلەن ئۇزىتىدىغان بولغان. مۇنداق يىغىنلىقلار ئاممىۋى خاراكتېر ئالغاچقا «يۇرتقا ئاش تارتىش» ياكى «يۇرتقا داستىخان سېلىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

توي يىغىنلىقى بىلەن نەزىر-چىراغنىڭ بىر پەرقى شۇكى، توي يىغىنلىقىدا ھەركىم ياكى بىر داستىخان (بىر جوزا) دىكىلەر ئۆز ئالدىغا ياكى بىرلىكتە قوللىرىنى كۆتۈرۈپ «ئاللاھۇ ئەكبەر، رەھمەت» دەپ ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىدۇ. نەزىردە بولسا، بىر ئۆيدە ئولتۇرغانلار ياكى بىر ۋاقىتتا ئاش تارتىلغان بىر نەچچە جوزىدىكىلەرنىڭ ئىچىدىن مويسىپىت بىرى ئىككى كەلىمە قىرائەت قىلىدۇ. قىرائەت قىلىپ بولغاندا ھەممە تەڭ

قول كۆتۈرۈپ «ئامىن» دەپ دۇئا قىلىش بىلەن «ھەزرىلىرى قوبۇل بولغاي» دەپ ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىدۇ.

2) خالىس مېھماننى ئۇزىتىش: خالىس مېھماننىڭ سانى ئاز بولغاچقا ئۇزىتىش قائىدە-تەرتىپلىرى، جەريانى ئاددىي، ئالدى بىلەن قولغا سۇ ئېلىنىپ ئاندىن داستىخان سېلىنىپ مەزە بىلەن چاي قۇيۇلىدۇ (بەزىلەر بىر پىيالە چايدىن كېيىن، بىر چىنىدىن قايماق چاي (ئەتكەن چاي) ياكى بىر تەخسە ھالۋا ياكى قورۇما قويىدۇ). ئىككىنچى قەدەمدە بىر خىل تاماق قويۇلىدۇ، تاماقتىن كېيىن بىر پەس پاراڭ سېلىشىپ، مېھمان رەھمەت ئېيتىپ قوزغىلىدۇ. ئەمما كۆپىنچە ھاللاردا ساھىبخان مېھماننى «كەلمەك ئىرادە، كەتمەك ئىجازە» دەپ ئاسانلىقچە قويۇۋەتمەي، بىرەر قاچىدىن سۇيۇق-سىلەڭ قىلىپ ئاندىن يولغا سالىدۇ. مېھماننى ساھىبخان شەخسەن ئۆزى كۈتىدۇ ۋە ئۆزى ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرىدۇ.

3) چىللانغان مېھماننى ئۇزىتىش: مۇنداق مېھمانغا بىر قەدەر ھەشەمەتلىك تەييارلىق قىلىنىدۇ. ئۇزىتىش تەرتىپىمۇ بىر قەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ. مېھمان باغاق ياكى ئېغىز ئارقىلىق تەكلىپ قىلىنىدۇ. ۋاقتى بەلگىلەنگەن بولىدۇ. مېھمانغا ئاتاپ پىچىنە-پىرەنىك، باقالى، توش، سامبۇسا پىشۇرۇلۇپ، قەنت-گېزەك، مەزە، يەل-يېمىش قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن (بۇرۇن توقاچ، قەنت-گېزەك، يەل-يېمىش بىلەن) داستىخان ھازىرلىنىدۇ.

ئۇزىتىش تەرتىپى: مېھمانلار كېلىشى بىلەن ئۇدۇللۇق قولغا سۇ ئېلىپ مېھمانخانىغا باشلىنىدۇ. مېھمانلار ئۆزلىرى ئورۇن تالاپ ئولتۇرۇۋېرىدۇ. ئاياللار بىر تەرەپتە، ئەرلەر بىر تەرەپتە ئولتۇرىدۇ (بۇرۇن ئاياللار ئايرىم ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇلاتتى). مېھمانلار ئاساسىي جەھەتتىن كېلىپ بولغاندىن كېيىن بىرىنچى قەدەمدە داستىخان ئېچىلىپ چاي قۇيۇلىدۇ. چاي

www.uyghurkitap.com

پەتنۇس ئارقىلىق سۇنۇلىدۇ، ئالدى بىلەن ئەرلەرگە، ئاندىن ئاياللارغا قۇيۇلىدۇ. چاي قۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ساھىبخان ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر-ئىككى كەلىمە تەكەللۇپ سۆز قىلىپ «داستىخىنىمىز ئاددىي بولۇپ قالدى، شۇنداق بولسىمۇ كۆڭلىمىزگە ياخشى، قېنى، كەڭتاشا يەپ-ئىچىپ ئولتۇرساڭلار» دەپ مېھمانلارنى داستىخاندىكى نازۇنېمەتلەرگە تەكلىپ قىلىدۇ ۋە خالىغانلارنىڭ چىنىلىرىگە ئۆز قولى بىلەن قەنت ياكى ناۋات سېلىپ قويىدۇ. بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قەدەمدە بىر چىنە قايماق چاي (ئەتكەن چاي) بىلەن ئۈچ ئادەمگە بىر تەخسىدىن توغرىلاپ بىر نەچچە خىل قورۇما قويۇلىدۇ (بۇرۇن قورۇما ئورنىغا ھالۋا قويۇلاتتى). ئاندىن داستىخان يىغىشتۇرۇلۇپ، نەغمە-ناۋا، ناخشا-ئۇسسۇل، چاقچاق-پاراڭ باشلىنىدۇ. بەزىلەر ئولتۇرۇشنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشى ئۈچۈن مەي-شاراب قويىدۇ. ساھىبخان شاراپ بىلەن قەدەھنى پەتنۇس بىلەن مېھمانلارنىڭ ئىچىدىكى ئېپى بار، سۆزمەن بىرىگە سۇنىدۇ. ئۇ ساھىبخانغا ۋاكالىتەن مېھمانلارغا شاراب قۇيۇپ بېرىدۇ. بۇ «ساقى» دەپ ئاتىلىدۇ. شاراب ئالدى بىلەن تۆردە ياكى ئەرلەر قاتارىنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان كىشىدىن باشلاپ سولغا قاراپ قۇيۇلىدۇ. بىرىنچى قەدەمدە ساقى ئىككى قەدەھ شارابنى قولىغا ئېلىپ سورۇندىكىلەرنىڭ كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشىنى سوراپ قەدەھنىڭ بىرىنى ساھىبخانغا، بىرىنى تۆردە ئولتۇرغان كىشىگە سۇنىدۇ، ئاندىن شاراب ئاساسەن مېھمانلار ئوتتۇرىسىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ. شاراب ئىختىيارىي ئىچىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا قايتىدىن داستىخان سېلىنىپ ئاخىرقى تاماق تارتىلىدۇ. (كۆپىنچە قويۇق ئاش ياكى مانتا ياكى چۆچۈرە... قاتارلىق تاماق قويۇلىدۇ). تاماقتىن كېيىن مېھمانلار خوشلىشىپ تارقايدۇ.

4) مەخسۇس زىياپەت: بۇ ئۇيغۇرلار مېھماندارچىلىقىدا ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلىدۇ، دائىرىسىمۇ كەڭ، جەريانى مۇرەككەپ بولىدۇ. شۇڭا مۇنداق زىياپەتنى ئۆزتىش تەرتىپىمۇ ئىنچىكە بولىدۇ. مېھمانخانا ئالاھىدە سەرەمجانلاشتۇرۇلىدۇ. ياز كۈنلىرى ھاۋالىق، مەنزىرىلىك بىر جاي ياكى بىرەر كاتتا باغدا مەخسۇس سورۇن تەييار قىلىنىدۇ. داستىخان مەخسۇس يېقىلغان نان-توقاچ، ساڭزا، سامبۇسا، قەنت-گېزەك، ھۆل-قۇرۇق يەل-يېمىش، ھەر خىل مۇراببا، رىشالە قاتارلىق نازۇنېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇلىدۇ. مېھمانلار كېلىشىگە يېقىن ساھىبخان ۋە ياردەملەشكۈچىلەر ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كەلگەنلەرنى ئۇدۇللۇق قارشى ئېلىپ ئۆيگە باشلايدۇ. ھۆرمەتكە چوڭ مېھمان ۋە مويسىپىت مۆتىۋەرلەر كەلگەندە ئالدىغا بېرىپ، قول قوشتۇرۇپ، سالام بېرىپ ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئۆيگە باشلايدۇ. ئۇلار ئەگەر ماشىنا ياكى ئاتلىق كەلگەن بولسا، ئالدىغا بېرىپ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قولتۇقىدىن يۆلەپ چىقىرىدۇ. ئاتلىق بولسا، سول قولىدا ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ، ئوڭ قولىدا قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتتىن چۈشۈرىدۇ. قايتاردىمۇ شۇ تەقلىدتە ماشىنىغا كىرگۈزىدۇ ۋە ئاتقا مىندۇرۇلىدۇ.

مېھمانلار جەمئىيەتتىكى ئورنى، نوپۇز-ئىمتىيازىغا قاراپ ئورۇن ئالىدۇ. ئەڭ ھۆرمەتلىك مېھمان تۆرگە تەكلىپ قىلىنىدۇ. قالغانلىرى تۆرنىڭ ئوڭ، سول تەرىپىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئادەتتىكىلەر شۇلاردىن كېيىن پەگاغا قاراپ ئورۇن ئالىدۇ. چاي، غىزا-تاماقمۇ يەنە شۇ تەرتىپ بويىچە باش تاۋۇقى تۆرگە، ئىككىنچى، ئۈچىنچى تاۋۇقى ئوڭغا، تۆتىنچى، بەشىنچى تاۋۇقى سولغا قويۇلۇپ ئاندىن باشقىلارغا قويۇلىدۇ. ھەتتا قولغا سۇ ئېلىشمۇ شۇ تەرتىپ بويىچە بولىدۇ. باش مېھمانغا ساھىبخان شەخسەن ئۆز قولى بىلەن سۇ قۇيۇپ بېرىدۇ.

چاي ۋە ھەر بىر قېتىملىق تائامنىڭ باش تاۋىقى (قاچىسى) نىمۇ شەخسەن ئۆز قولى بىلەن قويىدۇ. چاي، تاماق مەخسۇس ئادەملەر تەرىپىدىن ئېلىپ كىرىلىدۇ، مەيلى چاي، تاماق بولسۇن، باش مېھمان بىسمىللا قىلىپ بەرمىگۈچە ھېچكىم قول سالمايدۇ.

مېھمانلار ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇپ، قولغا سۇ ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن كۈتۈش رەسمىي باشلىنىدۇ: بىرىنچى قەدەمدە قەنت-ناۋات بىلەن چاي قويۇلىدۇ. بىرەر قۇر چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، تاۋاق-تاۋاقتا گۆش كەلتۈرۈلىدۇ. گۆش قوي ئەزاسىنىڭ دەرىجىسى بويىچە قويۇلىدۇ. باش تاۋاقتا قۇيرۇقى ئاجرىتىلمىغان دۈمبە ۋە دۈمبە جىگەر، ئوڭ ۋە سول تەرەپكە قويۇلىدىغان ئىككىدىن تۆت تاۋاقتا سۆجە، بوقتان، ئىلىك، تاغاق، قالغان تاۋاقلارغا قول ئىلىك، قوۋۇرغا، بويۇن ئاساس قىلىپ قويۇلىدۇ. گۆشتىن كېيىن ئىككىنچى قەدەمدە بىرەر پىيالىدىن شورپا ياكى خام قىيما قىلىنغان ئۈگرە قويۇلىدۇ. ئاندىن داستىخان يىغىشتۇرۇلۇپ مېھمانلار بىردەم ئىختىيارىي ھاۋالىنىدۇ. كېيىن يەنە داستىخان سېلىنىپ، چاي قويۇلۇش بىلەن كاۋاپ كەلتۈرۈلىدۇ. كاۋاپقا مەخسۇس زىخ كاۋاپ ياكى تونۇر كاۋاپ ھازىرلىنىدۇ. بۇنداق زىخ كاۋاپ مەخسۇس يۇلغۇن نوتىسىدا ياسالغان زىخقا ئۆتكۈزۈلۈپ مەخسۇس توغراق ياكى سۆكسۆك ياكى ئۆرۈك ئوتۇنى قالاپ چۇشۇرۇلگەن چوغدا پىشۇرۇلىدۇ. بۇ خىلدىكى كاۋاپ گۆشى بىر تەكشى چوڭلۇقتا توغرىلىپ قىيمىلانغان پىياز، تۇخۇم، دورا-دەرمان، ئۇن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، تۇز-تەمى تەڭشىلىپ، بىر ئاز دۈملەپ قويۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن زىققا ئۆتكۈزۈلۈپ پىشۇرۇلىدۇ. شۇڭا بۇ «مەخسۇس كاۋاپ» ياكى «باراۋەت كاۋىپى» دەپ ئاتىلىدۇ. كاۋاپ زىخ بويىچە تاۋاقتا تىزىپ ئېلىپ كىرىلىدۇ. تۆتىنچى قەدەمدە قويۇق ئاش ياكى پېتىر مانتا قويۇلىدۇ. بەشىنچى

قەدەمدە چۆچۈرە ياكى شۇ كۈندە سويۇلغان قوينىڭ ئىچ-يۇرۇشىدە قۇيۇلغان ئۆپكە-ھېسىپ قۇيۇلىدۇ. ھەربىر تاماق ئارىلىقىدا بىر پەس لەتىپە سۆزلىنىپ، چاقچاق-پاراڭ بولۇپ تۇرىدۇ. مېھمانلار ئىختىيارى تالاغا چىقىپ ھاۋالىنىپ كىرىپ تۇرىدۇ. مۇنداق زىياپەت ئۈچۈن ئاز دېگەندە ئۈچ-تۆت قوينىڭ بېشى كېسىلىدۇ. قوي مېھمانلار كېلىشىگە ئۆلگۈرتۈپ سويۇلىدۇ. زىياپەت ئادەتتە يۇقىرىقىدەك تۆت-بەش خىل تاماقسىز ئۆتكۈزۈلمەيدۇ.

مۇنداق زىياپەت ئەرلەر، ئاياللار بويىچە ئايرىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئايال مېھمانلار ئەر مېھمانلارغا ئوخشاش ئەرلىرىنىڭ نوپۇز-ئىمتىيازىغا قاراپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. كۈتۈش قائىدە-تەرتىپلىرىمۇ ئوخشاش بولىدۇ. بىر پەرقى ئايال مېھمانلارغا گۆش قويۇلغاندا باش تاۋاققا پۇتۇن تۆش ۋە بوقتان بىلەن دۈمبە جىگەر قويۇلىدۇ.

مۇنداق مەخسۇس زىياپەتتە مېھمانلارنى مەرتىۋە، نوپۇز ئىمتىيازىغا قاراپ ئولتۇرغۇزۇش، گۆش قويۇلغاندا قوي ئەزاسىنىڭ دەرىجىسى بويىچە قويۇش قاتارلىق قائىدە-ئادەت ئازادلىقتىن بۇرۇن كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇ قائىدە-تەرتىپلەرگە قاتتىق رىئايە قىلىناتتى. مېھمانلار ئارا ياكى ساھىبخاندىن مۇشۇ قائىدە-تەرتىپلەرگە ئاز تولا سەل قارالغان ئەھۋال بايقالسا، بەزى كۆڭۈلسىز ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. مەسىلەن، مۆتىۋەرلەردە ئورۇن ئېلىشتا سەل ئېگىز-پەسلىك بولۇپ قالسا، تۆر تالىشىپ بىر-بىرىگە ھومىيىشىدىغان، ھەتتا پەش قېقىشىپ، ئاداۋەتلىشىپ قالىدىغان ھادىسىلەر يۈز بېرىپ كەلگەن. تۆر تالىشىش تولاراق ئايال مېھمانلار ئىچىدە يۈز بېرەتتى. بۇ ئادەت يەنە «سورۇن چېيى» ئۆتكۈزۈشتەك ئادەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

«سورۇن چېيى» بەزى جايلاردا «سورۇنغا چىقىش چېيى

(تويى) » دەيمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە، ئابروييپەرەسلىك كۆرىشىنىڭ ھەل قىلغۇچ تەنتەنىسى يۈزىسىدىن مەلۇم ئابروييپەرەس شەخس تەرىپىدىن بېرىلىدىغان زىياپەت. بۇنداق زىياپەت ئۆتكۈزۈشتىكى مەقسەت زىياپەت ئىشتىراكچىلىرى ئالدىدا يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇندىن كېيىن جامائەت سورۇنلىرىدا ئولتۇرىدىغان ئورۇن دەرىجىسىنى بەلگىلەپ بېرىشىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق ئابروييپەرەسلەر 10-20 لەپ قوي سويۇپ، پۈتۈن يۇرتقا داستىخان سېلىپ زىياپەت قىلاتتى. زىياپەت ئۈستىدە يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن 8-10 كىشىگە تون ياپاتتى (يۇرت كاتتىسىغا يوشۇرۇن قىلىنىدىغان «ئادەمگەرچىلىك» ئايرىم بولاتتى، ئەلۋەتتە). زىياپەت ئاخىرلىشاردا يۇرت كاتتىسى «××× ئىماخۇن مۇندىن كېيىن تۆرنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدىكى × ئورۇندا ئولتۇرىدۇ» دەپ ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زىياپەت ئاخىرلىشاتتى.

ئۇيغۇرلاردىكى بۇ ئادەت-قائىدىلەردىن ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە فېئودال دەرىجىچىلىكنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى، ئابروييپەرەسلىك كۆرىشىنىڭ نەقەدەر كەسكىنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ ئادەتلەر ئۆزگەرتىلىپ يىغىنلىق ۋە زىياپەت ھەركىمنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا ئۆتكۈزۈلىدىغان، مېھمانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدىغان يېڭى ئادەت شەكىللەندى. ئەمما يىغىنلىق زىياپەتلەردە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ئادىتى يەنىلا ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان مېھماندارچىلىق شەكىللىرىدىن باشقا يەنە بىر مېھماندارچىلىق شەكلى بولۇپ، ئۇ «قاراباستى قىلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئادەتتە پەقەت دوست ئاغىنىلەر ئوتتۇرىسىدىلا بولىدۇ: يەكشەنبە، دەم ئېلىش كۈنلىرى كوچا ئايلانغىلى چىققان دوستلار ئۆزئارا دوستلارنىڭ ئەھۋالىنى

سۈرۈشتۈرگەچ مەلۇم بىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلىشىنى مەسلىھەتلىشىدۇ-دە، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ «مېھمان بولغىلى كەلدۇق» دەپ تۇيۇقسىز كىرىپ كېلىدۇ. شۇڭا مۇنداق مېھمان بولۇش «قارا باستى قىلىش» دەپ ئاتالغان. ساھىبخانىغا ئۇلارنىڭ مەقسىتى چۈشىنىشلىك بولغانلىقتىن ئانچە ئالدىراپ-تېنەپ كەتمەي، داستىخان سېلىپ چاي قۇيىدۇ، ئاندىن گۆشلۈك-گۆشسىز، ئىسسىق-سوغۇق بىرەر تەخسە نەرسە ھازىرلاپ پاراڭلاشقاچ ئىشتەي ئېچىشىدۇ، ئاخىرىدا بىرەر تەخسىدىن لەڭمەن ياكى بىرەر چىنىدىن ئاچچىق-چۈچۈك سۇيۇق ئاش قىلىپ شۇنىڭ بىلەن ئۇزىتىدۇ. مۇنداق مېھماندارچىلىق تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولىدۇ. دوستلار قورۇنماي ئېچىلىپ-يېيىلىپ ئولتۇرىدۇ.

بۇلاردىن باشقا يەنە «ناماقۇللۇق چېيى» دېيىلىدىغان چاي بولۇپ مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال ئاستىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ: بىرىنچى، دوستلار ياكى ئىككى ئائىلە ياكى مەھەللە ئارا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى يىرىكلىشىپ قېلىش ھادىسىسى يۈز بەرگەندە بىر تەرەپ ئۆزلۈكىدىن ئاددىي داستىخان راستلاپ قارشى تەرەپنى دوستلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆيىگە ياكى ئاشخانىغا تەكلىپ قىلىدۇ. داستىخان سېلىنىپ چاي قۇيۇلغاندىن كېيىن، تەكلىپ قىلغۇچى قولىدا بىر چىنە چاينى تۇتقان ھالدا ئۆرە تۇرۇپ، كېلىپ چىققان يىرىكلىشىشكە ئاساسلىقى ئۆزىنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن قارشى تەرەپتىن ئەپۇ سورايدۇ ۋە قارشى تەرەپنىڭ كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىپ چاينى ئۇنىڭغا سۇنىدۇ. قارشى تەرەپ مەمنۇنىيەت بىلەن چاينى ئېلىپ ئىچىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ مۇناسىۋەت ياخشىلىنىپ ئوبدان ئۆتۈشىدۇ، ئىككىنچى، يۇرت مەھەللىدە ھەر خىل يولدا يۈرۈپ جامائەتنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەنلەر تەرىپىدىن قىلمىشلىرىغا جامائەت ئالدىدا توۋا قىلىش يۈزىسىدىن

www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاشۇنداق توۋا قىلماقچى بولغان كىشى مەھەللە جامائىتىگە چوڭ داستىخان سالىدۇ. جامائەت ئالدىدا بويىنىغا قارا ئارغامچا سېلىپ، كۆزىگە ياش ئالغان ھالەتتە تۇرۇپ، قىلمىش-ئەتمىشلىرىگە قاتتىق توۋا قىلغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ، جامائەتنىڭ ئۆزىنى كەچۈرۈشنى، قويىنىغا ئېلىپ ياخشى ئادەم بولۇشقا ياردەم قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، مەھەللە مۆتىۋەرلىرى ئۇنىڭ قىلمىشىغا توۋا قىلغانلىقىغا مەمنۇنىيەت بىلدۈرۈپ رىغبەتلەندۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن چاي ئاخىرلىشىدۇ.

## 7. ئۆزگىچە ئالاقە ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلاردا ئىجتىمائىي ئالاقە ئادەتلىرى بويىچە يۇقىرىقىدەك ئادەت ـ ئەنئەنىلەردىن باشقا يەنە بىر خىل ئۆزگىچە ئالاقە ئادىتى بولۇپ، پەقەت ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى باشقا يۇرتلارغا كېتىپ قالغان ياكى باشقا يەردە ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان ئاتا-ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر، دوست-ئاغىنىلەر، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە ئەر-خوتۇن، سۆيۈشكەنلەر ئوتتۇرىسىدىلا ئالاھىدە خەت خالتا ئەۋەتىش ئارقىلىق بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «خەت يېرىم دىدار»، خالتا «تىرىكلىك نىشانى» دەپ قارىلىدۇ. مۇنداق خەت خالتىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، خەت ئادەتتىكى خەتكە ئوخشاش يېزىلغاندىن تاشقىرى خەتنىڭ ئوڭ، سول بۇرجىكىگە يىڭنە كۆزىدەك تۆشۈك تېشىپ قويۇلىدۇ، خەت ئىچىگە قىزىلگۈل چېچىكى، ئۈچار قۇشنىڭ ماموقى، ئوتۇن كۆمۈرىنىڭ توزانى سېلىپ قويۇلىدۇ؛ خالتىغا ئادەتتىكىدەك نان-توقاچ، قاق-ياڭاق، مېغىز-كىشمىش. . . سالغاندىن باشقا بىر تال سامان، ئۇچار-قۇش پېيى، قوناقتەك ئوتۇن كۆمۈرى ۋە بىر تال تاش سېلىنىش بىلەن خالتىنىڭ بىر بۇرجىكىقىيپاش تىكىپ قويۇلىدۇ.

بۇ بەلگىلەر مۇنداق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: قىزىلگۈل چېچەكى قىزىلگۈلگە، مامۇق بۇلبۇلغا سىمۋول قىلىنغان بولۇپ «ئىشقى-پىراقىڭىزدا بۇلبۇلدەك خەندان ئۇرۇپ سايراپ يۈرىمەن» دېگەن مەنىنى؛ سامان ئۇچقۇنى ۋە سامان توزانى «ھەر قايسىڭلارنى سېغىنىپ، تولا ئويلاپ رەڭگى-روھىم سارغىيىپ ساماندەك بولۇپ كەتتى» دېگەن مەنىنى؛ ئىككى كىچىك تۆشۈك ئىككى كۆزگە سىمۋول قىلىنغان بولۇپ «يولىڭىزغا تولا قاراپ كۆزلىرىم تېشىلەي دەپ قالدى» دېگەن مەنىنى؛ قۇش پېيى قاناتقا سىمۋول قىلىنغان بولۇپ «باراي دېسەم ئارا يىراق، ئۇچۇپ باراي دېسەم قانىتىم يوق» دېگەن مەنىنى؛ كۆمۈر توزانى بىلەن كۆمۈر ئوتقا سىمۋول قىلىنغان بولۇپ «ئىشقى-پىراقىڭىزدا كۆيۈپ قارا كۆسەي بولۇپ قالدىم» دېگەن مەنىنى؛ تاش «رەھىمسىزلىك»كە سىمۋول قىلىنغان بولۇپ «ھەجەپمۇ كەلمىدىڭىز، گەپ-سۆزىڭىزمۇ يوق، باغرىڭىز تاش ئىكەن» دېگەن مەنىنى، خالتا بۇرجىكىنىڭ قىيپاش تىكىلىشى يالغۇزلۇققا سىمۋول قىلىنغان بولۇپ «سىز يېنىمدا يوق، يالغۇزلۇقتا بوينۇمنى قىسىپ غېرىپ بولۇپ قالدىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئادەتتە پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىلىرىغا مۇنداق خەت خالتا ئەۋەتكەندە ئىچىگە كۆمۈر توزانى، كۆمۈر پارچىسى، قىزىلگۈل چېچەكى ۋە مامۇق سالمايدۇ.

ئەجدادلىرىمىز يەنە مۇنداق ئىشارەت-ھەرىكەتلەر ئارقىلىقمۇ ھەرخىل ئۇقۇملارنى ئىپادىلەپ كەلگەن. مەسىلەن، چىراي تۇرۇلۇپ قول شىلتىلسا ياكى باشقا تەڭلەشتۇرۇپ كۆتۈرۈلسە «بولدى، بولدى!»، «گېپىڭنى قوي؟»؛ قول ياكى بىر بارماق ئۆز تامان شىلتىلسە «بۇ ياققا كەل»، «مانا مەن؟»؛ قول كەينىگە شىلتىلسە «ماڭ كەت!»، «نېرى تۇر!»؛ بىگىز قول ئېغىزغا قويۇلسا «شۈك!»، «گەپ قىلما»؛ قول قۇلاققا تەگكۈزۈلۈپ بولۇپ شىلتىلسە «ئاڭلىمىدىم»؛

www.uyghurkitap.com

قول مەيدىگە قويۇلۇپ باش سىلىنسا «ھۆرمەت-ئىھتىرام بىلدۈرگەنلىك» ياكى «مەن ناماقۇل»، «مەن ئەيىبلىك» دېگەنلىك بولىدۇ. قول پېشانىسىگە ئۇرۇلسا ياكى تاماق چېكىلىسە ھەيران-پەرىشان بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. باش بارماق بىلەن بىگىز قول ھىمىرىلسە ياكى ئالىقان ھىمىرىلسە «پۇل»، «پۇلغا كېلىدۇ...» دېگەنلىك بولىدۇ. قاش ئېتىلسا ياكى كۆز بىر تامانغا يۈگۈرتىلسە «تالاغا چىققىن»، «ئانى قارا»، «نېمە بولدى» دېگەنلىك، كۆزلىنىپ قىلىپ تاشلانسا «يېنىمغا كەل»، «يېنىمدا ئولتۇر» دېگەنلىك؛ كالپۇك تەبەسسۇم ئارىلاش نەپىس بۆرتۈلسە «سۆيەي» دېگەنلىك؛ مىيىقىدا كۈلۈپ ئاستى كالپۇك بۆرتۈپ قويۇلسا، مەنسىتمىگەنلىك، مەسخىرە قىلغانلىق ۋە «ھالىڭ شۇنچىلىكمۇ» دېگەنلىك؛ ئېڭەك ياكى ساقال چىڭ سىقىمدالسا دەر-غەزەپتە «خەپ!» «ئاپلا، ھېلى بىكار!» دېگەنلىك بولىدۇ...

## 8. يامان ئېلىنىدىغان قىلمىش-ئادەتلەر

ھەر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا يامان ئېلىنىدىغان قىلمىش-ئادەتلىرى بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىپادىسى ھەر خىل. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا تۆۋەندىكىدەك قىلمىش-ئادەتلەر «يامان بولىدۇ» دېگەن ئەقىدە بويىچە يامان ئېلىنىپ تەقىپلىنىپ كەلگەن:

1) ياشانغانلارنى، چوڭلارنى، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى، ئۇستازلارنى كۆرگەندە ئىككى قولنى مەيدىسىگە ئېلىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» (تەڭتۇش، تونۇش-بىلىشلەر ئوڭ قولنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام دەيدۇ) دەپ ھۆرمەت بىلدۈرۈش لازىم. سالام بەرمەسلىك ئەدەپسىزلىك، ھاكاۋۇرلۇق قىلغانلىق دەپ يامان ئېلىنىدۇ.

2) چوڭلارنىڭ، ئاتا-ئانىنىڭ، كۈيئوغۇل (كېلىن)، قېيىنئاتا، قېيىنئانىنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتۈشكە بولمايدۇ.

3) ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتۈشكە بولمايدۇ. ئەرلەر تۇرغان يەردىن ئۆتۈشكە توغرا كەلسە، ئەرلەرنىڭ كەينىدىن ياكى ئۇلارنى يانداپ ئۆتۈشى لازىم.

4) چوڭلار كىچىكلەرنى «بالام، ئوغلۇم (قىزىم)» دەپ ئاتىشى لازىم، بولمىسا «ئالجىغان»، «قېرىغىنىنى تۇيمىغان» دەپ ئەيىبلىنىدۇ. كىچىكلەر چوڭلارنى «دادا»، «بوۋا»، «موما»، «ئانا»، «ئاكا»، «ئاچا» دەپ ئاتىشى لازىم. بولمىسا، «ئەدەپسىز»، «تەربىيە كۆرمىگەن» دەپ قارىلىدۇ.

5) كۆرۈشمىگەن (جۇملىدىن، سەپەردىن كەلگەن) ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-ئاغىنىلەر كۆرۈشكەندە چوڭلار، تەڭتۇشلەر قۇچاقلىشىپ مەڭزىنى-مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشىدۇ، كىچىكلەرنى بولسا، بېشىنى باغرىغا بېسىپ پېشانىسىگە سۆيىدۇ. ئاياللار-چوڭلار، تەڭتۇشلار مۈرىلىرىنى تۇتۇشۇپ يۈزلىرىنى-يۈزىگە يېقىپ كۆرۈشىدۇ. كىچىكلەرنى باش-كۆزىنى سىيلاپ پېشانىسىگە، مەڭزىگە سۆيۈپ كۆرۈشىدۇ. بولمىسا، «كۆيۈمسىز»، «مېھرى يوق»، «باغرى قاتتىق»، «كۆڭلى بۆلۈنۈپ كەتكەن» دەپ ئەيىبلىنىدۇ.

6) سىرداش دوست — ئاغىنىلەردىن باشقىلار ئادەتتە بىر-بىرىنى «سىز»، «سىلى» . . . دەپ ئاتىشى لازىم، «سەن» دېيىلسە «كۆزگە ئىلمىغانلىق»، «پەس كۆرگەنلىك» دەپ يامان ئېلىنىدۇ.

7) ئىشىك ئالدى ياكى ئۆيگە يېقىن ئارىلىقتا تونۇش-بىلىشلەر ئۇچرىشىپ قالغان تەقدىردە، سالاملاشقاندىن كېيىن «ئۆيگە باشلاي»، «خىزمەتتە بولاي» دېيىش لازىم. بولمىسا «قىزغانچۇق»، «ئادەمگەرچىلىكى يوق» دەپ ئەيىبلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

8) مېھمان ياكى بىرەر ئىش بىلەن كەلگەن ئادەم ئۆيگە «ئەسسالام» دەپ كىرىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن «ئاللاھۇئەكبەر» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ (ياكى يېرىم تۇرۇپ) ئاندىن ئولتۇرۇش لازىم. بۇ بېرىش-كېلىشتە بىلىشكە تېگىشلىك ئاساسلىق قائىدە، بولمىسا «قائىدىسىز»، «ھاكاۋۇر» دەپ ئەيىبلىنىدۇ.

9) تاماقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن، چوڭ-كىچىك تەرەتتىن كېيىن قول يۇيۇش لازىم، بولمىسا «تەبىئىتى يوق، مەينەت» دەپ ئەيىبلىنىدۇ.

10) قول يۇغاندا، بولۇپمۇ ساھىبخان مېھمان قولىغا سۇ ئالاندا، قولىنى سىلكىمەي لۆڭگە ياكى قولياغلىقتا ئېرتىش لازىم.

11) مېھمانغا چاي، تاماق قويۇلۇپ ساھىبخان «قېنى ئالىلى، باقىلى» دەپ تەكلىپ قىلمىغۇچە ئالدىراپ چايغا ياكى تاماققا قول ئۇزىتىشقا بولمايدۇ.

12) مېھمانغا چاي، تاماق سۇنغاندا، ئوڭ قول بىلەن سۇنۇش لازىم. بولمىسا، «كۆزگە ئىلمىغانلىق» دەپ قارىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئوڭ، سولغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلاردىكى ئەجدادلىرىمىزدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «ئوڭ، چەپ قارىشى»نىڭ ئىپادىسى. مەلۇمكى، ئادەم ھەركەتلەنگەندە، ھامان ئوڭ قول، ئوڭ پۇت ئەپچىل، يېنىك ھەركەتلىنىدۇ، سول قول، سول پۇت سۆرەلمە كېلىدۇ. بەدەندىكى كۈچ سالمىقىمۇ ئوڭ قول، ئوڭ پۇتتا ئارتۇق بولىدۇ. بۇ ھال ئەجدادلىرىمىزدا ئوڭ، چەپ قارىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن بۇ قاراشقا مۇناسىۋەتلىك خېلى نۇرغۇن ئادەت شەكىللەنگەن:

سالام بەرگەندە ئوڭ قولنى كۆكرەك ئۈستىگە قويۇپ سالام بېرىش، مېھمانغا چاي، تاماق قويۇش، سوۋغات تەقدىم قىلىش

ياكى بىرنگە بىر نەرسە بېرنشتە ئوڭ قول بىلەن بېرىلىشى شەرت، سول قول بىلەن بېرىلسە ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. ئۆيگە كىرىشتە ئالدى بىلەن ئوڭ پۇتنى كۆتۈرۈپ بوسۇغىدىن ئۆتىمىز، ئات-ئۇلاغقا مىنگەندە ئالدى بىلەن ئوڭ پۇتنى ئاتىلدۇرۇپ ئاندىن مىنىمىز، كىيىم كىيگەندە ئالدى بىلەن ئوڭ يەڭگە ئوڭ قولنى سالىمىز، ئىشتان كىيگەندە ئالدى بىلەن ئوڭ پۇتقا ئوڭ پۇشقاق سېپىلىدۇ، ئاياغ كىيگەندىمۇ شۇنداق، ھەتتا بىرەرىنىڭ ئىشتا پەملىكلىكى، مىجەز-خۇلقىنىڭ يېقىملىقى ... «ئوڭلۇق» دېگەن بۇ ئىبارە بىلەن تەرىپلىنىدۇ، بىر ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولغان، بولمىغانلىقى، ياتقاندا قارا بېسىش، بەزى كۆنلىرى كىشىنىڭ سەپراسىنىڭ ئۆرلەپ قېلىشى قاتارلىقلارمۇ ئوڭ، چەپ قارىشىغا باغلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئىشىمىز (تەلىيىمىز) ئوڭغا تارتىپ (ئوڭدىن كېلىپ) يۈرۈشۈپ كەتتى»؛ «ئىشىمىز چەپكە تارتىپ ئىلگىرى باسمىدى»، «سول تەرىپىمنى بېسىپ ياتقانىكەنمەن، قارا بېسىپ كەتتى»، «سول يېنىمنى بېسىپ ياتقانىمۇ، قاپاقلىرى چۈشۈپ كېتىپتىغۇ» دېيىلگەنلەرگە ئوخشاش. بۇندىن باشقا ئادەتتە «ئوڭ گەپ قىلغىنا!»، «تۈگمەنمۇ ئوڭ چۆگىلەيدۇ» دېگەندەك تەمسىل سۆزلەرمۇ كۆپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. باشقا مىللەتلەردىكىدەك ئۇيغۇرلاردىمۇ خوتۇن كىشى «ئادەمنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن يارالغان» دەپ كەمسىتىدىغان ئادەت بار. بۇمۇ ئۇيغۇرلاردىكى ئوڭ، چەپ قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

13) ئادەتتە مېھمان ئالدىغا قويۇلغان تاماقنى ئاشۇرۇپ قويماسلىقى، تاماق ئاغزىغا تېتىمىغان تەقدىردىمۇ «ۋاي مەززىلىك بوپتۇ، ئوخشاپتۇ» دەپ مەمنۇنىيەتلىك بىلدۈرۈش لازىم. بولمىسا، كىشى ياراتمىغانلىق بولىدۇ.

14) مېھمان پۇتنى ئارۋاڭ-سارۋاڭ سۇنۇپ ئولتۇرماسلىق، بولۇپمۇ داستىخانغا قارىتىپ پۇتنى سۇنۇپ

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرماسلىقى لازىم. ئۇنداق قىلىش ساھىبخانىغا، داستىخانغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق بولىدۇ. چوڭلار ئالدىدا پۇتىنى ئارۋاڭ-سارۋاڭ قىلىپ، مىڭگەشتۈرۈپ ئولتۇرۇشمۇ ئەدەبسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

15) مېھمان ساھىبخانىنىڭ ئۆيىدىكى نەرسە-كېرەكلەرنى قالايمىقان تۇتماسلىقى، ئاختۇرماسلىقى، ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە مېڭىپ يۈرمەسلىكى، بولۇپمۇ قىز-ئاياللار يېنىغا، قازان بېشىغا بېرىۋالماسلىقى لازىم. بۇ يات قىلىق دەپ يامان ئېلىنىدۇ.

16) مېھمان داستىخان يىغىلماستىن بۇرۇن ئالدىراپ تۇرۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. تالاغا چىقىش زۆرۈرىيىتى بولغاندا داستىخاننى دەسسەپ ياكى ئاتلاپ ئۆتۈشكە، مېھمانلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە بولمايدۇ، ئۇنداق قىلىش ساھىبخانىنى، مېھمانلارنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولىدۇ.

17) مېھماندارچىلىق سورۇنىدا، تاماق ئۈستىدە بۇرۇن تارتىش، بۇرۇن-قۇلاق كولاش، مىشقىرىش، تۈكۈرۈش، تىرناق ئېلىش، ئوسۇرۇش، جۈملىدىن ئاممىۋى سورۇنلاردا شۇنداق قىلىش تەبىئەتسىزلىك ۋە ئەڭ چوڭ ئەدەبسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

18) مېھمانلار، جۈملىدىن باشقىلار پاراڭلاشقاندا ئىشىك مارىماسلىق، چوڭلار گەپ قىلغاندا لوقما سېلىپ ئېغىز غېرىچلىماسلىق لازىم. ئۇنداق قىلىش ئەڭ يامان قىلىق، ئاقساقاللىق، ئاتىكاچىلىق ھېسابلىنىدۇ.

19) مېھماندارچىلىق ئۈستىدە ۋە ئادەتتە غەيۋەت-شىكايەت قىلىش يامان ئېلىنىدۇ. چۈنكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بەزى ئاداۋەتلەر ئاشۇنداق غەيۋەت-شىكايەتتىن كېلىپ چىقىدۇ.

20) مېھماندارچىلىقتا بالا ئەگەشتۈرۈپ بېرىش يامان ئېلىنىدۇ. چۈنكى بالىلارنىڭ جوداسىدا مېھماندارچىلىقمۇ كۆڭۈللۈك بولمايدۇ. بالا ئاپارغۇچىمۇ ئارام خۇدا يەپ-ئىچىپ

ئۇلتۇرالمايدۇ. «تويغا بارساڭ تويۇپ بار، بەش بالاڭنى قويۇپ بار» دېگەن ماقال شۇنداق ئادەتكە قارىتا مەيدانغا چىققان.

21) مېھمان داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن «ئاللاھۇئەكبەر» دەپ دۇئا قىلىپ، «رەھمەت» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ياكى يېرىم تۇرۇپ ساھىبخانغا مىننەتدارلىق بىلدۇرۇش لازىم.

22) مېھمانغا ئېيتقان يەردىن قالماسلىق لازىم، ئېيتمىغان يەرگە بارماسلىق لازىم. چۈنكى سىزنى مېھمانغا چىللىغانلىق سىزنى ھۆرمەتلىگەنلىك، بارمىغانلىق قارشى تەرەپنى كۆزگە ئىلمىغانلىق، ئېيتمىغان يەرگە بېرىش قېلىنلىق ۋە تەمەخورلۇق قىلغانلىق بولىدۇ. «ئېيتقان يەردىن قالما، ئېيتمىغان يەرگە بارما» دېگەن ئىدىيوم شۇ ئاساستا شەكىللەنگەن.

23) يالاڭباش ۋە ئۆرە تۇرۇپ تاماق يېيىش يامان ئېلىنىدۇ.

24) غىزا-تاماقنى چاچماي، پاكىز يېيىش، ئاش ئەۋلادىنى بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلماسلىق لازىم. بولمىسا «ئادەمنىڭ رىسقى قالىدۇ»، «ئادەمنىڭ رىسقى كالتا بولىدۇ» دەپ يامان ئېلىنىدۇ.

25) مېھمان، جۈملىدىن، بىرەر ئىش بىلەن كەلگەن ئادەم ئۆي ئىگىسىنىڭ ئالدىدا كىچىك بالا ۋە باققان مال-جاندارىنى «ئەجەپمۇ چىرايلىق ئەت ئاپتۇ»، «ھەجەپمۇ چىرايلىق سەمرىپتۇ»... دەپ تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ ماختىماسلىقى شەرت، ماختىسا «كۆز تېگىدۇ» دەپ يامان ئېلىنىدۇ. ئاشۇنداق ماختاش بولسا، قارشى تەرەپ ئىچىدە «ئاغزىڭغا تاش» دەپ قارغايدۇ.

26) بىرى بىر نەرسە يەۋاتقاندا ئۇنىڭغا قاراپ مەسلەنمەسلىك لازىم، مەسلىنىپ قارىسا «ئېچى كىرىپ

قالىدۇ» دەپ يامان ئېلىنىدۇ.

27) تاماق ئۈستىگە بىرى كىرىپ كەلسە، ئۇنىڭغا تاماق قويماسلىق «قىزغانچۇقلۇق»، «ئاچكۆزلۈك» دەپ يامان ئېلىنىدۇ.

28) مېيلى ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-ئاغىنە بولسۇن تالادىن كىرگەندە، بولۇپمۇ سەپەر ئۈستىدىن كەلگەندە شۇ ئۆيدىكى كىچىك بالىنى ئالدىراپ قولىغا ئالماسلىقى لازىم. بالا ئالدىراپ قولغا ئېلىنسا «يول ئىسسىقى ئۆتۈپ ئۈچۈنۈپ قالىدۇ» دەپ يامان ئېلىنىدۇ.

29) يۈگۈرۈپ، ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ ئالاقزادىلىكتە ئۆيگە كىرمەسلىك لازىم. چۈنكى ئۆي ئىگىسى بىرەر كۆتۈلمىگەن ئەھۋال تۇغۇلغاندىمۇ؟ دەپ غەم-غۇسسىگە قالىدۇ.

30) ئۆيدە ئەخلەت قوندۇرماسلىق لازىم، ئەخلەت قونۇپ قالسا «بەرىكەت قاچىدۇ» دەپ يامان ئېلىنىدۇ.

31) ئىشىك ئالدىغا كىر سۈيى ۋە يۇندا تۆكمەسلىك لازىم. كىر سۈيى-يۇندا تۆكسە ئادەمنى مېيىت باسىدۇ، ئادەمنى سوغۇق تەلەت قىلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

32) يۈز-كۆزنى سۇنى ئېقىتىپ تۇرۇپ يۇيۇش لازىم. بولمىسا، يۇندىدا يۈز يۇغانغا باراۋەر دەپ قارىلىدۇ.

33) ئوچاق بېشى، قۇدۇق بېشىغا كىر ۋە قول چايقايدىغان داس قاتارلىق نەرسىلەرنى قويۇشقا، قۇدۇققا، سۇ ئىدىشىغا، چېلەك، ساپلىق-نوگايدىن باشقا نەرسىلەرنى سېلىشقا بولمايدۇ.

34) ئىشىك ئالدىغا، جۈملىدىن ئۆيگە (كىچىك بالا، ئاغرىقلار بۇنىڭ سىرتىدا) ۋە ئۇدۇل كەلگەن يەرگە چوڭ-كىچىك تەرەت قىلسا تەبىئەتسىزلىك، ھاياسىزلىق دەپ يامان ئېلىنىدۇ.

35) كۈن، ئايغا قاراپ چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىش، سۇغا سىيىش، ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرۈش، ئەتىگەندە يۈز يۇماي تۇرۇپ كۈنگە قاراش يامان ئېلىنىدۇ. «ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرسەڭ

يۇزۇڭگە چۇشەر» دېگەن ماقال شۇ ئادەتتىن كېلىپ چىققان.

36) زىرائەت ۋە يۇمران ئوت-چۆپلەرنى دەسسەش، يۇلۇش بولۇپمۇ ئۇستىگە سىيىش يامان ئېلىنىدۇ. دەسسەپ يۇلۇنسا، ئۇستىگە سىيسە ئۇلار «يورۇقلۇقتىن مەھرۇم بولىدۇ» دەپ قارىلىدۇ.

37) تۇزغا، ئوتقا تۈكۈرۈش يامان ئېلىنىدۇ.

38) نان پارچىلىرىنى، تۇزنى دەسسەشكە، نان سالغان ساندۇق ۋە تۇز خالتىسىنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ، بۇنداق قىلىش نان-تۇزغا ھۆرمەت قىلمىغانلىق دەپ يامان ئېلىنىدۇ. چۈنكى نان-تۇزنى ئەجدادلار جاندەك ئۇلۇغلاپ كەلگەن. يېڭى توي قىلغان ئىككى ياشقا تۇزغا چىلانغان نان يېگۈزۈش ئادىتى، ناننى تىلغا ئېلىپ («نان تۇرۇپتۇ»، «نان ئېلىپ ئۇرسۇن»، «نان دەسسەپ بېرەي» دەپ) قەسەم قىلىش ئادىتى، ۋاپاغا جاپا قىلغۇچىنى، يۇرت-جامائەتتىن يۇز ئۆرۈگەن كىشىنى «تۇزۇم ئېلىپ ئۇرسۇن»، «تۇزكور» دەپ قارغاش ئادىتى ئەنە شۇ ئەقىدە ئاساسىدا كېلىپ چىققان. شۇنىڭ ئۇچۇن ئادەتتە، شۆھرەت، هارام دۇنيا، هوزۇر-مەئىشەت قوغلىشىپ ۋەتەنگە، خەلققە، دوست-يارەنلىرىگە خائىنلىق قىلغانلار «تۇزكور» دەپ قارغىلىدۇ.

39) ئۆيدىن خوشلىشىپ چىققاندىن كېيىن، ئارقىسىغا يانماسلىق لازىم، ئارقىسىغا يانسا «سەپەر ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ» دەپ قارىلىدۇ.

40) سەيشەنبە، جۈمە كۈنى يولغا چىقىشقا بولمايدۇ. چۈنكى كۈنلەر ئىچىدە سەيشەنبە قۇتسىز كۈن، شۇ كۈنى «توڭگۇزمۇ موينى تاشلىمايدۇ»؛ جۈمە روھىناتلارنىڭ سېغىنىشلىق كۈنى، جۈمە كۈنى ئەجدادلار روھىغا دۇئا-تەكبىر قىلماي، توپا بېشىنى يوقلىماي بولمايدۇ، دەپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ئىككى كۈندە يولغا چىقىش «يامان بولىدۇ»،

«پېشكەللىككە ئۇچرايدۇ» دەپ قارىلىدۇ.

41) چارۋا-مالنى بولۇپمۇ قوينى ئۇرماسلىق، تەپمەسلىك لازىم. چۈنكى قوي ئامەت، بەختنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىدۇ. ئەتىگەندە قوي ئۇچرىسا «ئامەت كېلىدۇ» دېيىش ئاشۇ ئەقىدە ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. شۇڭا قوينى ئۇرۇش، تېپىش يامان ئېلىنىدۇ.

42) ئاياللار ئارغامچا ۋە كىر سۈيىنى ئاتلىماسلىق لازىم. ئارغامچىنى ئاتلىسا، ھەمراھى ئاسان چۈشمەيدىغان، كىر سۈيىنى ئاتلىسا، تۇغۇتتا ھال باسىدىغان بولۇپ قالىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

43) يېڭى تۇغۇتلۇق ئۆيگە يات كىشى كىرىشكە بولمايدۇ. شۇڭا ئىشىك بېشىغا قىزىل لاتا ئېسىپ قويۇلىدۇ. ئادەتتە تۇغۇت يوقلاپ كېلىدىغانلارمۇ ئون ئىككى ئىدىرىدىن كېيىن يوقلايدۇ.

44) كىشىگە قول شىلتىپ تۇرۇپ گەپ قىلىش يامان ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنداق قىلىش كىشىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق، پەس كۆرگەنلىك بولىدۇ.

45) ئوينىشىپ بولسىمۇ كىشىگە تىغ تەڭلەشكە بولمايدۇ. چۈنكى تىغ شەرتلىك، يامان بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

46) چوڭلارنىڭ، جۈملىدىن، ئۇستازلارنىڭ ئالدىدا تاماكا چەكمەسلىك، ئىچىملىك ئىچمەسلىك لازىم. ئۇنداق قىلىش ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

47) كىشى ئوتتۇرىسىدا گەپ توشۇش تولىمۇ يامان ئېلىنىدۇ. گەپ توشۇغۇچى «سۇخەنچى»، «تەخسىچى»... دەپ ئەيىبلىنىدۇ.

48) ئەتىگەندە ۋە ياتاردا چۈش ئۆرۈشكە بولمايدۇ. بۇنداق چاغدا ئۆرۈلگەن چۈش ئوڭغا تارتمايدۇ دەپ قارىلىدۇ.

49) ئەتىگەندە يىغلاش ۋە قايغۇ، قورقۇنچ ئۇقۇمىدىكى

سۆزلەرنى قىلىش يامان ئىلىنىدۇ، چۈنكى ئەتتىگەندە يىغلاش، ئۇنداق سۆزلەرنى قىلىش پېشكەللىك ئىلىپ كېلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

50) پۇتنى قىبلىگە سۇنۇپ يېتىش يامان بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

51) چاچ-ساقال، بۇرۇت، تىرناقنى ۋە ئەۋرەت موينى، قولتۇق موينى زىيادە ئۆستۇرۇۋېتىش يامان بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

52) ئەر-ئايال بىللە بولغاندىن كېيىن شۇنىڭدەك بالاغەتكە يەتكەن ئوغۇل-قىزلار ۋە چوڭلار چۈشىدە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن هوزۇرلانغان بولسا غۇسلى قىلىش كېرەك. غۇسلى قىلمىسا يامان بولىدۇ. «ئادەمنى پالاكەت باسىدۇ» دەپ قارىلىدۇ. ئاياللار هەر قېتىم ئادەت توختىمىغاندا يۇيۇنمىسىمۇ «پالاكەت باسىدۇ» دەپ يامان ئىلىنىدۇ.

53) ئات-كالا، قوي، تۆگە، جەرەن-كېيىك قاتارلىق هايۋانلار، غاز-ئۆردەك، توخۇ، كەكلىك قاتارلىق ئۇچار قاناتلاردىن باشقا چوشقا، ئېشەك-قېچىر، ئىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يىرتقۇچ هايۋانلارنى هارام دەپ يېمەيدۇ، قوي-كالىلار-نىڭمۇ رەسمىي بوغۇزلانغانلىرىنى يەيدۇ، قېنىنى ئىچمەيدۇ، ئۆزى ئۆلۈپ قالغاننى يېمەيدۇ.

54) ناماز ئوقۇغاندا ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىش، ئەزان توۋلىغاندا پاراڭ سېلىش يامان بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

55) ناماز ئوقۇۋاتقاندا سەپنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە بولمايدۇ.

56) زاراتلىققا قالايمىقان كىرىش مەنئى قىلىنىدۇ.

57) ناماز ئوقۇيدىغان ئۆيگە، بولۇپمۇ قىبلە تامغا ئادەم سۇرىتى ئېسىشقا بولمايدۇ.

58) ئىسلام دىنىدىن غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ مەسچىتكە

كىرىشى، مەسچىت ئەتراپى ۋە ئىچىدىغان سۇ بويىدا چوشقا بېقىشى يامان ئىلىنىدۇ.

59) كىشىنى تىللاش، بولۇپمۇ بىراۋنىڭ ئايالىنى ئاتاپ تىللاش بەك ئېغىر ئىلىنىدۇ.

60) كەيپىخورلۇق، قىمارۋازلىق پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ.

61) قۇدۇق، ئېرىق-ئۆستەڭ بويىغا هاجەتخانا، قوتان سېلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

62) زىنا قىلىش، كىشىگە قارا ساناش، كىشى هەققىنى يېيىش قاتارلىق ئىشلارغا پۈتۈن جەمئىيەت لەنەت-نەپرەت ياغدۇرىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تۇرمۇشىمىزدا يامان ئىلىنىپ كېلىنىۋاتقان بۇنداق قىلمىش-ئادەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەنئەنىۋى مىللىي ئەخلاق مىزانىمىز ئاساسىدا تەقىپلەنگەن، بىر قىسمى ئىسلامىيەت ئەخلاق مىزانى ئاساسىدا تەقىپلەنگەن بولسىمۇ، ئۇ قەدىمكى ئەنئەنىمىز بىلەن مۇجەسسەملىشىپ مىللىي ئەخلاق مىزانىمىزنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. بۇ ئەدەب-قائىدىلەرنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا ئىجتىمائىي ئەخلاق سۈپىتىدە ئىزچىل تەرغىپ قىلىنىپ كېلىنىۋاتقانلىقىنى قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزدىن بولغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا بۇ مەسىلە شېئىر تىلى بىلەن ۋەسىيەت، نەسىھەت تەرىقىسىدە ئەۋلادلارغا تەقدىم قىلىنغان:

110 تولا كونا بىر سۆز مەسىلدە كېلۇر،
ئاتا ئورنى، ئاتى ئوغۇلغا قالۇر.

246 كىشى ياخشى ئات بىرلە ئالقىش ئالۇر،
يامان ئاتلىق ئولسا، قارغىش ئالۇر.

863 تېشىدەك ئىچىمۇ، ئىچىدەك تېشى،
بۇياڭلىغ بولۇر چىن ۋە توغرا كىشى.

869 كىشى قىس ئەمەستۇر كىشىلىك قىس ئۇل.
دۇرۇس، چىن كىشى ئۇ، تولا ماختىلۇر.

334 مەي ئىچمە، بۇزۇقلۇقتىن بولغىن يىراق،
زىنا قىلما، پاسىق دەپ ئالما ئاتاق.

1338 هاراق مىڭ گۇناهقا پاتۇرغاي سېنى،
قاچار بەخت زىنادىن، يۈزۈڭ تۆكۈلەر.

1664 دۇرۇسلۇق، ئۇيات هەم بۇ ياخشى قىلىق،
بىرىكسە بۇ ئۈچى بولۇر خۇشچىلىق.

2724 تەمەگەر قۇل ئېرۇر، گەر بولسىمۇ خان،
بولۇر پەس تەمەگەر كىشى هەرقاچان.

2863 خىيانەت قەيەرگە گەر باسسا ئاياغ،
قاچار پايدىلىق ئىش هەممىسى يىراق.

4102 ئۇششاق سۆز قىلما سەن كىشىنى چېقىپ،
دۇرۇس سۆزلە، تۇرماي بارىنى يېپىپ.

4114 باداشقاننى قۇرما، يانچە ياتمىغىل،
قاقاقلاپ قاتتىق ئۈن بىلەن كۈلمىگىل.

4115 يانا تىرناق ئالما، مىنگەشتۈرمە پۇت،
قىلىپ خار، قاچۇرغاي سېنىڭدىن ئۇقۇت.

4116 سېنىڭدىن بۇيۇكلەر مەگەر قىلسا سۆز،
قۇلاق سال ئۇنىڭغا، ئۆز سۆزۈڭنى ئۈز.

4129 يېمەكنى ئال ئوڭ قول بىلەن، ئى هېكىم،
ئاۋۋال ئېيت بىسمىللاھىرراھمانىرھىم.

4212 قوشۇلما پىتنىخورغا، بارما يېقىن،
ئۇنىڭكىم تىلىدىن چىقار ئوت-چېقىن.

4506 ئوغۇل-قىزغا ئۆگەت بىلىم هەم ئەدەپ،
بىرۇر بۇ ئاڭا ئىككى دۇنيا نەپ.

www.uyghurkitap.com

4508 پەزىلەتنى قويماي ئوغۇلغا ئۈگەت،
ئاڭا مال بەرگۈسى يىغىپ پەزىلەت.
4605 پۈتۈن نەرسىنىڭ تەرتىپ-يوسۇنى بار،
يوسۇنلۇق بولسا ئەر يۈزى نۇرلىنار.
4606 يوسۇن-قائىدە ئۇقماس قىلىقسىز كىشى،
كىشىگە قوشۇلسا، تۈزەلمەس ئىشى.

# ئون ئالتىنچى باب

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم-پەن ساۋادى

ئەجدادلىرىمىز ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا نۇرغۇن قىممەتلىك ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى ھاسىل قىلىش بىلەن تەڭ بىر قاتار ساددا ئىلمىي قاراشقىمۇ ئىگە بولغان. بۇ مەركەزلىك ھالدا پەلسەپە، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك قاتارلىق ساھەلەردە ئىپادەلىنىدۇ.

## 1. ساددا پەلسەپىۋى قاراش

باشقا مىللەت خەلقىنىڭ ئەجداتلىرىغا ئوخشاش بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىزمۇ ئەڭ قەدىمكى دەۋردە كۈن، يەر، سۇ، ئوت، ھاۋا قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇناتتى، ئەجدادلىرىمىز بۇ ئېتىقاد ئاساسىدا تەبىئەتتە يۈز بېرىدىغان ھەر خىل ھادىسىلەرگە قاراپ يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشىنىڭ ئاسمان، كۈن، ئاي، يۇلتۇز، ھاۋا… ۋە يورۇقلۇق-قاراڭغۇلۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تەدرىجى ھېس قىلىپ، دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراق (يەر) دىن يارالغان (بۇ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «تۆت زات قارىشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېگەن تونۇشقا كەلگەن، تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان بەزى قەۋملار ئىچىدە دۇنيانىڭ يارىلىشى

توغرىسىدىكى ئەپسانىلەردە «بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا ئالەمنى قاراڭغۇ ئىس-تۈتەك قاپلىغانىكەن، كېيىن ئۇزاق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يەر بىلەن ئاسمان ئاستا-ئاستا چوڭىيىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن كۈن بىلەن ئاي تۇغۇلۇپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن قاراڭغۇ بىلەن يورۇقلۇق ئايرىلىپ، ئادەمزات، جان-جانىۋارنىڭ تىرىكچىلىكى پەيدا بولغان ئىكەن»[1] دەپ ھېكايە قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر ۋە ئەقىدىلەرگىمۇ شۇ قاراشنىڭ روھى سىڭگەن. ئۇ ئەپسانە-رىۋايەتلەردە ئادەمزاتنىڭ ئادەم ئاتام بىلەن ھاۋا ئانامدىن تۆرەلگەنلىكى، ئادەم ئاتىنىڭ تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقى؛ ھاۋا ئانىنىڭ ئادەم ئاتىغا جەننەتتە جور بولغانلىقى ۋە ئادەمنىڭ تەقدىرىنىڭ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا باغلىنىشلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى ئاسمانغا قاراپ تۇكۇرمەسلىك، يۇزىنى يۇماي كۈنگە قارىماسلىق، كۈنگە، ئايغا قاراپ تەرەت قىلماسلىق، ئاي يېڭى تۇغۇلغان كۈنى ئىچىدە «كېلەر مۇشۇ ئاي مۇشۇ كۈنگىچە ئامان-ئېسەن قىلغايسەن» دەپ ئايغا قاراپ دۇئا قىلىش، ئاسماندا يۇلتۇز كۆچكەننى كۆرگەندە ئىچىدە «ئۆلۈمدىن خەۋىرىم بار، دوزاختىن قورقۇنچۇم بار» دەپ يەرگە قارىۋېلىش؛ كىندىك قېنى تۆكۈلۈپ ئۆسكەن يېرىنى «ئانا يۇرت»، «ئانا ۋەتەن» دەپ ئاتاش، يەرنى پاك بىلىپ مېيىتنى يەرگە كۆمۈش قاتارلىق ئادەتلىرىگە ئاشۇ ئاسماننى، تۇپراق (يەر) نى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسى سىڭگەن.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۆت زات قارىشىنى ئۇلارنىڭ كۈن، ئاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاسمان جىسىملىرىنى ئۇزۇن مۇددەت كۆزىتىش ئارقىلىق بەزى يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ بەلگىلىك بىر ۋاقىتتا «تۇغۇلۇپ»، «مېڭىپ»، «پېتىش» تەك بۇرجلۇق

---

[1] نىغمەت مىڭجان ئوغلى «قازاقنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 595-بەت.

ھەرىكەت ھالىتىنى ۋە ئۇنىڭ ھاۋارايى، جۇملىدىن يەر يۈزىدىكى مەۋجۇداتلارغا بولغان تەسىرىگە قارىتا ھاسىل قىلغان چۈشەنچىلىرىنىڭ يەكۈنى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ چۈشەنچىسىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ يەتتە يۇلتۇز، ئون ئىككى بۇرجقا باغلاپ، ئۇلارنىڭ خاسىيىتىنى بىر-بىرلەپ تەرىپلەپ مۇنداق ئىلمىي يەكۈن چىقارغان:

143 ئۈچى سۇ، ئۈچى يەل، ئۈچى بولدى ئوت.
ئۈچى تۇپراق، بۇلاردىن دۇنيا ۋۇجۇت.

(«قۇتادغۇبىلىك» بەشىنچى بابقا قاراڭ) بۇندىن باشقا ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۇنيا ۋە تۇرمۇش ھەققىدىكى ئوي-چۈشەنچىلىرى ماقال-تەمسىللەردىمۇ يەكۈنلەنگەن، «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ»، «بەخت نەدە، پېشانەڭدىكى تەردە» ئەنە شۇنداق ئوي-چۈشەنچە يەكۈنلەنگەن ماقاللاردىن. ئۇ تەقدىر ئىلاھلىقنى يادرو قىلغان ئىسلامىيەت پەلسەپىسىگە قارشى قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا دۇنيانى ئەمگەك ياراتقانلىقى، ئادەمنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ساددا ماتېرىيالىستىك چۈشەنچە گەۋدىلەنگەن.

## 2. ئاسترونومىيىلىك قاراشلار

بىپايان يايلاقتا كۈندۈزى مال بېقىش، كېچىسى مال ساقلاش بىلەن، كەڭ يېزا-قىشلاقلاردا سەھەر تۇرۇپ كەچ يېتىپ، ئېتىز-ئېرىق، تېرىم-يىغىم ئىشى بىلەن بەند بولۇپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىز دائىم تەبىئەتنىڭ، بولۇپمۇ، ھاۋا رايىنىڭ ھەر خىل ۋەھىمىلىرىدىن خالىي بولالمىغان. ئۇلار

ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئاساسىدا تەكرار كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇنداق ۋەھىمىلەرنىڭ بەزى ئاسمان جىسىملىرىدا پەيدا بولىدىغان ئۆزگىرىشلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكىنى ۋە ئۇنىڭ مەلۇم قانۇنىيەتكە باغلىنىشلىقىنى ھېس قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئەجدادلىرىمىز كۈن، ئاي ۋە بەزى يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ چىقىش-پېتىش قاتارلىق ئۆزگىرىش ھەرىكىتىنىڭ دەۋر قىلىش ۋاقتىنى (بۇرجلۇق ۋاقتىنى) ھېسابلاپ ئېنىقلاپ چىققان ۋە شۇ ئاسمان جىسىملىرىنى پەرقلەندۈرۈپ ئۇلارغا ئايرىم-ئايرىم ئات قويغان. شۇ ئاساستا يىل، پەسىل، ئاي پەرقلىرىنى تېپىپ چىقىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەت ۋاقىت-مەزگىللىرىنى بەلگىلىگەن، ئادەتتە ھاۋا رايىدا بولىدىغان ئۆزگىرىشنى ئالدىن تەخمىن قىلالايدىغان بولغان، خەلق ئىچىدە مۇنداق خەۋەر قىلىدىغانلار «مۇنەججىم» نامى بىلەن مەشھۇر.

مۇنەججىملەرنىڭ ھۆكمىچە: ئەگەر ئۈكەر (ھۈكەر) («تۆمۈر قوزۇق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) كۆپىيىپ، ئايغا يېقىنلىشىپ ماڭسا (ھەرىكەتلەنسە) شۇ ئايدا بوران-چاپقۇن ئاز بولىدۇ؛ يەرگە يېقىنلاشسا، كۆكلەم يېقىنلىشىدۇ؛ سۇغا يېقىنلاشسا، يامغۇر-يېشىن كۆپ بولىدۇ؛ قۇرغاق يەرگە يېقىنلاشسا، قۇرغاقچىلىق، تاغقا يېقىنلاشسا، پېژغىرىم ئىسسىق بولىدۇ؛ ئۈكەر ياتسا (كۆرۈنمىسە) تومۇز كىرىدۇ، ئۈكەر تۇغسا، (قايتا چىقسا)، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى توختاپ دان تۇتىدۇ، مېۋىلەيدۇ. ئادەتتە 5-ئاينىڭ ئاخىرىدىن 7-ئاينىڭ بېشىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا ئاسمان بوشلۇقىدا ئۈكەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ، بۇ ھالەت تەخمىنەن قىرىق كۈن داۋاملىشىدۇ. بۇ خەلق ئىچىدە «ئۈكەر پاتتى» ياكى «يەرگە چۈشتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ئۈكەردىن كېچىسى يول يۈرگەندە كومپاس

ئورنىدا پايدىلىنىپ كەلگەن. ئۇلار ئۈكەرگە قوشنا ئىككى يۇلتۇزنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ بىرىنى «بېلىق يۇلتۇز» يەنە بىرىنى «قوزا يۇلتۇز»؛ ئەڭ ئېگىزدىكى ساتورىن يۇلتۇز تۈركۈمىنى «ئاقار يۇلتۇز»، «تارازا يۇلتۇز»؛ مېركۇرىي يۇلتۇز تۈركۈمىنى سۇمبۇلە («بۇغداي بېشى») دەپ ئاتىغان، مۇنەججىملەرنىڭ ھۆكمى بويىچە: بېلىق يۇلتۇز غۇۋالاشسا، قىش ئاخىرلىشىدۇ، قوزا يۇلتۇز ئۆرلىسە كۆكلەم باشلىنىدۇ؛ تارازا يۇلتۇز تۇغۇلسا، ئىسسىق يېنىشقا باشلاپ، تاڭ سالقىنلىشىپ ئارپا، بۇغداي پىشىدۇ. سۇمبۇلە تۇغسا، كۈن كۈزگە تايايدۇ، قىشنىڭ تەييارلىقى باشلىنىدۇ. «سۇمبۇلە يېمى، قىشنىڭ غېمى» دېگەن بۇ ماقال شۇ ئادەت ئاساسىدا چىققان. مۇنەججىملەرنىڭ ھۆكمى بويىچە، كۈن قوتانلاپ خۇنۇكلەشسە قار ياغىدۇ، ئاي قوتانلاپ خۇنۇكلەشسە ئوچۇق كۈن بولىدۇ، يېڭى ئاي تىك چىقسا، شۇ ئاي ئىچىدە ھۆل-يېغىن، بوران-چاپقۇن كۆپرەك بولىدۇ، كۆڭۈلسىز ۋەقەلەرمۇ كۆپرەك سادىر بولىدۇ؛ ئۇدۇل چىقسا، كۈن ئوچۇق بولىدۇ؛ كونا ئاينىڭ چىقىشى، يېڭى ئاينىڭ بېشىدا ھاۋا رايىدا يا مۇنداق، يا ئۇنداق ئۆزگىرىش بولىدۇ. مۇنەججىملەر بۇنى «توقال» دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق ئەھۋال باش ئەتىياز، كەچ كۈزدە كۆپرەك سادىر بولىدۇ. «ئاينىڭ بېشىدىن قورقماي، بەشىدىن قورق» دېگەن ماقال ئەجدادلىرىمىزنىڭ شۇ تەجرىبىسى ئاساسىدا كېلىپ چىققان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەجرىبىسىدىن ئىسپاتلىنىشىچە، تومۇز مەزگىلىدە كۈن قاتتىق ئىسسىپ كەتسە قىش ئوتتۇرىسىدا قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، شەبنەم چۈشسە، كۈن كۈزگە تايايدۇ. قىراۋ كېچىكىپ چۈشسە، كۆكلەممۇ كېچىكىدۇ. مۇنەججىملەرنىڭ يۇقىرىقىدەك ھۆكۈملىرىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن توغرىلىقى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان.

ئەجدادلىرىمىزدا باشقا مىللەتلەردىكىگە ئوخشاش ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھاۋا رايىغا بولغان تەسىرىگە قارىتا ئۇلارنى ياخشىلىق-يامانلىقتا سىمۋول قىلىش ئەقىدىسى كېلىپ چىققان. كۆن، ئاي توغرىسىدا ناھايىتى ئوبرازلىق رىۋايەتلەر توقۇلغان. ئەجدادلىرىمىز كۆننى يەر يۈزىدىكى بارلىق ھاياتلىقنىڭ، ئاينى تۈن چىرىغىنىڭ سىمۋولى؛ مارسنى، جۈملىدىن قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنى يامانلىقتا (ئۇ چىققاندا ھەر خىل بالايىئاپەت بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ)؛ ۋېنرا (چولپان) نى شادىيانلىقتا؛ مېركۇري (سۇ يۇلتۇز) نى پاراۋانلىقتا؛ يۇپىتېر (ئوت يۇلتۇز) نى بەختكە؛ مېرىخ (شامال يۇلتۇز) نى شادىيانلىقتا؛ مېركۇري (سۇ يۇلتۇز) نى پاراۋانلىقتا؛ يۇپىتېر (ئوت يۇلتۇز) نى بەختكە؛ مېرىخ (شامال يۇلتۇز) نى پالاكەتچىلىككە؛ ئاتارود (سۇ يۇلتۇز) نى باياشادلىقتا سىمۋول قىلغان ۋە مۇشۇ ئاساستا ھاۋادا بولغۇسى ئۆزگىرىشكە روھىي ھازىرلىق كۆرۈپ ئادەتلەنگەن. ئاي، كۆن توغرىسىدىكى رىۋايەتتە مۇنداق ھېكايە قىلىنىدۇ:

«ئەلمىساقتا كۆن بىلەن ئاي قوشكېزەك ئىكەن، كىچىكىدىن ئايرىلماي چوڭ بولغانىكەن. ئۇلار پەرىزاتتىنمۇ چىرايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن چوڭ بولغانسېرى چىراي تالىشىپ قىزغىنىشىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىر كۆنى ئىككىسى «سەندىن مەن چىرايلىق» دەپ جودىلىشىپ، ئاچچىقلىرىغا پايلىماي يۈزلىرىگە قوغ چېچىشىپتۇ، كۆن شۇئان يۈزىنى سۈرتۈۋاپتۇ، يۈزى ۋاللىدە ئېچىلىپ بۇرۇنقىدەك نۇر چاقناپتۇ، ئاي ئالاقزادىلىكتە يۈزىنى شۇئان سۈرتەلمىگەنىكەن، يۈزى داغلىنىشىپ پارقىرىماس بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئاداۋەتلىشىپ كۆن ئالدى بىلەن كۈندۈزى ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ، ئاي ئارقىسىدىن كېچىسى چىقىپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئىككىسى ئاسماندا بولۇپ قېلىپ كۆن كۈندۈزنى، ئاي كېچىنى يورۇتىدىغان بولغانىكەن». ئۇيغۇرلارنىڭ ھېكايە-چۆچەكلىرىدە

قىز-ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى ئاي بىلەن كۈنگە ئوخشىتىلىپ «ئاي دېسە، ئاغزى بار، كۈن دېسە، كۆزى بار» دەپ تەسۋىرلىنىدۇ، روشەنكى، بۇنىڭغا ئاشۇ رىۋايەتنىڭ روھى سىڭدۈرۈلگەن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ساددا ئاسترونومىيىلىك قارىشى ئۇزۇن مۇددەتلىك كۆزىتىش ئەمەلىيىتىدىن كەلگەن ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان.

## 3. يىلنامە-تەقۋىم

ئەجدادلىرىمىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ئاسترونومىيىلىك قارىشى ئاساسىدا ئۆز تىرىكچىلىكىنى ھاۋا رايىدا بولىدىغان ئۆزگىرىشكە ماسلاشتۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن كۈن، ئاي ۋە بەزى يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ «چىقىش»، «پېتىش» قاتارلىق ھەرىكىتىنىڭ دەۋر قىلىش ۋاقتى بويىچە يىلنامە تۈزۈپ چىققان. بۇ يىلنامە بويىچە ئون بەش كۈن بىر مەزگىل؛ ئىككى مەزگىل ئوتتۇز كۈن؛ ئوتتۇز كۈن بىر ئاي؛ ئۈچ ئاي بىر توقسان (بىر پەسىل)، تۆت پەسىل ئون ئىككى ئاي؛ ئون ئىككى ئاي بىر يىل قىلىپ بەلگىلەنگەن. يىل-ئايلارغا ئايرىم-ئايرىم ئات قويغان. ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ئۆزلىرى كۆزىتىپ كەلگەن كۈن، ئاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ قوزغىلىش ۋاقتىنىڭ ئون ئىككى يىلدا بىر دەۋر قىلىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقىپ ئۇنى «مۆچەل» دەپ ئاتىغان ۋە يېزىق يوق شارائىتتا ئەستە تۇتۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ھەر يىلغا بىر خىل ھايۋان نامىدا ئات قويۇپ پەرقلەندۈرگەن.[1]. بۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ تۇغۇلغان ۋە

---

① مۆچەل ھېسابىنىڭ مەيدانغا كېلىشى توغرىسىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-تومدا مەخسۇس بىر تارىخىي رىۋايەت بېرىلگەن، 449-، 452-، 1066-بەتكە قاراڭ.

مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەن يىل-ۋاقتىنى خاتىرىلەش، ياش ھېسابلاشتا شۇ مۆچەل يىل نامى ئاساس قىلىنىدىغان بولغان. بۇ يىلنامە بويىچە 3-ئاي يىل بېشى ھېسابلانغان. ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەجرىبە-سىناقلىرىدا 3-ئاينىڭ 22-كۈنى كۈن بىلەن تۈننىڭ تەڭلىشىپ، يەرنىڭ ھارارىتى ئۆرلەپ تەبىئەتتە قايتىدىن ئويغىنىش باشلىنىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. بۇنىڭ بىلەن بۇ كۈننى يىلنىڭ، ئاينىڭ، كۈننىڭ يېڭىلىنىش شارائىتىدىن يېڭى يىل قىلىپ خاتىرىلەپ كەلگەن. ئىسلامىيەتتىن كېيىن، بۇ مىللىي ئەنئەنىۋى بايرام «نورۇز» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىدىن كەلگەن بۇ تەجرىبىلەر كىشىلەر تەرىپىدىن قەدىرلىنىپ ئەقىدە-ئادەتكە ئايلانغان. ئۇيغۇرلاردىكى مۆچەلىدىن ئامان-ئېسەن ئۆتۈپ كېتىشنى تىلەش ۋە مۆچەلى كەلگەن يىلى ئېھتىياتچان، ساخاۋەتكوي بولۇش، بىرەر قېتىم قازان قايناتىش، مۇمكىنقەدەر قىزغۇچ رەختتە كۆڭلەك ياكى ئىشتاندەك بىر نەرسە كىيىش؛ ئادەم ۋاپات بولۇپ دەپنە قىلىش ئالدىدا مەرھۇمنىڭ يىلىنى سوراش قاتارلىق ئادەتلەر ئاشۇ ئەقىدىدىن كېلىپ چىققان.

ئومۇمەن ئەجدادلىرىمىز بىر يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى، ئالايلۇق، قانداق ۋاقىتتا قانداق ئوۋغا چىقىش، چارۋا مالنى قانداق ۋاقىتتا كۆككە قويۇش، قانداق ۋاقىتتا كۈزلەككە، قانداق ۋاقىتتا قىشلاقلاشقا يۆتكىلىش، قانداق ۋاقىتتا قوشقار، ئايغىر، بۇقىغا قويۇش، قانداق ۋاقىتتا تۆل ئېلىش؛ قانداق ۋاقىتتا قوشقا چىقىپ ئۇرۇق سېلىش، قانداق ۋاقىتتا قانداق پەرۋىش قىلىش، قانداق چاغدا ئورۇپ-يىغىش، باغ-ۋاران پەرۋىشىنى قانداق قىلىش، قانداق ۋاقىتتا ئوسا قىلىش... قاتارلىق تىرىكچىلىك ئىشلىرىنى شۇ يىلنامە بويىچە قىلىشقان ۋە بۇ يىلنامىگە چىڭ ئەقىدە قىلىپ ئادەتلەنگەن. ئۇلار ئۆز

ئەقىدىلىرىگە خىلاپەن ئىش كۆرگەندە ھەر خىل زىيان-زەخمەتلەرگە ئۇچرىغان.

دەۋر ئېتىبارى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ پاكىتلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەقۋىمچىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاسترونومىيىلىك قارىشىنىڭ ئىلغار ئىلمىيلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، شۇڭا ئۇ ھېلىھەم ئۆز قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق.

يەتتە يۇلتۇز (پلانېت)، ئون ئىككى بۇرج ۋە مۆچەلنىڭ ئاتىلىشى:

پلانېتلار: سەكەنتىر (ساتۇرن).
ئوڭاي (يۇپىتېر).
كورود (مارس).
ئارزۇ (مېركۇري).
سوۋېت (چولپان) (ۋېنېرا).
قۇياش
يالچىق (ئاي)

ئون ئىككى بۇرج: قوزا، ئۇي (ئۇد)، قوشكېزەك، بارس (يولۋاس)، تىمساھ، بۇغداي
بېشى، تارازا، چايان، ياچاق،
ئوغلاق، سوغا (كۆنەك)، بېلىق.


مۆچەل: سىجقاق يىلى، ئۇي (ئۇد) يىلى، بارس (يولۋاس) يىلى، تىۋىشقان (توشقان) يىلى،
يىلان يىلى، يىند (ئات) يىلى، قوي يىلى،
بىجىق (مايمۇن) يىلى، تاقاغۇ (توخۇ) يىلى،
ئىت يىلى، توڭگۇز يىلى

## (قوشۇمچە) مۆچەل كالېندارى بىلەن مىلادى كالېندارىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

| مۆچەل نامى | | ئاي نامى | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 12 بۇرۇج بويىچە | | دېھقانلار ھېسابى بويىچە | | | | |
| ئۇيغۇرچە | قازاقچە | ئۇيغۇرچە | قازاقچە | ئاي | پەسىل | مىلادى | ھىجرىيە | خەنزۇچە |
| چاشقان | چاشقان | قوزا | ناۋرۇز | قارا سوغۇق | قاپاق ياردى | مارت | مۇھەررەم | 1-ئاي |
| (ئۈي) ئۇد | سىيىر | ئۈي) ئۇد( | كۆكەك | باش باھار | ئەگىز سۈيى | ئاپرېل | سەپەر | 2-ئاي |
| بارس | بارس | قوشكېزەك | مامىر | ئويغىنىش | كۈن-تۈن تەڭ | ماي | رەبىيە ئەۋۋەل | 3-ئاي |
| توشقان | قويان | بارس | ماۋسىم | چوكاتتال | قىزىل كوس | ئىيون | رەبىيە ئاخىر | 4-ئاي |
| ئۇلۇ | ئۇلۇ | تىمساق | شىلدى | باش ياز | سەرەتان | ئىيۇل | جامادىيەل ئەۋۋەل | 5-ئاي |
| يىلان | جىلان | بۇغداي بېشى | تامىز | ئورام | كۈن-تۈن تەڭ | ئاۋغۇست | جامادىيەل ئاخىر | 6-ئاي |
| ئات | جىلقى | تارازا | قىر كۆيەك | باش تومۇز | تومۇز | سىنتەبىر | رەجەپ | 7-ئاي |
| قوي | قوي | چايان | قازان | باش كۈز | كۈزگى تېرىم | ئۆكتەبىر | شەئبان | 8-ئاي |
| مايمۇن | بىشىن | چاق | قاراشا | ئاق شەبنەم | كۈن-تۈن تەڭ | نويابىر | رامىزان | 9-ئاي |
| توخۇ | تاۋۇق | ئوغلاق | جەلتوقسان | سوغۇقشەبنەم | قىررۇ ئۇشۇكى | دىكابىر | شەۋۋال | 10-ئاي |
| ئىت | ئىت | سوغا | قاڭتار | باش قىش | سېرىق قار | يانۋار | زۇلقەئدە | 11-ئاي |
| توڭگۇز | دوڭگۇز | بېلىق | ئاقپان | ئاق قار | كۈن-تۈن تەڭ | فېۋرال | زۇلھەججە | 12-ئاي |

ئىزاھات: تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلار ئاساسىدا «تاك» «تىمساق» نى ئۇلۇ دەپ ئالدۇق

## مۆچەل ھېسابى بويىچە ياش ھېسابلاشقا مىسال



www.uyghurkitap.com

## 4 . تىبابەتچىلىك ساۋادى

ئەجدادلىرىمىز ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيەتلىرى جەريانىدا ساقلىقنى ساقلاش، كېسەل كۆرۈش، ئەملەش (داۋالاش)، دورىگەرلىك ۋە مال دوختۇرلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش تىببىي ئىلىم نەزەرىيىسىنىمۇ يەكۈنلەپ چىققان. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك نەزەرىيىسىدە ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تەقدىر ئىلاھىنىڭ كارامىتى ئەمەس، بەلكى تەبىئەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى، ئادەم بەدىنىنىڭ ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدە ئىكەنلىكى، هاياتلىقنىڭ هەرىكەت-قۇۋۋەت، ئوزۇق-قۇۋۋەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىلمىي قاراش ئالغا سۈرۈلگەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ قارىشى مەركەزلىك هالدا تۆۋەندىكى ئەمەلىيەت ئۇنۇملىرىدە گەۋدىلىنىدۇ.

1) ساقلىقنى ساقلاش تەدبىرلىرى بويىچە: تېۋىپلىرىمىز ئادەمنىڭ جىسمانىي، مەنىۋى سالامەتلىكىنى كۈچەيتىش، قوغداش، ئادەمنى ئاغرىقنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى تىبابەتچىلىكنىڭ تۈپ مەقسىتى دەپ قاراپ كەلگەن. ئۇلار شۇ مەقسەتتە:

(1) كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتە شەخسىي ۋە مۇهىت تازىلىقىغا، مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىشقا، هەرىكەت قىلىشقا، كېسەلنى سەل چاغلىماسلىققا، شاد-خۇرام يۈرۈشكە دىققەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەرغىپ قىلىپ ساقلىقنى ساقلاش ساۋادلىرى، تەۋسىيە-نەسىهەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوللانما-كىتابلارنى

يېزىش ئارقىلىق جەمئىيەتكە تىببىي بىلىم تارقىتىپ كەلگەن. «سالامەتلىك تېپىلماس دۇنيا» ، «تەنىنىڭ ساقلىقى پادىشاھلىق» دېگەن ماقال ئاشۇنداق تەۋسىيە-نەسىھەتلەرنىڭ مەھسۇلى. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۇسۇپ خاس ھاجىپ بۇ تەۋسىيە-نەسىھەتلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش بىلەن ئىلمىي ئىخچاملاپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا مۇنداق تەۋسىيە قىلىدۇ:

4615 كېسەل گالدىن كىرۇر، ئۇنى چىڭ كۆزەت،
يېگىن ئاشنى تەڭشەپ، ئاز-ئاز پەقەت.

(2) شەھەر-يۇرتلاردا «دۇرۇت-نىجاد» ، «مازايى-ماشا-يىق» ، «جىن-ئالۋاستىنى قوغلاش» نىڭ تەرغىباتچىلى-رى-ھۆكۈمالار بىلەن رىقابەتلىشىپ شىپاخانىلار ئېچىپ، ئەملەش ۋە سەييارە ئەملەشنى يولغا قويغان.

(3) ئىز باسار يېتىشتۇرۇشنى جامائەتنىڭ ساقلىقنى ساقلاشنىڭ مۇھىم تەدبىرى سۈپىتىدە قاراپ شاگىرىت تەربىيىلەشنى يولغا قويغان.

(4) ئادەتتە كۆپ كۆرۈلىدىغان كىچىك كېسەللىكلەرنى داۋالاش رېتسېپلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. بۇنىڭ ئارقىسىدا ئۆي بويىچە ئىگىر، چىلان، دانەكچە، زىرە، موزا، بوزبۇغا، يانتاق شېكىرى (تەرەنجۋىل) قاتارلىق خام دورىلاردىن ئايرىلماس ئادىتى ئومۇملاشقان.

2) داۋالاش بويىچە: كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن داۋالاش بىرلەشتۈرۈلگەن. تېۋىپلىرىمىز كېسەل سەۋەبىنى ئادەم مىجەزىدە پەيدا بولغان ئۆزگىرىش بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراپ، داۋالاش بويىچە «بىر پۈتۈنلۈك» (ئادەم ئەزايىنىڭ ئورگانىك بىر پۈتۈنلۈكى) نەزەرىيىسى، «ئىسسىق» ، «سوغۇق» ، «يەل-قوقاق» نەزەرىيىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش نەزەرىيە سىستېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار شۇ ئاساستا كېسەل كۆرۈش، داۋالاش، دورا ھازىرلاش چارە-تەدبىر-

لىرىنى يولغا قويغان:

(1) كېسەل كۆرۈشتە سوراش، تومۇر تۇتۇش، تىلىغا قاراش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كەلگەن.

(2) داۋالاشتا دورا ۋە يېمەكلىك بىلەن داۋالاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل داۋالاشنى ئادەت قىلغان.

دورا بىلەن داۋالاشتا كېسەل خاراكتېرىگە قاراپ «زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش»، «ئىسسىقنى سوغۇق بىلەن، سوغۇقنى ئىسسىق بىلەن قايتۇرۇش» چارە-تەدبىرىنى قوللىنىپ كەلگەن. زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش چارىسى بويىچە بەزى ئېغىر ئالماي ئادەم قىينايدىغان ئۆسمە تىپىدىكى ئىششىق، ئاقما جاراھەت قاتارلىق ئاغرىقلارغا كۆكتاش، سىماب، نۆشۈدۈر، زەمچە، تاش سىر قاتارلىق كان-مەدەن ماددىلىرى، يىلان، چايان، كېلە، ئۈچقۇن پاقا قاتارلىق جانلىقلار، كۈچۈلىغا ئوخشاش زەھەر تەركىبلىك ئوت-چۆپ ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-مېۋە، يىلتىزلىرىدىن ھازىرلانغان دورا بېرىلىدۇ. ئىسسىقنى سوغۇق بىلەن، سوغۇقنى ئىسسىق بىلەن قايتۇرۇش چارىسى بويىچە ئىسسىق مىجەزلەرنىڭ ئىسسىقى ئېشىپ كېتىش سەۋەبى بىلەن ئاغرىغانلارغا تەبىئىتى سوغۇق، سوغۇق مىجەزلەرگە تەبىئىتى ئىسسىق ئوت-چۆپلەردىن ھازىرلانغان دورا ۋە تەبىئىتى سوغۇق (ئىسسىق) يېمەكلىكلەر بۇيرۇلىدۇ.

يېمەكلىك بىلەن داۋالاش ئادەم ئەزالىرىنىڭ ئىشلەش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىشىشى، تەڭپۇڭسىزلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن كېلىپ چىققان بەدەن ئاجىزلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل كېسەللىكلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كېسەل خاراكتېرىگە قاراپ ئوزۇقلۇق، شىپالىق رولىغا ئىگە يېمەكلىكلەر بىلەن مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش ۋە بەزى يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلىش بۇيرۇلىدۇ. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە بۇغداي-قوناق، نوقۇت-پۇرچاقتىن باشقا يەنە

گۆش، قوي، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ جىگەر، بۆرەك قاتارلىق ئىچكى ئەزالىرى، سۈت، تۇخۇم، ئەنجۈر، ياڭاق، بادام-پىستە، ئۆرۈك مېغىزى ۋە شۇ مېغىزلاردىن ھازىرلانغان تالقانلار، توخۇ، چىل، كەكلىك قاتارلىق ئۇچار-قاناتلارنىڭ گۆشلىرى شىپالىق ۋە بەدەن قۇۋۋەتلەش رولىغا ئىگە دەپ قارىلىپ كەم ماغدۇرلۇق، سىل (ئۆپكە كېسىلى)، بۆرەك ئاغرىقى قاتارلىق ئاغرىقلارغا بېرىلىدۇ. قىزىلگۈل، بىھى، ئانار، سەۋزە، شاتۇت قاتارلىق مېۋىلەردە ئىشلەنگەن قىيام-مۇراببالار نېرۋا، يۈرەك ئاجىزلىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە، زىرە، بىدىيان، ئىگىر قاتارلىقلار كەم ئىشتەيلىك، مەيدە سۇسلۇقى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە بېرىلىدۇ.

گۆشلەر ئىچىدە قوي گۆشىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، تەبىئىتى ئىسسىق. ئۇنىڭدىن قالسا ئات گۆشى، كېيىك، ئارقار، بۆكەن قاتارلىق ھايۋانات گۆشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جىگەر، بۆرەك قاتارلىق ئىچكى ئەزالىرى، مۈڭگۈز، غولتومۇر قېنى شىپالىق رولىغا ئىگە دەپ بەدەن قۇۋۋەتلەشكە بۇيرۇلىدۇ. ئەمما بۇ نەرسىلەرگە ئىگە بولۇش تەس بولغاچقا ئادەتتە، ئۇنىڭ ئورنىغا قوي گۆشى ئىستېمال قىلىنىدۇ. «قوي گۆشى ئىسسىق، كالا گۆشى سوغۇق، ئۆچكە گۆشى قوقاق» دېگەن تەمسىل ۋە «تۇغۇتلۇق ئاياللارغا قىرقى ئىچىدە قوينىڭ كاللا-پاقالچىقىنى يېگۈزۈش» ئادىتى شۇ ئەقىدە ئاساسىدا كېلىپ چىققان.

ئۆگە كېسەللىكلىرى، بەل-پۇت ئاغرىقلىرى، تېرە كېسەللىكلىرى تاش مىجەز سوغۇقلۇقىدىن، سوغۇق يەلدىن دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق كېسەللىكلەرگە بەدەن سىرتىدىن ئىسسىقلىق قىلىش يەنى قارا قوي ياكى قىرقىلمايدىغان سېرىق ئوغلاق تېرىسىگە كىرىش؛ بوز بۇغا،

جويزا، موزىدا دورا تۇتۇش، ئات، قوداي، تـوّگـه (لـوكـا يېغى)، ئېيىق يېغى قاتارلىق ياغلارنى سۈرۈش؛ قومغا، شورغا كىرىش، ئاپتاپتا يېتىش، ھىلك، قوۋزاق داچىن، مىقداچىن، پىلپىل، ئاق مۇچ، قارا مۇچ، خاجۇ قاتارلىق ئىسسىقلىق دورىلاردا ھوردىنىش-يۇيۇنۇش بۇيرۇلىدۇ.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە سۆگەل، تەمرەتكە، قىچىشقاق، ئاق كېسەل قاتارلىق جاھىل تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۇنۇمىمۇ يۇقىرى. بۇ كېسەللىكلەرمۇ تازىلىقنىڭ نارلىقى، سوغۇق يەلدىن دەپ قارىلىپ قاتتىق پەرھىز قىلىش بۇيرۇلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، داۋالاشتا «قان ئېلىش» ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلغان. تۇيۇقسىز بېشى قېيىپ، كۆزى، بەدەن ئەزاسى چىڭقىلىپ، قىزىپ ئاغرىغانلارنى «قان قويۇلغانلىق» نىڭ ئالامىتى دەپ پېشانىسى ياكى بىلەك تومۇرىدىن قان ئېلىپ داۋالاپ كەلگەن.

ھازىرقى زامان تىببىي ئىلىمنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئەمەلىيەتتە ئۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ساقلىقنى ساقلاش تەدبىرلىرى ۋە يېمەكلىك بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يېمەكلىك بىلەن داۋالاش ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلانغان ئۇنۇملۇك مۇھىم داۋالاش ئۇسۇلى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە ئۇزۇقلىنىشنىڭ مۇھىملىقى بىلىشكە تېگىشلىك ساۋات شەكلىدە ئىزچىل تەۋسىيە قىلىنىپ كەلگەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە-ساۋاقلىرى «قۇتادغۇبىلىك» دە يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ مۇنداق بايان قىلىنغان:

4613 غىزانى يە ئۆلچەپ، يېمە تولا كۆپ،
ئاقىل بىر ئەزىز سۆز ئېيتتى بۇڭا خوپ:

4614 تولا يېگۈچىنىڭ ئېشى سىڭمىغاي،
هەزىم بولمىسا ئاش، هەريان ئاغرىغاي.
4616 كېتەر كۈچ ئەگەر قىلسا ئاغرىق هۇجۇم،
ئۇنى ئەملەتمىسەڭ ئالدىرىتار ئۆلۈم.
4642 تىلىسەڭ كېسەلسىز ئۆمۈر، ئەي تىگىن،
ئېتى «ئاز يە» دېگەن دورىنى يېگىن.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ يەنە بىر مۇۋەپپەقىيىتى تېڭىقچىلىق. تېڭىقچىلار ئادەم ئىسكىلىتىنىڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتە ئەمەلىي بىلىمگە ئېگە بولغاچ، ئۇلار زەخىملەنگەن، سۇنغان سۆڭەكلەرنى تېڭىپ ساقايتىشقا ماهىر. ماهىرلىقى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، بىر نەچچە يىللىق كونا سۇنۇق ۋە گېپىستە تەكشى تۇتماي قالغان سۇنۇقلارنىمۇ قايتىدىن تېڭىپ ساقايتىدۇ.

3) دورىگەرلىك جەھەتتە: ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە ئاساسەن ئوت-چۆپتىن هازىرلانغان دورا ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭدەك كۆك تاش، گۈڭگۈرت، سىماب، نۆشۈدۈر، تاش سىر، ئالتۇن، مەرۋايىت، كەهرىۋا قاتارلىق كان-مەدەن مەھسۇلاتلىرى ۋە هايۋانلارنىڭ مۈڭگۈزى، ئىچكى ئەزالىرىمۇ دورىغا سېلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە دورا پىششىق، خام دورا دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. پىششىق دورىلار دورا ماتېرىياللىرىنى سوقۇپ ئەگلەكتىن ئۆتكۈزۈپ ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىش، قاينىتىپ شەربەت قىلىش، تالقان قىلىش ئارقىلىق هازىرلىنىدۇ. خام دورىلار دورا ماتېرىياللىرى بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە قاينىتىپ ئىچىلىدۇ.

مەيلى قايسى خىلدىكى دورا بولمىسۇن بىر كىشىلىك دورا، دورا ماتېرىياللىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ بىر نەچچە خىل دورىدىن تەييارلىنىدۇ. مەسىلەن، بەرىشتا، داۋايىمىسكى قاتارلىق دورىلارنى ئالساق ئۇ ئوتتۇز نەچچە خىل تەركىب بىرىكمىسىدىن ياسالغان. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە بۇ ساھەدىمۇ

ئۇنۇملۇك چارە-تەدبىرلەر يارىتىلغان.

4) تازىلىق جەھەتتە: ئۇيغۇرلار تازىلىق سۆيەر خەلق. ئۇنىڭ ئىپادىلىرى: (1) يېمەك-ئىچمەك تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. تاماق ئېتىدىغان جابدۇق-سايمانلار مەخسۇس بولۇپ، باشقا نەرسىلەرگە ئىشلىتىلمەيدۇ. چىنە-قاچا، قازان-قومۇچ دائىم پاكىز يۇيۇلۇپ تۇرىدۇ. (2) چالا پىشقان ۋە تەمى ئۆزگەرگەن تاماق، نەرسىلەرنى ۋە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان قوي، كالا، ئۇچار-قانات گۆشلىرىنى يېمەيدۇ. (3) چاچ-تىرناقلىرىنى ئۆستۈرمەيدۇ. كۆرۈنگەن يەرگە چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىشنى، ئاممىۋى سورۇن ۋە تاماق ئۈستىدە كېكىرىپ، تۈكۈرۈش، مىشقىرىش، ئۇسۇرۇش، بۇرۇن كوچىلاشنى يامان ئالىدۇ. (4) تاماق ئالدىدا ۋە چوڭ-كىچىك تەرەتتىن كېيىن قول يۇيىدۇ، بولۇپمۇ تاماق ئېتىشتە قول تازىلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. بۇرۇن تۈتمايدۇ، باش قاشلىمايدۇ. (5) چوڭلار ھەپتىدە بىر قېتىم يۇيۇنۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئادەتتە «غۇسلى قىلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. چوڭلار چوڭ تەرەتتىن كېيىن سۇ ئىشلىتىدۇ. ئاياللار تەرەت لاتا تۇتىدۇ. (6) ساتىراشخانىلاردا سەرداپ، چوڭ شەھەرلەردە مۇنچا ئومۇملاشقان. (7) ئۆي قېقىش، كىر-قات يۇيۇش دائىملىق ئادەتكە ئايلانغان. كۈندە ھويلا-ئارام، ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈپ تازىلاش ساۋابلىق ئىش دەپ قارىلىدۇ. (8) كېسەلنى يۇقىدۇ، دېگەن قاراش ئومۇملاشقان. شۇڭا كىشىلەر ئادەتتە، يۇقۇملۇق كېسەلدىن، بولۇپمۇ ۋابادىن بەك قورقىدۇ. شايار، بۈگۈرنىڭ تارىم بويلىرىدىكى ۋە لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا تا يېقىنقى دەۋرلەرگىچە يۇقۇملۇق كېسەل يۈز بەرسە شۇ جايدىن باشقا جايغا كۆچۈپ كېتىدىغان، كۆچۈپ ماڭغان يولنى مەلۇم جايغا بارغۇچە ئوت-چۆپ بىلەن ئۆنەپ ماڭىدىغان ئادەت مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

ئېۋەنسىز نەرسە بولمىغاندەك ئۇيغۇرلاردا قول تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىلگەندەك پۇت تازىلىقىغا دىگەندەك ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ. گەرچە ناماز ئوقۇيدىغانلار ئاياغ تەرەت ئېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن پۇتىنى يۇيسىمۇ، كۆپىنچە پايتىما بىلەن مەسە ئۆتۈك كىيىپ يۈرگەچ ياتاردا (ياز كۈنلىرى يالىڭاياق يۈرگەنلەرمۇ) ئايرىم پۇت يۇيمايدۇ. ناماز ئوقۇمايدىغانلاردا پۇت يۇيۇش پۈرسىتى تېخىمۇ ئاز بولىدۇ. مۇندىن باشقا كىچىك بالىلارنىڭ بېشىنىڭ تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىلىشى يېتەرسىز. بالىلاردا بولىدىغان يۇقۇملۇق باش يارىلىرىنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى بولۇشى شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۇيغۇرلاردا، بولۇپمۇ كەڭ يېزا-قىشلاقلاردا ئۆي بېسىپ دىگۇدەك بىرەر يېرىمدىن مال بېقىش ئادىتى بولغاچ، باققان مالنى ئەتىسى-ئاخشىمى، بولۇپمۇ قىش كۈنلىرى ئارىلىق ئۆيدە ساقلايدىغان ئادەتمۇ تەڭ مەۋجۇت. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى تازىلىق تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، تىرىشىپ ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك ئادەتلەر جۈملىسىدىن. چوڭ تەرەتتىن كېيىن سۇ ئىشلىتىش، ئاياللارنىڭ تەرەت لاتا تۇتۇش ئادىتى كۆرۈنۈشتە غەيرىي تۇيۇلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تازىلىق تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇپ، سۈڭ چىقىش (گىموروي) كېسەللىكى ۋە ئاياللار كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قېتىرقىنىپ، تەكرار-تەكرار ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ ھاسىل قىلغان ئۆزگە خاس نەزەرىيە سىستېمىسى ۋە چارە-تەدبىرلىرى ئاساسىدا خەلقىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش بويىچە ئۆزگە تېگىشلىك ھەسسە قوشۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۇزۇن بىر مۇددەت ئېغىر ئېتىبارسىزلىقتا ۋە قاتمۇ قات ئىقتىسادىي

بوغۇلۇشقا دۇچ كېلىپ، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىمىز توختاپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ ھالەتكە ئۇزۇل-كېسىل خاتىمە بېرىلىپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا ئالتۇن دەۋر باشلاندى؛ پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا جىددىي قۇتقۇزۇش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى تەشكىلىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. مەخسۇس كۈچ ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تىببىي مىراسلارنى توپلاش، رەتلەش، نەشىر قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى؛ رايون دەرىجىلىك ئورۇن ۋە ۋىلايەت، ناھىيىلەردە دۆلەت ئىگىلىكىدە ياتاقلىق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىلىرى قۇرۇلدى، مىللىي تىببىي تېخنىكوملار تەسىس قىلىنىپ مىللىي، زامانىۋى تىببىي بىلىمگە ئىگە ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈش ئىشى يولغا قويۇلدى. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ۋەتىنىمىزنىڭ پارلاق مەدەنىيەت مىراسى سۈپىتىدە «جۇڭگو تىببىي قامۇسى» غا مەخسۇس بىر توم قىلىنىپ كىرگۈزۈلدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلىشقا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار ئىدى.

## 5. سان ئۇقۇمى

مەلۇمكى، سان كەڭ مەنىدە تۈپ سان ۋە مۇرەككەپ سان دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئىنسانلار ئەجدادىدا ئەڭ ئالدى بىلەن تۈپ سان ئۇقۇمى، ئىككىنچى قەدەمدە مۇرەككەپ سان ئۇقۇمى مەيدانغا كەلگەن. ئەمما بۇ جەرياننىڭ باشلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ھەممە يەر ۋە بارلىق قوۋملاردا بىردەك بولمىغان.

تارىخىي يادنامىلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەجدادلىرىمىزدا V ئەسىرلەردىن بۇرۇنلا مۇرەككەپ سان ئۇقۇمى شەكىللىنىپ



www.uyghurkitap.com

تەرەققىي قىلغان، خاسىيەتلىك سان ئۇقۇمى ئومۇملاشقان، تەقۋىم قوللىنىش ئادىتى شەكىللەنگەن[①]. ئەجدادلىرىمىزدىكى خاسىيەتلىك سان ئۇقۇمىنىڭ كېلىش مەنبەسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇلاردىكى ئىپتىدائىي تۆپ سان ئۇقۇمىنى ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ئاڭ-ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىشكە بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىزدا تاق سان «توققۇز» خاسىيەتلىك سان سانىلىپ كەلگەن. بۇ چۈشەنچە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئالەم مەنبەسى بويىچە ئىپتىدائىي ئېتىقادىدىن كەلگەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ئېتىقادى بويىچە كۆك (ئاسمان)، زېمىن، كۈن، ئاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەتتە چوڭ يۇلتۇز يەنى پلانېت ئەڭ چوڭ ئىلاھلاردىن ھېسابلىناتتى. ئۇلاردىكى ئىپتىدائىي تۆپ سان ئۇقۇمى ئەنە شۇ ئېتىقاد ئاساسىدا شەكىللىنىپ «توققۇز» ئەڭ چوڭ سان ھېسابلانغان. ئىنسانلار ئەجدادى، جۈملىدىن بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزمۇ تەپەككۇر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ شەيئىلەرنى بارماقلىرى بىلەن ساناشنى بىلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا تەدرىجىي «ئون» لۇق سان ئۇقۇمى كېلىپ چىققان. بۇ ئۇقۇم ئۇزۇن بىر مۇددەت ئەڭ چوڭ سان دەپ قارىلىپ كەلگەن. كېيىن مەيدانغا كەلگەن مۇرەككەپ سان ئۇقۇمىنى تۆپ سان تەرتىپى بويىچە ئىپادىلەش ئادىتى شۇ ئاساستا شەكىللەنگەن. مەسىلەن، «ئون» — بىر ئون، «يىگىرمە» — ئىككى ئون، «ئوتتۇز» — ئۈچ ئون قاتارلىق. مۇشۇنداق ساناش ئادىتى X ئەسىرلەرگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەپەككۇر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، مۇرەككەپ سان بىرلىكلىرىنى «ئون»، «يىگىرمە»، «قىرىق»، «ئاتمىش»، «توقسان»، «يۈز»، «مىڭ»، «تۈمەن» (ئون مىڭ) دەپ ئاتايدىغان بولغان.

---

① بۇ چۈشەنچىلەر ئۇرخۇن مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىدە سىستېمىلىق ئىپادىلەنگەن.

كىيىنكى دەۋرلەردە شۇ تەرتىپ بويىچە چوڭ سانلار «ئون تۇمەن» (يۈز مىڭ)، «يۈز تۇمەن» (بىر مىليون)، «مىڭ تۇمەن» (بىر مىليارد) دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. هازىرقى «مىليون»، «مىليارد» سۆزلىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن كېيىن ئۆزلەشكەن.

هېكايە-چۆچەكلەردىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا ئەجدادلىرىمىزدا ئەڭ چوڭ سان «لەك»، «كۆتەك» دەيمۇ ئىپادىلىنىپ كەلگەنلىكى مەلۇم. «لەك»، «كۆتەك» هېكايىلەردە ئەسكەر سانىنىڭ كۆپلۈكىگە قارىتىلغان، بۇنىڭغا ئاساسەن «لەك» نى «بىر توپ» قا قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن دېيىشكە بولىدۇ. «كۆتەك» ئۇقۇمىدىن قارىغاندا، ئاتنىڭ دەسسەپ ئۆتۈشى بىلەن بىر كۆتەكنىڭ ئۇزۇلۇشى ئەڭ چوڭ سان بىرلىكىنى قىلىنىپ «بىر كۆتەك» دەپ ئاتالغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. روشەنكى بۇنىڭدىن هازىرقىدەك «هەددى-هېسابسىز» دېگەن ئۇقۇم ئاڭلىنىدۇ. بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ سان چۈشەنچىسى دەرىجىسىنىڭ شۇ قەدەر مۇبالىغە قىلىش سەۋىيىسىگە يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## ۋاقىت-مىقدار (ئۆلچەم) ئۇقۇمى

ئۇيغۇرلاردا ۋاقىتنى «دەقىقە»، «مىنۇت» (سېكۇنت)، «سائەت» كە، كۈننى ئون ئىككى سائەتكە، جۈملىدىن، هەپتىگە، هەپتىنى يەتتە كۈنگە بۆلۈپ مەخسۇس ئىسىم بىلەن پەرقلەندۈرۈش ئادىتى ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئومۇملاشقان. ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىر كۈننى «ئەتىگەن»، «چۈش»، «كەچ» دەپ ئۈچكە بۆلۈپ، ئەتىگەننى يەنە «قاق بو» (تاڭ سۈزۈلۈپ كۈن چىققۇچىلىك بولغان ۋاقىت)، «ناشتا» (ئەتىگەن سائەت ئالتە-يەتتە)؛ «كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە»، «ئاش ۋاقتى»

(ئەتىگەن سائەت ئون) ، «قوزى چۈش» (ئەتىگەن سائەت ئون بىر) دەپ پەرقلەندۈرۈپ؛ كېچىلىك ۋاقىتنى «ياتقۇ» (كېچە سائەت توققۇز) ؛ «تۈن» ياكى «يېرىم تۈن» ۋە ياكى «تۈن نىسپى» ، (كېچە سائەت ئون ئىككى) ؛ «باش توخۇ» (كېچە سائەت ئىككى-ئۈچ) ؛ «ئىككىنچى توخۇ» (كېچە سائەت ئۈچ) ، «ئاياغ توخۇ» (ئەتىگەن سائەت تۆت) كە بۆلۈپ پەرقلەندۈرۈپ ئادەتلەنگەن. بۇ ئادەت ھېلىھەم بار. «سېكۇنت» ، «سوتكا» دېگەن سۆزلەر مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن كېيىن ئۆزلەشكەن. «سوتكا» دېگەن ئۇقۇم ئۇنىڭدىن بۇرۇن «بىر كېچە-كۈندۈز» ياكى «ئون ئىككى ۋاق يىگىرمە تۆت سائەت» دەپ ئىپادىلىنىپ كەلگەن. ھازىر بىرەر ئىشقا تەمشەلگەندە، «ياھ! ئون ئىككى ۋاق يىگىرمە تۆت سائەت» دېيىش ئادىتى شۇنىڭدىن كەلگەن بولۇپ «ئىشىم ئوڭۇشلۇق بولسۇن» دېگەن مەقسەت ئىپادىلىنىدۇ.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن كۈنلۈك ۋاقىتنى، بولۇپمۇ ۋەدە خاراكتېرىدىكى ۋاقىت بەلگىلەشتە بەش ۋاق ناماز نامىنى قوللىنىش ئادىتىمۇ ئومۇملاشقان، بۇ ئادەت، ئادەتتە تولاراق چوڭلار ئىچىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

## ئېغىرلىق ئۆلچىمى

ئېغىرلىق ئۆلچىمى بويىچە ئەجدادلىرىمىز «فۇڭ» ، «مىسقال» ، «سەر» ، «تاتىم (جىڭ)» ، شىڭ، «كۇرە» ، «ئىشيەك» ، «چارەك» ، «تاغار» نى ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى قىلىپ كەلگەن. بۇ ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئىچىدە فۇڭ، مىسقال، سەر، جىڭ بىرلىككە كەلگەن ئورتاق ئۆلچەم بولۇپ، فۇڭ ئەڭ كىچىك بىرلىك، جىڭ ئەڭ چوڭ بىرلىك ئۆلچىمى ھېسابلىنىپ كەلگەن. ئالتۇن، كۈمۈش، تېۋىپ دورىلىرىنى ئۆلچەشتە

فۇڭ، مىسقال، سەر، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنى ئۆلچەشتە مىسقال، سەر، جىڭ ئۆلچەم بىرلىكى قىلىنىپ كەلگەن. «سەر» جىڭدىن قانچىلىك ئارتۇق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تۇپ سان، مۇرەككەپ سان ئاخىرىغا «سەر»، «جىڭ» سۆزىنى قوشۇپ ئىپادىلەپ كەلگەن. مەسىلەن، «ئالتە سەر»، «ئاتمىش سەر» (ئالتۇن)؛ «بەش جىڭ»، «بەشيۈز جىڭ» بۇغداي.

«شىڭ»، «كۇرە»، «چارەك»، «تاغار» پەقەت ئاشلىقنىڭلا جىڭدىن يۇقىرى ئېغىرلىقىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، «سەر»، «جىڭ» دەك بىرلىككە كەلمىگەن، مەسىلەن، بىر «شىڭ» تۆت جىڭ، بەش «شىڭ» (بەزى جايدا ئون شىڭ) بىر كۇرە؛ بىر «چارەك» ئون ئالتە جىڭ (بەزى جايلاردا ئون سەككىز جىڭ)، بىر «ئىشىيەك» تۆت جىڭ، تۆت «ئىشىيەك» بىر چارەك؛ ئالتە چارەك بىر «تاغار»، بىر تاغار يۈز جىڭ ھېسابلىنىپ كەلگەن. خەلق ئىچىدىكى «چارەك-ئىشىيەك (بىر تاغار) گەپ» دېگەن ئادەت تىل مۇشۇ «ئىشىيەك»، «چارەك»، «تاغار» دېگەن سۆزدىن ئاڭلىنىدىغان «كۆپ» مەنىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان «فۇڭ»، «جىڭ» سۆزى خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان. «جىڭ» بۇرۇن ئۇيغۇرچە «تاتىم» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بولۇپ، كېيىن ئۇنتۇلغان، ئەمما ئۇنىڭ پېئىل شەكلى ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، «تاتماق» (بىر جىڭ تارتىپ بېرەي). گرام، كىلوگرام، توننا، دادەن، دەن قاتارلىق سۆزلەر خەنزۇچە ۋە خەلقئارا تىلدىن قوبۇل قىلىنغان.

## ئۇزۇنلۇق (ئارىلىق) ئۆلچىمى

ئەجدادلىرىمىز ھازىرقى مىللىمېتىر، سانتىمېتىر، مېتىر، كىلومېتىر قاتارلىق ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكىنى ① «ئىلىك»، «چارەك»، «غېرىچ»، «گەز»، «غۇلاچ»؛ ② «ماڭدام»، «چام»، «ئۇن يېتىم»، «چاقىرىم»، «يول» بىلەن پەرقلەندۈرۈپ كەلگەن. بۇ ئۆلچەم بىرلىكلىرى بويىچە ① تۇركۇمدىكىنىڭ ئەڭ قىسقا بىرلىكى «ئىلىك»، ئەڭ ئۇزۇن بىرلىكى «گەز»، «غۇلاچ»؛ ② تۇركۇمدىكىنىڭ ئەڭ قىسقا بىرلىكى «ماڭدام»، ئەڭ ئۇزۇن بىرلىكى «چاقىرىم»، «يول» بولۇپ، ئەمەلىي قوللانغاندا زۆرۈرىيەت ۋە ئېھتىياجغا قاراپ ھەربىر بىرلىكنىڭ ئالدىغا تۈپ سان، مۇرەككەپ سان قوشۇپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، بەش ئىلىك؛ چارەك؛ يىگىرمە غېرىچ؛ يۈز گەز، ئون بەش غۇلاچ؛ ئون ماڭدام؛ بەش چامدام بىر ئۇن يېتىم يەر، يۈز چاقىرىم (يول) قاتارلىق.

يۈز (كۆلەم) ئۆلچەم بىرلىكى جەھەتتە، ئۇيغۇرلاردا ئەنئەنىۋى يۈز ئۆلچەم بىرلىكىدىن «تاناپ»، «چارەك»نى كۆرستىشكە بولىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا خەنزۇچىدىن «فۇڭ»، «مو» قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر قوللىنىلىپ كېلىنمەكتە. شۇ قاتاردا، «گېكتار»، «كۋادرات»، «كۇپ» قاتارلىق خەلقئاراچە ھەجىم ئۆلچەم بىرلىكمۇ قوللىنىلىدۇ.

«تاناپ»، «چارەك» كە كەلسەك، توقسان ياشتىن ئاشقان پىشقەدەملەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى بەلگىلىك ئۇزۇنلۇقتىكى بىر تانا بىلەن ئۆلچىنىدىكەن. شۇڭا تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى «تاناپ» دەپ ئاتالغانىكەن. ئۆلچەملىك تاناپ بىلەن تۆت چاسا قىلىپ

ئۆلچەنگەن يەر كۆلىمى «بىر تاناپ» بولىدىكەن. بىر تاناپ تەخمىنەن بىر يېرىم موغا باراۋەر ئىكەن. «چارەك» بىر چارەك ئېغىرلىقتىكى يەنە ئۇن ئالتە جىڭ ئۇرۇق چۈشىدىغان كۆلەمدىكى يەرگە قارىتىلغان بولۇپ تەخمىنەن سەككىز-ئون موغا توغرا كېلىدىكەن.

ئەجدادلىرىمىز يەنە «پاتمان» دېگەن بىر ئاتالغۇنىمۇ قوللىنىپ كەلگەن. ئەمما ئۇنىڭ قايسى مىقدار بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ھېكايە-چۆچەكلەردىكى، خەلق ئىچىدىكى «ئۇنىڭ گۈرزىسىنىڭ ئېغىرلىقى × پاتمان كېلەتتى»، «× پاتمان يەر» دېگەن تەسۋىر ۋە سۆزگە ئاساسلانغاندا «پاتمان» نىڭ ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئەمما «بىر پاتمان» جىڭ ياكى كىلوگرام ھېسابىدا قانچىلىك ئېغىرلىققا باراۋەرلىكى نامەلۇم، بەزىلەر بىر چارەكلىك يەر تەقلىتىدە «بىر پاتمان» يىگىرمە نەچچە موغا باراۋەر دېسە، بەزىلەر قىرىق-ئەللىك موغا باراۋەر بولۇشى مۇمكىن دەپ مۆلچەرلەيدۇ. خەلق ئىچىدە ئادەمنىڭ كېلەڭسىزلىكى، ئىشتەيلىكىنى «بەش پاتمان يەردە ئولتۇرىدۇ»، «بىر ئولتۇرۇشىدا بىر پاتماننى بىر يەۋېتىدۇ» دېگەن تەسۋىري ئادەت تىلىمۇ شۇ «پاتمان» ئۇقۇمى ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

## 6 . خاسىيەتلىك سان

دۇنيادا خېلى نۇرغۇن مىللەتلەردە مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن خاسىيەتلىك سان بار. ئەمما، ئۇنىڭ مۇقەددەسلەشتۈرۈلۈش سەۋەب-جەريانى ۋە تۇرمۇشتا ئىپادىلىنىش شەكلى ھەر خىل. ئۇيغۇرلاردا، جۇملىدىن، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق قېرىنداش مىللەت خەلقىدە تاق سان «توققۇز»

خاسىيەتلىك سان ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەقىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئالەم مەنبەسى توغرىسىدىكى ئىپتىدائىي چۈشەنچىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. ئەجدادلىرىمىز ئاسمان، يەر ۋە ئۇلارنىڭ ياشاش شارائىتىغا ھەر خىل تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغان يەتتە چوڭ پىلانېتنى ئالەم مەنبەسى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ چوقۇنۇپ كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا سان ئۇقۇمى بويىچە «توققۇز» ئەڭ مۇقەددەس سان بولۇپ تونۇلغان. بۇ چۈشەنچە — ئەقىدە كېيىنچە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش-پائالىيەتلىرىدە، قەبىلە ئىتتىپاقى قۇرۇلمىسى، ھەتتا خانلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەدەپ-قائىدىلەردىمۇ جارىي قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك ئەنئەنىگە ئايلانغان. ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقى تەركىبىدىكى قەبىلىلەرنىڭ «ئىچكى توققۇز قەبىلە»، «تاشقى توققۇز قەبىلە» دەپ ئاتىلىشى، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە «توققۇز» لۇق تۈزۈمنىڭ يولغا قويۇلۇشى ① ئەنە شۇ ئەقىدىدىن كەلگەن.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ئەنئەنە ئادىتى توغرىسىدا «جۇنامە» 5-جىلدىدا «خان يېڭى تەختكە چىققاندا، مەھرەملىرى بىلەن بىرگە كىگىزدە ئولتۇرىدۇ، خان كۆنگە قاراپ توققۇز قېتىم ئايلىنىدۇ. ھەربىر ئايلانغاندا قول ئاستىدىكىلەر ئاسمانغا توققۇز قېتىم باش قويىدۇ. . . » دەپ ھېكايە قىلىنغان. VI - VII ئەسىرلەرگە تەئەللۇق تاش پۈتۈكلەر، «ئوغۇزنامە»، «گۆر ئوغلى»، «سىنتاش» قاتارلىق تارىخىي يادنامىلەردە خاسىيەتلىك «توققۇز» سان چۈشەنچىسى بىلەن مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن جۈملە - پارچىلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئوتتۇرا ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىن بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «تۇغ» سۆزلىمىگە مىسال كەلتۈرۈلۈپ: «خاننىڭ قول ئاستىدىكى ۋىلايەتلەر قانچە كۆپىيىپ، مەرتىۋىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسىمۇ، تۇغلىرى توققۇزدىن ئاشمايدۇ، چۈنكى، توققۇز خاسىيەتلىك سان» دەپ

ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان (شۇ ئەسەر، 3-توم 175-، 176-بەتلەر). مۇندىن باشقا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات ئىجادىيەتلىرى ۋە بەزى قەدىمكى يەر-جاي ناملىرى ھەم رېئال تۇرمۇشىمىزدىمۇ بۇ چۈشەنچە-ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك ئىبارىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ئالايلۇق، ماقال-تەمسىل، تېپىشماقلاردىكى «تويغان يەرگە توققۇز تەزىم»، «توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتۇپتۇ»، «مەن قىلارمەن ئوتتۇز، خۇدايىم قىلار توققۇز»، «تۆت تەڭگىگە قىممەت، توققۇز تەڭگىگە ئەرزان»، «پاكار-پاكار بويى بار، توققۇز قەۋەت تونى بار» (پىياز). ھېكايە-چۆچەكلەردە پادىشاھ ئوردىلىرىنىڭ ھەشەمەتلىكى، بايلىقىنىڭ كۆپلۈكى، كېيىنىشىنىڭ كاتتىلىقىنىڭ «توققۇز دەرۋازىدىن كىرىدىغانلىقى» «توققۇز خەزىنىسى بارلىقى، توققۇز قات شاھانە كىيىم كېيىدىغانلىقى» بىلەن تەسۋىرلىنىشى ۋە «توققۇز سۇ» (ھازىرقى توقسۇ)، «توققۇز تارا»، «توققۇزاق»، «توققۇزخان شەھىرى» (خوتەندە «مەلىكە شاھ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، «توققۇز بۇلاق» قاتارلىق يەر-جاي ناملىرى ئەنە شۇ خاسىيەتلىك «توققۇز» سان چۈشەنچىدىن كەلگەن.

رېئال تۇرمۇشىمىزدا كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ خۇشاللىق ئىشلار جۈملىسىدىن بولغان تويدا ئىككى ياشقا بىلدۈرۈلىدىغان ئارزۇ-تىلەكلەردە، تۇغۇت ۋە تۇرمۇش پاراۋانلىقى، تويلۇق ئۆلچىمى قاتارلىقلاردىمۇ خاسىيەتلىك «توققۇز» سان چۈشەنچىسى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، «توققۇزۇڭلار تەل بولسۇن! توققۇز ئوغۇل بىر قىزلىق بولۇڭلار»، «بالا توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت، توققۇز دەقىقىدە تۇغۇلىدۇ.» «توققۇزىمىز تەل» دېيىلىشى قاتارلىقلار. بۇ چۈشەنچە ھەتتا ئادەتتىكى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىنىڭ نامىغىمۇ سىڭدۈرۈلگەن. مەسىلەن، «توققۇز قاتار».

مۇقەددەس «توققۇز» ساندىن باشقا تەمسىل،

ھېكايە-چۆچەكلەردە «يەتتە» ۋە «قىرىق» مۇ مۇقەددەس سان سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە «يەتتە» نىڭ مۇقەددەس سان دەپ قارىلىشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مانى ۋە بۇددا دىنى ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى «يەتتە» پارسلار بىلەن ھىندىلاردا بۇرۇندىنلا مۇقەددەس سان ھېسابلىنىپ كەلگەن. رېئال تۇرمۇشىمىزدا «توققۇز» غا سېلىشتۇرغاندا «يەتتە» نىڭ مۇقەددەس سان قاتارىدا كۆپ تىلغا ئېلىنماسلىقىمۇ شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

«قىرىق» سانىغا كەلسەك، بۇ ئەجدادلىرىمىزدا كېيىنچە ئىككى قول بارمىقىنى ساناشتىن كېلىپ چىققان ئەڭ چوڭ سان «ئون» ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ئۆز دەۋرىدە بەش بارماق قوشۇلسا «ئون» ھاسىل بولىدىغىنىغا قاراپ ئۇنى (كۈن) چىقىش، (كۈن) پېتىش، تاغ، جەنۇبتىن ئىبارەت تۆت تەرەپكە تەدبىقلاشنى چۈشىنىپ يەتكەن بولۇشى، نەتىجىدە، «ئون» بارماقنىڭ تۆت تەرەپكە تەدبىقلىنىشىدىن كېلىپ چىققان «قىرىق» ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئەڭ كۆپ (چوڭ) سانغا ئايلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن «قىرىق» مۇ مۇقەددەس سان تۈسىنى ئالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن «قىرىق» ھېكايە-چۆچەكلەردە كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، «قىرىق كېچە-كۈندۈز توي بولدى»، «بىر ئۈزۈم قىرىق ئادەمگە يېتىپتۇ»، «قىرىق خېچىر ئالتۇن بىلەن يولغا چىقىپتۇ»، «قىرىق غۇلاچ قۇدۇق» ۋەھاكازا. «قىرىق» سانى بىلەن كەلگەن تەسۋىري ئىبارىلەر تارىخىي داستانىمىز «ئوغۇزنامە» دىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. قېرىنداش قىرغىز خەلقىدىكى «قىرىق قىز» ئەپسانىسىمۇ مۇشۇ مۇقەددەس سان «قىرىق» بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دېمەك «قىرىق» نى مۇقەددەس سان ھېسابلاش ئادىتى تۈركىي قوۋملاردا شەكىللەنگەن.

www.uyghurkitap.com

## 7. ھېسابلاش ئادىتى

ئەجدادلىرىمىز خېلى بۇرۇنلا سودا-سېتىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغاچقا شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆزىگە خاس ھېسابات قىلىش ئۇسۇلىنىمۇ تاپقان. بۇ قۇمۇلاق ھېسابىدىن ئىبارەت. بۇ ھېساب قوي ياكى توشقان قۇمۇلىقىنى سان ئورنىدا قوللىنىش ئارقىلىق چىقىرىلىدىغان بولغاچقا «قۇمۇلاق ھېسابى» دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك. كېيىنچە ئۇششاق شېغىل تاش، قوناق، ياماق (داچەن) دىن پايدىلىنىدىغان بولغان. بۇنىڭدىن قۇمۇلاق ھېسابىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى ھېسابلاش ئادىتى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. قۇمۇلاق ھېسابىنىڭ ھېسابلاش قائىدىسى مۇنداق:

ھېساب چىقىرىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا يىگىرمە-ئوتتۇز تال قۇمۇلاق (تاش، قوناق ياكى داچەن) ھازىرلىنىدۇ. ئاندىن قۇمۇلاقلار قوشۇلىدىغان، ئېلىنىدىغان ساننىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ بەلگىلىك تەرتىپتە يەرگە تىزىلىدۇ. تىزىش تۈپ سان ۋە مۇرەككەپ سان بىرلىك تەرتىپى بويىچە بولىدۇ. قۇمۇلاقلار شۇ تىزىش تەرتىپى ئاساسىدا خۇددى چوت-سەنپەن ئۇرۇقلىرىنى يۆتكەپ، قوشقاندەك قۇمۇلاق ئۇرۇقلىرىنىڭمۇ ئورنى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كونكرېت ھېسابلاش قائىدىسى چوت-سەنپەن ھېسابلاش قائىدىسىگە ئوخشاش، بۇ ئوخشاشلىققا ئاساسەن، قۇمۇلاق ھېسابىنى «يەر چوتى» ياكى «يەر سەنپىنى» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. قۇمۇلاق ھېسابى گەرچە ئىپتىدائىي ھېسابلاش شەكلىدىن بولسىمۇ، ھېسابلاش قائىدىسىنىڭ چوت-سەنپەن ھېسابلاش قائىدىسى بىلەن ئوخشاشلىقى ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن بەلگىلىك ئىلغار ھېسابلاش تېخنىكىسى سەۋىيىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇمۇلاق ھېسابى ئۆزۈن زامانلاردىن بېرى چوت-سەنپەن ھېسابى بىلەن بىر قاتاردا تا 50-يىللارغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. بەزى يېزا-قىشلاقلاردا شىغىل تاش ياكى قوناق بىلەن شۇ ئۇسۇلدا ھېساب چىقىرىدىغانلار ھېلىھەم مەۋجۇت.

يەڭ سودا ھېسابى. بۇ بىر خىل سودا باھا كېلىشىمى دائىرىسىدىلا قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل بولۇپ، ئاساسەن سودىگەر، بىدىكلەر ئارىسىدىلا ئومۇملاشقان. سودىلاشقۇچى ئىككى تەرەپ ئىچىدىكى باھالاشماي باھانى قوللىرىنى يەڭلىرىگە تىقىشىپ بارماقلىرىنى تۇتۇش ئارقىلىق ئۇقتۇرۇشىدۇ، شۇڭا ئۇ «يەڭ سودىسى» دەپ ئاتالغان. يەڭ سودىسى كۆپىنچە نەق مەيدان سودىسىدا رىقابەت، قىزغىنلىق يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا قوللىنىلىدۇ. ئۇسۇلى:

ئەگەر بەش بارماق قوشۇپ تۇتۇلسا، بەش، ئەللىك، بەش يۈز... ئۇقۇمىنى؛ باش بارماق ياكى بىگىز قول، ئوتتۇرا قولنىڭ بىرى تۇتۇلسا، بىر، ئون، بىر يۈز، بىر مىڭ، ئون مىڭ... ئۇقۇمىنى؛ ئىككى بارماق قوشۇپ تۇتۇلسا، ئىككى، يىگىرمە، ئىككى يۈز، ئىككى مىڭ،... ئۇقۇمىنى؛ ئۈچى قوشۇپ تۇتۇلسا، ئۈچ، ئوتتۇز، ئۈچيۈز، ئۈچ مىڭ... ئۇقۇمىنى؛ تۆتى قوشۇپ تۇتۇلسا، تۆت، قىرىق، تۆت يۈز، تۆت مىڭ... ئۇقۇمىنى؛ باش بارماق بىلەن چىمچىلاق قوشۇپ تۇتۇلسا، ئالتە، ئاتمىش، ئالتە يۈز، ئالتە مىڭ... ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر باش بارماق بىلەن بىگىز قول كېرىلسە، سەككىز، سەكسەن، سەككىز يۈز، سەككىزمىڭ.... ئۇقۇمىنى؛ بىگىز قول ئېگىلىپ تۇتۇلسا، توققۇز، توقسان، توققۇز يۈز، توققۇز مىڭ... ئۇقۇمىنى؛ باش بارماق بىلەن چىمچىلاق، يان قول قوشۇپ تۇتۇلسا، يەتتە، يەتمىش، يەتتە يۈز، يەتتە مىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بارماقلار تۈگۈپ مۇشت قىلىپ تۇتۇلسا، شۇ سودىلىشىۋاتقان نەرسىنىڭ ئادەتتە بولۇۋاتقان باھاسىغا يېقىن مەلۇم بىر چوڭ سان ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر شۇنداق سان ھېسابىدىكى باھاغا يەنە ئازراق باھا قوشۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنلۇك قىلىپ تۈرۈپ مۇشتىنى تۇتۇپ «ماۋۇ ئانىسى» دەپ بارماقلىرىنى بوشاشتۇرۇپ يۇقىرىقىدەك بارماق تۇتۇش ھالىتىدىن بىرنى تەكرارلاپ، «ماۋۇ بالىسى» دەپ قوشماقچى بولغان باھانى ئۇقتۇرىدۇ. ئادەتتە بەزىلەرنىڭ پىچىرلاشقىنىغا قاراپ يېنىدىكىلەر «نىمە يەڭ سودىسى قىلىشىۋاتىسىلەر» ، «ئىككىسىنىڭ يەڭ سودىسى بار» دەپ چاقچاق قىلىش ئادىتى شۇ ئۇسۇلغا تەقلىد قىلىش ئاساسىدا كېلىپ چىققان.

مۇندىن باشقا بارماق ھېسابىمۇ بولۇپ، پەقەت تۆپ سانلارنىلا قوشۇشتا قوللىنىلىدۇ. بارماق ساناش گەرچە ئەڭ ئىپتىدائىي ئۇسۇل بولسىمۇ، ھازىرغىچە يەنىلا ئۆز رولىنى يوقاتقىنى يوق. باللارغا ساناق ئۆگىتىش ۋە ئاددىي قوشۇش-ئېلىش ئەمىلىنى ئۆگىتىشتە مۇشۇ ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا بارماق كۆرسىتىپ سان (باھا سانى) ئىپادىلەيدىغان ئۇسۇلمۇ بار. مەسىلەن، ئۈچ بارماق كۆرسىتىلسە، ئۈچ، ئوتتۇز، ئۈچيۈز، ئۈچ مىڭ، . . . ؛ بەش بارماق كۆرسىتىلسە، بەش، ئەللىك، بەش يۈز، بەش مىڭ ··· نى ئۇقتۇرىدۇ. ئەگەر بەش بارماق تەڭ ئارقا، ئالدىغا قىلىپ ياكى ئىككى قولنىڭ ئالىقىنى ئالدىغا قىلىپ كۆرسىتىلسە، ئون، ئون مىڭ. . . نى ئۇقتۇرىدۇ، بەزىدە بۇ ئۇسۇل «گاچا ھېسابى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى سودىگەر گاچىلارغا مال باھاسىنى بارماق كۆرسىتىش ئۇسۇلى بىلەن ئۇقتۇرىدۇ. گاچىلار مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن باھالىشىدۇ.

ئادەم يېشى توغرىسىدىكى ئوخشىتىشلار: ئەجدادلىرىمىز

ئۆز تەجرىبىلىرگە ئاساسەن ئادەم يېشىغا قاراپ، ئادەمدە كۆرۈلىدىغان ئالاھىدىلىكلەرنى تۆۋەندىكىدەك ئوخشىتىشلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ كەلگەن:

ياش

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1 | ئەتىۋارلىق | 40 | ئارسلان |
| 5 | خۇمارلىق | 50 | توختا |
| 10 | ئەكە | 60 | ئاختا |
| 20 | بۆرە | 70 | پاختا |
| 30 | قاپلان | 80 | تاختا |

2-ۋارىيانتى

| | | | |
|---|---|---|---|
| 20 | تەلۋە | 60 | كۆپىدە ياتمىش |
| 30 | سەركە | 70 | دۇنايىدىن كەتمىش |
| 40 | بۇقا | 80 | يەر بىلەن يەكسەن |
| 50 | يىگىنىك يەلىلىك | 90 | كەم سان. |

www.uyghurkitap.com

# ئون يەتتىنچى باب

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتى

مەلۇمكى، ئادەم ئىسىملىرىمۇ مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدىن بولۇپ، ئادەمنىڭ بىر خىل ئىجتىمائىي شەرتلىك بەلگىسى، ھەرمىللەت ئۆزىگە خاس ئىسىم قويۇش ئەنئەنىسىگە ئىگە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئالاھىدىلىكى، ئىسىملارنىڭ كۆپ خىل، كۆپ مەنىلىك، تەكرار، سىمۋوللۇق ۋە كۆپىنچە لەقەملىك كېلىشىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئىپادىلىرى:

1) قەدىمكى ئەنئەنە ئاساسىدا ئىسىم قويۇش: بۇنداق ئىسىملار ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى بويىچە ئۇلۇغلىغان، قەدىرلىگەن شەيئىلەر نامىدا قويغان ئىسىملارغا تەقلىد قىلىپ قويۇلغان ئىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مەسىلەن، چولپان، ئاي، يولۋاس، ئارسلان، يۇلتۇز، ئالتۇن قاتارلىقلار. مۇندىن باشقا ئەجدادلىرىمىز بالا تۇغۇلغان ۋاقىتتا ئالدى بىلەن كۆزگەر كۆرۈنگەن نەرسىنى بالىغا ئات قىلىپ قويۇشنىمۇ ئادەت قىلغان. تاش، تۆمۈر، سۈپۈرگە، كېپەك چىمەن، پاسار، كەكە، پالتا، چۆۋا، چوك، كىچىك، باتىش قاتارلىق ئىسىملار ئاشۇنداق ئادەت ئاساسىدا قويۇلغان ئىسىملاردىن.

2) ئارزۇ-تىلەك، مۇراد-مەقسەت ئاساسىدا ئىسىم قويۇش: ئەجدادلىرىمىز ئىز-نىشانىمىز، چىرىغىمىز ئۆچمىسۇن دېگەن مەقسەتتە ئارزۇ-تىلەك، مۇرات-مەقسەت ئۇقۇمى

ئاڭلىنىدىغان سۆز-ئىبارىلەرنى بالىلىرىغا ئىسىم قىلىپ قويۇشنى ئادەت قىلغان. توختى (خان)، تۇردى (خان)، تۇرسۇن (خان)، تۇرغۇن، سېتىۋالدى، خۇدا بەردى قاتارلىقلار.

3) ئەرەبچە، پارسچە ئىسىم قويۇش: ئەرەبچە، پارسچە ئىسىم قويۇش ئادىتى ئەجدادلىرىمىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئىسلام ئەقىدىلىرى بويىچە ئىسىم قويۇش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەرەبچە، پارىسچە ئىسىم قويۇش تەدرىجىي مىللىي ئادەت تۈسىنى ئالغان. بۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ پەزىلەت-سۈپەتلىرىنى، مالا-ئىكەن پەرىشتىلەرنىڭ ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى، ئىسلام، ئەرەب، پارىس تارىخى، ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇش ۋە ئەرەبچە-ئۇيغۇرچە بىرىكمە ئىسىم قويۇش ئادىتى شەكىللەنگەن، ئابدۇلھېمىت (ھەممىگە ھىممەت ئاتا قىلغۇچى)، غوپۇر (ئەپۇ قىلغۇچى)، ئابدۇكېرىم (خۇدانىڭ بەندىسى)، ئابدۇرەھىم (ھەممىگە رەھىم قىلغۇچى)، پەيزۇللا (خۇدانىڭ پەزىلەتلىك بەندىسى)، ئابدۇقادىر (ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ بەندىسى) ۋە باشقىلار؛ ئىسراپىل، ئىسرايىل؛ ئىبراھىم، ئىسمايىل، ياقۇپ، مۇھەممەت، ئەيسا، ئىدرىس، موسا، ئىسھاق؛ ئوسمان، ئېلى، ئۆمەر، ئابابەكرى، خەدىچە، ھاۋا، مەريەم، پاتىمە، زۆھرە، ھەسەن-ھۈسەن، ھارۇن، ئىسكەندەر، تاھىر-زۆھرە؛ ئايجامال، توختىنىياز، گۈلباھار، توختىباقى، تۇرنىسا، گۈلنىسالار شۇ ئادەت بويىچە قويۇلغان ئىسىملاردىن. ئۇيغۇرلاردىكى ئىسىملارنىڭ تەكرارلىنىش ھالىتى كۆپىنچە ئەرەبچە، پارسچە ئىسىملاردا ئۇچرايدۇ.

مۇندىن باشقا ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە بالىنىڭ تۇغۇلغان

ئاي، كۆن نامىنى ئات قىلىپ قويۇش ئادىتىمۇ كېلىپ چىققان: مەسىلەن، جۇمە (ئاخۇن ياكى خان)، روزى (ئاخۇن ياكى خان)، بارات، ھوشۇر (ئاخۇن ياكى خان)، رەجەپ قاتارلىقلار.

4) نەسەب قوغلىشىپ ئىسىم قويۇش: ئۇيغۇرلاردا ھازىر نەسەبچىلىك، شەجەرىچىلىك ئادىتى ئۈزۈلگەن بولسىمۇ، نەسەب قوغلىشىپ ئىسىم قويۇش ئادىتى بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇ ئادەتتە يەنىلا ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئىزىنى ئۆچۈرمەي ئەسلەپ تۇرۇش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، ھەر ئۈچ ئەۋلادتا بىر ئىسىم يۆتكەش ئومۇملاشقان. بۇ ئادەت بويىچە تولاراق نەۋرىلەرگە بوۋاي، مومايلارنىڭ ئىسمى قويۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شۇ ئىسىملارنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق بوۋاي، مومايلارنى ئەسلەش مەقسىتى جارىي قىلىنىپ كەلگەن.

5) سىمۋول خاراكتېرلىك ئىسىم قويۇش: ئەجدادلىرىمىز باتۇر، قەيسەر، گۈزەل شەيئىلەرنى سىمۋول قىلىپ شۇنداق شەيئىلەرنىڭ ئېتىنى ۋە نازاكەت، لاتاپەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىدىغان سۆز-ئىبارىلەرنى ئىسىم قىلىپ قويۇشنىمۇ ئادەت قىلغان. مۇنداق ئىسىملار تولاراق قىز-ئاياللارغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن، قۇندۇز، پەرىزە، نۇر، ئالماس، گۈلجامال، ئايتىللا، گۈلبوستان، ئىپار، چىمەن، نازاكەت، مەدەنىيەت، ئايتۇران، باتۇر (جان)، سۇمرۇغ، چىنار، مايسىخان قاتارلىقلار. مۇشۇ ئادەت بويىچە قىزلار ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا دائىم «خان»، «قىز»، «گۈل» دېگەن سۈپەت قوشۇمچىلار قوشۇپ چاقىرىلىدۇ.

6) پەرقلىق ئاتاش ئادىتى: ئەجدادلىرىمىز ئادەم تۇغۇلۇپ ئىسىم قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ياش باسقۇچى بويىچە پەرقلىق ئاتاپ ئادەتلەنگەن. بۇ ئادەت بويىچە بالا تۆت-بەش ياشقا كىرگۈچە ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتالماي سىمۋول خاراكتېرگە



www.uyghurkitap.com

ئىگە ئەركىلەتمە نام بىلەن ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئوغۇلبالىلار «قوزام»، «بوتام»، «بېگىم (بەگ)»، «پاقلىنىم»، «پاشايىم»، «گالڭ»، «قارىچۇغام»؛ قىزلارغا «پەرى»، «ئاي»، «خان»، «خانەك»، «گۈل-گۈلۈم»، «مونچىقىم»، «ئىپار»، «چولپىنىم»، «تومۇچۇقۇم» قاتارلىق. بەش ياشتىن ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولغۇچە ئۆز ئىسمىغا «گۈل»، «قارى»، «ئاخۇن»، «بەگ» قاتارلىق سۈپەت قوشۇمچىلىرى قوشۇپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئابلىمىتجان، توختاخۇن، يۈسۈپبەك، يۇنۇس قارى، تۇرسۇنقىز، رەيھانگۈل قاتارلىق. ياشانغانلار ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «دادا»، «ئاتا»، «بوۋا»، «موما»، «ئانا»، «تاغا» قاتارلىق ئىسىملار قوشۇپ ئاتىلىدۇ.

7) لەقەم قويۇش ئادىتى: ئۇيغۇرلاردا بۇرۇن فامىلە قوللىنىش ئادىتى بولمىغان، فامىلە ئورنىغا ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا دادىسىنىڭ ئىسمىنى ياكى لەقىمىنى قوشۇپ ئاتاش ئادەت بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن، تۇرسۇن ۋاجىت، رىزۋان قاسىم، ئەخمەتجان قاسىمى، ئاتىكە ئىمىن، ئايىم باتىش، توختى بۇقا، كېرەم توقۇم، نىياز پاتقاق، ساۋۇت بۇرۇت، تۇرسۇن بۇغرا قاتارلىقلار.

لەقەم قويۇش قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تارىخي ئەنئەنە، ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىز-نىشانلىرىنى ئۆچۈرمەسلىك ئۈچۈن لەقەم قويۇشنى ئادەت قىلغان. ئەجدادلىرىمىزدىكى «لەقەم» غەربلىكلەردىكى «فامىلە» گە ئوخشاش رولغا ئىگە ئىدى. «فامىلە» ئېنگلىزچىدە ئەسلى «ئائىلە»، «بىر جەمەت»، «بىر قۇۋم» دېگەندەك مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، كېيىنچە ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي شەرتلىك بەلگىسى — ئىسىم ئۇقۇمىنى ئالغان. بىزدە يەنىلا ئۆز ئەنئەنىمىز بويىچە ئۆز دادىسىنىڭ ئىسمى فامىلە قىلىنىپ كېلىنمەكتە.

يىغىنچاقلىغاندا، لەقەم ئەجدادتىن-ئەۋلادقا مىراس، ئەنئەنە بولۇپ كەلمەكتە. «ئاتالمىغان ئەردىن، ئاتالغان دولك ياخشى»، «لەقەمسىز ئەر بولماس، ئويماقسىز خوتۇن» دېگەن ماقال ئەنە شۇ ئەنئەنە ئاساسىدا كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي پسىخىك ئالاھىدىلىكى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇرلاردا قويۇلىدىغان لەقەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكى: لەقەم شۇ لەقەم ئىگىسىنىڭ كوللېكتىپ ئادەت-ئەنئەنىسى، مىجەز-خۇلقى، ھۆسىن-چىراي، ھەتتا فىزئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى، يۇرتى، كەسپى قاتارلىق نام-ئەھۋالغا ناھايىتى ماسلاشقانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مەسىلەن، ئادەت-ئەنئەنىسى بويىچە قويۇلغان لەقەملەر ئۇرۇق-جەمەت تەۋەلىكىنى بىلدۈرىدۇ. «غازلار»، «لايۋاشلار»، «دۆلەر»، «ئاق چىففىللار»، «تورپاقلار»، «توخۇلار»، «بۆرىلەر»، «توقۇناقلار»، «قارا قوشۇنلار»، «جوداقلار» قاتارلىق لەقەملەر شۇنداق لەقەملەردىن. بۇنداق لەقەملەرنىڭ بەزىلىرى يەر جاي نامىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

مىجەز - خۇلق لەقەملىرى: قاسىم تەرسا، كېرەم پاشا، زۇنۇن سەپرا، رەخمەت كۆك (ئوشۇق)، ئۆمەر قاقۋاش، ئاسىم تادان، ياقۇپ قانجىق، قاسىم كالۋا، راخمان پايىز، رەقىپ تۆلكە، موسا كالا، خېۋىر شەيتان، ئىبراھىم تۆگە ۋە باشقىلار.

كەسپىي لەقەملەر: بارات بورىچى، بەختى قويچى، ئايشەم سەيپۇك، روزى پالۋان، ھاشىم سوپۇنچى، قېيىم ياغچى، ئابدۇل قاسساپ، شۈكۈر ناۋاي، كېرەم كاتىپ، يۇسۇپ خەتچى، ئىمىن سوناي، داۋۇت ئىمام، تالىپ دەرۋىش، يۇسۇپ ئىشان، ئابلا سوپى قاتارلىق دىنىي ۋە خوراپاتچىلىق كەسپىدىكى لەقەملەرمۇ ئۇچرايدۇ.

سىن-تۇرۇق لەقەملىرى: باتۇر قارىلاق، راخمان سېرىق، تۆمۈر پالكۆز، غەيرەت پاناق، تۇران قونچاق، مۇقىيىت پۇچۇق، رەھىم قاراقاش، ئېلى كۆككۆز، سېلىم جىرتاق، گايىت پاخشەك، بەكرى كالچۇك، خالىق سەتەڭ ۋە باشقىلار.

فىزىئولوگىيىلىك لەقەملەر: يەھيا گاس، روزى ئەلەس، ھەمدۇل خىر-خىر، غوپۇر پالڭ، تۇرغۇن گاچا، سەمەت خىلڭ-خىلڭ، بايىز توكۇر، ئەخمەت دۇمچەك ۋە باشقىلار.

تەقلىدى لەقەملەر: سادىر پالۋان، ئايۇپ قاۋان، كېرەم بۇقا، سۇتۇق بۇغرا، تۇرسۇن دەريا، ھېمىت دەۋران ۋە باشقىلار. بۇنىڭدىن باشقا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت - جاي نامى ۋە يۇرت - مەھەللىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا قويۇلغان لەقەملەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، مەخمۇت قەشقەرى، ساۋۇت خوتەن، ماناپ تۇرپان، مۇسا سايرامى، مۇللاق ئاتۇشى، غېنى باغراش، ئىلهام بوغدا، قايىنام ئۆركەش...؛ بۇ خىلدىكى لەقەملەر ئەدەبىي تەخەللۇس سۈپىتىدىمۇ قوللىنىلىدۇ؛ «پۇرلا»، «چومچىلار»، «توخۇلار»، «لايۋاشلار»، «توپاقلار»... بۇ خىلدىكى لەقەملەر ئادەتتە يۇرت-مەھەللىگە شۇنىڭدەك شۇ يۇرت-مەھەللە ئاھالىسىگە قارىتا قوللىنىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا لەقەم قويۇش ۋە ئۆزئارا لەقىمى بىلەن ئاتاش ياكى لەقىمىنىلا ئاتاش ھەرگىز ئېغىر ئېلىنمايدۇ. بەلكى بىر خىل يېقىملىق ئىش دەپ قارىلىدۇ.

## خاتىمە

تەلەپچانلىق بىلەن ئېيتقاندا، «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» دەك بۇنداق چوڭ تېما ئۈستىدە گەپ ئاچقۇچىلىك بىلىم ياكى

www.uyghurkitap.com

لاياقەتكە ئىگە ئەمەسمەن. ئەمما مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا 50 نەچچە قېرىنداش مىللەت ياشلىرى بىلەن بىللە ئۆتكەن سەككىز-ئون يىللىق ئوقۇغۇچىلىق - ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىمدا تارىخ ۋە ئېتنوگرافىيىگە نىسبەتەن پەيدا بولغان قىزىقىش ئاساسىدا تارىخىي يادىكارلىقلىرىمىزدىن بولغان «تۈركىي تىللا دىۋانى» نى تەرجىمە-نەشرىگە تەييارلاش خىزمىتىگە ياردەملىشىش جەريانىدا ئېتنوگرافىيىگە ئائىت خېلى كۆپ بىلىم-ساۋادقا ئىگە بولدۇم، بۇ مەندە ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش-ئۆگىنىش غەيرىتىنى ئۇرغۇتتى. بەختىمگە مەملىكەتلىك مىللەتشۇناسلىق كۇرسىدا ئوقۇش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، مىللەتشۇناسلىق بويىچە ئاساسىي نەزەرىيە بىلىم ساۋادىغىمۇ ئىگە بولدۇم. بۇنىڭ بىلەن غەيرەت ئۈستىگە ئىشەنچ تۇغۇلۇپ، بۇ تېما ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىشكە جۈرئەت قىلدىم.

كىتابنى يېزىش پىلان-تەييارلىقىنى باشلاشتىن تارتىپ تاكى يېزىپ تاماملىغۇچە مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ھەر جەھەتتىن مېنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ كەلدى. تەكشۈرۈش - ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا جايلاردىكى تەشۋىقات - مەدەنىيەت ئورگانلىرى قىزغىن ياردەمدە بولۇپ يېقىندىن ھەمكارلاشتى. ھەتتا لوپنۇر، قۇمۇل، كىرىيە، قەشقەر، ئوپال قاتارلىق جايلاردا غۇپۇر ياقۇپ، ياسىن ئاسىم، ئەمەت ھاجىم، ئابلا سېقى، ئەخمەتجان قاتارلىق پېشقەدەم زىيالىي ۋە يولداشلار ئالاھىدە ياردەم بېرىش بىلەن بىللە ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان توپلاپ كەلگەن قىممەتلىك ماتېرىياللىرىغىمۇ ئورتاقلاشتۇردى. كىتابنىڭ ئاخىرقى بېكىتىلىشى ئۇيغۇر سايرانى، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، خالىق ساقى، ئەزىز يۇسۇپ، تاھىرجان مۇھەممەت،

قۇربان ۋەلى، ئابلا ئىمىن قاتارلىق پېشقەدەم ئالىم، ئەدىب، تەھرىر ۋە ئېتنوگرافىيە ھەۋەسكارلىرىنىڭ كۆرۈپ چىقىپ، قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلىرىنى بېرىشى ئاساسىدا تاماملاندى. كىتابنىڭ نەشىر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بارلىق يولداشلارغا سەمىمىي تەشەككۈر ئېيتىمەن.

ئاپتور.
1991-يىل

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەخەت ھاشىم
گۈلباھار ئەخەت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

# ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى

ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168×850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 18.625 قىستۇرما ۋارىقى : 10
1993 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 2,500 — 5,500
ISBN7—228—02322—6/K • 227
باھاسى : 26.00 يۈەن